# (49) گۇۋاھلىقلەر كىتابى

## زۇلمى گۇۋاھلىقىغا گۇۋاھ قىلىنسا گۇۋاھ بولماسلىق توغرىسىدا

1175 ـ ئابدۇللاھ بىننى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ ئېيتىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: خالايىقنىڭ ياخشىراغى مىنىڭ زامانىمدىكىلەردۇر، ئاندىن ئۇلارغا يېقىن بولىدىغانلاردۇر، ئاندىن ئۇلارغا يېقىن بولىدىغانلارغا يېقىن بولىدىغانلاردۇر، ئاندىن كېيىن گۇۋاھلىقى قەسىمىدىن ئىلگىرلەيدىغان ۋە قەسىمى گۇۋاھلىقىنىڭ ئالدىغا ئىلگىرلەيدىغان قەۋملەر كېلىدۇر.

## يالغان گۇۋاھلىق ھەققىدە دېيىلگەن ھەدىس توغرىسىدا

1176 ـ ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: سىلەرگە گۇناھى كەبىرەنىڭ ئەڭ چوڭراغى بىلەن خەۋەر بەرمەيمۇ! دەپ ئۈچ مەررە دېدى، ساھابىلەر ئارى ـ خەۋەر بەرسىلە يا رەسۇلۇللاھ دېدى، رەسۇلۇللاھ ئېيتتى: اللە تەئالاغا شېرىك كەلتۇرۇش، ئاتا ـ ئانىنى نارازى قىلىش (قاخشىتىش)، بىرنەرسىگە يۆلۈنۈپ تۇراتتى، رۇس ئولتۇرۇپ ئېيتتى: ئاگاھ بولۇڭلار يالغان گۇۋاھلىق (گۇناھى كەبىرە) دەپ ھەممىشە تەكرار ئېيتىدۇر، ھەتتا ئېيتتۇقكى، كاشكى توختاپ قالغان بولسا ئىدى دەپ.

## ئەمانىڭ گۋاھلىقى ۋە ئۇنىڭ نىكاھى(ئۆيلىنىشى) ۋە ئۇنىڭ ئەمرى ۋە ئۇنىڭ باشقىلارنى ئەرگە بېرىشى ۋە ئۆيلىشى ۋە ئۇنىڭ بەيئەت قىلىشى ۋە ئازان ۋە ئازانىنىڭ غەيرىدە ئۇنى قوبۇل قىلىشى ۋە ئاۋازلىرى بىلەن تونۇلىدىغان نەرسە توغرىسىدا.

1177 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كىشىنىڭ مەسجىدتە قىرائەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئېيتتى: اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن، ئۇ ماڭا

پالان ـ پالان سۈرىدىن چۈشۈرۈپ قويغان پالان ـ پالان ئايەتنى ئەسلەتتى.

1178 ـ ئۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆيۈمدە تەھەججۇد ئوقۇدى، پەس ئەببادنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلىدى. پەس ئېيتتى: ئى ئائىشە ئەببادنىڭ ئاۋازىمۇ ـ بۇ؟ ئېيتتىم ھەئە، ئېيتتى: ئى الله ئەببادغا رەھمەت قىلغىن.

## خاتۇنلارنىڭ ئارىسىدا ئادىل بولۇش توغرىسىدا

1179 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەرگە چىقىشنى ئىرادە قىلسا خاتۇنلىرى ئارىسىدا چەك تاشلايتى، ئۇلارنىڭ قايسىنىڭ ئوقى(نەسىبىسى) چىقسا ئۇنى بىرگە ئېلىپ چىقاتتى، ئۆزى قىلغان بىر قېتىملىق غازاتىدا بىزنىڭ ئارىمىزدا چەك تاشلىدى، چەك ماڭا چىقتى، ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە چىقتىم، ھىجاب ئايىتى چۈشكەندىن كېيىن، پەس مەن كاجۇۋىدا كۆتۈرۈلىمەن ۋە كاجۇۋىدا چۈشۈرۈلىمەن، ئاندىن ماڭدۇق ھەتتا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاشۇ غازاتىدىن پارىغ بولۇپ قايتىدى، مەدىنىگە يېقىن كېلىپ ئىدۇق، قوزغۇلۇپ مېڭىشقا ئېلان قىلدى، مېڭىشقا ئېلان قىلغان ۋاقىتىدا قوپۇپ مېڭىپ، ئەسكەرلەردىن ئۆتۈپ ھاجەت سۇندۇرۇپ، چۈشكۈنگە قاراپ مېڭىپ كۆك سۆمنى سىلىسام يەمەننىڭ زىپار مارجىنىم چۈشۈپ قاپتۇ، قايتىپ بېرىپ مارجىنىمنى ئىزدىدىم، ئۇنى ئىزدەش مېنى توختۇتۇپ قويىدى، ئاندىن مېنى كاجۇۋىغا سالىدىغانلار مېنىڭ كاجۇۋامنى كۆتۈرۈپ، مېنى كاجۇۋىدا باردەپ گۇمان قىلىپ، مەن مىنگەن تۆگەمگە ئارتىپتۇ، ئۇ ۋاقىتتا خوتۇنلىرىنىڭ ئېغىرلاشمىغان، بەدىنىنى گۆش ياپمىغان ئىدى، ئۇلار پەقەت ناھايىتى ئاز تائام يەر ئىدى. كىشىلەرمۇ كاجۇۋىنى كۆتەرگەندە ئېغىرلىغىنى ھىس قىلمايلا كۆتۈرۈپتۇ،

مىنىڭ يېشىم كىچىك ئىدى، ئۇلار تۆگىنى قوزغاپ يۈرۈپ كىتىپتۇ، ئەسكەرلەر يۈرۈپ كەتكەندىن كىيىن مارجىنىمنى تېپىپ ئۇلارنىڭ چۈشكىنىگە كەلسەم ئۇيەردە ھىچ بىرسى يوق، ئاندىن ئەسلى چۈشكۈنۈمگە باردىم، تەھقىق ئۇلار مىنىڭ كاجىۋىدا يوقلۇغۇمنى بىلگەندىن كىيىن، مىنىڭ قېشىمغا قايتىپ كېلىدۇدەپ گۇمان قىلدىم، مەن شۇئارىلىقدا ئولتۇرۇپ ئۇيقا كۆزۈمگە غەلبە قىلىپ ئۇخلاپ قالدىم. سەپۋان بىننى مۇئەتتىل سۇلەمى، ئاندىن زەكۋانى (دەپ ئاتالغان ساھابە) ئەسكەرلەرنىڭ ئارقىسىدا ئىدى. ئۇ مەنزىلىمگە سۈبھى ۋاقتىدا كېلىپ ئۇخلاپ قالغان بىر ئىنساننى كۆرۈپ مىنىڭ قېشىمغا كەلدى. مىنى ھىجاپ ئايىتى چۈشۈشدىن ئىلگىرى كۆرگەن ئىدى، ئاندىن ئۇنىڭ {وِنَّا لِلّٰهِ وَوِنَّا وِلَيْهِ رَاجِعُونَ} دىيىشى بىلەن ئويغاندىم، تۆگىسىنى چۆكتۈرگەندە، ئاندىن تۆگىنىڭ ئالدى پۇتىنى دەسسەپ تۇردى، ئاندىن تۆگىگە مىندىم، ئاندىن مەن بىلەن بىرگە تۆگىنى يېتىلىدى. ھەتتا ئەسكەرلەر جىلك چۈشدە ئارام ئۈچۈن چۈشكۈنگە چۈشكەندىن كىيىن ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدۇق. پەس پىتنىدە ھالاك بولغانلار ھالاك بولدى. بۇ پىتنىگە باش بولغان ئادەم ئابدۇللا بىننى ئۇبەي ئىبنى سەلۇل ئىدى. ئاندىن مەدىنىگە قەدەم تەشرىپ قىلدۇق، بۇيەردە بىر ئايدەك ئاغرىپ يېتىپ قالدىم، خالايىقلار پىتنىچىلەرنىڭ سۆزى ھەققىدە (سۇدەك) تۇكۇلدى. مەن كېسەل بولغان ۋاقتىمدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئىلگىرى كۆرگەن مىھرىبانلىغىنى كۆرمىگەنلىگىم، مىنى شەك قىلدۇراتتى، پەقەت كىرىپ ئەھۋالىڭلار قانداق دەپلا قويىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا ئىشنى سەزمەيمەن، ھەتتا (كېسەلدىن) خوش تاپدىم، ئاندىن مەن ۋە مىستەھنىڭ ئانىسى مەناسىئە (دىگەن جايغا) يەنى شۇ ۋاقىتدىكى ھاجەت خانىمىزغا چىقتۇق، بۇنىڭغا بىر كېچىسى يەنە بىر كېچىگىچە چىقمايتۇق، بۇ ئۇيىمىزگە يېقىن ھاجەتخانا قىلىشدىن ئىلگىرىكى ئىش ئىدى. بىزنىڭ ئادىتىمىز، ئەۋۋەلقى ئەرەپلەر ئادىتى

بۇيىچە، سەھراغا ھاجەت قىلىشقا مەكروھ ئىشلاردىن پەرىز قىلىشقا (شۇنداق ئىدى)، ئاندىن مەن ۋە مىستەھىنىڭ ئانىسى مېڭىۋاتاتتۇق، تۇيۇقسىز ئۇممى مىستەھ كەيگەن تونىدا تېيىلىپ كەتتى ۋە مىستەھ ھالاك بولسۇن دېدى، ئاندىن ئۇنىڭغا، بەدرى جېڭىغا ھازىر بولغان ئادەمنى سۆكەمسەن دېدىم. ئاندىن ئۇ ئېيتتى: ئەي نادان، ئۇلار دەۋاتقان گەپلەرنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ دەپ پىتنىخورلارنىڭ سۆزىنى ماڭا خەۋەر قىلدى، پەس كېسىلىم ئۈستىگە كېسەل بولدۇم. ئاندىن ئۆيۈمگە يېنىپ كىرگەندىن كىيىن ماڭا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىرىپ سالام قىلىپ ئەھۋالىڭلار قانداق دېدى. ئاندىن مەن ئاتا ـ ئانام قېشىغا بېرىشقا ئىزنى بەرسلە دېدىم. بۇ ۋاقىتتا مەن ئاتا ـ ئانام تەرىپىدىن خەۋەرنى ئېنىق بىلىشنى ئىرادە قىلىمەن. ئاندىن ماڭا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىزنى بەردى، ئاندىن ئاتا ـ ئانامنىڭ قېشىغا كەلدىم، ئاندىن ئانامغا ئېيتتىمكى، كىشىلەر بۇ پىتنىگە نىمە دېيىشىۋاتىدۇ؟ ئانام ئېيتتىكى: ئەي قىزىم ئىشنى ئۆزىڭىزگە ئاسان قىلىڭ، قەسەم اللّٰه غىكى، ئەلبەتتە بىر ئەرنىڭ ئىلكىدە ئۇ ئەر ئۇنى دوس تۇتىدىغان چىرايلىق بىر خوتۇن بولۇپ، ئۇنىڭ بىرقانچە كۈندەشلىرى بولسا، ئۇ خاتۇنلار ئۇ چىرايلىق خاتۇن ھەققىدە كۆپ گەپ تاپىدۇر. ئاندىن ئېيتتىم: ‹‹سۇبھانەللاھ›› ۋە ئەلبەتتە كىشىلەر بۇنىڭغا كۆپ گەپ قىلىشقاندۇ دەپ شۇكېچە يىغىسىم قورومىغان ۋە كۆزۈم ئۇيقۇ سۈرمىسىنى تاتمىغان ھالىتىدە يىتىپ تاڭ ئاتقۇزدۇم. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ ۋە ئۇسامە ئىبنى زەيدنى، ۋەھى توختاپ قالغاندا ئەھلى بىلەن ئاجرىشىش توغرىلىق چاقىردى. ئەمما ئۇسامە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۆز نەپسىدە ئۇلارنى دوس تۇتۇشتىن ئىبارەت مەسلىھەت بىرىپ، ئېيتتى: يارسۇلۇللاھ ! ئەھلىڭىزنى لازىم تۇتىسىلا، ياخشىلىقتىن باشقىنى بىلمەيمىز. ئەمما ئەلى يارەسۇلۇللاھ ! اللّٰه تەئالا سىلىگە

تار قىلمىدى، ئۇنىڭدىن باشقا خوتۇنلار تولىدۇر، دېدەكتىن سورىسىلا ئۆزلىرىگە راس ئېيتىدۇر دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەرىيرە ـ دېدەكنى چاقىرىپ، ئى بەرىرە ! ئۇ ئائىشەدە سىنى شەك قىلدۇرغۇدەك نەرسىنى كۆردۇڭمۇ؟ دېدى، بەرىيرە ئېيتتى: ياق، قەسەم زاتىغىكى، سىلنى ھەق بىلەن ئەۋەتدى، ئۇ ئائىشەدىن ئۇنى ئەيىپ قىلغۇدەك نەرسىنى كۆرمىدىم، ھەرگىز شۇنىڭدىن كۆپراقكى، ئۇ گۆدەك ياش، خېمىر يۇغۇرۇۋېتىپ ئۇخلاپ قالىدۇر، ئوغلاق كىلىپ ئۇنى (خېمىرنى) يەۋالىدۇر. ئاندىن شۇكۈنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قوپىدى، پەس ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەيي ئىبنى سەلۇلدىن ئۆزرى تەلەپ قىلدى (يەنى ئابدۇللانىڭ ئۆزرى ئېيتىشىنى تەلەپ قىلدى)، ئاندىن ئېيتتى: مىنىڭ ئەھلىم ھەققىدە ماڭا ئازار يەتكەن ئادەمنى ئەيىپ قىلسام، ئۇنىڭدىن مىنىڭ ئۆزرەمنى كىم قوبۇل قىلىدۇر، پەس الله مىنىڭ ئەھلىمگە ياخشىلىقدىن باشقىنى بىلمەيمەن، ياخشىلىقدىن باشقىنى ئۇنىڭدىن بىلمەيدىغان ئادەمنى زىكرى قىلدىلەر، ئۇ ئادەم ئەھلىمگە مەن بىلەن بىللە بولمىسا كىرمەيتى، ئاندىن سەئىد ئىبنى مۇئاز قوپۇپ ئېيتتى: يارەسۇلۇللاھ ! مەن ۋەللاھۇ ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىنىڭ ئۆزرىلىرىنى قوبۇل قىلىمەن، ئەگەر ئۇ ئادەم ئەۋسى قەبىلىسىدىن بولسا ئۇنىڭ گەددىنىگە (قىلىچ) بىلەن ئۇرىمىز، ئەگەر ئۇ ئادەم قېرىندىشىمىز خەزرەج قەبىلىسىدىن بولسا بىزلەرنى ئەمر قىلسىلا بۇھەقدە پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلىمىز. خەزرەجنىڭ خوجىسى سەئىد ئىبنى ئۇبادە قوپتى ۋە ئۇ بۇنىڭدىن ئىلگىرى ياخشى كىشى ئىدى ۋە لېكىن ئۇنى نۇمۇس كۈچى كۆتۈرۈپ ئېيتتى: ۋەللاھۇ يالغان ئېيتتىڭ ئۇنى ئۆلتۈرالمايسەن ۋە بۇنىڭغا قادىر بولالمايسەن. ئاندىن ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەيرى قوپۇپ ئېيتتى: يالغان ئېيتتىڭ ئەمرۇللاھغا قەسەمكى، ۋەللاھۇ ئەلبەتتە ئۇنى ئۆلتۈرىمىز، تەھقىق سەن مۇناپىق دۇرسەن، مۇناپىقلار تەرىپىدىن جەدەل قىلىۋاتىسەن. ئاندىن ئەۋسى ۋە خەزرەج

ئىككى قەبىلە قوزغالدى، ھەتتا ئۇرۇشۇشنى قەست قىلىشتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنبەردە ئىدى، ئاندىن چۈشۈپ ئۇلارنى پەسەيتتى، ھەتتا ئالار جىم بولۇشتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ سۈكۈت قىلدى. مەن بىر كۈن كەچكىچە يىغلىدىم، كۆزۈمگە ئۇيقۇ سۈرمىسىنى تارتمىدىم، ھەتتا گۇمان قىلىمەنكى يىغا جىگىرىمنى پارە قىلىۋېتىدۇ. ئارىدا ئاتا ـ ئانام قېشىمدا ئولتۇراتتى، مەن يىغلاۋاتىمەن، ئەنسارلاردىن بىر خوتۇن كىرىشكە ئىزنى سورىدى، ئاندىن ئۇنىڭغا ئىزنى بەردىم، ئۇمۇ مەن بىلەن يىغلاپ ئولتۇردى. بىزلەر شۇنداق تۇرغان ھالەتتە توساتتىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىرىپ ئولتۇردى، ماڭا تۆھمەت قىلىنغان كۈندىن بىرى قېشىمدا ئولتۇرمىغان ئىدى، ئاندىن ئېيتتى: ئى ئائىشە ! ماڭا سىزدىن مۇنداق ـ مۇنداق خەۋەر يەتتى، پەس ئەگەر پاك بولسىڭىز پات پۇرسەتتە الله تەئالا سىزنى پاك قىلىدۇر، ئەگەر گۇناھ قىلىپ قالغان بولسىڭىز الله تەئالاغا ئىستىغپار ئېيتىڭ ۋە الله تەئالاغا تەۋبە قىلىڭ، چۈنكى بەندە ئۆزگۇناھىنى ئېتىراپ قىلىپ تۆبە قىلسا، الله تەئالا ئۇنىڭ تۆبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆزىنى تۈگىتىشىگىلا يىغىشىم توختاپ قالدى، ھەتتا ئۇ ياشتىن بىر تامچىمۇ ھىس قىلمايمەن، ئاتامغا ئېيتتىمكى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مەندىن جاۋاپ بەرسىلە، ئاتام ئېيتتى: ۋەللاھۇ مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە نىمە دىيىشىمنى بىلمەيمەن. ئانامغا ئېيتتىم: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ماڭا ئېيتقان سۆزىگە جاۋاپ بەرسىلە. ئانام ئېيتتى: ۋەللاھۇ مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە نىمە دىيىشىمنى بىلمەيمەن. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئېيتتى: مەن يىشىم كىچىك، قۇرئاندىن كۆپ ئوقۇيالمايمەن، ۋەللاھۇ ئەلبەتتە سىلەرنىڭ، كىشىلەرنىڭ قىلىۋاتقان گەپ ـ سۆزلىرىنى ئاڭلىغانلىغىڭلارنى ۋە ئۇ

گەپ ـ سۆزلەرنىڭ نەپسكىلاردا توختاپ قالغانلىغىنى ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنىپ كەتكەنلىكىڭلارنى بىلدىم، ئەگەر سىلەرگە مەن پاك دىسەم الله تەئالا بىلىدۇركى مەن پاكدۇرمەن، ماڭا بۇ گىپىڭگە ئىشەنمەيسىزلەر، ئەگەر بىر ئىشقا مەن ئىتىراپ قىلسام الله تەئالا مىنىڭ پاكلىغىمنى بىلىدۇر، سىلەر ئىشىنىسىزلەر، ۋەللاھۇ مەن سىزلەرگە ۋە ماڭا يۇسۇپنىڭ ئاتىسى (ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنى) مەسەل قىلىمەن، چۈنكى ئۇ ياقۇپ {فَصَبْرٌ جَمِيْلٌ وَاللهُ الْمُسْتَعَانُ عَلَىٰ مَا تَصِفُوْنَ} دىدى يەنى ‹‹ پەس چىرايلىق سەبىر قىلىمەن ›› سىلەرنىڭ سۆپەتلەندۈرۈپ دىگەنلىكلەرگە الله تەئالا ياردەم قىلغۇچىدۇر، الله تەئالادىن مىنى پاك قىلىشنى ئۈمۈد قىلىپ كۆرپەمگە ئۆرۈلدۈم. لىكىن الله مىنىڭ ھەققىمدە تىلاۋەت قىلىنىدىغان ۋەھى چۈشۈرۈشنى گۇمان قىلمىدىم. ئەلبەتتە مەن ئۆز كۆڭلۈمدە مىنىڭ ھەققىمدە قۇرئان بىلەن سۆزلىنىشىدىن كەمتەرراقدۇرمەن. لىكىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چۈشىدە الله تەئالا مىنى ئۇنىڭ بىلەن پاك قىلىدىغان چۈش كۆرۈشنى ئۈمۈد قىلاتتىم. پەس ۋەللاھۇ مەجلىستىن قوزغالمىدى ۋە ئەھلى بەيتتىن ھىچكىم چىقمىدى، ئۇنىڭغا ۋەھى نازىل قىلىندى، پەس ئۇ رۇسۇلۇللانى تەردىن تۇتىدىغان نەرسە تۇتتى. ھەتتا ئۇنىڭدىن مەرۋايىتتەك تەر تارامچىلىرى تاراملىدى، قىش ۋاقتى ئىدى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ۋەھى ئېچىلىپ ئىدى، ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈلىدۇر، ماڭا سۆزلىگەن سۆزىنىڭ ئەۋۋالى شۇبولدىكى، ئېيتتى: ئى ئائىشە! الله تەئالاغا ھەمدۇ ئېيتىڭ، تەھقىق الله تەئالا سىزنى پاك قىلدى. ئاندىن ماڭا ئانام ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قوپۇڭ! پەس ئېيتتىم: ۋەللاھۇ ئۇنىڭغا قوپمايمەن ۋە الله تەئالادىن باشقىغا ھەمدۇ ئېيتمايمەن. ئاندىن الله تەئالا ئەززى ۋەجەللى {إِنَّ الَّذِينَ جَاءُوا بِالْإِفْكِ عُصْبَةٌ مِّنكُمْ} نۇر سۈرىسىنىڭ 11 ـ ئايەتلىرىنى نازىل قىلدى، مەنىسى { ***شۈبھىسىزكى،***

***سىلەردىن بىر گۇرۇھ ئادەم (ئائىشەگە) بۆھتان چاپلىدى}***. پەس الله تەئالا بۇئايەتنى مىنىڭ پاكلىقىم ھەققىدە نازىل قىلغاندىن كېيىن، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتتى: ۋەللاھۇ مەن مىستەھگە بىر نەرسە نەپقە بەرمەيمەن، ئائىشەمگە تۆھمەت قىلغاندىن كېيىن. (ئەبۇبەكرى مىستەھ ئىبنى ئۇساسەگە يېقىن تۇققان بولغانلىقى ئۈچۈن نەپىقە قىلىپ تۇراتتى). ئاندىن الله تەئالا {وَلا يَأْتَلِ أُولُوا الْفَضْلِ مِنْكُمْ وَالسَّعَةِ أَنْ يُؤْتُوا أُولِي الْقُرْبَى وَالْمَسَاكِينَ وَالْمُهَاجِرِينَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَلْيَعْفُوا وَلْيَصْفَحُوا أَلا تُحِبُّونَ أَنْ يَغْفِرَ اللَّهُ لَكُمْ وَاللَّهُ غَفُورٌ رَحِيمٌ} نۇر سۈرىسىنىڭ 22 ـ ئايىتىنى نازىل قىلدى. مەنىسى { ***ئاراڭلاردا ئەھلى كەرەم ۋە دۆلەتمەن بولغانلار خىش-ئەقرىبالارغا، مىسكىنلەرگە ۋە دىن يولىدا ھىجرەت قىلغانلارغا (بىرنەرسە) بەرمەسلىككە قەسەم قىلمىسۇن. (ئۇلارنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلسۇن، كەچۈرسۇن، الله تەئالانىڭ سىلەرگە مەغپىرەت قىلىشىنى ياقتۇرمامسىلەر؟ الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر*** }. ئاندىن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتتى: ئارى، ۋەللاھۇ تەھقىق مەن الله تەئالانىڭ مىنى مەغپىرەت قىلىشىنى دوست تۇتىمەن. ۋە مىستەھكە ئىلگىرى ئىجرا قىلىپ تۇرغان نەپىقىنى قايتا بىرىشكە قايتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنىڭ ئىشىمدىن زەينەپ بىنتى جەھشدىن، ئى زەينەپ ! نىمنى بىلىسەن ۋە نىمنى كۆردۈڭ دەپ سورىدى؟ ئاندىن ئۇ زەينەپ يارەسۇلۇللاھ ! قۇلۇقۇمنى ۋە كۆزۈمنى ساقلايمەن، ۋەللاھۇ ئۇ ئائىشەگە ياخشىلىقدىن باشقىنى بىلمەدىم دىدى. ئائىشە ئېيتتى: ئۇ زەينەپ مەن بىلەن جامال ۋە كامالدا ئۇستۈنلۈك تالىشاتتى (بەسلىشەتتى)، الله تەئالا ئۇنى تەقۋالىق بىلەن ساقلىدى.

**بىر ئادەم بىر ئادەمنى پاك (ساق) دەپ ئاقلىسا كۇپايە قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا**

**1180** ـ ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھوزۇرىدا

بىر كىشى يەنە بىر كىشىگە سانا ئېيتتى (ماختىدى)، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ھەمرىيىڭنىڭ گەردىنىنى ئۈزدۈڭ، بىرىنچى قېتىم، ئاندىن ئېيتتى: سىلەردىن بىرىڭلار بۇرادىرىنى چوقۇم ماختىماقچى بولسا، پالاننى مۇنداق گۇمان قىلىمەن، الله ئۇنىڭ كۇپايە قىلغۇچىسىدۇر، الله غا بىر كىشىنى پاكلىمايمەن، ئۇكىشىنى مۇنداق ـ مۇنداق دەپ گۇمان قىلىمەن دىسۇن، ئەگەر شۇ ئىشنى ئاشۇ كىشىدىن بىلسە.

## ئۆسمۈر باللارنىڭ بالاغەتكە يېتىشى ۋە ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىغى توغرىسىدا

1181 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ ئېيتتى: تەھقىق ئۇ ئىبنى ئۆمەر، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئوھود كۈنى (ئەسكەرلىككە) توغرا بولدى، ئۇ ئون تۆت ياش ئىدى. ماڭا ئىجازەت بەرمىدى، ماڭا خەندەك كۈنى توغرا بولدى، ھالئۇلكى مەن ئون بەش ياش ئىدىم، ماڭا (ئەسكەرلىككە) ئىجازەت بەردى.

## قەۋملەرنىڭ قەسەمدە سۈرئەت (ئىلگىرلىشىپ) كىتىشى توغرىسىدا

1182 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ ئېيتتى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەرگە قەسەمنى توغرا قىلدى، پەس ئۇلار ئالدىراپ كەتتى، ئاندىن ئۇلارنىڭ قايسىسى قەسەم قىلىدىغانلىغى توغرىسىدا ئۇلار ئوتتۇرىسىدا قەسەمدە چەك تاشلاشقا بۇيرىدى.

## قانداق قەسەم قىلدۇرۇلىشى توغرىسىدا

1183 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ ئېيتتى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: كىشى قەسەم قىلماقچى بولسا الله بىلەن قەسەم قىلسۇن ياكى شۈك تۇرسۇن.

**كىشىلەرنىڭ ئۆتتۈرسىنى ياخشىلاشتۇرىدىغا كىشىنىڭ يالغانچى ئەمەسلىكى توغرىسىدا**

**1184** ـ ئۇممى گۇلسۇم بىنتى ئۇقبە رەزىيەللاھۇئەنھادىن ئىيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى ئىيتىدۇر: كىشىلەرنىڭ ئۆتتۈرسىنى ئىسلاھ (ياخشى) قىلىدىغان كىشى يالغانچى ئەمەسدۇر، ئاندىن ئۇ ياخشىلىقنى ئۆستۈرىدۇ ياكى ياخشىلىقنى ئىيتىدۇ.

**ئىمامنىڭ جامائەتلىرگە بىز بىلەن بېرىڭلار ئىسلاھ قىلايلى دىگەن سۆزى توغرىسىدا**

**1185** ـ سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئىيتتى: قۇبا ئەھلى ئۇرۇشۇپ قالدى ھەتتا تاش ئېتىشتى، بۇ ئىشنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خەۋەر قىلىندى، ئاندىن ئىيتتى: بىز بىلەن بېرىڭلار، ئۇلارنىڭ ئۆتتۈرسىنى ئىسلاھ قىلايلى (ياخشىلايلى).

**مۇشۇ پالانى بىننى پالان پالانى بىننى پالان بىلەن سۈلھى قىلغان نەرسدۇر دەپ يېزىلامدۇر؟ ۋە ئەگەرچە ئۇنى ئۆز قەبىلىسگە ياكى نەسەبىگە نىسبەت بەرمىسمۇ بولىدىغانلىغى توغرىسىدا**

**1186** ـ بەرائ ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەھۇدىن ئىيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زۇلقەئىدەدە ئۆمرە قىلدى. مەككە خەلقى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى مەككىگە كىرىشدىن مەنى قىلدى (توسدى)، ھەتتا ئۇلار بىلەن مەككىدە ئۈچ كۈن تۇرىدىغانغا سۈلھى قىلىشدى، ئاندىن خەت(توختام خەت) يازماقچى بولغاندا، ساھابىلەر: مۇشۇ مۇھەممەد رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈلھى قىلغان نەرسدۇر دەپ يازدى. مەككىلىكلەر (مۇشرىكلەر) بىز بۇنىڭغا ئىقرار قىلمايمىز، ئەگەر بىز سىنىڭ رەسۇلۇللاھ ئىكەنلىگىڭنى بىلىدىغان بولساق سىنى مەككىگە كىرىشدىن مەنى قىلمايتۇق، لىكىن سەن مۇھەممەد بىننى ئابدۇللاھ دۇرسەن دىدى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەن رۇسۇلۇللاھ ۋە مەن مۇھەممەد بىننى ئابدۇللاھ دۇرمەن دىدى. ئاندىن ئەلىگە ئىيتتى: ‹‹رەسۇلۇللاھ›› دىگەن سۆزنى ئۆچۈرگىن.

ئەلى ئېيتتى: ۋەللاھۇ مەن سلىنى مەڭگۈ ئۇچۇرمەيمەن. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەتنى ئېلىپ مۇنداق يازدى: بۇ ئۇنىڭغا مۇھەممەد بىننى ئابدۇللاھ سۈلھى قىلدىكى، مەككىگە ياراغلىق (قورالىق) كىرمەيدۇ، مەگەر غىلاپىنىڭ ئىچىدە، مەككە ئەھلىدىن بىرى ئۇنىڭغا ئەگەشسە بىللە ئېلىپ چىقىپ كەتمەيدۇ. ئەگەر ساھابىدىن بىرى مەككىدە قېپ قالماقچى بولسا ئۇنى ئەگەشتۇرمەيدۇ. ئۇل ۋەقتىكى مەككىگە كېلەر يىلى كىردى ۋە ۋاقتىمۇ توشدى، ئۇلار ئەلىنىڭ قېشىغا كەلدى، ھەمراھىڭغا ئېيتقىن بىزدىن چىقىپ كەتسۇن ۋاقىت توشدى دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چىقدى. ئۇلارغا ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى ۋاي تاغام ۋاي تاغام دەپ ئەگەشدى، ئاندىن ئۇنى ئەلى قولىدىن تۇتدى ۋە پاتىمەگە ئېيتتى: تاغىڭىزنىڭ قىزىنى سىز ئېلىك ئۇنى كۆتۈرۈۋېلىك. بەرائ ئىبنى ئازىب ئېيتتى: بۇقىز توغرىسىدا ئەلى، زەيىد ۋە جەپەر داۋالىشىپ قالدى. ئەلى ئېيتتى: مەن ئۇنىڭغا ھەقلىق ئۇ تاغامنىڭ قىزى، جەپەرمۇ ئۇ مېنىڭ تاغامنىڭ قىزى، ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ھەمشىرىسى مېنىڭ نىكاھىمدا دېدى. زەيىد مېنىڭ بۇرادىرىمنىڭ قىزى دېدى(رەسۇلۇللاھ بۇئىككىسىنىڭ ئوتتۇرسىنى بۇرادەر قىلغاندۇر). ئاندىن ئۇ قىزنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ كىچىك ئانىسىغا بۇيرىدى. ۋە ئېيتتى: كىچىك ئانا (ھەمشىرە) ئانىنىڭ ئورنىدا ۋە ئەلىگە ئېيتتى: سەن مەندىن ۋە مەن سەندىن ، ۋە جەپەرگە ئېيتتى: سەن مېنىڭ تەن قۇرۇلۇشۇمغا ۋە ئەخلاقىمغا ئوخشىدىڭ، ۋە زەيىدكە ئېيتتى: سەن بىزنىڭ بۇرادىرىمىز ۋە مۇلايىمىمىز.

**پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەسەن ئىبنى ئەلىنى تەھقىق مېنىڭ مۇشۇ ئوغلۇم خوجەدۇر دېگەنلىگى توغرىسىدا**

**1187** ـ ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى

مۇنبەردە كۆردۈم، ھەسەن ئىبنى ئەلى يېنىدا . رەسۇلۇللاھ خالايىققا بىر مەررە، ھەسەنگە بىر مەررە قارايدۇر ۋە ئېيتىدۇر: تەھقىق مىنىڭ مۇشۇ ئوغلۇم سەييددۇر ـ خوجادۇر، ۋە ئۇمۇدكى، الله تەئالا ئۇ ئوغلۇم بىلەن مۇسۇلمانلاردىن ئىككى چوڭ گۇرۇھنى ئىسلاھ قىلىدۇر.

## ئىمام سۇلھىگە ئىشارەت قىلىشى توغرىسىدا

1188 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىشىگدە، ئاۋازلىرى كۆتۈرۈلگەن خۇسۇمەتچىلەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ئىككىسىنىڭ بىرى يەنە بىرىنى قەرزىنى قۇيۇۋېتىشقا تەلەپ قويۇدۇ ۋە ئۇنىڭدىن يۇمشاقلىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ يەنە بىرسى ئۇنداق قىلمايمەن دەيدۇ. بۇئىككىسىنىڭ ئۈستىگە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چىقىپ، قېنى قايەردە الله تەئالاغا مەرۋىنى قىلمايمەن دەپ قەسەم قىلغۇچى؟ دىدى. ئاندىن ئۇ ئېيتتى: مەن يارەسۇلۇللاھ، پەس دەۋاگەرگىدۇر، بۇنىڭ قايسىسىنى دوس تۇتسا (ئالسۇن) .

## (50) شەرتلەرنىڭ كىتابى

## نىكاھ ئەقدىسىدىكى مەھرى ھەققىدە شەرت قىلىش توغرىسىدا

1189 ـ ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىلەرنىڭ ۋاپا قىلىشقىلاردىكى شەرتلەرنىڭ ھەقراغى، ئۇنىڭ بىلەن پەرجىنى ھالال قىلغان نەرسەڭلەردۇر (يەنى مەھرىدۇر).

## ھەدلەردە ھالال بولمايدىغان شەرتلەر توغرىسىدا

1190 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ۋە زەيد ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: تەھقىق بۇ ئىككىسى ئېيتتى: سەھرايى ئەرەپلىردىن بىر كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىغا كىلىپ ئېيتتى: يارەسۇلۇللاھ ! الله ھەققى ئۆزلىرىدىن تەلەپ قىلىمەنكى، ماڭا كىتابۇللا بىلەن ھۆكۈم قىلسىلا.

يەنە بىر دەۋاگەرمۇ ئېيتتى: ۋە بۇ ئۇنىڭدىن ئالىمراق ئىدى. ئارى، بىزلەرنىڭ ئارىلىغىمىزنى كىتابۇللا بىلەن ھۆكمى قىلسىلا ۋە ماڭا ئىزنى بەرسىلە. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئېيتقىن، ئۇكىشى ئېيتتى: تەھقىق مىنىڭ ئوغلۇم بۇ ئادەمگە ئىشلەمچى ئىدى، بۇ بالام ئۇنىڭ خوتۇنى بىلەن زىنا قىلدى، مەن خەبەر قىلىندىمكى، تەھقىق مىنىڭ ئوغلۇمغا چالما ـ كېسەك كېلىدىكەن، ئاندىن ئۇ ئوغلۇمغا ئۇ چالما ـ كېسەكدىن يۈز قوي ۋە بىر دىدەك قۇل پىدىيە بەردىم، ئاندىن ئەھلى ئىلىملەردىن سوردىم، ئۇلار مىنىڭ ئوغلۇمغا يۈز دەررە ۋە بىر ژىل پالاش كېلىدۇ ۋە ئۇنىڭ خوتۇنىغا چالما ـ كېسەك كېلىدۇ دىدى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: الله بىلەن قەسەمكى، ئىككىڭلارنىڭ ئوتتۇرسىنى كىتابۇللا بىلەن ھۆكمى قىلىمەن، دىدەك ـ قۇل ۋە قوي ساڭا قايتۇرىلىدۇ ۋە ئوغلۇڭغا يۈز دەررە ۋە بىر ژىل پالاش كېلىدۇ. ئى ئۇنەيس! بۇنىڭ خوتۇنى قېشىغا ئەتىگەن بار، ئەگەر ئۇ (زىناغا) ئىقرار قىلسا ئۇنى چالما ـ كېسەك قىلغىن. ئېيتتى راۋى: ئۇ ئۇنەيس، ئۇ خاتۇن قېشىغا ئەتىگەن باردى، ئۇ خاتۇن ئىقرار قىلدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ خاتۇننى چالما ـ كېسەك قىلىشقا بۇيرىدى. ئۇ خوتۇن چالما ـ كېسەك قىلىندى.

## تېرىقچىلىقدا شەرت قىلىش توغرىسىدا

**1191** ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئېيتتى: ئول ۋەقتىكى، ئەھلى خەيبەر ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەرنىڭ قۇلىنى ئۈيىسىدىن چىقىرىۋاتقاندا، ئۆمەر قوپۇپ خۇتبە ئوقۇغان ھالىتىدە ئېيتتى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەيبەر يەھۇدىلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ماللىرىغا مۇئامىلە قىلغان ئىدى ۋە ئېيتقان ئىدى: سىلەرنى الله تەئالا قارار قىلدۇرۇپ تۇرغۇزغان مۇددەتتە قارار قىلدۇرىمىز. ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر ئۇ خەيبەردىكى مالىغا چىققان ئىدى، كېچىدە ئۇنىڭغا

تاجاۋۇز قىلىنىپ ئىككى قولى ۋە ئىككى پۇتى ئۆيىسىدىن چىقىرىلدى، بىزنىڭ ئۆيەردە يەھۇدىلەردىن باشقا دۈشمىنىمىز يوقدۇر، ئۇلار بىزنىڭ دۈشمىنىمىز ۋە تۆھمەتىمىزدۇر. ئۇلارنى سۈرگۈن قىلىشنى لايىق كۆردۇم. پەس ئۆمەر ئۇلارنى سۈرگۈن قىلىشقا قارار قىلغاندا، بەنى ئەبى ھۇقەيقنىڭ بىرى كىلىپ ئېيتتى: ئى ئەمىرىل مۆئمىنىن! ئايا سەن بىزنى چىقىرىۋاتامسەن، تەھقىق مۇھەممەد بىزنى قارار قىلدۇرۇپ تۇرغۇزغان ئىدى ۋە بىزنى مال بىرىشكە سۈلھى قىلىپ، شۇنى بىزلەرگە شەرت قىلغان ئىدى. ئاندىن ئۆمەر ئېيتتى: سەن مىنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ «قانداق قىلارسەن ۋەقتىكى خەيبەردىن چىقىرىلساڭ، سىنى ياش ئۇزۇن پاچاق تۆگەڭ كىچە ـ كىچەلەپ سوكۇلداتسا» دىگەن سۆزىنى ئۇنتۇپ قالدى دەپ گۇمان قىلدىڭمۇ؟. پەس يەھۇدى ئېيتتى: بۇگەپ مۇھەممەددىن چاقچاق ئىدى. ئاندىن ئۆمەر ئېيتتى: يالغان ئېيتتىڭ ئى الله نىڭ دۈشمىنى. ئاندىن ئۇلارنى ئۆمەر سۈرگۈن قىلدى. ئۇلارغا مىۋىلەردىن قالغان نەرسىلىرىنىڭ قىممىتىگە مال، تۆگە، ماتا، تۆگە تۇقۇمى ۋە ئارغامچا ـ توقۇناقلار بەردى.

**جىھاد قىلىشدىكى شەرتلەر ۋە ئەھلى ھەربلەر بىلەن سۈلھى قىلىش ۋە شەرتلەرنى يىزىش توغرىسىدا**

1192 ـ مىسۋەر بىننى مەخرەمە ۋە مەرۋان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇدەيبىيە زامانىدا چىقىپ، ھەتتا ئۇلار بەزى يولدا بولۇشدى ئېيتتى: تەھقىق خالىد بىننى ۋەلىد غۇمەيمدا قۇرەيشنىڭ ئاتلىق ئەسكىرى ئىچىدە، ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىدا، ئاندىن ئوڭ تەرىپىنى تۇتۇپ مىڭىڭلار، پەس ۋەللاھۇ ئۇ ساھابىلەرنىڭ كەلگەنلىگىنى خالىد تۇيمىدى، ھەتتا ئۇلار ئەسكەرلەرنىڭ توپا ـ چاڭلىرىغا تۇيۇقسىز يولۇقتى. ئاندىن خالىد قۇرەيشلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇلاغىنى دەۋەيتىشكە باشلىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۈرۈش قىلىپ مىڭىپ، ھەتتا مەككىگە چۈشىدىغان (باشقا يول بىلەن) جىلغىغا

كەلگەندە تۆگىسى تىزلاندى. خالايىقلار چۇچۇدىلار (تۆگىنى قوپۇرۇشتى)، تۆگە چىڭ يېتىۋالدى قوپمىدى. خالايىقلار تۆگە ھېرىپ قاپتۇ، تۆگە ھېرىپ قالدى دېيىشتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: تۆگە ھېرىپ قالمىدى، ھېرىش ئۇ تۆگىنىڭ ئادىتى ئەمەس، لېكىن ئۇ تۆگىنى پىلنى توختاتقۇچى (اللە تەئالا) توختۇتۇپ قويدى (ئەبرەھەنىڭ پىلنى توختۇتۇپ ياتقۇزۇپ قويغاندەك، بۇ تۆگىنىمۇ اللە تەئالا توختۇتۇپ قويدى). ئاندىن كېيىن ئېيتتى: اللە تەئالا بىلەن قەسەمكى، قۇرەيشلەر اللە تەئالانىڭ ھۆرمەتلىرىنى تازىم قىلىدىغان پىلاننى سوئال قىلمايدۇ، مەگەر سوئال قىلسا، مەن ئۇلارغا ئۇ سوئالنى ئاتا قىلىمەن. ئاندىن ئۇ تۆگىنى قوپقىن دەپ دېۋىتىۋىدى ئۇ تۆگە سەكرەپ قوپتى. ئاندىن بايىقى مەككىلىكلەر چۈشىدىغان يەردىن قىيسپ ھۇدەيبىيەنىڭ ئەڭ يىراقىدىكى شەمەد دىگەن سۈيى ئاز يەرگە چۈشتى، ئۇ ئاز سۈنى خالايىق ئىچتى، ئۇسۇنى خالايىقلار ئۈزۈن توختاتمىدى (سۇ تۈگەپ كەتتى)، ھەتتا ئۇلار ئۇنى كولىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تەشنالىغى شىكايەت قىلىندى، ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوقدانىدىن بىر ئوقنى سۇغۇرۇپ ئالدى، ئاندىن ئۇلارنى ئۇئوقنى سۇ بار يەرگە قويۇشقا ئەمىر قىلدى، ئاندىن ۋەللاھۇ سۇ ھەممىشە بۇلۇقلاپ چىقىپ ئۇلارنى قاندۇردى، ھەتتا ئۇلار سۇدىن قېنىپ قايتتى. ئۇلار شۇ ھالدا تۇرغاندا، بۇدەيلى بىننى ۋەرقائىل خۇزائە بىرنەچچە نەپەر خەزائە قەۋمى بىلەن كەلدى، بۇلار ئەھلى تەھامەدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سىرداشلىرى ئىدى. ئۇ بۇدەيلى كېلىپ ئېيتتى: تەھقىق مەن كەئىب بىننى لۇئەي ۋە ئامىر بىننى لۇئەينى قالدۇرۇپ كەلدىمكى، ئۇلار ھۇدەيبىيەنىڭ ئۇزۇلمەس كۆپ سۈيى بار يەرگە چۈشتى، ئۆزلىرى بىلەن سۈتلۈك تۆگەلەر بىللە بار، خوتۇن بالا-چاقىلىرى بىلەن چىقتى ۋە ئۇلار ئۆزلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلغۇچى ۋە ئۆزلىرىنى بەيتۇللادىن توسقۇچىدۇر.

ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: تەھقىق بىز بىركىم بىلەن ئۇرۇشقىلى كەلمىدۇق، لېكىن بىز ئۆمرە ھەج قىلغىلى كەلدۇق. تەھقىق قۇرەيشنى جەڭ ئاجىزلاشتۇردى ۋە ئۇلارغا زەرەر قىلدى، پەس ئەگەر ئۇلار خالىسا ئۇلار بىلەن (ئۇرۇش توختۇتۇش) مۇددەتلىك سۈلھى قىلىمەن، ئۇلار مەن بىلەن خالايىق ئوتتۇرسىنى خالى قۇيۇش بىلەن (يەنى خالايىقلار مەن بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلسا ئىختىيار قۇيۇش بىلەن)، پەس ئەگەر ئۇلار زاھىر بولسام خالايىق كىرگەن نەرسىگە (ئىسلامغا) كىرىشنى خالىسا شۇنداق قىلىدۇر. ئەگەر ئۇلار زاھىر(غالىپ) بولسا، پەس تەھقىق ئۇلار راھەت ئالىدۇر (سۈلھى مۇددىتى تۈگىمەيدۇر). ئەگەر ئۇلار (سۈلھىگە) ئۇنىماي باش تاتسا، الله غا قەسەمكى، ئەلبەتتە مۇشۇ رايىمنى (بەيغەمبەرلىكىنى يەتكۈزۈش) ئۇستىدە ئۇرۇش قىلىمەن، ھەتتاكى بېشىم يالغۇز قالغىچىلىك ۋە ئەلبەتتە الله تەئالا ئۆز ئەمرىنى ئىجرا قىلىدۇر (يەنى ئىسلام دىنىگە نۇسرەت بېرىدۇر). ئاندىن بۇدەيلى ئېيتتى: قۇرەيشكە سىلى دىگەن سۆزنى يەتكۈزىمەن. ئاندىن ئۇ قۇرەيشنىڭ قېشىغا كېلىپ ئېيتتى: تەھقىق بىز سىلەرگە ئۇكىشى (يەنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) نىڭ قېشىدىن كەلدۇق، ئۇكىشىنىڭ بىر سۆزنى ئېيتقانلىغىنى ئاڭلىدۇق، ئەگەر ئۇسۆزنى سىلەر ئوتتۇرىغا قۇيۇشنى خالىساڭلار ئوتتۇرىغا قويىمىز. ئۇلارنىڭ نادانلىرى ئېيتتى: ئۇنىڭ سۆزىدىن بىر نەرسە بىلەن بىزلەرگە خەۋەر بېرىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇلارنىڭ ئاقىللىرى، ئۇنىڭ دىگەن سۆزىنى ئاڭلىغىنىڭنى دىگىن دىدى. بۇدەيلى ئېيتتى: ئۇ پەيغەمبەرنىڭ مۇنداق ـ مۇنداق دىگىنىنى ئاڭلىدىم، ئۇلارغا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دىگەن سۆزنى دەپ بەردى. ئاندىن ئۇرۋە ئىبنى مەسئۇد قوپۇپ، ئى قەۋمىم! سىلەر ئاتا ئەمەسمۇ دىدى، ئۇلار شۇنداق دىدى. ئۇرۋە ئېيتتى: مەن بالا ئەمەسمۇ دىدى، ئۇلار شۇنداق دىدى، ئۇرۋە ئېيتتى: ماڭا تۆھمەت قىلامسىزلەر، ئۇلار ياق دىدى، ئۇرۋە ئېيتتى: سىلەر مىنىڭ

ئۇكاز خەلقنى سلەرگە ياردەم بېرىشكە قوزغىغانلىغىمنى بىلمەمسلەر، ئۇۋاقتىدا ئۇلار مىنىڭ سۆزۈمگە ئۇنىمىغاندا، مەن سلەرگە ئەھلىمنى ۋە بالامنى ۋە ماڭا بويسۇنغان كىشلەرنى ئېلىپ كەلمىدىممۇ؟ دېدى، ئۇلار ئارى ـ شۇنداق دېدى. ئۇرۋە ئېيتتى: تەھقىق ئۇكىشى (پەيغەمبىرىم) سلەرگە توغرا پىلاننى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ، ئۇپىلاننى قوبۇل قىلىڭلار ۋە مىنى ئۇكىشىنىڭ قېشىغا بېرىشىمغا يول قويۇڭلار (بېرىپ باقاي). ئۇلار ئۇنىڭ قېشىغا بارغىن دېدى. ئۇكىلىپ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۆز قىلدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇدەيلگە دېگەن سۆزىگە ئوخشاش سۆز قىلدى. بۇۋاقتىدا «يەنى ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىمەن» دېگەندە ئۇرۋە ئېيتتى: ئى مۇھەممەد ! ئەگەر (سەن غەلىبە قىلىپ) قەۋمىڭنىڭ ئىشىنى ئۈزۈل ـ كېسىل قىلىپ يوقاتساڭ، سەن ئەرەپلەردىن بىرسىنىڭ سەندىن ئىلگىرى ئۆز قەۋمىنى ھالاك قىلغانلىغىنى ئاڭلىدىڭمۇ دەپ باققىنا؟ ئەگەر يەنى بىرى (قۇرەيىش غەلىبە قىلىشى) بولۇپ قالسا، پەس تەھقىق الله غا قەسەمكى سىنى تاشلاپ قېچىپ كېتىدۇر ئارلاشما، خالايىقلارنىڭ يۈزلىرىنى كۆرۈۋاتىمەن (ئۇلار قېچىپ كېتىدۇر). ئاندىن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا ئېيتتى: لات دېگەن (چىشى بۇت) نىڭ ئەۋرىتىنى شورا (ئەمگىن)، ئايا بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى تاشلاپ قېچىپ كېتىمىزمۇ؟. ئۇرۋە ئېيتتى: كىم بۇ؟ ئۇ ئەبۇبەكرى دېدى، ئۇرۋە ئېيتتى: الله بىلەن قەسەمكى ئەگەر سىنىڭ ماڭا قىلغان ئىلگىركى ياخشىلىغىڭغا ياخشىلىق بېرالمىغانلىغىم بولمىغان بولسا، ئەلبەتتە ساڭا جاۋاپ قايتۇراتتىم. ئۇرۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن سۆزلەشكىلى باشلىدى (سۆزلەشدى)، ئۇ ھەرۋەقتىكى گەپ قىلسا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساقاللىرىنى تۇتارئىدى، مۇغىرە ئىبنى شەئبە قىلىچ بىلەن قالقانلىق ھالدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ باشلىرىدا ئۆرە تۇراتتى، ئۇرۋە

قوللىرى بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساقاللىرىنى سىلىماقچى بولسىلا، مۇغىرە ئۇرۋەنىڭ قولىغا قىلىچنىڭ كەينى بىلەن ئۇراتتى ۋە قولىڭنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساقىلىدىن يىراقىل دەيتتى. ئۇرۋە بېشىنى كۆتىرىپ كىم بۇ دىدى؟ بۇ مۇغىرە ئىبنى شەئبەدۇر دىدى. ئاندىن ئۇرۋە ئېيتتى: ئى غۇدەر! ئى ۋاپاسىز خائىن! مەن سىنىڭ خائىنلىقىڭنىڭ يامانلىقىنى تۈگۈتۈش ھەققىدە سەئى قىلغان ئەمەسمۇ؟. مۇغىرە جاھىلىيەت زامانىدا بىر قەۋمگە ھەمرا بولۇپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ماللىرىنى بۇلاپ ئېلىۋالغان ئىدى. ئاندىن كىلىپ مۇسۇلمان بولغان ئىدى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئەمما ئۇنىڭ ئىسلامىنى قوبۇل قىلىمەن، ئەمما مالدىن، مەن ئۇنىڭدىن بىر نەرسىدە يوقكى (ئۇنىڭغا تەگمەيمەن). ئاندىن ئۇرۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىنى ئىككى كۆزى بىلەن كۆزەتتى ۋە ئېيتتى: پەس الله غا قەسەمكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇرنىنىڭ سۈيىنى تاشلىمايدۇر، مەگەر تاشلىسىلا ساھابىلىرىدىن بىرىنىڭ ئالقىنىغا چۈشىدۇر، ئۇنى يۈزىگە ۋە بەدىنىگە سۈرۈۋالىدۇر. ۋەقتىكى ئۇلارنى بىر ئىشقا بۇيرىسا، ئۇ بۇيرۇقنى دەرھال ئىجرا قىلىشقا ئالدىرايدۇر. ۋەقتىكى ئۇ رەسۇلۇللاھ تاھارەت ئالسا، ئۇنىڭ تاھارەت سۈيى ئۈستىدە تالىشىپ ئۇرۇشۇپ قالىدۇر، ئۇكىشىنى تەزىم قىلىپ دائىم بەك قارىۋالمايدۇر. ئاندىن ئۇرۋە قورەيشنىڭ قېشىغا قايتىپ بىرىپ ئېيتتى: ئى قەۋمىم! الله غا قەسەمكى مەن ئەلبەتتە پادىشالەرگە ئەلچى بولدۇم ۋە قەيسەرگە ۋە كىسراغا ۋە نەجاشىغىمۇ ئەلچى بولدۇم، الله بىلەن قەسەمكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى تەزىم (ھۆرمەت) قىلغاندەك، يارانلىرى ھۆرمەت قىلغان ھىچقانداق پادىشانى كۆرمىدىم، الله غا قەسەمكى، ئۇ بۇرنىنى تاشلىمايدۇر، مەگەر تاشلىسا ساھابىلارنىڭ بىرسىنىڭ

قۇلغا ئۇ تۇكرۇلك چۈشىدۇ، ئۇنى يۇزىگە ۋە بەدىنىگە سۈرىدۇ، ئۇلارغا ئەمىر قىلسا ئۇنىڭ ئەمرىنى دەرھال ئىجرا قىلىشقا ئالدىرايدۇ، ۋەقتىكى ئۇ تەھارەت ئالسا، تەھارەت سۈيى ئۈستىدە تالىشىپ بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇشىدۇر، ئۇ مۇھەممەد گەپ قىلسا، ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا ئاۋازلىرىنى پەس-تۆۋەن قىلىدۇ، ئۇكىشىگە ھۆرمەت قىلغان جەھەتدىن دائىم بەك تىكىلىپ قارىمايدۇ، تەھقىق ئۇكىشى سىلەرگە توغرا پىلاننى ئوتتىرىغا قويدى، ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار. ئاندىن بەنى كىنانە قەبىلىسىدىن بىر ئادەم ئېيتتى: مىنى قويۇڭلار ئۇنىڭ قېشىغا مەن باراي. پەس ئېيتتىلەر: ئۇنىڭ قېشىغا سەن بارغىن. پەس ئۇئادەم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋە ساھابىلىرىگە تىكىلىپ قاراپ ئىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: بۇئادەم پالانىدۇر، بۇ ھەدىيە تۆگەلىرىنى تەزىم قىلىدىغان قەۋمىلەردىندۇر. ئۇ تۆگىلەرنى بىراقلا قويۇپ بىرىڭلار، پەس تۆگىلەر ئۇنىڭ ئۇچۈن قوزغۇتىلدى ۋە خالايىقلار تەلبىيە ئېيتىپ ئالدىغا چىقتى. ئاندىن ئۇئادەم بۇئىشنى كۆرۈپ سۇبھانالالاھ بۇلارنى بەيتۇللادىن توسۇش لايىق ئەمەسدۇر دىدى. ئاندىن قۇرەيشلەرنىڭ قېشىغا قايتىپ بېرىپ، قىلادە ئېسىلغان ۋە ئىشئار (بەدىنى يېرىلىپ ئالامەت) قىلىنغان تۆگىلەرنى كۆردۈم (ھەجگە كەپتۇ)، بۇلارنى بەيتۇللادىن توسۇشنى لايىق كۆرمەيمەن دىدى. ئاندىن ئۇلار ئىچىدىن مىكرەز بىننى ھەپسى ئىسىملىك بىر ئادەم قويۇپ: قويۇڭلار ئۇنىڭغا مەن باراي دىدى، ئۇلار بارغىن ئۇنىڭغا دىدى. بۇئادەم ساھابىلەرگە تىكىلىپ قاراپ كىلىۋىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ مىكرەزدۇر، بۇ پاسىق ئادەمدۇر دىدى. ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۆز قىلىشقا باشلىدى، ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۆز قىلىۋاتقاندا تۇيۇقسىزلا سۇھەيل بىننى ئەمرى كەلدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: سىلەرگە ئىشىڭلار ئاسان بولدى

(سۇھەيلنىڭ كەلگىنىدىن ياخشى فال ئېلىپ شۇنداق دىدى)، ئاندىن ئېيتتى: كەلگىن بىز بىلەن سىلەر ئوتتۇرىسدا توختام خەت يازغىن. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كاتىپنى چاقىرىپ ‹‹ بسم الله الرحمن الرحيم » دەپ يازغىن دىدى، ئاندىن سۇھەيلى ئېيتتى: ئەمما ‹‹ الرحمن ›› ۋەللاھۇ ئۇنىڭ نىمە ئىكەنلىگىنى بىلمەيمەن، لېكىن سەن يازغىن ‹‹ بىسمىكەللاھۇممە ›› ھەم شۇنداقكى يازاتتىڭ. مۇسۇلمانلار ئېيتتى: ۋەللاھۇ بىز ‹‹ بسم الله الرحمن الرحيم ›› نىڭ غەيرىنى يازمايمىز. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ‹‹ بىسمىكەللاھۇممە›› دەپ يازغىن دىدى. ئاندىن بۇ مۇھەممەد رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا توختام قىلغان نەرسىدۇر دىدى. پەس سۇھەيلى ئېيتتى: ۋەللاھۇ ئەگەر سىنىڭ رەسۇلۇللاھ ئىكەنلىگىڭنى بىلگەن بولساق سىنى بەيتۇللادىن توسمايتۇق، سىنىڭ بىلەن ئۇرۇشمايتۇق ۋە لېكىن مۇھەممەد ئابدۇللاھ دەپ يازغىن. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ۋەللاھۇ مەن تەھقىق الله نىڭ پەيغەمبىرى ـ دۇرمەن، ئەگەرچە سىلەر ماڭا ئىنكار قىلساڭلارمۇ، مۇھەممەد بىننى ئابدۇللاھ دەپ يازغىن. ئاندىن سۇھەيلىگە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: بىزنىڭ بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىشىمىز ئۈچۈن، بىز بىلەن بەيتۇللانىڭ ئوتتۇرىسنى بوش خالى قويۇشۇڭلارنىڭ شەرتى بىلەن ھازىر. ئاندىن سۇھەيلى ئېيتتى: ۋەللاھۇ ئەرەپلەر سۆزلۈشۈپ قالمىسۇنكى، بىزنى مەجبۇرەن تۇتۇلدۇق دەپ ( ئەگەر بۇيىل بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىشقا خالى قىلساق) ۋە بۇ تاۋاپ كېلەر يىلى بولىدۇر، ۋە سۇھەيلى ئېيتتى: شۇ شەرت بىلەنكى، ساڭا (مەدىنىگە) بىزلەردىن (مەككىدىن) بىركىم كەلمەيدۇر، گەرچە سىنىڭ دىنىڭدە بولسىمۇ، مەگەر كەلسىلا ئۇنى بىزگە قايتۇرۇپ بېرىسەن. ئاندىن مۇسۇلمانلار ئېيتتى: سۇبھانالالاھ، مۇسۇلمان بۇلۇپ كەلگەن ئادەمنى مۇشرىكلەرگە قانداق قايتۇرۇپ بىرىلىدۇر. بۇلار شۇئارىدا شۇنداق

تالاش ـ تاتىشدا تۇراتتى، تۇيۇقسىز ئەبۇ جەندەل بىننى سۇھەيلى بىننى ئەمرۇ، ئىشكەل بىلەن ئاستا پۇتىنى سۆرەپ كىردى، ئۇ مەككىنىڭ تۆۋەنكى ۋادىسىدىن چىققان ئىدى، ھەتتا مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئاندىن سۇھەيلى ئېيتتى: يامۇھەممەد ! بۇ سىنىڭ بىلەن ئەۋۋەل توختام قىلىدىغان نەرسەمدۇركى، ئۇنى ماڭا قايتۇرۇپ بېرىسەن. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: تېخى توختام خەتنى ئاياغلاشدۇرمىدۇق (تۈگەتمىدۇق). سۇھەيلى ئېيتتى: ۋەللاھۇ ئۇنداق بولسا سىنىڭ بىلەن ھەرگىز بىر نەرسىگە سۈلھى قىلمايمەن. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئۇنى ماڭا ئۆتكۈزۈپ بەرگىن. سۇھەيلى ئېيتتى: مەن ئۇنى ساڭا ئۆتكۈزۈپ بەرمەيمەن. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئارى شۇنداق قىلغىن (ئۆتكۈزۈپ بەرگىن). سۇھەيلى ئۇنداق قىلغۇچى ئەمەسمەن دىدى. ئېيتتى: مەگەر تەھقىق ئۆتكۈزۈپ بەردۇق ئۇنى ساڭا (يەنى ئىجازە بىرىش مۇسۇلمانلارغا ئۆتكۈزۈپ بىرىش بولماسىدىن، ئەبۇ جەندەلنى ئازاپىدىن خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن ئىجازە بىرىشدۇر (شەرھى)). ئەبۇ جەندەل ئېيتتى: ئى مۇسۇلمانلار جامائىتى ! مەن مۇسۇلمان بولغان ھالدا كەلسەم مۇشرىكلارغا قايتۇرۇلمەنمۇ؟ مەن يولۇققان ئازاپلارغا قارىمامسىلەر؟ . ئۇ الله تەئالا يولىدا قاتتىق ئازاپلانغان ئىدى. ئاندىن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كىلىپ ئېيتتى: ئايا سىلى بىر ھەق پەيغەمبەر ئەمەسمۇ؟ رەسۇلۇللا ئېيتتى: شۇنداق ھەق پەيغەمبەر دۇرمەن. ئۆمەر ئېيتتى: ئايا بىز ھەق ئۈستىدە، دۈشمەنلىرىمىز باتىل ئۈستىدە ئەمەسمۇ؟ رەسۇلۇللاھ ئېيتتى: ئارى ـ شۇنداق. ئۆمەر ئېيتتى: ئۇنداقتا نىمە ئۈچۈن دىنىمىزدا بۇنداق پەس شەرتلەرگە ماقۇل بولىمىز؟. رەسۇلۇللاھ ئېيتتى: تەھقىق مەن الله تەئالانىڭ پەيغەمبىرى دۇرمەن ۋە الله تەئالاغا ئاسى بولمايمەن، ئۇ الله ماڭا ياردەم بەرگۈچىدۇر. ئۆمەر ئېيتتى: ئايا سىلى بىز بەيتۇللاغا كىلىپ ئۇنى

تاۋاپ قىلمىز دېمىگەنمىدىلە؟. رەسۇلۇللاھ ئېيتتى: ئارى ـ شۇنداق، ئاندىن ساڭا بۇ ژىل كېلىمىزدەپ خەۋەر قىلدىمۇ؟ ئۆمەر ئېيتتى: ياق. رەسۇلۇللاھ ئېيتتى: پەس تەھقىق سەن بەيتۇللاغا كەلگۈچىدۇرسەن ۋە ئۇنى تاۋاپ قىلغۇچىدۇرسەن. ئاندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئېيتتى: ئى ئەبۇبەكرى! ئايا بۇكىشى بەرھەق الله نىڭ پەيغەمبىرى ئەمەسمۇ؟ ئەبۇبەكرى ئېيتتى: ھەئە، بەرھەق پەيغەمبەردۇر. ئۆمەر ئېيتتى: ئايا بىز ھەق ئۈستىدە دۈشمەنلىرىمىز باتىل ئۈستىدە ئەمەسمۇ؟ ئەبۇبەكرى ئېيتتى: ئارى ـ شۇنداق. ئۆمەر ئېيتتى: ئاندىن نىمە ئۈچۈن دىنىمىزدە بۇنداق رەزىل ـ پەس سۆزگە ماقۇل بولۇپ، ئۇنى قوبۇل قىلىمىز؟ ئەبۇبەكرى ئېيتتى: ئى ئۆمەر! تەھقىق ئول زات بەرھەق الله تەئالانىڭ پەيغەمبىرىدۇر، ئول زات الله تەئالاغا ئاسى بولمايدۇر ۋە ئول الله تەئالا ئول زاتقا نۇسرەت بەرگۈچىدۇر، ئول زاتقا يېپىشقىن، ئۇنىڭ ئەمرىنى چىڭ تۇتقىن!، پەس ۋەللاھۇكى، تەھقىق ئول زات ھەقنىڭ ئۈستىدەدۇر. ئۆمەر ئېيتتى: ئول زات بىزلەرگە بەيتۇللاغا بارىمىز ۋە ئۇنى تاۋاپ قىلىمىزدەپ ھەدىس قىلاتتى ئەمەسمۇ؟ ئەبۇبەكرى ئېيتتى: ئارى ـ شۇنداق، ئايا ئول زات ساڭا بۇژىل بەيتۇللاغا بارىسەن دەپ خەۋەر قىلدىمۇ؟ ئۆمەر ئېيتتى:ياق. ئەبۇبەكرى ئېيتتى: تەھقىق سەن بەيتۇللاغا كېلىسەن ۋە ئۇنى تاۋاپ قىلغۇچىدۇرسەن. ئۆمەر ئېيتتى: ئاندىن بۇخىل ئىشلىرىمنىڭ كاپارىتىگە نۇرغۇن ياخشى ئەمەللەرنى قىلدىم. راۋى ئېيتتى: سۇلھى (توختام) دىن پارىغ بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىگە قۇپۇڭلار زەبھى قىلىڭلار، ئاندىن باشلىرىڭلارنى چۈشۈرۈڭلار! دىدى. ئاندىن ئۇلاردىن ھىچكىم قوپمىدى، ھەتتاكى بۇسۆزنى ئۈچ قېتىم دىدى. ئاندىن ئۇلاردىن ھىچكىم قوپمىغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇممى سەلەمەنىڭ قېشىغا كىرىپ خالايىقدىن يولۇققان بۇئەھۋالنى

ئۇنىڭغا زىكرى قىلدى. ئۇممى سەلىمە ئېيتتى: يانەبىيۇللا ! بۇئىشنى دوس تۇتامدىلا، چىقىپ ئۇلاردىن بىرىگە بىر كەلىمەمۇ گەپ قىلماي، ھەتتا تۆگىلىرىنى بوغۇزلىسىلا ۋە سەتىراشلارنى چاقىرتسىلا چاچلىرىنى ئالسۇن. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چىقىپ ئۇلاردىن بىرىگە ھىچ گەپ قىلماي شۇنداق قىلدى، تۆگىسىنى زەبھى قىلدى ۋە سەتىراچنى چاقىرتىپ چاچلىرىنى ئالغۇزدى، ئاندىن ئۇلار بۇنى كۆرۈپ قوپۇپ تۆگىلىرىنى بوغۇزلىدى ۋە بەزىسى بەزىسىنىڭ چاچلىرىنى ئالدى، ھەتتا بىر-بىرىنى قىستىشىپ ئۇرۇشقىلى تاسلا قالدى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىغا مۇمىن خاتۇنلار كەلدى، ئاندىن الله تەئالا {يَا ۋيُّهَا الَّوِينَ ژمَنُوا وِۋُا جَاءَكُمُ الْمُؤْمِنَاتُ مُهَاجِرَاتٍ فَامْتَحِنُوهُنَّ اللَّهُ ۋَنْلَمُ بِويمَانِهِنَّ فَوِنْ نَلِمْتُمُوهُنَّ مُؤْمِنَاتٍ فَلاَ تَرْجِعُوهُنَّ وِلَوْ الْكُفَّارِ لاَ هُنَّ حِلٌّ لَهُمْ وَلاَ هُمْ يَحِلُّونَ لَهُنَّ وَژتُوهُمْ مَا ۋَنفَقُوا وَلاَ جُنَاحَ نَلَيْكُمْ ۋَنْ تَنْكِحُوهُنَّ وِۋُا ژتَيْتُمُوهُنَّ ۋُجُورَهُنَّ وَلاَ تُمْسِكُوا بِبِصَمِ الْكَوَافِرِ} ئايىتىنى نازىل قىلدى، مەنىسى {***ئى مۆمىنلەر! سىلەرگە مۆمىن ئاياللار ھىجرەت قىلىپ كەلسە ئۇلارنى سىناپ كۆرۈڭلار. ئۇلارنىڭ ئىمانىنى الله تەئالا ئوبدان بىلىدۇر. ئەگەر ئۇلارنى (سىنىغاندىن كېيىن) مۆمىنە دەپ تونۇساڭلار ئۇلارنى كاپىرلارغا قايتۇرۇپ بەرمەڭلار، ئۇلار كاپىرلارغا ھالال ئەمەسدۇر، كاپىرلارمۇ ئۇلارغا ھالال ئەمەسدۇر، كاپىر ئەرلەرنىڭ ئۇلارغا بەرگەن مەھرىلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار، ئۇلارنىڭ مەھرىلىرىنى بېرىپ نىكاھىڭلارغا ئالساڭلار سىلەرگە ھىچ گۇناھ بولمايدۇر، كاپىر ئاياللارنى ئەمرىڭلاردا ساقلىماڭلار***} . (سۈرە مۇمتەھىنە 10 ـ ئايەت). ئادىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۈكۈنى ئۆزىنىڭ شىرىك دىكى ئىككى خاتۇنىنى تالاق قىلدى. ئاندىن ئىككىسىنىڭ بىرىنى مۇئاۋىيە بىننى ئەبۇسۇپيان ۋە يەنە بىرىنى سەپۋان بىننى ئۇمەييە نىكاھىغا ئالدى. ئادىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە قايتىپ كەلدى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە

قۇرەيشدىن بىركىشى ـ ئەبۇبەسرە مۇسۇلمان بولۇپ كەلدى. قۇرەيشلەر ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىشكە ئىككى ئادەم ئەۋەتتى. ئۇلار بىزلەرگە بەرگەن سۆزىڭنى ئىجرا قىل دېدى. ئۇ ئەبۇبەسرەنى ئۇئىككى ئادەمگە قايتۇرۇپ بەردى. بۇ ئىككى ئادەم ئەبۇبەسرەنى ئېلىپ چىقىپ ھەتتا زۇلھۇلەيپەگە يەتتى، ئۇيەرگە چۈشۈپ خورمىلىرىنى يېدى. ئەبۇبەسرە ئىككى ئادەمنىڭ بىرسىگە ئېيتتى: ۋەللاھۇ تەھقىق ئى پالانى مەن سېنىڭ قىلىچىڭنىڭ كاتتا ـ ئېسىل ئىكەنلىكىنى كۆرمەن، ئاندىن يەنە بىرى ئۇ قىلىچنى غىلىپىدىن چىقاردى، ئاندىن ئېيتتى: ھەئە شۇنداق، تەھقىق بۇ كاتتا قىلىچدۇر، بۇنى مەن قايتا ـ قايتا تەجرىبە قىلدىم. ئاندىن ئەبۇبەسرە ئۇنى ماڭا كۆرسەتكىن قاراپ باقاي دېدى، ئۇنى ئۇقىلىچقا ئىگە قىلدى، قىلىچنى بەردى، ئاندىن ئۇ قىلىچ بىلەن ئۇنى ئۇردى ھەتتا ئۆلدى، يەنە بىرى قاچتى، ھەتتا مەدىنىگە كېلىپ مەسجىدكە يۈگۈرۈپ كىردى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قېشىغا كېلىپ، ۋەللاھۇ مېنىڭ ھەمرايىم ئۆلتۈرۈلدى ۋە مەنمۇ ئۆلتۈرۈلگىلى تاس قالدىم دېدى. ئاندىن ئەبۇبەسرە كېلىپ ئېيتتى: يانەبىيۇللاھ ! تەھقىق الله تەئالا گەدەنلىرىنى خالاس قىلدى، مېنى ئۇلارغا قايتۇرۇپ بەردىڭ، ئاندىن الله تەئالا مېنى ئۇلاردىن قۇتقازدى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئانىسىغا ۋاي، ئى جەڭنى قىزىتقۇچى، ئەگەر ئۇنىڭغا بىر ياردەمچى بولغان بولسا. ئاندىن ئەبۇبەسرە بۇسۆزنى ئاڭلاپ ئۆزىنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇشرىكلەرگە قايتۇرۇپ بېرىدىكەن دەپ تونىدى ۋە ئۇيەردىن چىقىپ ھەتتا سەيپەلبەھرى (جاي ئىسمى)گە كەلدى. راۋى ئېيتتى: ئۇ مۇشرىكلەردىن ئەبۇجەندەل بىننى سۇھەيلى قېچىپ چىقىدۇ، ئاندىن بۇ ئەبۇ بەسرەگە قوشۇلىدۇر. ئاندىن قۇرەيشدىن بىر ئادەم مۇسۇلمان بولۇپ چىقمايدۇر، مەگەر ئەبۇبەسرەگە قوشۇلغىلى تۇردى، ھەتتا ئۇلاردىن بىر گۇرۇھ ـ جامائەت جەم بولدى. پەس ۋەللاھۇ

قۇرەيشنىڭ شامغا تىجارەتكە چىققان سودا كارۋىنىنى ئاڭلاپلا قالسا، بۇلار ئۇلارغا توغرا بۇلۇپ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ ماللىرىنى ئالدى. ئاندىن قۇرەيشلەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەلچى ئەۋەتتى، الله ھەققى ۋە تۇققانچىلىق ھەققى ئەبۇبەسىرەگە (قۇرەيشكە ئازار بەرمەسلىك) ھەققىدە ئەلچى ئەۋەتسە، بۇندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ قېشىغا ئىمان كەلتۈرۈپ كەلگەن كىشى ئاماندۇر (بىزگە قايتۇرۇلمايدۇر). ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا ئەلچى ئەۋەتتى. ئاندىن الله تەئالا بۇئايەتنى نازىل قىلدى {وَهُوَ الَّذِي كَفَّ أَيْدِيَهُمْ عَنكُمْ وَأَيْدِيَكُمْ عَنْهُم بِبَطْنِ مَكَّةَ مِنْ بَعْدِ أَنْ أَظْفَرَكُمْ عَلَيْهِمْ وَكَانَ اللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيراً (24) هُمُ الَّذِينَ كَفَرُوا وَصَدُّوكُمْ عَنِ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ وَالْهَدْيَ مَعْكُوفاً أَنْ يَبْلُغَ مَحِلَّهُ وَلَوْلا رِجَالٌ مُؤْمِنُونَ وَنِسَاءٌ مُؤْمِنَاتٌ لَمْ تَعْلَمُوهُمْ أَنْ تَطَئُوهُمْ فَتُصِيبَكُمْ مِنْهُمْ مَعَرَّةٌ بِغَيْرِ عِلْمٍ لِيُدْخِلَ اللَّهُ فِي رَحْمَتِهِ مَنْ يَشَاءُ لَوْ تَزَيَّلُوا لَعَذَّبْنَا الَّذِينَ كَفَرُوا مِنْهُمْ عَذَاباً أَلِيماً (25) إِذْ جَعَلَ الَّذِينَ كَفَرُوا فِي قُلُوبِهِمُ الْحَمِيَّةَ حَمِيَّةَ الْجَاهِلِيَّةِ} سۈرە پەتھى 24 ـ 26 ـ ئايەت) مەنىسى {*الله تەئالا ئۇلارنى سىلەرگە قول سېلىشتىن توستى ھەمدە ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغىنىڭلاردىن كېيىن، مەككە ئىچىدە (يەنى ھۇدەيبىيەدە) سىلەرنى ئۇلارغا قول سېلىشتىن توستى، الله تەئالا قىلىدىغان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇلار كاپىر بولدى، سىلەرنى مەسجىدى ھەرەمدىن ۋە تۇتۇپ تۇرۇلغان قۇربانلىقنىڭ ئۆز جايىغا يېتىشىدىن توسدى، (مەككىدە) سىلەر بىلمەيدىغان ئەر-ئاياللار مۆمىنلەر بولۇپ، سىلەر بىلمەستىن ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ قويۇش بىلەن گۇناھقا گىرىپتار بولۇشۇڭلارنىڭ خەۋپى بولمىسا ئىدى (ئەلبەتتە الله تەئالا مەككىگە كىرىشىڭلارغا رۇخسەت قىلاتتى ۋە سىلەرنى كاپىرلارغا مۇسەللەت قىلاتتى)، الله تەئالا خالىغان ئادەمنى رەھمەت (دائىرىسىگە) كىرگۈزۈش ئۈچۈن (سىلەرنى مەككىنى پەتھى قىلىشىدىن توستى)، ئەگەر ئۇلار ئايرىلسا (يەنى مۆمىنلەر كاپىرلاردىن ئايرىلسا)، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كاپىرلارنى*

*قاتتىق ئازاپ بىلەن ئازاپلايتتۇق. كاپىرلار قىزىققانلىقى- جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ قىزىققانلىقىنى- دىللىرىغا پۈككەن چاغدا الله تەئالا پەيغەمبىرىگە ۋە مۆمىنلەرگە تەمكىنلىكنى چۈشۈردى}*. ئۇ كاپىرلارنىڭ قىزىققانلىقى شۇئىدىكى ئۇلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ الله تەئالانىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە ئىقرار قىلمىدى، ۋە ئۇلار بسم الله الرحمن الرحيم گە ئىقرار قىلمىدى ۋە ئۇلار مۇسۇلمانلار بىلەن بەيتۇللانىڭ ئوتتۇرىسىدا توسالغۇ بولدى.

**ئىقرار قىلىشتا شەرت قىلىشتىن ۋە چىقىرىۋېتىشتىن مۇستەسنا قىلىش دۇرۇس بولىدىغان نەرسىلەر توغرىسىدا**

**1193** ـ ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: تەھقىق الله تەئالانىڭ بىرى كام يۈز يەنى **99** ئىسمى بار، كىمكى ئۇ ئىسىملەرنى يادا ئالسا جەننەتكە كىرىدۇر.

## (51) ۋەسىيەتلەر كىتابى

### ۋەسىيەتلەر بابى

**1194** ـ ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ ئېيتتى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: ۋەسىيەت قىلغۇدەك بىر نەرسىسى بار مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ھەققى ئەمەسكى ئىككى كېچە ياتقاي، مەگەر ھالئۇلكى ئۇنىڭ ۋەسىيتى قېشىدا يېزىقلىقدۇر (ۋەسىيەت قىلماي ئىككى كېچە قونۇش لايىق ئەمەسدۇر، ۋەسىيەت قىلىپ ياتسۇن).

**1195** ـ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قېينى ئاغىسى جۇۋەيرىيە نام ئايالنىڭ بۇرادىرى، ئەمرۇ ئىبنى ھارىسدىن رىۋايەت قىلىپ ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپاتىدا ئاق قېچىردىن، ياراقلىرىدىن ۋە سەدىقە قىلىنغان زېمىنىدىن باشقا ھېچقانداق نەرسىنى، يا

تەگگە ـ تىللانى، يا قۇل ـ دىدەكنى قالدۇرماي ھەممىسنى سەدىقە قىلدى.

1196 ـ ئابدۇللا بىننى ئەۋپا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىپ ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋەسىيەت قىلدىمۇ دەپ سورالدى؟ ئۇ ياق دىدى، ئۇنىڭدىن سورالدى: قانداق خالايىققا ۋەسىيەتنى يازدى ياكى قانداق ۋەسىيەت قىلىشقا بۇيرۇلدى؟ ئۇ ئېيتتى: كىتابۇللا (قۇرئان كەرىم) بىلەن ۋەسىيەت قىلدى دىدى.

## ئۆلىدىغاندا سەدىقە قىلىشنىڭ دۇرۇسلىغى توغرىسىدا

1197 ـ ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئېيتتى: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن يارەسۇلۇللاھ ! قايسى سەدىقە ئەبزەلدۇر دەپ سورىدى. ئېيتتى: سىنىڭ تىنىڭ ساق ـ سالامەت، (دۇنياغا) ئامراق، باي بۇلۇشنى ئارزۇ قىلغان ۋە پېقىرلىقدىن قورققان ھالىتىڭدە سەدىقە قىلغىنىڭ ئەبزەلدۇر. مۆھلەت بەرمە (سەدىقىنى تەخىر قىلما)، ھەتتا ۋەقتىكى جان ھەلقۇمغا يەتسە پالانىغا مۇنچىلىك پالانىغا مۇنچىلىك دەيسەن، تەھقىق (شەرىئەتتە) ئۇ ماللىرىڭ پالانىغا بولدى.

## خاتۇن ۋە باللار يېقىن تۇققانلار ئىچىگە كىرەمدۇ؟ توغرىسىدا

1198 ـ ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئېيتتى: الله تەئالا {وَأَنذِرْ عَشِيرَتَكَ الْأَقْرَبِينَ (214)} (سوره الشراء) مەنىسى ***{يېقىن خىش ئەقرىبا ـ تۇققانلىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن}*** دىگەن ئايىتنى نازىل قىلغان ۋاقتىدا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قوپۇپ ئېيتتى: ئى قۇرەيش جامائىتى! (ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش كەلىمىنى دىدى) ئۆز نەپسىڭلارنى دوزاق ئازابىدىن قۇتقۇزۇڭلار، الله نىڭ ئازابىدىن بىرەر نەرسىنى سىلەردىن بىھاجەت قىلالمايمەن. ئى ئابدۇماناپ ئوغۇللىرى! الله نىڭ ئازابىدىن سىلەردىن بىرنەرسىنى بىھاجەت قىلالمايمەن. ئى ئابباس

ئابدۇلمۇتەللىپ ئوغۇللىرى! الله نىڭ ئازابىدىن سەندىن بىرنەرسىنى بىھاجەت قىلالمايمەن. ئى رەسۇلۇللانىڭ ئەممەكەسى سەپىيە ! الله نىڭ ئازابىدىن بىرنەرسىنى سەندىن بىھاجەت قىلالمايمەن. ئى مۇھەممەدنىڭ قىزى پاتىمە ! مىنىڭ مېلىمدىن خالىغىنىڭنى تەلەپ قىلغىن سەندىن الله نىڭ ئازابىدىن بىرنەرسىنى بىھاجەت قىلالمايمەن.

الله تەئالانىڭ {وَابْتَلُوا الْيَتَامَىٰ حَتَّىٰ إِذَا بَلَغُوا النِّكَاحَ فَإِنْ آنَسْتُمْ مِنْهُمْ رُشْدًا فَادْفَعُوا إِلَيْهِمْ أَمْوَالَهُمْ} ئايىتى توغرىسىدا. مەنىسى ***{يېتىملەرنى بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر سىناپ تۇرۇڭلار، ئۇلار ماللىرىنى باشقۇرالايدىغان ھالەتنى بايقىساڭلار ئۇلارغا مال-مۈلكىنى تاپشۇرۇپ بېرىڭلار}*** سۈرە نىسا 6-ئايەت .

1199- ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: تەھقىق ئۇنىڭ ئاتىسى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زامانىدا ئۆزىنىڭ مېلىنى سەدىقە قىلغان ئىدى. ئۇمالنى سەمغە دىيىلەتتى(بىر خورمازارلىق ئىدى)، ئاندىن ئۆمەر ئېيتتى: يارەسۇلۇللاھ ! تەھقىق مەن بىر بۇلۇڭ مال پايدا ئالدىم، مىنىڭدىكى ئىسىل-كاتتا مالدۇر، ئۇنى سەدىقە قىلىشنى ئىرادە قىلدىم. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئۇمالنىڭ ئىسلىنى سەدىقە قىلغىنىكى سېتىلمايدۇ، سوغا قىلىنمايدۇ ۋە مىراس قىلىنمايدۇ، لېكىن ئۇنىڭ مېۋىسى سەدىقە قىلىنىدۇ. ئاندىن ئۆمەر ئۇمالنى ئاشۇنداق سەدىقە قىلدى.ئاندىن ئۆمەرنىڭ ئاشۇ سەدىقىسى پىسەبىلىللا-الله يولىغا، قۇل ئازات قىلىشقا، مىسكىنلەرگە، مېھمانغا ۋە مۇساپىرلەرگە ئىشلىتىلىدۇ بېرىلىدۇ ۋە يېقىن تۇققانلارغا بېرىلىدۇ ۋە ئۇ ۋەقپىنىڭ ۋەلىسىگە (نازىرىغا) ئۇمالدىن مۇۋاپىق يېسە ياكى دوستىغا يېگۈزسە ئۇنى مال قىلىۋالماي گۇناھ يوق (باك يوق) (يەنى ئۇ ۋەقپىنى باشقۇرغۇچى ئۇمالدىن مۇۋاپىق يېسە دۇرۇسدۇر).

الله تەئالانىڭ {وِنَّ الَّوِينَ يَوْكُلُونَ وْمْوَالَ الْيَتَامَوْ ثُلْماً وِنَّمَا يَوْكُلُونَ فِي بُ□ُونِهِمْ نَاراً وَسَيَصْلَوْنَ سَعِيراً} ئايىتى توغرىسىدا. مەنىسى {زۇلۇم قىلىپ يېتىملەرنىڭ مال-مۈلكىنى (ناھەق) يەۋالىدىغانلار، ***تەھقىقكى قورسىقىغا (قىيامەت كۈنى يېنىپ تۇرىدىغان) ئوتنى يەۋالغان بولىدۇ ۋە ئۇلار يېنىپ تۇرغان ئوتقا (دوزاخقا) كىرىدۇ}*** سۈرە نىسا 10 - ئايەت .

1200 - ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: يەتتە تۈرلۈك ھالاك قىلغۇچى گۇناھدىن يىراق بولۇڭلار (قېچىڭلار)!، ئېيتتىلەر: يارەسۇلۇللاھ ! ئۇ يەتتە تۈرلۈك ھالاك قىلغۇچى گۇناھ نىمىدۇر؟ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: 1 - الله تەئالاغا شىرىك كەلتۈرۈش، 2 - جادۇگەرلىك قىلىش، 3 - الله تەئالا ئۆلتۈرۈشنى ھارام قىلغان جاننى ئۆلتۈرۈش، 4 - جازانە(ئۆسۈم)نى يېيىش، 5 - يېتىمنىڭ مېلىنى يېيىش، 6 - جەڭدىن قېچىش، 7 - پاك مۆمىن ئەرلىك خاتۇنلارنى (زىنا) بىلەن قارىلاش.

## ۋەقپىنى باشقۇرغۇچىنىڭ ئىش ھەققى توغرىسىدا

1201 - ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: مېنىڭ ۋارىسلىرىم نە تىللا-تەڭگە تەقسىم قىلىشمايدۇ، مېنىڭ ئاياللىرىمنىڭ نەپىقىسىدىن، ۋەقپىگە قارىغۇچىنىڭ ئىش ھەققىدىن كېيىن قالدۇرغان نەرسەمنىڭ ھەممىسى سەدىقىدۇر.

## زىمىننى ياكى قۇدۇقنى ۋەقپە قىلسا ياكى ئۆزنەرسىگە مۇسۇلمان سوغىسى (نۆۋەتلىك مەنپەئەتى) نىڭ ئوخشىشىنى شەرت قىلسا (يەنى مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش ئۆزنىقلىغان ۋەقپىدىن مەنپەئەت ئېلىشنى شەرت قىلسا دۇرۇسلىغى) توغرىسىدا

1202 - ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەھقىق ئۇ زاد مۇھاسىرىگە ئېلىنغاندا ئېيتتى: سىلەردىن الله

ھەققدە تەلەپ قىلمەن ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرى ھەققىدە تەلەپ قىلىمەن، ئايا بىلىسىزلەر ئەمەسمۇ؟ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: كىشكى ۋەقپە قۇدۇقى كولىسا، ئاندىن ئۇكىشىگە جەننەت، ئاندىن مەن ئۇ قۇدۇقنى كولىدىم. ئايا بىلىسىزلەر ئەمەسمۇ؟ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: قىيىنچىلىق ئەسكەرلەرنى جابدۇپ بەرسە جەننەت ئۇ كىشىگەدۇر ، ئاندىن ئۇ قىيىنچىلىق ئەسكىرىنى جابدۇپ بەردىم. ئۇ ساھابىلەر ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دىگەن سۆزىگە تەسدىق قىلدىلەر.

الله تەئالانىڭ {يَا وَّيُّهَا الُوِينَ ژَمَنُوا شَهَادَةُ بَيْنِكُمْ وِوُا چَگَرَ وَّچَدَكُمُ الْمَوْتُ چِينَ الُوَپِيَّهِ اڭنَانِ وُوَا نَدْلٍ مِنْكُمْ وِّوْ ژَخَرَانِ مِنْ غَيْرِكُمْ وِنْ وَّنْتُمْ گَرَبْتُمْ فِي الوَّرْگِ فَوَّپَابَتْكُمْ مُپِيبَةُ الْمَوْتِ تَچْبِسُونَهُمَا مِنْ بَنْدِ الپَّلاهِ فَيُقْسِمَانِ بِاللَّهِ وِنِ ارْتَبْتُمْ لا نَشْتَرِي بِهِ ڨَمَناً وَلَوْ كَانَ وُا قُرْبَوٰ وَلا نَكْتُمُ شَهَادَةَ اللَّهِ وِنَّا وِوُاْ لَمِنَ الژَّڨِمِينَ (106) فَوِنْ نُڨِرَ نَلوٰ وَّنَّهُمَا اسْتَچَقَّا وِڨْماً فَژَخَرَانِ يَقُومَانِ مَقامَهُمَا مِنَ الُوِينَ اسْتَچَقَّ نَلَيْهِمُ الوَّوْلَيَانِ فَيُقْسِمَانِ بِاللَّهِ لَشَهَادَتُنَا وَّچَقُّ مِنْ شَهَادَتِهِمَا وَمَا انْتَدَيْنَا وِنَّا وِوُاْ لَمِنَ التَّالِمِينَ (107) وُلِكَ وَّدْنَوٰ وَّنْ يَوَّتُوا بِالشَّهَادَهِ نَلوٰ وَجْهِهَا وَّوْ يَخَافُوا وَّنْ تُرَدَّ وَّيْمَانٌ بَنْدَ وَّيْمَانِهِمْ وَاتَّقُوا اللَّهَ وَاسْمَنُوا وَاللَّهُ لا يَهْدِي القَوْمَ الفَاسِقِينَ (108)} قەۋلى توغرىسىدا. مەنىسى ***{ئى مۆمىنلەر! ئاراڭلاردىن بىركىم ئۆلىدىغان چېغىدا ۋەسىيەت قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭغا ئىچىڭلاردىن ئىككى ئادىل كىشى گۇۋاھ بولسۇن، ياكى (ئۆز دىنىڭلاردىكىلەردىن گۇۋاھ بولىدىغان ئىككى كىشى تېپىلمىسا) غەيرى دىندىكىلەردىن ئىككى كىشى گۇۋاھ بولسۇن، ئەگەر سىلەر سەپەردە بولۇپ، بېشىڭلارغا ئۆلۈم دەھشىتى كەلگەندە، سىلەر (بۇ ئىككى گۇۋاھچىنىڭ راستچىللىقىدىن) گۇمانلانساڭلار، نامازدىن كېيىن ئۇلارنى ئېلىپ قېلىڭلار، ئۇلار: «بىز پايدىسىگە قەسەم قىلىدىغان كىشىلەرمىز، بىزنىڭ يېقىنىمىز بولغان تەقدىردىمۇ قەسىمىمىزنى ھېچ نەرسىگە ساتمايمىز، خۇدالىق ئۈچۈن بولغان***

*گۇۋاھلىقنى يوشۇرمايمىز، ئەگەر ئۇنى يوشۇرساق، بىز ئەلبەتتە گۇناھ كارلاردىن بولىمىز» دەپ الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلسۇن. ئەگەر ئۇئىككى گۇۋاھچىنىڭ (يالغان گۇۋاھلىق بەرگەنلىك ياكى مىراسقا خىيانەت قىلغانلىق) گۇناھى بىلىنسە، ئۇلارنىڭ ئورنىغا مىراس ئېلىشقا ئەڭ ھەقلىق بولغان ۋارىسلاردىن ئىككى كىشى گۇۋاھ بولۇپ: «بىزنىڭ گۇۋاھلىقىمىز ئەلبەتتە ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىدىنمۇ توغرىدۇر، بىز شەرىئەتتىن چىقىپ كەتمىدۇق، بولمىسا بىز چوقۇم زالىملاردىن بولىمىز» دەپ الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلسۇن. بۇ (ئۇسۇل) گۇۋاھچىلارنى ئەڭ توغرا گۇۋاھلىق قىلىدىغان قىلىشقا، قەسىمنى رەت قىلىشىدىن (يەنى ئۇلاردىن كېيىن باشقىلار قەسەم قىلىشى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ رەسۋا بولۇشىدىن) قورقىدىغان قىلىشقا ئەڭ يېقىن (ئۇسۇل)دۇر، الله دىن قورقۇڭلار، (الله نىڭ سۆزىنى) ئاڭلاڭلار، الله پاسىق قەۋملەرنى ھىدايەت قىلمايدۇر }*. (سۈرە مائىدە 106 ـ 108 ـ ئايەتلىرى).

1203 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئېيتتى: بەنى سەھمدىن بىر ئادەم تەمىم دارى ۋە ئەدىييۇ بىننى بەددائى بىلەن (سەپەرگە) چىقدى، ئاندىن سەھملىك ئادەم مۇسۇلمان يوق بىر زىمىندا ئۆلدى، ئاندىن قالغان ئىككىسى ئۇ سەھمىنىڭ قالدۇرغان نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئېلىپ كىلىپ (تۇققانلىرىگە بەرگەندە)، ئۇلار سەھمىنىڭ ئالتۇن بىلەن نەقىشلەنگەن بىر قاچىسىنىڭ يوقلىغىنى كۆردى، ئاندىن بۇ ئىككىسىنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەسەم قىلدۇردى، ئاندىن ئۇ قاچا مەككىدە تېپىلدى، ئۇلار بۇ قاچىنى تەمىم ۋە ئەدىدىن سېتىۋالدۇق دىدى، ئاندىن مەرھۇم سەھمىنىڭ ۋەلىلىرىدىن ئىككى ئادەم قوپۇپ «ئەلبەتتە بىزنىڭ گۇۋاھلىغىمىز ئۇ ئىككىسىنىڭ گۇۋاھلىغىدىن ھەقراقدۇر، تەھقىق ئالتۇن قاچا ئۇلار ساھىبى سەھمىنىڭدۇر» دەپ قەسەم قىلدى، بۇلار ھەققىدە {يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا شَهَادَةُ بَيْنِكُمْ ۋۇا چَگَرَ

ۋَجَدَكُمُ الْمَوْتُ} سۈره مائىدەنىڭ 106 ـ ئايىتى نازىل بولدى.

## (52) جىھادنىڭ كىتابى

### جىھادنىڭ پەزىلىتى ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جەڭدىكى يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرى توغرىسىدا

1204 ـ ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتتى: بىركىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىغا كېلىپ ‹‹مېنى جىھادقا باراۋەر بولىدىغان ئەمەلگە دالالەت قىلسىلا›› دېدى. جانابى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: بۇنىڭغا باراۋەر بولىدىغان نەرسىنى تاپالمايمەن، ئايا قادىر بولالامسەن، ۋەقتىكى جىھاد قىلغۇچى جىھادقا چىقسا، مەسجىدكە كىرىپ ئىبادەتتە قائىم بولغايسەن ۋە سۇسلاشمىغايسەن ۋە روزا تۇتقايسەن ۋە ئىپتار قىلمىغايسەن. ئۇكىشى ئېيتتى: بۇنىڭغا كىم قادىر بۇلالايدۇر. (يەنى جىھادنىڭ پەزىلىتى شۇنىڭدەك ئارتۇق).

### ئۆز جېنى بىلەن ۋە مېلى بىلەن فى سەبىلىللاھ جىھاد قىلغۇچى مۆمىن خالايىقنىڭ ئەۋزەلراغى ئىكەنلىگى توغرىسىدا

1205 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتتى: يارەسۇلۇللاھ ! خالايىقنىڭ قايسى ئەۋزەلراقدۇر دەپ سورالدى؟ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: الله يۇلىدا ئۆز جېنى بىلەن ۋە مېلى بىلەن جىھاد قىلغان مۆمىن ئەۋزەلدۇر. ئېيتتىلەر: ئاندىن كېيىن كىم ئەۋزەلدۇر؟ رەسۇلۇللاھ ئېيتتى: تاغنىڭ جىلغىلىرىدىن بىر جىلغىدا الله تەئالاغا تەقۋادار بۇلۇپ، خالايىقنى ئۆزىنىڭ يامانلىغىدىن تەرىك قىلىپ، (ئۇلارغا يامانلىق قىلماي) ياشىغان مۆمىن ئەۋزەلدۇر.

1206 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلادىمكى ئېيتتى: الله تەئالا يۇلىدا جىھاد قىلغۇچىنىڭ مىسالى ‹‹كىمنىڭ الله

يۇلدا جىھاد قىلىدىغانلىغا الله ئۆزى ئالىمدۇر›› كۈندۈزى روزا تۇتۇپ كېچىسى بىدار بولغان كىشىگە ئوخشاشدۇر، الله تەئالا يۇلدا جىھاد قىلغۇچىنى، الله تەئالا ۋاپات تاپتۇرۇپ جەننەتكە كىرگۈزۈشكە ياكى ساۋاپ ۋە غەنىمەت بىلەن سالامەت قايتۇرۇشقا كېپىل بولدى.

## الله تەئالانىڭ يۇلدا جىھاد قىلغۇچىلارنىڭ دەرىجىلىرى توغرىسىدا

1207ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: كىشىكى الله تەئالاغا ۋە پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرسە، نامازنى بەرپا قىلسا (ئۇقۇسا) ۋە رامىزان روزىسىنى تۇتسا، الله تەئالانىڭ ئۇكىشىنى جەننەتكە كىرگۈزۈشى ھەقلىق بولدى، مەيلى فى سەبىلىللاھ جىھاد قىلسۇن ياكى تۇغۇلغان يېرىدە ئۆلسۇن. ئېيتتىلەر: يارۇسۇلۇللاھ ! ئايا خالايىققا خوشخەۋەر بەرمەيمىزمۇ؟ رۇسۇلۇللاھ ئېيتتى: تەھقىق الله تەئالا يۇلدا جەڭ قىلغۇچىلارغا الله تەئالا تەييارلىغان جەننەتتە يۈز دەرىجە بار، ھەر ئىككى دەرىجىنىڭ ئارىلىغى ئاسمان زىمىننىڭ ئارىلىغىدەك، پەس ۋەقتىكى الله تەئالادىن (جەننەت) سورىساڭلار جەننەتى پىردەۋسنى سوراڭلار، تەھقىق ئۇ پىردەۋس جەننەتنىڭ ئوتتۇرىسىدۇر ۋە جەننەتنىڭ ئەلاسىدۇر. گۇمان قىلىمەن ئول راۋى ئېيتتى: الله تەئالانىڭ ئەرشى ئۇ پىردەۋسنىڭ ئۈستىدەدۇر ۋە ئۇ پىردەۋسدىن جەننەت ئۆستەڭلىرى تەپچىرەپ ئاقىدۇر.

## فى سەبىلىللاھ(جىھادتا) ئەتىگەن ۋە كەچتە تۇرۇشنىڭ پەزىلىتى ۋە سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ (ئەتىگەندىن چۈشكىچە ۋە كۈن ئولتۇرغىچە الله يۇلدا جىھاد قىلىشنىڭ پەزىلىتى ۋە جەننەتتىكى بىر گەز يەرنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

1208 ـ ئەنەس بىننى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئەلبەتتە فى سەبىلىللا (جىھادتا) ئەتىگەن تۇرۇش ياكى كەچتە تۇرۇش

دۇنيادىكى بارلىق نەرسىدىن ياخشىراقدۇر (يەنى دۇنيا ئۇنىڭ بولسا ئۇنى فى سەبىلىللاھ نەپىقە قىلغاندىن ياخشاراقدۇر).

1209 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: جەننەتدىكى بىر كامايلەك (بىر گەز) مىقدارى يەر، قۇياش چىقىپ ئولتۇرىدىغان نەرسىدىن (يەنى پۈتۈن دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى) نەرسىدىن ياخشاراقدۇر. ۋە ھەم ئېيتتى: فى سەبىلىللاھ (جىھادقا) ئەتىگەن تۇرۇش ياكى كەچتە تۇرۇش قۇياش چىقىپ ئولتۇرغان (پۈتۈن دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بار نەرسىدىن) ياخشاراقدۇر.

## جەننەت ھۆرلىرى توغرىسىدا

1210 ـ ئەنەس بىننى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئەگەر جەننەت ئەھلىدىن بىر ئايال زېمىن ئەھلىگە چىقسا، ئەلۋەتتە پۈتۈن جەننەت ۋە زېمىن ئوتتۇرسىنى يورىتىۋاتىدۇر ۋە ئۇنى خۇشبۇيغا توشقىزىۋاتىدۇر ۋە ئەلۋەتتە ئۇ ئايالنىڭ بېشىدىكى لېچىگى ـ رۇمالى دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىدىن ياخشىراقدۇر.

## الله تەئالا يولىدا جاراھەت قىلىنغان ياكى نەيزە سانجىلغان كىشى توغرىسىدا

1211 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەنۇسەلىم قەبىلىسىدىن 70 كىشىنى بەنۇ ئامىر قەبىلىسىگە ئەۋەتتى، ئۇلار ئۇيەرگە قەدەم كەلتۈرگەندىن كېيىن، مېنىڭ ئانا تەرەپ ئەر تۇققىنىم ئېيتتى: ئۇلارنىڭ قېشىغا مەن باراي، پەس ئەگەر ئۇلار ماڭا ئامانلىق بەرسە، ئۇلارغا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن (ئىسلامنى) يەتكۈزەي، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ماڭا يېقىنراق بولۇڭلار دەپ ئىلگىرى باردى، پەس ئۇلار بۇكىشىگە ئامانلىق بەردى (چىقىلمىدى)، ئاندىن بۇكىشى رەسۇلۇللاھدىن ھەدىس قىلىۋاتقان

ئارىلىقدا ئۇلار ئۆز ئىچىدىن بىر ئادەمگە ئىشارەت قىلدى، بۇ ئادەم ئۇكىشىنى نەيزە بىلەن سانجىپ يەنە بىر تەرىپىدىن چىقىرىۋاتتى، ئۇكىشى مەخسەتكە يەتتىم قەسەم كەبىتۇللانىڭ پەرۋەردىگارىغا دىدى (ئاندىن ئۆلدى). ئاندىن ئۇلار ئۇكىشىنىڭ ئەسھابلىرىغا مايىل بۇلۇپ ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى ئۆلتۈردى، مەگەر بىر تۇركۈم ئادەم تاغقا چىقىۋېلىپ قۇتۇلدى. ئاندىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە شۇنداق خەۋەر قىلدىكى، تەھقىق ئۇلار پەرۋەردىگارىغا يۇلۇقتى، پەرۋەردىگارى ئۇلاردىن رازى بولدى ۋە ئۇلارنى رازى قىلدى دەپ، بىز {أنْ بَلِّغُوا قَوْمَنَا انْ قَدْلَقِيْنَا رَبَّنَا فَرَضِيَوْ نَنَّا وَارْضَانَا} دىگەن ئايەتنى ئوقۇيتتۇق ئاندىن مەنسۇخ بولدى(تىلاۋىتى كۆتىرىلدى)، ئايەتنىڭ مەنىسى «شۇكى بىزنىڭ قەۋمىمىزگە يەتكۈزۈڭلاركى تەھقىق بىز پەرۋەردىگارىمىزنىڭ دىدارىغا يۇلۇقتۇق، ئۇ بىزدىن رازى بولدى ۋە بىزلەرنى رازىقىلدى» ئاندىن ئۇلارغا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم 40 ئەتىگەن دۇئايى بەد قىلدى، يەنى رىئلە ۋە زەكۋان ۋە بەنى لەھيان ۋە بەنى ئۇسەييە قەبىلىلىرىغىكى، الله غا ۋە رەسۇلۇللاغا ئاسى بولدىلەر.

1212 ـ جۇندۇب بىننى سۇپيان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەزى جەڭ مەيدانلىرىدا بۇلۇپ بارماقلىرى قاناپ كەتكەندە مۇنداق دىدى:

هَلْ انْتَ اِلاَّ اِپْبَىٌ دُمِيْتِ ، وَفِوْ سَبِلِ اللهِ مَالَقِيْتِ ،

ئەمەس مەگەر قانىغان قول سەن، خۇدا يۇلىدا يۇلۇققان ھول سەن.

1213 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: الله بىلەن قەسەمكى، بىر كىم الله يۇلىدا جاراھەتلەنمەيدۇر «ۋە الله

يۇلدا جاراھەتلىنىدىغان كىشىگە الله ئۆزى ئالىم›› مەگەر الله يولدا جاراھەتلەنسە، ئۇ مەجروھ قىيامەت كۈنى كېلىدۇ، ھالبۇكى رەڭگى قان رەڭگىدۇر، بۇيى ئىپار بۇيىدۇر.

الله تەئالانىڭ {مِنَ الْمُؤْمِنِينَ رِجَالٌ صَدَقُوا مَا عَاهَدُوا اللَّهَ عَلَيْهِ فَمِنْهُمْ مَنْ قَضَى نَحْبَهُ وَمِنْهُمْ مَنْ يَنْتَظِرُ وَمَا بَدَّلُوا تَبْدِيلًا} مەنىسى {***مۆمىنلەرنىڭ ئىچىدە (رەسۇلۇللاھ بىلەن غازاتقا چىققاندا، ساباتلىق بۇلۇپ شېھىد بولغانغا قەدەر داداللىق بىلەن جەڭ قىلىش توغرۇلۇق) الله غا بەرگەن ئەھدىنى ئىشقا ئاشۇرغان كىشىلەر بار، ئۇلارنىڭ بەزىسى (ئەھدىگە ۋاپا قىلىپ) شېھىد بولدى، بەزىسى شېھىد بۇلۇشنى كۈتمەكتە ۋە ئۇلار (پەرۋەردىگارىغا بەرگەن ۋەدىسىنى)ئۆزگەرتكىنى يوق***}. ئەھزاب 23 ـ ئايىتى توغرىسىدا

1214 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتتى: تاغام ئەنەس ىبنى نەزىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەدرى ئۇرۇشىدىن غايىپ بولدى (قاتنىشالمىدى)، پەس ئېيتتى: يارەسۇلۇللاھ ! ئۆزلىرى مۇشرىكلەر بىلەن ئۇرۇشقان ئەۋۋەلقى تۇنجى جەڭدىن غايىپ بولدۇم، ئەلبەتتە ئەگەر الله تەئالا مۇشرىكلەر ئۇرۇشىغا ھازىر قىلسا، الله تەئالا مىنىڭ نىمە قىلىدىغانلىغىمنى كۆرىدۇر. ئوھود جېڭى بۇلۇۋىدى، مۇسۇلمان ئېچىلىپ (چېكىنىپ ئىدى) ئېيتتى: ئى الله ! تەھقىق مەن ساڭا ئۇ ئەسھابىلەر قىلغان ئىشىدىن ئۆزرى ئېيتىمەن ۋە ساڭا مۇشرىكلار قىلغان ئىشىدىن بىزار بولىمەن. ئاندىن ئالغا ئىلگىرلىدى، ئۇنىڭ ئالدىغا سەئىد ىبنى مۇئاز چىقىدى پەس ئېيتتى: ئى سەئىد ىبنى مۇئاز نەزىرنىڭ پەرۋەردىگارىغا قەسەمكى جەننەتنىڭ بۇيىنى ئوھود يېنىدىن تاپىمەن. سەئىد ئېيتتى: يارەسۇلۇللاھ ! ئۇنىڭ قىلغان ئىشىدىن تاقەت قىلالمىدىم (مەن ئۇنداق قىلىشقا قادىر بولالمىدىم). ئېيتتى ئەنەس: ئۇنىڭ بەدىنىگە سەكسەن نەچچە يېرىگە قىلىچ ئۇرۇلغان ياكى نەيزە سانجىلغان ياكى ئوق ئېتىلغان تاپتۇق ۋە ئۇنى شېھىد قىلىنغان تاپتۇق. تەھقىق ئۇنى مۇشرىكلار

مۇسلى قىلىۋاتتى (ئېغىز، بۇرۇن، كۆز، قۇلاقلىرىنى كېسىپ ئۆزگەرتىۋاتقان ئىدى) ۋە ئۇنى ھەمشىرىسىدىن باشقا ھېچكىم تونىمىدى، ھەمشىرىسى ئۇنىڭ بارمىقىدىن تونىدى. ئېيتتى ئەنەس: بىز {مِنَ الْمُؤْمِنِينَ رِجَالٌ صَدَقُوا مَا عَاهَدُوا اللَّهَ عَلَيْهِ} سۈرە ئەھزاب 23 ـ ئايىتى، ئۇ ئايەتنى ئەنەس ئىبنى نەزىر ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاشلار ھەققىدە نازىل بولدى دەپ رىئايى قىلاتتۇق ياكى گۇمان قىلاتتۇق. ئەنەس ئېيتتى: ئۇنىڭ ھەمشىرىسى رۇبەييىئ دەپ ئاتىلاتتى، ئۇ بىر خوتۇننىڭ ئوتتۇرۇ چىشىنى چىقىرىۋاتتى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىساسقا بۇيرىدى، ئەنەس بىننى نەزرى ئېيتتى: يارەسۇلۇللاھ ئۆزلىرىنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن الله بىلەن قەسەمكى ئۇ رۇبەييىئ نىڭ چىشىنى (قىساس بىلەن) سۇندۇرۇلمايدۇر. ئاندىن قەۋملەر (چىشى چىقىرىلغان خوتۇننىڭ تۇققانلىرى) دىيەت (پۇل تۆلەش) گە رازى بولۇپ قىساسنى تەرىك قىلدى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: تەھقىق الله تەئالانىڭ بەندىلىرى ئىچىدىن شۇنداق كىشى باركى، ئەگەر الله غا قەسەم قىلسا ئەلۋەتتە الله تەئالا ئۇنىڭ قەسەمنى ئىجرا قىلىپ بېرىدۇر.

1215 ـ زەيد ىبننى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتتى: مۇسھەبلەردە قۇرئاننى كۆچۈردۇم، سۈرە ئەھزابدىن بىر ئايەتنى يوقتۇردۇمكى، ئۇ ئايەتنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىرائەت قىلغىنىنى ئاڭلىغان ئىدىم، ئۇ ئايەتنى تاپالمىدىم، مەگەر خۇزەيمە ئەنسارىدىن تاپتىمكى، ئۇنىڭ گۇۋاھلىقىنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى ئەركىشىنىڭ گۇۋاھلىقى باراۋىرىدە قىلغان ئىدى. ئۇ ئايەت {مِنَ الْمُؤْمِنِينَ رِجَالٌ صَدَقُوا مَا عَاهَدُوا اللَّهَ عَلَيْهِ} دۇر. (سۈرە ئەھزاب 23 ـ ئايەت).

## ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى ياخشى ئەمەل توغرىسىدا

1216 ـ بەرائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىغا، يۈزىگە تۆمۈر بىلەن چۈمپەل تارتىۋالغان بىر ئادەم كېلىپ ئېيتتى: يارەسۇلۇللاھ ! ئۇرۇشقىلىمەن ۋە ئىسلام كەلتۈرىمەن. رەسۇلۇللاھ ئېيتتى: ئىسلام كەلتۈر ئاندىن ئۇرۇش قىل. ئاندىن ئۇ ئادەم مۇسۇلمان بولدى، ئاندىن جەڭ قىلدى، ئاندىن شېھىد بولدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئۇ ئادەم ئازراق ئەمەل قىلىپ كۆپ ئەجرىگە ئېرىشتى.

## غايىپ ئوق تېگىپ ئۆلتۈرۈپ قويغان ئادەم توغرىسىدا

1217 ـ ئەنەس بىننى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى:  تەھقىق بەرائ نىڭ قىزى ئۇممى رۇبەيئ ۋە ئۇ ھارىسە بىننى سۇراقەنىڭ ئانىسى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىغا كېلىپ ئېيتتى: يارەسۇلۇللاھ ! ئايا ماڭا ھارىسە توغرىلىق سۆزلەپ بەرمەمدىلا؟ ئۇ ھارىسە بەدرى كۈنى ئۇنىڭغا غايىپ ئوق تېگىپ شېھىد بولغان ئىدى. ئەگەر ئۇ جەننەتتە بولسا سەبرى قىلىمەن ۋە ئۇنىڭ غەيرى بولسا ئۇنىڭغا قاتتىق يىغلايمەن. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئى ھارىسەنىڭ ئانىسى! تەھقىق ئۇ جەننەتنىڭ ئىچىدىكى جەننەتلەردەدۇر، تەھقىق سىنىڭ ئوغلۇڭ ئەڭ يۇقۇرى پىردەۋس جەننىتىگە يەتتى.

## الله تەئالانىڭ كەلىمىسى ھەممىدىن يۇقۇرى بولسۇن ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغان كىشى توغرىسىدا

1218 ـ ئەبۇ موسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتتى: بىر كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىغا كېلىپ ئېيتتى: بىر ئادەم غەنىمەت ئېلىش ئۈچۈن جەڭ قىلىدۇ ۋە يەنە بىر ئادەم زىكرى قىلىنىش ئۈچۈن جەڭ قىلىدۇر ۋە يەنە بىر ئادەم مەرتىبىسىنى (باتۇرلىغىنى) كۆرسۇتۇش ئۈچۈن جەڭ قىلىدۇر، ئاندىن كىمنىڭ جېڭى فى سەبىلىللاھ (الله يولىدا) بولىدۇ؟ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: الله تەئالانىڭ كەلىمىسىنى يۇقۇرى كۆتىرىش ئۈچۈن جەڭ قىلغان

كىشىنىڭ قىلغان جىڭى فى سەبىلىللاھ (الله يولىدا) بولىدۇر.

## جەڭدىن ۋە غۇباردىن كېيىن غۇسلى قىلىش توغرىسىدا

1219 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەندەك كۈنىدە قايتىپ، يارىغىنى قويۇپ غۇسلى قىلىۋىدى، ئۇنىڭغا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بېشىنى توپا ـ چاڭ ئورىۋالغان ھالدا كېلىپ ئېيتتى: ياراقنى قويدۇڭ، پەس ۋەللاھۇ مەن ئۇ ياراقنى قويمىدىم، ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: پەس نەدە؟ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: ئاۋۇ يەردە دەپ بەنى قەرىيزەگە ئىشارەت قىلدى. ئېيتتى ئائىشە: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا چىقدى.

## كاپىرنىڭ مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈپ ئاندىن مۇسۇلمان بولۇپ (دىندا) تۈزۈلۈپ شەھىد بولىدىغانلىغى توغرىسىدا

1220 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: الله تەئالا ئىككى ئادەمگە رازى بولۇپ ئىلتىپات قىلىدۇركى، ئىككىسىنىڭ بىرى يەنە بىرىنى ئۆلتۈرىدۇر، ھەرئىككىلىسى جەننەتكە كىرىدۇر، بىرى فى سەبىلىللاھ ئۇرۇش قىلىدۇ، ئاندىن شەھىد بولىدۇ، ئاندىن الله تەئالا قاتىلغا تۆبە بېرىدۇ، ئۇمۇ شەھىد بولىدۇ.

1221 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتتى: خەيبەرنى پەتھى قىلغان كۈنى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەيبەردىكى ۋاقتىدا ھۇزۇرىغا كېلىپ ئېيتتىم: يارەسۇلۇللاھ ! ماڭا نىسىۋە بەرسىلە ، ئاندىن بەنى سەئىد بىنىنى ئىياسىنىڭ بەزىسى: يارەسۇلۇللاھ ! ئۇنىڭغا نەسىۋە بەرمىسىلە دېدى. ئەبۇ ھۇرەيرە ئېيتتى: بۇ ئىبنى قەۋپەلنى ئۆلتۈرگۈچىدۇر. ئاندىن سەئىد بىنىنى ئاسىنىڭ ئوغلى ئېيتتى: ۋاي ئەجەپ (چاپلاشقاق) يۇڭ بىرگە قەدۇمزان (دىگەن جايدىن)

چۈشدى*(1)، منى مۇسۇلماننى ئۆلتۈردى دەپ ئېيپلايدۇر، الله تەئالا ئۇ ئىبنى قەۋپەلنى منىڭ قۇلۇم بىلەن ئىكرام (شىھىد) قىلدى**(2) ۋە منى ئۇنىڭ قۇلىدا ئىھانەت قىلمىدى (ئۆلتۈرمىدى).

(*(1) ئىزاھات: يەنى ئەبۇ ھۇرەيرە دەۋسنىڭ قەدۇمزان دىگەن يېرىدىن، ئەسلى قۇرەيشلىك ئەمەس شۇڭا چاپلاشقاق دىگىنى).

(**(2) ئىبنى قەۋپەلنى منىڭ قۇلۇم بىلەن شىھىد قىلىپ ئىكرام قىلدى دىگىنى، ئۇ ئىبان ئەسلى كاپىر ھالىتىدە ئىبنى قەۋپەلنى ئۆلتۈرگەن ۋە ئۇ ئىبان كاپىر ھالىتىدە ئىبنى قەۋپەلنىڭ قۇلىدا ئۆلمەي، كېيىن مۇسۇلمان بۇلۇپ تەۋبە قىلىپ ۋاپات قىلدى، شۇڭا منى ئۇنىڭ قۇلىدا خارلىمىدى يەنى كۇپۇر ھالىتىدە ئۆلتۈرۈلمىدى دىمەكچى. ئىزاھات).

## غازاتنى روزىنىڭ ئۈستىگە ئىختىيار قىلغان كىشى توغرىسىدا

1222 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتتى: ئەبۇ تەلھە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىسىدا غازات ئۈچۈن روزا تۇتمايتى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەبزى روھ بولغاندىن كېيىن، روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت كۈنىدىن باشقا چاغدا ئېغىز ئاشقانلىغىنى (ئىپتار قىلغانلىغىنى) كۆرمىدىم.

## شىھىدلىك، ئۆلتۈرۈلۈشدىن باشقا يەتتە خىل بولىدىغانلىغى توغرىسىدا

1223 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ۋابا ھەربىر مۇسۇلماننىڭ شىھىد بۇلۇشىدۇر.

## الله تەئالانىڭ {لاَيَسْتَوِي القَاعِدُونَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ غَيْرُ وُّولِي الضَّرَرِ} قەۋلى توغرىسىدا

1224 ـ زەيىد بىننى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتتى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم ماڭا {لاَيَسْتَوِي الْقَاعِدُونَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ غَيْرُ وٌوْلِي الضَّرَرِ وَالْمُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللّٰهِ} ئايەتنىڭ مەنىسى {***مۆمىنلەردىن (جەڭگە چىقماي) ئولتۇرغىچىلار، الله تەئالا يولىدا ماللىرىنى ۋە جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلار بىلەن باراۋەر بولمايدۇر***} . سۈرەنىسانىڭ 95 ـ ئايىتىنى يېزىشقا ماڭا ئېيتىپ بېرىۋاتاتتى، ئاندىن ئابدۇللا ئىبنى مەكتۇم كەلدى، ئۇ يارەسۇلۇللاھ ! ئەگەر مەن جىھاد قىلىشقا قادىر بولغان بولسام ئەلبەتتە جىھاد قىلار ئىدىم دىدى. ئۇ ئەما ئىدى. ئاندىن الله تەئالا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە نازىل قىلدى ۋە ھالئۇلكى، رەسۇلۇللاھنىڭ يوتىلىرى مىنىڭ يوتام ئۈستىدە ئىدى، ماڭا ناھايىتى ئېغىر كەلدى، ھەتتا يوتام سۇنۇپ كېتەمدىكىن دەپ قورۇقتۇم. ئاندىن ۋەھى ئۇل پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئېچىلدى پەس الله تەئالا {غَيْرُ وٌوْلِي الضَّرَرِ} {***زورور ئىگەلىرىنىڭ غەيرى (ئەما، توكۇرغا ئوخشاش كېسەللەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا)*** } ئايىتىنى نازىل قىلدى.

## جەڭ قىلىشقا تەرغىب قىلىش (قىزىقتۇرۇش) توغرىسىدا

1225 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەندەككە چىقتى، پەس پەناگاھ مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلار ئەتىگەن سوغاقدا خەندەك كولاۋاتىدۇر، ئۇلارنىڭ بۇنى قىلدىغان قۇللىرى (چۆرىلىرى) يوق. ئۇلاردىكى قىينچىلىق ۋە ئاچارچىلىقنى كۆرۈپ ئېيتتى:

اللّٰهُمَ اِنَّ الْعَيْشَ عَيْشُ الاخِرَه ، فَاغْفِرْلِلْانْصَارِ وَالْمُهَاجِرَه

ئەي خۇدايا تەھقىق بۇدۇر ئاخىرەتنىڭ تۇرمۇشى

قىل مەغپىرەت ئەنسارى ۋە مۇھاجىرگە بۇ ئۇلارنىڭ يۇرۇشى

سەھابەكىراملەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە جاۋاپ بىرىپ مۇنداق دىدىلەر:

نَحْنُ الَّذِيْنَ بَايَعُوا مُحَمَّدَا ، عَلَىٰ الْجِهَادِ مَابَقِيْنَا اَبَدَا .

جىھاد قىلىشقا قىلدۇق بەيئەت مۇھەممەدكە

مادامكى ھايات بولساق تائەبەتكە

خەندەك سەپىرى توغرىسىدا

1226 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر رىۋايەتتە ئۇلار ئېيتار ئىدىلەر:

نَحْنُ الَّذِيْنَ بَايَعُوا مُحَمَّدَا ، عَلَىٰ الاِسْلامِ مَابَقِيْنَا اَبَدَا .

ئىسلام ئۈچۈن قىلدۇق بەيئەت مۇھەممەدكە

بولساقلا ھايات بۇئالەمدە تا ئەبەتكە

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا تۆۋەندىكى شېئىر بىلەن جاۋاپ بېرىدۇر:

اَللّٰهُمَّ لاخَيْرُ اِلاَّخَيْرُالاخِيْرَه ، فَبَارِكْ فِىْالانْصَارِ وَالْمُهَاجِيْرَه .

ئى خۇدا يوق ئاخىرەت خەيراتىدىن باشقا ھەركەت

ئاتا قىلغىن ئەنسارى مۇھاجىرلارغا بەركەت

1227 ـ بەرائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتتى: ئەھزاپ كۈنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ توپا يۆتكەۋاتقانلىقىنى كۆردۈم ۋە ھالئۇلكى توپا چاڭ ـ توزاڭ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قوسىقىنى يېپىۋالغان ئىدى ۋە ئۇ ئېيتىدۇر :

لَوْلا اَنْتَ مَااهْتَدَيْنَا ، وَلاتَصَدَّقْنَا وَلاصَلَّيْنَا .

فَاَنْزِلَنْ سَكِيْنَةً عَلَيْنَا ، وَثَبِّتِ الاَقْدَامَ اِنْ لاقَيْنَا .

اِنَّ الاُوْلىٰ قَدْبَغَوْاعَلَيْنَا ، اِذَااَرَادُوا فِتْنَةً اَبَيْنَا .

سەن بولمىساڭ يارەب تاپالمايتۇق ھىدايەت،

قىلالماي ناماز ھەم سەدىقە ئىرىشالمايتۇق ئىنايەت.

نازىل قىلغىن ئارامنى زايىل قىلىپ ئەلەمنى،

دۈشمەنگە گەر يولۇقساق سابىت قىلغىن قەدەمنى.

پىتنە بىلەن گەر قىلسىلەر تاجاۋۇز،

ئۇنىمايمىز ھالاك بولۇر يالماۋۇز.

**غازاد قىلىشدىن ئۆزرى توختۇتۇپ قويغان كىشى تورىسىدا**

**1228** ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر غازادتا بار ئىدى ۋە ئېيتتى: تەھقىق بىرمۇنچە كىشى ئارقىمىزدا قالدى، بىر جىلغىغا ياكى بىر ۋادىغا ماڭساقمۇ، ئۇلار بىزلەر بىلەن بىللىدۇر، ئۇلارنى ئۆزرى توختۇتۇپ قويدى.

**فى سەبىلىللاھ روزا تۇتۇشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا**

**1229** ـ ئەبۇ سەئىدىل خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇر: كىشىكى بىر كۈن فى سەبىلىللاھ روزا تۇتسا، الله تەئالا ئۇكىشىنىڭ يۈزىنى دوزاخدىن يەتمىش ژىل يىراق قىلىدۇر.

**غازى (غازات قىلغۇچى)نى جابدۇپ غازاتقا ماڭدۇرغان كىشىنىڭ ياكى (ئۆز ئورنىدا) ياخشىلىق بىلەن غازىنىڭ ئارقىسىدا (ئائىلىسىگە قاراش ئۈچۈن) قالغان كىشىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا**

**1230** ـ زەيىد بىننى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن راۋايەت قىلىنىدى، تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: كىشىكى بىر غازىنى فى سەبىلىللاھ غازاتقا جابدۇپ ماڭدۇرسا، تەھقىق ئۇكىشى ئۆزى غازات قىلدى ۋە كىشىكى فى سەبىلىللاھ غازىغا (ئائىلىسىدە خەلپە ـ ئىزباسار بولۇپ) ياخشىلىق بىلەن قالسا، ئۇكىشىمۇ غازات قىلدى، (يەنى بۇئىككى خىل

كىشمۇ ئەجىر ـ ساۋاپىدا غازىغا ئوخشاش بولىدۇر).

1231 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىە مۇنەۋۋەردە، ئۆز خوتۇنلىرىنىڭ ئۆيلىرىدىن سىرىت ئۇممى سۇلەيمىنىڭ ئۇيىدىن باشقا ئۆيگە كىرمەيتى. بۇھەقتە ئۇنىڭغا (نىمە ئۇچۇن) دىيىلدى؟ ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: تەھقىق مەن ئۇممىنى سۇلەيمگە رەھىم قىلىمەن ئۇنىڭ قېرىندىشى (مىنىڭ ئەمرىم بىلەن) قەتلى قىلىنىدى (ئۆلتۈرۈلدى).

## ئۇرۇشتا خۇشبۇي ئىستىمال قىلىش توغرىسىدا

1232 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق ئۇ يەمامە كۈنى (يەنى ئەبۇبەكرى سىددىق خەلاپىتىدە مۇسەيلىمە كاززاپ بىلەن جەڭ قىلىغان كۈنى) سابىت ئىبنى قەيسىنىڭ قېشىغا كەلدى، ۋەھالەنكى ئۇ ئىككى تىزىنى ئېچىپ خۇشبۇي ئىستىمال قىلىۋاتاتتى، ئاندىن ئەنەس ئېيتتى: ۋاي تاغا سىنىڭ كەلمەسلىگىڭنى نىمە توسۇدۇر (كەلمەمسە)؟ ئاندىن سابىت ئېيتتى: ھازىر كېلىمەن ئى بۇرادىرىمنىڭ ئوغلى ۋە ئۇ خۇشبۇي سۈرۈۋاتىدۇر*(1)، ئاندىن كىلىپ ئولتۇردى، ئاندىن ئەنەس سۆزىدە بىر نۇئى چېكىنىشنى زىكرى قىلدى، پەس سابىت ئېيتتىكى: كەڭرىراق تۇرۇڭلار قەۋمىلەر بىلەن ئۇرۇشايلى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن مۇنداق قىلمايتۇق**(2)، ئۆزەڭلەرگە ئوخشاشلار سىلەرنى نىمە دىگەن يامان ئادەتلەندۈردى.

(*(1)ئىزاھات: يەنى جەڭدە خۇشبۇي ئىستىمال قىلىسا بولىدۇر دىمەكچى)

(**(2) پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زامانىدا مۇنداق قالايمىقان تۇرمايتۇق، سەپ ـ سەپ بۇلۇپ جەڭ قىلاتتۇق).

## ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىدا دۈشمەن ئەھۋالىنى تىڭ ـ تىڭلىغۇچىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

1233 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئەھزاب كۈنىدە كىم قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ خەۋىرىنى ماڭا كەلتۈرىدۇ؟ ئاندىن زۇبەير ئېيتتى: مەن كەلتۈرىمەن، ئاندىن كېيىن ئېيتتى: كىم ماڭا قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ خەۋىرىنى كەلتۈرىدۇر؟ ئاندىن زۇبەير مەن دىدى، ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: تەھقىق ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ ياردەمچىسى ھەمراسى بار ۋە مىنىڭ ياردەمچى ھەمرايىم زۇبەيىردۇر.

## جىھاد ياخشى ۋە يامان ئىمام ( پادىشا) بىلەن جارى بولىدىغانلىغى توغرىسىدا

1234 ـ ئۇرۋەتەل بارىقى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئاتنىڭ پېشانىسىدە ياخشىلىق(1) قىيامەت كۈنىگىچە چىگىكلىكدۇر، (يەنى ئەجىر ۋە غەنىمەت).

(1) قىيامەت كۈنىگىچە جىھات جارى بولىدۇر توختىمايدۇر، ئادىل ياكى زالىم پادىشانىڭ يېتەكچىلىگىدە بولسۇن.

1235 ـ ئەنەس بىننى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: بەركەت ئاتلارنىڭ كۈكۈلالىرى (يەنى پېشانىسىدە) يايلىرىدادۇر، (يەنى بەركەت جەڭ ئۈچۈن تەييارلانغان ئاتلاردادۇر).

## جەڭ ئۈچۈن ئات بېقىپ ساخلىغان كىشى توغرىسىدا

الله تەئالا ئېيتقان جەھەتدىن {وَمِنْ رِبَاطِ الخَيْلِ} تەرجىمىسى {***جەڭ ئۈچۈن تەييارلانغان ئاتلار***} 1236 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

ئېيتتى: بىر كىشى الله تەئالاغا ئىمان كەلتۈرۈپ ۋە الله تەئالانىڭ ۋەدىسىگە تەسدىق قىلىپ فى سەبىلىللاھ ئات باغلارپ باقسا، ئۇ ئاتنىڭ (قوسىغى) تويغىنى، سۇغا قانغىنى، تېزىكى ۋە سۈيدۈكى قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىنىڭ تارازا مىزانىغا چۈشۈدۇر. (يېگەن نەرسىسى، ئىچكەن سۈيى، تېزىكى ۋە سۈيدۈكى ھەممىسى شۇ كىشىنىڭ نامە ئەمالىغا يېزىلىپ تارازىغا سېلىنىدۇر).

## ئات ۋە ئېشەككە ئىسىم قويۇشنىڭ دۇرۇسلىغى توغرىسىدا

1237 ـ سەھەيلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئېيتتى: بىزنىڭ بېغىمىزدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىر دانە ئېتى بارئىدى، ئۇنى لۇخەيپى ياكى لۇھەيپى دەپ ئاتىلاتتى (يەنى ئۇزۇن قۇيرۇق).

1238 ـ مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇيەيرى (توپارەڭ بوز ئېشەك) نامىلىق ئېشىگى بولۇپ، ئۇنىڭ ئارقىسىغا مىنگىشىۋالغان ئىدىم، ئاندىن ئېيتتى: يا مۇئاز! ئاپا بىلەمسەن الله تەئالانىڭ بەندىلەرىدىكى ھەققى نىمىدۇر؟ مۇئاز ئېيتتى: الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ئالىمدۇر، رەسۇلۇللاھ ئېيتتى: پەس تەھقىق الله تەئالانىڭ بەندىسى ئۈستىدىكى ھەققى شۇدۇركى، ئۇلار الله تەئالاغا ئىبادەت قىلغاي ۋە ئۇنىڭغا ھىچ نەرسىنى شىرىك قىلمىغاي. ۋە بەندىلەرنىڭ الله تەئالادىكى ھەققى، الله تەئالاغا بىر نەرسىنى شىرىك كەلتۈرمىگەن كىشىنى ئازاپ قىلمىغاي. پەس ئېيتتىم: يارەسۇلۇللاھ ! بۇنىڭ بىلەن خالايىققا خوشخەۋەر قىلمايمۇ؟ رەسۇلۇللاھ ئېيتتى: ئۇلارغا خوشخەۋەر قىلمىغىن، ئۇلار بۇنىڭغا يۆلىنىۋالمىسۇن.

1239 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئېيتتى: مەدىنىدە بىر خەۋپ (دۈشمەندىن) ئەندىشە بولدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنىڭ مەندۇپ نامىلىق بىر ئېتىمىزنى ئارىيەت ئالدى، ئاندىن ئېيتتى: ھىچقانداق خەۋپ ـ ئەندىشىنى كۆرمىدۇق، تەھقىق بۇ ئاتنى

دېڭىزدەك، دەريادەك (ماڭىدىغان) تاپتۇق.

## ئاتنىڭ شۇملىغىدىن زىكرى قىلىنىدىغان نەرسە توغرىسىدا

1240ـئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇر: تەھقىق شۇملۇق ئۈچ نەرسىدەدۇر، ئاتدا، خوتۇندا ۋە ھويلىدا (ئولتۇراق قورۇدا).

## (جەڭگە قاتناشقان) ئاتنىڭ نىسۋىسى توغرىسىدا

1241 ـ ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاتقا ئىككى ئوق (نەسىبە) ۋە ئېگىسىگە بىر ئوق (نەسىبە)(تەيىن) قىلدى.

## جەڭدە غەيرىنىڭ ئۇلىغىنى يېتىلىگەن كىشى توغرىسىدا

1242 ـ بەرائ ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق ئۇنىڭغا بىركىشى ئېيتتى: ئايا سىلەر ھۇنەيىن جىڭىدە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن قاچىدىڭلارمۇ؟ بەرائ ئېيتتى: لىكىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قاچمىدى، تەھقىق ھەۋازان قەۋمى مەرگەن (ئوۋچى) ئىدى ۋە بىز ئۇلارغا يولۇققاندا ئۇلارغا ئېتىلدۇق، ئاندىن ئۇلار چېكىندى، ئاندىن مۇسۇلمانلار غەنىمەتكە يۈزلەندى، ئاندىن ئۇ دۈشمەنلەر بىزلەرگە ئوقلار بىلەن ئالدىمىزدىن ھۇجۇم قىلدى. ئەمما پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قاچمىدى، پەس ئەلۋەتتە ئۇ رەسۇلۇللاھنى ئۆزىنىڭ ئاق قېچىرى ئۈستىدە، ئەبۇ سۇپيان ئۇنىڭ تىزگىنىنى تۇتقان ھالىتىدە كۆردۈم ۋە ھالئۇلكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتىدۇر:

انَاالنَّبِيُّ لاكَذِبَ ، انَاابْنُ عَبْدِالمُطَّلِبِ .

يالغنى يوق راس پەيغەمبەرمەن،

ئابدۇلمۇتەللىپ ئوغلى ئۇممەتكە سەرۋەرمەن.

### پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۆگىسى توغرىسىدا

1243 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەزبائ ناملىق بىر تۆگىسى بار ئىدى، (مېڭىش ـ يۈرۈشتە) ئىلگىرلىمەيتى (ئارقىدا قالمايتى)، بىر سەھرالىق ئەرەپ ياش يېگى كۆندۈرۈلگەن تۆگىنىڭ ئۈستىدە كىلىپ، ئۇ تۆگىدىن ئىلگىرلەپ ئۆتۈپ كەتتى. بۇئىش مۇسۇلمانلارغا ئېغىر كەلدى، بۇ ئەھۋالنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۇنىدى ۋە ئېيتتى: الله تەئالاغا ھەقدۇركى دۇنيادىن بىر نەرسە يۇقۇرى كۆتۈرۈلمەيدۇر، مەگەر ئۇنى الله تەئالا پەس قىلىدۇر.

### جەڭدە خالايىققا ئاياللار تۇلۇمدا كۆتۈرۈپ سۇ تۇشۇغانلىغى توغرىسىدا

1244 ـ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق ئۇ مەدىنىدە ئاياللىرىدىن بىر نەچچە ئاياللارغا (يىپەك ۋە يۇڭدىن توقۇلغان) كىيىم ـ كېچەك تارقاتتى، ئاندىن بىر دانە ياخشى كىيىم قالدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھوزۇرىدىكى بەزى كىشلەر ئېيتتى: ئى ئەمىرىل مۆئمىنىن! ئۇ كىيىمنى ھوزۇرلىرىدىكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىزىغا (نەۋرىسگە) بەرسلە، يەنى ئەلىنىڭ قىزى ئۇممى گۇلسۇمنى ئىرادە قىلىدۇر، (ئۇممى گۇلسۇم پاتىمە ۋە ئەلىنىڭ قىزى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نەۋرىسى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب نىكاھىغا ئالغان). ئاندىن ئۆمەر ئېيتتى: بۇ كىيىمگە ئۇممى سەلىتە ھەقلىقىراقدۇر ۋە ئۇممى سەلىتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بەيئەت قىلغان ئەنسارىنىڭ خوتۇنلىرىدىندۇر، ئۆمەر ئېيتتى: تەھقىق ئۇ ئۇممى سەلىتە ئوھۇد جېڭىدە بىزلەرگە تۇلۇمدا سۇ كۆتۈرۈپ تۇشۇپ بىرەتتى.

## جەڭدە ئاياللارنىڭ مەجروھلارنى داۋالىشى توغرىسىدا

1245 ـ رەبىئە بىنتى مۇئەۋۋىزە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن جامائەتلەرنى سۇغۇراتتۇق، ئۇلارغا خىزمەت قىلاتتۇق، مەجروھلارنى ۋە شېھىدلەرنى (ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى) مەدىنىگە قايتۇراتتۇق.

## جەڭدە فى سەبىلىللاھ قوغداش توغرىسىدا

1246 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇيقۇسىزلىنىپ ئۇخلىيالماي مەدىنىگە قەدەم كەلتۈرۈشىدى ئېيتتى: كاشكى ئەسھابلىرىمدىن بىر ياخشى كىشى بولغان بولسا ئىدى، تۈيۇقسىز ياراقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدۇق، ئاندىن ئېيتتى: كىم بۇ؟ ئۇ كىشى ئېيتتى: سەئىد ئىبنى ۋەققاس ئۆزلىرىنى قوغدىغىلى كەلدىم. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇخلىدى.

1247 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: تىللانىڭ قۇلى ۋە تەڭگىنىڭ قۇلى ۋە كىيىم ـ كېچەكنىڭ قۇلى ھالاك بولدى، ئەگەر ئاتا قىلىنسا رازى بولىدۇ ۋە ئەگەر ئاتا قىلىنمىسا خاپا بولىدۇ. ھالاك بولدى ۋە بەدبەخ بولدى، ۋەقتىكى تىكەن كىرگۈزۈلسە ئۇ چىقىرىۋېتىلمەيدۇ (يەنى ھالاك بولسۇن، پۇتىغا تىكەن كىرىپ كەتسە چىقىرىلمىسۇن). باشلىرى چۇگۇق ئىككى قەدەملىرىنى چاڭ ـ توزاڭ باسقان، فى سەبىلىللاھ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ تۇرغان بەندىگە خوش مۇبارەك بولسۇنكى، ئەگەر قوغداشقا قويۇلسا قوغداشدا مەھكەم سابىت تۇرىدۇر (يەنى ئالدىنقى سەپتە)، ئەگەر ئارقا سەپتە بولسا ئارقا سەپتە چىڭتۇرىدۇ، ئەگەر ئىزنى سورىسا ئىزنى بېرىلمەيدۇر ۋە ئەگەر شاپائەت قىلسا شاپائىتى قوبۇل قىلىنمايدۇر.( يەنى شۆھرەتنى دوستۇتمايدۇ، نامى ئۇچۇن كەمتەر دېمەكدۇر).

## جەڭدە خىزمەت قىلىش توغرىسىدا

1248 ـ ئەنەس ىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئىيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە خەيبەرگە چىقتىم، ئۇ زاتقا خىزمەت قىلىمەن، ئاندىن (ئۇ يەردىن) يانغان ھالىتىدە قەدەم كەلتۈرۈپ ئىدى، ئۇ زاتقا ئوھود تېغى زاھىر (ئاشكارا) بولۇۋىدى، ئىيتتى: بۇ بىزنى دوستۇتىدىغان ۋە بىز ئۇنى دوستۇتىدىغان تاغدۇر.

1249 ـ ئەنەس ىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئىيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە بولدۇق، كۆپراقىمىز ئۆزىنىڭ سايىسى بىلەن سايىدىغان بولدى، پەس ئەمما روزا تۇتقانلار ھىچقانداق ئىش قىلمىدى، ئەمما ئىپتار قىلغانلار (روزا تۇتمىغانلار) تۆگىلىرىنى قوزغاپ مىھنەت قىلدى ۋە خىزمەت قىلدى، (تۆگىلىرىنى سۇغۇرۇش، ھىلەپ بىرىش، چېدىر تىكىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى قىلدى). ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىيتتى: بۇگۈن ساۋاپنى ئىپتار قىلغۇچىلار (روزا تۇتمىغانلار) ئېلىپ كەتتى.

## فى سەبىلىللاھ بىر كۈن (مۇسۇلمانلارنى دۈشمەندىن قوغداش ئۈچۈن) چېگرانى قوغداشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

1250 ـ سەھلى ئىبنى سەئدى سائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىيتتى: فى سەبىلىللاھ بىر كۈن چېگرانى قوغداش، دۇنيادىن ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىدىن ياخشىراقدۇر ۋە جەننەتتىن سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ قامچىسىنىڭ ئورنى، پۈتۈن دۇنيادىن ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىدىن ياخشىراقدۇر. فى سەبىلىللاھ بەندىنىڭ چۈشتىن كىيىن كېچىگىچە تۇرغىنى ياكى ئەتىگەندىن چۈشكىچە تۇرغىنى، پۈتۈن دۇنيادىن ۋە ئۇنىڭدىكى بار نەرسىدىن ياخشىراقدۇر.

## جەڭدە زەئىپ-ئاجىزلەر ۋە ياخشى سالىھلەر بىلەن ياردەم تەلەپ قىلغان كىشى توررىسدا

1251 ـ سەئىد ئىبنى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئايا نۇسرەت بېرىلەمسىزلەر ۋە رىزقى بېرىلەمسىزلەر، مەگەر زەئىپ ئاجىزلىرىڭلار بىلەن (نۇسرەت ۋە رىزقى بېرىلىسلەر).

1252 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: خالايىقتا بىر زامان كېلىدۇركى، خالايىقدىن بىر جامائەت غازات قىلىدۇر، ئاندىن دىيىلىدۇر: ئايا ئىچىڭلاردا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ھەمسۆھبەت بولغان (ساھابە) كىشى بارمۇ؟ ھە بار دەپ جاۋاپ بېرىلىدۇر. ئاندىن ئۇكشىگە شەھەر پەتھى قىلىنىدۇر. ئاندىن كىيىن بىر زامان كېلىدۇر، سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرى بىلەن ھەم سۆھبەت بولغان كىشى بارمۇ؟ دىيىلىدۇر، ھەئە بار دىيىلىدۇر. ئاندىن ئۇكشىگە پەتھى قىلىنىدۇر. ئاندىن كىيىن بىر زامان كېلىدۇر، سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ئەسھابىلىرى بىلەن ھەم سۆھبەت بولغان كىشى بارمۇ؟ دىيىلىدۇر، ھەئە بار دىيىلىدۇر، ئاندىن پەتھى قىلىنىدۇر. (ساھابە، تابىئىن ۋە تەبى تابىئىنلەر قاتارلىق ئۈچ خىل زاتلار بىلەن نۇسرەت بېرىلىدۇر).

## ئوق ئېتىشقا ۋە ئۇنى ئۆگىنىشكە تەرغىب قىلىش توغرىسىدا

1253 ـ ئەبۇ ئۇسەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: بەدرى جېڭى كۈنىدە قۇرەيشكە سەپ بولغىنىمىزدا ۋە ئۇلار بىزگە سەپ بولغاندا (جەڭ ئۈچۈن)، ئۇلار سىلەرگە يېقىن كەلگەندە ئوق ئېتىڭلار.

## قالقاننى ۋە ھەمراسىنىڭ قالقىنىنى كەيگەن كىشى توغرىسىدا

1254 ـ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: بەنى نەزىرنىڭ ماللىرىنى مۇسۇلمانلار، ئۇنىڭغا ئات ۋە تۆگە يۈگۈرۈتۈپ (جەڭ قىلىپ) ئالمىغان، اللە تەئالا ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىگە خاس غەنىمەت قىلىپ بەرگەن مال ئىدى، ئاندىن ئېشىپ قالغىنىنى ياراق جابدۇق ۋە ئاتلار سېتىۋېلىشقان ۋە فى سەبىلىللاھ جەڭ تەييارلىغى ئۈچۈن ئىشلىتەتتى.

1255 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سەئىد ئىبنى ۋەققاسدىن كېيىن بىر ئادەمگە پىدا بولسۇن دېگىنىنى كۆرمىدىم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇر: ئوق ئاتقىن ساڭا ئاتا ـ ئانام پىدا بولسۇن.

## قىلىچلارنىڭ زىننىتى توغرىسىدا

1256 ـ ئەبى ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئۇزات ئېيتىدۇر: قىلىچلەرنىڭ زىننىتى ئالتۇن ۋە كۈمۈش بولمىغان قەۋملەر، نۇرغۇن پەتھلەرنى پەتھى قىلدى (شەھەرلەرنى ئالدى)، پەقەت ئۇلارنىڭ قىلىچلىرىنىڭ زىننىتى (نەقىشى) تېرە ۋە قوغۇشۇن ۋە تۆمۈر ئىدى.

**پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۆمۈر چاپانلىرى ۋە جەڭدىكى كۆينەكلىرى توغرىسىدا**

1257 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چېدىرىنىڭ ئىچىدە تۇرغان ھالىتىدە ئېيتتى: ئى اللە ! ساڭا سېنىڭ ئەھدەڭنى ۋە ۋەدەڭنى تەلەپ قىلىمەن، ئى اللە ! ئەگەر خالىساڭ بۈگۈندىن كېيىن ئىبادەت قىلىنمايسەن. ئاندىن ئەبۇبەكرى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قوللىرىنى تۇتۇۋېلىپ ئېيتتى: كۇپايە يارەسۇلۇللاھ ! تەھقىق پەرۋەردىگارلىرىڭگە تەلەپدە مۇبالىغە قىلدىلا. ۋە ھالئۇلكى ئۇ جانابى ھەزرەت تۆمۈر چاپانىنىڭ ئىچىدە ئىدى، ئاندىن چىقدى ۋە ھالئۇلكى ئېيتىدۇر: {سَيُهْزَمُ الْجَمْعُ وَيُوَلُّونَ الدُّبُرَ

(45) بَلْ السَّاعَةُ مَوْعِدُهُمْ وَالسَّاعَةُ أَدْهَى وَأَمَرُّ (46)} تەرجىمىسى {***(مۇشرىكلەر) تۇپى مەغلۇپ قىلىنىدۇ، ئارقىغا قاراپ قاچىدۇ، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۇلارغا بېرىلىدىغان ئازاپ بۇلا ئەمەس) قىيامەت كۈنى ئۇلارغا (ئازاپ قىلىش) ۋەدە قىلىنغان ۋاقىتتۇر، قىيامەت تېخىمۇ قىيىندۇر، تېخىمۇ جاپا ـ مۇشەققەتلىكتۇر***}. (سۈرە قەمەر 41 ـ 45 ـ ئايەت.) بىر رىۋايەتتە بۇئىش بەدرى كۈنى بولغان دېيىلگەن.

## جەڭدە يىپەك كىيىم كىيىش توغرىسىدا

1258 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋپ ۋە زۇبەيىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردا قىچىشقاق بولغانلىقىدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇلارغا يىپەك كۆينەك كىيىشكە رۇخسەت قىلدى.

1259 ـ ئۇ زاتدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق ئابدۇراھمان ۋە زۇبەيىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە پىت (بۇلۇپ كەتكەنلىگى)نى شىكايەت قىلدى. ئاندىن ئۇئۇككىسىگە يىپەك كىيىشكە رۇخسەت قىلدى. جەڭدە ئۇئۇككىسىنىڭ ئۇستىدە يىپەكنى كۆردۈم.

## روم بىلەن جەڭ قىلىش ھەققىدە قىلغان ھەدىس توغرىسىدا

1260 ـ ئۇممى ھەرام رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىگىنى ئاڭلىدى: مىنىڭ ئۈممىتىمدىن دېڭىز بويىدا غازات قىلىدىغان تۇنجى ئەسكەرلەر ئۆزلىرىگە (جەننەتنى) ۋاجىپ قىلدى. ئۇممى ھەرام ئېيتتى: يارەسۇلۇللاھ ! مەن ئۇلارنىڭ ئىچىدە بولىمەنمۇ؟، رەسۇلۇللاھ ئېيتتى: سەن ئۇلارنىڭ ئىچىدە بولىسەن. ئاندىن ئۇممى ھەرام ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: مىنىڭ ئۈممىتىمدىن قەيسەر شەھرىدە غازاد قىلىدىغان تۇنجى ئەسكەرلەرنىڭ (گۇناھلىرى) مەغپىرەت

قىلىنغۇچىدۇر. ئاندىن ئېيتتىم: يارەسۇلۇللاھ ! مەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىمۇ؟ رەسۇلۇللاھ ئېيتتى: ياق .

## يەھۇدىلار بىلەن جەڭ قىلىش توغرىسىدا

1261 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: سىلەر يەھۇدىلار بىلەن ئۇرۇش قىلىسىلەر، ھەتتا ئۇلارنىڭ بىرى تاشنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈۋالىدۇر، ئاندىن تاش ئېيتىدۇر: ئى ئابدۇللاھ ! ماۋۇ مېنىڭ ئارقامدىكى يەھۇدىدۇر، ئۇنى ئۆلتۈرگىن. ۋە بىر رىۋايەتدە قىيامەت قائىم بولمايدۇ، ھەتتاكى سىلەر يەھۇدىلار بىلەن ئۇرۇشقايسىلەر.

## تۈرۈكلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىش روغرىسىدا

1262 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: كۆزلىرى كىچىك، قىزىل يۈزلۈك، بۇرۇنلىرى پەس قاڭشاسىز، گۇياكى يۈزلىرى چەم بىلەن يامالغان قالقاندەك قېلىن گۆشلۈك تۈرۈكلەر بىلەن جەڭ قىلىشقىلارغىچىلىك قىيامەت قايىم بولمايدۇر ۋە ھەتتا كەشلىرى يۇڭ ـ چۇپۇر قەۋملەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشقىلارغىچىلىك قىيامەت قايىم بولمايدۇر. (يەنى تۈرۈكلەر بىلەن سىلەر جەڭ قىلمىغىچىلىك قىيامەت قايىم بولمايدۇ، بۇئىشلار قىيامەت قايىم بۇلۇشىدىن ئىلگىرى بولىدۇ دېمەكچى)

## مۇشرىكلارنىڭ چېكىنىشىگە ۋە تەۋرىلىشىگە دۇئا قىلىش توغرىساىدا

1263 ـ ئابدۇللاھ بىننى ئەۋپا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: ئەھزاب كۈنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇشرىكلەرگە مۇنداق دۇئايى بەد قىلدى ‹‹ اَللّٰهُمَّ مُنْزِلَ الكِتَابِ ، سَرِيْعَ الحِسَابِ . اَللّٰهُمَّ اهْزِمِ الاَحْزَابَ ، اَللّٰهُمَّ اهْزِمْهُمْ وَزَلْزِلْهُمْ ››. مەنىسى: ‹‹ ئى كىتاپ نازىل

قىلغۇچى، ئىتتىك ھىساپ ئالغۇچى الله ! ئەھزابنى (توپلانغان گوروھ - گوروھ دۈشمەنلەرنى) چىكىندۈرگىن، ئى الله ! ئۇلارنى چىكىندۈرگىن، ئۇلارنى تەۋرەتكىن.

1264 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدى: يەھۇدىلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ھۇزۇرىغا كىرىپ ئەسسامۇئەلەيكە (ئۆلۈم ساڭا بولسۇن) دېدى.ئاندىن ئۇلارغا لەنەت قىلدىم، ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: سىزگە نىمە بولدى؟ ئېيتتىم مەن: ئايا ئۇلارنىڭ دىگەن سۆزىنى ئاڭلىمىدىلىمۇ؟ رەسۇلۇللاھ ئېيتتى: ئايا مەن ئۇلارغا ۋەئەلەيكۇم (بەلكى ئۆلۈم سىلەرگە بولسۇن) دىگىنىمنى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟.

**مۇشرىكلارغا ئۇنىسى ئۈلپەت قىلىش ئۈچۈن ھىدايەت بىلەن دۇئا قىلىش توغرىسىدا**

1265 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تۇپەيلى بىننى ئەمرۇ دەۋسى ۋە ئەسھابلىرى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ ئېيتتى: يارەسۇلۇللاھ ! تەھقىق دەۋسى قەبىلىسى ئاسى بولدى ۋە باش تاتدى، ئۇنىڭ زەرەرىگە دۇئا قىلسىلا، دەۋسى ھالاك بولدى دېيىلدى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئى الله ! دەۋسى قەبىلىسىنى ھىدايەت قىلغىن ۋە ئۇلارنى كەلتۈرگىن .

**پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىسلامغا ۋە پەيغەمبەرلىككە چاقىرىشى ۋە ئۇلارنىڭ بەزىسى بەزىسىنى الله دىن باشقا پەرۋەردىگارلارنى (خۇدالارنى) تۇتماسلىققا چاقىرىش توغرىسىدا**

1266 ـ سەھلى بىننى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق ئۇ زات پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىكى، خەيبەر كۈنى ئېيتىدۇر: ئەلبەتتە بايراقنى ئۇنىڭ ئىككى قولى بىلەن الله تەئالا (شەھەرنى) پەتھى قىلدىغان (ئاچىدىغان ۋە ئالىدىغان) بىر ئادەمنىڭ قولىغا بېرىمەن. ئاندىن ئۇلارنىڭ قايسىسىغا ئۇ بايراق بېرىلىدىغانلىغىنى ، ھەممىسى

شۇنى ئۇمۇد قىلىپ تۇردى. ئاندىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇ بايراقنى ئۇزىگە بېرىلىشنى ئۇمىد قىلىپ ئەتىگەن باردى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئەلى قايەردە؟ پەس دېيىلدى: ئۇ كۆزى ئاغرىغىننى شىكايەت قىلىدۇ. ئاندىن بۇيرىدى، ئاندىن ئۇنى چاقىرىپ كىلىندى. ئاندىن ئۇنىڭ ئىككى كۆزىگە تۈكۈردى، جايىدىلا ساقايدى، گۇياكى ئۇنىڭغا ھىچ نەرسە بولمىغاندەك. ئاندىن ئەلى ئېيتتى: ئۇلار بىلەن ئۇرۇشىمىز ھەتتا ئۇلار بىزلەرگە ئۇخشاش بولغاي. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئالدىرىماي ئاستا، ھەتتا ئۇلار ساھەسىگە (دىيارىغا) چۈشسەن ئاندىن ئۇلارنى ئىسلامغا چاقىرغىن ۋە ئۇلارغا ۋاجىب بولغان نەرسىنى خەۋەر قىلغىن، پەس ۋەللاھۇكى ئەلبەتتە سىنىڭ سەۋەبىڭ بىلەن بىر ئادەمنىڭ ھىدايەت تېپىپ قېلىشى، سەن ئۇچۇن پۈتۈن ئەرەپنىڭ قىزىل چارۋىسىدىن ياخشىدۇر. (قىزىل چارۋا ـ تۆگە، كالا، قويلار، قىزىل تۆگە ئەرەپنىڭ ئەڭ ئىسىل چارۋىسى. پۈتۈن قىزىل چارۋىنى سەدىقە قىلغاندىن ساۋاب جەھەتدە ياخشىدۇر).

**غازاتنى ئىرادە قىلىپ (دۈشمەن تۇيۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن) ئۇ غازاتنىڭ غەيرى بىلەن مەخپى كىنايە قىلغان كىشى ۋە سەپەرگە پەيشەنبە كۈنى چىقىشنى دوس تۇتقان كىشى توغرىسىدا**

1267 ـ كەئىب بىننى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەرگە پەيشەنبە كۈنىدىن باشقا كۈنى ناھايىتى ئاز چىقار ئىدى.

**خوشلۇشۇش توغرىسىدا**

1268 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزلەرنى بىر قوشۇنغا ئەۋەتدى، ئاندىن ئېيتتى: قۇرەيشدىن ئىككى ئادەمنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ، ئەگەر پالانى پالانىغا يولۇقساڭلار ئۇلارنى ئوت بىلەن كۆيدۈرىۋېتىڭلار. ئەبۇھۇرەيرە

ئېيتتى:  ئاندىن جەڭگە چىقىشنى ئىرادە قىلغان ۋاقتىمىزدا، خوشلاشقىلى ئۇ زاتنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدۇق. ئاندىن ئېيتتى: تەھقىق مەن سىلەرنى پالانى پالاننىنى ئوت بىلەن كۆيدۈرۈۋېتىڭلارنى بۇيرىغان ئىدىم ، تەھقىق ئوت بىلەن الله تەئالا ئۆزىلا ئازاپ قىلالايدۇر، پەس ئەگەر ئىككىسىنى تۇتۇۋالساڭلار ئۇلارنى قەتلى قىلىڭلار (ئۆلتۈرۈڭلار).

## ئىمامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش ۋە بويسۇنۇش توغرىسىدا

1269 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: مادامىكى گۇناھقا بۇيرۇلمىسا (ئىمامنىڭ سۆزىنى) ئاڭلاش ۋە بويسۇنۇش ھەقدۇر. پەس ۋەقتىكى گۇناھقا بۇيرۇلسا، ئاڭلاش ۋە بويسۇنۇش يوقدۇر.

## ئىمامنىڭ ئارقىسىدىن ئۇرۇش قىلىش ۋە ئىمام بىلەن پەردىلىنىش ۋە قوغدۇنۇش توغرىسىدا

1270 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق ئۇ زات پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىكى ئېيتتىدۇر: بىز ئاخىرقى ئۇممەتدۇرمىز، ئاخىرەتدە ئالدىدا ئىلگىرى بولغۇچىدۇرمىز. ۋە ئېيتتىدۇر: كىمكى ماڭا ئىتائەت قىلسا الله غا ئىتائەت قىلدى، كىمكى ماڭا ئاسى بولسا الله غا ئاسى بولدى ، كىمكى ئەمىرگە (ئىمامغا) ئىتائەت قىلسا ماڭا ئىتائەت قىلدى ۋە كىمكى ئەمىرگە (ئىمامغا) ئاسى بولسا ماڭا ئاسى بولدى. شەك ـ شۈبھىسىزكى ئىمام ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۇرۇش قىلىنىدىغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن قوغدۇلىنىدىغان پەرەدەدۇر. پەس ئەگەر الله غا تەقۋادار بولۇشقا ئەمىر قىلسا ۋە ئادىللىق قىلسا ئۇ ئىمامنىڭ بۇئىشىغا قارىتا ساۋاپ ـ ئەجرى باردۇر ۋە ئەگەر ئۇنىڭ غەيرىنى قىلسا ئۇ ئىمامنىڭ گەدىنىگە ئۇنىڭ گۇناھىدىن بار.

## جەڭدە قاچماسلىققا بەيئەت قىلىش توغرىسىدا

1271 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: كېلەر ژىل قايتتۇق، پەس بىز ئۆنىڭ تەكتىدە بەيئەت قىلغان دەرەخ ھەققىدە ئىككى ئادەم بىرلىككە كەلمىدى(مۇشۇ دەرەخ دەپ بەلگى مەخپى قىلىندى، ئۆنى تەزىم قىلىش پىتنىسىدىن ئەندىشە قىلىپ)، ئۇ دەرەخ الله تەئالادىن رەھمەت بولدى، ئاندىن سورالدى: قايسى نەرسىگە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا بەيئەت قىلدى ئۆلۈمگىمۇ؟ ئىبنى ئۆمەر ئېيتتى: ياق، ئۇلارغا سەبرى قىلىشقا بەيئەت قىلدى، (پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم).

1272 ـ ئابدۇللاھ بىننى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: ھەررە زامانى بولغاندا (63 ـ ھجرىيە يەزىد ئىبنى مۇئاۋىيە زامانىدا مەدىنىدە بولغان)، ئۇ ئابدۇللاغا بىر كەلگۈچى كىلىپ ئېيتتى: ئۆنىڭغا تەھقىق ئىبنى ھەنزەلە خالايىققا ئۆلۈمگە بەيئەت قىلىۋاتىدۇر. ئاندىن ئابدۇللاھ ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن كېيىن ئۆلۈمگە ھىچكىمگە بەيئەت قىلمايمەن.

1273 ـ سەلەمەتە بىننى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بەيئەت قىلدىم، ئاندىن بىر دەرەخنىڭ سايىسىگە مايىل بۇلۇپ قىيسپ باردىم، خالايىق يەڭگىل بولغاندا (ئازلىغاندا) ئېيتتى: ئى ئىبنى ئەكۋەئ! بەيئەت قىلمامسەن؟ ئېيتتىم مەن: يارەسۇلۇللاھ! تەھقىق بەيئەت قىلدىم. ئېيتتى: ۋە ھەم ھازىر. ئاندىن ئۇل پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىككىنچى بەيئەت قىلدىم. ئاندىن ئۆنىڭغا دىيىلدى: شۇكۈنىدە قايسى نەرسىگە بەيئەت قىلاتتىڭلار؟ ئېيتتى: ئۆلۈمگە.

1274 ـ مۇجاشىئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: مەن بىر تۇققان قېرىندىشىم بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھوزۇرىغا كەلدىم، ئاندىن ئېيتتىم: بىزلەرگە ھجرەتكە

بەيئەت قىلىسىلا؟ ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ھىجرەت ئۆز ئەھلى ئۈچۈن ئۆتۈپ كەتتى. ئاندىن ئېيتتىم: نىمىگە بىزلەرنى بەيئەت قىلدىلا؟ ئېيتتى: ئىسلامغا ۋە جىھات قىلىشقا. (يەنى مەككە پەتھى بولغاندىن كېيىن ھىجرەت يوق، لېكىن جىھات ۋە نىيەت بار).

**خالايىقلار تاقەت قىلالايدىغان نەرسىدە ئۇلارغا ئىمامنىڭ قەتئى ئىرادە قىلىشى (خەلق تاقەت قىلالايدىغان ئىشىدا ئىمامغا ئىتائەت قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقى) توغرىسىدا**

1275 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: ماڭا بۈگۈن بىر ئادەم كېلىپ مەندىن بىر ئىشنى سورىدى، ئۇنىڭغا نىمە دەپ جاۋاپ قىلىشىمنى بىلمىدىم، ئۇ ئادەم مۇنداق دەپ سورىدى: قارىمامىسىز خەۋەر بېرىڭكى، بىر تولۇق قورالىق ئاكتىپ چاققان ئادەم ئەمىرلىرىمىز بىلەن جەڭلەرگە چىقىدۇ، ئۇ ئەمىر بىز تاقەت قىلالمايدىغان ئىشلارغا ئەمرى قىلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا ئېيتتىم: قەسەم الله غىكى، ساڭا نىمە دېيىشىمنى بىلمەيمەن، مەگەركى تەھقىق بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە بولاتتۇق، ئۇزات بىزلەرگە بىر ئىشنى قىلىشقا بىر مەررە ئىرادە قىلسىلا ھەتتا ئۇنى قىلاتتۇق، سىلەرنىڭ بىرىڭلار مادامىكى الله تەئالاغا تەقۋادار بولسا، ھەمىشە ياخشىلىق بىلەندۇر. ۋەقتىكى بىر ئىشىدا شەك قىلسا، بىر كىشىدىن سورىسا، ئۇكىشى ئۇنىڭ سوئالىغا شىپا بولىدۇر ۋە ئۇنداق كىشىنى تاپالماسلىقىڭلار مۇمكىن، بىر تەنھا الله تەئالا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مىنىڭ زىكرى قىلىدىغىنىم بۇكى، دۇنيادىن ئۆتكەن نەرسە سۈزۈلۈك سۈيى ئىچىلىپ تىگىدە دۇرى قالغان كۆلچەككە ئوخشايدۇر.

**پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەتىگەن ئۇرۇش قىلمىسا ئۇرۇشنى كۈن قىيىلغىچە تەخىر قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا**

1276 ـ ئابدۇللاھ ىبنى ئەبى ئەۋپا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (دۈشمەنگە) يولۇققان بەزى كۈنلەردە، ھەتتا كۈن قىيىلغىچە مۈنتەزىر بولۇپ تۇردى، ئاندىن خالايىق ئىچىدە قوپۇپ تۇرۇپ ئېيتتى: ئەي خالايىق! دۈشمەنگە يولۇقۇشنى ئارزۇ قىلماڭلار ۋە الله تەئالادىن خاتىرجەملىكنى سوراڭلار. پەس ۋەقتىكى ئۇ دۈشمەنلەرگە يولۇقۇپ قالساڭلار سەۋىر قىلىڭلار ۋە بىلىڭلاركى جەننەت قىلىچلارنىڭ سايىسى ئاستىدادۇر. ئاندىن كىيىن ئېيتتى: «« اَللّٰهُمَّ مُنْزِلَ الكِتَابِ ، سَرِيْعَ الحِسَابِ . اَللّٰهُمَّ اهْزِمِ الاَحْزَابِ ، اَللّٰهُمَّ اهْزِمْهُمْ وَزَلْزِلْهُمْ »». مەنىسى: «« ئەي كىتاپ نازىل قىلغۇچى، ئىتتىك ھىساپ ئالغۇچى الله ! ئەھزابنى (توپلانغان گورۇھ-گورۇھ دۈشمەنلەرنى) چېكىندۈرگىن، ئى الله ! ئۇلارنى چېكىندۈرگىن، ئۇلارنى تەۋرەتكىن.

## ئەجىر (ئىشلەمچى) توغرىسىدا

1277 ـ يەئلى ىبنى ئۇمەييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: بىر ئىشلەمچىنى ئەجىرگە ئالدىم، ئۇ بىر ئادەم بىلەن ئۇرۇشۇپ بىرى يەنە بىرىنىڭ قولىنى چىشلىۋالدى، ئۇ قولىنى يەنە بىرىنىڭ ئاغزىدىن تارتتى ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرا چىشىنى قومۇرۇۋاتتى، ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىغا (شىكايەت قىلىپ) كەلدى، ئۇ چىشىنىڭ خۇنىنى (قىساسىنى) بىكار قىلدى ۋە ئېيتتى: ئايا ساڭا قولىنى بەرسە بولامدۇركى، ئۇ قولنى بۇرغا تۆگە چاينىغاندەك چاينىساڭ.

## پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بايرىقى توغرىسىدا

1278 ـ ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق ئۇزات زۇبەيرگە ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىنى بۇيەردە بايراقنى تىكىشكىنى بۇيرىدى.

**پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ‹‹بىر ئايلىق مۇساپىدە (دۈشمەننىڭ مەندىن) قورقۇشى بىلەن نۇسرەت بېرىلدىم›› دېگەن سۆزى توغرىسىدا**

1279 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: مەن جامى كەلىمە (ھەممىنى جەمى قىلىدىغان سۆزلەر) بىلەن (پەيغەمبەر قىلىنىپ)ئەۋەتىلدىم ۋە (دۈشمەننىڭ مەندىن) قورقۇشى بىلەن نۇسرەت بېرىلدىم، مەن ئۇخلاۋاتقان چېغىمدا تۇيۇقسىز زىمىننىڭ خەزىنىلىرىنىڭ ئاچقۇچلىرىنى بېرىلدىم ۋە ئاچقۇچنى مېنىڭ ئىككى قولۇمدا قويۇلدى. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتتى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەتتى ۋە ھالئولكى سىلەر ئۇ خەزىنىلەرنى چىقىرىۋاتىسىلەر.

**جەڭدە ئۇزۇقنى بىللە كۆتۈرۈپ ئېلىۋېلىش ھەققىدە ۋە الله تەئالانىڭ** {وَتزَوَّدُوا فَونَّ خَيْرَ الزَّادِ التَّقْوَىٰ} **دېگەن قەۋلى توغرىسىدا. مەنىسى** ***{ئاخىرەتلىكىڭلار ئۈچۈن) زاد ـ راھىلە ـ ئۇزۇق ـ تۈلۈك ئېلىۋېلىڭلار، تەھقىق ئەڭ ياخشى ئۇزۇق ـ تۈلۈك تەقۋالىقدۇر}*****.** (سۈرە بەقەرە 197 ـ ئايەت)

1280 ـ ئەسما بىنتى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشنى ئىرادە قىلغان ۋاقىتتا، ئاتام ئەبۇبەكرىنىڭ ئۆيىدە سەپەر ئۇزۇق داستىخىنى تەييارلاپ بەرمەكچى بولدۇم، ئاندىن ئۇ سەپەر داستىخىنىنى ۋە تۇلۇمىنى چىگىپ بوغىدىغان نەرسە تاپالمىدۇق، ئاندىن ئەبۇبەكرىگە ئېيتتىم: ۋەللاھۇ ئۇنى بوغۇشقا مېنىڭ پەشدامامدىن باشقا نەرسە تاپالمىدىم، ئاندىن ئەبۇبەكرى ئېيتتى: ئۇ پەشدامىنى ئىككى پارچە يىرىپ بىرى بىلەن تۇلۇمنى يەنە بىرى بىلەن داستىخاننى بوققىن (چەككىن)، ئاندىن شۇنداق قىلدىم، ئاندىن شۇ جەھەتتىن ‹‹ ۋُاتُ النَّبِ□َاقِينِ›› ‹ ئىككى پەشدام ئىگىسى› دەپ ئاتالدىم.

**ئېشەككە مىنگىشىش توغرىسىدا**

1281 ـ ئۇسامە بىننى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇستىگە يوپۇق سېلىنىپ تۇقۇلغان ئېشەككە مىندى ۋە ئارقىسىغا ئۇسامەنى مىندۈردى.

1282 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: بىر كۈنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىنىڭ يۇقۇرىسىدىن ئۇلۇغى ئۇستىدە ئۇسامە بىننى زەيدنى مىنگەشتۈرگەن ھالىتىدە ئالدىمىزغا يۈزلىنىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىلال بار ۋە كەبىنى ساخلىغۇچىلەردىن ئوسمان بىننى تەلھە بار، ھەتتا ئۇلغىنى مەسجىد ئالدىدا چۆكتۈردى، ئاندىن ئوسماننى بەيتۇللانىڭ ئاچقۇسىنى ئەكىلىشكە بۇيرىدى، ئۇ ئىشىكنى ئاچتى ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىردى. ھەدىسنىڭ قالغىنى يۇقۇرىدا ئۆتتى.

### دۈشمەنلەر زىمىنىغا مۇسھەفلەر بىلەن سەپەر قىلىشنىڭ مەكروھلىغى توغرىسىدا

1283 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇرئان بىلەن دۈشمەن زىمىنىغا سەپەر قىلىشدىن نەھى قىلدى. (توستى ـ چەكلىدى).

### تەكبىر بىلەن ئاۋاز كۆتۈرۈشدىن مەكروھ بولىدىغان نەرسە توغرىسىدا

1284 ـ ئەبۇ موسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە بولدۇق، پەس ۋەقتىكى بىر ۋادىغا تىكىلسەك تەھلىل ئېيتىدىغان ۋە تەكبىر ئېيتىدىغان بولدۇق، ئاۋازىمىز كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئى خالايىق! ئۆزەڭلەرگە شەپقەتلىك بولۇڭلار، چۈنكى تەھقىق سىلەر پاك ۋە غايىپقا دۇئا قىلمايسىلەر، تەھقىق ئۇ الله تەئالا سىلەر بىلەن بىللەدۇر، تەھقىق ئول زات ئاڭلىغۇچىدۇر ۋە

يېقىندۇر.

**ئېقىن، ئورا، ۋادىغا چۈشكەندە تەسبىھ ئېيتىش توغرىسىدا**

**1285** ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدى: ئېگىزگە ئۆرلىسەك (چىقساق) تەكبىر ئېيتار ئىدۇق. ۋەقتىكى تۆۋەن ـ پەسكە چۈشسەك تەسبىھ ئېيتار ئىدۇق.

**مۇساپىرغا مۇقىم ۋاقتىدا ئەمەل قىلغان نەرسىنىڭ ساۋابى يېزىلىدىغانلىقى توغرىسىدا**

**1286** ـ ئەبۇ موسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ۋەقتىكى بىر بەندە كېسەل بولسا ياكى سەپەر قىلسا، ئۇ بەندىگە مۇقىم تەندۇرۇس ساق بەدەن ھالىتىدە قىلغان ئەمىلىنىڭ ئوخشىشى (ساۋابى) يېزىلىدۇر.

**تەنھا سەپەر قىلىش توغرىسىدا**

**1287** ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئېيتتى: ئەگەر خالايىق يالغۇز سەپەر قىلىشدىكى، مەن بىلگەن نەرسىنى بىلگەن بولسا ئىدى، ئۇلاغلىق ئادەم كېچىدە تەنھا يۈرمەس (سەپەر قىلماس) ئىدى.

**جىھادنى ئاتا ـ ئانىنىڭ ئىزنى بىلەن قىلىش توغرىسىدا**

**1288** ـ ئابدۇللاھ بىننى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىغا كېلىپ جەڭگە چىقىش ھەققىدە ئىزنى سورىدى، ئۇل جاناب ئېيتتى: ئايا ئاتا ـ ئاناڭ ھاياتمۇ؟ ئۇكىشى ئېيتتى: ھەئە ھايات، ئۇل جاناب ئېيتتى: ئاتا ـ ئاناڭ ھەققىدە جىھاد قىلغىن. (يەنى ئاتا ـ ئاناڭ خىزمىتىدە كۈرەش قىل. چۈنكى ئاتا ـ ئانا خىزمىتى پەرىز ئەيىن ۋە جىھاد پەرىز كۇپايەدۇر).

**تۆگىنىڭ بويۇنلىرىدىكى قوڭغۇراق ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر ھەققىدە دېيىلگەن نەرسە**

**توغرىسىدا**

1289 ـ ئەبۇ بەشىر ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق ئۇ بەزى سەپەرلەردە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە بار ئىدى، خالايىقلار ئۆز قونالغۇلىرىدا (چۈشكۈنلىرىدە) ئىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ئەلچى ئىبەردىكى ھەرقانداق تۆگىنىڭ بويىندىكى تارەدىن (كىرىچدىن) بولغان قىلادەنى ياكى ھەرقانداق قىلادەنى قالدۇرماي كېسىپ ئۈزۈلسۇن دەپ. (قىلادە ـ تۆگە، ئاتلارنىڭ بويىنغا ئاسىدىغان گۈدۈلۈك ـ قوڭغىراق ھەرخىل جىرىڭلايدىغان نەرسىنى دېيىلىدۇر، ئاياللار بويىندىكى بولۇپكىنىمۇ دېيىلىدۇر).

**ئىرى ئەسكەرلىككە يېزىلسا ۋە خوتۇنى ھەجگە چىقسا ياكى ئەرنىڭ ئۆزرىسى بولسا ئۇلارغا ئىزنى بېرىلەمدۇ؟ توغرىسىدا**

1290 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق ئۇزات پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىكى ئېيتىدۇر: بىر ئەر غەيرى بىر خوتۇن بىلەن خالى بولمىسۇن ۋە سەپەر قىلمىسۇن، خوتۇن كىشى مەگەر مەھرەم بىلەن (نىكاھ ھارام بولىدىغان تۇققىنى بىلەن سەپەر قىلسا) بولىدۇر. ئاندىن بىر ئادەم قوپۇپ يارەسۇلۇللاھ ! مەن پالانى جەڭگە يېزىلدىم، خوتۇنۇم ھەج قىلغىلى چىقتى دېدى. ئۇل جاناب ئېيتتى: بارغىن خوتۇنۇڭ بىلەن ھەج قىل.

**زەنجىرلەردىكى ئەسىرلەر توغرىسىدا**

1291 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: الله تەئالا رازى بولدى زەنجىرلەردە جەننەتكە كىرىدىغان كىشى لەردىن (يەنى

جەڭدە كۈپپارلار قۇلغا ئەسىر بولۇپ زەنجىر سېلىنىپ، شۇ زەنجىر بىلەن كۈپپارلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ شەھىد قىلىنغانلار).

**دارىل ھەربىكە كىچىدە ھۇجۇم قىلىنىپ ئۇششاق سەبى باللارغا مۇسىبەت يىتىشى توغرىسىدا**

1292 ـ سەئىبى بىننى جەسسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: ماڭا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۋائە ياكى ۋەددان (جاينىڭ ئىسمى) دىن ئۆتتى ۋە ئۇ زاتدىن سورالدىكى دارىلھەربىپ (دۈشمەن يۇرتى) گە كېچىدە ھۇجۇم قىلىنىپ ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرى ۋە ئۇششاق باللىرى ئۆلتۈرىلىدۇر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئۇ خوتۇن باللىرى ئۇلار مۇشرىك ئاتىلىرى جۇملىسىدىندۇر (ئۇلارغا مۇسىبەت يېتىشى دۇرۇس) ۋە ئاڭلىدىم ئول پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئېيتىدۇر: يوق چىگرا، مەگەر الله ئۈچۈن ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرى ئۈچۈندۇر.

**جەڭدە سەبى۔ ئۇششاق باللارنى قەتلى قىلىش توغرىسىدا**

1293 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بەزى غازاتلىرىدا ئۆلتۈرۈلگەن بىر خوتۇن تېپىلدى، ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خوتۇنلارنى ۋە ئۇششاق باللارنى ئۆلتۈرۈشكە ئىنكار قىلدى.

**الله نىڭ ئازابى بىلەن ئازاب قىلىنمايدىغانلىغى توغرىسىدا**

1294 ـ ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدى: ئول ۋاقتىكى ئۇ ئىبنى ئاbbاسقا، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىرمۇنچە قەۋملەرنى ئوت بىلەن كۆيدۈرۈۋەتكەنلىك خەۋرى يەتكەندە، ئېيتتىكى: ئەگەر مەن بولسام ئۇلارنى كۆيدۈرمەيتىم، چۈنكى تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ‹‹الله نىڭ ئازابى بىلەن ئازاپ قىلماڭلار›› ۋە ئۇلارنى

ئۆلتۈرەتتىم، ھەم شۇنداقكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئۆزىنىڭ دىنىنى ئۆزگەرتكەن ئادەمنى ئۆلتۈرۈڭلار (يەنى ئىسلارم دىنىدىن يېنىپ باشقا دىنغا كىرگەن ئادەمنى دېمەكچى).

1295 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇر: پەيغەمبەرلەردىن بىر پەيغەمبەرنى چۈمۈلە چېقىۋالدى، ئاندىن ئۇ پەيغەمبەر چۈمۈلىنىڭ ئۇۋىسىنى كۆيدۈرۈۋشكە بۇيرىدى، ئاندىن كۆيدۈرۈلدى. ئاندىن الله تەئالا ئۇنىڭغا ۋەھى ئىبەردىكى سىنى بىر چۈمۈلە چاقسا، سەن الله تەئالاغا تەسبىھ ئېيتىدىغان ئۈممەتلەردىن بىر ئۈممەتنى كۆيدۈردۈڭ.

## ھويلىلارنى ۋە خورما دەرەخلىرىنى كۆيدۈرۈش توغرىسىدا

1296 ـ جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: ماڭا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئايا مىنى زىلخەلەسەدىن ئارام بەرمەمسەن؟ (زىلخەلەسە جاھلىيەت ۋاقتىدىكى الله سىز ئىبادەت قىلىندىغان بۇتنىڭ ئىسمى) ئۇ زىلخەلەسە خەسئەم قەبىلىسىدىكى كەبەتۇل يەمانىيە دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئۆي ئىدى. ئېيتتى جەرىر: مەن ئەھمەس قەبىلىسىدىن بىر يۈز ئەللىك ئاتلىق ئەسكەرلەر بىلەن يۈرۈپ كەتتىم، مەن ئات ئۈستىدە ئۆلتۈرالمايتىم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆكسۈمگە بىر ئۇردى، ھەتتا ئۇنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئىزىنى كۆكسۈمدە كۆردۈم. ۋە ئېيتتى: ئى الله ! ئۇنى سابىت قىلغىن ۋە ئۇنى ھىدايەت بىرىلگۈچى ۋە ھەق يولغا ماڭغۇچى قىلغىن. ئاندىن ئۇ جەرىر زىلخەلسەگە بېرىپ ئۇنى چېقىپ كۆيدۈرىۋەتتى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر ئەلچى ئەۋەتتى، خەۋەر قىلدۇر جەرىرنىڭ ئەلچىسى ئېيتتى: ئۆزلىرىنى ھەق بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن الله بىلەن

قەسەمكى، ئۇ زىلخەلەسەنى بۇرنى گۇيا قوتۇر يىغىر تۆگىدەك ۋەيران قىلىۋېتىپ ھۇزۇرلىرىغا كەلدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم اللہ تەئالا ئەھمەس قەبىلىسىنىڭ ئاتلىرىدا ۋە ئەرلىرىدە بەركەت ئاتا قىلسۇن دەپ بەش مەررە دۇئا قىلدى.

## جەڭنىڭ ھىلە ـ مىكرى ئىكەنلىكى توغرىسىدا

1297 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: كىسرا ھالاك بولدى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە كىسرا بولمايدۇر ۋە قەيسەرمۇ ئەلۋەتتە ھالاك بولىدۇ، ئاندىن قەيسەردىن كېيىن يەنە قەيسەر بولمايدۇر. ئەلۋەتتە ئۇل ئىككىسىنىڭ خەزىنىلىرىنى فى سەبىلىللاھ تەقسىم قىلىنىدۇر.

1298 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جەڭنى ھىلە دەپ ئاتىدى.

## جەڭدە تالاش ـ تارتىش ۋە ئىختىلاپ قىلىشنىڭ مەكروھلىغى ۋە ئىمامغا ئاسى بولغان كىشىنىڭ جازاسى توغرىسىدا

**1299 ـ بەرائ ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى** ۋەسەللەم ئوھود غازىتىدا ئابدۇللاھ ئىبنى جۇبەيرنى پىيادە ئەسكەرلەرگە باشلىق قىلدى، ئۇلار ئەللىك نەپەر كىشى ئىدى. ئاندىن ئېيتتى: ئەگەر بىزنى ئۇچار قۇش ئېلىپ كەتكەنلىگىنى كۆرسەڭلەرمۇ (يەنى بىزنى چىكىنگەن كۆرسەڭلەرمۇ) مۇشۇ جايىڭلاردىن تەۋرەنمەڭلار، ھەتتاكى مەن سىلەرگە ئەلچى ئەۋەتكىچىلىك. ئەگەر بىزنىڭ دۈشمەنلەرنى چىكىندۇرۇپ ئۇلارنى دەسسىگىنىمىزنى (ئاياق ئاستى قىلغىنىمىزنى) كۆرسەڭلارمۇ مەن سىلەرگە ئادەم ئەۋەتمىگىچە تەۋرەنمەڭلار. ئاندىن دۈشمەنلەرنى چىكىندۇرۇلدى. بەرائ ئىبنى ئازىب ئېيتتى: ۋەللاھۇكى مەن مۇشرىكلارنىڭ

ئاياللىرىنى پاچاقلىرى ۋە پاچاقلىرى ئۈستىدە خەلخاللىرى (پۇتىغا ئاسىدىغان ئالتۇن ھالقالىرى) ئېچىلىپ قالغان ھالدا كىيىملىرىنى كۆتۈرۈپ قېچىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئادىن ئابدۇللاھ بىننى جۇبەيىرنىڭ ئەسھابى ئېيتتى: ئى قەۋملەر ! غەنىمەت ـ غەنىمەتكە كىلىڭلار، ئەسھابلىرىڭلار غەلبە قىلدى، نىمىگە مۇنتەزىر بولىسەن، ئاندىن ئابدۇللاھ بىننى جۇبەيىر ئېيتتى: ئايا سىلەرگە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دىگەن سۆزنى ئۇنتۇپ قالدىڭلارمۇ؟ ئۇلار ئېيتتى: ۋەللاھۇ ئەلبەتتە خالايىقلار قېشىغا كېلىمىز، ئاندىن غەنىمەتتىن ئالىمىز، ئاندىن ئۇلار قالغان خالايىق قېشىغا كىلىپ ئىدى، ئۇلارنى قايتۇرۇلدى، ئاندىن ئۇلار چېكىنگەن ھالىتىدە يۈزلەندى. ئاندىن بۇ ئىش ۋەقتىكى ئۇلارنى ئۇلارنىڭ ئارقىدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چاقىرغاندا بولغاندۇر. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئون ئىككىلا ئادەم قالغان. ئاندىن ئۇ مۇشرىكلار بىزلەردىن يەتمىش كىشىنى شېھىد قىلدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەسھابلىرى بىلەن بەدرى كۈنى مۇشرىكلاردىن بىريۈز قىرىق كىشىگە يىتىپ، يەتمىشنى ئەسىر ئېلىپ ۋە يەتمىشنى ئۆلتۈرگەن ئىدى. ئاندىن ئەبۇسۇپيان قەۋمنىڭ ئىچىدە مۇھەممەد بارمۇ؟ دەپ ئۈچ قېتىم دىدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەسھاپلىرىنى جاۋاپ بىرىشتىن توسدى. ئاندىن ئايا قەۋمنىڭ ئىچىدە ئىبنى ئەبۇ قۇھاپە بارمۇ؟ دەپ ئۈچ قېتىم دىدى. ئاندىن ئايا قەۋمنىڭ ئىچىدە ئىبنى خەتتاب بارمۇ؟ دەپ ئۈچ قېتىم دىدى. ئاندىن ئەبۇ سۇپيان ئەسھابلىرى قېشىغا قايتىپ پەس ئۇلار ئۆلتۈرۈلدى دىدى. بۇنى ئاڭلاپ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنى تۇتالماي ۋەللاھۇ ئى الله نىڭ دۈشمىنى! سەن سانىغانلارنىڭ ھەممىسى ئەلۋەتتە تىرىكدۇر، تەھقىق سىنى ھالسىزلاندۇرىدىغان نەرسىلەر قېپقالدى دىدى. ئاندىن ئەبۇ سۇپيان ئېيتتى: بىركۈن بىركۈننىڭ باراۋىرىگەدۇر، جەڭ نۆۋەتلىك سوغۇ مەسىلىلىكدۇر (يەنى بەدىر جېڭىدە سىلەر غەلبە قىلغان،

ئوھود جېڭىدە بىز غەلىبە قىلدۇق، بۇكۈن ئۇ كۈننىڭ بەراۋىرىگەدۇر)، سىلەر ئۆلگەن قەۋمنىڭ پۈتى، قۇلى ۋە بۇرنى كېسىلگەنلىكىنى تاپىسىلەر، ئۇنداق قىلىشقا مەن ئەمىر قىلمىدىم ۋە ئۇ ئىش مىنى بەدھال قىلمايدۇر. ئاندىن مۇنداق نەزمە ئېيتتى: ئەي ھۇبۇل ئۆرلە ئەي ھۇبەل ئالى بول. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا جاۋاپ بەرمەمسىلەر دىدى. ئېيتىلەر: نىمە دەيمىز يارەسۇلۇللاھ؟ ئېيتتى: ئېيتىڭلار الله ئالىراقدۇر ۋە ئۇلۇغراقدۇر. ئاندىن ئەبۇ سۇپيان ئېيتتى: بىزلەرگە ئۇززا بار سىلەرگە ئۇززا يوقدۇر. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا جاۋاپ بەرمەمسىلەر؟ دىدى. ئۇلار نىمە دەيمىز يارەسۇلۇللاھ ! دىدى. ئېيتىڭلار: (ھۇبەل ۋە ئۇززا قۇرەيشلەرنىڭ چۇقۇنىدىغان ئىككى دانە بۇتى الله سىز)، يەنى الله بىزنىڭ خوجىمىزدۇر ۋە سىلەرنىڭ خوجاڭلار يوقدۇر.

## خالايىقنىڭ ئاگلىشى ئۈچۈن دۈشمەننى كۆرگەندە ئى تاڭ ئاتقىل دەپ نىدا قىلغان كىشى توغرىسىدا

1300 ـ سەلمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: مەن مەدىنىدىن غابە تەرەپكە ماڭغان ھالدا چىقتىم، ھەتتا غابە جىلغىسىغا كەلگىنىمدە ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋپىنىڭ خادىمى ماڭا يولۇقدى، ئېيتتىم: ساڭا نىمە بولدى؟ ئۇ ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈتلۈك تۆگىلىرى ئېلىپ كېتىلدى، ئېيتتىم: ئۇ تۆگىلەرنى كىم ئېلىپ كەتتى؟ ، ئۇ ئېيتتى: غەتپان ۋە پەزارە قەبىلىسى ئېلىپ كەتتى. ئاندىن ياسباھا دەپ تۋۋلىدىمكى، ئۇل مەدىنىنىڭ ئىككى ساي ئېقىنىنىڭ ئارلىغىغا ئاڭلاتتىم، ئاندىن ئۇلارغا يولۇقۇش ئۈچۈن يۈگۈردۈم ۋە ھالئۇلكى ئۇلار تۆگىلەرنى ئېلىپ كەتكەن ئىدى، ئۇلارغا ئوق ئاتىمەن ۋە ئېيتىمەن: مەن ئەكۋەنىڭ ئوغلىدۇرمەن، دۈشمەنلەر ھالاك بولىدىغان كۈنىدۇر. ئاندىن ئۇلار ئۇسۇزلۇق ئىچكىچە ئۇ

تۆگىلەرنى قوتقۇزۇۋالدىم، ئۇ تۆگىلەرنى ھەيدەپ كەلدىم. ئاندىن ماڭا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يولۇقدى، ئاندىن ئېيتتىم: يارەسۇلۇللاھ ! تەھقىق قەۋملەر ئۇسۇز ئىكەن ئۇلار سۇ ئىچكىچىلىك ئۇلارنى ئالدىراتتىم، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئادەم ئەۋەتسىلە. ئاندىن ئېيتتى: ئى ئىبنى ئەكۋە ! غەلىبە قىلدىڭ پەس چىرايلىق تىل ۋە يۇمشاغلىق قىل، تەھقىق قەۋملەر ئۆز قەۋمىنىڭ ئىچىدە مىھمان قىلىنىۋاتىدۇر، (يەنى ئۇيىگە بېرىپ بولدى، ئارقىدىن بارغىنىڭ پايدىسى يوق).

## ئەسىرنى قۇتۇلدۇرۇش توغرىسىدا

1301 ـ ئەبۇ موسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئەسىرنى خالاس قىلىڭلار، ئاچقالغانلارغا تائام بېرىڭلار ۋە ئاغرىقنى يوقلاڭلار.

1302 ـ ئەبۇ جوھەيپە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئېيتتىمكى: سىزلەرنىڭ ھۇزۇرۇڭلاردا قۇرئان دىكىدىن باشقا ۋەھىدىن بىر نەرسە بارمۇ؟ ئۇ ئېيتتى: ياق، داننى يېرىپ ئۈندۈرگەن ۋە جاننى ياراتقان اللە بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، قۇرئاندىن باشقا ۋەھىنى بىلمەيمەن، مەگەر اللە تەئالا بىر ئادەمگە قۇرئاندىن بەرگەن پەھمىنى ۋە مۇشۇ سەھىپەدىكى نەرسىنى بىلىمەن. مەن ئېيتتىم: ئۇ سەھىپەدە نىمە بار؟ ئۇ ئېيتتى: دىيەت (خۇن بەدىلىگە مال تۆلەش)، ئەسىرنى بوشۇتۇش ۋە شۇكى مۇسۇلماننى كاپىرنىڭ باراۋىرىگە ئۆلتۈرۈلمەيدۇر.

## مۇشرىكلاردىن پىديە ئېلىش توغرىسىدا

1303 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق ئەنسارىلەردىن بىرمۇنچە كىشىلەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئىزنى سوراپ ئېيتىدى:

يارەسۇلۇللاھ ! ھەمشىرىمىزنىڭ ئوغلى ئابباسدىن ئالىدىغان پىدىيەنى تەرك ئېتىپ ئالماسلىغىمىزغا ئىزنى بەرگەيلا ! ئاندىن ئۇل جاناب ئېيتتى: ئۇنىڭدىن بىر تەڭگىمۇ قويماي ئېلىڭلار.

## غەيرى مۇسۇلماننىڭ ئىسلام شەھرىگە پاناھسىز كىرىشى توغرىسىدا

1304 ـ سەلەمە بىننى ئەكۋە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەردىكى ۋاقتىدا ھۇزۇرىغا مۇشرىكلاردىن بىر جاسۇس كېلىپ، ساھابىلەرنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ گەپلىشىپ ياندى، ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ جاسۇسنى تەلەپ قىلىپ تېپىپ ئۆلتۈرۈڭلار دېدى، ئاندىن ئۇنى سەلەمە ئۆلتۈردى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئۆلگىچىنىڭ جابدۇق ـ ياراقلىرىنى سەلەمەگە بەردى.

## (52) ئەلچىلەرگە بېرىلىدىغان مۇكاپاتلار بابى

## ئەھلى زىممىلەرگە شاپائەت تەلەپ قىلىنامدۇر؟ ۋە ئۇلارغا مۇئامىلە قىلىنامدۇر؟ توغرىسىدا

1305 ـ ئىبنى ئاب‍باس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيشەنبە كۈنى ۋە نىمەدۇر پەيشەنبە كۈنى؟ ئاندىن يىغلىدى، ھەتتا ياشلىرى ئۇششاق تاشلارنى يۇلۇتىۋاتتى، ئاندىن ئېيتتى: پەيشەنبە كۈنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كېسىلى قاتتىق بولدى، ئاندىن ئېيتتى: ماڭا قەغەز كەلتۈرۈڭلار ! سىلەرگە شۇنى يېزىپ بېرەيكى ئۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز ئازمايسىلەر، ئاندىن ئۇلار تالاش ـ تارتىش قىلدى. پەيغەمبەرنىڭ ھۇزۇرىدا تالاش ـ تارتىش قىلىش لايىق ئەمەس ئىدى. ئاندىن ئېيتتىلەر: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كېسەل قاتتىق بولدى، ئاخىرەتكە ھىجرەت قىلغىلى تۇرىۋاتىدۇر. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: قويۇڭلار مىنى، مىنىڭدىكى مۇشۇ ھالىم سىلەر مىنى چاقىرىۋاتقان نەرسىدىن ياخشىدۇر.

ۋە ۋاپات قىلىدىغاندا ئۈچ تۈرلۈك ۋەسىيەت قىلدى، 1 ـ مۇشرىكلارنى ئەرەپ جەزىرىسىدىن چىقىرىۋېتىڭلار، 2 ـ ئەلچىلەرگە مەن مۇكاپات بەرگەندەك مۇكاپات بېرىڭلار، 3 ـ سىنى ئۇنتۇپ قالدىم.

## ناسىدە (بالاغەتكە يەتمىگەن) بالىغا ئىسلامنى قانداق توغرا قىلىش توغرىسىدا

1306 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خالايىق ئىچىدە ئۆرە تۇرۇپ اللە تەئالاغا لايىق سانا ئېيتتى، ئاندىن دەججالنى زىكرى قىلدى، ئاندىن ئېيتتى: مەن سىلەرنى ئۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرىمەن، ھەممە پەيغەمبەرلەر ئۇنىڭدىن ئۆز قەۋمىنى ئاگاھلاندۇردى، ئەلۋەتتە نوھ ئەلەيھىسسالامىمۇ ئۆز قەۋمىنى ئۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇردى، لېكىن ئېيتىمەن سىلەرگە بىر سۆزنىكى، ئۇ سۆزنى ھېچ بىر پەيغەمبەر ئۆز قەۋمىگە ئېيتمىدى، بىلىسىلەركى ئۇ دەججال يەكچەشمە (بىر كۆزى قارىغۇ) دۇر، اللە تەئالا يەكچەشمە (بىر كۆزى كور) ئەمەسدۇر.

## ئىمامنىڭ خالايىقنى ئەسكەرلىككە تىزىملاپ يېزىشى توغرىسىدا

1307 ـ ھۇزەيپە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: خالايىقلاردىن ئىسلام بىلەن لەبزى قىلغان (مۇسۇلمان بولغان) لارنى ماڭا تىزىملاپ يېزىپ بېرىڭلار، ئاندىن ئۇ زاتقا بىرمىڭ بەش يۈز كىشىنى يېزىپ بەردۇق، ئاندىن ئېيتتۇق: قورقىمىزمۇ؟ ھالئۇلكى، بىز بىرمىڭ بەش يۈز كىشى دۇرمىز ، پەس بىزنىڭ مۇپتىلا ـ گىرىپتار بولغىنىمىزنى كۆردۇم، ھەتتاكى بىر ئادەم ئۆزى تەنھا قورىققان ھالىتىدە ناماز ئوقۇيدۇر.

## دۈشمەن ئۈستىگە غەلىبە قىلىپ ئۇلارنىڭ مەيدانىدا ئۈچ كۈن تۇرغان كىشى توغرىسىدا

1308 ـ ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم تەھقىق بىر قەۋمگە غەلىبە قىلسا مەيداندا ئۈچ كۈن تۇراتتى.

## مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارنىڭ مېلىنى غەنىمەت ئېلىشى ئاندىن ئۇنى مۇسۇلمانلارنىڭ تېپىۋېلىشى توغرىسىدا

**1309** ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: ئۇنىڭ ئېتى قېچىپ كېتىپ قالدى، ئاندىن ئۇنى دۈشمەنلەر تۇتىۋالدى، ئاندىن ئۇلارغا مۇسۇلمانلار غەلىبە قىلىپ، ئۇ ئاتنى ئىبنى ئۆمەرگە قايتۇرۇپ بىرىلدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا ئىبنى ئۆمەرنىڭ بىر قۇلى قاچىدى، ئۇ رومغا قوشۇلدى، ئاندىن ئۇلارغا مۇسۇلمانلار غەلىبە قىلدى، ئاندىن ئۇ قۇلنى ئىبنى ئۆمەرگە خالىد ئىبنى ۋەلىد قايتۇرۇپ بەردى. يەنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن كېيىن.

## پارىس ۋە باشقا ئەجەم تىلى بىلەن سۆزلىگەن كىشى توغرىسىدا

**الله تەئالانىڭ {وَاخْتِلَافُ اَلسِنَتِكُمْ وَاَلْوَانِكُمْ} {يەنى سىلەرنىڭ تىللىرىڭلارنىڭ ۋە رەڭگىلىرىڭلارنىڭ خىلمۇ-خىل بۇلىشى الله تەئالانىڭ بىرلىگى ۋە بارلىغىنىڭ *ئالامەتلىرىدىندۇر*} دىگەن سۆزى ۋە {وَمَااَرْسَلْنَا مِنْ رُسُلٍ اِلَابِلِسَانِ قَوْمِهٖ} {*ئەۋەتمىدۇق* پەيغەمبەرلەردىن مەگەر ئۆزقەۋمىنىڭ تىلى بىلەن} دىگەن سۆزى توغرىسىدا**

**1310** ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: ئېيتتىم: يارەسۇلۇللاھ ! بىر پاخلاننى زەبھى قىلدۇق، بىر سا ئارپىنى ئۇن تاتدىم، ئاندىن ئۆزلىرى بىرنەچچە كىشى بىلەن كەلسىلە! ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاۋاز قىلدى، ئاندىن ئېيتتى: ئى خەندەك ئەھلى! جابىر تائام تەييارلىدى كىلىڭلار.

**1311** ـ ئۇممى خالىد بىنتى خالىد بىننى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى:

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىغا ئاتام بىلەن كەلدىم ۋە مىنىڭ ئۈستۈمدە سېرىق كۆينەك بار. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: سەنەھ، سەنەھ ۋە ئۇ ھەبەشىيە تىلى بىلەن چىرايلىق كۆينەك دىگەن بۇلۇر. ئېيتتى ئۇممى خالىد: پەيغەمبەرلىك مۆھرىنى ئوينىغىلى شۇرۇ قىلدىم، ئاندىن ئاتام مىنى توسدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: قوي ئۇ قىزنى، ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: چۇرۇۋەتكىن ۋە كونىراتقىن، ئاندىن چۇرۇۋەتكىن ۋە كونىراتقىن، ئاندىن چۇرۇۋەتكىن ۋە كونىراتقىن.

## غەنىمەتكە خىيانەت قىلىش توغرىسىدا

**الله تەئالانىڭ** {وَمَنْ يَغْلُلْ يَأْتِ بِمَا غَلَّ يَوْمَ الْقِيَامَةِ} مەنىسى ***{كىمكى غەنىمەتكە خىيانەت قىلىدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ خىيانەت قىلغان نەرسىسى بىلەن(يەنى خىيانەت قىلغان نەرسى گەجگىسىگە ئارتىلغان ھالدا) كېلىدۇ}.*** (سۈرە ئال ئىمران 161 ـ ئايەتى) توغرىسىدا

**1312** ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: قائىم بولدى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنىڭ ئىچىمىزدە، پەس زىكرى قىلدى غەنىمەتكە خىيانەت قىلىشنى، ئاندىن ئۇنى چوڭ گۇناھ ۋە ئۇنى ناھايىتى چوڭ ئىش دىدى، ئاندىن ئېيتتى: قىيامەت كۈنى سىلەرنىڭ بىرىڭلارنى گەدىنىدە مەرەپ تۇرغان قوي، ھېزناپ تۇرغان ئات بار تاپمىغايمەن، ئۇ بىرىڭلار ئېيتىدۇر: يارەسۇلۇللاھ ! ماڭا پەريات قىلغىن، ئاندىن ئېيتىمەن: سەن ئۈچۈن بىر نەرسىگە ئىگە بولالمايمەن، ساڭا دۇنيادا يەتكۈزدۇم ۋە ئۇنىڭ گەدىنىدە جىم تۇرىدىغان (گەپ قىلمايدىغان) ئالتۇن ـ كۈمۈش بار تاپمىغايمەن. ئېيتىدۇر: يارەسۇلۇللاھ ! پەرياد بەرگىن. ئاندىن ئېيتىمەن: ساڭا بىر نەرسىگە ئىگە بولالمايمەن، تەھقىق ساڭا دۇنيادا يەتكۈزگەن ئىدىم ۋە گەردىنىدە كىيىم ـ كېچەك بار تاپمىغايمەن، ئۇ كىيىم مىدىرلايدۇر. ئاندىن ئۇ بىرۇ ئېيتىدۇر: يارەسۇلۇللاھ !

پەريادىمغا يەتكىن، ئاندىن ئېيتىمەن: سەن ئۆچۈن بىر نەرسىگە ئىگە بولالمايمەن، تەھقىق دۇنيادا ساڭا يەتكۈزگەن ئىدىم.

## ئاز نەرسىمۇ خىيانەتتىن ئىكەنلىكى توغرىسىدا

1313 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۈك ـ تاقىغا قارايدىغان كىركىرە ناملىق بىر كىشى بار ئىدى. ئاندىن ئۇ ئۆلدى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئۇ دوزاخدادۇر. ئاندىن ساھابىلەر ئۇنىڭغا قارىغىلى باردى، ئاندىن ئۇ خىيانەت قىلغان بىر ئىبايەنى تاپدى.

## غازىلەرنىڭ ئىستىقبالىغا چىقىش توغرىسىدا

1314 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدى: ئۇ ئىبنى جەپەرگە ئېيتتى: ئايا يادىڭغا ئالالامسەنكى! مەن ۋە سەن ۋە ئىبنى ئاباس پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا چىقتۇق، ئېيتتى ئىبنى جەپەر: ھەئە ئاندىن بىزنى ئۇلاغىغا مىندۇردى ۋە سىنى تەرىك قىلدى.

1315 ـ سائىب ئىبنى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: ئۇششاق نارسىدەلەر بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا چىقتۇق، سەنىيەتۇل ۋەدائىغىچە.

1316 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئۇسپاندىن يېنىشىدا بىللە بولدۇق. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىنىڭ ئۇلۇغىنىڭ ئۇستىدەدۇر، تەھقىق سەپىيە بىنتى ھۇيەيىينى مىنگەشتۇرىۋالغان ئىدى. ئاندىن تۆگىسى تېيىلىپ كەتتى، ھەر ئىككىلىسى يىقىلدى، ئاندىن ئەبۇ تەلھە ئۇلۇغىدىن ئۆزىنى يەرگە ئاتتى، ئاندىن ئېيتتى: يارەسۇلۇللاھ ! الله مىنى ئۆزلىرىنىڭ پىدائى قىلسۇن.

ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئايالنى لازىم تۇت دىدى. ئاندىن ئەبۇ تەلھە يۈزىگە كىيىمنى يۆگەپ ئايالنىڭ قېشىغا كىلىپ كىيىمنى ئۇنىڭ يۈزىگە تاشلىدى ۋە ئىككىسىگە ئىككىسىنىڭ ئۇلاغىنى ئىسلاھ قىلىپ ئوڭشاپ بەردى، ئاندىن ئىككىسى مىندى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى قورشاپ ماڭدۇق، ئاندىن مەدىنىگە تىكىلىپ كۆرۈپ ئىدۇق، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: آيِبُونَ تَايِبُونَ عَابِدُونَ لِرَبِّنَا حَامِدُونَ قايتقۇچى بىز، تەۋبە قىلغۇچى بىز، ئىبادەت قىلغۇچى بىز، پەرۋەردىگارىمىزغا ھەمدۇ سانا ئېيتقۇچى بىز!. پەس ھەممىشە شۇنى ئېيتىدۇر ھەتتاكى مەدىنىگە كىردۇق.

## سەپەردىن قايتىپ كەلگەندە ناماز ئۇقۇش توغرىسىدا

1317 ـ كەئىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چاشكا ۋاقتىدا سەپەردىن قايتىپ كەلسە مەسجىدكە كىرەتتى، ئاندىن ئولتۇرۇشدىن ئىلگىرى ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى.

## غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرىنىڭ پەرزى توغرىسىدا

1318 ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: مىراس قالدۇرۇلمايمىز ۋە بىز تەرىك قىلغان نەرسە سەدىقەدۇر دىدى. الله تەئالا ئۇ زاتقا غەنىمەت قىلىپ بەرگەن مالدىن ئۆز ئەھلىگە ئۇلارنىڭ ژىللىق نەپىقىسىنى نەپىقە قىلىپ بىرەتتى، ئاندىن قېلىپ قالغىنىنى ئېلىپ، ئۇنى الله تەئالانىڭ مېلىنى سەرىپ قىلىدىغان ئورۇنغا (يەنى بەيتۇل مالغا) قوياتتى، ئاندىن كىيىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتتى: ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا ھازىر بولغان ساھابىلەرگە ئۇنىڭ ئىزنى بىلەن ئاسمان ۋە زىمىن قائىم بولىدىغان الله بىلەن سىلەرگە تەلەپ قويىمەنكى ئايا شۇنى بىلەمسىلەر؟ ئېيتتىلەر: ھەئە ۋە مەجلىسدە ئەلى،

ئابباس، ئوسمان، ئابدۇراھمان ئبنى ئەۋف، زۇبەير ۋە سەئىد ئبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم قاتارلىق ساھابىلەر بار ئىدى. ئەلى ۋە ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملەرنىڭ سۆزىنى ۋە ئۆلارنىڭ تالاش-تارتىشلىرىنى زىكرى قىلدى. ئۇنى كەلتۈرۈش، زىكرى قىلىش بىزنىڭ شەرتىمىزدىن ئەمەسدۇر. (ئەسكەرتىش: بۇئۆرۈن ھەدىسدۇر بۇنى مۇھتەسر ساھىبى ئۇنى زىكرىقىلىش بىزنىڭ شەرتىمىزدىن ئەمەس دىدى).

**پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زىرە چاپىنى، ھاسىسى، قىلىچى، قاچىسى، ئۈزۈكى ۋە ئۇنىڭدىن كىيىن خەلىپىلەر ئۇنىڭدىن ئىشلەتكەن ۋە تەقسىم قىلىشنى زىكرى قىلىنمىغان نەرسە، چاچلىرى، كەشلىرى، قاچا-قۇچىلىرى، ئەسھابلىرى ۋە باشقىلار. ئۇل جاناب پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋاپاتىدىن كىيىن تەۋەرۇك قىلىپ ساقلىغان نەرسلەردىن زىكرى قىلىنغان نەرسلەر توغرىسىدا**

1319 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق ئۇزات ساھابىلەرگە ئىككى كونا مويىسىز كەشنى چىقاردى، ئۇنىڭ ئىككى بۇغۇچى بار، ئاندىن ھەدىس قىلدى: تەھقىق بۇئىككىسى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كەشلىرىدۇر.

1320 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق ئۇ زات قېلىن ياماق بىر كىيىمنى چىقاردى ۋە ئېيتتى: بۇ كىيىمدە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ روھلىرى قەبزى قىلىندى.

1321 ـ بىر رىۋايەتدە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا قېلىن ژىرىك يەمەندە تۇقۇلغان بىر ئىزارنى ۋە سىلەر مۇلەببەدە دەيدىغان بىر كىيىمنى چىقاردى.

1322 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەمنىڭ قاچىلىرى سۇندى، ئاندىن سۇنغان يېرىق ئورنىغا كۆمۈشتىن زەنجىر قىلدى.

## (53) غەنىمەتلەر بابى

**اللە تەئالانىڭ** {فَأَنَّ لِلَّهِ خُمُسَهُ وَلِلرَّسُولِ وَلِذِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينِ وَابْنِ السَّبِيلِ} **مەنىسى** *{ئى مۆمىنلەر! بىلىڭلەركى سىلەر ئالغان غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرى اللە تەئالاغا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۇنىڭ خىش ئەقرىبالىرىگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە خاسدۇر}* **(سۈرە ئەنپال 41 ـ ئايەت) توغرىسىدا**

**1323 ـ** جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدى: بىزدىن بىر كىشىگە ئوغۇل تۇغۇلدى، ئۇنىڭغا قاسىم دەپ ئىسىم قويدى. ئاندىن ئەنسارىلەر ئېيتتى: ساڭا ئوبۇل قاسىم دەپ كۇنىيەت قويمايمىز ۋە سىنى كۆزدىن خۇرسەن قىلمايمىز. ئاندىن ئۇكىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىغا كىلىپ، يارەسۇلۇللاھ ! ماڭا بىر ئوغۇل تۇغۇلدى، ئۇنىڭغا قاسىم دەپ ئىسىم قويدۇم، ئاندىن ئەنسارلار سىنى ئوبۇل قاسىم دەپ كۇنىيە قىلمايمىز ۋە سىنىڭ كۆزۈڭنى خوشقىلمايمىز دەيدۇلەر دىدى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئەنسارىلەر ياخشى دەپتۇ، مىنىڭ ئىسمىم بىلەن ئاتاڭلار ۋە مىنىڭ كۇنىيەتىم بىلەن كۇنىيەت قويماڭلار! پەس مەن قاسىم دۇرمەن.

**1324 ـ** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئېيتتى: مەن سىلەرگە ئاتامۇ قىلمايمەن ۋە مەنئىمۇ قىلمايمەن، مەن تەقسىم قىلغۇچىدۇرمەن، ماڭا بۇيرۇلغان جايدا قويىمەن اللە نىڭ ئەمرى بىلەن.

**1325 ـ** خەۋلەتە ئەنسارىيە رەزىيەللاھۇئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇر: قىيامەت كۈنى دوزاخ، اللە تەئالانىڭ مىلىنى ھەقسىز

تەسەررۇپ قىلغان كىشىلەرگىدۇر.

## پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ‹‹سىلەرگە غەنىمەتلەر ھالال قىلىندى›› دىگەن سۆزى توغرىسىدا

1326 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئېيتتى: پەيغەمبەرلەردىن بىر پەيغەمبەر غازات قىلدى، ئاندىن قەۋمىگە ئېيتتى: خوتۇن كىشىنىڭ نىكاھىغا ئىگە بولۇپ، ئۇنى ئۆز ئۆيىگە كۆچۈرۈشنى ئىرادە قىلىپ تېخى ئۇنى كۆچۈرمىگەن كىشى ۋە يەنە ئۆي سېلىپ ئۇنىڭ ئۆگزىسىنى ياپمىغان كىشى ۋە يەنە قوي ۋە بوغاز تۆگىلەرنى سېتىۋېلىپ ئۇنىڭ تۇغۇشىغا مۇنتەزىر بولۇپ تۇرغان كىشى ماڭا ئەگەشمىسۇن. ئاندىن ئۇ پەيغەمبەر غازات قىلدى، ئاندىن ئەسىر نامىزى ۋاقتىدا ياكى شۇنىڭغا يېقىن ۋاقىتتا بىر يېزىغا يېقىن كەلدى. ئاندىن قۇياشقا ئېيتتى: تەھقىق سەنمۇ بۇيرۇلغۇچى ۋە مەنمۇ بۇيرۇلغۇچى، ئى اللە ! قۇياشنى بىزگە توختاتقىن، ئاندىن قۇياش توختىتىلدى، ھەتتاكى اللە ئۇ پەيغەمبەرگە پەتھى قىلدى، ئاندىن غەنىمەتلەرنى جەمى قىلدى. ئاندىن ئوت ئۇنى كۆيدۈرۈش ئۈچۈن كەلدى، ئاندىن ئۇنى كۆيدۈرمىدى، پەيغەمبەر ئېيتتى: تەھقىق سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا خىيانەت بار ئىكەن، ئاندىن ماڭا ھەربىر قەبىلىدىن بىر كىشى بەيئەت قىلسۇن، ئاندىن بىركىشىنىڭ قولى ئۇنىڭ قولىغا چاپلىشىپ قالدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئېيتتى: سىلەردە خىيانەت بار، ئاندىن بەيئەت قىلسۇن ماڭا سېنىڭ قەبىلەڭ؟ ئاندىن ئىككى ياكى ئۈچ ئادەمنىڭ قولى ئۇنىڭ قولىغا چاپلىشىپ قالدى، ئاندىن ئېيتتى: سىلەردە خىيانەت بار؟ ئاندىن ئۇلار كالىنىڭ بېشىدەك ئالتۇننى كەلتۈردى، ئاندىن ئوت كىلىپ ئۇنى كۆيدۈردى، ئاندىن اللە تەئالا بىزلەرگە غەنىمەتلەرنى ھالال قىلدى. بىزنىڭ زەئىپلىقىمىزنى ۋە ئاجىزلىقىمىزنى كۆردى، ئاندىن ئۇ غەنىمەتلەرنى بىزلەرگە

ھالال قىلدى.

1327 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نەجدى تەرەپكە بىر قوشۇن ئەۋەتتى. ئىبنى ئۆمەر ئۇلارنىڭ ئىچىدە بار، ئاندىن ئۇ قوشۇن نۇرغۇن تۆگىلەرنى غەنىمەت ئالدى، ئۇلارنىڭ نەسىۋىلىرى ئون ئىككى ياكى ئون بىر تۆگە بولدى ۋە ئۇلارغا بىردىن بىردىن تۆگە زىيادە بېرىلدى.

1328 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جىئىررانەدە غەنىمەتنى تەقسىم قىلىۋاتقان ئارلىقدا، تۇيۇقسىز بىر ئادەم ئۇنىڭغا ئادىل قىلغىن دېدى.ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئەگەر ئادىل قىلمىسام ئەلۋەتتە شەقى بولدۇم.

**پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىدىغانلارغا ۋە ئۇلارنىڭ غەيرىگە غەنىمەتدىن بەشدىن بىرىنى ۋە ئۇنىڭ غەيرىنى ئاتا قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا**

1329 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق ئۆمەر ھۇنەيىن ئەسىرلىرىدىن ئىككى دېدەكنى ئەسىر ئالدى، ئاندىن ئۇ ئىككىسىنى مەككىنىڭ بەزى ئۆيلىرىدە قويدى. ئىبنى ئۆمەر ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇنەيىن ئەسىرلىرىنى قويۇپ بەردى، ئەسىرلەر كوچىلاردا يۈگۈرىشىدۇر، ئاندىن ئۆمەر ئېيتتى: ئى ئابدۇللاھ! قارىغىن بۇ نىمەدۇر؟ ئىبنى ئۆمەر ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەسىرلەرنى قويۇپ بەردى. ئۆمەر ئېيتتى: بارغىن ئىككى دېدەكنى قويۇپ بەرگىن.

**ياراق نەرسە ـ كېرەكلەرنى بەشدىن بىرى قىلمىغان ۋە قاتىلنى ئۆلتۈرگەن كىشىگەدۇر، ئۇ قاتىلنىڭ ياراق جابدۇغىنى بەشدىن بىرى قىلماسدىن دېگەن كىشى ۋە ئۇنىڭدا ئىمامنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا**

1330 ـ ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: بەدرى كۈنى سەپتە تۇرغىنىمدا ئوڭ ۋە سول تەرپىمگە قارىدىم، تۇيۇقسىز ئەنسارىلەردىن ئىككى ياش يىگىتكە كۆزۈم چۈشدى، ئۇ ئىككىسىنىڭ كۈچلۈكراغىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇشنى ئارزۇ قىلدىم. ئاندىن ئۇئىككىسىنىڭ بىرى ماڭا ئىشارەت قىلىپ ئى تاغا ! ئەبۇ جەھىلنى تونۇمسىز؟ دىدى. ھەئە ئۇنىڭغا نىمە ھاجىتىڭ بار ئى بۇرادىرىمنىڭ ئوغلى دىدىم. ئۇ ئېيتتى: ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دەشنام قىلىدۇ دەپ خەۋەر ئاڭلىدىم، قەسەم ئولۇزاتىغىكى نەپسىم ئۇل زات ئىلكىدەدۇر، يەنى الله بىلەن قەسەم قىلىمەنكى ئەلۋەتتە ئۇنى كۆرسەم مىنىڭ قارام ئۇنىڭ قارىسىدىن ئايرىلمايدۇ، ھەتتا ئۆلىدۇر بىزدىن ئالدىرغۇچىراغى. ئاندىن بۇنىڭغا ھەيران قالدىم، يەنە بىرسىمۇ ماڭا ئىشارەت قىلىپ ئاشۇنداق دىدى. ئاندىن تورمايلا ئەبۇ جەھىلگە قارىسام ئۇ خالايىق ئىچىدە جەۋلان قىلىپ يۈرۈيدۇر. ئاندىن ئېيتتىم: تەھقىق ئاشۇ مەندىن سورىغان ھەمرايىڭلەر شۇدۇر. ئۇ ئىككىسى قىلىچلىرى بىلەن ئۇنىڭغا يۈگۈرۈپ بىرىپ ئۇنى ئۇرۇپ ھەتتا ئۆلتۈردى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھوزۇرىغا قايتىپ بىرىپ ئۇنىڭغا خەۋەر قىلدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككىڭلارنىڭ قايسىڭلار ئۇنى ئۆلتۈردۈڭلار؟ دىدى. ئۇ ئىككىسىدىن ھەربىرى مەن ئۆلتۈردۈم دىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىلىچلارنى سىلاپ باقتىڭلارمۇ دىدى. ئۇلار ئېيتتى: ياق. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى قىلىچقا قاراپ ھەر ئىككىڭلار ئۇنى ئۆلتۈرۈپسىزلەر دىدى. ئاندىن ئەبۇ جەھىلنىڭ ياراق جابدۇقلىرىنى مۇئاز بىننى ئەمرۇ بىننى جۇمۇھقا بەردى ۋە ئۇ ئىككى ئۆلتۈرگەن يىگىت مۇئاز بىننى ئەپرا ۋە مۇئاز بىننى ئەمرۇ بىننى جۇمۇھ ئىدى.

1331 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

ئېيتتى: تەھقىق مەن قۇرەيشگە ئۇلارنىڭ دىلىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش ئۈچۈن ئاتا قىلىمەن، چۈنكى ئۇلارنىڭ زامانى جاھىلىيەتكە يېقىندۇر.

1332 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق ئەنسارىلەردىن كىشىلەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئېيتتىلەر: الله تەئالا ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ھەۋازان ماللىرىدىن غەنىمەت قىلىپ بەرگەن ۋاقتىدا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇرەيشىدىن بىر مۇنچە كىشىلەرگە يۈز تۆگە بەردى. ئەنسارىلەر ئېيتتى: الله تەئالا رەسۇلۇللاھ غا مەغپىرەت قىلسۇن، قۇرەيشكە بېرىدۇر ۋە بىزنى تەرك قىلىدۇر، ھالئۇلكى بىزنىڭ قىلىچلىرىمىزدا ئۇلارنىڭ قانلىرى تامىدۇ. ئاندىن بۇلارنىڭ سۆزلىرى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۆزلەندى. ئاندىن ئۇلارغا ئادەم ئەۋەتىپ ئۇلارنى چەمدىن ياسالغان بىر چېدىرغا جەمى قىلدى ۋە ئەنسارىلەر بىلەن ئۇلاردىن باشقا بىرسىنى چاقىرمىدى.ئاندىن ئۇلار يىغىلغاندىن كېيىن ئۇلارغا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېلىپ ئېيتتى: سىلەردىن ماڭا يەتكەن سۆز نىمىدۇر؟ ئاندىن ئەنسارىلارنىڭ ئالىملىرى ئېيتتى: ئەمما بىزنىڭ رائىيى ئېگىلىرىمىز يارەسۇلۇللاھ ھېچنىمە دېمىدى. تەھقىق ھەدىسنىڭ ئۆزۈنلىغى بىلەن يۇقۇرىدا ئۆتتى.

1333 ـ جۇبەيرى ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئىدى، خالايىقمۇ ئۇ رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە ھۇنەيىندىن كەلگەن ھالدا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سەھرايى ئەرەپلىرى سوئال قىلىپ ئېسىلىۋالدى، ھەتتا ئۇنى سۇمەرە دەرىخىگە قىستىدىلەر، ئۇ دەرەخ رىدالىرىنى ئىلىۋالدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۇردى ئاندىن ئېيتتى: ماڭا رىدايىمنى بىرىڭلار، پەس ئەگەر مۇشۇ تىكەن دەرىخى سانىچە چارۋا بولسا ئەلۋەتتە ئۇنى ئاراڭلاردا تەقسىم قىلىپ بېرەتتىم،

ئاندىن منى بىخىل، يالغانچى ۋە قورقۇنچاق تاپمايتتىڭلار.

1334 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە مېڭىۋاتار ئىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىدە نەجراندا توقۇلغان گىرۋىكى قوپال تون بار ئىدى، ئاندىن ئۇ رەسۇلۇللاھنى سەھرالىق بىر ئەرەپ تاپىدى، ئاندىن ئۇنى قاتتىق تارتتى ھەتتاكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ گەجگىسىگە قارىدىمكى، ئۇ گەجگىسىگە رىدانىڭ گىرۋىكى تەسىر قىلدى، ئۇنىڭ بەك قاتتىق تارتقانلىقىدىن. ئاندىن ئۇ ئەرابى ئېيتتى: سەندىكى الله نىڭ مېلىدىن بەرگىن؟ ئاندىن ئۇنىڭغا قاراپ كۈلدى، ئاندىن ئۇنىڭغا بىرىشنى بۇيرىدى.

**پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دىلىنى ئىسلامغا مايىل قىلىدىغانلارغا ۋە ئۇلارنىڭ غەيرىگە غەنىمەتدىن بەشدىن بىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشىنى بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا**

1335 ـ ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ھۇنەيىن كۈنى بولۇپ ئىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەقسىملەشدە بىرمۇنچە كىشىنى ئىختىيار قىلدى، ئەقرە بىننى ھابىسقا يۈز تۆگە بەردى ۋە ئۇيەينەگىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بەردى ۋە ئەرەپ كاتتىلىرىدىن بىرمۇنچە كىشىلەرگە بەردى، پەس ئۇلارنى شۇ كۈندە ئىختىيار قىلدى. ئاندىن بىر كىشى ئېيتتى: تەھقىق بۇ تەخسىملەشدە ئادىل قىلىنمىدى ياكى ئۇنىڭدا الله نىڭ زاتى ئىرادە قىلىنمىدى. ئاندىن ئېيتتىم: ۋەللاھۇ ئەلۋەتتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خەۋەر قىلىمەن، ئاندىن ئۇنىڭ قېشىغا كىلىپ خەۋەر قىلدىم. ئۇ زات ئېيتتى: پەس كىم ئادىل قىلىدۇر؟ ۋەقتىكى الله ۋە پەيغەمبىرى ئادىل قىلمىسا؟ الله موساغا رەھىم قىلسۇن، تەھقىق ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن كۆپراق ئەزىيەت بىرىلدى، ئۇ سەۋىر قىلدى.

**ھەربى زىمىندا تائامدىن يەتكەن نەرسە توغرىسىدا**

**1336 ـ** ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدى: بىز جەڭلىرىمىزدە ھەسەل ۋە ئۈزۈملەرگە يېتەر ئىدۇق، ئاندىن ئۇنى يەيمىز ۋە ئۇنى كۆتەرمەيمىز.

**ئەھلى زىممىدىن جىزيە ئېلىش ۋە ئەھلى ھەربىپ بىلەن بىر مۇددەت شىركەتلىشىش توغرىسىدا**

**1337 ـ** ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: ئۇ ئۆلۈشىدىن بىر ژىل ئىلگىرى بەسرە ئەھلىگە خەت يازدى، مەجۇسىدىن نىكاھ ھارام بولىدىغان يېقىن تۇققانلارنىڭ ئارىسىنى ئاجرىتىۋېتىڭلار. ئۆمەر مەجۇسىدىن جىزيە ئالمىغان ئىدى، ھەتتاكى ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف گۇۋاھلىق بەردىكى، تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەجەر مەجۇسلىرىدىن جىزيە ئالدى.

**1338 ـ** ئەمرۇ ئىبنى ئەۋف ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: ئۇ بەنى ئامىر بىننى لۇئەينىڭ ئىتتىپاقدىشى ئىدى، ئۇ بەدرىگە ھازىر بولغان ئىدى. تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھنى بەھرەيىنگە ئۇنىڭ جىزيەسىنى ئەكەلگىلى ئەۋەتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەھرەيىن ئەھلى بىلەن سۈلھى قىلىشقان ئىدى، ئۇلارغا ئەلائ بىننى ھەزرەمىنى ئەمىر قىلغان ئىدى. ئاندىن ئەبۇ ئۇبەيدە بەھرەيىننىڭ مېلى بىلەن يېتىپ كەلدى، ئاندىن ئەنسارىلەر ئەبۇ ئۇبەيدەنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىدىلەر، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بامدات نامىزىنى تاپىدىلەر، ئاندىن ئۇلارغا بامدات نامىزىنى ئوقۇپ قايتتى، ئاندىن ئۇلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە توغرا بولدى، ئۇلارنى كۆرۈپ كۈلدى ۋە ئېيتتى: ئەبۇ ئۇبەيدە بىرنەرسە ئەكەلدى دەپ ئاڭلىدىڭلار دەپ گۇمان قىلىمەن. ئېيتتىلەر شۇنداق يارەسۇلۇللاھ ! ئېيتتى: پەس خۇرسەن

بۇلۇڭلار ۋە سىلەرنى خوش قىلىدىغان نەرسىنى ئارزۇ قىلىڭلار، پەس ۋەللاھۇ سىلەرنىڭ پېقىر بۇلۇپ قېلىشىڭلاردىن قورۇقمايمەن ۋە لېكىن سىلەرگە دۇنيا كەڭ يېيىلىپ كېتىشىدىن قورقىمەن! قانداقكى سىلەردىن ئىلگىركى كىشىلەرگەيېيىلدى، ئاندىن ئىلگىركى كىشىلەر دۇنيادا رىغبەت قىلغاندەك سىلەرمۇ رىغبەت قىلغايسىلەر، دۇنيا ئۇلارنى ھالاك قىلغاندەك سىلەرنىمۇ ھالاك قىلغاي (بۇنىڭدىن قورقىمەن).

1339 ـ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق ئۇ خالايىقلەرنى چوڭ شەھەرلەرگە مۇشرىكلەر بىلەن ئۇرۇش قىلغىلى ئەۋەتدى، ئاندىن ھۇرمۇزان مۇسۇلمان بولدى، ئاندىن ئۆمەر ئېيتتى: تەھقىق مەن مۇشۇ غازىتىمدا ساڭا مەسلىھەت سالماقچىدۇرمەن، ھەئە بولىدۇ، ئاندىن ھۇرمۇزان ئېيتتى: ئۇ شەھەرلەر ۋە ئۇنىڭدىكى بار خالايىق مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمىنىدىن بېشى ۋە ئىككى قانىتى ۋە ئىككى پۇتى بار قۇشقا ئوخشاشدۇر. پەس ئەگەر ئىككى قاناتىنىڭ بىرى سۇنسا، ئىككى پۇت بىر قانات ۋە بىر باش بىلەن قوپۇدۇر، پەس ئەگەر يەنە بىر قانات سۇندۇرۇلسا ئىككى پۇت ۋە بىر باش قوپۇدۇر. پەس ئەگەر باش ياربدار قىلىنسا ئىككى پۇت ۋە ئىككى قانات ۋە باش كېتىدۇر. پەس باش كىسرادۇر ۋە قانات قەيسەردۇر ۋە يەنە بىر قانات پارسدۇر. ئاندىن مۇسۇلمانلەرگە ئەمرقىل كىسراغا قوزغالسۇن، ئاندىن ئۆمەر خالايىقدىن بىر بۇلۇك جامائەتنى چاقىردى ۋە ئۇلەرگە نۇئمان بىننى مۇقرىننى باشلىق قىلدى، ھەتتاكى ئۇلار دۈشمەن زېمىندا بۇلۇپ ئىدىلەر، ئۇلارغا كىسرانىڭ باشلىغى قىرىق مىڭ ئەسكەر بىلەن چىقدى. پەس تەرجىمان قوپتى ئاندىن ئېيتتى: ماڭا سىلەردىن بىرىڭلار سۆزلىسۇن، ئاندىن مۇغىرە ئېيتتى: خالىغان نەرسەڭدىن سورىغىن. ئاندىن ئېيتتى: نەدىن سىلەر؟ ئېيتتى: بىز ئەرەپدىن بىر جامائەت، بىز قاتتىق بەختسىز ۋە قاتتىق بالادا ئىدۇق، ئاشلىقدىن تېرىنى ۋە ئۇرۇقچىنى شورايمىز ۋە يۇڭنى

ۋە موينى كېيمىز، دەرەخ ۋە تاشقا ئىبادەت قىلىمىز، بۇئارىدا بىز شۇنداق ئىدۇق، تۇيۇقسىز ئاسمان زېمىننىڭ پەرۋەردىگارى اللە تەئالا بىزلەرگە ئۆز ئىچىمىزدىن بىز ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى تونۇيدىغان پەيغەمبەرنى ئەۋەتتى. ئاندىن بىزنى پەرۋەردىگارىمىزنىڭ پەيغەمبىرى ـــ پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىلەرگە ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرىدى، ھەتتاكى بىر اللە تەئالاغا ئىبادەت قىلغايسىلەر ياكى جىزيەنى ئادا قىلغايسىلەر، بىزلەرگە پەرۋەردىگارىمىزنىڭ پەيغەمبەرلىكىدىن خەۋەرقىلدىكى، تەھقىق بىزدىن بىرىمىز ئۆلتۈرۈلسە ئوخشىشى كۆرۈلمىگەن نىمەت ئىچىدە جەننەتكە كىرىدۇر ۋە ھايات ـ باقى قالسا سىلەرنىڭ گەدىنىڭلەرگە ئىگە بولىدۇر. ئاندىن نۇئمان ئېيتتى: بىيسار ھازىر قىلدى اللە تەئالا سىنى ئاشۇ غازاتنىڭ ئوخشىشىغا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئاندىن سىنى پۇشايمان قىلدۇرمىدى ۋە سىنى رەسۋا قىلمىدى، لىكىن مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئۇرۇشقا ھازىر بولدۇم، كۈندۈزنىڭ ئەۋۋىلىدە ئۇرۇش قىلمىسا تەخىر قىلاتتى، ھەتتاكى شامال قوزغالغاي ۋە نامازلار ھازىر بولغاي.

**ئىمام شەھەر باشلىغى بىلەن سۈلھى قىلسا ئۇلارنىڭ قالغانلىرىغا بۇ سۈلھى بولامدۇر؟ توغرىسىدا**

1340 ـ ئەبۇ ھۇمەيدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن تەبۇكقا غازات قىلدۇق ۋە ئۇلارنىڭ پادىشاھى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىردانە ئاق قېچىرنى ھەدىيە قىلدى ۋە ئۇنىڭغا تون كەيدۈردى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا بەھرەيىن شەھىرىنى باشقۇرۇشقا رۇخسەت يېزىپ بەردى.

**گۇناھسىز زىممىنى ئۆلتۈرگەن كىشىنىڭ گۇناھى توغرىسىدا**

1341 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: كىمكى زىممىنى ئۆلتۈرسە جەننەتنىڭ بۇيىنى پۇريالمايدۇر، تەھقىق

جەننەتنىڭ بۇيى قىرىق يىللىق مۇساپىدىن پۇراپ تۇرىدۇ.

**مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارغا قىلغان ۋەدىسىنى بۇزسا ئۇلارنى ئەپۇ قىلنىمدۇ توغرىسىدا**

1342 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: خەيبەرنى پەتھى قىلغاندا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە زەھەر سېلىنغان بىر قوينى ھەدىيە قىلىندى، ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: بۇيەردىكى يەھۇدىلارنى جەمى قىلىڭلار! ئۇلار جانابى رەسۇلۇللاغا جەمى قىلىندى، ئاندىن ئېيتتى: مەن سىلەردىن بىر نەرسىدىن سورىماقچىمەن، سىلەر ماڭا راس ئېيتامسىلەر؟ پەس ئېيتتىلەر: ھەئە، ئاندىن ئۇلارغا ئېيتتى: ئاتاڭلار كىم؟ ئېيتتىلەر: پالانى. ئاندىن ئۇل جاناب ئېيتتى: يالغان ئېيتتىڭلار بەلكى ئاتاڭلار پالانىدۇر. ئېيتتىلەر: راس ئېيتتىڭ. ئاندىن ئۇل جاناب ئېيتتى: ئايا راس ئېيتارسىلەرمۇ؟ ئەگەر بىر نەرسىدىن سورىسام. پەس ئېيتتىلەر: ھەئە، ئى ئۇبۇل قاسىم، ئەگەر يالغان ئېيتساق بىلىۋالىسەن، قانداقكى ئاتىمىز ھەققىدە يالغاننى بىلىۋالدىڭ سەن. ئاندىن ئۇلارغا ئېيتتى: دوزاخ ئەھلى كىمدۇر؟ ئېيتتىلەر: ئۇنىڭدا ئازكۇن تۇرىمىز، ئاندىن بىزنىڭ ئورنىمىزدا ئۇنىڭدا ئىز باسار بولىسىزلەر. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: يىراق كېتىڭلار دوزاخدا، ۋەللاھۇ سىلەرگە دوزاخدا مەڭگۇ ئىز باسار بولمايمىز. ئاندىن ئۇل جاناب ئېيتتى: ئايا سىلەر ماڭا راس ئېيتارسىلەرمۇ؟ ئەگەر سىلەرگە بىز نەرسىدىن سوئال قىلسام. پەس ئېيتتىلەر: ھەئە ئى ئۇبۇل قاسىم. ئاندىن ئۇل جاناب ئېيتتى: ئايا مۇشۇ قويغا زەھەر سالدىڭلارمۇ؟ ئېيتتىلەر: ھەئە. ئۇل جاناب ئېيتتى: بۇنداق قىلىشقا سىلەردە نىمە سەۋەپ بولدى؟ ئېيتتىلەر: ئەگەر يالغانچى بولساڭ سەندىن قۇتۇلۇشنى ئىرادە قىلدۇق، ئەگەر پەيغەمبەر بولساڭ ئۇ زەھەر ساڭا زەرەر (زىيان) قىلمايدۇر.

## مۇشرىكلەر بىلەن مالغا ۋە ئۆزىنىڭ غەيرىگە سۈلھى قىلىش ھەققىدە ۋە ۋەدىگە ۋاپا قىلمىغان كىشىنىڭ گۇناھى توغرىسىدا

1343 ـ سەھلى ئىبنى ئەبى ھەسمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: ئابدۇللاھ بىننى سەھلى ۋە مۇھەييەسەتە بىننى مەسئۇد بىننى زەيىد خەيبەرگە يولوپ كەتتى، ئۇ خەيبەر ئۆكۈنلەردە كىلىشىملىق ئىدى.ئاندىن بۇ ئىككىسى ئايرىلىپ كىتىشدى. ئاندىن مۇھەييەسە ئابدۇللاھ بىننى ئىبنى سەھلىنىڭ قېشىغا باردى، ھالئۇلكى ئۇ ئۆزىنىڭ قېنى ئىچىدە ئۆلتۈرۈلگەن ھالدا مىدىرلايدۇر، ئاندىن ئۇنى دەپنە قىلدى، ئاندىن مەدىنىگە كەلدى. ئاندىن ئابدۇراھمان بىننى سەھلى ۋە مۇھەييەسە ۋە ھۇۋەييەسە مەسئۇدىنىڭ ئىككى ئوغلى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىغا باردى. ئاندىن ئابدۇراھمان سۆزلىگىلى باشلىۋىدى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم گەپنى چوڭغا بەرگىن، چوڭنى ئىلگىرى قىل دىدى. ئابدۇراھمان قەۋمنىڭ ياشراغى ئىدى. ئاندىن ئابدۇراھمان جىم تۇردى. ئاندىن بىز سۆزلىدۇق، ئاندىن ئېيتتى: ئايا قەسەم قىلامسىلەر ۋە قاتىلىڭلارنىڭ ياكى ساھىبىڭلارنىڭ خۇنىغا ھەقلىق بولسىلەر. ئېيتتىلەر: قانداق قەسەم قىلىمىز، ھالئۇلكى بىز ھازىر بولمىساق ۋە كۆرمىسەك. ئېيتتى: سىلەردىن قۇتۇلىدۇر يەھۇدىلار ئەللىك ئادەمنىڭ قەسىمى بىلەن. ئاندىن ئېيتتىلەر: كاپىر قەۋملەرنىڭ قەسىمىنى قانداق تۇتىمىز، ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆز نەزدىدىن (بەيتۇل مالدىن) تۆلەم بەردى.

زىممى سېھرى (جادۇ) قىلسا ئۇنىڭدىن ئەپۇ قىلىنامدۇر؟ توغرىسىدا

1344 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سېھرى قىلىندى ھەتتاكى ئۇنىڭغا بىر ئىشنى قىلدى دەپ خىيال قىلىندۇر ۋە ئۇنى

قىلمىغان ئىدى.

## ۋەدىنى بۇزۇشتىن ھەزەر قىلدۇرۇش توغرىسىدا

1345 ـ ئەۋۇ ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەبۇك غازىتىدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىغا كەلدىم ئۇزات چېدىر ئىچىدە ئىكەن. ئاندىن ئېيتتى: قىيامەتنىڭ ئالدىدا ئالتە ئىشنى سانىغىل، 1 ـ مېنىڭ ئۆلۈمۈم، 2 ـ ئاندىن بەيتۇل مۇقەددەسنىڭ پەتھى قىلىنىشى، 3 ـ ئاندىن تۇيۇقسىز كۆپ ئۆلۈش قوي ئۆلۈش كېسىلىگە ئوخشاش، 4 ـ ئاندىن مالنىڭ كۆپ بولۇشىنى تەلەپ قىلىش، ھەتتاكى بىر كىشىگە يۈز تىللا بېرىلسە غەزەپ قىلىدۇر، 5 ـ ئاندىن ئەرەپ ئۆيلىرىگە  بىرمۇ ئۆي قالدۇرماي كىرىدىغان پىتنە، 6 ـ ئاندىن سىلەر بىلەن روملۇقلار ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان سۈلھى، ئاندىن ئۇلار سۈلھىنى بۇزۇدۇر، ئاندىن ھەر بايراق تەكتىدە ئون ئىككى كىشى بار ھالدا سەكسەن بايراق تەكتىدە سىلەرگە كېلىدۇر.

## ئەھدە ـ ۋەدە قىلىپ ئاندىن ئۇنى بۇزغان كىشى توغرىسىدا

1346 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى:  قانداق سىلەرگە ۋەقتىكى تىللا ۋە تەڭگىنى جىزيە ئالمىساڭلار. ئاندىن ئۇنىڭغا دېيىلدى: قانداق بۇنى بولغۇچى كۆرىسەن ئى ئەبۇ ھۇرەيرە؟ ئېيتتى: ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ نەپسى ئىلكىدىكى الله بىلەن قەسەمكى، سادىق مەسدۇق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن رىۋايەتدۇر، ئېيتتىلەر: نىمە جەھەتدىن بۇ؟ ئېيتتى: الله نىڭ زىممىسى ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زىممىسى سۆكۈلىدۇر (بۇزۇلىدۇر)، ئاندىن الله تەئالا زىممەلەرنىڭ دىللىرىنى قاتتىق قىلىدۇر، ئاندىن ئۇلار قولىدىكى نەرسىلەرنى مەنى قىلىدۇلەر.

## ياخشىغا ۋە پاجىر ـ پاسىققا ۋەدىنى بۇزۇشنىڭ گۇناھى توغرىسىدا

1347 ـ ئابدۇللاھ ۋە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئېيتتى: ھەربىر ۋەدىنى بۇزغۇچى ئۈچۈندۇر بىر بايراق قىيامەت كۈنى، ئىككى راۋىنىڭ بىرى ئېيتتى: ئۇ بايراق تىكلىنىدۇر. ۋە يەنە بىرى ئېيتتى: قىيامەت كۈنى كۆرۈلىدۇر ئۇ غەدرى بىلەن تونۇلىدۇر.

## (53) الله نىڭ يارىتىشنى باشلاش كىتابى

**الله تەئالانىڭ {وَهُوَالَّذِيْ يَبْدَؤُ الخَلْقَ ثُمَّ يُعِيْدُهُ} مەنىسى *{ئۇ الله زاتىدۇركى يارىتىشنى باشلاپ يارىتىدۇر، ئاندىن ئۇنى قايتىلايدۇر (يەنى قايتا تىرىلدۈرىدۇر)* } دىگەن سۆزى ھەققىدە كەلگەن بايان توغرىسىدا.**

1348 ـ ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: بەنى تەمىم قەبىلىسىدىن بىرنەچچە كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىغا كەلدى، ئاندىن ئېيتتى: ئى بەنى تەمىم خۇرسەن بۇلۇڭلار!. پەس ئېيتىلەر: بىشارەت ـ خۇرسەنلىك قىلدىڭ، ئاندىن بىزگە ئاتا قىلغىن. ئاندىن جانابى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇبارەك يۈزلىرى ئۆزگەردى. ئاندىن يەمەن ئەھلىگە كەلدى، ئاندىن ئېيتتى: ئى يەمەن ئەھلى! بىشارەتنى قوبۇل قىلىڭلار، ۋەقتىكى ئۇنى بەنى تەمىم قوبۇل قىلمىدى. ئېيتتىلەر قوبۇل قىلدۇق. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يارىتىشنى باشلاش ۋە ئەرشى ھەققىدە ھەدىس قىلدى، ئاندىن بىر كىشى كىلىپ ئى ئىمران ئۇلىغىڭ قېچىپ كەتتى دىدى، كاشكى قويمىغان بولسام ئىكەن.

1349 ـ ئۇ ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن يەنە بىر رىۋايەتدە: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: الله تەئالا بار ئىدى، ھالئۇلكى الله تەئالادىن باشقا ھىچ نەرسە يوق ئىدى،

الله تەئالانىڭ ئەرشى سۇنىڭ ئۈستىدە بار ئىدى، لەۋھۇل مەھپۇزدا ھەممە نەرسىنى يازدى ۋە ئاسمان ـ زېمىننى ياراتدى، ئاندىن ندا قىلغۇچى ندا قىلدىكى ئۆلغىڭ كەتتى ئى ئىبنى ھۇسەيىن! ئاندىن يۈرۈپ كەتتىم. پەس بىناگا ئۇ ئۆلاقنىڭ بىرىيىسدە شەيتان سۈيى ئۈزۈۋاتىدۇر (تۇسۇپ ئالىدۇر سايدا بىلجىن ـ شەيتان سۈيى تۇسۇۋېلىپ ئۆلاقنى كۆرالمىدىم) دېمەكچى. ئاندىن ۋەللاھۇ ئەلۋەتتە ئۇنى تەرىك قىلغان بولسام دەپ شۇنى دوس تۇتتۇم.

1350 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: الله تەئالا ئېيتتى: ماڭا بەنى ئادەم دەشنام قىلىدۇر، ئۇنىڭ ماڭا دەشنام قىلىشى لايىق ئەمەس ئىدى ۋە ماڭا ئىنكار قىلىدۇ، بۇمۇ ئۇنىڭغا لايىق ئەمەسدۇر. ئەمما ئۇنىڭ ماڭا دەشنام قىلىشى، ئۇنىڭ مىنى بالىسى بار دىگىنىدۇر. ئەمما ئۇنىڭ ماڭا ئىنكار قىلىشى، پەس ئۇنىڭ سۆزىدۇركى: الله دەسلەپتە ياراتقانىدەك قايتا تىرىلدۈرمەيدۇر (مىنى شۇنداق دىيىشىدۇر).

1351 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: الله تەئالا مەخلۇقاتنى يارىتىپ بولغاندا ئۆز كىتابىدا يازدى، ئۇ كىتاب ئۆز دەرگاھىدا ئەرشىنىڭ ئۈستىدەدۇر: تەھقىق رەھمىتىم غەزىۋىمدىن غالىپ بولدى.

## يەتتە قات زېمىن ھەققىدە كەلگەن بايان توغرىسىدا

1352 ـ ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئېيتتى: الله تەئالا ئاسمان ـ زېمىننى ياراتقان كۈنىدىكىدەك ـ ھەيئەتىدەك زامان ئەسلىگە ئايلاندى، ژىل ئون ئىككى ئاي، ئۇنىڭدىن تۆت ئاي ھەج ئېيىدۇر، ئۇنىڭدىن ئۈچ ئاي ئارقمۇ ـ ئارقا كەلگۈچىدۇر، 1 ـ زۇلقەئىدە، 2 ـ زۇلھەججە، 3 ـ مۇھەررەم، 4 ـ جۇمادى بىلەن شەئبان ئارىلىغىدىكى رەجەپدۇر.

## قۇياش ۋە ئاينىڭ سۈپىتى ھېساپ بىلەن جارى بولۇشى توغرىسىدا

1353 ـ ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا ئېيتتى: قۇياش ئولتۇرغاندا قايەرگە بارىدۇ بىلەمسەن؟ ئېيتتىم: الله ۋە رەسۇلۇللاھ ئالىمدۇر. ئېيتتى: تەھقىق ئۇ قۇياش بارىدۇر ھەتتاكى ئەرشنىڭ تەكتىدە سەجدە قىلىدۇر، ئاندىن ئىزنى سورايدۇر، ئاندىن ئىزنى بېرىلىدۇر ۋە يېقىنكى سەجدە قىلىدۇر، ئاندىن ئۇنىڭدىن قوبۇل قىلىنمايدۇر ۋە ئىزنى سورايدۇر، ئاندىن ئۇنىڭغا ئىزنى بېرىلمەيدۇر، ئۇنىڭغا دېيىلىدۇر: كەلگەن جايىڭدىن قايىت. ئاندىن قۇياش مەغرىپدىن چىقىدۇر. بۇ الله تەئالانىڭ {وَالشَّمْسُ تجْرِي لِمُسْتَقرٍّ لَهَا وَلِكَ تقدِيرُ النَزِيز النَلِيمِ} مەنىسى ***{قۇياش بەلگىلەنگەن جايىغا قاراپ سەير قىلىدۇر، بۇ غالىپ ھەممىنى بىلگۈچى الله نىڭ ئالدىن ئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر}***. دىگەن قەۋلىدۇر. (سۈرە ياسىن 38 ـ ئايەت).

1354 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: قۇياش ۋە ئاي قاتلىنىپ تۈرۈلگۈچىدۇر نۇرسىز ھالدا قىيامەت كۈنى.

**الله تەئالانىڭ {وَهُوَ الَوِي يُرْسِلُ الرِّيَاحَ بُشراً بَيْنَ يَدَيْ رَحْمَتِهِ} مەنىسى *{ الله نىڭ رەھمىتى (يەنى يامغۇرى) مەيدانغا كېلىش ئالدىدا الله تەئالا بىشارەتچى قىلىپ شاماللارنى ئەۋەتىدۇر}* (سۈرە ئەئراپ 57 ـ ئايەت). ھەققىدە كەلگەن نەرسە توغرىسىدا**

1355 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاسماندا بۇلۇتنى كۆرسە ئالدىغا ۋە ئارقىغا ماڭاتتى ۋە كىرەتتى ۋە چىقاتتى ۋە يۈزلىرى ئۆزگىرەتتى، پەس ۋەقتىكى ئاسماندىن يامغۇر ياغسا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۈزى ئېچىلاتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئېيتتى: رەسۇلۇللاغا شۇنى تونۇندىم، ئاندىن پەيغەمبەر

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: نىمە بىلمەن ئۇمىدكى ئۇ قەۋملەر ئېيقاندەكمۇ {فَلَمَّا رَأَوْهُ عَارِضًا مُسْتَقْبِلَ أَوْدِيَتِهِمْ قَالُوا هَذَا عَارِضٌ مُمْطِرُنَا} مەنىسى *{ئۇلار بۇلۇتنىڭ ۋادىسىغا سۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان بۇلۇتنى كۆرۈپ مانا بۇ بىزگە يامغۇر ياغدۇرغۇچى بۇلۇتتۇر دېيىشتى (يەنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھود ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بۇلۇتنى كۆرۈپ ئاشۇنداق دېيىشتى ئۇ بۇلۇت ئۇلارنى ھالاك قىلغۇچى بۇلۇت بولدى، بۇنىڭمۇ شۇنداق بۇلۇشىنى نىمە بىلمەن يەنى بىلمەيمەن دېمەكچى)* }.(سۈرە ئەھقاپ ـ 24 ـ ئايەت).

## پەرىشتىلەر پلوات الله بليهم نىڭ زىكرى توغرىسىدا

1356 ـ ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزلەرگە ھەدىس قىلدى ۋە ئۇزات سادىق مەسدۇقدۇر ئېيتتى: تەھقىق سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ يارىتىلىشى ئانىسىنىڭ قوسىغىدا قىرىق كۈن جەمى قىلىنىدۇر، ئاندىن بىر پارچە ئۇيۇل قان بولىدۇر، شۇنىڭغا ئوخشاش (يەنى قىرىق كۈن) يەنى مەنى بالىياتقۇغا چۈشكەندىن كىيىن خوتۇننىڭ پۈتۈن ئەزايىغا ھەتتا چاچلىرىنىڭ ئارىسىغا تارقىلىدۇر، ئاندىن جەمى قىلىنىدۇر. ئاندىن بىر پارچە گۆش بولىدۇر شۇنىڭدەك قىرىق كۈن. ئاندىن الله تەئالا بىر پەرىشتىنى ئەۋەتىدۇر ۋە ئۇنىڭغا تۆت كەلىمىنى بۇيرۇيدۇر، ئۇنىڭغا دېيىلىدۇر: ئۇنىڭ ئەمىلىنى، رىزقىنى، ئەجىلىنى ۋە شەقىمۇ ياكى سائادەتمەنمۇ يازغىن دەيدۇر. ئاندىن ئۇنىڭغا جان پۈلۈنىدۇر، پەس تەھقىق بىر كىشى سىلەردىن ئەلۋەتتە ياخشى ئەمەلنى قىلىدۇ، ھەتتاكى ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن جەننەتنىڭ ئارىلىغى بىر گەزدىن ئارتۇق قالمايدۇر، ئاندىن ئۇنىڭغا ئۇنىڭ تەقدىرى ئىلگىرى بولىدۇر، ئاندىن دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەمىلىنى قىلىدۇر. ۋە ئەمەل قىلىدۇ ئول بىر كىشى، ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن دوزاخ ئارىلىغى بىر گەزدىن ئارتۇق قالمايدۇر، ئاندىن ئۇنىڭغا تەقدىرى ئىلگىرى

بولىدۇ، ئاندىن ئەھلى جەننەتنىڭ ئەملىنى قىلىدۇ.

1357 ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ۋەقتىكى الله تەئالا بىر بەندىنى دوس تۇتسا جىبرئىلنى چاقىرىدۇر، تەھقىق الله تەئالا پالاننى دوس تۇتىدۇ، ئاندىن ئۇنى دوس تۇت دەپ، ئاندىن ئۇنى جىبرئىل دوس تۇتىدۇر، ئاندىن جىبرئىل ئاسمان ئەھلى ئىچىدە نىدا قىلىدۇر، تەھقىق الله تەئالا پالاننى دوس تۇتىدۇر، پەس ئۇنى دوس تۇتۇڭلار، ئاندىن ئۇنى ئاسمان ئەھلى دوس تۇتىدۇر. ئاندىن ئۇنىڭغا زىمىندا قوبۇل قىلىشقا قويۇلىدۇر.

1358 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىكى ئېيتىدۇر: تەھقىق پەرىشتىلەر بۇلۇتقا چۈشىدۇ، ئاندىن ئاسماندا ھۆكمى قىلىنغان ئىشنى زىكرى قىلىدۇ، ئاندىن شەيتانلەر ئوغۇرلۇقچە قۇلاق سېلىپ ئاڭلايدۇ، ئۇنى كاھىنلەرگە خەۋەر بېرىدۇر، ئاندىن ئۇ كاھىنلەر ئۆزئىچىدىن يۈز خىل يالغاننى قوشۇپ يالغان ئېيتىدۇر.

1359 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ۋەقتىكى جۇمە كۈنى بولسا مەسجىد ئىشىكلىرىدىن ھەربىر ئىشىكدە ئەۋۋەل مەسجىدكە كەلگەنلەرنى، ئاندىن كېيىن كەلگەنلەرنى يازىدىغان پەرىشتىلەر بولىدۇر. پەس ۋەقتىكى ئىمام خۇتبىگە چىقسا ـ ئولتۇرسا دەپتەرلىرىنى قاتلاپ يىغىشتۇرىدۇر ۋە زىكرىنى (خۇتبىنى) ئاڭلىغىلى كېلىدۇر.

1360 ـ بەرائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەسسان (پەيغەمبىرىمىزنىڭ شائىرى)غا ئېيتتى: ئۇلارنى ھەجۋى قىلغىن ياكى ئۇلار بىلەن ھەجۋى

قىلىشقىن ۋە جىبرىئىل سەن بىلەن بىللەدۇر. (ھەجۋى شېئىر بىلەن سۆكۈش تەنقىد قىلىش).

1361 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا ئېيتتى: ئى ئائىشە ! بۇ جىبرىئىل سىزگە سالام ئۇقۇيدۇر. ئاندىن ئائىشە ئېيتتى: وَعَلَيْهِ السَّلاَمُ وَرَحْمَةُ اللهِ وَبَرْكَاتُهُ. كۆرىدۇر مەن كۆرمەيدىغان نەرسىنى يەنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئىرادە قىلىدۇر.

1362 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن، ئۇ جىبرئىلغا ئېيتتى: بىزنى ھازىر زىيارەت قىلغىنىڭلاردىن كۆپراق بىزنى زىيارەت قىلمامسىزلەر، ئېيتتى: ئاندىن نازىل بولدى {وَمَا نَتَنَزَّلُ وِلاَّ بِأَمْرِ رَبِّكَ لَهُ مَا بَيْنَ أَيْدِينَا وَمَا خَلْفَنَا} مەنىسى ***{پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەمرى بىلەنلا نازىل بولىمىز دۇنياغا، بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى ۋە ئارقىمىزدىكى ۋە ئالدى ۋە كەينىمىزدىكى ھەممە ئىش الله نىڭ ئىلكىدەدۇر}*** (سۈرە مەريەم 64 ـ ئايەت).

1363 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: جىبرئىل ماڭا قۇرئاننى بىر ھەرىپ بىلەن ئۇقۇتتى، پەس ھەمىشە ئۇنىڭغا زىيادە قىلىشنى تىلەپ قىلدىم ھەتتاكى يەتتە ھەرىپكە يەتتى.

1364 ـ يەئلا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى مۇنبەردە قىرائەت قىلىدۇر {وَنَادَوْايَامَالُ}

1365 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئېيتتى: سىلەرگە ئوھود كۈنىدىن قاتتىقراق كۈن كەلدىمۇ؟ ئېيتتى: قەۋمىڭدىن يولۇققان نەرسىگە يولۇقدۇم ۋە ئۇلاردىن ئەڭ قاتتىق يولۇققىنىم ئەقەبە كۈنى بولدى، ئۆزەمنى ئىبنى ئەبدىيالەيلى بىننى ئەبدى كەلالغا توغرا قىلدىم، ئاندىن ئۇلار مەن ئىرادە قىلغان

نەرسەمگە ماڭا جاۋاپ بەرمىدى ۋە مەن غەمكىن ھالدا ئۆز يۈزۈمچە يۈردۈم، پەس ھوشۇمغا كەلمىدىم مەگەر ۋە ھالئولكى مەن قەرنى سەئالىب دىگەن جايغا كەلگەندە ھوشۇمغا كەلدىم، ئاندىن بېشىمنى كۆتەردىم، پەس بىناگا بىر بۇلۇت ماڭا سايە بۇلۇپتۇر ئاندىن قاردىم ئۇبۇلۇت ئىچىدە جىبرئىل باردۇر، ئاندىن مىنى چاقىردى، ئاندىن ئېيتتى: تەھقىق الله تەئالا قەۋمىڭنىڭ ساڭا قىلغان سۆزىنى ۋە ساڭا رەددىيە بەرگەنلىكىنى ئاڭلىدى، تەھقىق ساڭا تاغ پەرىشتىسىنى، سەن ئۇنى خالىغان نەرسىگە ئەمىر قىلىشىڭ ئۈچۈن ئەۋەتتى، ئاندىن مىنى تاغ پەرىشتىسى ندا قىلدى ۋە ماڭا سالام قىلدى، ئاندىن ئېيتتى: يا مۇھەممەد ! مۇشۇ پەرىشتە خالىغان نەرسەڭدە ئىتائىتىڭدەدۇر، ئەگەر خالىساڭ ئىككى تاغنى ئۇلارغا باستۇرىمەن. ئاندىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: بەلكى ئۇلارنىڭ پۇشتىدىن الله تەئالا ئۆزىگە ئىبادەت قىلىدىغان، ئۇنىڭغا بىر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدىغان كىشىلەرنى كەلتۈرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

1366 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: الله ئەزەۋەجەللىنىڭ {فَأَوْحَى إِلَى عَبْدِهِ مَا أَوْحَى} مەنىسى ***{الله تەئالا بەندىسىگە (جىبرئىل ئارقىلىق تىگىشلىك) ۋەھىيلەرنى ۋەھى قىلدى}*** دىگەن قەۋلى ھەققىدە، (سۈرە نەجم 10 ـ ئايەت). ئىبنى مەسئۇد ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جىبرئىلنى ئالتە يۈز قاناتلىق كۆردى.

1367 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن الله تەئالانىڭ {لَقَدْ رَأَى مِنْ آيَاتِ رَبِّهِ الْكُبْرَى} مەنىسى ***{مۇھەممەد ئۆز پەرۋەردىگارىنىڭ (قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) بۈيۈك ئالامەتلەرنى كۆردى}*** (سۈرە نەجم 18 ـ ئايەت). ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىنارە ئالەمنى ياپىدىغان يېشىل خەت ياكى جىبرئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ قاناتلىرىنى كۆردى.

1368 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدى: مۇھەممەد پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەرۋەردىگارىنى كۆردى دىگەن كىشى ناھايىتى چوڭ ئىشقا كىرىپ قالدى. ۋە لېكىن جىبرىئىلنى ئۆز سۆرىتىدە ۋە ئۆز يارالمىشىدا ئالەم گىردابىنى ياپقان ھالىتىدە كۆردى.

1369 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ۋەقتىكى بىر ئەر خوتۇنىنى بىرگە بولۇشقا چاقىرسا، ئۇ خوتۇن ئۇنىمسا، ئەر خوتۇنىغا غەزەپلەنگەن ھالدا ياتسا، پەرىشتىلەر ئۇ خوتۇنغا لەنەت قىلىدۇ ھەتتا ئۇ خوتۇن تاڭ ئاتقۇزغىچە.

1370 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئېيتتى: مىنى كېچىدە بەيتۇل مۇقەددەسكە ئېلىپ بېرىلغان مىراج كېچىسىدە، موسانى بۇغداي ئۆڭلۈك چاچلىرى جۆغدا گۇياكى شەنۇئەت ئادەملىرىدەك كۆردۈم. ھەزرىتى ئىيسانى ئوتتۇرا بويلۇق، يارىتىلىشى قىزىل ئاقغا مايىل، بېشىنىڭ چاچلىرى سىدام كىشى كۆردۈم. دوزاخ خازىنى مالىكنى ۋە دەججالنى الله تەئالا ئۇلارنى ئۇنىڭغا كۆرسەتكەن ئايەتلەر ئىچىدە كۆردۈم {فَلا تَكُنْ فِي مِرْيَةٍ مِنْ لِقَائِهِ} مەنىسى ***{ئى مۇھەممەد! سەن (مىراج كېچىسىدە ياكى قىيامەت كۈنىدە) موساغا مۇلاقات بولۇشىدىن شەكلەنمىگىن}*** (سۈرە سەجدە 23 ـ ئايەت).

## جەننەتنىڭ سۈپىتى ۋە ئۇنىڭ ھازىر يارىتىلغانلىقى توغرىسىدا

1371 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ۋەقتىكى سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلسە، پەس ئەتە ۋە ئاخشامدا ئۇنىڭغا ئورنىنى توغرا قىلىنىدۇر. پەس ئەگەر جەننەت ئەھلىدىن بولسا، ئەھلى جەننەت ئورنىدىن توغرا قىلىنىدۇر. ئەگەر دوزاخ ئەھلىدىن بولسا، دوزاخ ئەھلىنىڭ ئورنى توغرا قىلىنىدۇر.

1372 ـ ئىمران بىننى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: جەننەتكە كۆز سالدىم (قارىدىم)، پەس ئۇنىڭ ئەھلىنىڭ تولارىغىنى پېقىرلەر كۆردۈم ۋە دوزاخ ئىچىگە كۆز سالدىم، پەس ئۇنىڭ كۆپراغىنى ئاياللار كۆردۈم.

1373 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىدا ئىدۇق، ئۇ ئېيتتى: ئول ئارادىكى مەن ئۇيقۇلۇق ئىدىم مىنى جەننەتدە كۆردۈم، پەس بىر خوتۇن قەسرى تەرپىدە تاھارەت ئېلىۋاتىدۇر، ئاندىن ئېيتتىم: بۇ قەسر كىمنىڭ؟ ئېيتتىلەر: ئۆمەر ئىبنى خەتتابىنىڭ. ئاندىن ئۇنىڭ غەيرىتىنى ئەسلىدىم، ئاندىن ئارقىغا قاراپ قايتتىم. ئاندىن ئۆمەر يىغلىدى ۋە ئېيتتى: ئۆزلىرىگە كۆنە قىلامەنمۇ (كۈنلەيمەنمۇ) يارەسۇلۇللاھ.

1374 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: جەننەتكە ئەۋۋەل كىرىدىغان گۇرۇھلەرنىڭ سۆرىتى، ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئاينىڭ سۆرىتىدەكدۇر. ئۇلار جەننەتتە تۈكۈرمەيدۇ ۋە بۇرنىنى تاشلىمايدۇ ۋە (چوڭ ـ كىچىك) تارەت قىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ جەننەتتىكى قاچىلىرى ئالتۇندۇر، تاغاقلىرى ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىندۇر، ئۇلارنىڭ ئىسرىق سالىدىغان چوغدانلىرى ئۇلۇۋۋدۇر، ئۇلارنىڭ تەرلىرى ئىپاردۇر، ھەربىرلىرىگە ئۇلاردىن بىر جۈپ خوتۇن بار، ئۇ خوتۇنلارنىڭ پاچاقلىرىنىڭ ئىلىكى گۆشىنىڭ ئارىسىدىن چىرايلىقلىغىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇر، ئۇلار ئارىسىدا ئىختىلاپ دۈشمەنلىك يوقدۇر، ئۇلارنىڭ دىللىرى بىر ئادەمنىڭ دىلىدەكدۇر، الله غا ئەتىگەن كەچدە تەسبىھ ئېيتىدۇر.

1375 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ۋە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن جەننەتكە كىرىدىغانلار ئەڭ بەك يۇرۇغۇچى

يۇلتۇزدەكتۇر، ئۇلارنىڭ دىلى بىر ئادەمنىڭ دىلىدەكدۇر، ئارىلىرىدا ئىختىلاپ، ئاداۋەت، دۈشمەنلىك يوقدۇر، ئۇلاردىن ھەربىرىگە بىرجۈپ (ئىككىدىن) خوتۇن باردۇر، ئۇلاردىن ھەربىر خوتۇننىڭ پاچاقلىرىنىڭ ئىلىكى گۆشۈنىڭ ئارىسىدىن چىرايلىقلىغىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇر، ئۇ جەننەتلەر ئەتىگەن ۋە كەچتە الله غا تەسبىھ ئېيتىدۇر، كېسەل بولمايدۇ، بۇرنىنى تاشلىمايدۇ. ھەدىسنىڭ قالغىنى زىكرى قىلىندى.

1376 ـ سەھلى بىننى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئەلۋەتتە مىنىڭ ئۈممىتىمدىن يەتمىش مىڭ ياكى يەتتە يۈز مىڭ كىشى جەننەتكە كىرىدۇر، ئۇلارنىڭ ئەۋۋىلى كىرىپ بولالمايدۇر ھەتتاكى ئاخىرى كىرگىچىلىك. ئۇلارنىڭ يۈزلىرى تولۇن كېچىدىكى ئاينىڭ سۈرىتىدەدۇر.

1377 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە نىپىز يىپەك تون ھەدىيە قىلىندى، يىپەكنى مەنى قىلاتتى. خالايىق ئۇ يىپەكنىڭ چىرايلىقلىغىدىن ھەيران قالدى. ئاندىن ئول جاناب ئېيتتى: مۇھەممەدنىڭ نەپسى ئىلكىدە بولغان الله بىلەن قەسەمكى، ئەلۋەتتە سەئىد بىننى مۇئازنىڭ جەننەتتىكى لۆڭگىلىرى بۇنىڭدىن چىرايلىقدۇر.

1378 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: تەھقىق جەننەتتە بىر تۈپ دەرەخ بار، ئۇلاغلىق كىشى ئۇنىڭ سايىسىدىن يۈز ژىل مېڭىپ ئۇنى كېسىپ ئۆتۈپ بولالمايدۇر..

1379 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر رىۋايىتىدە شۇنىڭغا ئوخشاش ئېيتتى: قىرائەت قىلىڭلار خالىساڭلار {وَظِلٍّ مَمْدُودٍ} *{ئەسھابۇل يەمىن ئۇزۇن سوزۇلغان سايىدەدۇر}* (سۈرە ۋاقىقە

30 ـ ئايەت).

1380 ـ ئەبۇ سەئىدىل خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: تەھقىق جەننەت ئەھلى يۇقۇرى قەۋەتتىكىلەرنى ئۈستىدىن كۆرىدۇر، ئاسماندىكى يورۇق يۇلتۇزنى كۆرگەندەك، مەشرىقدىن ياكى مەغرىپدىن ئۇلارنىڭ ئارلىغى بىر بىرىدىن پاسىل بولغانلىقدىن، ئېيتتىلەر: يارەسۇلۇللاھ ! ئۇ پەيغەمبەرلەر مەنزىلىمۇ ئۇلارنىڭ غەيرى ئۇ مەنزىللەرگە كىرالمايدىغان؟ ئېيتتى: ياق ئۇنداق ئەمەس، نەپسىم ئىلكىدە بولغان الله بىلەن قەسەمكى، ئۇلار شۇنداق كىشىلەردۇركى الله تەئالاغا ئىمان كەلتۇردى ۋە پەيغەمبەرگە تەسدىق قىلدى.

## دوزاخنىڭ سۈپىتى ۋە ئۇنىڭ ھازىر يارىتىلغانلىقى توغرىسىدا

1381 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: قىزىتما دوزاخنىڭ قىززىقلىغىدىندۇر، ئۇنى سۇ بىلەن سوۋۇتۇڭلار.

1382 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: سىلەرنىڭ ئۇتۇڭلار دوزاخ ئۇتىدىن يەتمىشتىن بىر پارچىسىدۇر دىيىلدى. يارەسۇلۇللاھ ! تەھقىق ئۇ ئوت (ئازاپ قىلىشقا) ئەلۋەتتە كۇپايە بولدى. ئول جاناب ئېيتتى: دوزاخ ئۇتىنى دۇنيا ئوتىدىن ئاتمىش توققۇز پارچە ئارتۇق قىلىندىكى، ئوتلارنىڭ ھەممىسى دوزاخ ئوتىنىڭ قىززىقلىغىغا ئوخشاشدۇر.

1383 ـ ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئاندىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇر: قىيامەت كۇنى بىر كىشىنى كەلتۇرۇلىدۇر، ئاندىن ئۇنى دوزاخقا تاشلايدۇر، دوزاختا ئۇنىڭ ئۇچەيلىرى چىقىدۇر، ئۇكىشى دوزاختا ئېشەك تۇگمەن تېشى

بىلەن چۈرۈلگەندەك چۈرۈلىدۇر، ئاندىن ئۇنىڭغا دوزاخ ئەھلى يىغىلىپ ئېيتىدۇر: ئي پالانى ساڭا نىمە بولدى؟ ئايا سەن بىزلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇيدىغان ۋە يامانلىقدىن توسىدىغان كىشى ئەمەسمىدىڭ؟ ئېيتتى: سىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇيتۇم ۋە ئۇنى ئۆزەم قىلمايتىم، سىلەرنى يامانلىقدىن تۇسۇتۇم ۋە ئۇنى ئۆزەم قىلاتتىم.

## ئىبلىس ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى توغرىسىدا

**1384** ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى سېھرى جادى قىلىندى، ھەتتا ئۇنىڭغا قىلمىغان ئىشنى قىلدىغان خيال قىلىندۇر، ھەتتا بىركۈنى دۇئا قىلدى ، ئاندىن ئېيتتى: ئى ئائىشە ! تۇيىدىڭىزمۇ الله تەئالا ماڭا مىنىڭ شىپالىغىم بار نەرسىدە پەتىۋا بەردى: ماڭا ئىككى كىشى كەلدى يەنى ئادەم سۈرتىدە ئىككى پەرىشتە كەلدى، ئاندىن ئىككىسىنىڭ بىرى بېشىمدا ۋە يەنە بىرى ئايىغىمدا ئولتۇردى، بىرى يەنە بىرىگە ئېيتتى: بۇكىشىنىڭ كېسلى نىمەدۇر؟ ئېيتتى يەنە بىرى: سېھرى قىلىنغۇچىدۇر، ئېيتتى: ئۇنى كىم سېھرى قىلدى؟ ئېيتتى: لەبىد بىننى ئەئسەم. ئېيتتى: ئۇ نىمىدە؟ ئېيتتى: تاغاق ۋە تارىلىپ چۈشكەن چاچ ۋە خورما دەرىخنىڭ ئەرەنلىك قېپىدا. ئېيتتى: ئۇ نەدە؟ ئېيتتى: زەرۋان قۇدۇغىدا. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇيەرگە چىقدى، ئاندىن قايتتى، ئاندىن قايتىپ كەلگەندە ئائىشەگە ئېيتتى: ئۇ قۇدۇقنىڭ خورما دەرىخى گۇياكى شەيتانلارنىڭ باشلىرىدۇر. ئاندىن ئېيتتىم: ئۇ سېھرىنى چىقاردىلىمۇ؟ ئېيتتى: ياق، ئەمما ماڭا الله تەئالا شىپالىق بەردى. بۇ ئىشنىڭ خالايىققا پىتنە چىچىشىدىن ئەندىشە قىلدىم، ئاندىن قۇدۇقنى كۆمۈۋەتتىم.

**1385** ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: شەيتان سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ يېنىغا كىلىپ ئېيتىدۇر: مانى كىم ياراتتى، ئانى

كىم ياراتتى. ھەتتا ئېيتىدۇر: پەرۋەردىگارىڭنى كىم ياراتتى. پەس ۋەقتىكى ئۇنىڭغا (شۇنداق ئىش ۋە خىيال) يەتسە الله دىن پانا تەلەپ قىلسۇن ۋە ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىن يانسۇن!.

1386 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۆردۈمكى، مەشرىققا ئىشارەت قىلىپ ئېيتتى: تەھقىق پىتنە ئاشۇ يەردە، تەھقىق پىتنە ئۇۋۇ يەردە جايىدىنكى شەيتاننىڭ مۈڭگۈزى چىقىدۇر.

1387 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ۋەقتىكى كېچە كەلسە ياكى كېچىنىڭ ئىقبالى بولسا، پەس ئۇششاق باللىرىڭلارنى ژىغىڭلار، پەس تەھقىق شەيتان بۇۋاقىتتا تارايدۇر، پەس ۋەقتىكى كېچىدىن بىر سائەت بولسا ئۇلارنى قويۇپ بېرىڭلار ۋە ئىشىگىڭنى تاقىغىن ۋە الله نىڭ ئىسمىنى زىكرى قىل ۋە چىرىغىڭنى ئۆچۈرۈر ۋە الله نىڭ ئىسمىنى زىكرى قىل ۋە تۇلۇمىڭنىڭ ئاغزىنى ئەت ۋە الله نىڭ ئىسمىنى زىكرى قىل ۋە قاچاڭنى ياپ ۋە الله نىڭ ئىسمىنى زىكرى قىل ۋە شۇكى ئۇنىڭغا بىر نەرسىنى توغرا قويغايسەن.

1388 ـ سۇلەيمان بىننى سۇرەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئۇلتۇراتتىم ئىككى كىشى دەشنام قىلىشىۋاتىدۇر، ئاندىن ئىككىسىنىڭ بىرىنىڭ يۈزى قىزىرىپ كەتتى ۋە تومۇرلىرى كۆپۈپ كەتتى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: تەھقىق مەن بىر كەلىمىنى بىلىمەنكى ئەگەر ئۇنى ئېيتسا ئۇكىشىدىن غەزەپلىنىدىغان نەرسە كېتەر ئىدى، ئەگەر « اَعُوْذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ » ئېيتسا ئۇكىشىدىن غەزەپلىنىدىغان نەرسە كېتەتتى. ئاندىن ئۇلار ئۇنىڭغا ئېيتتىلەر: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: شەيتاندىن پانا تەلەپ قىل! ئاندىن ئۇكىشى ئېيتتى: ئايا مەندە

ساراڭلىق بارمۇ؟.

1389 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئەپشەش (ئەسنەش) شەيتاندىندۇر، پەس ۋەقتىكى بىرىڭلار ئەسنىسە ئۇنى قۇدرىتىنىڭ بارىچە قايتۇرسۇن، پەس ۋەقتىكى بىرىڭلار ھاھا دىسە (ئەسنىسە) شەيتان كۇلىدۇر.

1390 ـ ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ياخشى چۇش الله تەئالادىندۇر، يامان چۇش شەيتاندىندۇر. پەس ۋەقتىكى بىرىڭلار قۇرقىدىغان چۇش كۆرسە سول تەرەپكە تۈكۈرسۇن ۋە الله تەئالاغا ئۇنىڭ يامانلىغىدىن پانا تەلەپ قىلسۇن، ئاندىن ئۇ چۇش زەرەر قىلمايدۇر.

1391 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ۋەقتىكى بىرىڭلار ئۇيقۇسىز ئويغانسا تەھارەت ئالسۇن، ئاندىن ئۇچ مەررە بۇرنىنى تاشلىسۇن، پەس تەھقىق شەيتان ئۇنىڭ دىمىغى ئۇستىدە قونىدۇر.

**الله تەئالانىڭ {وَبَثَّ فِيهَا مِنْ كُلِّ دَابَّةٍ} مەنىسى *{الله تەئالا زىمىندا تۇرلۇك جانىدارلارنى ياراتتى}* دىگەن قەۋلىنىڭ بايانى** (سۆرە لوقمان 10 ـ ئايەت).

1392 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى، مۇنبەردە خۇتبە ئوقۇپ ئېيتىدۇر: ئىلاننى ئۆلتۈرۈڭلار، ئۇستىدە ئىككى ئاق سىزىغى بار ئىلاننى ۋە قۇرىغى قىسقا ئىلاننى ئۆلتۈرۈڭلار، پەس تەھقىق ئۇ ئىككىسى كۆزنى كورقىلىدۇر ۋە قوساقتىكى بالىنى چۇشۇرۇۋاتىدۇر. ئېيتتى ئابدۇللاھ: ئۇ ئارىدىكى بىر ئىلاننى ئۆلتۈرۈش ئۇچۇن قوغلاۋاتاتتىم، ئاندىن منى ئەبۇ لۇبابە ئۇنى ئۆلتۈرمە دەپ چاقىردى، ئاندىن ئېيتتىم: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىلاننى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرىدى. ئاندىن

ئېيتتى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭدىن كىيىن ئۆي ئىلانلىرىنى ئۆلتۈرۈشدىن توستى ۋە ئۇلار ئۆيلەرنى ئاۋات قىلغۇچىلاردۇر.

## مۇسۇلمانلارنىڭ تاغ چوققىلىرىدا ئارقىدىن ئەگىشىپ يۈرۈيدىغان ماللارنىڭ ياخشىراغى قوي ئىكەنلىگى توغرىسىدا

1393 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: كۇپۇرنىڭ بېشى مەشرىق تەرەپدەدۇر. پەخىرلىنىش ۋە تەكەببۇرلۇق ئات ۋە تۆگە ئەھلىدەدۇر. كالا باققۇچى يۇڭ ئۆي ئېگىلىرىدەدۇر. ئاراملىق ۋە كەمتەرلىك قويچىلەردەدۇر.

1394 ـ ئۇقبە ئىبنى ئەمرۇ ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قوللىرى بىلەن يەمەن تەرەپكە ئىشارەت قىلىپ ئېيتتى: ئىمان يەمەنگە مەنسۇپدۇر، ئۇ يەرلەردە ئاگاھ بۇلۇڭلار، تەھقىق دىل قاتتىقلىغى ۋە دىل قوپاللىغى پاتچىلەردەدۇر، تۆگە قۇيرۇقلىرى يىلتىزىدادۇر، شەيتاننىڭ ئىككى مۈڭگۈزى چىقىدىغان رەبىئە ۋە مۇسەر قەبىلىسىدۇر.

1395 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ۋەقتىكى خورازنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىساڭلار الله غا ئۇنىڭ پەزلىدىن سوراڭلار، پەس تەھقىق ئۇ خوراز پەرىشتىنى كۆرىدۇر. ۋەقتىكى ئېشەكنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىساڭلار الله غا شەيتاندىن پانا تەلەپ قىلىڭلار، پەس تەھقىق ئۇ ئېشەك شەيتاننى كۆردى.

1396 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: بەنى ئىسرائىلدىن بىر ئۇممەت (بىر مىللەت) يوقالدى، نىمە قىلغانلىغى

بىلىنمەيدۇر، مەن ئۇنى چاچقاندىن باشقىسى دەپ گۇمان قىلمايمەن، ۋەقتىكى ئۇنىڭغا تۆگىنىڭ سۈتلىرى قۇيۇلسا ئىچمەيدۇر، ۋەقتىكى ئۇنىڭغا قوينىڭ سۈتلىرى قۇيۇلسا ئىچىدۇر. ئاندىن كەئبكە سۆزلىدىم، ئاندىن ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شۇنداق دىگىنىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ ئېيتتىم: ھەئە ئاڭلىدىم، ئاندىن ماڭا بىر قانچە قېتىم دىدى، ئاندىن ئېيتتىم: ئايا تەۋراتنى ئوقۇپ بېرەيمۇ؟.

**بىرىڭلارنىڭ تامىقىغا چىۋىن چۈشسە ئۇنى چۆمدۈرسۇن تەھقىق ئۇنىڭ ئىككى قانىتىنىڭ بىرىدە كېسەل يەنە بىرىدە شىپا بارلىغى توغرىسىدا**

1397 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ۋەقتىكى بىرىڭلارنىڭ تامىقىغا چىۋىن چۈشسە ئۇنى چۈمدۈرسۇن، ئاندىن ئۇنى ئېلىۋەتسۇن. پەس تەھقىق ئۇنىڭ ئىككى قانىتىنىڭ بىرىدە كېسەل يەنە بىرىدە شىپابار.

1398 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: پاھىشە خوتۇنغا مەغپىرەت قىلىنسۇن، ئۇ قۇدۇق بېشىدا ھۈلۈسلاپ تۇرغان ئىتنى كۆردى، تەھقىق ئۇنى ئۇسۇزلۇق ئۆلتۈرگىلى يېقىن قالغان ئىدى، ئاندىن ئۇتۇكىنى سىلىپ پۈركەنچىگى بىلەن چىگىپ ئۇ ئىتقا سۇ تارتىپ بەردى، ئۇ خوتۇن شۇنىڭ ئۈچۈن مەغپىرەت قىلىندى.

## (54) پەيغەمبەرلەر ھەدىسلىرى كىتابى

### ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىنىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا

1399 ـ ئۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: الله تەئالا ئادەمنى ياراتتى ۋە ئۇنىڭ ئۇزۇنلىغى ئاتمىش گەزدۇر، ئاندىن ئېيتتى: ئۇ

پەرىشتىلەرگە بارغىن سالام قىلغىن، ئاندىن ئۇلارنىڭ ساڭا قىلغان سالىمىنى ئاڭلىغىن سىنىڭ سالامىڭ ۋە ئەۋلادىڭنىڭ سالامىدۇر. ئاندىن ئېيتتى: ‹‹ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم›› ئاندىن ئېيتتىلەر: ‹‹ئەسسەلامۇ ئەلەيكە ۋەرەھمۇتۇللاھى›› ئاندىن پەرىشتىلەر ئادەمگە ۋەرەھمۇتۇللاھىنى زىيادە قىلدى. پەس ھەركىشكى جەننەتكە كىرسە ئادەم سۈرتى بىلەندۇر، پەس ھەممىشە خەلقى كەملەيدۇر (قىسقىرايدۇر) ھەتتا ھازىرغىچە.

**1400** ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: ئابدۇللاھ ئىبنى سالامغا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەدىنىگە كەلگەنلىكى يەتتى ۋە ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى، ئاندىن ئېيتتى: سەندىن مەن ئۈچ ئىشنى سورىغۇچىدۇرمەن ئۇنى پەيغەمبەردىن باشقا كىشى بىلمەيدۇر، ئېيتتى: قىيامەتنىڭ ئەۋۋەلقى ئالامىتى نىمە؟ ئەھلى جەننەتنىڭ ئەۋۋەل يەيدىغان تائامى نىمە؟ قايسى نەرسىدىن بالا ئاتىسىنى تارتىدۇر؟، ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئۇ نەرسىلەر بىلەن ھېلى جىبرىئىل ماڭا خەۋەر قىلدى. ئېيتتى ئەنەس: ئېيتتى ئابدۇللاھ: ئۇ پەرىشتىلەردىن جىبرىئىل يەھۇدىنىڭ دۈشمىنىدۇر. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئەمما قىيامەتنىڭ ئەۋۋەلقى ئالامىتى مەشرىقدىن مەغرىبكە خالايىقنى ھايدايدىغان ئوتدۇر، ئەمما جەننەت ئەھلىنىڭ ئەۋۋەل يەيدىغان تائامى بېلىق جىگىرىنىڭ زىيادىسىدۇر، ئەمما بالىدىكى ئوخشاشلىق، پەس ۋەقتىكى ئەر ئايالغا يېپىلسا، ئاندىن ئەرنىڭ سۈيى ئىلگىرى كەلسە بالا ئاتىغا ئوخشايدۇر، ۋەقتىكى ئايالنىڭ سۈيى ئىلگىرى كەلسە بالا ئايالغا ئوخشايدۇر. ئابدۇللاھ ئېيتتى: گۇۋاھلىق بېرىمەنكى تەھقىق سەن الله نىڭ پەيغەمبىرى دۇرسەن. ئاندىن ئېيتتى: يارەسۇلۇللاھ ! تەھقىق يەھۇدى بۆھتانچى قەۋمدۇر، ئەگەر ئۇلار مىنىڭ ئىسىممنى بىلىپ قالسا، ئۇلاردىن مىنى سورىشىڭدىن ئىلگىرى ماڭا سىنىڭ نەزدىڭدە بۆھتان

قىلىدۇر. ئاندىن يەھۇدىلار كەلدى، ئابدۇللاھ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئابدۇللاھ ئىبنى سالام سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا قانداق ئادەم؟ ئۇلار ئېيتتى: ئالىمىراغىمىز ۋە ئالىمىراغىمىزنىڭ ئوغلى ۋە ياخشىراغىمىز ۋە ياخشىراغىمىزنىڭ ئوغلىدۇر. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئەگەر ئۇ ئىسلام كەلتۈرسە قانداق قارايسىلەر؟، ئۇلار الله ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن پاناھ بەرسۇن دىدى. ئاندىن ئابدۇللاھ ئۇلارغا چىقتى، ئاندىن ئېيتتى: الله دىن باشقا ئىلاھ يوقلىغىغا گۇۋاھلىق بېرىمەن ۋە مۇھەممەد الله نىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن. ئاندىن ئۇلار ئېيتتى: يامىنىمىز ۋە يامىنىمىزنىڭ ئوغلىدۇر. ۋە ئۇنىڭدا ۋاقى بولدى (يەنى ئەيىپلىدى).

1401 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئەگەر بەنى ئىسرائىل بولمىغان بولسا گۆش سېسىمايتى ۋە ھەۋۋا (ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى) بولمىغان بولسا ئايال ئېرىگە خىيانەت قىلمايتى.

1402 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: ئۇ ھەدىسنى مەرفۇئ دەيدۇر، تەھقىق الله تەئالا ئېيتىدۇر: دوزاخ ئەھلىنىڭ ئازابى ئاسانراقىغا، ئەگەر ساڭا زېمىندىكى ھەممە نەرسە سېنىڭ بولسا ئۇنى پىدىيە بېرەمتىڭ؟، ئۇ ئېيتىدۇر: ھەئە، الله تەئالا ئېيتىدۇر: پەس تەھقىق ئەلۋەتتە سەندىن بۇنىڭدىنمۇ ئاسانراغىنى سوئال قىلدىم، ئۇ شۇكى سەن ئادەمنىڭ سۇلبىدا چاغدا ماڭا شېرىك كەلتۈرمە دەپ، سەن شېرىكنىڭ غەيرىدىن باشتاتتىڭ (شېرىك كەلتۈردۈڭ).

1403 ـ ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: بىر نەپسنى زۇلمى قىلىپ ئۆلتۈرۈلمەيدۇر، مەگەر ئۆلتۈرۈلسە ئادەمنىڭ ئەۋۋەلقى باللىسىغا، ئۇ نەپسنىڭ قېنىدىن بىر نەسىۋە بولىدۇر، چۈنكى ئۇ ئادەم ئۆلتۈرۈشنى تۈنجى يولغا

قويغان كىشىدۇر.

**الله تەئالانىڭ** {وَيَسْأَلُونَكَ عَنْ ذِي الْقَرْنَيْنِ قُلْ سَأَتْلُو عَلَيْكُمْ مِنْهُ ذِكْرًا (83) إِنَّا مَكَّنَّا لَهُ فِي الْأَرْضِ وَآتَيْنَاهُ مِنْ كُلِّ شَيْءٍ سَبَبًا (84)} مەنىسى ***ئۇلار (يەھۇدىلار) سىزدىن زۇلقەرنەيىن توغرۇلۇق سورىشىدۇ، سىلەرگە مەن ئۇنىڭ قىسسىسىنى (ۋەھى ئاساسىدا) بايان قىلىمەن دەڭ، ئۇنىڭغا بىز زېمىندا كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلدۇق، ئۇنىڭغا ئۈز مەقسىدىگە يېتىشىنىڭ پۈتۈن يوللىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردۇق}***. دېگەن سۆزى توغرىسىدا (سۈرە كەھف 83 ـ 84 ـ ئايەت).

1404 ـ زەينەپ بىنتى جەھشى رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ قېشىغا چۆچۈگەن ھالەتتە كىرىپ ئېيتىدۇكى: «لائىلاھە ئىللەللاھۇ» يېقىن كېلىپ قالغان يامانلىقتىن ئەرەپكە ۋاي، بۈگۈن يەجۇج-مەجۇجنىڭ توسمىسىدىن مۇشۇنچىلىك ئېچىلدى دەپ بەشمەرەڭ ۋە يېنىدىكى بارمىقىنى ھالقا قىلدى. زەينەپ بىنتى جەھشى ئېيتتى: يارەسۇلۇللاھ ! ھالاك بولىمىزمۇ؟ بىزنىڭ ئىچىمىزدە ياخشىلار بار تۇرسا؟، ئېيتتى: ھەئە ۋەقتىكى زىنا كۆپ بولسا.

1405 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئېيتىدۇر الله تەبارەكە ۋەتەئالا: ئى ئادەم! ئاندىن ئادەم ئېيتىدۇر: «لَبَّيْكَ وَسَعْدَيْكَ وَالْخَيْرُ فِي يَدَيْكَ» ئاندىن الله ئېيتىدۇر: دوزاخ قوشۇنىنى چىقارغىن! ئادەم ئېيتىدۇر: دوزاخ قوشۇنى نىمەدۇر؟ الله ئېيتىدۇر: ھەر مىڭدىن توققۇز يۈز توقسان توققۇزىدۇر. ئاندىن كىچىك بالا قېرىيدۇر ۋە ھەرقانداق ھامىلدار بالىسىنى تاشلايدۇر ۋە خالايىقنى مەس كۆرىسەن ۋە ئۇلار مەس ئەمەسدۇر ۋە لېكىن الله نىڭ ئازابى قاتتىقدۇر. ئېيتتىلەر: يارەسۇلۇللاھ ! شۇ بىرى قايسىمىزدۇر؟ ئول جاناب ئېيتتى: خوش بىشارەت بولۇڭلار، پەس تەھقىق سىلەردىن

بىر كىشى يەجۇج ـ مەجۇجدىن مىڭدۇر، ئاندىن ئېيتتى: نەپسىم ئىلكىدە بولغان الله بىلەن قەسەمكى، سىلەر ئەھلى جەننەتنىڭ تۆتتىن بىرى بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، ئاندىن تەكبىر ئېيتتۇق. ئاندىن ئۇل جاناب ئېيتتى: جەننەت ئەھلىنىڭ ئۈچتىن بىرى بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. ئاندىن تەكبىر ئېيتتۇق. ئاندىن ئۇل جاناب ئېيتتى: ئەھلى جەننەتنىڭ يېرىمى بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. ئاندىن تەكبىر ئېيتتۇق. ئاندىن ئۇل جاناب ئېيتتى: سىلەر خالايىق ئىچىدە ئاق كالىنىڭ تېرىسىدىكى بىر تال قارا مويدەكلا ئازدۇرسىلەر ياكى قارا كالىنىڭ تېرىسىدىكى بىرتال ئاق مويدەكلادۇرسىلەر.

1406 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: تەھقىق سىلەر يالاڭپاق، يالىڭاچ خەتنىسىز ھەشرى قىلىنىسىلەر، ئاندىن {كَمَا بَدَأْنَا أَوَّلَ خَلْقٍ نُعِيدُهُ وَعْدًا عَلَيْنَا إِنَّا كُنَّا فَاعِلِينَ} ئايىتىنى قىرائەت قىلدى. مەنىسى {مەخلۇقاتنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولساق شۇ ھالىتىدە ئەسلىگە كەلتۈرىمىز، بۇ بىز ئۈستىمىزگە ئالغان ۋەدىدۇر، (ئۇنى) چوقۇم ئىشقا ئاشۇرىمىز} (سۈرە ئەنبىيا 104 ـ ئايەت).

ئەۋۋەل كىيىم كەيدۈرىدىغان كىشى ئىبراھىمدۇر، تەھقىق بىرمۇنچە كىشىلەر ئەسھابلىرىدىن سول تەرەپكە ئېلىپ كېتىلىدۇر، ئاندىن مەن ئەسھابىم ئەسھابىم دەيمەن، ئاندىن دېيىلىدۇر: ئۇلار سىزدىن ئايرىلغاندىن باشلاپ مۇرتەد بولدى(ئىسلامدىن يېنىپ كەتتى)، ئاندىن مەن ياخشى بەندە ئىسا ئېيتقاندەك ئېيتىمەن {وَكُنْتُ عَلَيْهِمْ شَهِيدًا مَا دُمْتُ فِيهِمْ فَلَمَّا تَوَفَّيْتَنِي كُنْتَ أَنْتَ الرَّقِيبَ عَلَيْهِمْ وَأَنْتَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ شَهِيدٌ (117) إِنْ تُعَذِّبْهُمْ فَإِنَّهُمْ عِبَادُكَ وَإِنْ تَغْفِرْ لَهُمْ فَإِنَّكَ أَنْتَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ (118)} دېگەن سۆزىگىچە. مەنىسى *{مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولغان ھالىتىمدە ئۇلارنىڭ ئامەللىرىنى كۆزىتىپ تۇرغان ئىدىم، مېنى قەبزى روھ قىلغىنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى*

*سەن كۆزىتىپ تۇرغان ئىدىڭ، سەن ھەممە نەرسىدىن خەۋەرداسەن(117). ئەگەر ئۇلارغا ئازاب قىلساڭ، ئۇلار سېنىڭ بەندىلىرىڭدۇر (ئۇلارنى خالىغىنىڭچە تەسەررۇپ قىلىسەن) (ساڭا ھېچ ئەھدى تەئەررۇز قىلالمايدۇ)، ئەگەر ئۇلارغا (يەنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن تەۋبە قىلغانلارغا)مەغپىرەت قىلساڭ، سەن (ئىشىڭدا)غالىب ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇرسەن » (118).*} (سۆرە مائىدە 117 ـ 118 ـ ئايەت).

1407 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئىبراھىم ئاتىسى ئازەرگە يولۇقىدۇر، ئازەرنىڭ يۈزىدە قارىلىق ۋە غۇبار باردۇر، ئاندىن ئۇنىڭغا ئىبراھىم ئېيتىدۇر: ساڭا دېمىدىممۇ ماڭا ئاسى بولمىغىن دەپ. ئاندىن ئاتىسى ئېيتىدۇر: پەس بۈگۈنكى كۈندە ساڭا ئاسى بولمايمەن. ئاندىن ئىبراھىم ئېيتىدۇر: يارەب تەھقىق سەن ماڭا ۋەدە قىلدىڭكى ئۇلار تىرىلگەن كۈنى مىنى رەسۋا قىلمىغايسەن، ئاندىن قايسى رەسۋالىق رەھمىتىڭدىن يىراقراق، ئاتىدىن رەسۋالىقراقدۇر. ئاندىن الله تەئالا ئېيتىدۇر: تەھقىق مەن جەننەتنى كاپىرلارغا ھارام قىلدىم. ئاندىن دېيىلىدۇر: ئى ئىبراھىم ! ئىككى پۇتۇڭنىڭ تەكتىدىكى نىمەدۇر؟ ئاندىن ئىبراھىم قارايدۇ، يۇڭلۇق ئەركەك چىغ بۆرىسى قانغا بويۇلۇپ ياتقان، ئاندىن ئۇنىڭ پۇتلىرىدىن تۇتۇپ دوزاخقا تاشلىنىدۇر.

1408 ـ ئۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: دېيىلدى يارەسۇلۇللاھ ! كىم خالايىقنىڭ كەرىمراغى؟ ئول جاناب ئېيتتى: تەقۋادارراغىدۇر. ئاندىن ئېيتتىلەر: بۇنىڭدىن سورىمىدۇق. ئول جاناب ئېيتتى: پەس يۇسۇپ نەبىيۇللاھ خەلىلۇللاھ نەبىيۇللاھنىڭ ئوغلى. ئېيتتىلەر: بۇنىڭدىن سورىمايمىز. ئول جاناب ئېيتتى: ئەرەپنىڭ كانلىرىدىن سورامسىلەر؟ ئۇلارنىڭ جاھىلىيەتدىكى ياخشىسى ئىسلامدىكى ياخشىلىرىدۇر پىقھى ئۆگەنسەلەر.

1409 ـ سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ماڭا بۈگۈن كېچە ئىككى پەرىشتە كەلدى، ئاندىن ئۇزۇن بىر ئادەمگە كەلدۇق، ئۇزۇنلىغىدىن ئۇنىڭ بېشىنى كۆرەلمايمەن، تەھقىق ئۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدۇر.

1410 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئەمما ئىبراھىم، قاراڭلار ساھىبىڭلارغا (يەنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىنى دېمەكچى). ئەمما موسا بولسا گىدە بۇغداي ئۆڭلۈك خوما قوزىغى بىلەن نوختىلانغان قىزىل تۆگىنىڭ ئۈستىدە، گۈياكى ئۇنىڭغا مەن قارايمەن ۋادىغا چۈشۈپ كېتىپ بارىدۇر.

1411 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سەكسەن ياشتا ئۆزىنى خەتنە قىلدى قۇددۇمدا. قۇددۇم شامدىكى بىر يېزا.

1412 ـ ۋە يەنە بىر رىۋايەتتە قۇدۇم بىلەن (دالنىڭ تەخفىفى بىلەن) پالتا بىلەن خەتنە قىلدى.

1413 ـ ئۇ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام يالغان ئېيتمىدى، مەگەر ئۈچ يالغاننى ئېيتتى: ئىككىسى الله تەئالانىڭ زاتى ھەققىدە «مەن ئاغرىقدۇرمەن» دىگەن سۆزى ۋە «بەلكى ئۇنى چوڭى قىلدى» دىگەن سۆزى. ۋە ئېيتتى: ئول ئارىدا ئىبراھىم ۋە سارە بىر كۈننى زالىملەردىن بىر زالىمغا كەلتۈرۈلدى، ئاندىن ئۇنىڭغا دېيىلدى: تەھقىق بۇ يەردە بىر كىشى بىلەن خالايىقنىڭ چىرايلىقراغىدىن بىر خوتۇن بار، ئاندىن ئۇ زالىم ئۇنىڭغا ئادەم ئەۋەتتى، ئاندىن ئۇ ئىبراھىمغا ئۇ خوتۇندىن سورىدى، بۇ خوتۇن كىم؟ ئېيتتى: ھەمشىرەم، ئاندىن سارەگە كەلدى ۋە راۋى

ھەدىسنىڭ قالغىنىنى زىكرى قىلدى.

**1414** ـ تەھقىق ئۆممى شەرىك رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پاتمىچۇقنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرىدى دېگەن ھەدىسى ئۆتتى. بۇيەردە «ئۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئوت پۈلەيتى» دېگەن ھەدىسنى زىيادە قىلدى.

**1415** ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: خوتۇنلەرنىڭ ئەۋۋەل پەشدام تۇتۇشى ئىسمائىل ئانىسى تەرىپىدىن بولدى، ئۇ ئىزىنى سارەگە ئۇچۇرۇش ئۇچۇن پەشدام (بەلۋاغ) تۇتدى، ئاندىن ئۇنى ئىبراھىم ئوغلى ئىسمائىلنى، ئانىسى ئۇنى ئېمىتىۋاتقان ھالدا، ئۇئىككىسىنى مەسجىدنىڭ يۇقۇرىدا، زەمزەم ئۇستىدىكى يوغان دەرەخنىڭ قېشىدا قويدى. ئۇ كۈنلەردە مەككىدە ھېچكىم يوق ئىدى، ئۇيەردە سۇمۇ يوق ئىدى. ئاندىن ئۇئىككىسىنى شۇيەردە قويدى، ئۇئىككىسىنىڭ يېنىدا بىر خالتا خورما ۋە بىر تۇلۇم سۇ قويدى، ئاندىن ئىبراھىم ئارقىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى، ئۇنىڭغا ئىسمائىلنىڭ ئانىسى ئەگەشتى، ئاندىن ئېيتتى: ئى ئىبراھىم! نەگە بارىسەن ۋە بىزنى مۇشۇ ئىنسان ۋە ھېچنەرسە يوق ۋادىدا تاشلامسەن، ئاندىن بۇنى نەچچە قېتىم دېدى. ئىبراھىم ئۇنىڭغا ئىلتىپات قىلمايدۇ. ئاندىن ئىسمائىلنىڭ ئانىسى ئىبراھىمغا، الله سىنى مۇشۇنىڭغا بۇيرىدىمۇ دېدى؟ ئېيتتى: ھەئە، ئىسمائىلنىڭ ئانىسى ئېيتتى: بۇۋاقىتتا الله بىزنى زايا قىلمايدۇ دەپ قايتتى. ئاندىن ئىبراھىم يۈرۈپ كەتتى، ھەتتا جىلغىدا ئۇلار ئۇنى كۆرمەيدىغان يەرگە بېرىپ يۈزى بىلەن بەيتۇللاغا يۈزلەندى، ئاندىن قولىنى كۆتۈرۈپ مۇشۇ كەلىمەلەر بىلەن دۇئا قىلدى {رَبَّنَا إِنِّي أَسْكَنْتُ مِنْ ذُرِّيَّتِي بِوَادٍ غَيْرِ ذِي زَرْعٍ عِنْدَ بَيْتِكَ الْمُحَرَّمِ رَبَّنَا لِيُقِيمُوا الصَّلَاةَ فَاجْعَلْ أَفْئِدَةً مِنَ النَّاسِ تَهْوِي إِلَيْهِمْ وَارْزُقْهُمْ مِنَ الثَّمَرَاتِ لَعَلَّهُمْ يَشْكُرُونَ} مەنىسى ***ئى پەرۋەردىگارىمىز! ئەۋلادىمنىڭ بىر قىسمىنى (يەنى ئىسمائىل بىلەن ئانىسى ھاجەرنى) ناماز***

*ئۇقۇسۇن ساڭا ئىبادەت قىلسۇن دەپ سىنىڭ ھۆرمەتلىك ئۆيۈڭ يېنىدىكى زىرائەتسىز ۋادىغا يەنى مەككىگە ئورۇنلاشتۇردۇم، پەرۋەردىگارىمىز! بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى ئۇلارغا مايىل قىلغىن،ئۇلارنى شۈكۈر قىلسۇن دەپ تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگىن}* (سۈرە ئىبراھىم 37 ـ ئايەت)

ئىسمائىلنىڭ ئانىسى ئىسمائىلنى ئېمىتىدۇ ۋە شۇ سۇدىن ئىچىدۇ، ھەتتا تۇلۇمدىكى سۇ تۈگەپ ئىدى، ئۆزى ۋە بالىسى ئۇسساپ كەتتى ۋە بالىسغا قارايدۇكى دۇم بولىدۇ ۋە تويىغا يۇمۇلىندۇ، ئۇنىڭغا قاراشنى كەرىھ كۆرۈپ يۈرۈپ كەتتى. ئاندىن سەپا تېغىنى زېمىنغا يېقىنراق تاپتى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدە تۇردى، ئاندىن بىرنى كۆرەرمەنمىكىن دەپ ۋادىغا قارىدى ۋە ھېچكىمنى كۆرمىدى، ئاندىن سەپا تېغىدىن چۈشتى ھەتتا ۋادىغا يېتىۋىدى، كۆينەكىنىڭ بىر تەرپىنى كۆتۈرۈپ يۈگۈردى، جاپاچەككەن (قورىققان) كىشىدەك ھەتتاكى ۋادىدىن ئۆتتى، ئاندىن مەرۋە تېغىغا كەلدى، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىدە تۇردى ۋە بىرنى كۆرەرمەن دەپ قارىدى ۋە ھېچكىمنى كۆرمىدى، بۇنى يەتتە مەررە قىلدى. ئىبنى ئاباس ئېيتتى: ئېيتتى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: پەس شۇنىڭ ئۈچۈن خالايىق ئىككى تاغ ئوتتۇرسىدا سەئيي قىلىدۇر. ئاندىن مەرۋە تېغىغا تىكىلىپ ئېدى ئاۋازنى ئاڭلىدى، ئۆزىگە شۈكتۇر دېدى، ئاندىن قۇلاق سالدى، ئاندىن ئىستىدى، ھەم ئاندىن ئېيتتى: تەھقىق ئاڭلاتتىڭ ئەگەر سەندە پەريات بولسا. ئاندىن زەمزەم ئورنىدا بىر پەرىشتىگە يولۇقتى، ئاندىن پۇتىنىڭ تىگىنى پۇتى بىلەن ياكى قانىتى بىلەن كولىدى ھەتتا سۇ زاھىر بولدى، ئاندىن ئۇنى كۆلچەك قىلغىلى تۇردى ۋە قولى بىلەن مۇشۇنداق ئىشارەت قىلىدۇر ۋە سۇدىن تۇلۇمغا ئۇسقىلى تۇردى، ئۇسقانچە سۇ ئۆرلەپ چىقىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: الله ئىسمائىلنىڭ ئانىسىغا رەھىم

قىلسۇن، ئەگەر زەمزەمنى تەرىك قىلغان بولسا ياكى ئۇشلاپ ئالمىغان بولسا زەمزەم ئېقىن بۇلاق بولاتتى. ئېيتتى: ئاندىن ئىچتى ۋە بالىسنى ئىمىتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا بىر پەرىشتە ئېيتتى: زايا بۇلۇشدىن قورۇقمىغىن، پەس تەھقىق بۇيەردە بەيتۇللاھ بار، ئۇنى بۇ ئوغۇل ۋە ئاتىسى بىنا قىلىدۇر، تەھقىق الله بەيتۇللاھ ئەھلىنى زايا قىلمايدۇر. تەھقىق بەيتۇللاھ يەردىن دۆڭگە ئوخشاش ئىدى، قىيان كىلىپ ئوڭ ۋە سول تەرپىدىن ئۆتەتدى. ئاندىن شۇنداق بولدى، ھەتتا ئۇلارغا جۇرھۇم قەبىلىسىدىن كارۋان ياكى جۇرھۇمدىن بىر ئائىلە ئۆتتى، كىدا تەرەپدىن كىلىپ ئاندىن مەككىنىڭ تۆۋەنىگە چۈشدى، ئاندىن سۇ تەلىۋىدە ئەگىپ يۇرگەن قۇشنى كۆردى، ئاندىن ئېيتتىلەر: تەھقىق بۇ قۇش سۇنى ئەگىيدۇر، بىزنىڭ بىلىشىمىزچە ئۇنىڭدا ـ بۇۋادىدا سۇ يوق. ئاندىن بىر ياكى ئىككى ئەلچىنى ئەۋەتتى، ئاندىن ئۇلار سۇنى كۆرۈپ قايتتى، ئاندىن ئۇلار سۇ بار ئىكەن دەپ خەۋەرقىلدى. ئاندىن كەلدىلەر. ئېيتتى راۋى: ئىسمائىلنىڭ ئانىسى سۇنىڭ قېشىدا ئىدى. ئۇلار ئېيتتى: بۇيەرگە سىزنىڭ قېشىڭىزغا چۈشۈشىمىزگە ئىزنى بېرەمسىز؟ ئاندىن ئىسمائىلنىڭ ئانىسى ئېيتتى: بولىدۇ لىكىن سۇدا ھەققىڭلار يوق. ئۇلار ھەئە شۇنداق دىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: پەس بۇ ئىسمائىلنىڭ ئانىسىنى تاپدى ۋە ئۇ ئۇنىسى ـ ئۈلپەتنى دوس تۇتاتدى. ئاندىن چۈشتىلەر ۋە ئۇ زائەھلىلەرگە كىشى ئەۋەتتى، ئاندىن ئۇلارمۇ ئۇلار بىلەن بىللە چۈشتى، ھەتتا ئۇ مەككىدە ئۇلاردىن ئەھلى بەيتلەر بار بولدى ۋە ئۇ ئوغۇلمۇ چوڭدى، ئۇلاردىن ئەرەپچىنى ئۆگەندى ۋە ئۇ ئوغۇل چوڭغاندا ئۇلارنى ھەيران قالدۇردى، ئۇ بالاغەتكە يەتكەندە ئۆزلىرى ئىچىدىن بىر خوتۇنغا ئۆيلەپ قويدىلەر ۋە ئىسمائىلنىڭ ئانىسى ئۆلۈپ قالدى. ئاندىن ئىسمائىل ئۆيلەنگەندىن كىيىن ئىبراھىم قالدى نەرسىلەرگە قارىغىلى كەلدى، ئاندىن ئىسمائىلنى تاپالمىدى، ئۇنى ئۇنىڭ خوتۇنىدىن سورىدى، ئاندىن

خوتۇنى ئېيتتى: بىزگە نەرسە تەلەپ قىلىپ كەتتى، ئاندىن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىن ۋە ھەيئەت ـ تۇرقىدىن سورىدى، ئاندىن خوتۇنى ئېيتتى: بىز يامان ھالدا، بىز قىيىنچىلىقدا ۋە قاتتىقچىلىقدا دەپ ئۇنىڭغا شىكايەت قىلدى. ئىبراھىم ئېيتتى: پەس ۋەقتىكى ئېرىڭ كەلسە ئۇنىڭغا سالام ئېيتقىن ۋە ئۇنىڭغا ئېيتقىن ئىشىگىنىڭ بوسغىسىنى ئۆزگەرتىۋەتسۇن. ئىسمائىل كېلىپ بىر نەرسىنى تۇيۇۋغاندەك بولدى، پەس ئايا سىلەرگە بىرۇ كەلدىمۇ؟ دېدى، ئېيتتى: ھەئە، مۇنداق مۇنداق شەيخ كەلدى، ئاندىن سىزنى سورىدى، ئاندىن ئۇنىڭغا خەۋەر قىلدىم، ئاندىن مەندىن تۇرمۇش ئەھۋالىمىزنى سورىدى، مەن ئۇنىڭغا قىيىنچىلىغىمىز ۋە قاتتىق چىلىغىمىزنى خەۋەر قىلدىم. ئىسمائىل ئېيتتى: ساڭا بىر نەرسىنى ۋەسىيەت قىلدىمۇ؟ ئېيتتى: ھەئە مىنى سىزگە سالام ئېيتىشىمنى بۇيرىدى ۋە ئېيتتى: ئىشىگىنىڭ بوسغىسىنى ئۆزگەرتىۋەتسۇن. ئىسمائىل ئېيتتى: ئۇ مىنىڭ ئاتامدۇر مىنى سەندىن ئاجرىشىمنى بۇيرۇيدۇر، ئەھلىڭگە بار، ئاندىن ئۇنى تالاق قىلدى ۋە ئۇلاردىن يەنە بىر خوتۇننى ئالدى. ئاندىن ئىبراھىم بىر مەزگىل، الله خالىغان مىقدارى تۇردى، ئاندىن ئۇلارغا بۇندىن كېيىن يەنە كەلدى، ئاندىن ئىسمائىلنى تاپالمىدى، خوتۇنىنىڭ قېشىغا كىرىپ ئۇنىڭدىن سورىدى، ئاندىن خوتۇنى ئېيتتى: بىزگە بىر نەرسە تەلەپ قىلىپ چىقىپ كەتتى. ئىبراھىم ئېيتتى: قانداق سىلەر؟ ۋە ئۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ مەئىشىتىدىن ۋە ھەيئىتىدىن سورىدى، ئاندىن ئېيتتى: بىز ياخشى كەڭچىلىكدە دەپ الله غا سانا ئېيتتى. ئاندىن ئىبراھىم ئېيتتى: تائامىڭىز نىمەدۇر؟ ئېيتتى: گۆش. ئېيتتى: ئىچىملىگىڭلار نىمەدۇر؟ ئېيتتى: سۇ. ئىبراھىم ئېيتتى: ئى الله ! ئۇلارغا گۆشتە ۋە سۇدا بەرىكەت بەرگىن. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئۇلارغا ئۇكۈندە ئاشلىق دانلار يوق ئىدى، ئەگەر ئۇلارغا دانلىق بولسا ئۇلارغا ئۇنىڭدا دۇئا قىلاتتى. ئېيتتى: پەس ئۇ گۆش ۋە سۇغا بىرۇ مەككىنىڭ غەيرىدە خالى بولمايدۇر، مەگەر

ئۆئىككىسى بىلەنلا خالى بولسا، ئۆئىككىسى ئۇ يىرۇغا مۇۋاپىق كەلمەيدۇر (يەنى مەككىنىڭ غەيرىدە سۇ ۋە گۆش بىلەنلا تۇرمۇش كۆچۈرگىلى بولمايدۇ قوسقى ئاغرىيدۇ). ئېيتتى ئىبراھىم: پەس ۋەقتىكى ئىرىك كەلسە ئۇنىڭغا سالام دىگىن ۋە ئۇنى بۇيرىغىنكى ئىشىگىنىڭ بوسغىسىنى مەھكەم قىلسۇن. ئاندىن ئىسمائىل كىلىپ سىلەرگە بىركىم كەلدىمۇ؟ دىدى. خوتۇنى ئېيتتى: ھەئە چىرايلىق بىر مويسىپىت كەلدى دەپ ئۇنى ماختىدى، ئاندىن سىزنى سورىدى، ئاندىن خەۋەر قىلدىم، ئاندىن مەندىن تۇرمۇشىمىز قانداقلىغىنى سورىدى، ئۇنىڭغا بىز ياخشى دەپ خەۋەر قىلدىم. ئىرى ئىسمائىل ئېيتتى: سىنى بىر نەرسىگە ۋەسىيەت قىلدىمۇ؟ ئېيتتى: ھەئە ئۇ سىزگە سالام ئېيتتى ۋە سىزنى ئىشىكىنىڭ بوسغىسىنى چىڭ ساخلىشىڭىزنى بۇيرىدى، ئىسمائىل ئېيتتى: ئۇ ئاتامدۇر، سەن بوسۇغادۇرسەن سىنى چىڭ تۇتۇشىمنى بۇيرۇيدۇ. ئاندىن بىر زامان الله خالىغان مۇددەت تۇردى، ئاندىن كەلدى، ئىسمائىل زەمزەم يىنىدا يوغان دەرەخ تىگىدە ئوق قىرىۋاتاتتى، ئاندىن ئاتىسىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا قوپۇپ، ئاتا بالىغا ۋە بالا ئاتىغا قىلىدىغان ئىشلارنى قىلدى. ئاندىن ئېيتتى: ئى ئىسمائىل! تەھقىق الله تەئالا مىنى بىر ئىشقا بۇيرىدى. ئىسمائىل ئېيتتى: رەببىڭ بۇيرىغان ئىشنى قىل! ئىبراھىم ئېيتتى: ماڭا ياردەم قىلامسەن؟ ئىسمائىل ئېيتتى: ساڭا ياردەم قىلىمەن. ئىبراھىم ئېيتتى: الله مىنى مۇشۇ جايغا بەيتۇللاھ سېلىشنى بۇيرىدى دەپ ئىگىز دۆڭگە ئىشارەت قىلدى. ئېيتتى: شۇ ۋاقىتدا ئىككىسى بەيتۇللاھنىڭ ھۇلىنى كۆتەردى، ئاندىن ئىسمائىل تاشنى ئېلىپ بېرىدۇر، ئىبراھىم قوپۇرۇدۇر، ھەتتا بىنا ئىگىزلەپ ئىدى، بۇ تاشنى ئەكىلىپ ئىبراھىمغا قويۇپ بەردى، ئىبراھىم ئۈستىدە تۇرۇپ قوپۇرۇدۇر ۋە ئىسمائىل تاشنى ئېلىپ بېرىدۇر ۋە ئىككىسى {رَبَّنَا تقبَّلْ مِنَّا وئَكَ وَنْتَ السَّمِيىُ الَلِيمُ} مەنىسى:

***«پەرۋەردىگارىمىز بىزنىڭ(بەيتۇللاھنى بىنا قىلىشدىن ئىبارەت خىزمىتىمىزنى) قوبۇل قىلغىن، سەن***

***ھەقىقەتەن(دۇئايىمىزنى)ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن،(نىيىتىمىزنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن*** » نى دەيدۇر.

(سۈرە بەقەرە 127 ـ ئايەت)

**1416 ـ** ئەبى زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: ئېيتتىم مەن: يارەسۇلۇللاھ ! قايسى مەسجىد زىمىندە ئەۋۋەل قويۇلدى؟ ئېيتتى: مەسجىدىل ھەرەم. ئېيتتىم: ئاندىن قايسى؟ ئېيتتى: مەسجىدىل ئەقسا. ئېيتتىم: ئىككىسىنىڭ ئارلىغى قانچىلىك؟ ئېيتتى: قىرىق ژىل، ئاندىن قايەردە سىنى ناماز تاپسا (ناماز ۋاختى بولسا) بۇندىن كېيىن شۇ يەردە ناماز ئۇقۇغىن، پەس تەھقىق پەزلى شۇ يەردەدۇر.

**1417 ـ** ئەبۇ ھۇمەيدى سائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق ئۇلار ئېيتتىلەر: يارەسۇلۇللاھ ! ئۆزلىرىگە قانداق دۇرۇت ئوقۇيمىز؟، ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئېيتىڭلار « اَللّٰهُمَّ صَلِّ عَلٰى مُحَمَّدٍ وَاَزْوَاجِهٖ وَذُرِّيَّتِهٖ كَمَا صَلَّيْتَ عَلٰى اٰلِ اِبْرَاهِيْمَ وَبَارِكْ عَلٰى مُحَمَّدٍ وَاَزْوَاجِهٖ وَذُرِّيَّتِهٖ كَمَابَارَكْتَ عَلٰى اٰلِ اِبْرَاهِيْمَ اِنَّكَ حَمِيْدٌ مَجِيْدٌ ».

**1418 ـ** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەسەن ۋە ھۇسەيىنگە تەئۋىز ئوقۇيتى ۋە ئېيتار ئىدى: ئاتاڭلار ئىسمائىل ۋە ئىسھاقتا تەئۋىز ئوقۇيتى: ‹‹ اَعُوذُ بِكَلِمَاتِ اللهِ التَّامَّةِ مِنْ كُلِّ شَيْطَانٍ وَهَامَّةٍ وَمِنْ كُلِّ عَيْنٍ لاَمَّةٍ » دەپ .

**الله تەئالانىڭ {وَنَبِّئْهُمْ عَنْ ضَيْفِ اِبْرَاهِيْمَ} مەنىسى {ئۇلارغا ئىبراھىمنىڭ مېھمانلىرى ھەققىدىكى (قىسسەنى) ئېيتىپ بەرگىن} (سەرە ھىجر 51 ـ ئايەت) دىگەن سۆزى توغرىسىدا**

**1419 ـ** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: بىز ئىبراھىمدىن شەككە ھەقراق چۇڭىكى ئۇ ئېيتتى: {رَبِّ اَرِنِي كَيْفَ تُحْيِي الْمَوْتٰى قَالَ اَوَلَمْ تُؤْمِنْ قَالَ بَلٰى وَلٰكِنْ لِيَطْمَئِنَّ قَلْبِي} مەنىسى { ***ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم «ئى***

*پەرۋەردىگارىم، ئۆلۈكلەرنى قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىغىڭنى ماڭا كۆرسەتكىن» دېدى. اللہ: «(ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىمغا) ئىشەنمىدىڭمۇ؟» دېدى. ئىبراھىم: «ئىشەندىم، لېكىن كۆڭلۈم(تېخىمۇ)قارار تاپسۇن ئۈچۈن(كۆرۈشنى تىلەيمەن)» دېدى.* } (سۈرە بەقەرە 260 ـ ئايەت). اللہ تەئالا لوتقا رەھىم قىلسۇن، ئەلۋەتتە ئۇ رۇكنى شەدىدغا ئارام ئالاتتى ۋە ئەگەر يۈسۈپنىڭ زىنداندا تۇرۇشىدەك ئۇزۇن تۇرسام ئەلۋەتتە چاقىرغۇچىغا ئىجابەت قىلاتتىم (زىنداندىن چىقاتتىم).

**اللہ تەئالانىڭ** {وَاذْكُرْ فِىْالْكِتَابِ اِسْمٰعِيْلَ اِنَّهٗ كَانَ صَادِقَ الْوَعْدِ} مەنىسى *{ى مۇھەممەد! كىتابىڭدا (قۇرئاندا) ئىسمائىلنىڭ قىسسىسىنى بايان قىل ئۇ راستچىل ۋەدىسىدە تۇرۇدىغان پەيغەمبەر ئىدى}*. **دېگەن سۆزى توغرىسىدا**

1420 ـ سەلىمە ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوق ئېتىشدا مۇسابىقە قىلىشىۋاتقان بىر نەچچە كىشىلەرگە ئۆتتى، ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئى ئىسمائىلنىڭ ئوغۇللىرى ئېتىڭلار! پەس تەھقىق ئاتاڭلار مەرگەن (ئاتقۇچى) ئىدى ۋە مەن بەنى پالانى بىلەن بىللە. ئاندىن ئىككى پىرقىنىڭ بىرى قوللىرىنى تۇتۇپ ئاتمىدى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: نىمە بولدى سىلەرگە ئاتمايسىلەر؟ ئاندىن ئېيتتىلەر: يارەسۇلۇللاھ ! ئاتىمىزمۇ سىلە ئۇلار بىلەن بىللە؟ ئېيتتى: ئېتىڭلار مەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلار بىلەن بىللە.

**اللہ تەئالانىڭ** {وَاِلٰى ثَمُوْدَ اَخَاهُمْ صٰلِحًا} مەنىسى *{سەمۇدقا ئۇلارنىڭ قېرىندىشى سالىھنى (پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق)}* (سۈرە ئەئراپ 73 ـ ئايەت) **دېگەن سۆزى توغرىسىدا**

1421 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم تەبۇك غازىتىدا ھىجرىغا چۈشكەندە، ئۇلارنى ئۇنىڭ قۇدۇقىدىن سۇ ئىچمەسلىككە ۋە ئۇنىڭدىن سۇ ئالماسلىققا بۇيرىدى. ئاندىن ئۇلار ئېيتتى: ئۇنىڭدىن خېمىر يۇغۇردۇق ۋە سۇ ئالدۇق. ئاندىن ئۇلارنى ئۇ خېمىرنى تاشلاشنى ۋە ئۇ سۇنى تۆكۈشنى بۇيرىدى.

**الله تەئالانىڭ** {ۆمْ كُنتُمْ شُهَدَاءَ ۋۇ چَگَرَ يَعْقُوبَ الْمَوْتُ ۋۇ قَالَ لِبَنِيهِ} مەنىسى *{ياقۇپ جان ئۈزۈۋاتقاندا سىلەر يېنىدا بارمىدىڭلار، شۇچاغدا ياقۇپ ئوغۇللىرىغا ئېيتتى}*. سۈرە بەقەرە 133 ـ ئايىتى توغرىسىدا

**1422** ـ ئۇ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: تەھقىق كەرىمنىڭ ئوغلى كەرىم، كەرىمنىڭ ئوغلى كەرىم، يۇسۇپ ياقۇپنىڭ ئوغلى ئۇ ئىسھاقنىڭ ئوغلى ئۇ ئىبراھىمنىڭ ئوغلى ئەلەيھىسسالاملاردۇر.

## موسا ئەلەيھىسسالام بىلەن خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى توغرىسىدا

**1423** ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: خىزىرنى خىزىر دەپ ئاتالدى، ئۇ ئاق يەر ئۈستىگە ئولتۇرسا، تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۇيەر ياپ ـ يېشىل ھەركەتلىنىدۇر.(گىيالار ئۈنۈپ ياشىرىپ كېتەر ئىدى).

**1424** ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن كۇباس يەنى ئىراك مىۋە سىنى تەردۇق، تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئۇنىڭدىن قارىسىنى ئېلىڭلار، ئۇ خۇش بۇيراقدۇر. ئېيتتىلەر: ئۆزلىرى قوي باققانمۇ؟ ئېيتتى: پەيغەمبەر يوق، مەگەر تەھقىق قوي باقتى (پەيغەمبەر بولسىلا قوي باقتى).

**الله تەئالانىڭ** {ۆگَرَبَ اللَّهُ مَثَلاً لِلَّذِينَ ژَمَنُوا اِمْرَۆَةَ فِرْعَوْنَ ۋۇ قَالَتْ رَبِّ ابْنِ لِي عِندَكَ بَيْتاً فِي الْجَنَّةِ

وَنَجِّنِي مِنْ فِرْعَوْنَ وَعَمَلِهِ وَنَجِّنِي مِنَ الْقَوْمِ الظَّالِمِينَ (11) وَمَرْيَمَ ابْنَتَ عِمْرَانَ الَّتِي أَحْصَنَتْ فَرْجَهَا فَنَفَخْنَا فِيهِ مِنْ رُوحِنَا وَصَدَّقَتْ بِكَلِمَاتِ رَبِّهَا وَكُتُبِهِ وَكَانَتْ مِنَ الْقَانِتِينَ (12)} مەنىسى *{ئىمان ئېيتقانلارغا پىرئەۋننىڭ ئايالىنى مىسال قىلىپ كۆرسەتتى، ئۆزۋاقتىدا ئۇ «ئى پەرۋەردىگارىم! دەرگاھىڭدا ماڭا جەننەتتە بىر ئۆي بىنا قىلغىن، مىنى پىرئەۋندىن ۋە ئۇنىڭ يامان ئەمەللىرىدىن قۇتقۇزغىن، مىنى زالىم قەۋمدىن قۇتۇلدۇرغىن» دېدى. ھەمدە الله ئىمراننىڭ قىزى مەريەمنى مىسال قىلىپ كۆرسەتتى، ئۇ نومۇسىنى ساقلىدى، ئۇنىڭغا بىزنىڭ تەرىپىمىزدىن بولغان روھنى پۈۋلىدۇق (دەم ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئىساغا ھامىلدار بولدى)، ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ سۆزلىرىنى ۋە (نازىل قىلغان) كىتاپلىرىنى تەستىق قىلدى ۋە اللە غا ئىتائەت قىلغۇچىلاردىن بولدى}*. (سۈرە تەھرىم 11-12- ئايەتى) توغرىسىدا

1425- ئەبۇ موسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئەرلەردىن كۆپلىرى كامالغا يەتتى ۋە كامىل بولمىدى خاتۇنلەردىن، مەگەر پىرئەۋننىڭ ئايالى ئاسىيە ۋە ئىمراننىڭ قىزى مەريەم، تەھقىق ئائىشەنىڭ خاتۇنلەرگە ئارتۇقلىغى، قورداقنىڭ قالغان تائامدىن ئارتۇقلىغىغا ئوخشاشدۇر.

الله تەئالانىڭ {وَإِنَّ يُونُسَ لَمِنَ الْمُرْسَلِينَ} مەنىسى *{تەھقىق يۇنۇس ئەلبەتتە پەيغەمبەرلەردىندۇر}*. سۈرە ساپپات 139- ئايىتى توغرىسىدا

1426- ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: بىر بەندىگە لايىق ئەمەسدۇركى ئېيتقاي تەھقىق مەن يۇنۇس ئىبنى مەتتادىن ياخشىراقدۇرمەن ۋە ئۇنى ئاتىسىغا نىسبەت بەردى.

الله تەئالانىڭ {وَآتَيْنَا دَاوُودَ زَبُورًا} مەنىسى *{داۋۇدقا زەبۇرنى ئاتا قىلدۇق}*. سۈرە نىسا 163- ئايىتى توغرىسىدا

1427 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا قۇرئان يەڭگىل قىلىندى، پەس ئۇلىغىغا ئېگەر توقۇشقا بۇيرۇيتى، ئۇلغىغا ئېگەر توقۇلۇپ بولغىچە قۇرئاننى ئوقۇپ بولاتتى ۋە يېمەس ئىدى مەگەر قولىنىڭ ئەملىدىن يەيتى (ئۆز ئەمگىكىدىن يەيتى).

الله تەئالانىڭ {وَوَهَبْنَا لِدَاوُودَ سُلَيْمَانَ نِعْمَ الْعَبْدُ إِنَّهُ أَوَّابٌ} مەنىسى { ***بىز داۋۇدقا سۇلايماننى ئاتا قىلدۇق، سۇلايمان نېمە دېگەن ياخشى بەندە، ئۇ الله تەئالاغا ھەقىقەتەن ئىتائەت قىلغۇچىدۇر*** }. سۈرە ساد 30 ـ ئايىتى توغرىسىدا

1428 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىكى ئېيتىدۇر: خالايىقنىڭ مەسەلى ئوت ياققان بىر كىشىنىڭ مەسەلىگە ئوخشاشكى، پەرۋانىلەر ۋە بۇ چىرەندىلەر ئوتقا چۈشىدۇر. ۋە ئېيتتى: ئىككى خوتۇن بىلەن ئىككى ئوغلى بار ئىدى، بۆرە كېلىپ ئىككىسىنىڭ بىرىنىڭ بالىسىنى ئېلىپ كەتتى، ئۇ خوتۇننىڭ ھەمراسى سېنىڭ ئوغلىڭنى ئېلىپ كەتتى دېدى، يەنە بىر خوتۇن سېنىڭ ئوغلۇڭنى ئېلىپ كەتتى دېدى. ئاندىن بۇ ئىككىسى داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا دەۋاغا باردى. ئاندىن ئۇ بالىنى چوڭ خوتۇنغا بۇيرىدى، ئاندىن بۇ ئىككىسى سۇلايمان ئىبنى داۋۇد قېشىغا چىقىپ خەۋەر قىلدى، ئاندىن سۇلەيمان ئېيتتى: ماڭا پىچاق كەلتۈرۈڭلار ئۇنى ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا پارچىلايمەن. ئاندىن كىچىك خوتۇن ئېيتتى: ئۇنداق قىلمىغىن! الله ساڭا رەھمەت قىلسۇن ئۇ ئۆزىنىڭ بالىسىدۇر. ئاندىن ئۇ بالىنى كىچىك خوتۇنغا ھۆكمى قىلدى.

الله تەئالانىڭ {وَإِذْ قَالَتِ الْمَلَائِكَةُ يَا مَرْيَمُ إِنَّ اللَّهَ اصْطَفَاكِ وَطَهَّرَكِ وَاصْطَفَاكِ عَلَى نِسَاءِ الْعَالَمِينَ (42) يَا مَرْيَمُ اقْنُتِي لِرَبِّكِ وَاسْجُدِي وَارْكَعِي مَعَ الرَّاكِعِينَ (43) ذَلِكَ مِنْ أَنْبَاءِ الْغَيْبِ نُوحِيهِ إِلَيْكَ

وَمَا كُنْتَ لَدَيْهِمْ وِوْ يُلْقُونَ وۡقلاَمَهُمْ وۡيُّهُمْ يَكْفُلُ مَرْيَمَ وَمَا كُنْتَ لَدَيْهِمْ وِوْ يَخْتَصِمُونَ (44)} مەنىسى: ***{ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەر ئېيتتى: ئى مەريەم! الله ھەقىقەتەن سىنى (پۈتۈن ئاياللار ئىچىدىن تاللىدى، سىنى پاك قىلدى، سىنى پۈتۈن جاھان ئاياللىرىدىن ئارتۇق قىلدى، ئى مەريەم! پەرۋەردىگارىڭغا ئىتائەت قىل، سەجدە قىل ۋە رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە رۇكۇ قىل. (ئى مۇھەممەد!) بۇ ـــ ساڭا ۋەھى قىلىۋاتقىنىمىزـــــ غەيىب خەۋەرلەردىندۇر. مەريەمنى ئۇلارنىڭ قايسى تەربىيىسگە ئېلىش (مەسلىسىدە چەك تاشلاش يۈزۈسىدىن) قەلەملىرىنى (سۇغا) تاشلىغان چاغدا، سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ، (مەريەمنىڭ كىمنىڭ تەربىيىسىدە بولۇشىنى) ئۆز ئارا جاڭجال قىلىشىۋاتقانلىرىدا سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ}***. **سۈرە ئالئىمران 42ـ44ـ ئايەتلىرى توغرىسىدا**

**1429** ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى ئېيتتىدۇر: ئۇ زامانىنىڭ خاتۇنلىرىنىڭ ياخشارىغى ئىمرانىنىڭ قىزى مەريەم دۇر. بۇ ئۇممەت خاتۇنلىرىنىڭ ياخشارىغى خەدىچەدۇر.

**1430** ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى ئېيتتىدۇر: قۇرەيش خوتۇنلىرى تۆگە مىنگەن خاتۇنلەرنىڭ ياخشىراغى، بالىغا مېھرىبانراغىدۇر ۋە ئەرنىڭ قولىدىكىگە رىئايە قىلغۇچىراغىدۇر.

**الله تەئالانىڭ** {يَا وۡهْلَ الكِتَابِ لاَ تغْلُوْا فِي دِيْنِكُمْ وَلاَ تقُولُوْا نَلوْ اللّهِ ولاَّ الحَقَّ ونَّمَا المَسِيحُ يِيسَوْ ابْنُ مَرْيَمَ رَسُولُ اللّهِ وَكلِمَتُهُ وۡلقَاهَا ولوْ مَرْيَمَ وَرُوحٌ مِنْهُ فَزْمِنُوا بِاللّهِ وَرُسُلِهِ وَلاَ تقُولُوْا ثَلاَثَةٌ اِنْتَهُوا خَيْرًا لَكُمْ ونَّمَا اللّهُ ولهٌ وَاحِدٌ سُبْحَانَهُ وَنْ يَكُونَ لَهُ وَلَدٌ لَهُ مَا فِي السَّمَوَاتِ وَمَا فِي الوَرْگِ وَكَفَوْ بِاللّهِ وَكِيْلاً} مەنىسى ***{ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى ناسارالار جامائىتى) دىنىڭلاردا ھەددىدىن***

***ئاشماڭلار، الله نىڭ شەنىگە ھەق(سۆز)دىن باشقىنى ئېيتماڭلار(يەنى الله غا شېرىكى ۋە بالىسى بولۇشتىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىڭلار). مەسىھ ئىسا ـــ مەريەمنىڭ ئوغلى، پەقەت الله نىڭ رەسۇلىدۇر(سىلەر گۇمان قىلغانىدەك الله نىڭ ئوغلى ئەمەستۇر)، مەريەمگە الله نىڭ ئىلقا قىلغان كەلىمىسىدۇر(يەنى ئاتىنىڭ ۋاستىسىسىز ، الله تەئالانىڭ « ۋۇجۇدقا كەل » دېگەن سۆزىدىن يارىتىلغاندۇر)، الله تەرىپىدىن كەلگەن بىر روھتۇر، الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتىڭلار،(الله، ئىسا، مەريەمدىن ئىبارەت)ئۈچتۇر دىمەڭلار،(خۇدا ئۈچ دېيىدىغان ئېتىقادتىن)قايتىڭلار،(بۇ) سىلەرگە پايدىلىقتۇر، الله پەقەت بىر ئىلاھتۇر، بالىسى بولۇشتىن الله پاكتۇر، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى الله نىڭ دۇر(يەنى الله نىڭ مۈلكىدۇر، مەخلۇقاتىدۇر) الله يېتەرلىك ھامىيدۇر}***. سۆرە نىسا 171 ـ ئايىتى توغرىسىدا

1431 ـ ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: كىمكى بىر الله دىن باشقا ئىلاھ يوق، تەنھا شېرىكى يوقدۇر، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم الله نىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى دەپ گۇۋاھلىق بەرسە ۋە ئىسا الله نىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى ۋە الله نىڭ مەريەمگە تاشلىغان كەلىمىسى ۋە الله تەئالادىن ئىلقا قىلىنغان روھدۇر. جەننەت ھەقدۇر ۋە دوزاخ ھەقدۇر دەپ گۇۋاھلىق بەرسە، الله تەئالا ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇر، نىمەلا ئەمەل قىلغان بولسۇن.

**الله تەئالانىڭ {وَاذْكُرْ فِي الْكِتَابِ مَرْيَمَ إِذِ انتَبَذَتْ مِنْ أَهْلِهَا مَكَانًا شَرْقِيًّا} مەنىسى: *{(ئى مۇھەممەد!) قۇرئاندا مەريەم (قىسسىسىنى) بايان قىل، ئەينى زاماندا ئۇ ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ شەرىق تەرەپتىكى بىر جايغا باردى}*. سۆرە مەريەم 16 ـ ئايىتى توغرىسىدا**

1432 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم ئېيتتى: بۇشۇكتە پەقەت ئۈچ كىشىلا سۆزلىدى، بىرى ئىسا، يەنە بىرى بەنى ئىسرائىل ئىچىدە جۇرەيجى دېگەن بىر كىشى بار ئىدى، ئۇ ناماز ئوقۇۋاتقاندا ئانىسى كېلىپ چاقىردى، ئاندىن جۇرەيج ئېيتتى: ئانامغا جاۋاپ بېرىمەنمۇ ياكى ناماز ئوقۇيمۇ، ئاندىن ئانىسى ئېيتتى: ئى الله ! ئۇنىڭغا پاھىشە خوتۇنلارنىڭ يۈزلىرىنى كۆرسەتكىچىلىك ئۇنى ئۆلتۈرمىگىن. جۇرەيج ئۆز ئىبادەتخانىسىدا ئىدى، ئۇنىڭغا بىر خوتۇن توغرا بولۇپ گەپ-سۆز قىلدى، ئاندىن جۇرەيج باش تارتتى، ئاندىن پادىچىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنى ئۆز نەپسىگە قادىر قىلدى. ئاندىن بىر ئوغۇل تۇغدى، ئاندىن خاتۇن ئېيتتى: (بۇ بالا) جۇرەيجنىڭ. ئاندىن ئۇلار كېلىپ ئىبادەت خانىسىنى چېقىپ، ئۇنى ئىبادەت خانىدىن چۈشۈرۈپ ئۇنىڭغا دەشنام بەردى. ئاندىن ئۇ تەھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇپ، ھېلىقى ئوغۇل قېشىغا كېلىپ، ئى غولام ئاتاڭ كىم؟ دېدى. ئاندىن ئوغۇل ئېيتتى: (ئاتام) پادىچى. پەس ئېيتتىلەر: ئىبادەتخاناڭنى ئالتۇندىن سېلىپ بېرەيلى. ئېيتتى: ياق مەگەر لايدىن (سېلىڭلار). ۋە يەنە بىرى بەنى ئىسرائىلدىن بىر خوتۇن ئوغلىنى ئېمىتىۋاتاتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا ھەيۋەتلىك ئۇلاغلىق بىر ئادەم ئۆتتى، ئۇ خوتۇن ئېيتتى: ئى الله ! ئوغلۇمنى ئاشۇ كىشىدەك قىلغىن، ئاندىن ئۇ بالا ئەمچەكنى تاشلاپ ئۇلاغلىق ئادەمگە قاراپ، ئى الله! مېنى ئۇنىڭغا ئوخشاش قىلمىغىن دېدى، ئاندىن ئانىسىنىڭ ئەمچىكىگە قاراپ ئېمىدۇر. ئېيتتى ئەبۇ ھۇرەيرە: گويائىكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بارمىقىنى شورىغانلىقىغا قارايمەن. ئاندىن بىر دېدەك ئۆتكۈزۈلدى، ئاندىن ئۇ خوتۇن ئېيتتى: ئى الله! ئوغلۇمنى مۇشۇ دېدەككە ئوخشاش قىلمىغىن، ئاندىن ئۇ ئوغۇل ئۇنىڭ ئەمچىكىنى تاشلاپ، ئى الله ! مېنى شۇنىڭدەك قىلغىن دېدى. ئاندىن خوتۇن ئېيتتى: بۇ نىمە ئۈچۈن؟ ئاندىن ئوغۇل ئېيتتى: ئۇلاغلىق كىشى زالىملاردىن بىر زالىمدۇر، بۇ دېدەككە ئېيتىدۇرلەر: ئوغۇرلۇق قىلدىڭ،

زىنا قىلدىك، ئۇ قىلمىغان ئىدى.

1433 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئىيسا ۋە موسا ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالاملارنى كۆردۈم، پەس ئەمما ئىيسا قىزىل يۈزلۈك، گىدە، كۆكسى توغرا كەڭدۇر، ئەمما موسا جىسىملىك، بۇغداي ئۆڭلۈك، ساقلى سىدام گۇياكى ھىندى ئادەم لىرىدىندۇر.

1434 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: بۈگۈن كېچە چۈشۈمدە كۆرىمەن، پەس بىناگاھ بۇغداي ئۆڭلۈك بىر ئادەم، بۇغداي ئۆڭلۈك ئادەملەرنىڭ ئەڭ چىرايلىقراقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭ چېچى ئىككى مۈرىسى ئوتتۇرىسىدا مائىل بولۇپ تۇرىدۇر، چاچلىرى تاراقلىق، باشلىرىدىن سۇ تېمىپ تۇرىدۇر، ئىككى قولىنى ئىككى ئادەمنىڭ ئىككى مۈرىسگە قويغان ھالىتىدە ۋە ئۇكىشى بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىۋاتىدۇر. ئاندىن ئېيتتىم: كىم بۇ؟ ئاندىن ئېيتتىلەر: بۇ مەسىھ ئىبنى مەريەم، ئاندىن ئۇنىڭ ئارقىسىدا بىشىنىڭ چېچى غۇژمەك، ئوڭ كۆزى قارىغۇ بىر ئادەمنى كۆردۈم، ئىبنى قەتەننى كۆرگىنىمگە ئوخشىغىچىراق، ئىككى قولىنى بىر ئادەمنىڭ ئىككى مۈرىسگە قويغان ھالىتىدە بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىدۇر، ئاندىن ئېيتتىم: كىم بۇ؟ ئېيتتىلەر مەسىھ دەججالدۇر.

1435 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە ئېيتتى: قەسەم الله غىكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىيسانى قىزىل يۈزلۈك دېمىدى ۋە لېكىن ئېيتتى: ئول ئارادىكى ئۇخلىغۇچىدۇرمەن، تاۋاپ قىلمەن كەبىنى، ئاندىن بىناگاھ بىر بۇغداي ئۆڭلۈك بىر ئادەم چاچلىرى سىدام ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىدا سۆرۈلىدۇر، باشلىرىدىن سۇ تامچىيدۇر ياكى باشلىرىدىن سۇ تۆكۈلىدۇر. ئاندىن ئېيتتىم: كىم بۇ؟ ئېيتتىلەر: ئىبنى مەريەمدۇر. ئاندىن

ئىلتىپات قىلدىم، بىناگاھ قىزىل يۈزلۈك، جىسىملىك، چېچى غۇژمەك، ئۇلۇك كۆزى قارىغۇ گۇياكى ئۈزۈمنىڭ كۆزى تاشاڭغا چىققۇچىدۇر. ئېيتتىم: كىم بۇ؟ ئېيتتىلەر: بۇ دەججالدۇر، خەلقنىڭ ئۇنىڭغا ئوخشىغۇچىراقى ئىبنى قەتەندۇر.

1436 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇر: مەن خالايىقنىڭ ئىبنى مەريەمگە يېقىنراغىدۇرمەن. پەيغەمبەرلەر ئاتا بىر ئانا باشقا تۇققانلاردۇر، ئۇنىڭ بىلەن مىنىڭ ئارلىغىمدا پەيغەمبەر يوقدۇر.

1437 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: مەن خالايىقنىڭ ئىيسا ئىبنى مەريەمگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە يېقىنراغىدۇرمەن، پەيغەمبەرلەر قېرىنداشلاردۇر، ئانىلىرى باشقا ۋە دىنلىرى بىردۇر.

1438 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئىيسا ئوغۇرلۇق قىلىۋاتقان بىر كىشىنى كۆردى، ئاندىن ئۇنىڭغا ئوغۇرلۇق قىلدىڭمۇ؟ دېدى، ئۇ ئېيتتى: ياق، الله دىن باشقا ئىلاھ يوق زاتى بىلەن قەسەمكى(ئوغۇرلۇق قىلمىدىم). ئاندىن ئىيسا ئېيتتى: الله غا ئىيمان كەلتۈردۈم ۋە كۆزۈمگە ئىنكار قىلدىم.

1439 ـ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇر: مىنى ناسارالار ئىيسا ئىبنى مەريەمنى ماختىغاندەك ماختىماڭلار. پەس مەن الله نىڭ بەندىسىدۇرمەن. پەس ئېيتىڭلار: الله نىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرىدۇر.

### ئىيسا ئىبنى مەريەم ئەلەيھسالامنىڭ نازىل بولۇشى توغرىسىدا

1440 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم ئېيتتى: قانداق سىلەر ۋەقتىكى سىلەرگە ئىبنى مەريەم چۈشسە، ئىمامىڭلار سىلەردىندۇر.

## بەنى ئىسرائىلدىن زىكرى قىلىنغان نەرسە توغرىسىدا

1441 ـ ھۇزەيپە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇر: تەھقىق دەججال بىلەن ئۇچقاشقان ۋاقىدىدا سۇ ۋە ئوت باردۇر. پەس ئەمما خالايىقلار، تەھقىق ئۇ ئوتدۇر دەپ كۆرگەن نەرسە سوغاق سۇدۇر، ئەمما خالايىقلار، تەھقىق ئۇ سوغاق سۇدۇر دەپ كۆرگەن نەرسە كۆيدۈرىدىغان ئوتدۇر. پەس كىمكى سىلەردىن ئۇنى تاپسا، ئاندىن چۈشسۇن ئوتدۇر دەپ كۆيدىرىدىغان نەرسگە، پەس تەھقىق ئۇ تاتلىق سوغاق سۇدۇر.

1442 ـ ھۇزەيپە رەھىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇر: تەھقىق بىر كىشىگە ئۆلۈم ھازىر بولدى، ئۇ ھاياتىدىن ئۈمىد سىزلىنىپ ئەھلىگە ۋەسىيەت قىلدى. ۋەقتىكى مەن ئۆلسەم ماڭا كۆپ ئوتون ژىغىپ ئۇنىڭغا ئوت يېقىڭلار ھەتتاكى گۆشۈمنى يەپ كۆيدۈرۈپ ئۇستىخىنىمغا يېتىپ كۆيۈپ كەتسە ئۇنى ئېلىڭلار ۋە ئۇنى ئۇن قىلىڭلار، ئاندىن شامالىق كۈنگە قاراڭلار، ئاندىن كۈلىنى دېڭىزغا چېچىڭلار، ئاندىن شۇنداق قىلدى، ئاندىن ئۇنى الله جەمى قىلدى، ئاندىن ئۇنىڭغا ئېيتتى: نىمشقا بۇنداق قىلدىڭ؟ ئۇ ئېيتتى: سەندىن قورىققان جەھەتىدىن. ئاندىن الله ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلدى.

1443 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: بەنى ئىسرائىلگە پەيغەمبەرلەر سىياسەت قىلاتتى، ھەرۋەقتىكى بىر پەيغەمبەر ھالاك بولسا ئۇنىڭغا يەنە بىر پەيغەمبەر ئىز باسار بولاتتى. تەھقىق مەندىن كېيىن پەيغەمبەر

يوق، پات يېقىندا خەلىپىلەر بولىدۇر ۋە ئۇلار كۆپىيىدۇر. ئېيتتىلەر: بىزلەرنى نىمىگە ئەمر قىلىدىلا؟ ئېيتتى: ئەۋۋەلقى بەيئەتكە ۋاپا قىلىڭلار، ئاندىن ئەۋەلقى بەيئەتكە، ئۇلارغا ئۇلارنىڭ ھەققىنى ئاتا قىلىڭلار. پەس تەھقىق الله تەئالا ئۇلارغا سۇئال قىلغۇچىدۇر، خەلىپەلىرنى ئۇلارنىڭ باشقۇرغان نەرسىسىدىن.

**1444** ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئەلۋەتتە سىلەردىن ئىلگىركى كىشىلەرنىڭ يولىغا غېرىشمۇ ـ غېرىش، گەزمۇ ـ گەز ئەگىشىپ كېتىسىلەر، ھەتتاكى ئۇلار كەلەينىڭ تۆشۈگىگە كىرگەن بولسا ئەلۋەتتە سىلەرمۇ شۇ تۆشۈككە كىرىسىلەر. ئېيتتۇق: يارەسۇلۇللاھ ! يەھۇدى ۋە ناسارالارمۇ؟ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: كىم ئەمىسە؟.

**1445** ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: مەندىن بىر ئايەت بولسىمۇ يەتكۈزۈڭلار! ۋە بەنى ئىسرائىلدىن ھەدىس قىلىڭلار ھەرەج يوق، كىمكى ماڭا قەستەن يالغان ئېيتسا ئورنىنى دوزاخدىن تەييارلىسۇن.

**1446** ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: تەھقىق يەھۇدى ۋە ناسارالار ساقلىنى بويىمايدۇر، ئاندىن ئۇلارغا خىلاپ (قارشىسىنى) قىلىڭلار (بوياڭلار).

**1447** ـ جۇندۇب ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: سىلەردىن ئىلگىركى بىر كىشىدە جاراھەت بارئىدى، ئۇ پىچاقنى ئېلىپ ئۇنىڭ بىلەن قولىنى كەسدى، ئاندىن قان توختىمىدى ھەتتا ئۆلدى. الله تەئالا ئېيتتى: ماڭا بەندەم ئۆز نەپسى بىلەن ئالدىردى، ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلدىم.

**1448 ـ** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىكى ئېيتىدۇر: تەھقىق ئۈچ كىشى بەنى ئىسرائىلدىن ئاق كېسەل، قارغۇ ۋە تاز. الله تەئالانىڭ ئۇلارنى ئىبتىلائ قىلىشىدىكى ئەزىلى ئىلمى زاھىر بولۇپ بىر پەرىشتىنى ئەۋەتتى، ئۇ پەسە كېسەل قېشىغا كەلدى، ئاندىن ئېيتتى: قايسى نەرسە ساڭا دوسراقدۇر؟ ئېيتتى: چىرايلىق رەڭ ۋە چىرايلىق تېرە تەھقىق خالايىق مەندىن سەسكەندى. ئاندىن پەرىشتە ئۇنى سىلىدى ئۇنىڭدىن ئۇ نەرسە كەتتى، ئۇنىڭغا چىرايلىق رەڭ ۋە چىرايلىق تېرە ئاتا قىلىنىدى. ئاندىن پەرىشتە ئېيتتى: قايسى مال ساڭا دوسراقدۇر؟ ئېيتتى ئۇ: تۆگە، ئاندىن ئۇنىڭغا ئون ئايلىق بوغاز تۆگە بېرىلدى. ئاندىن ئېيتتى: ساڭا تۆگىدە بەرىكەت بېرىلسۇن. تازنىڭ قېشىغا كەلدى، ئاندىن ئېيتتى: قايسى نەرسە ساڭا دوسراقدۇر؟ ئاندىن تاز ئېيتتى: چىرايلىق چاچ، مەندىن خالايىق كەرىھ كۆرىدىغان نەرسە كەتسە ئىدى. ئاندىن پەرىشتە ئۇنى سىلىدى، ئۇ نەرسە كەتتى ۋە ئۇنىڭغا چىرايلىق چاچ ئاتا قىلىنىدى. پەرىشتە ئېيتتى: ساڭا قايسى مال دۇسراقدۇر؟ ئۇ ئېيتتى: كالا، ئۇنىڭغا بوغاز كالا ئاتا قىلىنىدى ۋە ئېيتتى: كالىدا ساڭا بەرىكەت بېرىلسۇن. ئەمانىڭ قېشىغا كەلدى، ئاندىن ئېيتتى: قايسى نەرسە ساڭا دوسراقدۇر؟ ئۇ ئەما ئېيتتى: الله تەئالا ماڭا مېنىڭ كۆزۈمنى قايتۇرۇپ بەرسە، ئۇنىڭ بىلەن خالايىقنى كۆرسەم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: پەرىشتە ئۇنى سىلىدى، الله تەئالا ئۇنىڭ كۆزىنى قايتۇردى، ئېيتتى: قايسى مال ساڭا دوسراقدۇر؟ ئۇ ئېيتتى: قوي، ئاندىن ئۇنىڭغا بوغاز قوي ئاتا قىلدى. ئاندىن بۇ ئىككىسى (يەنى تۆگە كالا) تۇغدى ۋە قويمۇ تۇغدى. ئاندىن ئۇنىڭغا بىر ۋادى تۆگە ۋە بۇنىڭغا بىر ۋادى كالا ۋە بۇنىڭغا بىر ۋادى قوي بولدى. ئاندىن پەرىشتە پەسگە ئۇنىڭ سۈرىتى ۋە سىياقىدا كەلدى، ئاندىن پەرىشتە ئېيتتى: مىسكىن بىر ئادەم مەن، سەپىرىمدە

سەۋەپلەر ئۈزۈلۈپ قالدى، بۈگۈن ماڭا مەبلەغ يوق، مەگەر الله بىلەن ئاندىن سەن بىلەن، ساڭا چىرايلىق رەڭ ۋە چىرايلىق تېرە ۋە مال بەرگەن زات ھەققى سەندىن بىر تۆگە سورايمەن، ئۇنىڭ بىلەن سەپىرىمدە جايىمغا يېتىۋالاي. ئۇ پەسە ئادەم سۆزىنىدىكى پەرىشتىگە ئېيتتى: تەھقىق ھوقوق كۆپتۇر. ئاندىن پەرىشتە پەسگە ئېيتتى: مەن سىنى تونۇيدىغاندەك تۇرىمەن، سەن خالايىق سەت كۆرىدىغان پەسە ۋە پېقىر ئەمەسمىدىڭ؟ ساڭا الله تەئالا ئاتا قىلدى. پەسە ئېيتتى: بۇ نەرسىگە چوڭغا چوڭدىن (ئاتا بوۋامدىن) ۋارىس بولدۇم. پەرىشتە ئېيتتى: ئەگەر يالغانچى بولساڭ الله تەئالا ئەسلى بولغان ھالىتىڭگە ئۆرۈسۇن (قايتۇرسۇن). پەرىشتە تازنىڭ قېشىغا كىلىپ ھىلىقى پەسگە ئېيتقان سۆزنىڭ ئوخشىشىنى ئېيتتى. تازمۇ پەرىشتىگە پەسە رەددىيە بەرگەن سۆز بىلەن رەددىيە بەردى. پەرىشتە ئېيتتى: ئەگەر يالغانچى بولساڭ الله تەئالا ئەسلى ھالىڭغا قايتۇرسۇن. پەرىشتە قارغۇنىڭ قېشىغا كىلىپ ئېيتتى: مىسكىن مۇساپىر مەن ۋە سەپىرىمدە سەۋەپ لىرىمدىن ئۈزۈلۈپ قالدىم، پەس بۈگۈنكى كۈندە الله بىلەن ئاندىن سەن بىلەن، مەبلىغى يوق ۋاقتىدا مەبلەغ بەرگەن، سىنىڭ كۆزۈڭنى ساڭا قايتۇرۇپ بەرگەن زات الله بىلەن قەسەمكى، سەندىن بىر قوي سورايمەن، ئۇنىڭ بىلەن سەپىرىمدە جايىمغا يېتىۋالاي. ئاندىن ئەما ئېيتتى: تەھقىق مەن ئەما ئىدىم، الله تەئالا كۆزۈمنى قايتۇردى ۋە پېقىر ئىدىم باي قىلدى، خالىغىنىڭنى ئالغىن، پەس ۋەللاھۇ بۈگۈنكى كۈندە سەن ئالغان نەرسە بىلەن سىنى مۇشەققەتكە سالمايمەن (الله ئۈچۈن ئالغان نەرسە بىلەن مۇشەققەتكە سالمايمەن). ئاندىن پەرىشتە ئېيتتى: مېلىڭنى تۇتۇپ قالغىن، تەھقىق سىلەر سىنالدىڭلار، تەھقىق الله سەندىن رازى بولدى ۋە ئىككى ھەمرايىڭغا غەزەپ قىلدى.

1449 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم ئېيتتى: بەنى ئىسرائىل ئىچىدە توقسان توققۇز ئادەمنى ئۆلتۈرگەن بىر ئادەم بار ئىدى، ئاندىن سوئال قىلىپ چىقدى، ئاندىن بىر راھىب قېشىغا كىلىپ، ئۇنىڭدىن تەۋبە بارمۇ دەپ سورىدى. ئۇ ياق دىدى. ئاندىن ئۇنىمۇ ئۆلتۈردى، ئاندىن سورىغىلى باشلىدى، ئاندىن ئۇنىڭغا بىر ئادەم ئېيتتى: پالانى قىشلاقىقا بارغىن! ئاندىن ئۇنى ئۆلۈم تاپىدى، ئاندىن كۆكسى بىلەن ئۇ قىشلاق تەرەپكە مائىل بولدى، بۇكىشىگە رەھمەت ۋە ئازاپ پەرىشتىلىرى جەمى بولدى. الله تەئالا بۇ زىمىنغا ۋەھى ئىبەردىكى يېقىن بول ۋە ئۇ زىمىنغا ۋەھى ئىبەردىكى يىراق بول ۋە ئېيتتى: ئىككى زىمىن ئارلىغىنى ئۆلچەڭلار. ئاندىن ئۇنى بۇ زىمىنغا بىر غېرىچ يېقىن تېپىلدى، ئاندىن ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلىندى.

**1450** ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: بىر كىشى بىر ئادەمدىن ئۇنىڭ زىمىننى سېتىۋالدى. ئاندىن زىمىن سېتىۋالغان كىشى، ئۇ زىمىندا بىر قاچا ئالتۇن تېپىۋالدى. ئاندىن زىمىن سېتىۋالغۇچى زىمىن ساتقۇچىغا ئېيتتى: مەندىن ئالتۇنىڭنى ئال، سەندىن زىمىن سېتىۋالدىم ئالتۇن سېتىۋالمىدىم. زىمىن ساتقۇچى ئېيتتى: ساڭا زىمىننى ۋە ئۇنىڭدا بار نەرسىنى ساتتىم. ئاندىن بۇ ئىككىسى بىر كىشىنى ھاكىم قىلدى. ئاندىن ئۇ ئىككىسىگە ھۆكمنى ئۇنىڭغا ئېلىپ بارغان كىشى ئېيتتى: ئىككىڭلارنىڭ بالىسى بارمۇ؟ بىرى ئوغلۇم بار دىدى يەنە بىرى قىزىم بار دىدى. ئۇ ھاكىم بولغان كىشى ئېيتتى: ئوغۇلغا قىزنى نىكاھلاپ بىرىڭلار ۋە ئۇ ئىككىسىگە ئۇ ئالتۇندىن خىراجەت قىلىڭلار. ئاندىن ئىككىڭلار سەدىقە قىلىڭلار.

**1451** ـ ئۇسامە ئىبنى زەيىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: ئۇنىڭغا دىيلدى، تائۇن ھەققىدە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن نىمنى ئاڭلىدىڭ؟ ئاندىن ئۇسامە ئېيتتى:

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: تائۇن بەنى ئىسرائىلدىن بىر تائىپەگە ياكى سىلەردىن ئىلگىركى كىشىلەرگە بېرىلگەن ئازابدۇر، ئاندىن تائۇننى بۇ زېمىندا ئاڭلىساڭلار ئۇ يەرگە قەدەم باسماڭلار ۋە سىلەر بار زېمىنغا تائۇن ۋاقى بولسا ئۇ يەردىن قېچىپ چىقماڭلار.

1452 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن تائۇندىن سورىدىم، پەس خەۋەر قىلدىكى، ئۇ الله تەئالا خالىغان كىشىگە بېرىدىغان ئازابدۇر، تەھقىق الله تەئالا ئۇنى مۆمىنلەرگە رەھمەت قىلدى. تائۇن ۋاقى بولىدىغان بىر كىشى يوقكى، ئۆز شەھرىدە سەۋىر قىلىپ ساۋاپ ئۈمۈت قىلىپ تۇرىدۇر، ئۇنىڭغا الله نىڭ تەقدىرىدىن باشقا نەرسە يەتمەيدۇ دەپ، ئەگەر يەتكەنلا بولسا ئۇ كىشىگە بىر شېھىدنىڭ ئەجرىسى بولىدۇر.

1453 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: گويا كى مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قارايمەنكى پەيغەمبەردىن بىر پەيغەمبەرنى ھىكايە قىلىدۇر، ئۇ پەيغەمبەرنى قەۋمى ئۇرۇپ قانىتىۋەتتى ۋە ھالئولكى ئۇ يۈزىدىكى قاننى سىلايدۇر ۋە ئېيتىدۇر: ئى الله! قەۋمىمگە مەغپىرەت قىلغىن، ئۇلار بىلمەيدۇر.

1454 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئول ئاردىكى بىر ئادەم ئىشتىنىنى تەكەببۇرلۇقتىن سۆرەيدۇر، ئۇنى يەرگە يۇتقۇزۇلدى، ئاندىن ئۇ ئادەم قىيامەت كۈنىگىچە ئاۋازلىق ھەركەت قىلىدۇر يەر قاتتىق يۇتقانلىقىدىن.

## پەزىلەتلەر توغرىسىدا

1455 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم ئېيتتى: خالايىقنى كانلاردەك تاپارسىزلەر، ئۇلارنىڭ جاھىلىيەتدىكى ياخشىلىرى ئىسلامدا ياخشىلىرىدۇر ۋەقتىكى پىقھىنى بىلسە، خالايىقنىڭ ياخشاراغىنى مۇشۇ خىلاپەتتە ئۇلارنىڭ ئۇنى قاتتىقراق كەرىھ كۆرگۈچىنى تاپىسلەر ۋە خالايىقنىڭ يامانراغىنى ئىككى يۈزلۈك تاپىسلەر، ئۇنىڭغا بىر يۈزى بىلەن ۋە بۇنىڭغا بىر يۈزى بىلەن كېلىدۇر.

1456 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: بۇئىشدا خالايىقلار قۇرەيشكە تابىدۇرلەر، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلىرى مۇسۇلمانلىرىغا تابىدۇر، كاپىرلىرى كاپىرلىرىغا تابىدۇر. خالايىق كان مەسەللىكدۇر، ئۇلارنىڭ جاھىلىيەتدىكى ياخشىلىرى ئىسلامدا ياخشىلىرىدۇر ۋەقتىكى پىقھىنى بىلسەلەر. خالايىقنىڭ ياخشاراغىدىن ئۇلارنىڭ مۇشۇ (خىلاپەت ئىشىنى) ئۇنىڭدا ۋاقى بۇلۇپ قىلىشىدىن قاتتىقراق كەرىھ كۆرگىچىنى تاپىسىزلەر.

## قۇرەيشنىڭ پەزىلەتلىرى توغرىسىدا

1457 ـ مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق ئۇنىڭغا ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرۇ ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ پات يېقىندا قەھتانىدىن بىر پادىشا بولىدۇر دەپ قىلغان ھەدىسى يەتتى. ئاندىن مۇئاۋىيە غەزەپلەندى، ئاندىن قوپۇپ الله غا لايىق سانا ئېيتتى، ئاندىن ئېيتتى: تەھقىق ماڭا سىلەردىن كىشىلەر كىتابۇللاھدا يوق ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن رىۋايەت قىلىنمىغان سۆزلەرنى قىلىشقانلىق خەۋىرى يەتتى، ئاندىن ئۇلار سىلەرنىڭ جاھىللىرىڭلاردۇر ۋە ئۆز ئەھلىنى گۇمراھ قىلىدىغان ئارزۇلاردىن يىراق بۇلۇڭلار! پەس تەھقىق مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇر: تەھقىق بۇ ئىش (خىلاپەت ئىشى) قۇرەيشدەدۇر، ئۇلار بىلەن بىركىم ئۆچەشمەيدۇر (خۇسۇمەت قىلمايدۇر)، مەگەر ئۆچەشسە

الله تەئالا ئۇنى ئۇستى تۆۋەن يىقىتىدۇر، مادامىكى دىننى بەرپا قىلسىلار.

1458 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: قۇرەيش، ئەنسارى، جۇھەينە، مۇزەينە، ئەسلەم، ئەشجەئ ۋە غىپار مەۋلالىرىمدۇر(يارەدەمچىلىرىمدۇر)، ئۇلارغا الله دىن ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىدىن باشقا مەۋلا يوقدۇر.

1459 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: مۇشۇ ئەمرى (خىلاپەت ئەمرى) قۇرەيشدە بولىدۇر، مادامىكى ئۇلاردىن ئىككى كىشى بولسىلا.

1460 ـ جۇبەيرى بىننى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: مەن ۋە ئوسمان ئىبنى ئاپپان رەسۇلۇللاھ قېشىغا ماڭدۇق، ئاندىن ئوسمان ئېيتتى: يارەسۇلۇللاھ ! بەنى مۇتەللىپكە بەردىلە ۋە بىزنى تەرىك قىلدىلا، تەھقىق بىز ۋە ئۇلار سىلەردىن بىر مەرتىۋىدە (بىر ئورۇندا) دۇرمىز. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: تەھقىق بەنى ھاشىم ۋە بەنى مۇتەللىپ بىر نەرسەدۇر.

1461 ـ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىكى ئېيتىدۇر: ئاتىسىنىڭ غەيرىگە نەسەبىنى داۋا قىلغان ئادەم يوق، مەگەر بولسىلا كاپىر بولىدۇر. كىمكى نەسەبى ئۇنىڭدا يوق قەۋمىنى دەۋا قىلسا، تۇرار جايىنى دوزاخدىن تەييارلىسۇن.

1462 ـ ۋاسىلەتە بىننى ئەسقەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئەڭ چوڭ يالغانچىلىق شۇدۇركى بىر كىشى ئۆزىنىڭ ئاتىسىنىڭ غەيرىگە

داۋا قىلغاي ياكى كۆزى كۆرمىگەن نەرسىنى كۆزىگە كۆرسەتكەي (يەنى كۆرمىگەن چۈشنى كۆردۈم دىگەي) ياكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دىمىگەن سۆزنى رەسۇلۇللاھ دىدى دىگەي.

## ئەسلەم، غىپار، مۇزەينە، جۇھەينە ۋە ئۇشجەئ قەبىلىرىنىڭ زىكرى توغرىسىدا

1463 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنبەر ئۇستىدە ئېيتتى: غىپارغا الله تەئالا مەغپىرەت قىلسۇن، ئەسلەمنى الله سالامەت قىلسۇن، ئۇسەييە الله غا ۋە رەسۇلۇللاھغا ئاسى بولدى.

1464 ـ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق ئەقرەئ بىننى ھابىس پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئېيتتى: ساڭا ئەسلەم، غىپار، مۇزەينە ۋە جۇھەينە قەبىلىلىرىدىن ھاجىلارنىڭ ئوغرىلىرى تابى بولدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: قارىمامسىز ئەگەر ئەسلەم، غىپار، مۇزەينە، جۇھەينە، بەنى تەمىم، بەنى ئامىر، ئەشەد ۋە غەتپاندىن ياخشىراق بولسا ئۇلار زىيان تاتتىلەر ۋە مەھرۇم بولدىلەر. ئەقرەئ ئېيتتى: ھەئە. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: الله بىلەن قەسەمكى تەھقىق ئۇلار ئەلۋەتتە ئۇلاردىن ياخشاراقدۇر، (يەنى ئەسلەم، غىپار، مۇزەينە ۋە جۇھەينە ياخشاراقدۇر بەنى تەمىم ۋە ئەسەد غەتپاندىن).

1465 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئەسلەم ۋە غىپار ۋە مۇزەينە ۋە جۇھەينەدىن بىر نەرسە، ياكى ئېيتتى: جۇھەينە ياكى مۇزەينەدىن بىر نەرسە ياخشاراقدۇر الله نىڭ نەزدىدە، يا ئېيتتى: قىيامەت كۈنى ئەسەد ۋە تەمىم ۋە ھەۋازان ۋە غەتپاندىن.

## قەھتانىنىڭ زىكرى توغرىسىدا

1466 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: قىيامەت قايىم بولمايدۇ، ھەتتاكى بىر كىشى قەھتانىدىن چىقىپ خالايىقنى ھاساسى بىلەن ھايدايدۇ، (خالايىقنى باشقۇرىدۇ پادىشا بولىدۇ).

1467 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن غازات قىلدۇق، تەھقىق مۇھاجىرلاردىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىرمۇنچە كىشىلەر ژىغىلدى ھەتتاكى كۆپەيدى، مۇھاجىرلاردىن نەيزىۋاز تاماشىچى بىر كىشى بار ئىدى، ئاندىن ئۇ ئەنسارىنىڭ سۇڭىغا تەپتى، ئاندىن ئەنسارى غەزەپلەندى ۋە قاتتىق ئاچچىقلاندى، ھەتتاكى چاقىرىشىدىلەر، ئەنسارى ئى ئەنسارىلار دىدى ۋە مۇھاجىر ئى مۇھاجىرلار دىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چىقىدى، ئاندىن ئېيتتى: نىمەدۇر جاھىلىيەت ئەھلىنىڭ دەۋاسى، ئاندىن ئېيتتى: ئۇلارنىڭ شەئنى نىمەدۇر؟ ئاندىن مۇھاجىرنىڭ ئەنسارىنىڭ سۇڭىغا ئۇرغانلىقى خەۋەر قىلىنىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: تەرىك قىلىڭلار ئۇنى، پەس تەھقىق ئۇ جاھىلىيەتنىڭ نىجىس ئىشىدۇر. ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇل ئېيتتى: ئايا بىزلەرگە چاقىرىشامدۇ، ئەلۋەتتە ئەگەر مەدىنىگە قايىتساق ئەلۋەتتە مەدىنىدىن ئېزىز خارنى چىقىرىدۇر. ئاندىن ئەمرۇ ئېيتتى: ئايا بۇ نىجىسنى ئۆلتۈرمەيمىزمۇ يارەسۇلۇللاھ؟ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ياق، خالايىق ئۇ پەيغەمبەر ساھابىلىرىنى ئۆلتۈرىدىكەن دىيىشىدۇر.

## خۇزائە قەبىلىسى توغرىسىدا

1468 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئەمرۇ ئىبنى لۇھەييە بىننى قەمئەتە بىننى خىندەپ خۇزائەنىڭ ئاتاسىدۇر.

1469 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئەمرۇ ئىبنى ئامىر خۇزائى ئۆچەيلىرىنى دوزاختا سۆرەپ يۈرۈيدۇر، ئۇ سائىبەنى نىياز قىلغان كىشىنىڭ ئەۋۋەلىدۇر. (تۆگە كەينى كەينىدىن ئوننى تۇغسا، ئۇنى بۇتقا نىياز قىلىپ مىنمەيدۇ، سۈتىنى ساغمايدۇر، بۇنى سائىبە دەپ ئاتىلىدۇر).

### ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىسلامىنىڭ قىسسىسى توغرىسىدا

1470 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدى: ئېيتتى ئەبۇ زەر: مەن غىپار قەبىلىسىدىن بىر كىشى ئىدىم، ئاندىن بىزگە مەككىدە بىر كىشى ئۆزىنى پەيغەمبەر مەن دەپ چىقىپتۇر دىگەن خەۋەر يەتتى، ئاندىن بۇرادىرىمگە ئېيتتىم: ئاشۇ كىشىگە بېرىپ ئۇنىڭغا گەپ قىل ۋە ئۇنىڭ خەۋرىنى ماڭا ئېلىپ كەلگىن! ئاندىن بۇرادىرىم ئۇكىشىگە يولۇقۇپ يېنىپ كەلدى، ئاندىن ئېيتتىم: سەندە نىمە بار؟ پەس ئېيتتى: الله غا قەسەمكى ئەلۋەتتە ياخشىلىققا ئەمىر قىلىدىغان ۋە يامانلىقدىن توسىدىغان بىر كىشىنى كۆردۈم، ئاندىن ئۇنىڭغا ئېيتتىم: ماڭا ياخشىلىقدىن شىپالىق بەرمىدىڭ، ئاندىن بىر تۇلۇمنى ۋە ھاسانى ئالدىم، ئاندىن مەككىگە قاراپ ماڭدىم، پەس ئۇكىشىنى تونىمايمەن ۋە ئۇكىشىدىن سوراشنى كەرىھ كۆرىمەن ۋە زەمزەم سۈيىدىن ئىچىمەن ۋە مەسجىدتە بولىمەن، ئېيتتى ئەبۇ زەر: ئاندىن ماڭا ئەلى ئۆتتى، ئۇ ئېيتتى: گۇياكى بۇكىشى غېرىپىدەك قىلىدىغۇ. ئېيتتى ئەبۇ زەر: ئېيتتىم: ھەئە. ئەلى ئېيتتى: يۈرگىن مەنزىلگە، ئەبۇ زەر ئېيتتى: ئاندىن ئەلى بىلەن يۈردۈم ، ماڭا بىر نەرسىدىن سۇئال قىلمايدۇر ۋە ئۇنىڭغا خەۋەرمۇ قىلمايمەن، ئاندىن تاڭ ئاتتۇرغىنىمدىن كىيىن ئۇكىشىدىن (پەيغەمبەردىن) سوراش ئۈچۈن مەسجىدكە ئەتىگەن باردىم، ماڭا ئۇ پەيغەمبەردىن بىر نەرسە بىلەن خەۋەر بېرىدىغان كىشىمۇ يوق، ئېيتتى ئەبۇ زەر: ماڭا ئەلى ئۆتتى، پەس ئېيتتى: بۇ ئادەمگە تېخى

ئۆز مەنزىلىنى تۇنۇش يەتمىدىمۇ؟ ئېيتتىم ياق. ئېيتتى: مىنىڭ بىلەن يۈرگىن. ئاندىن ئەلى ئېيتتى: ئىشىڭ نىمە؟ بۇشەھەرگە سىنى نىمە كەلتۈردى؟ ئەبۇ زەر ئېيتتى: ئۇنىڭغا ئېيتتىم ئەگەر ئىشىمنى يوشۇرساڭ ساڭا خەۋەر قىلىمەن. ئەلى ئېيتتى: تەھقىق مەن شۇنداق قىلىمەن. ئەبۇ زەر ئېيتتى: ئۇنىڭغا ئېيتتىم: بۇ يەردە بىر كىشى ئۆزىنى مەن پەيغەمبەر دەپ چىققانلىق خەۋىرى بىزگە يەتتى، ئاندىن بۇرادىرىمنى ئۇنىڭغا سۆز قىلىشقا ئەۋەتتىم، ئاندىن قايتىپ كەلدى ۋە ماڭا شىپالىق خەۋەر كەلتۈرمىدى، ئاندىن ئۆكىشىگە يولۇقۇشنى ئىرادە قىلدىم، ئاندىن ئەلى ئەبۇ زەرگە ئېيتتى: ئاگا بولغىن ھەق يولغا باشلىنىپسەن، مىنىڭ يۈزلىنىشىم ئۇنىڭ تەرىپىگەدۇر، ئاندىن ماڭا ئەگەشكىن، مەن كىرگەن يەرگە كىرگىن، پەس ئەگەر مەن ساڭا قورقىدىغان بىرىنى كۆرسەم گويااكى مەن كەشىمنى تۈزەشتۈرگەندەك قىلىپ تام تەرەپكە قىلىپ تۇرىمەن ۋە سەن ئۆتۈپ كەتكىن ۋە ئۇمۇ يۈردى ۋە مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن يۈردۈم، ھەتتاكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قېشىغا كىردى ۋە مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن كىردىم ، ئاندىن ئۇ زاتقا ئېيتتىم: ماڭا ئىسلامنى توغرا قىلسلا، ئاندىن ئىسلامنى توغرا قىلدى، ئاندىن جايىمدىلا ئىسلام كەلتۈردۈم، ئاندىن ئۇل جاناب ماڭا ئېيتتى: ئى ئەبۇ زەر! بۇ ئىشنى يوشۇرغىن ۋە شەھرىڭگە قايتقىن، پەس ۋەقتىڭكى ئاشكارا بولغانلىغىمىز ساڭا يەتسە كەلگىن. ئاندىن ئېيتتىم: ئۆزلىرىنى ھەق بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن الله بىلەن قەسەمكى، ئۇ شاھادەت كەلىمىسى بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا تولايمەن، ئاندىن مەسجىدكە كەلدى، قۇرەيشلەر ئۇ مەسجىدتە ئىدى.ئاندىن ئېيتتى: ئى قۇرەيش جاماﺋﻪتى! تەھقىق مەن بىر الله دىن باشقا ئىلاھ يوق دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن، تەھقىق مۇھەممەد الله نىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن، ئاندىن ئېيتتىلەر: ماۋۇ ئۆز دىنىدىن يانغۇچىغا قوپۇڭلار، ئاندىن قوپتىلەر، ئۆلگىچە ئۇرۇلدۇم، ئاندىن مىنى ئابباس تاپتى

ۋە ئۇستۇمگە دۇم ياتتى، ئاندىن ئۇلارغا قاراپ ئېيتتى: ۋاي سىلەرگە غىپار قەبىلىسىدىن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرەمسىلەر ۋە سىلەرنىڭ تىجارەتكە بارىدىغان ۋە ئۆتۈدىغان يولۇڭلار غىپار قەبىلىسىدە تۇرسا. ئاندىن ئۇلار مەندىن ژىغىلدى، ئاندىن ئەتىسى تاڭ ئاتتۇرغىنىمدىن كېيىن يەنە قايتىپ باردىم، ئاندىن ئاخشام ئېيتقان نەرسىنىڭ ئوخشاشىنى ئېيتتىم، ئاندىن ئېيتتىلەر: قوپۇڭلار بۇ ئۆز دىنىدىن قايتقۇچىغا، ئاندىن ئاخشام قىلىنغاندىك قىلىندىم، ئاندىن مىنى ئاببباس تېپىپ ئۇستۇمگە دۇم ياتتى، ئاخشام دىگەن سۆزنى ئېيتدى ۋە ئېيتتى: بۇ ئەبۇ زەرنىڭ ئىسلامىنىڭ ئەۋۋەلى بولدى، الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن.

## ئىسلامدا ۋە جاھىلىيەتتە ئاتىلىرىغا مەنسۇپ بولغان كىشىلەر توغرىسىدا

1471 ـ ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: {وَأَنْذِرْ عَشِيرَتَكَ الْأَقْرَبِينَ} مەنىسى {**يېقىن تۇققانلىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن**} ئايىتى نازىل بولغاندا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنى قەبىلمۇ قەبىلە چاقىردى، نىدا قىلىدۇر ئى بەنى پەھرى! ئى بەنى ئەدى! قۇرەيش قەبىلەلىرىنى بىرمۇ ـ بىر ئاتاپ.

## نەسىبنى سۆكۈلمەسلىكنى دوس تۇتقان كىشى توغرىسىدا

1472 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: مۇشرىكلارنى ھەجۋى قىلىش (شئىر ئارقىلىق سۆكۈش) ھەققىدە ھەسسان پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئىزنى سورىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: نەسەبىمنى قانداق قىلىسەن؟ ھەسسان ئېيتتى: ئۆزلىرىنى ئۇلاردىن خېمىردىن قىلنى سۇغارغاندەك سۇغۇرۇپ ئالىمەن.

## پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىسىملىرى ھەققىدە كەلگەن نەرسە توغرىسىدا

1473 ـ جۇبەيىر بىننى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: مىنىڭ بەش ئىسمىم بار، مەن مۇھەممەد ۋە ئەھمەد ۋە مەن ماھى (ئۆچۈرگۈچى)كى الله مەن بىلەن كۇپۇرنى ئۆچۈرۈدۇر ۋە مەن ھاشىر (جەمى قىلغۇچى)كى خالايىقنى مىنىڭ قەدىمىمگە جەمى قىلىنىدۇر ۋە مەن ئاقىب (خاتىمى) دۇرمەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى.

1474 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئايا ھەيران بولمامسىلەر قانداق قايتۇردى الله مەندىن قۇرەيشنىڭ دەشنامىنى ۋە ئۇلارنىڭ لەنىتىنى دەشنام قىلىدۇرلەر مۇزەممەمنى ۋە لەنەت قىلىدۇرلەر مۇزەممەمنى ۋە مەن مۇھەممەد دۇرمەن.

## پەيغەمبەرنىڭ خاتەمى (تۈگەنچىسى) توغرىسىدا

1475 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: مىنىڭ مەسەلىم ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ مەسەلى، بىر ھويلىنى بىنا قىلغان كىشىگە ئوخشاش دۇركى ئۇنى كامىل قىلدى ۋە ئۇنى چىرايلىق قىلدى، مەگەر بىر دانە خىش ـ كېسەك ئورنى قالدى، خالايىقلار ئۇ ھويلىغا كىرىدۇر ۋە ھەيران قالىدۇر ۋە ئېيتىدۇر: مۇشۇ بىر كېسەك قويۇلغان بولسا.

1476 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر رىۋايىتىدە بىر دانە كېسەك بۇلۇڭىدىن ۋە ئاخىرىدا ئېيتتى: پەس مەن بىر دانە كېسەك دۇرمەن ۋە مەن پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى دۇرمەن.

## پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدا

1477 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم ئاتمىش ئۈچ يېشىدا ۋاپات تاپتۇرۇلدى.

1478 ـ سائىب ئىبنى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: ھالئۇلكى توقسان تۆت ياشدۇر كۆچلۈك تەندۇرۇس نورمال ھالىتىدەدۇر. تەھقىق بىلدىم قۇلۇغۇم ۋە كۆزۈم بىلەن مەنپەئەتلەنمىدىم، مەگەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دۇئاسى بىلەن. تەھقىق ئانامنىڭ ھەمشىرىسى ـ كىچىك ئانام مىنى ئۇ زاتنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ بېرىپ ئېيتتى: يارەسۇلۇللاھ ! تەھقىق ھەمشىرەمنىڭ ئوغلى كېسەلدۇر پەس ئۇنىڭغا دۇئا قىلسىلا. سائىب ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا دۇئا قىلدى.

## پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈپۈتى توغرىسىدا

1479 ـ ئۇقبە ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەسرنى ئۇقۇدى، ئاندىن ماڭغىلى چىقدى، ئاندىن ئىمام ھەسەننى كۆردىكى ئوششاق باللار بىلەن ئويناۋاتىدۇر، ئاندىن ئۇنى مۈرۈسىدە كۆتەردى ۋە ئېيتتى: ئاتام پىدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئوخشىغۇچىدۇر، ئەلىگە ئوخشىغۇچى ئەمەس ۋە ئەلى كۈلىدۇر.

1480 ـ ئەبۇ جۇھەيپە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۆردۈم ۋە ھەسەن ئىبنى ئەلى ئۇ زاتقا ئوخشايتى. پەس ئەبۇ جۇھەيپىگە دېيىلدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈپىتىنى بىزگە بايان قىلىپ بەرگىن. ئاندىن ئېيتتى: ئول جاناپنىڭ چېھرىلىرى ئاق، چاچلىرى قارىسى قارا ئېقى ئاق ئىدى ۋە بىزلەرگە ئون ئۈچ ياش تۆگىنى بۇيرىدى، ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولدى، بىز ئۇ تۆگىنى قەبزى قىلىپ (تاپشۇرۇپ) ئېلىشدىن ئىلگىرى.

1481 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى بۇسرى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەمراسى رەزىيەللاھۇ

ئەنھۇدىن ئۇنىڭغا دىيىلدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى مويسۈپىت كۆردۈڭمۇ؟ ئېيتتى: مۇبارەك ئېڭەكلىرىدە بىر نەچچە ئاق موي بار ئىدى.

1482 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەۋمدىن ئوتتۇر بويلۇق ئىدى، ئېگىزمۇ ئەمەس ۋە پاكارمۇ ئەمەس، رەڭلىرى قىزىلغا مايىل ئاق ئىدى، بەك گەۋدەك ئاقمۇ ئەمەس ۋە بۇغداي ئۆڭلۈكمۇ ئەمەس، چاچلىرى بەك گىدە غۇجمەكمۇ ئەمەس، سىدام تۈزمۇ ئەمەس ئىدى. قىرىق ياشلىرىدا ئۇ زاتقا ۋەھى چۈشۈرۈلگەن ئىدى، ئاندىن مەككىدە ئون ئۈچ يىل ئۇنىڭغا ۋەھى چۈشكەن ھالدا تۇردى، مەدىنىدە ئون يىل تۇردى ۋە روھلىرى قەبزى قىلىندى، ھالئۇلكى باشلىرىدا ۋە ساقاللىرىدا يىگىرمە تال ئاق موي يوقدۇر.

1483 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر رىۋايىتىدە ئېيتتى: بەك ئېگىزمۇ ئەمەس ۋە نە قىسقىمۇ ئەمەس ۋە نە بەك گەۋدەك ئاقمۇ ئەمەس ۋە نە بۇغداي ئۆڭلۈكمۇ ئەمەس ۋە چاچلىرى گىدە غۇجمەكمۇ ئەمەس ۋە نە تۈپتۈزمۇ ئەمەس. الله تەئالا ئۇ زاتنى قىرىق يېشىنىڭ بېشىدا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. مەككىدە ئون يىل ۋە مەدىنىدە ئون يىل تۇردى ۋە ئۇنىڭ باش ۋە ساقاللىرىدا يىگىرمە دانە ئاق موي يوق ھالىتىدە الله تەئالا ئۇنى ۋاپات تاپتۇردى.

1484 ـ بەرائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خالايىقنىڭ چىرايلىقراغى ئىدى، يۈز جەھەتتىن ۋە ئەخلاق جەھەتتىنمۇ ئۇلارنىڭ چىرايلىقراغى ئىدى، بەك ئېگىز ئۇزۇن بويىمۇ ئەمەس ۋە قىسقا بويىمۇ ئەمەس ئىدى.

1485 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق ئۇنىڭغا سوئال قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چاچلىرىنى بويىغانمۇ؟ ئېيتتى: ياق، تەھقىق ئېككى

ئىگەكىدە ئازراق ئاق موي بار ئىدى.

1486 ـ بەرائ ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوتتۇرا بويلۇق، ئىككى مۈرۈسىنىڭ ئارلىغى كەڭرى غوللۇق ئىدى، ئىككى قۇلۇغىنىڭ يۇمشىغىچە يېتىدىغان مويلىرى (چاچلىرى) بار ئىدى، ئۇ جانابنى قىزىل توندا كۆردۈمكى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭدىن چىرايلىقراق نەرسىنى كۆرمىدىم.

1487 ـ بەرائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق ئۇنىڭغا دېيىلدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۈزلىرى قىلىچقا ئوخشاشمىدى؟ ئېيتتى: ياق، بەلكى ئايغا ئوخشاش ئىدى.

1488 ـ ئەبى جۇھەيپە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۆردىكى بەتھادا ناماز ئۇقۇۋاتىدۇر ۋە ئالدىدا ھاسا باردۇر. بۇھەدىس ئۆتتى ۋە بۇ رىۋايەتتە ئېيتتى: ئاندىن خالايىقلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قولىنى تۇتۇدۇر ۋە ئۇنىڭ بىلەن يۈزلىرىگە سۈرىدۇر. ئېيتتى ئەبۇ جۇھەيپە: ئاندىن ئول جاناب پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قولىنى تۇتتۇم، ئاندىن ئۇ قولىنى يۈزۈمگە قويدۇم، پەس ئۇ قولى قاردىنمۇ سوۇۇنراقدۇر ۋە ئىپاردىنمۇ خۇشبۇيراقدۇر.

1489 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: مەن بەنى ئادەم ئەسىرلىرىنىڭ ئەسىرمۇ ـ ئەسرى ياخشىراغىدىن ئىبىرىلدىم، ھەتتاكى مەن ھازىرقى بولغان ئەسىردىن بولدۇم، (يەنى ھازىرقى ياخشى قەرنىدىن بولدۇم).

1490 ـ ئىبنى ئاببا‌س رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم چاچلىرىنى ساڭگىلىتىپ قويار ئىدى، مۇشرىكلار باشلىرىنىڭ يارمىسىنى يارار ئىدى ۋە ئەھلى كىتاپلار باشلىرىنىڭ چاچلىرىنى ساڭگىلىتىپ قويار ئىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەھلى كىتاپقا مۇۋاپىق قىلىشنى دوس تۇتاتتى، بىر نەرسىگە ئەمرى قىلىنمىغاندا، ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بېشىنىڭ يارمىسىنى ياردى.

1491 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زىيادە بىھۇدە گەپ ـ سۆز قىلغۇچى ۋە زورمۇ ـ زور قىلغۇچى بولمىدى. ۋە ئېيتاتتى: ياخشىراغىڭلار ئەخلاقى چىرايلىغىڭلار دىندۇر.

1492 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق ئۇ زات ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىككى ئىش ئوتتۇرىسىدا ئىختىيار بېرىلمىدى، مەگەر بىرىلسىلا ئىككى ئىشنىڭ ئاسانراغىنى تۇتتى، مادامىكى گۇناھلا بولمىسا. پەس ئەگەر ئۇ ئىش گۇناھ بولسا ئۇنىڭدىن خالايىقنىڭ يىراقراقى بولدى ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى ئۈچۈن ئىنتىقام ئالمىدى، مەگەر الله نىڭ ھۆرمىتى يىرتىلسا (ھارام ئىش قىلىنسا) شۇنىڭغا الله ئۈچۈن ئىنتىقام ئالدۇر.

1493 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالقىنىدىن يۇمشاغراق نىپىز ۋە قېلىن يىپەكنى سىلىمىدىم ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خۇشبۇيىدىن خۇشبۇيراق ھېچقانداق خۇشبۇينى ھەرگىز پۇرىمىدىم.

1494 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قازناقدىكى قىز دىنمۇ ھاياسى قاتتىقراق ئىدى. (ھايالىق ئىدى).

1495 ـ ۋە بىر رىۋايەتدە ۋەقتىكى بىر ئىشنى كەرىھ كۆرسە ئۇنى يۈزلىرىدە تونۇلار ئىدى.

1496 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تائامنى ھەرگىز ئەيىپلىمىدى، ئەگەر ئىشتىھاسى بولسا ئۇنى يىدى، ئەگەر ئىشتىھاسى بولمىسا ئۇنى تەرىك قىلدى.

1497 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەدىسنى ھەدىس قىلار ئىدىكى، ئەگەر ئۇنى سانىغۇچى سانىسا ئەلۋەتتە ئۇنى كەلىملىرى بىلەن بىر ـ بىرلەپ سانىيالايتى.

1498 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىلەر سۆزنى ئىتتىك سۇرۇپ قىلغاندەك سۆزنى ئىتتىك قىلمايتى.

**پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كۆزى ئۇخلايدىغانلىقى ۋە دىلى ئۇخلىمايدىغانلىقى توغرىسىدا**

1499 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كەبە مەسجىدىدىن كېچىدە مىراج قىلدۇرغىنىدىن ھەدىس قىلدۇر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋەھى كېلىشتىن ئىلگىرى ئۈچ نەپەر كىشى كەلدى (پەرىشتىدىن) ۋە ھالئۇلكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىدىل ھەرەمدە ئۇخلىغۇچىدۇر. ئاندىن ئۇلارنىڭ ئەۋۋەلقىسى ئېيتتى: ئۇلارنىڭ قايسىسى ئۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكىسى ئېيتتى: ئۇ پەيغەمبەر ئۇلارنىڭ ياخشىراغىدۇر ۋە ئۇلارنىڭ ئاخىرقىسى، ئېيتتى: ئۇلارنىڭ ياخشارىغىنى تۇتۇڭلار. پەس ۋەقەلىك مۇشۇ بولدى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنى كۆرمىدى. ئاندىن يەنە بىر كېچىدە كەلدىلەر دىلى كۆرىدىغان نەرسىدە ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىككى كۆزى ئۇخلىغۇچىدۇر ۋە دىلى ئۇخلىمايدۇر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش

پەيغەمبەرلەرنىڭ كۆزلىرى ئۇخلايدۇ ۋە دىللىرى ئۇخلىمايدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە جىبرىئىل ئىگە بولدى، ئاندىن ئۇنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقتى.

## دىنى ئىسلامدا پەيغەمبەرلىك ئالامەتلىرى توغرىسىدا

1500 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە زەۋرائىدىكى ۋاقتىدا (مەدىنىدىكى بىر جاي) بىر قاچا كەلتۈرۈلدى، ئاندىن قولىنى قاچىغا قويدى، ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بارماقلىرى ئارىسىدىن سۇ بۇلدۇقلاپ چىقىشقا باشلىدى، ئاندىن كىشىلەر تەھارەت ئالدى. ئەنەسكە دېيىلدى: قانچىلىك ئادەم بار ئىدىڭلار. ئېيتتى: ئۈچ يۈز ياكى ئۈچ يۈز مىقدارى ئادەم بار ئىدۇق.

1501 ـ ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز ئايەتلەرنى بەركەت دەپ سانايتۇق ۋە سىزلەر ئۇ ئايەتلەرنى قورقۇتۇش دەپ سانايسىزلەر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىر سەپەردە بىللە ئىدۇق، ئاندىن سۇ ئاز قالدى، ئاندىن ئېيتتى: ئېشىق ـ ئارتۇق سۇنى تەلەپ قىلىڭلار. ئاندىن ئازراق سۇ بار بىر قاچىنى كەلتۈردىلەر، ئاندىن مۇبارەك قوللىرىنى قاچىغا كىرگۈزدى، ئاندىن ئېيتتى: مۇبارەك پاك قىلغۇچى الله دىن بەركەتلىك سۇغا كېلىڭلار، پەس ئەلۋەتتە تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بارماقلىرى ئارىسىدىن بۇلۇقلاپ سۇ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم ۋە ئەلۋەتتە تەھقىق تائامنىڭ تەسبىھ ئېيتقانلىقىنى ئاڭلايمىز ۋە ھالبۇكى ئۇ تائام يېيىلىۋاتىدۇ.

1502 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: قىيامەت قايىم بولمايدۇ، ھەتتاكى ئۇرۇش قىلغايسىلەر قەۋملەرگىكى كەشلىرى يۇڭ ـ چۇپۇردۇر. ھەدىسنىڭ ئۇزۇنلۇغى بىلەن ئۆتتى ۋە مۇشۇ رىۋايەتنىڭ ئاخىرىدا ئېيتتى:

ئەلۋەتتە بىرىنچىلارغا بىر زامان كېلىدۇ، ئەلۋەتتە مېنى كۆرۈشى ئۇنىڭغا دوسىراقىدۇر ئۆز ئەھلىگە ۋە مېلىغا ئوخشاش نەرسە بولۇشىدىن.

1503 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: قىيامەت قايىم بولمايدۇر ھەتتاكى خۇزۇ گىرمان بىلەن ئۇرۇش قىلغايسىلەر، ئەجەملەردىن قىزىل يۈز، بۇرۇنلىرى پۈچۈق، كۆزلىرى كىچىك، گۈياكى يۈزلىرى قاتلاقلىق تۇرۇكلۇك قالقاندۇر ۋە ئۇلارنىڭ كەشلىرى يۈڭ ـ چۈپۈردۇر.

1504 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: قۇرەيىشدىن بىر مەھەللە خالايىقنى ھالاك قىلىدۇر. ئېيتتىلەر: بىزلەرنى نىمىگە ئەمىر قىلىدىلا؟ ئېيتتى: ئەگەر خالايىق ئۇلاردىن بىر تەرەپكە ئايرىلغان بولسا ياخشى بولار ئىدى.

1505 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بىر رىۋايىتىدە ئېيتتى: سادىق مەسدۇق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇر: مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ ھالاك بولۇشى قۇرەيىشدىن بىرنەچچە غولام (كىچىك ياشلار) نىڭ قولىدادۇر، ئەگەر خالىساڭ ئىسمىنى ئاتاپ بېرىمەن پالانىڭ ئوغۇللىرى ۋە پالانىنىڭ ئوغۇللىرى دەپ.

1506 ـ ھۇزەيپە ئىبنى يەمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: كىشىلەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ياخشىلىقدىن سورايتى، مەن ئۇ زاتدىن يامانلىقدىن سورارئىدىم، ئۇ يامانلىق مېنى تېپىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، ئاندىن ئېيتتىم: يارەسۇلۇللاھ ! تەھقىق بىز جاھىلىيەتدە ۋە يامانلىقدا بولغان ئىدۇق، ئاندىن الله تەئالا بىزلەرگە مۇشۇ ياخشىلىقنى كەلتۈردى، ئاندىن مۇشۇ ياخشىلىقدىن كېيىن يامانلىق بارمۇ؟ رەسۇلۇللاھ ئېيتتى: ھەئە بار. ئېيتتىم: ۋە بۇ يامانلىقدىن كېيىن ياخشىلىقدىن بارمۇ؟ ئېيتتى: ھەئە بار ۋە ئۇنىڭدا ئىس ـ تۈتەك

بار. ئېيتتىم: نىمەدۇر ئۇنىڭ ئىس ـ تۈتىگى؟ ئېيتتى: مىنىڭ ھەيئىتىمنىڭ غەيرى ھەيئەتدە بولىدىغان قەۋم ئۇلاردىن بەزىسىنى تونۇيسەن ۋە ئۇلاردىن بەزىسىنى تونىمايسەن. ئېيتتىم: ئايا ياخشىلىقدىن كېيىن يامانلىقدىن بارمۇ؟ ئېيتتى: ھەئە دوزاخنىڭ ئىشىكلىرىگە چاقىرغۇچىلار بار، كىمكى ئۇلارنىڭ دوزاقىغا ئىجابەت قىلسا ئۇلار ئۇكىشىنى ئۇ دوزاخقا تاشلايدۇر. ئېيتتىم: يارەسۇلۇللاھ ! ئۇلارنىڭ سۈپۈتىنى بىزلەرگە سۈپەتلەپ بەرسلە؟ ئاندىن ئول جاناب ئېيتتى: ئۇلار بىزلەرنىڭ كۆچلۈكلىرىمىزدىندۇر ۋە بىزلەرنىڭ تىللىرىمىز بىلەن سۆزلەيدۇر. ئېيتتىم: ئاندىن مىنى نىمىگە بۇيرۇيدىلا ئەگەر ئۇئىش مىنى تاپسا؟ ئول جاناب ئېيتتى: مۇسۇلمانلارنىڭ جامائىتىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىمامىنى لازىم تۇتقۇسەن. ئېيتتىم: ئەگەر ئۇلارغا جامائەت ۋە ئىمام بولمىسىچۇ؟ ئول جاناب ئېيتتى: ئاشۇ گۇروھلارنىڭ ھەممىسىدىن ئايرىلغىن ۋە ئەگەرچە دەرەخنىڭ يىلتىزىنى چاينىساڭمۇ، ھەتتاكى سىنى ئۆلۈم تاپقاي ۋە ھالئۇلكى سەن ئاشۇنىڭ ئۈستىدە دۇرسەن.

1507 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: ۋەقتىكى مەن سىلەرگە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ھەدىس قىلسام پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يالغان ئېيتقىنىمدىن ئاسماندىن يىقىلغىنىم ماڭا دوسراقدۇر. ۋەقتىكى سىلەرگە مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئارلىغىمىزدىكى نەرسىدە ھەدىس قىلسام، پەس تەھقىق جەڭ رەڭۋازلىق ئالدامچىلىقدۇر، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇر: ئاخىر زاماندا يېشى ياش، ئەقلى ئاز، ئەقلى ئاجىز كىشىلەر كېلىدۇر، خالايىقنىڭ ياخشىسىنىڭ سۆزىدىن سۆز قىلىدۇر، ئۇلار ئوق ئوۋ ـ شىكاردىن چىقىپ كەتكەندەك ئىسلامدىن چىقىپ كېتىدۇر، ئۇلارنىڭ ئىمانى ھەلقۇمدىن ئۆتمەيدۇر، پەس ئۇلارغا قايەردە يولۇقساڭلار ئۇلارنى ئۆلتۈرۈڭلار، پەس تەھقىق ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش كۆپ ئەجىردۇر قىيامەت كۈنى ئۇلارنى ئۆلتۈرگەن كىشىگە.

1508 ـ ھەبباب ئىبنى ئەرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە شىكايەت قىلدۇق ۋە ھالئۇلكى ئۇل زات كەبىنىڭ سايىسىدە بىر تونىنى بېشىغا قويۇپيدۇر. ئۇ زاتقا ئېيتتۇق: ئايا بىزلەرگە نۇسرەت تەلەپ قىلمامدىلا؟ ئايا بىزلەرگە دۇئا قىلمامدىلا؟ ئېيتتى: سىلەردىن ئىلگىرى بىر كىشى بار ئىدى، ئۇنىڭغا يەردە ئورا كولاپ ئورىغا تاشلىنىدۇر، ئاندىن ھەرە كەلتۈرۈلۈپ بېشىغا ھەرە قويۇلۇپ ئىككى پارە قىلىنىدۇر، بۇ ئازاب ئۇنى ئۆز دىنىدىن ياندۇرالمايدۇر ۋە ئۇنى تۆمۈر تاغاق بىلەن گۆشىنى ئۇستىخان ۋە پەيلىرىدىن تارىلىدۇر، بۇئىش ئۇنى ئۆز دىنىدىن ياندۇرالمايدۇر. الله غا قەسەمكى ئەلۋەتتە بۇ ئىش كامىل تامام بولىدۇر، ھەتتاكى ئۇلاغلىق ئادەم سەنئائ دىن ھەزەرمەۋتەغا يۈرۈپ ماڭىدۇر، الله تەئالادىن باشقا ھېچ نەرسىدىن قورۇقمايدۇر، ۋە لېكىن سىلەر ئالدىرايسىلەر.

1509 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سابىت ئىبنى قەيسى يوق دەپ سۈرۈشتە قىلدى. ئاندىن بىر كىشى ئېيتدى: يارەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن مەن بىلىمەن، ئاندىن ھېلىقى ئادەم سابىتنىڭ قېشىغا كەلدى، ئۇ ئۆيىدە بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپتۇ، نىمە بولدى دەپ سورىدى، سابىت ئېيتتى: يامان ئىش بولدى ئۇ ئاۋازىنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاۋازىدىن يۇقۇرى كۆتۈرۈدۇر ئۇنىڭ ئەملى بىكار بولدى ۋە ئۇ دوزاخ ئەھلىدىن (دەپ بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرىدۇر)، ھېلىقى ئادەم كېلىپ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۇنىڭ دىگەن سۆزىنى خەۋەر قىلدى، ئاندىن چوڭ خوشخەۋەر بىلەن، يەنە بىر ئاخىرقى قېتىم باردى، ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئۇنىڭغا بارغىن ۋە ئۇنىڭغا ئېيتقىن: تەھقىق سەن دوزاخ ئەھلىدىن ئەمەس ۋە لېكىن سەن جەننەت ئەھلىدىن.

1510 ـ بەرائ ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: بىر كىشى سۈرە كەھپنى قىرائەت قىلدى ۋە ھويلىدا بىر ئۇلاغ بارئىدى، ئۇ ئۇلاغ ئۈركىگىلى تۇردى، ئاندىن ئۇكىشى سالام بەردى، قارىسا بىر بۇلۇت ئۇنىڭ ئۈستىدە ئوراپ تۇرۇدۇر. ئاندىن بۇ ئىشنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە زىكرى قىلدى، ئاندىن ئۇل جاناب ئېيتتى: قىرائەت قىل ئى پالانى! پەس تەھقىق ئۇ بۇلۇت مەسەللىك نەرسە، قۇرئان ئۈچۈن نازىل بولغان ئارامىلىق ۋە رەھمەتدۇر.

1511 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ئەرابىنى يوخلاپ كىردى. پەس ئىبنى ئاببباس ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ئاغرىقنى يوخلاپ كىرسە، باك يوق گۇناھدىن پاك قىلغۇچى «ئىنشائەللاھ» دەيتى. ئاندىن ئۇ ئەرابىغا باك يوق پاك قىلغۇچى «ئىنشائەللاھ» دىدى، ئاندىن ئەرابى ئېيتتى: پاك قىلغۇچى دەمسەن، ياق بەلكى بۇ قايناق قىزىتمادۇر ياكى ياشانغان قېرىغا قەبرىنى زىيارەت قىلدۇرۇدىغان قىزىتمادۇر. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ھەئە شۇنداق بۇنداق بولسا.

1512 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: ناسارا بىر ئادەم بار ئىدى، ئاندىن ئۇ مۇسۇلمان بولدى ۋە سۈرە بەقەرەنى ۋە سۈرە ئال ئىمراننى قىرائەت قىلدى، ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يېزىپ بېرەتتى، ئاندىن ئۇ ناسارالىققا (تەرسالىغىغا) ياندى، ئاندىن ئۇ ئېيتارئىدى، مۇھەممەد مەن يېزىپ بەرگەن نەرسىدىن باشقىنى بىلمەيدۇر، پەس الله تەئالا ئۇنى ئۆلتۈردى، ئاندىن ئۇنى دەپنى قىلدىلەر، ئاندىن تاڭ ئاتتى ۋە ھالئۇلكى ئۇ ناسارانى يەر تاشقىرىغا ئېتىۋېتىپتۇ. پەس ئېيتتىلەر: بۇ مۇھەممەد ۋە ئەسھابلىرىنىڭ قىلغان ئىشىدۇر، بۇ مىيىت ئۇلاردىن (مۇسۇلمانلاردىن) قاچقاندىن كىيىن، ئۇلار بۇ ھەمرايىمىزنىڭ قەبرىسىنى كولاپ

تاشلاپدۇر دېدى. ئاندىن يانا چوڭقۇر كولاپ كۆمدىلەر. ئاندىن تاڭ ئاتدى ۋە ئۇنى يەر يەنە تاشقىرىغا تاشلىۋاتتى. ئاندىن ئېيتتىلەر: بۇ مۇھەممەد ۋە ئەسھابلىرىنىڭ قىلغان ئىشىدۇر، ئۇلار ھەمرايىمىزنىڭ قەبرىسىنى كولاپ تاشقىرىغا تاشلاپدۇر، ئۇ ھەمرايىمىز ئۇلاردىن (مۇسۇلمانلاردىن) قاچقاندىن كېيىن دېدى. ئاندىن ئۇنىڭغا يەرلىك كولىدىلەر، ناھايىتى كۈچلىرىنىڭ يېتىشىچە زىمىندىن چوڭقۇر كولىدىلەر، ئاندىن تاڭ ئاتتى، تەھقىق يەر ئۇنى تاشقىرىغا تاشلىۋەتتى. ئاندىن ئۇلار بىلدىكى، بۇ ئىش خالايىقدىن ئەمەسكەن دەپ ئۇلارمۇ ئۇنى تاشلىۋەتتى.

**1513** ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئايا سىزلەرگە نىپىز بىساتلار بارمۇ؟ ئېيتتىم: نەدە بىزلەرگە نىپىز بىساتلار بولسۇن. ئېيتتى ئول جاناب: ئاگاھ بولۇڭلاركى سىزلەرگە نىپىز بىساتلار بولىدۇر. جابىر ئېيتتى: مەن خوتۇنۇمغا نىپىز بىساتىڭنى بىزدىن نېرى قىل ۋە خوتۇنۇم ئېيتىدۇر: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىزلەرگە نىپىز بىساتلار بولىدۇ دېمىدىمۇ؟ پەس ئۇنى تەرىك قىلمەن.

**1514** ـ سەئىد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق ئۇ ئۆمەييە ئىبنى خەلەپكە ئېيتتى: تەھقىق مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى، ئۇ سىنى ئۆلتۈرۈلگۈچىدۇر دېدۇ. ئېيتتى ئۆمەييە: مېنىما؟ ئېيتتى سەئىد: ھەئە سىنى. ئېيتتى ئۆمەييە: ۋەللاھۇ ۋەقتىكى مۇھەممەد سۆز قىلسا يالغان ئېيتمايدۇر. ئاندىن الله تەئالا ئۇنى بەدىر كۈنى ئۆلتۈردى ۋە ھەدىستە قىسسە باركى، بۇ ئۇ قىسسەدىن ھەدىسنىڭ مەزمۇنىدۇر.

**1515** ـ ئۇسامە بىننى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كەلدى ۋە ئول زاتنىڭ ھۇزۇرىدا ئۇممى سەلىمە بار ئىدى. ئاندىن جىبرىئىل شۆرۈۋ قىلدىكى ھەدىس قىلىدۇر، ئاندىن ئۇ قوپتى، ئاندىن

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئۇممى سەلمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا، بۇ كىمدۇر؟ ياكى شۇنداقكى ئېيتدى. ئۇممى سەلمە ئېيتتى: بۇ دىھيەدۇر. ئېيتتى: ئۇكىشىنى گۇمان قىلمىدىم، مەگەر دىھيە دەپلا گۇمان قىلدىم، ھەتتاكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جىبرىئىلدىن خەۋەر قىلىدىغان خۇتبەسىنى ئاڭلىدىم ياكى شۇنداقكى ئېيتدى.

1516 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: خالايىقنى چوشۇمدە بىر تۇزلەڭدە توپلاشقان كۆردۈم، پەس ئەبۇ بەكرى قوپۇپ بىر سوغۇ ياكى ئىككى سوغۇ سۇ تاتدى ۋە ئۇنىڭ سۇ تاتىشىدا ئاجىزلىق بار. الله ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلىدۇر. ئاندىن سوغۇنى ئۆمەر ئالدى، ئاندىن ئۇ سوغۇ ئۇنىڭ قولىدا يوغان چوڭ سوغۇغا ئايلاندى. ئاندىن خالايىق ئىچىدە ئۇنىڭ ياخشى ئەملىدەك ياخشى ئەمەل قىلغان ياخشى كىشىنى كۆرمىدىم، ھەتتاكى خالايىق تۆگىلىرىنى سۇ بۇيىغا كەلتۈرۈپ تۆگەلىرىگە تىزلامچى سىلىپ ئارام ئالدى.

**الله تەئالانىڭ {يَعْرِفُونَهُ كَمَا يَعْرِفُونَ أَبْنَاءَهُمْ وَإِنَّ فَرِيقاً مِنْهُمْ لَيَكْتُمُونَ الْحَقَّ وَهُمْ يَعْلَمُونَ} مەنىسى** ***{بىز كىتاب كەلتۈرگەنلەر (يەھۇدى ۋە ناسارالار) ئۇنى (مۇھەممەد پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى) ئۆز ئوغۇللىرىنى تونۇغاندەك تونۇيدۇر. تەھقىق ئۇلاردىن بىر پىرقىسى بىلىپ تۇرۇپ ھەقىقەتنى يوشۇرىدۇر}*** **. سۈرە بەقەرە 146 ـ ئايىتىنىڭ بايانى.**

1517 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى:  تەھقىق يەھۇدىلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىغا كىلىپ، ئۇلاردىن بىر ئەرنىڭ بىر ئايال بىلەن زىنا قىلغانلىغىنى زىكرى قىلدىلەر. ئاندىن ئۇلارغا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: تەۋراتدا رەجمى (چالما ـ كېسەك قىلىش) ھەققىدە نىمە ھۆكۈمنى تاپىسىلەر؟ ئاندىن ئېيتتىلەر:

تەھقىق تەۋراتدا ئۇلارنى رەسۋا سازايى قىلىمىز ۋە تەئرىز ئۇرۇلىدۇر. ئاندىن ئابدۇللاھ ئىبنى سالام ئېيتتى: يالغان ئېيتتىڭلار، تەھقىق تەۋراتدا رەجمى قىلىش ئايىتى بار، تەۋراتنى كەلتۈرۈڭلار! ئاندىن ئۇ تەۋراتنى ئاچتىلەر ۋە ئۇلارنىڭ بىرى رەجمى ئايىتىگە قۇلىنى قويۇۋالدى ۋە ئۇ رەجمى ئايىتىنىڭ ئالدى ۋە كەينىنى ئۇقۇدى. ئاندىن ئۇنىڭغا ئابدۇللاھ ئىبنى سالام قۇلۇڭنى كۆتەر دىدى. ئاندىن قۇلنى كۆتەردى. ئاندىن ئۇيەردە رەجمى ئايىتى باردۇر. ئۇلار ئېيتتىلەر: يامۇھەممەد ! ئابدۇللاھ ئىبنى سالام راس ئېيتتى، تەۋراتدا رەجمى ئايىتى باردۇر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئىككىسىگە ئەمرى قىلدى، ئاندىن ئۇ ئىككىسىنى رەجمى (چالما ـ كېسەك) قىلىندى.

**مۇشرىكلارنىڭ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇلارغا ئايەت (پەيغەمبەرلىك) ئالامىتىنى كۆرسۈتۈشىنى سۇئال قىلغانلىغى ئاندىن ئۇلارغا ئاينىڭ ئىككى پارە بۇلۇشىنى كۆرسەتكەنلىگى توغرىسىدا**

1518 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا ئاي ئىككى پارە يېرىلدى، ئاندىن ئول جاناب ھەزرەت ئېيتتى: گۇۋاھ بۇلۇڭلار (پەيغەمبەرلىگىمگە).

1519 ـ ئۇرۋەتى بارىقى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا بىر دانە قوي سېتىپ ئېلىپ بېرىش ئۇچۇن بىر تىللا بەردى. ئاندىن ئۇرۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇچۇن بىر تىللاغا ئىككى قوي سېتىپ ئېلىپ، بىر دانە قوينى بىر تىللاغا سېتىپ، بىر تىللا ۋە بىر دانە قوينى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كەلتۈردى، ئاندىن ئول جاناب ھەزرەت ئۇرۋەگە سودىسىدا بەرىكەت تېپىشىغا دۇئا

قىلدى. ئاندىن ئۇ توپا سىتىپ ئالسىمۇ ئۇنىڭدا پايدا ئالىدىغان بولدى.

## (55) پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەسھابلىرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملەرنىڭ پەزىلەتلىرى ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆھبىتىدە بولغان ياكى ئۇ زاتنى مۇسۇلمانلاردىن كۆرگەن كىشى ئۇ زاتنىڭ ئەسھابلىرى ئىكەنلىكىنىڭ كىتابى

1520 ـ جۇبەيىر ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: بىر خوتۇن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىغا كەلدى. ئاندىن ئۇ خوتۇننى قايتا كېلىشكە بۇيرىدى. ئۇ خوتۇن ئېيتتى: خەۋەر بەرگىنكى قايتا كەلسەم ۋە ئۆزلىرىنى تاپالمىسامچۇ؟ گويا ئۇ ئۆلۈمنى ئىشارەت قىلىپ دەيدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئەگەر مىنى تاپالمىساڭ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا كەلگىن.

1521 ـ ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۆردۈم ۋە ھالئۇلكى ئۇنىڭ بىلەن بەش قۇل ۋە ئىككى خوتۇن ۋە ئەبۇ بەكرىدىن باشقىسى يوقدۇر.

1522 ـ ئەبۇ دەردائە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىدا ئولتۇراتتىم، بىناگاھ ئەبۇ بەكرى كىيىمىنىڭ بىر تەرپىنى تۇتقان ھالدا كەلدى، ھەتتاكى تىزىنى ئاشدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئەمما ھەمرايىڭلار خۇسۇمەتلىشىپدۇر. ئاندىن سالام قىلدى ۋە ئېيتتى: يارەسۇلۇللاھ مەن بىلەن ئىبنى خەتتاب ئوتتۇرىسىدا بىر نەرسە بولدى، ئاندىن ئۇنىڭغا يۈگۈرۈپ باردىم، ئاندىن پۇشايمان قىلدىم، ئۇنىڭغا كەچۈرۈشنى سوئال قىلدىم، پەس ماڭا ئۇنىمىدى. ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ ھۇزۇرلىرىغا كەلدىم. ئاندىن ئۇ جاناب ئېيتتى: الله ساڭا مەغپىرەت قىلسۇن ئى ئەبۇ بەكرى! دەپ ئۈچ

مەررە دېدى. ئاندىن ئۆمەر پۇشايمان قىلىپ ئەبۇ بەكرىنىڭ ئۆيىگە كىلىپ بۇيەردە ئەبۇ بەكرى بارمۇ؟ دېدى، ئاندىن ئۇلار يوق دېدى، ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىغا كىلىپ سالام قىلدى، ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇبارەك يۈزلىرى تاتىرىپ ئۆزگىرىشكە باشلىدى، ھەتتاكى ئەبۇ بەكرى قورقدى، ئاندىن ئىككى تىزىغا تىزلاندى، ئاندىن ئېيتتى: يارەسۇلۇللاھ ! ۋەللاھۇكى مەن زالىمراق بولدۇم دەپ ئىككى مەررە دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: تەھقىق الله تەئالا مېنى سىزلەرگە ئەۋەتتى، پەس ئېيتتىڭلار: يالغان ئېيتتىڭ ۋە ئەبۇ بەكرى ئېيتتى راس ئېيتتى ۋە ماڭا جېنى بىلەن ۋە مېلى بىلەن ياردەم قىلدى، پەس ئايا سىزلەر ماڭا مېنىڭ ھەمرايىمنى تەرىك قىلغۇچىلارمۇ؟ دەپ ئىككى مەررە دېدى. ئاندىن ئەبۇ بەكرىگە بۇندىن كىيىن ئازار بېرىلمىدى.

**1523** ـ ئەمرۇ ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى زاتى سەلاسىل ئەسكىرىگە باش قىلىپ ئەۋەتتى، ئېيتتى ئەمرۇ: ئاندىن ئۇ زات ھۇزۇرىغا كەلدىم، ئاندىن ئېيتتىم: خالايىقنىڭ قايسى ئۆزلىرىگە دوسراق؟ ئېيتتى: ئائىشە. پەس ئېيتتىم: ئەرلەردىنچۇ؟ ئاندىن ئېيتتى: ئۇنىڭ ئاتىسى. ئاندىن ئېيتتىم: ئاندىن كىم؟ ئېيتتى: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئاندىن بىر نەچچە ئەرلەرنى ساناندى.

**1524** ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: كىمكى تەكەببۇرلۇق قىلىپ كىيىمىنى سۆرەپ كەيسە، الله تەئالا ئۇنىڭغا قىيامەت كۈنى نەزەر قىلمايدۇر. ئاندىن ئەبۇ بەكرى ئېيتتى: تەھقىق كىيىمىمنىڭ ئىككى تەرىپىنىڭ بىرى بوشاپ ساڭگىلاپ كېتىدۇ، مەگەر كىيىمنى ئۇنىڭدىن يوقلاپ تۇرسام بولىدۇر. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: تەھقىق سەن ئۇنى تەكەببۇرلۇق قىلغان

جەھەتدىن قىلمىدىلىك.

1525 ـ ئەبۇ موسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق ئۇ ئۆز ئۆيىدە تەھارەت ئالدى، ئاندىن چىقىپ ئېيتتى: پەس ئېيتتىم: بۈگۈنكى مۇشۇ كۈنۈمدە ئەلۋەتتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى لازىم تۇتىمەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىمەن، ئاندىن مەسجىدكە كەلدى، ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سورىدى، ئاندىن ئېيتتى: چىقىپ ئاۋۇ تەرەپكە يۈزلىنىپ كەتتى. ئاندىن جانابى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىزىغا ئەگىشىپ نەدىلىگىنى سوراپ چىقىدىم، ھەتتا ئەرىس قۇدۇقىغا كىردى، ئاندىن ئىشىكىدە ئولتۇردۇم ۋە ئۇ باغنىڭ ئىشىگى شاخلاردىن ئىدى، ھەتتا ئۇل جاناب ھاجەتلىرىنى ئادا قىلىپ تەھارەت ئالدى، ئاندىن ئۇنىڭغا قوپۇپ باردى، ئاندىن ئۇ زات ئەرىس قۇدۇقى ئۈستىدە ئۇنىڭ ياقىسىدىكى دوڭدە ئىككى پاچىغىنى ئېچىپ، ئۇ ئىككى پاچىغىنى قۇدۇققا ساڭگىلىتىپ ئولتۇرىدۇر. ئاندىن ئۇنىڭغا سالام قىلدىم، ئاندىن قايتىپ ئىشىگىدە ئولتۇردۇم، ئاندىن ئېيتتىم: بۈگۈن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىشىك باققۇچىسى بولىمەن، ئاندىن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاۋۇ ئەنھۇ كېلىپ ئىشىكنى ئىتتەردى. ئاندىن كىم بۇ؟ دېدىم. ئاندىن ئەبۇ بەكرى، مەن دېدى، ئاندىن ئېيتتىم: توختاپتۇر، ئاندىن بېرىپ يارەسۇلۇللاھ ! ئەبۇبەكرى ئىزنى سورايدۇ دېدىم، ئاندىن ئېيتتى: ئۇنىڭغا ئىزنى بەرگىن ۋە ئۇنىڭغا جەننەت بىلەن بىشارەت بەرگىن، ئاندىن ئەبۇبەكرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئېيتتىم: كىرگىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساڭا جەننەت بىلەن بىشارەت بېرىدۇر. ئاندىن ئەبۇبەكرى كىرىپ جانابى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئوڭ تەرىپىدە قۇدۇق بېشىدا بىللە ئولتۇردى، ئىككى پاچىغىنى قۇدۇققا ساڭگىلاتتى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىلغاندەك ۋە ئىككى

پاچىغىنى ئاچتى. ئاندىن قايتىپ بىرىپ ئىشىكتە ئولتۇردۇم ۋە تەھقىق تەرىك قىلدىم بۇرادىرىمنى (ئەبۇمۇسا قىرىنداشنى دىمەكچى)، تەھارەت ئېلىپ ماڭا قوشۇلۇپ كېلىدۇر، ئاندىن ئىيتتىم: ئەگەر الله تەئالا پالانىغا قىرىنداشىغا ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا ئۇنى كەلتۈرۈدۇر، ئاندىن بىر ئىنسان ئىشىكنى ھەركەتلەندۈردۇر. ئاندىن ئىيتتىم: كىم بۇ؟ ئاندىن ئىيتتى: مەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب. ئاندىن توختاپتۇر دىدىم، ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىغا كىلىپ سالام قىلدىم ۋە ئىيتتىم: بۇ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئىزنى سورايدۇر؟ پەس ئىيتتى: ئۇنىڭغا ئىزنى بەرگىن ۋە ئۇنىڭغا جەننەت بىلەن خوشخەۋەر بەرگىن. ئاندىن يېنىپ كىلىپ كىرگىن ۋە ساڭا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جەننەت بىلەن خوشخەۋەر بەردى دىدىم، ئاندىن كىرىپ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن سول تەرىپىدە قىرغاقدا ئىككى پۇتىنى قۇدۇققا ساڭگىلىتىپ ئولتاردى، ئاندىن مەنمۇ ئولتاردىم، ئاندىن ئىيتتىم: ئەگەر الله تەئالا پالانىغا (بۇرادىرىگە) ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا ئۇنى كەلتۈرىدۇر. ئاندىن بىر ئىنسان كىلىپ ئىشىكنى مىدىرلىتىدۇر، ئاندىن ئىيتتىم: كىم بۇ؟ ئاندىن ئىيتتى: مەن ئوسمان ئىبنى ئەپپان، ئاندىن توختاپتۇر دىدىم، ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىغا بىرىپ خەۋەر قىلدىم. ئول جاناب ئىيتتى: ئۇنىڭغا ئىزنى بەرگىن ۋە ئۇنىڭغا جەننەت بىلەن خوشخەۋەر بەرگىن، ئۇنىڭغا يېتىدىغان بالا بىلەن. ئاندىن ئۇنىڭغا كىلىپ ئىيتتىم: كىرگىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساڭا جەننەت بىلەن خوشخەۋەر بەردى، ساڭا يېتىدىغان بالا بىلەن، ئاندىن كىردى، ئاندىن قىرغاق تۇشۇپ كەتكەنلىگىنى تاپتى، يەنە بىر تەرىپىدىن ئول جانابىنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى.

1526 ـ ئەبۇسەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىيتتى: ساھابىلىرىمنى سۆكمەڭلار! پەس ئەگەر سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئوھود تېغىدەك

ئالتۇننى نەپقە قىلسا، ساھابىلارنىڭ بىرىنىڭ بىر جىڭغا ۋە يېرىم جىڭغىمۇ يەتمەيدۇر.

1527 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر ۋە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملەر بىلەن ئوھود تېغىغا چىقدى، ئاندىن ئۇلار بىلەن ئوھود تېغى تەۋرىدى. ئاندىن ئول جاناب ئېيتتى: ئى ئوھود ! سابىت بول (جىم بول)، پەس تەھقىق سېنىڭ ئۈستۈڭدە پەيغەمبەر ۋە سىددىق ۋە ئىككى شېھىد بار.

1528 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق مەن بىر قەۋملەرنىڭ ئىچىدە تۇرغۇچى دۇرمەنكى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئۈچۈن اللە تەئالاغا دۇئا قىلىمىز ۋە ھالبۇكى ئۇنى تاختىگە قويۇلغان ئىدى، بىناگاھ بىر ئادەم ئارقامدىن جەينەكىنى ئىككى مۈرەمگە قويۇپ ئېيتىدۇر: اللە ساڭا رەھمەت قىلسۇن، تەھقىق مەن ئەلۋەتتە سېنى اللە تەئالا ئىككى ھەمرايىڭ بىلەن بىللە قىلىشنى ئۈمىد قىلاتتىم، شۇجەھەتدىنكى تەھقىق مەن ئەلۋەتتە تولىمۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇر: بولدۇم مەن ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر ۋە قىلدىم مەن ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر ۋە يۈردۈم مەن ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر. پەس تەھقىق مەن سېنى اللە تەئالا ئىككى ھەمرايىڭ بىلەن بىللە قىلىشنى ئۈمىد قىلاتتىم. ئاندىن قارىسام ئۇ ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر.

## ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەھۇنىڭ پەزىلەتلىرى توغرىسىدا

1529 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: مېنى كۆردۈمكى جەننەتكە كىردىم، ئاندىن ئەبۇتەلھەنىڭ خوتۇنى رۇمەيساغا ئۇشقاشىدىم ۋە قەدەمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىم، ئاندىن ئېيتتىم: كىم بۇ؟ ئاندىن

ئېيتتىلەر: بۇ بىلالدۇر ۋە قەسر ئىمارەتنى كۆردۈمكى ئۆينىڭ بىر تەرپىدە بىر جارىيە خوتۇن بار، ئاندىن ئېيتتىم: كىمنىڭ بۇ؟ ئاندىن ئېيتتى: ئۆمەرنىڭ، ئاندىن ئۇ قەسرگە كىرىشنى ئىرادە قىلدىم، ئاندىن سىنىڭ كۆنلىشىشكىنى يادىمغا ئالدىم. ئاندىن ئۆمەر ئېيتتى: ئاتا ـ ئانام ئۆزلىرىگە پىدا بولسۇن ئۆزلىرىگىمۇ كۆنلەيمەنمۇ.

1530 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن قىيامەتدىن سورىدى، قىيامەت قاچاندۇر؟ ئول جاناب ئېيتتى: قىيامەتكە نىمە تەييار قىلدىڭ؟ ئۇ ئادەم ئېيتتى: ھىچنەرسە تەييارلىمىدىم، مەگەركى تەھقىق مەن الله نى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى دوس تۇتىمەن. ئاندىن ئول جاناب رەسۇلۇللاھ ئېيتتى: سەن دوس تۇتقان ئادىمىڭ بىلەن بىللە دۇرسەن. ئېيتتى ئەنەس: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سەن دوس تۇتقان ئادىمىڭ بىلەن دۇرسەن دىگەن سۆزىگە خوش بولغاندەك ھىچ نەرسىگە خوش بولمىدۇق. ئېيتتى ئەنەس: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ۋە ئەبۇبەكرىنى ۋە ئۆمەرنى دوس تۇتىمەن ۋە ئۇلارنى دوس تۇتۇشۇم بىلەن ئۇلارنىڭ جۈملىسىدىن بۇلۇشۇمنى ئۈمىد قىلىمەن، ئەگەرچە ئۇلارنىڭ ئەمىلىگە ئوخشاش ئەمەل قىلالمىساممۇ.

1531 ـ ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئەلۋەتتە تەھقىق سىلەردىن ئىلگىركى بەنى ئىسرائىلدىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەرىشتىلەر بىلەن سۆزلىشىدىغان كىشىلەر بار ئىدى، پەس ئەگەر ئۇلاردىن ئۈممىتىم ئىچىدە بىر كىشى بولسا پەس ئۇ ئۆمەردۇر.

### ئوسمان ئىبنى ئەپپان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلەتلىرى توغرىسىدا

**1532 ـ** ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا مىسىر ئەھلىدىن بىر كىشى كەلدى، ئاندىن ئىبنى ئۆمەرگە ئېيتتى: ئايا ئوسماننىڭ ئوھود كۈنىدە قاچقانلىقىنى بىلەمسەن؟ ئېيتتى ئىبنى ئۆمەر: ھەئە بىلىمەن. ئاندىن ئۇكىشى ئېيتتى: بىلەمسەن تەھقىق ئوسمان بەدرى جېڭىدە غايىپ بولدى ۋە ھازىر بولمىدى؟ ئېيتتى: ھەئە. ئۇكىشى ئېيتتى: تەھقىق ئۇ بەيئەتى رىزۋان (رازىلىق بەيئىتى) دىن غايىپ بولدى ۋە ئۇنىڭغا ھازىر بولمىدى بىلەمسەن؟ ئېيتتى: ھەئە. ئېيتتى: ئاللاھۇ ئەكبەر. ئىبنى ئۆمەر ئېيتتى: كەل ساڭا بايان قىلىپ بېرەي، ئەمما ئوسماننىڭ ئوھود كۈنىدە قېچىشى، پەس گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، تەھقىق الله تەئالا ئۇنىڭدىن ئەپۇ قىلدى ۋە ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلدى، ئەمما ئوسماننىڭ بەدرىدىن غايىپ بولۇشى، پەس تەھقىق ئۇنىڭ قولىدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىزى بار ئىدى ۋە ئۇ قىزى ئاغرىق ئىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوسمانغا ئېيتتى: تەھقىق ساڭا بەدرگە ھازىر بولغان كىشىدىن بىر كىشىنىڭ ئەجرى بولىدۇر ۋە ئۇنىڭ غەنىمەتىدىن نەسىبىسى بىلەن. ئەمما ئۇنىڭ بەيئەتى رىزۋاندىن غايىپ بولۇشى، پەس ئەگەر مەككە ۋادىسىدا ئوسماندىن ئېزىزراق بىرسى بولغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنى ئوسماننىڭ ئورنىدا ئەۋەتەتتى، ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوسماننى ئەۋەتتى، بەيئەتى رىزۋان ئوسمان مەككىگە كەتكەندىن كېيىن بولدى، ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوڭ قولى بىلەن ئىشارەت قىلدىكى، بۇ قول ئوسماننىڭ قولىدۇر، ئاندىن ئۇ قولىنى قولىغا ئۇردى، ئاندىن ئېيتتى: بۇ ئوسمان ئۈچۈندۇر. ئۇ مىسىرلىق ئادەمگە ئىبنى ئۆمەر ئېيتتى: بۇ مەسىلىلەرنى ھازىر ئۆزەڭ بىلەن ئېلىپ كەتكىن.

## ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب رەزىيەللاھۇ ئەھۇنىڭ پەزىلەتلىرى توغرىسىدا

1533 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ياغچاق (تۈگمەن)دە يارما يېرىپ تاتقان جاپالىرىنى شىكايەت قىلدى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر ئەسىر كەلتۈرۈلدى، ئاندىن پاتىمە بېرىپ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى تاپالمىدى ۋە ئائىشەنى تېپىپ ئۇنىڭغا ئەھۋالنى خەۋەر قىلدى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەلگەندە ئائىشە ئۇنىڭغا پاتىمەنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. ئېيتتى ئەلى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزلەرگە كەلدى ۋە ھالبۇكى بىز ئۇرۇنلىرىمىزدا يېتىپ بولغان ئىدۇق، ئاندىن مەن قوپۇشقا باشلاپ ئىدىم، ئورنۇڭلاردا جىم تۇرۇڭلار دېدى، ئاندىن بىزنىڭ ئارلىغىمىزدا ئولتۇردى، ھەتتا ئۇل جانابنىڭ ئىككى پۇتىنىڭ سوۇۇنلىگىنى كۆكسۈمدە تاپتىم ۋە ئېيتتى: ئىككىڭلارغا سىلەر سورىغان نەرسىدىن ياخشىراقنى ئۈگۈتۈپ قويايمۇ؟ ۋەقتىكى ئۇرۇنلىرىڭلاردا ياتساڭلار، ئوتتۇز تۆت مەررە تەكبىر ئېيتىسىلەر ۋە ئوتتۇز ئۈچ مەررە تەسبىھ ئېيتىسىلەر ۋە ئوتتۇز ئۈچ مەررە ھەمدۇ ئېيتىسىلەر، ئاندىن بۇ كەلىمە سىزلەرگە خىزمەت كاردىن ياخشىراقدۇر.

**پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېقىن تۇققانلىرىنىڭ پەزىلەتلىرى توغرىسىدا**

1534 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: ئەھزاب جېڭى كۈنى مەن ۋە ئۆمەر ئىبنى ئەبى سەلەمە ئايالالار ئىچىدە قالغان ئىدىم، ئاندىن قارىدىم، ئاندىن مەن زۇبەيىرنى ئېتىنىڭ ئۈستىدە بەنى قۇرەيزەگە ئىككى ياكى ئۈچ مەررە بېرىپ كېلىپ تۇرغىنىنى كۆردۈم، ئاندىن ئۇل ۋاقتىكى قايتىپ ئىدىم ئېيتتىم: ئى ئاتا سىنى بېرىپ كېلىپ تۇرغان كۆردۈم، ئېيتتى ئاتام زۇبەيىر: ئايا كۆردۈڭمۇ مىنى ئى ئوغلۇم؟ ئېيتتىم: ھەئە، ئېيتتى ئاتام: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتقان ئىدى: كىمكى بەنى قۇرەيزە قەبىلىسىگە كەلسە ئۇلارنىڭ

خەۋىرىنى ماڭا كەلتۈرسۇن. ئاندىن باردىم، ئاندىن قايتىپ ئىدىم، ماڭا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاتا ـ ئانىسىنى جەمى قىلدى (يەنى پىدا بولسۇن دىگەن سۆزىدە)، ئاندىن ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساڭا ئاتا ـ ئانام پىدا بولسۇن.

### تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

1535 ـ تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە جەڭ قىلغان ئاشۇ كۈنلەردىكىلەردىن مىنىڭ غەيرىم ۋە سەئدنىڭ غەيرى قالمىدى.

1536 ـ ئۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق ئۇ تەلھە ئۆزىنىڭ قولى بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى قوغدىدى، ئاندىن ئۇنىڭ قولىغا ئۇرۇلدى، ھەتتا ئۇنىڭ قولى ھەركەتسىز بولدى.

### سەئد ئىبنى ئەبۇۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلەتلىرى توغرىسىدا

1537 ـ سەئد ئىبنى ئەبۇۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: ئوھود كۈنى ماڭا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاتا ـ ئاناسىنى جەمى قىلدى (يەنى ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن دىدى).

### پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كۈيئۇغۇللىرىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

1538 ـ مىسۋەر ئىبنى مەخرەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق ئەلى ئەبۇجەھلىنىڭ قىزىغا (ئەمرىگە ئېلىشقا) ئەلچى ئەۋەتتى. بۇنى پاتىمە ئاڭلاپ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھوزۇرىغا كىلىپ ئېيتتى: يارەسۇلۇللاھ ! قەۋمىلىرى ئۆزلىرىنى قىزى ئۈچۈن غەزەپ قىلمايدۇر دەپ گۇمان قىلىشتى؟ ئەلى ئەبۇجەھلىنىڭ قىزىنى نىكاھىغا

ئالماقچىدۇر. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئورنىدىن تۇردى. ئاندىن پاتىمە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شاھادەت ئوقۇپ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدى. ئەمما بەئىد، ئەبۇلئاس بىننى رەبىئەگە قىزىمنى نىكاھلاپ بەردىم، ئۇ ۋەدىسىنى ماڭا راس قىلدى، ئەھقىق پاتىمە مېنىڭ بىر پارچەمدۇر، تەھقىق مەن ئۇنى بەدھال (يامان ھالغا) چۈشۈرۈپ قويۇشنى خالىمايمەن، ۋەللاھۇكى رەسۇلۇللاھنىڭ ۋە ئەدۇۋۋۇللاھنىڭ قىزى بىر ئادەمنىڭ ھۇزۇرىدا جەمى كەلمەيدۇر. ئاندىن ئەلى خوتۇن قاتناشنى تەرىك قىلدى.

1539 ـ ئۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بەنى ئابدۇشەمسى قەبىلىسىدىن بولغان كۈيي ئوغلىنى زىكرى قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىم، ئۇ كۈيي ئوغلىنى ئۆزىگە ياخشى كۈيي ئۇغۇل بولغانلىقى ھەققىدە ناھايىتى ياخشى چىرايلىق ماختىدى، ئېيتتى: ئۇ كۈيي ئۇغۇل ماڭا سۆز قىلسا راس سۆز قىلدى ۋە ماڭا ۋەدە قىلسا ۋەدىسىگە مەن ئۈچۈن ۋاپا قىلدى.

**پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەۋلاسى زەيد ئىبنى ھارىسەنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا**

1540 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قوشۇن ئەۋەتىپ ئۇنىڭغا ئۇسامە ئىبنى زەيدنى ئەمىر قىلدى. ئاندىن بەزى كىشلەر ئۇنىڭ ئەمىرلىكىگە تەنە قىلدى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئۇنىڭ ئەمىرلىكىگە تەنە قىلساڭلار، بۇندىن ئىلگىرى ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ ئەمىرلىكى ھەققىدە تەنە قىلغان ئىدىڭلار، الله غا قەسەمكى ئۇ ئەلبەتتە ئەمىرلىككە لايىقدۇر، تەھقىق ئۇ ئەلۋەتتە ماڭا خالايىقنىڭ دوسىراغىدىندۇر، تەھقىق بۇمۇ ئەلۋەتتە ماڭا ئاتىسىدىن كېيىن خالايىقنىڭ دوسىراغىدىندۇر.

1541 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدى: ماڭا ئىلمى قىياپەتنى بىلىدىغان بىر كىشى كىردى ۋە ھالئۇلكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھازىردۇر ۋە ئۇسامە ئىبنى زەيىد ۋە زەيىد ئىبنى ھارىسە ئۇخلىسىغا ياتىدۇر. ئاندىن ئۇ قىياپەت بىلگۈچى ئېيىتتى: تەھقىق بۇ قەدەملەر بەزىسى بەزىسىدىندۇر. ئاندىن ئۇنىڭغا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇرسەن بولدى ۋە بۇ ئىش ئۇ زاتنى بەك ھەيران قالدۇردى، ئاندىن بۇنىڭ بىلەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا خەۋەر قىلدى.

## ئۇسامە ئىبنى زەيىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلەتلىرى توغرىسىدا

1542 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق بەنى مەخزۇم قەبىلىسىدىن بىر خوتۇن ئوغۇرلۇق قىلدى. ئاندىن ئېيىتتىلەر: بۇ خوتۇن ھەققىدە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كىم گەپ قىلىدۇر؟ ئاندىن ئۇزاتقا بۇھەقدە گەپ قىلىشقا ھېچكىم جۈرئەت قىلمىدى، ئاندىن ئۇل زات رەسۇلۇللاغا ئۇسامە ئىبنى زەيىد گەپ ـ سۆز قىلدى. ئاندىن ئۇل ھەزرەت ئېيىتتى: تەھقىق بەنى ئىسرائىل ئىچىدە ئابرويلۇق شەرەپلىك كىشى ئوغۇرلۇق قىلسا ئۇنى تەربك قالاتتى (جازا يۈرگۈزمەي) ۋە ئەگەر زەئىپ ـ ئاجىز كىشى ئوغۇرلۇق قىلسا ئۇنىڭ ئەزاسىنى كېسەر ئىدى، ئەگەر قىزىم پاتىمە بولسىمۇ (ئوغۇرلۇق قىلسىمۇ) ئۇنىڭ قولىنى كېسىمەن.

## ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلەتلىرى توغرىسىدا

1543 ـ ئۇسامە ئىبنى زەيىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنى ۋە ھەسەننى تۇتۇپ ئېيتارئىدى: ئى الله ! بۇ ئىككىسىنى دوس تۇتقىن، تەھقىق مەن ئۇ ئىككىسىنى دوس تۇتىمەن.

1544 ـ ھەپسە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم ئۇنىڭغا ئېيتتى: تەھقىق ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ياخشى ئەردۇر.

## ئەممار ۋە ھۇزەيپە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنىڭ پەزىلەتلىرى توغرىسىدا

1545 ـ ئەبۇدەردائە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق ئۇنىڭ يېنىدا شامدىكى مەسجىدتە بىر ئوغۇل ئولتۇردى ۋە ئۇ ئوغۇل ئى الله! ماڭا ياخشى بىرگە ئولتۇرغۇچنى ئاسان قىلغىن دەپ دۇئا قىلغان ئىدى. ئاندىن ئەبۇدەردائە ئېيتتى: كىمدىن سەن؟ ئۇ ئېيتتى: كۆپە ئەھلىدىن. ئەبۇ دەردائە ئېيتتى: ئايا سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا سىر ئىگىسى يوقمۇكى ئۇ سىرنى ئۇنىڭ غەيرى بىلمەيدۇر، يەنى ھۇزەيپە يوقمۇ؟ ئۇ ئوغۇل ئېيتتى: ئارى بار. ئەبۇ دەردائە ئېيتتى: سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا الله تەئالا پەيغەمبىرىنىڭ تىلى بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا شەيتاندىن پانا بەرگەن، يەنى ئەممار يوقمۇ؟ ئۇ ئوغۇل ئېيتتى: ئارى بار. ئەبۇ دەردائە ئېيتتى: سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا مىسۋاك ياكى سىرار ئىگىسى يوقمۇ؟ ئۇ ئوغۇل ئېيتتى: ئارى بار. ئەبۇ دەردائە ئېيتتى: ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد {وَاللَّيْلِ وِوُا يَغْشَوْ (1) وَالنَّهَارِ وِوُا تجَلَوْ (2) وَمَا خَلَقَ الوُكرَ وَالوُنْكُوْ} نى قانداق ئوقۇيدۇر. ئېيتتى: ئۇلار ماڭا ھەممىشە بولدىكى ھەتتاكى مىنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىغان نەرسىدىن تېيىلدۇرغىلى يېقىن بولدىلەر (قىل قالدى).

## ئەبۇئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلەتلىرى توغرىسىدا

1546 ـ بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ھەربىر ئۈممەتنىڭ ئەمىنى (ئىشەنچلىك ئادەمى) باردۇر ۋە تەھقىق ئى ئۈممەتلەر! بىزنىڭ ئەمىنىمىز ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھدۇر.

## ئىمام ھەسەن ۋە ئىمام ھۈسەيىننىڭ پەزىلەتلىرى توغرىسىدا

1547 ـ بەرائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئىمام ھەسەن ئىبنى ئەلى گەدىنىدە تۇرغان ھالەتتە كۆردۈم، ئېيتىدۇر: ئى الله! مەن ئۇنى دوس تۇتىمەن، پەس سەنمۇ ئۇنى دوس تۇتقىن.

1548 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: ھىچكىم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ھەسەن ئىبنى ئەلىدىن ئوخشىغۇچىراق بولمىدى.

1549 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: ئۇنىڭدىن بىركىشى، ھەجگە ئىھرام باغلىغۇچى چىۋىننى ئۆلتۈرۈش توغرۇلۇق سورىدى. ئاندىن ئېيتتى: ئىراق ئەھلى چىۋىننى ئۆلتۈرۈشتىن سورايدۇر، ئۇلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىزىنىڭ ئوغلىنى ئۆلتۈردى، تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئۇئىككى نەۋرەم مىنىڭ دۇنيادىن ئىككى رەيھان گۈلۈمدۇر.

## ئابدۇللاھ ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ پەزەلەتلىرى توغرىسىدا

1550 ـ ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنى كۆكسىگە قۇشۇپ ئېيتتى: ئى الله ! ئۇنىڭغا ھىكمەتنى ئۆگەتكىن.

1551 ـ ۋە يەنە بىر رىۋايەتتە: ئى الله ! ئۇنىڭغا كىتابنى ئۆگەتكىن.

## خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ پەزىلەتلىرى توغرىسىدا

1552 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە زەيد ۋە جەپەر ۋە ئىبنى رەۋاھەنىڭ ئۆلۈم خەۋەرى يەتكۈزۈلدى. ھەدىسنىڭ قالغىنى ئىلگىرى ئۆتتى. ئاندىن ئېيتتى: پەس ئۇ بايراقنى الله نىڭ قىلىچلىرىدىن بىر قىلىچ(خالىد) ئالدى، ھەتتا الله تەئالا ئۇلارغا پەتھى قىلدى.

**ئەبۇھۇزەيپەنىڭ مەۋلاسى سالىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلەتلىرى توغرىسىدا**

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇر: قۇرئاننى تۆت كىشىدىن ئۆگىنىپ ئېلىڭلار، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدتىن، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن باشلىدى ۋە سالىم مەۋلا ئىبنى ھۇزەيپەدىن ۋە ئۇبەي ئىبنى كەئبدىن ۋە مۇئاز ئىبنى جەبەلدىن.

**ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پەزىلەتلىرى توغرىسىدا**

**1554** ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق ئۇ ئەسمادىن بىر بولۇپكىنى ئارىيەت ئالدى ۋە ئۇ يۈتۈپ ھالاك بولدى ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى تەلەپ قىلىشقا ساھابىلىرىدىن بىر مۇنچە خالايىقنى ئەۋەتتى، ئاندىن ئۇلارنى ناماز تاپتى، ئاندىن تەھارەتسىز ناماز ئوقۇدىلەر، ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىغا كېلىپ بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا شىكايەت قىلدى، ئاندىن تەييەممۇم ئايىتى نازىل بولدى. ھەدىسنىڭ قالغىنى تەييەممۇم بابىدا ئۆتتى.

**ئەنسارىلارنىڭ پەزىلەتلىرى توغرىسىدا**

**1555** ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدى: بۇئاس كۈنى الله تەئالا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى مەدىنىگە تەقدىم قىلغان كۈندۇر، ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەدەم تەشرىپ قىلدى ۋە ھالئولكى ئۇلارنىڭ جامائەتلىرى بۆلۈنگەندۇر ۋە ئۇلارنىڭ كاتتىلىرى ئۆلتۈرۈلگەن ۋە جاراھەت قىلىنغاندۇر، ئاندىن ئۇنى الله تەئالا ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىگە، ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشىگە تەقدىم قىلدى.

**پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەگەر ھىجرەت بولمىسا ئەنسارىلاردىن بىر كىشى**

## بولاتتىم دىگەن سۆزى توغرىسىدا

1556 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئەگەر ھىجرەت بولمىسا ئىدى مەن ئەنسارىلاردىن بىر كىشى بولاتتىم.

## ئەنسارىلارنى دوس تۇتۇش ئىماندىن ئىكەنلىگى توغرىسىدا

1557 ـ بەرائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئەنسارىلارنى مۆمىنلا دوس تۇتىدۇر ۋە ئۇلارنى مۇناپىقلار دۈشمەن تۇتىدۇر. پەس ئەنسارىلارنى دوس تۇتقان كىشىنى الله تەئالا دوس تۇتىدۇر ۋە ئۇلارنى دۈشمەن تۇتقان كىشىنى الله تەئالا دۈشمەن تۇتىدۇر.

## پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەنسارىلەرگە «سىلەر ماڭا خالايىقنىڭ دوسراغى» دىگەن سۆزى توغرىسىدا

1558 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللارنى ۋە ئۆسمۈرلەرنى تويدىن قايتىپ كەلگەندە كۆرۈپ تىك تۇرۇپ ئېيتتى: ئى الله ! سىلەر ماڭا خالايىقنىڭ دوسراغىدىن دۇرسىلەر دەپ ئۈچ مەررە ئېيتتى.

1559 ـ ئۇ رەزىيەللاھۇنىڭ بىر رىۋايىتىدە ئېيتتى: ئەنسارىلاردىن بىر خوتۇن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىغا بالىسى بىلەن كەلدى، ئاندىن ئۇ خوتۇنغا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆز قىلىپ ئېيتتى: نەپسىم قۇدرەت قولىدىكى الله غا قەسەمكى، تەھقىق سىزلەر ماڭا خالايىقنىڭ دوسراغى دۇرسىلەر دەپ ئىككى مەررە دىدى.

1560 ـ زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: ئەنسارىلار ئېيتتى: يارەسۇلۇللاھ ! ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ تابىلىرى باردۇر، تەھقىق بىز ئۆزلىرىگە تابى بولدۇق، پەس

الله تەئالا بىزلەردىن ئۆزلىرىنىڭ تابىلىرىنى قىلىشقا دۇئا قىلغايلا !؟ ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن دۇئا قىلدى.

## ئەنسارىلارنىڭ ھويلالىرىنىڭ پەزلى توغرىسىدا

**1561** ـ ئەبى ھۇمەيدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: تەھقىق ئەنسارىلارنىڭ ھويلالىرىنىڭ ياخشىراغى، پەس ھىدىسىنى زىكرى قىلدى ۋە بىشىدا ئۆتتى. ئاندىن ئېيتتى: ئېيتدى سەئىد بىننى ئۇبادە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: يارەسۇلۇللاھ ! ئەنسارىلارنىڭ دىيارى تاللاندى، ئاندىن بىز ئاخىرقىسى قىلىندۇق. ئاندىن ئۇل جاناب ئېيتتى: ئايا سىلەرنىڭ ياخشىلاردىن بولغىنىڭلار سىلەرگە كۇپايە قىلمامدۇ؟.

## پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ «سەۋر قىلىڭلار ھەتتاكى ماڭا ھەۋزى كەۋسەر ئۈستىدە يولۇققىچىلىك» دىگەن سۆزى توغرىسىدا

**1562** ـ ئۇسەيد بىننى ھۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق ئەنسارىلاردىن بىر كىشى ئېيتتى: يارەسۇلۇللاھ ! پالاننى بىر ئىشقا ئىشلەتكەندەك مىنمۇ بىر ئىشقا قويمامدىلا؟ ئۇل جانابى رەسۇلۇللاھ ئېيتتى: يېقىن كۈنلەردە ئۈستۈڭلەرگە كىشىلەرنى تاللاشقا يولۇقۇسلەر، پەس ماڭا ھەۋزى كەۋسەر ئۈستىدە يولۇقۇپ كۆرۈشكىچە سەۋرى قىلىڭلار.

**1563** ـ ئەنەسنىڭ بىر رىۋايىتىدە، سىلەرنىڭ ۋەدە قىلىنغان جايىڭلار ھەۋزى كەۋسەردۇر.

الله تەئالانىڭ {وَيُؤْثِرُونَ عَلَىٰ أَنْفُسِهِمْ وَلَوْ كَانَ بِهِمْ خَصَاصَةٌ} مەنىسى {*ئەگەرچە ئۇلارغا قىيىنچىلىق بولسىمۇ ئۆز نەپسلىرىگە باشقىلارنى ئىختىيار قىلىدۇ (يەنى مۇھاجىرلار مەنپەئەتنى ئۆز مەنپەئەتىدىن ئەلا بىلىدۇ)* } سۈرە ھەشر 9 ـ ئايىتى توغرىسىدا

**1564** ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق بىر كىشى پەيغەمبەر

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىغا كەلدى، ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خوتۇنلىرىغا كىشى ئەۋەتتى (بىر نەرسە بارمۇ دەپ) ئۇلار بىزلەردە سۇدىن باشقا نەرسە يوق دېدى. ئاندىن ئان ھەزرەت ئېيتتى: بۇكىشىنى كىم ئۆزىگە قوشۇپ مىھمان قىلىدۇ؟ ئاندىن ئەنسارىلاردىن بىر كىشى مەن دېدى. ئاندىن ئۇكىشىنى خوتنىنى قېشىغا ئۆيىگە ئېلىپ باردى، ئاندىن خوتۇنىغا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ مىھمىنىنى ئىكرام قىلغىن دېدى، خوتۇنى بىزدە ئۇششاق باللىرىمىزنىڭ ئوزۇغىدىن باشقا نەرسە يوق دېدى. ئاندىن ئىرى ئېيتتى: تائامىڭنى تەييارلا ۋە چىراغىڭنى ياندۇر، ۋەقتىكى باللار كەچلىك تائامنى ئىرادە قىلسا ئۇلارنى ئۇخلاتقىن. ئاندىن خوتۇنى تائام تەييارلىدى ۋە چىراقنى ياندۇردى ۋە باللىرىنى ئۇخلاتتى، ئاندىن چىراقنى پەلىمەكچى بولۇپ ئۇنى ئۆچۈردى، ئۇ ئەر-ئايال ئىككىسى مىھمانغا ئۆزلىرىنى يېگەن كۆرسەتتى، ئاندىن بۇ ئىككىسى ئاچ قوساق ياتتى. تاڭ ئاتقاندا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىغا باردى، ئاندىن ئۇل جاناب ئېيتتى: بۈگۈن كېچە الله تەئالا كۈلدى ياكى ئىككىڭلارنىڭ قىلغىنىڭدىن ھەيران بولدى دېدى. ئاندىن الله تەئالا {وَيُؤْثِرُونَ عَلَىٰ أَنفُسِهِمْ وَلَوْ كَانَ بِهِمْ خَصَاصَةٌ} *ئەگەرچە ئۇلارغا قىيىنچىلىق بولسىمۇ ئۆز نەپسلىرىگە باشقىلارنى ئىختىيار قىلىدۇر (يەنى مۇھاجىرلار مەنپەئەتىنى ئۆز مەنپەئەتىدىن ئەلا بىلىدۇ)* }سۈرە ھەشر 9 - ئايىتىنى نازىل قىلدى.

**پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ «ئۇلارنىڭ ئىھسان قىلغۇچىلىرىدىن قوبۇل قىلىڭلار ۋە يامان قىلغۇچىلىرىدىن ئۆتۈپ كېتىڭلار» دىگەن سۆزى توغرىسىدا**

1565 - ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: ئەبۇبەكرى ۋە ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما يىغلاۋاتقان ئەنسارىلار مەجلىسلىرىدىن بىر مەجلىسكە ئۆتتى. ئاندىن ئەبۇبەكرى ئېيتتى: سىزلەرنى نىمە يىغلىتىدۇر؟ ئېيتتىلەر: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەمنىڭ بىزدىن مەجلىسنى زىكرى قىلدۇق، ئاندىن ئەبۇبەكرى ياكى ئابباس پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىغا كىردى، ئاندىن بۇئىش بىلەن ئۇنىڭغا خەۋەر قىلدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بېشىغا رەختنىڭ قىرغىقىنى تاڭغان ھالەتتە چىقدى. ئېيتتى راۋى: ئاندىن مۇنبەرگە ئۆرلىدى ۋە شۇكۈندىن كىيىن مۇنبەرگە چىقمىدى. ئاندىن الله غا ھەمدۇ ۋە سانا ئېيتتى، ئاندىن ئېيتتى: سىلەرنىڭ ئەنسارىلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارغا ۋەسىيەت قىلىمەن ، پەس تەھقىق ئۇلار مىنىڭ ئۈچۈيۈمدۇر ۋە مىنىڭ بوخچامدۇر، ئۇلار ئۈستىدىكى ۋەزىپىنى ئادا قىلدى ۋە ئۇلارغا بولىدىغان مەنپەئەت باقى قالدى، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئېھسان قىلغۇچىلىرىدىن قوبۇل قىلىڭلار ۋە ئۇلارنىڭ يامان ئىش قىلغۇچىلىرىدىن ئۆتۈپ كىتىڭلار.

1566 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى مۈرىسىگە بىر تونىنى تاشلاپ يۆگەنگەن ھالەتتە چىقدى، ئۈستىدە ياغدان لۆڭگە بار ھەتتا مۇنبەر ئۈستىدە ئولتۇردى ۋە الله تەئالاغا ھەمدۇ ئېيتتى ۋە ئۇنىڭغا سانا ئېيتتى، ئاندىن ئېيتتى: ئەمما بەئدە ئى خالايىقلەر! پەس تەھقىق خالايىقلار كۆپىيىدۇر ۋە ئەنسارىلار ئازىيىدۇر ھەتتا تائامدىكى تۇزدەك بولىدۇر، پەس سىلەردىن بىرىڭلار بىرۇغا زەرەر بەرگىدەك ياكى مەنپەئەت بەرگىدەك ئىشقا ئېگە بولسا ئۇلارنىڭ ئېھسان قىلغۇچىلىرىدىن قوبۇل قىلسۇن ۋە يامان قىلغۇچىسىدىن ئۆتۈپ كەتسۇن.

**سەئىد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلەتلىرى توغرىسىدا**

1567 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇر: سەئىد ئىبنى مۇئازنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن ئەرشى تىترىدى.

**ئۇبەي ئىبنى كەئىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلەتلىرى توغرىسىدا**

1568 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇبەي ئىبنى كەئبكە ئېيتتى: تەھقىق اللە تەئالا مېنى ساڭا {لَمْ يَكُنْ الَّذِينَ كَفَرُوا} سۈرە بەييىنەنى ئوقۇپ بېرىشكە بۇيرىدى. ئۇبەي ئېيتتى: اللە مېنىڭ ئىسمىمنى ئاتىدىمۇ؟ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەئە دېدى، ئاندىن ئۇبەي يىغلىدى.

## زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلەتلىرى توغرىسىدا

1569 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئېيتتى: قۇرئان كەرىمنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زامانىدا ئەنسارىلاردىن تۆت كىشى جەمى قىلدى، (1)ئۇبەي ئىبنى كەئب، (2)مۇئاز ئىبنى جەبەل، (3)ئەبۇ زەيد، (4)زەيد ئىبنى سابىت. پەس ئەنەسكە دېيىلدى ئەبۇ زەيد دېگەن كىم؟ ئېيتتى: مېنىڭ تاغىلىرىمنىڭ بىرى.

## ئەبۇتەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلەتلىرى توغرىسىدا

1570 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: ئوھود جېڭى بولغان كۈنى خالايىقلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن چېكىنىدىلەر ۋە ئەبۇتەلھە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئالدىدا ئۇل جانابنى ئۆزىنىڭ قالقانى بىلەن قوغدىدى ۋە ئەبۇتەلھە مەرگەن، ئوقيانى قاتتىق تۇتقۇچى كىشى ئىدى. ئۇ كۈنلەردە ئىككى ـ ئۈچ ئوقيانى سۇندۇردى ۋە ئۇقى بار بىر كىشى ئۆتۈشكە ئۇتسە ئوقنى ئەبۇتەلھەگە چېچىپ بەر دەپ تۇراتتى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەۋملەرگە تىكىلىپ قارايدۇر، پەس ئەبۇتەلھە ئېيتىدۇر: يارەسۇلۇللاھ ! ئاتا ـ ئانام ئۆزلىرىگە پىدا بولسۇن، تىكىلىپ قارىمىغايلا قەۋملەرنىڭ ئوقىدىن ئۆزلىرىگە تېگىپ كەتمىسۇن، مېنىڭ كۆكسۈم سىلىنىڭ كۆكسلىرىگە قالقاندۇر پەردەدۇر ۋە ئەلبەتتە ئائىشە بىنتى ئەبۇبەكرى ۋە ئۇممى سۇلەيم ئىككىسىنى ئېتەكلىرىنى تۈرگەن ھالدا

پاچەكلىرىنىڭ خەلخالىنى كۆرىمەن مۇرىسىدە تۇلۇملارنى كۆتۈرۈپ قەۋملەرنىڭ ئاغزىلىرىغا سۇ قۇيغانلىغىنى كۆردۇم، ئاندىن قايتىپ بېرىپ تۇلۇملارنى سۇغا توشقۇزۇپ كېلىپ قەۋملەرنىڭ ئاغزىغا قۇيۇدۇر ۋە ئەلبەتتە ئەبۇتەلھەنىڭ ئىككى قولىدىن ئىككى ياكى ئۈچ مەررە قىلىچ چۈشۈپ كەتتى.

## ئابدۇللاھ ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلەتلىرى توغرىسىدا

**1571** ـ سەئىد ئىبنى ئەبۇۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىمىدىكى ئېيتىدۇر: زىمىن ئۈستىدە ماڭىدىغان بىر كىشىگە، تەھقىق ئۇ ئەھلى جەننەتتىن دىگىنىنى، مەگەر ئابدۇللاھ ئىبنى سالامغا شۇنداق دىدى ۋە ئۇنىڭ ھەققىدە {وَشَهِدَ شَاهِدٌ مِنْ بَنِي اِسْرَائِيلَ} ***{بەنى ئىسرائىلدىن بىر گۇۋاھلىق ئېيتقۇچى گۇۋاھلىق ئېيتتى}*** ئايىتى نازىل بولدى.

**1572** ـ ئابدۇللاھ ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زامانىدا بىر چۈش كۆرۈپ ئۇنى ئول جانابقا قىسسە قىلدىم، گۇياكى مەن بىر باغدا دۇرمەن ئۇ باغنىڭ كەڭلىگىدىن ۋە يىشىللىغىدىن ئوتتۇرىسىدا تۆمۈر تۈرۈك ئىككى زىمىن تەكتىدە ۋە يۇقۇرىسى ئاسماندا ۋە ئۇنىڭ يۇقۇرىسىدا بىر تۇتقىسى بار دەپ زىكرى قىلدى. ئۇنىڭغا دىيىلدى ئۆرلە، ئېيتتىم: قادىر بولالمايمەن. ئاندىن ماڭا بىر خىزمەتكار كىلىپ كىيىملىرىمنى ئارقامدىن كۆتەردى، ئاندىن ئۆرلىدىم ھەتتا ئۇ باغنىڭ يۇقۇرىسىدا بولدۇم، ئاندىن تۇتقىنى تۇتدۇم، ئاندىن ماڭا دىيىلدى: چىڭ تۇت، ئاندىن ئويغاندىم، تەھقىق ئۇ تۇتقا قولۇمدادۇر. ئاندىن بۇ چۈشنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قىسسە قىلدىم. ئېيتتى: ئۇ باغ ئىسلام بىغىدۇر، ئۇ تۈرۈك ئىسلام تۈرۈكىدۇر، ئۇ تۇتقا چىڭ تۇتقىدۇر، ئاندىن سەن

ئۆلگىچە ئىسلام ئۈستىدە دۇرسەن.

## پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خەدىچەگە ئۆيلەنگەنلىگى ۋە خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پەزىلەتلىرى توغرىسىدا

1573 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدى: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خوتۇنلىرىدىن بىرىگە خەدىچەنى كۈنلىگەندەك كۈنلىمىدىم ۋە ئۇ خەدىچەنى كۆرمىدىم، لىكىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ زىكرىنى كۆپ قىلاتتى ۋە تولىمۇ قوي زەبھى قىلىپ ئۇنى پارچىلاپ خەدىچەنىڭ دوسلىرىغا ئەۋەتەتتى ۋە تولىمۇ ئۇ رەسۇلۇللاغا ئېيتار ئىدىم: گۈياكى دۇنيادا خەدىچەدىن باشقا خوتۇن يوقدەك. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئېيتار ئىدى: ئۇ خەدىچە مۇنداق ۋە مۇنداق بار ئىدى ۋە ماڭا ئۇنىڭدىن بالا بار ئىدى.

1574 ـ ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: جىبرئىل پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىغا كىلىپ ئېيتتى: يارەسۇلۇللاھ ! بۇ خەدىچە تەھقىق كەلدى ئۇنىڭ بىلەن بىر قاچا بار ئۇنىڭدا ئىدام ياكى تائام ياكى شاراب بار، پەس ۋەقتىكى ئۇ كەلسە ئۇنىڭغا پەرۋەردىگارىدىن ۋە مىنىڭدىن سالام ئۇقۇغىن ۋە ئۇنىڭغا پاراڭ ـ چۇرۇڭ يوق ۋە مۇشەققەت يوق جەننەتتە كۆۋاك گۆھىرىدىن بىر ئۆي بىلەن بىشارەت بەرگىن.

1575 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدى: خۇۋەيلىدىنىڭ ھالە دىگەن قىزى، خەدىچەنىڭ ھەمشىرىسى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىزنى سورىدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ خەدىچەنىڭ ئىزنى سورىغانىنى تۇنىدى، بۇنىڭغا چۆچىدى، ئاندىن ئېيتتى: ئى الله ! ھالەدۇر بۇ. ئېيتتى ئائىشە: ئاندىن ئېيتتىم: ئىككى جالغىيى كۆمۈك، ئىلگىرى ھالاك بولغان قۇرەيش كەمپىرلەرىدىن بىر كەمپىرنى يادا قىلامدىلا، الله تەئالا سىلىگە ئۇنىڭدىن ياخشىراغىنى

ئالماشتۇرۇپ بەردى.

## ئۇتبەنىڭ قىزى ھىندىنىڭ زىكرى توغرىسىدا

1576 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدى: ئۇتبەنىڭ قىزى ھىندى كەلدى، ئاندىن ئېيتتى: يارەسۇلۇللاھ ! زىمىن ئۈستىدە خار بولۇشقا سىنىڭ ئەھلى بەيتىڭدىن دوسراق ئەھلى بەيتدىن يوق ئىدى، ئاندىن زىمىن ئۈستىدە ماڭا ئىزىز بولۇشقا ئەھلى بەيتىڭدىن دوسراق ئەھلى بەيتكە ئۇرۇلمىدى. ئېيتتى: قەسەم ئۇنىڭ ئىلكىدىكى الله غا. ۋە ھەدىسنىڭ قالغىنى يۇقۇرىدا ئۆتتى.

## زەيد بىننى ئەمرۇ ئىبنى نۇپەلنىڭ ھەدىسى توغرىسىدا

1577 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋەھى نازىل بولۇشدىن ئىلگىرى، ئول جاناب ئەمرۇ ئىبنى نۇپەيلگە بەلدەھ دىگەن جاينىڭ تۆۋەنىدە ئۇشقاشتى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە داستىخان سېلىنىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭدىن يېيىشدىن باش تاتدى. ئاندىن زەيد ئېيتتى: تەھقىق مەن سىلەر بۇتلىرىڭلارغا زەبھى قىلغان نەرسىلىرىڭلاردىن يېمەيمەن ۋە يەنە الله نىڭ ئىسمى ئۇنىڭغا زىكرى قىلىنمىغان نەرسىنى يېمەيمەن. تەھقىق زەيد ئىبنى ئەمرۇ قۇرەيشلەرگە ئۇلارنىڭ زەبھى قىلغان نەرسىلىرىنى ئەيىپ قىلاتتى ۋە ئېيتار ئىدى: قوينى الله تەئالا ياراتتى ۋە ئۇنىڭغا ئاسماندىن سۇ چۈشۈرۈپ بەردى ۋە ئۇنىڭغا زىمىندىن ئوت ئۈندۈرۈپ بەردى، ئاندىن ئۇنى سىلەر الله نىڭ ئىسمىنىڭ غەيرى بىلەن زەبھى قىلىسىلەر، بۇنىڭغا ئىنكار قىلغانلىقىدىن ۋە ئۇنى چوڭ گۇناھ بىلگەنلىكىدىن شۇنداق دەيتى.

## جاھىلىيەت كۈنلەرنىڭ بابى توغرىسىدا

1578 ـ ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئاگاھ بۇلۇڭلار كىمكى قەسەم قىلماقچى بولسا پەس قەسەم قىلمىسۇن، مەگەر الله بىلەن قەسەم قىلسۇن، پەس قۇرەيشلەر ئاتىلىرى بىلەن قەسەم قىلاتتى. ئاندىن ئېيتتى: ئاتاڭلار بىلەن قەسەم قىلماڭلار.

1579 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: شائىر ئېيتقان سۆزنىڭ سادىقراغى لەبىدنىڭ سۆزىدۇر:

ئاگاھ بولكى الله دىن باشقا ھەرنەرسە باتىلدۇر،

ئۇمەييە ئىبنى ئەبى سۇلتى مۇسۇلمان بولغىلى يېقىن قالدى.

**پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پەيغەمبەرلىك بىرىلىشى توغرىسىدا**

1580 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قىرىق ياشلىرىدا ۋەھى نازىل بولدى، مەككىدە ئون ئۈچ ژىل تۇردى، ئاندىن ھىجرەت قىلىشقا ئەمرى قىلىندى، ئاندىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى، ئۇ يەردە ئون ژىل تۇردى، ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات قىلىندى.

**پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ساھابىلىرى مەككىدە مۇشرىكلاردىن يۇلۇققان نەرسە توغرىسىدا**

1581 ـ ئىبنى ئەمرۇ ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق ئۇنىڭدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مۇشرىكلار قىلغان ئازارنىڭ قاتتىقراغىدىن سورالدى. ئىبنى ئەمرۇ ئاس ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەبىنىڭ ھىجرىدە ناماز ئۇقۇۋاتار ئىدى، ئۇقبە ئىبنى ئەبى مۇئەيتى كىلىپ كىيىمىنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەمنىڭ گېلىغا قويۇپ ئۇنى قاتتىق سىقتى، ئاندىن ئەبۇبەكرى كېلىپ ئۇنىڭ ئىككى مۈرىسىنى تۇتۇپ ئۇنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئىتتىردى ۋە ئېيتتى: {ۋتقتلون رَجُلاً وَنْ يَقُولَ رَبِّي اللَّهُ} مەنىسى {*رەببىم الله دەيدىغان كىشىنى ئۆلتۈرەمسىلەر*} (سۈرە غاپىر 28 ـ ئايەت).

## جىننىڭ زىكرى توغرىسىدا

**1582** ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق ئۇنىڭدىن سورالدى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە جىن كېچىسى ئۇلارنىڭ قۇرئانغا سامى بولغانلىقلىرىنى كىم ئېلان قىلدى؟ پەس ئىبنى مەسئۇد ئېيتتى: ئۇلارنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دەرەخ ئېلان قىلدى.

**1583** ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن تەھارەت ئۈچۈن ۋە ھاجىتى ئۈچۈن بىر قاچا كۆتۈرەتتى. ھەدىس يۇقۇرىدا ئۆتتى.

**1584** ـ ۋە بۇ رىۋايەتتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۆۋەنكى قەۋلىنى زىيادە قىلدى، تەھقىق ماڭا نەسىبىننىڭ جىنلىرى كەلدى ۋە نە ياخشى جىنلەر ئۇ، مەندىن ئۇزۇق سورىدىلەر، ئاندىن ئۇلار ئۈچۈن الله تەئالاغا دۇئا قىلدىم، ئۇلار ئۇستىخانغا ۋە تېزەككە ئۆتمەيدۇر، مەگەر ئۇنىڭ ئۇستىدە تائام تاپىدۇرلەر.

## ھەبەشكە ھىجرەت قىلىش توغرىسىدا

**1585** ـ ئۇممى خالىد بىنتى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندى ئېيتتى: مەن كىچىك قىزچاق ۋاقتىمدا ھەبەشىستاندىن قەدەم كەلتۈردۇم، ئاندىن ماڭا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم چۈچۈلۈق كىيىمنى كەيدۈردى ۋە ئۇنى مۇبارەك قوللىرى بىلەن سىلاپ چىرايلىق چىرايلىق دېدى.

## ئەبۇتالىپنىڭ قىسسىسى توغرىسىدا

1586 ـ ئاباس ئىبنى ئابدۇل مۇتەللىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئېيتتى: تاغىلىرىدىن نىمنى بىھاجەت قىلدىڭلا، پەس تەھقىق ئۇ تاغىلىرى سىلىنى قوغدايتتى ۋە سىلە ئۈچۈن غەزەب قىلاتتى؟ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئۇ تاغام ئوتتىن ئۇشۇققىچە سۇ ئىچىدەدۇر. ئەگەر مەن بولمىسام دوزاخنىڭ تۆۋەنكى پەلەمپىيىدە بولاتتى.

1587 ـ ئەبۇسەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدى ۋە ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا تاغىسى زىكرى قىلىنغان ئىدى. ئاندىن ئېيتتى: ئۇمىدكى ئۇنىڭغا شاپائىتىم قىيامەت كۈنى مەنپەئەت قىلىدۇر ۋە ئۇنى ئوتنىڭ ئاز سۇدا قىلىندۇكى ئىككى ئۇشۇقىغا يېتىدۇر، ئۇنىڭدىن دىماغى قايناپدۇر.

## ئىسرا (يەنى بەيتۇل مۇقەددەسكە سەيرى) قىلغانلىق توغرىسىدا

1588 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىكى ئېيتىدۇر: قۇرەيشلەر ماڭا ئىنكار قىلغاندا كەبىنىڭ مىزابىدا تۇردۇم، ئاندىن اللە تەئالا ماڭا بەيتۇل مۇقەددەسنى ئاشكارا كۆرسەتتى ۋە مەن بەيتۇل مۇقەددەسكە قاراپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ئايەت (ئالامەتلىرىدىن) ئۇلارغا خەۋەر قىلدىم.

## مىراج توغرىسىدا

1589 ـ مالىك ئىبنى سەئسەئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلەرگە ئۇل جانابنى مىراجغا ئېلىپ چىققان كېچىدىن ھەدىس قىلدى ۋە ئېيتتى: ئۇل ئارادىكى مەن كەبىنىڭ ھەتىمدە ئىدىم ۋە بىسار ئېيتتى: ھىجرىدە يېنىچە ياتاتتىم بىناگاھ بىر كەلگۈچى كەلدى، ئاندىن كۆكسىمنى ياردى. ئېيتتى راۋى: پەيغەمبەردىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇر: ئاندىن مۇشۇنىڭ ئوتتۇرسىنى مۇشۇنىڭغىچە ياردى. رىۋايەت قىلغۇچى ئېيتتى: كۆكسىنىڭ ئويمانچۇغىدىن كىندىك ئاستى مويىغىچە ياردى، ئاندىن ژۈرۈگۈمنى چىقاردى، ئاندىن ئىمان توشتۇرۇلغان ئالتۇن تاشتەكنى كەلتۈرۈلدۇم، ئاندىن يۈرۈگۈم يۇيۇلدى، ئاندىن دىلىمنى مۇھەببەتدىن توشتۇرۇلدى، ئاندىن يۈرۈگۈمنى جايىغا قايتۇرۇلدى، ئاندىن قېچىردىن پاكار ئېشەكتىن ئىگىز بىر ئاق ئۇلاقنى كەلتۈرۈلدى. ئېيتتى: ئۇلاق بۇراقدۇركى قەدىمنى كۆزى يەتكەن يەرنىڭ غايىتىگە قويىدۇر، ئاندىن ئۇ بۇراققا مىندۈرۈلدۇم، ئاندىن جىبرئىل مىنى يۈردۈردى، ھەتتا بىرىنچى قات ئاسمانغا كەلدى، ئاندىن ئىشكنى ئېچىشنى تەلەپ قىلدى، ئاندىن دېيىلدى كىم بۇ؟ ئېيتتى: جىبرئىل، دېيىلدى: سەن بىلەن كىم بار؟ ئېيتتى: مۇھەممەد بار. دېيىلدى: تەھقىق ئۇنى مىراجغا ئەۋەتىلدىمۇ؟ ئېيتتى: ھەئە. دېيىلدى: ئۇنىڭغا مۇبارەك، پەس نە ياخشى كىلىشنى كەلدى. ئاندىن ئىشكنى ئاچتى. پەس ئۇل ۋەقتىكى ئۇ يەرگە يەتتىم، ئاندىن ئۇ ئاسماندا ئادەم باردۇر. ئاندىن ئېيتتى: بۇ سىنىڭ ئاتاڭ ئادەمدۇر، ئاندىن ئۇنىڭغا سالام قىلغىن، ئاندىن ئۇنىڭغا سالام قىلدىم، ئاندىن ماڭا سالام قايتۇردى، ئاندىن ئادەم ئېيتتى: ياخشى ئوغۇل ۋە ياخشى پەيغەمبەرگە مۇبارەك بولسۇن. ئاندىن جىبرئىل مىنى يۇقۇرى ئۆرلەتتى، ھەتتا ئىككىنچى قات ئاسمانغا كەلدى، ئاندىن ئىشكنى ئېچىشنى تەلەپ قىلدى. دېيىلدى كىم بۇ؟ ئېيتتى: جىبرئىل، دېيىلدى: سەن بىلەن كىم بار؟ ئېيتتى: مۇھەممەد بار، دېيىلدى: تەھقىق ئۇنى مىراجغا ئەۋەتىلدىمۇ؟ ئېيتتى: ھەئە، دېيىلدى: ئۇنىڭغا مۇبارەك

بولسۇن نى ياخشى كىلشنى كەلدى، ئاندىن ئاچتى، ئاندىن ئىككىنچى ئاسمانغا يىتۋىدىم، بىناگاھ يەھيا ۋە ئىسادۇر، ئىككىسى ئاچا ـ سىڭلىنىڭ ئوغۇللىرىدۇر (ئانا تەرەپ كىچىك ئاناالەرنىڭ ئوغۇللىرىدۇر). ئىيتتى جىبرىئىل: بۇ يەھيا ۋە ئىسادۇر بۇ ئىككىسىگە سالام قىل، ئاندىن سالام قىلدىم، ئاندىن ئىككىسى سالام قايتۇردى ۋە ئىيتتىلەر: ياخشى بۇرادەرگە ۋە ياخشى پەيغەمبەرگە بۇبارەك بولسۇن. ئاندىن جىبرىئىل ئۈچۈنچى قات ئاسمانغا ئۆرلەتتى، ئاندىن ئىشىكنى ئىچىشنى تەلەپ قىلدى، دىيىلدى: كىم بۇ؟ ئىيتتى: جىبرىئىل، سەن بىلەن كىم بار؟ ئىيتتى: مۇھەممەد، دىيىلدى: تەھقىق ئۇنى مىراجغا ئەۋەتىلدىمۇ؟ ئىيتتى: ھەئە، دىيىلدى: ئۇنىڭغا مۇبارەك بولسۇن نى ياخشى كىلشنى كەلدى. ئاندىن ئۇ ئاسمانغا يىتۋىدىم بىناگاھ يۈسۈپ باردۇر. جىبرىئىل ئىيتتى: بۇ يۈسۈپدۇر ئۇنىڭغا سالام قىل، ئاندىن ئۇنىڭغا سالام قىلدىم، ئاندىن سالام قايتۇردى، ئاندىن ئىيتتى: ياخشى بۇرادەرگە ۋە ياخشى پەيغەمبەرگە مۇبارەك بولسۇن. ئاندىن جىبرىئىل مىنى ئۆرلەتتى، ھەتتا تۆتىنچى ئاسمانغا كەلدى، ئاندىن ئىشكنى ئىچىشنى تەلەپ قىلدى، دىيىلدى: كىم بۇ؟ ئىيتتى: جىبرىئىل، دىيىلدى: سەن بىلەن كىم بار؟ ئىيتتى: مۇھەممەد، دىيىلدى: ئۇنى مىراجغا ئەۋەتىلدىمۇ؟ ئىيتتى: ھەئە، دىيىلدى: ئۇنىڭغا مۇبارەك بولسۇن، نى ياخشى كىلشنى كەلدى، ئاندىن ئىشىك ئىچىلدى. ئاندىن ئۇ يەرگە يەتسەم بىناگاھ ئىدرىس باردۇر. ئىيتتى جىبرىئىل: بۇ ئىدرىسدۇر ئۇنىڭغا سالام قىل، ئاندىن ئۇنىڭغا سالام قىلدىم، ئاندىن سالام قايتۇردى، ئاندىن ئىيتتى: ياخشى بۇرادەرگە ۋە ياخشى پەيغەمبەرگە مۇبارەك بولسۇن. ئاندىن جىبرىئىل مىنى ئۆرلەتتى، ھەتتا بەشىنچى ئاسمانغا كەلدى، ئاندىن ئىشكنى ئىچىشنى تەلەپ قىلدى، دىيىلدى: كىم بۇ؟ ئىيتتى: جىبرىئىل، دىيىلدى: سەن بىلەن كىم بار؟ ئىيتتى: مۇھەممەد، دىيىلدى: ئۇنى مىراجغا ئەۋەتىلدىمۇ؟

ئېيتتى: ھەئە، دېيلدى: ئۇنىڭغا مۇبارەك بولسۇن، نى ياخشى كىلىشنى كەلدى، ئاندىن ئۇ يەرگە يىتىۋىدىم، بىناگاھ ھارۇن باردۇر. جىبرىئىل ئېيتتى: بۇ ھارۇندۇر ئۇنىڭغا سالام قىل، ئاندىن ئۇنىڭغا سالام قىلدىم، ئاندىن سالام قايتۇردى. ئاندىن ئېيتتى: ياخشى بۇرادەر ۋە ياخشى پەيغەمبەرگە مۇبارەك بولسۇن. ئاندىن جىبرىئىل مىنى ئۆرلەتتى، ھەتتا ئالتىنچى ئاسمانغا كەلدى، ئاندىن ئىشىكنى ئېچىشنى تەلەپ قىلدى، دېيلدى: كىم بۇ؟ ئېيتتى: جىبرىئىل، دېيلدى: سەن بىلەن كىم بار؟ ئېيتتى: مۇھەممەد، دېيلدى: تەھقىق ئۇنى مىراجغا ئەۋەتىلدىمۇ؟ ئېيتتى: ھەئە، دېيلدى ئۇنىڭغا مۇبارەك بولسۇن نى ياخشى كىلىشنى كەلدى. ئاندىن ئۇيەرگە يىتىۋىدىم، پەس بىناگاھ موسا باردۇر. ئېيتتى جىبرىئىل: بۇ موسادۇر ئۇنىڭغا سالام قىل، ئاندىن ئۇنىڭغا سالام قىلدىم، ئاندىن سالام قايتۇردى، ئاندىن ئېيتتى: ياخشى بۇرادەرگە ۋە ياخشى پەيغەمبەرگە مۇبارەك بولسۇن. ئاندىن بۇيەردىن ئۆتۈپ ئىدىم موسا يىغلىدى، ئۇنىڭغا دېيلدى: سىنى نىمە يىغلىتىدۇر؟ ئېيتتى موسا: يىغلايمەن چۈنكى مەندىن كىيىن پەيغەمبەرلىك بىرىلگەن غولامنىڭ ئۈممىتىدىن جەننەتكە كىرىدىغان كىشىلەر، مىنىڭ ئۈممىتىمدىن جەننەتكە كىرىدىغان كىشىلەردىن كۆپراقدۇر. ئاندىن جىبرىئىل مىنى يەتتىنچى قات ئاسمانغا ئۆرلەتتى، ئاندىن جىبرىئىل ئىشىكنى ئېچىشنى تەلەپ قىلدى، دېيلدى: كىم بۇ؟ ئېيتتى: جىبرىئىل، دېيلدى: سەن بىلەن كىم بار؟ ئېيتتى: مۇھەممەد بار، دېيلدى: تەھقىق ئۇنى مىراجغا ئەۋەتىلدىمۇ؟ ئېيتتى: ھەئە، دېيلدى: ئۇنىڭغا مۇبارەك بولسۇن نى ياخشى كىلىشنى كەلدى. پەس ئۇل ۋاقتىكى بۇيەرگە يەتتىم، پەس بىناگاھ ئىبراھىم باردۇر، ئېيتتى جىبرىئىل بۇ سىنىڭ ئاتاڭ ئىبراھىمدۇر، ئۇنىڭغا سالام قىل، ئاندىن ئۇنىڭغا سالام قىلدىم، ئاندىن ئۇ سالام قايتۇردى، ئاندىن ئېيتتى: ياخشى ئوغۇل ۋە ياخشى پەيغەمبەرگە مۇبارەك بولسۇن.

ئاندىن سىدرەتۇل مۇنتەھاغا كۆتۈرۈلدۈم، پەس بىناگاھ ئۇ سىدرە دەرىخىنىڭ مېۋەسى ھەجەرنىڭ كوزالىرىغا ئوخشاشدۇر (ھەجەر كوزا قۇيىدىغان يەر)، ئۇنىڭ ياپرىغى پىلنىڭ قۇلاقلىرىغا ئوخشاشدۇر. ئېيتتى جىبرىئىل: بۇ سىدرەتۇل مۇنتەھادۇر ۋە بىناگاھ تۆت دەريا باردۇر، تاشقى ئىككى دەريا ۋە ئىچكى ئىككى دەريا. ئاندىن ئېيتتىم: ئى جىبرىئىل بۇ نىمەدۇر؟ ئېيتتى جىبرىئىل: ئەمما ئىچكى ئىككى دەريا، جەننەتدىكى ئىككى دەريادۇر ۋە ئەمما تاشقى ئىككى دەريا نىل ۋە پۇرات دەرياسىدۇر. ئاندىن ماڭا بەيتۇل مەمۇر كۆتۈرۈلدى، ئاندىن ئۇنىڭغا ھەر كۈنى يەتمىش مىڭ پەرىشتە كىرىدىكەن. ئاندىن شارابتىن بىر قاچا ۋە سۈتتىن بىر قاچا ۋە ھەسەلدىن بىر قاچا كەلتۈرۈلدۈم، ئاندىن سۈتنى ئالدىم، ئاندىن جىبرىئىل ئېيتتى: بۇ سىز ۋە ئۈممۈتىڭىز ئۇنىڭ ئۈستىدە بولغان ئىسلام دىنىدۇر. ئاندىن ماڭا ھەر كۈنى ئەللىك ناماز پەرىز قىلىندى، ئاندىن قايتتىم، ئاندىن موساغا ئۆتتۈم، ئاندىن موسا ئېيتتى: نىمگە ئەمىر قىلىندىڭ؟ ئېيتتىم: ھەر كۈنى ئەللىك نامازغا ئەمىر قىلىندىم، ئېيتتى موسا: تەھقىق ئۈممىتىڭ ھەركۈنى ئەللىك نامازغا قادىر بولالمايدۇر، تەھقىق ۋەللاھۇكى مەن سەندىن ئىلگىرى خالايىقنى تەجرىبە قىلدىم ۋە بەنى ئىسرائىلنى قاتتىق ئىلاج قىلدىم (قاتتىق ئېتىشدىم)، ئاندىن پەرۋەردىگارىڭغا قايتقىن ۋە پەرۋەردىگارىڭدىن ئۈممىتىڭگە يەڭگىل قىلىشنى سورىغىن. ئاندىن قايتتىم، مەندىن ئون نامازنى ئازلاتتى، ئاندىن موساغا قايتتىم، ئاندىن موسا ئالدىڭقىغا ئوخشاش دىدى. ئاندىن دەرگاھى ھەققە قايتتىم، مەندىن ئون نامازنى ئازلاتتى. ئاندىن موساغا قايتتىم، ئاندىن موسا ئالدىڭقىغا ئوخشاش دىدى. ئاندىن دەرگاھى ھەققە قايتتىم، پەس مەندىن ئون نامازنى ئازلاتتى. ئاندىن موساغا قايتتىم، موسا ئالدىڭقىغا ئوخشاش دىدى، ئاندىن دەرگاھى ھەققە قايتتىم، مەندىن ئون نامازنى ئازلاتتى، ئاندىن ھەركۈنى ئون نامازغا ئەمىر قىلىندىم. ئاندىن

موساغا قايتتىم، ئاندىن موسا ئالدىنقىدەك دېدى. ئاندىن ھەركۈنى بەش ناماز ئوقۇشقا ئەمر قىلىندىم. ئاندىن موساغا قايتتىم، ئاندىن ئېيتتى: نىمگە ئەمر قىلىندىڭ؟ ئېيتتىم: ھەركۈندە بەش نامازغا ئەمر قىلىندىم. ئېيتتى موسا: تەھقىق سىنىڭ ئۈممۈتىڭ ھەركۈندە بەش نامازغا قادىر بولالمايدۇر، تەھقىق مەن خالايىقنى تەجرىبە قىلدىم ۋە بەنى ئىسرائىلغا قاتتىق ئىلاجى قىلدىم (قاتتىق ئېتىشدىم ۋە تۇتۇشتۇم)، ئاندىن پەرۋەردىگارىڭغا قايتقىن، ئاندىن پەرۋەردىگارىڭدىن ئۈممۈتىڭگە يەڭگىللىكنى سورىغىن، ئاندىن ئېيتتىم: پەرۋەردىگارىمدىن سورۇدۇم ھەتتاكى ھايا قىلدىم ۋە لىكىن مەن رازى بولىمەن ۋە تەسلىم بولىمەن. پەس ئول ۋاقتىكى ئۆتۈپ ئىدىم، مىنى نىدا قىلغۇچى نىدا قىلدى: پەرزىمنى مەھكەم پۇختا توختاتتىم ۋە بەندەلىرىمدىن يەڭگىل قىلدىم. تەھقىق مىراج ھەدىسى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ كىتابۇس سەلاتنىڭ ئەۋۋەلىدە ئۆتتى ۋە ئۇيىككىسىدىن ھەربىرىدە يەنە بىرىدە يوق نەرسە باردۇر.

1590 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: الله تەئالانىڭ {وَمَا جَعَلْنَا الرُّؤْيَا الَّتِي أَرَيْنَاكَ وِلاَّ فِتْنَةً لِلنَّاسِ وَالشَّجَرَةَ الْمَلْعُونَةَ فِي الْقُرْآنِ} مەنىسى ***{بىز ساڭا (مىراج كېچىسى ئاسمان ـ زېمىندىكى ئاجايىپلاردىن) كۆرسەتكەن كۆرۈنۈشنى، قۇرئاندىكى لەنەت قىلىنغان دەرەخنى (يەنى قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان زەققۇم دەرىخىنى) پەقەت كىشىلەر ئۈچۈن سىناق قىلدۇق}*** (سۈرە ئىسرا 60 ـ ئايەت)، قەۋلىدە ئىبنى ئابباس ئېيتتى: ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى بەيتۇل مۇقەددەسكە سەيرى قىلدۇرۇلغان كېچىدە ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن كۆرۈنۈشدۇر ۋە مەلئۇن دەرىخى زەققۇم دەرىخىدۇر.

**پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئائىشەنى نىكاھىغا ئالغانلىغى ۋە ئۇنىڭ مەدىنىگە كەلگەنلىگى ۋە جانابى ھەزرەتنىڭ ئۇ ئائىشەنى مەدىنىدە كۆچۈرگەنلىگى توغرىسىدا**

**1591** ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدى: مەن ئالتە ياش ۋاقتىمدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنى نىكاھىغا ئالغان ئىدى. ئاندىن مەدىنىگە كەلدۇق، ئاندىن بەنى ھارىس بىننى خەزرەجگە چۈشتۇق، ئاندىن قىزىتما بولدۇم (تەپ بولدۇم)، ئاندىن چاچلىرىم چۈشۈپ كەتتى، ئاندىن كىچىككىنە ماڭلەي چېچىم تولۇق كۆپ ئۆستى، ئاندىن ماڭا ئانام ئۇممى رومان كەلدى ۋە ھالئۇلكى مەن قىز دوسلىرىم بىلەن سەكۈنچەك ئىلانگۇچدا دۇرمەن، ئانام مىنى چاقىردى، ئۇنىڭ قېشىغا كەلدىم، ماڭا نىمىنى ئىرادە قىلىدىغانلىغىنى بىلمەيمەن، ئاندىن قولۇمنى تۇتۇپ ھوپلىنىڭ ئىشىگىدە تۇرغۇزدى ۋە ھالئۇلكى مەن ھۆمۈردەيمەن ھەتتا بەزىدە نەپسىم توختىدى، ئاندىن ئانام ئازراق سۇ ئېلىپ كىلىپ يۈزۈمگە ۋە بېشىمغا سۈردى، ئاندىن مىنى ھويلىغا ئېلىپ كىردى، ئۆيدە ئەنسارىلاردىن خوتۇنلار بار ئىكەن، ئۇلار خەيرى ۋە بەركەت ۋە ياخشى نەسىبىگە كەلدى دييىشدى، ئاندىن ئانام مىنى ئۇ خوتۇنلارغا تاپشۇردى، ئاندىن ئۇلار ئىشلىرىمنى ياخشى ئىسلاھ قىلدى. پەس بىناگاھ تۇيۇقسىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چاش ۋاقتىدا كىردى، ئاندىن مىنى ئۇل جانابقا تاپشۇردى، مەن شۇكۈنلەردە توققۇز ياش ئىدىم.

**1592** ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا سىزنى چۈشۈمدە ئىككى مەررە كۆرسۈتۈلدۇم، تەھقىق سىزنى بىر پارچە يىپەك رەخ ئىچىدە كۆرىمەن ۋە بۇ سىزنىڭ خوتۇنىڭىز دىيىلدى، ئاندىن يىپەكنى ئېچىپ باقىمەن ئۇ سىز ئىكەنسىز، ئاندىن ئېيتىمەن ئەگەر بۇ الله دىن بولسا چۇقۇم ئىجرا قىلىنىدۇر.

**پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ساھابىلىرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملەرنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشى توغرىسىدا**

**1593 ـ** ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندى: ئەقلىمگە كەلمىدىم ھەرگىز، مەگەر ئەقلىمگە كەلسەملا ئاتا ـ ئانام ئىسلام دىنى بىلەن دىندار ئىكەن ۋە بىزلەرگە بىركۈنمۇ ئۆتمەيدۇر، مەگەر ئۇكۈندە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرپىدە ـ ئەتىگەندە ۋە كەچدە بىزگە كېلىدۇر، ئاندىن مۇسۇلمانلار ھەرخىل ئازارغا گىرىپتار بولىۋىدى، ئەبۇبەكرى ھەبەش زېمىنى تەرەپكە ھىجرەت قىلىپ چىقدى، ھەتتا بەركەلغىمار (جاي ئىسمى) دىگەن يەرگە يەتكەندە ئىبنى دەغنە ئۇنىڭغا ئۇچراشتى، ئۇ قارە قەبىلىسىنىڭ خوجىسىدۇر، ئاندىن ئېيتتى: ئى ئەبۇبەكرى! قايەرنى ئىرادە قىلىسەن؟ ئاندىن ئەبۇبەكرى ئېيتتى: مېنى قەۋمىم چىقىرىۋاتتى، ئاندىن زېمىندا ساياھەت قىلىشنى ۋە پەرۋەردىگارىمغا ئىبادەت قىلىشنى ئىرادە قىلىمەن. ئاندىن ئىبنى دەغنە ئېيتتى: ساڭا ئوخشاش كىشى چىقمايدۇر ۋە چىقىرىلمايدۇر، چۈنكى سەن يوقسۇل كىشىگە كەسىپ قىلىپ بېرىسەن، سىلە رەھىم قىلىسەن، يۈكنى كۆتۈرىسەن، مېھماننى كۈتىسەن ۋە ھەقنىڭ ھادىسلىرىگە ياردەم قىلىسەن، ئاندىن مەن ساڭا ئامانلىق بەرگۈچى بولىمەن، قايىتقىن ۋە شەھرىڭدە پەرۋەردىگارىڭغا ئىبادەت قىل. ئاندىن ئەبۇبەكرى قايىتتى ۋە ئىبنى دەغنەمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياندى. ئاندىن بىر كەچ تەرەپتە ئىبنى دەغنە قۇرەيىش كاتتىللىرى ئارىسىدا ئايلاندى، ئاندىن ئۇلارغا ئېيتتى: تەھقىق ئەبۇبەكرىنىڭ ئوخشىشى چىقىپ كەتمەيدۇر ۋە چىقىرىلىۋەتمەيدۇر، يوقسىل كىشىگە كەسىپ قىلىپ بېرىدىغان، سىلە رەھىم قىلىدىغان، يۇرتىنىڭ ئېغىر يۈكىنى كۆتۈرۈدىغان، مېھماننى كۈتىدىغان ۋە ھەقنىڭ ھادىسلىرىگە ياردەم قىلىدىغان كىشىنى يۇرتىدىن چىقىرىۋاتامسىلەر؟ ئاندىن قۇرەيىشلەر ئىبنى دەغنەنىڭ ئەبۇبەكرىگە ئامانلىق بېرىشىنى ئىنكار قىلمىدى ۋە ئۇلار ئىبنى دەغنەگە ئېيتتى: ئەبۇبەكرىگە ئەمىر قىل پەرۋەردىگارىغا ئۆز ھويلىسىدا ئىبادەت قىلسۇن، ئۇيەدە ناماز ئۇقۇسۇن، خالىغان نەرسىنى ئۇقۇسۇن

ۋە بۇ ئۇقۇش بىلەن بىزلەرگە ئازار بەرمىسۇن ۋە ئاۋازىنى يۇقۇرى كۆتۈرۈپ ئۇقۇمۇسۇن، تەھقىق بىز ئۇنىڭ خوتۇنلىرىمىزنى ۋە ئوغۇللىرىمىزنى پىتنە قىلىشىدىن قورقىمىز. ئاندىن بۇنى ئىبنى دەغنە ئەبۇبەكرىگە دىدى، ئاندىن ئەبۇبەكرى پەرۋەردىگارىغا ھويلىسىدا ئىبادەت قىلىپ ۋە ناماز بىلەن ئاۋازىنى كۆتەرمەي، ھويلىسىدىن باشقا يەردە قىرائەت قىلماي شۇنىڭدا تۇردى. ئاندىن ئەبۇبەكرىگە بىر رائىيى زاھىر بولدى، ئاندىن ھويلىنىڭ بىكار مەيدانىغا بىر مەسجىد سالدى ۋە ئۇنىڭدا ناماز ئۇقۇيدىغان ۋە قۇرئان ئۇقۇيدىغان بولدى. ئاندىن بۇنىڭغا مۇشرىكلارنىڭ خوتۇنلىرى ۋە باللىرى ھەيران قىلىشىپ ۋە قارىشىپ قىتىشىپ دوم كۆمۈرۈلۈپ يىقىلىشتىلەر. ئەبۇبەكرى بەك يىغلىغۇچى ئىدى، قۇرئان ئۇقۇسا ئىككى كۆزىگە ئىگە بولالمايتى. بۇئەھۋال قۇرەيش مۇشرىكلىرىنى چۆچۈتۈپ ئەندىشىگە سالدى. ئاندىن ئىبنى دەغنەگە ئەلچى ئەۋەتتى، ئۇمۇ ئۇلار قىشىغا كەلدى. ئاندىن قۇرەيشلەر ئىيتتى: سىنىڭ ئەبۇبەكرىگە ئامانلىق بىرىشىڭ بىلەن بىز ئۇنىڭغا ھويلىسىدا پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىش شەرتى بىلەن ئامانلىق بەرگەن ئىدۇق، پەس ئەلھال بۇ ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ تاجاۋۇز قىلىپ ھويلىسىغا مەسجىد سالدى، ئاندىن ئۇ مەسجىدتە نامازىنى ۋە قىرائەتىنى يۇقۇرى ئاۋاز بىلەن ئۇقۇدى، تەھقىق خوتۇنلىرىمىزنى ۋە باللىرىمىزنى مەپتۇن قىلىپ ئازدۇرۇشىدىن قورقىمىز، ئاندىن ئۇنى بۇنىڭدىن چەكلىگىن، پەس ئەگەر ئۇز ھولىسىدا پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قيلىشقا قىسقارتسا قىلسۇن ۋە ئەگەر ئاۋازلىق ئۇقۇشىدىن باشقىسىغا ئۇنۇمىسا، ئۇنىڭدىن ساڭا ئامانلىغىڭنى ياندۇرۇپ قايتۇرۇپ بىرىشنى سورىغىن، پەس تەھقىق بىز ساڭا قىلغان ۋەدىمىزنى بۇزۇشنى ناخۇش كەرىھ كۆردۇق ۋە بىز ئەبۇبەكرىنىڭ ئاۋاز كۆتۈرۈپ ئۇقۇشىغا ئىقرار قىلغۇچى ئەمەسمىز. ئىيتتى ئائىشە: ئاندىن ئىبنى دەغنە ئەبۇبەكرى ھوزۇرىغا كەلدى، ئاندىن ئىيتتى: مەن سىنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەقدە قىلغان

نەرسنى بىلدىڭ، ياكى شۇنىڭغا ئىشىنى قىسقارتقىن ياكى ماڭا ئامانلىق ئەھدەمنى قايتۇرغىن، پەس تەھقىق مەن بىر كىشىگە ئامانلىق ئەھدە قىلىپ بۇزۇۋاتقانلىقىمنى ئەرەبلەرنىڭ ئاڭلىشىنى دوس تۇتمايمەن. ئاندىن ئەبۇبەكرى ئېيتتى: تەھقىق مەن سىنىڭ پانا ـ ئامانلىق بەرگىنىڭنى ساڭا قايتۇرۇپ بېرىمەن ۋە الله ئەززە ۋەجەللىنىڭ ئامانىغا رازى بولىمەن. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇكۈنلەردە مەككىدە ئىدى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: مەن سىلەرنىڭ ھىجرەت قىلىدىغان ئىككى ساي ئېقىن ئارلىغىدىكى خورمازارلىق جايىڭلارنى كۆرسۇتۇلدۇم. ئاندىن ھىجرەت قىلغان كىشى مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى ۋە ھەبەششىستانغا ھىجرەت قىلغانلارنىڭ ھەممىسى مەدىنىگە قايتىپ كەلدى ۋە ئەبۇبەكرى مەدىنە تەرەپكە تەييارلىق قىلدى. ئاندىن ئۇنىڭغا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئالدىرمايتۇر، ئاندىن ماڭا ھىجرەتكە ئىزنى بېرىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن دېدى. ئاندىن ئەبۇبەكرى ئېيتتى: ئاتا ـ ئانام ئۇزلىرىگە پىدا بولسۇن ئۆزلىرىمۇ شۇنى ئۈمىد قىلامدىلا؟ ئۇل جاناب ئېيتتى: ھەئە. ئاندىن ئەبۇبەكرى ئۇل جانابقا ھەم ـ سۆھبەت بۇلۇش ئۈچۈن ئۆزىنى توختۇتۇپ تۇردى ۋە ئۆزىدە بار ئىككى ئۇلاقنى سەمۇر دەرىخىنىڭ يوپۇرمىغى بىلەن تۆت ئاي ھىلەپ بىرىپ باقتى. ئېيتتى ئائىشە: بىر كۈنى جىك چۈشدە ئەبۇبەكرىنىڭ ئۈيىدە ئولتۇراتتۇق، ئاندىن بىر ئېيتقۇچى ئەبۇبەكرىگە ئېيتتى: ئاۋۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدۇر بېشىنى ياپقان ھالىتىدە، ئۇ سائەتتە كەلمەيدىغان بىر سائەتدە كەلدى. ئاندىن ئەبۇبەكرى ئېيتتى: ئۇنىڭغا ئاتا ـ ئانام پىدا بولسۇن، قەسەم الله غىكى ئۇنى مۇشۇ سائەتتە مۇھىم ئىشىدىن باشقا نەرسە كەلتۈرمىدى. ئېيتتى ئائىشە: ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىلىپ ئىزنى سورىدى، ئۇنىڭغا ئىزنى بېرىلدى، ئاندىن كىردى، ئاندىن ئۇل جاناب ئەبۇبەكرىگە ھۇزۇرىڭدىكى كىشىلەرنى چىقىرىۋات

دىدى. ئاندىن ئەبۇبەكرى ئېيتتى: تەھقىق ئۇلار سىلىنىڭ ئەھلىلىرى ئەمەسمۇ ئاتا ـ ئانام ئۆزلىرىگە پىدا بوسۇن يارەسۇلۇللاھ؟ ئېيتتى ئۇل جاناب پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەئە. ئېيتتى ئەبۇبەكرى: ئاتا ـ ئانام ئۆزلىرىگە پىدا بولسۇن يارەسۇلۇللاھ ! بۇئىككى ئۇلاقنىڭ بىرىنى ئالسىلا. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: پۇلغا ئالىمەن. ئېيتتى ئائىشە: ئۇئىككىسىگە سەپەر تەييارلىغىنىڭ ئىتتىكراقىنى تەييارلىق قىلدۇق، ئۇئىككىسىگە بىر خالتىغا ئۇزۇق ـ تۈلۈكنى سالدۇق، ئاندىن ئەبۇبەكرىنىڭ قىزى ئەسما ئۆزىنىڭ پەشدامىدىن بىر پارچە كىسىپ ئۇنىڭ بىلەن خالتىنىڭ ئاغزىنى بوغدى، شۇنىڭ بىلەن ئەسمانى «ئىككى پەشدام ئىگىسى» دەپ ئاتالدى. ئېيتتى ئائىشە: ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ئەبۇبەكرى جەبەلى سەۋرىدىكى غارغا قوشۇلۇپ كىرىپ كەتتى، ئۇيەردە ئۈچ كىچە مۇكۇندى، ئىككىسىنىڭ قىشىدا ئەبۇبەكرىنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ قونىدۇر، ئۇ زىرەك سەزگۈر ياش ئوغۇلدۇر، ئۇئىككىسىنىڭ قىشىدىن تاڭ سەھەردە چىقىپ قۇرەيشلەر بىلەن مەككىدە بىللە قونغان كىشىدەك تاڭ ئاتتۇردۇ، ئاندىن ئۇئىككىسىگە قىلىنىدىغان ھىلە مىكرىنى ئاڭلىمايدۇر، مەگەرلا ئۇنى ئىسىدە تۇتۇپ ئۇئىككىسىگە قاراڭغۇ چۈشكەندە ئۇ ھىلە مىكرىنىڭ خەۋرىنى يەتكۈزىدۇر ۋە ئەبۇبەكرىنىڭ مەۋلاسى ئامىر ئىبنى پۇھەيرە ئۇئىككىسىگە سۈتلۈك قويلارنى باقىدۇ، كىچىدىن بىر سائەت ئۆتكەندە ئۇ قويلارنى ئۇئىككىسىنىڭ قىشىغا ئەكىلىدۇ، ئاندىن ئىككىسى سۈتلۈك قويلارنىڭ ئىسسىق قىزىتىلغان سۈتىنى ئىچىپ قونىدۇ، ھەتتا ئامىر ئىبنى پۇھەيرە قويلىرىنى تاڭغا يىقىن كىچىدە ئاۋاز قىلىپ ھايداپ كىتىدۇ (يەنى ئاخشىمى قوينى غار قىشىغا كەلتۈرۈپ كىچىدە ئۇل ئىككىسىگە سۈت بىرىپ، تاڭغا يىقىن خەۋەرچى ئابدۇللانىڭ ئىزىنى يوقىتىۋىتىش ئۈچۈن قوينى ھايداپ، غارغا بارمىغاندەك قىلىپ قويى سالىدۇر)، بۇ ئۈچ كىچىدىن ھەر كىچىدە شۇنداق

قىلدىۋ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ئەبۇبەكرى بەنى دەيلدىن بەنى ئابدۇدىن ئەدى قەبىلىسىدىن ئۇستا يول بىلىدىغان بىر ئادەمنى ئىجارىگە ئالدى. ئۇ ئادەم ئالى ئاس ئىبنى ۋائىل سەھمى ئىچىدە ئىتتىپاقلىقىغا قەسەم قانى ياكى سويىغا چۆمگەن كىشى ئىدى، ئۇ قۇرەيش كاپىرلىرىنىڭ دىنىدا ئىدى. ئۇئىككىسى بۇنى ئەمىن دەپ ئىشىنىپ ئۇنىڭغا ئۇلاقلىرىنى بەردى ۋە ئۈچ كېچىدىن ئۈچىنچى كېچىدە ئۇلاقلىرىنى سۇر غارىغا ئەكىلىپ بېرىدىغانغا ۋەدىلەشتى. ئاندىن ئامىر ئىبنى پۇھەيرە ۋە ھېلىقى يول باشلىغۇچى ئۇئىككىسى بىلەن يول يۈردى، ئۇلارنى دېڭىز ساھىلى بىلەن ئېلىپ ماڭدى. ئېيتتى سۇراقە بىننى جۇئسۇم: قۇرەيش كاپىرلىرىنىڭ ئەلچىلىرى بىزلەرگە كەلدىكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ۋە ئەبۇبەكرىنى ئۆلتۈرگەن ياكى ئەسىرگە ئالغان كىشى ئۈچۈن ئۇل ئىككىسىنىڭ ھەربىرىنىڭ خۇن بەدىلىگە يۈز تۆگە بېرىدۇر دەپ. شۇئارىدا مەن بەنى مۇدلىج قەۋمىنىڭ مەجلىسلىرىدىن بىر مەجلىسدە ئولتۇراتتىم، ئۇلاردىن بىرى كەلدى، بىزلەر ئولتۇراتتۇق، ئاندىن ئېيتتى: ئى سۇراقە ھېلى مەن دېڭىز ساھىلىدا قارا نەرسىلەرنى كۆردۈم، ئۇنى مۇھەممەد ۋە ساھابىلىرى دەپ گۇمان قىلىمەن. ئېيتتى سۇراقە: ئاندىن ئاشۇلار شۇلار ئىكەن دەپ تونۇدۇم، ئۇنىڭغا ئېيتتىم: ئۇمىدكى ئۇلار مۇھەممەد ۋە ئەسھابلىرى ئەمەسدۇر ۋە لېكىن سەن پالانى ۋە پالانى ۋە پالانىلارنى كۆرگەنسەنكى ھېلى كۆز ئالدىمىزدا يۈرۈپ كەتكەن ئىدىلەر. ئاندىن سورۇندا بىر سائەت تۇردۇم، ئاندىن قوپۇپ ئۆيگە كىردىم، ئاندىن ئايال خىزمەتكارىمنى ئېتىمنى ئېلىپ چىقىشقا بۇيرۇدۇم، ئۇ ئات دوڭنىڭ كەينىدە ئىدى، ئۇنى شۇيەردە ماڭا تۇتۇپ تۇرسۇن دەپ ۋە نەيزەمنى ئالدىم، ئۇنى ئۆينىڭ ئارقىسىدىن ئېلىپ چىقتىم، ئۇنىڭ ئۇچىنى يەرگە جىجىلاتتىم ۋە ئۇنىڭ ئىگىز ساپىغىنى پەس قىلدىم، ھەتتا ئېتىمنىڭ قېشىغا كەلدىم، ئاندىن ئۇنى مىندىم، ئۇنى يۈگۈرۈتتۈم، ئۇ ئات مەن

بىلەن ئىتتىك ماڭىدۇ ھەتتا ئۇلار (يەنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ھەمرالىرىغا) يېقىنلاشتىم، مەن بىلەن ئات تېيىلدى، ئۇنىڭدىن يىقىلدىم، ئاندىن قوپتۇم ۋە قولۇمنى ئوقدان خالتىسىغا سوزدۇم ئۇنىڭدىن پال چۇكۇلىرىنى چىقاردىم، ئۇنىڭ بىلەن پال سالدىم، زەرەر تارتىمەنمۇ ياق دەپ، ئۇ پالدىن مەن خوش كۆرمەيدىغان نەرسە چىقدى، ئاندىن ئېتىمغا مىندىم، ئىتتىك ماڭىدۇر ۋە پال چۇكۇلىرىغا قايىل بولمىدىم، ھەتتا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىرائىتىنى ئاڭلىدىم، ئۇ ئارقىغا قارىمايدۇر، ئەبۇبەكرى تولا قارايدۇر، ئېتىمنىڭ ئىككى ئالدى پۇتى ئىككى تىزىغىچە يەرگە چۆكۈپ كەتتى، ئاندىن ئاتتىن يىقىلدىم، ئاتنى سىلكىدىم، ھەمىشە ئىككى قولىنى تارتىپ تەستە چىقاردى، ئۆرە قوپقاندا ئۇنىڭ ئىككى ئالدى پۇتىنىڭ ئىزىدىن ئىسقا ئوخشاش چاڭ ـ توزاڭ ئاسمانغا ئۆرلەپ كەتتى، ئاندىن يەنە پال سالدىم، پالدىن يۇقارقىدەك ناخۇش نەرسە چىقدى، ئۇلارنى ئامانلىققا چاقىردىم، ئۇلار توختىدى، ئېتىمنى مىنىپ ئۇلار قېشىغا كەلدىم، مىنىڭ ئۇلاردىن توختۇلۇپ ئېتىمنىڭ توپىغا چۆكۈپ كىتىشىدىن ئىبارەت ئىشلارغا يولۇققان ۋاقتىمدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىشى چوقۇم پات ـ ئارىدا ئاشكارا غەلبە قىلىدىكەن دىگەن خىيال كۆڭلۈمگە چۈشدى. ئاندىن ئۇل جانابقا ئېيتتىم: قەۋمىلەرى ئۆزلىرى ھەققىدە خۇن بەدىلى قىلدى دەپ خالايىقلارنىڭ بۇلارغا ئىرادە قىلغان ئىشلىرىنىڭ خەۋەرىنى خەۋەر قىلدىم ۋە ئۇلارغا ئۇزۇق ـ تۈلۈك كېرەكلىك ماتانى توغرا قىلدىم، ھىچ نەرسىنى مەندىن كام قىلمىدى ئالمىدى ۋە سوئال قىلمىدىلەر مەگەرلا ئېيتتىلەر: بىزدىن ئىشىمىزنى مەخپى قىلغىن. ئاندىن ئۇل جانابدىن ماڭا ئامانلىق خەت يىزىپ بىرىشنى سوئال قىلدىم، ئاندىن ئامىر بىننى پۇھەرەنى بۇيرىدى، بىر پارچە چەمگە خەت يىزىپ بەردى، ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يولغا يۈرۈپ كەتتى، ئاندىن يولدا شامدىن يانغان

مۇسۇلمان سودىگەرلەر ئىچىدە زۇبەيىرگە ئۇچراشتى، ئاندىن زۇبەيىر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋە ئەبۇبەكرگە ئاق تون كەيدۈردى ۋە مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەككىدىن چىقىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىدى. ئاندىن ئۇلار ھەر ئەتىگەندە ساي ئېقىنىغا ئەتىگەن بېرىپ، جىڭ چۈش كۈن قىزىغىچە كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئاندىن بىر كۈنى ئۇزۇن كۈتۈپ تۇرغاندىن كېيىن قايتىپ ئۆيلىرىگە ئارامغا كەتكەندە، بىر يەھۇدى ئادەم ئۇلارنىڭ قورغانلىرىدىن بىر قورغان ئۈستىدە ئۇل جانابقا قاراش ئۈچۈن كۆز تىكتى، ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ۋە ئەسھابلىرىنى ئاپپاق بىلىجىل سۈيىدەك يالتىراپ تۇرغان ھالىتىدە كۆردى، ئاندىن ھېلىقى يەھۇدى كىشى ئۆزىنى تۇتالماي، ئەڭ يۇقۇرى ئاۋاز بىلەن ۋاي ئەرەپ جامائىتى ئاۋۇ سىلەر كۈتۈپ تۇرغان ساھىبەڭلار دېدى. ئاندىن مۇسۇلمانلار قوراللىرىنى ئېلىپ زەھرىل ھەررە دىگەن جايغا  پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئاندىن ئۇل جاناب ئۇلار بىلەن ئوڭ تەرەپكە بۇرۇلۇپ ھەتتا ئۇلار بىلەن بەنى ئەمرۇ ئىبنى ئەۋپ قەبىلىسىگە چۈشتى. بۇ رەبىئۇل ئەۋۋەل ئېيىنىڭ دۈشەنبە كۈنى ئىدى. ئاندىن ئەبۇبەكرى خالايىققا قوپۇپ ئۆرە تۇردى ۋە جانابى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جىم ئولتۇردى ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۆرمىگەن ئەنسارى ساھابىلار ئەبۇبەكرگە سالام قىلدى، ھەتتاكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كۈننىڭ ھارارىتى يەتتى، ئاندىن ئەبۇبەكرى رىداسى بىلەن ئۇل جانابقا سايىۋەن قىلىپ بەردى، ئاندىن خالايىقلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى شۇۋاقتىدا تونۇدى. ئاندىن ئۇل جاناب پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەنى ئەمرۇ ئىبنى ئەۋپ ئۆيىدە بىرنەچچە كۈن تۇردى ۋە تەقۋا ئۈستىگە قۇرۇلغان مەسجىدنى سالدى ۋە ئۇنىڭدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناماز ئۇقۇدى،

ئاندىن ئۇلاغنى مىندى ۋە خالايىقمۇ ئۇل زات بىلەن بىللە ماڭدى، ھەتتاكى ئۇلاق- تۆگە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەدىنىدىكى مەسجىدىدە تىزلاندى (چۆكتى) ۋە شۇكۈنلەردە ئۇ مەسجىدە مۇسۇلمانلاردىن بىرمۇنچە كىشىلەر ناماز ئۇقۇيتتى ۋە ئۇيەردە ئەسئەد بىننى زۇرارەنىڭ تەربىيەسىدىكى ئىككى يىتىم ئۇغۇل سەھلى ۋە سۇھەيلىنىڭ خورما قۇرۇتىدىغان خامىنى ئىدى. ئاندىن تۆگىسى ئۇيەردە تىزلانغان ۋاقىتدا جانابى رەسۇلۇللاھ «ئىنشائاللاھ بۇ مەنزىلدۇر» دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇئىككىسىنى چاقىرىپ، بۇ خاماننى مەسجىد قىلىش ئۈچۈن ئۇلاردىن سېتىۋېلىشقا نەقىنى (باھاسىنى) سورىدى، ئۇلار بەلكى بۇنى ئۆزلىرىگە ھىبە (سوغا) قىلىمىز يارەسۇلۇللاھ دېدى، ئۇل جاناب رەسۇلۇللاھ بۇيەرنى ئۇلاردىن ھىبە تەرىقىدە ئېلىشقا ئۇنىماي، ئۇيەرنى ئۇئىككىسىدىن سېتىۋالدى، ئاندىن ئۇيەرگە مەسجىد سالدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلار بىلەن تاش يۆتكىگىلى تۇردى ۋە تاش توشۇپ تۇرۇپ ئېيتىدۇر:

هَوُاالحِمَالُ لاحِمَالُ خَيْبَرْ، هَوُا ابَرُّ رَبَّنَا وَا□هَرْ. اللّٰهُمَّ اِنَّ الاجْرُالاخِيْرَه، فَارْحَمِ الانْپَارَ وَالمُهَاجِيْرَه .

**خەيبەر يۈكىدىن بۇ يۈك ياخشىراق**، يارەببەنا بۇدۇر ھەم پاكراق.

بۇ ئەجىر ئاخىرەت ئەجرىدىن ئى خۇدا، ئەسھابلىرىمنى رەھمىتىڭدىن قىلما جۇدا.

**1594** - ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق ئۇ ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيىرگە ھامىلدار بولدى. ئېيتتى: ئاي كۈنۈم توشاي دېگەندە مەككىدىن چىقىپ مەدىنىگە كەلدىم، قۇباغا چۈشتۈم، ئاندىن ئۇنى ئۇيەردە تۇغدۇم، ئاندىن ئۇ بوۋاقنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەلدىم، ئاندىن ئۇنى ئېتىگىدە (قۇچىغىدا) قويدى، ئاندىن چاقىرىپ خورمىنى ئەكەلتۈرۈپ ئۇنى چايناپ ئۇ بالامنىڭ ئاغزىغا تۈكۈرۈكلەپ سالدى، ئاندىن بالامنىڭ

قوسقىغا ئەۋۋەل كىرگەن نەرسە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۈكرىگى بولدى، ئاندىن ئۇنى خورما بىلەن ئېغىزلاندۇردى، ئاندىن ئۇنىڭغا بەركەت بىلەن دۇئا قىلىپ تەبرىكلىدى ۋە ئۇ بالام ئىسلامدا تۇغۇلغان بالىنىڭ تۇنجىسى بولدى.

1595 ـ ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن غاردا بىللە بولدۇم، ئاندىن بېشىمنى كۆتەرسەم قەۋمىلىرىنىڭ قەدەملىرىنىڭ تەكتىدە دۇرمەن، ئاندىن ئېيتتىم: يارەسۇلۇللاھ ! ئەگەر ئۇلارنىڭ بەزىسى كۆزىنى پەس قىلسا (پەسكە قارىسا) بىزنى كۆرىدۇر، ئۇل زات ئېيتتى: ئى ئەبۇبەكرى شۇلك تۇر ئىككىمىزنىڭ ئۈچۈنچىسى الله تەئالادۇر.

**پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋە ساھابىلىرىنىڭ مەدىنىگە قەدەم تەشرىپ قىلغانلىغى توغرىسىدا**

1596 ـ بەرائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: بىزلەرگە مەدىنىگە قەدەم تەشرىپ قىلغان كىشىنىڭ ئەۋۋەلى مۇسئەب بىننى ئۇمەيرى ۋە ئىبنى مەكتۇمدۇر ۋە ئۇلار خالايىقلارغا قۇرئان ئۈگەتتىدۇر. ئاندىن بىلال، سەئىد ۋە ئەممار ئىبنى ياسىر كەلدى، ئاندىن ئۇمەر ئىبنى خەتتاب پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىدىن يىگىرمە كىشى بىلەن كەلدى، ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەدەم تەشرىپ قىلدى، ئاندىن مەدىنە ئەھلىنىڭ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كەلگىنىگە خوشال بولغانىدەك بىر نەرسىگە خوشال بولغىنىنى كۆرمىدىم، ھەتتا ئايالالار دىدەك قىزلارمۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەدەم كەلتۈردى دىيىشتىلەر. ئاندىن ئۇل جاناب قەدەم كەلتۈرمىدى ھەتتا مەن{سَبِّحِ اسْمَ رَبِّكَ الْأَعْلَى} نى مۇپەسسەلدىن بىرنەچچە سۈرىلەرنى ئۇقۇپ بولدۇم.

## مۇھاجىرنىڭ ھەج ئىبادىتىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن مەككىدە ئىقامەت قىلىشى توغرىسىدا

1597 ـ ئەلائ ئىبنى ھەزرەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: مۇھاجىرغا مىنادىن قايتقاندىن كېيىن ئۈچ كۈن تۇرۇش بار.

## پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە قەدەم كەلتۈرگەندە يەھۇدىلارنىڭ ئۇل جاناب ھۇزۇرىغا كېلىشى توغرىسىدا

1598 ـ ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئەگەر ماڭا يەھۇدىلاردىن ئون كىشىلا ئىمان كەلتۈرسە، ئەلۋەتتە ماڭا يەھۇدىلارنىڭ ھەممىسى ئىمان كەلتۈرىدۇر.

# (56) غازاتلار كىتابى

## ئۇشەيرە غازىتى توغرىسىدا

1599 ـ زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: ئۇنىڭغا دېيىلدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم غازاتتىن نەچچە قېتىم غازات قىلدى؟ زەيد ئېيتتى: ئون توققۇز قېتىم، دېيىلدى: ئۇل جاناب رەسۇلۇللاھ بىلەن سەن نەچچە قېتىم غازات قىلدىڭ؟ ئېيتتى: ئون يەتتە قېتىم، دېيىلدى: ئۇلارنىڭ قايسى ئىلگىرى؟ ئېيتتى: ئۇشەيرە غازىتى.

**الله تەئالانىڭ** {وِوْ تستغِيثُونَ رَبَّكُمْ فَاسْتَجَابَ لَكُمْ وْنّي مُمِدُّكُمْ بِوْلفٍ مِنَ الْمَلَائِكَهِ مُرْدِفِينَ (9) وَمَا جَلَهُ اللَّهُ وِلاّ بُشْرَوٰ وَلِتَ□مَىِنَّ بِهِ قلُوبُكُمْ وَمَا النَّبِْرُ وِلاَّ مِنْ بِنْدِ اللَّهِ وِنَّ اللَّهَ نَزِيزٌ چَكِيمٌ (10) وِوْ يُغَشِّيكُمُ النُّنَاسَ وْمَنَةً مِنْهُ وَيُنَزِّلُ نَلَيْكُمْ مِنَ السَّمَاءِ مَاءً لِيُ□هَِّرَكُمْ بِهِ وَيُوْهِبَ نَنكُمْ رِجْزَ الشَّيْ□َانِ وَلِيَرْبِ□َ نَلَوٰ قلُوبِكُمْ وَيُثَبِّتَ بِهِ الْوَقْدَامَ (11) وِوْ يُوحِي رَبُّكَ وِلَوٰ الْمَلَائِكَهِ وْنّي مَعَكُمْ فَثَبِّتُوا الَّوِينَ ۆمَنُوا سَوُلْقِي فِي قلُوبِ الَّوِينَ كَفَرُوا الرُّنْبَ فَاگرِبُوا فَوْقَ الْوَنْنَاقِ وَاگرِبُوا مِنْهُمْ كُلَّ بَنَانٍ (12) وُلِكَ

بِأَنَّهُمْ شَاقُّوا اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَمَنْ يُشَاقِقِ اللَّهَ وَرَسُولَهُ فَإِنَّ اللَّهَ شَدِيدُ الْعِقَابِ (13)}. مەنىسى: *{ئۆز ۋاقتىدا (دۇئا قىلىپ) پەرۋەردىگارىڭلاردىن ياردەم تىلىدىڭلار، الله: «سىلەرگە ئارقىمۇ-ئارقا (چۈشىدىغان) مىڭ پەرىشتە بىلەن ياردەم بېرىمەن» دەپ دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلدى[9]. الله سىلەرگە پەقەت (غەلىبە قىلىدىغانلىقىڭلارغا) بىشارەت بېرىش ۋە كۆڭلۈڭلارنى ئارام تاپقۇزۇش ئۈچۈنلا ياردەم بەردى. ياردەم پەقەت الله تەرىپىدىنلا كېلىدۇر، الله ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر[10]. ئۆز ۋاقتىدا الله ئىچىڭلاندۇرۇش يۈزىسىدىن سىلەرگە ئۈيقۇ بېغىشلىدى؛ (تەھارەت ئېلىپ، غۇسلى قىلىپ) پاك بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنى كەتكۈزۈش ئۈچۈن، (الله نىڭ ياردىمىگە ئىشەنچ قىلىپ) كۆڭلۈڭلارنىڭ توق تۇرۇشى ئۈچۈن، قەدەمڭلارنىڭ (قۇمغا پېتىپ كەتمەي) مەزمۇت تۇرۇشى ئۈچۈن، الله سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى[11]. ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: «مەن سىلەر بىلەن بىللە، مۆمىنلەر (ئۇرۇش مەيدانىدا) ساباتلىق قىلىڭلار، كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنۇچ سالىمەن» دەپ ۋەھى قىلدى. (قىلىچ بىلەن كاپىرلارنىڭ) گەدەنلىرىگە چېپىڭلار (يەنى باشلىرىنى كېسىڭلار)، ئۇلارنىڭ بارماقلىرىغا (ھەممە ئەزاسىغا) چېپىڭلار[12]. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشىلىق قىلدى، كىمكى الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشىلىق قىلىدىكەن، الله ئۇنى قاتتىق جازالايدۇر[13].* (سۈرە ئەنپال 9 ـ 13 ـ ئايەتلىرى).

1600 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن مىقداد بىننى ئەسۋەددىن شۇنداق شاھادەت مەيدانىغا ھازىر بولدۇمكى، ئۇ شاھادەت گۇۋاھلىق سۆزىنىڭ ئېگىسى بولغۇنۇم، مەن ئۈچۈن ئۇنىڭ ۋەزنى باراۋىرىدە دۇنيالىق ھەممە نەرسىدىن دوسراقدۇر. (ئۇ گۇۋاھلىق مەيدانى مۇنداق) ئۇ مىقداد پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىغا كەلدى،

ھالئولكى ئۇ مۇشرىكلەرگە دۇئايى بەد قىلىدۇر. ئاندىن ئېيتتى: بىز موسانىڭ قەۋمى{اِذْهَبْ اَنْتَ وَرَبُّكَ فَقَاتِلاَ} يەنى {*مۇسا خۇدايىڭ بىلەن ئىككىڭلار جەڭ قىلىڭلار*} دىگەندەك دىمەيمىز. لىكىن ئوڭ تەرەپلەردىن ۋە سول تەرەپلەردىن ۋە ئالدى تەرەپلىردە ۋە ئارقا تەرەپلىردە ئۇرۇش قىلىمىز. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۈزلىرى يورۇپ پارقىراپ كەتكەنلىگىنى ۋە بۇ سۆز ئۇنى خۇرسەن قىلغانلىغىنى كۆردۈم.

## بەدرگە قاتناشقانلارنىڭ سانى توغرىسىدا

1601 ـ بەرائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئېيتتى: مۇھەممەد پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەسھابلىرىنىڭ بەدرى جىڭگە قاتناشقانلىرىنىڭ سانى، تالۇتنىڭ ئۆزى بىلەن دەريادىن ئۆتكەن سانىدەك، ئۈچ يۈز ئون نەچچە ئىدى. ئېيتتى بەرائ : لاواللە كي تالۇت بىلەن دەريادىن مۆمىنلەرلا ئۆتكەن.

## ئەبۇجەھىلنىڭ ئۆلتۈرۈلىشى توغرىسىدا

1602 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئەبۇجەھىلنىڭ نىمە قىلغانىغا كىم قاراپ كېلىدۇر؟ پەسس ئىبنى مەسئۇد يورۇپ كەتتى. ئاندىن ئەبۇجەھىلنى ئەفرائنىڭ ئىككى ئوغلى ئۇرغانلىغىنى، ھەتتاكى ئۇنىڭ يىقىلىپ سوۋۇغانلىغىنى تاپتى. ئايا سەن ئەبۇجەھىلمۇ دەپ ئۇنىڭ ساقلىنى تۇتتى، ئەبۇجەھىل ئېيتتى: ئايا بۇنى سىلەر ئۆلتۈرگەن ياكى ئۇنى ئۆز قەۋمى ئۆلتۈرگەن كىشى ئۇستىدىمۇ؟ (ئۇنىڭدىن يۇقۇرى ئەمەس، ئۇنى ئۆز قەۋمى ئۆلتۈرگەن كىشىنىڭ جۈملىسىدىن ماڭا نۇمۇس، سىلەرگە پەخرى يوق).

1603 ـ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم بەدرى كۈنى قۇرەيش كاتتىلىرىدىن يىگىرمە تۆت ئادەمنى ئەسىر قىلىپ، ئۇلارنى بەدرىنىڭ نىجىس قىلىغۇچى قۇدۇقلىرىدىن بىر قۇدۇققا تاشلاندى. ئۇل جاناب بىر قەۋمگە غەلىبە قىلسا شۇ مەيداندا ئۈچ كېچە تۇراتتى، ئاندىن ئۈچىنچى كۈنى بولغاندا ئۇلاغىغا ئەمىر قىلدى، ئۇنىڭغا يۈك ـ تاقى يۈكلىنىپ تۇقۇلدى، ئاندىن ماڭدى ۋە ئەسھابلىرى ئەگىشىپ ماڭدى ۋە ئېيتتىلەر: ئۇنىڭ بەزى ھاجىتىگە ماڭدى دەپ گۇمان قىلدۇق، ھەتتاكى قۇدۇقنىڭ قىرغىقىدا تۇردى، ئاندىن ئۇلارنى ئىسىملىرى بىلەن ۋە ئاتىلىرىنىڭ ئىسىملىرى بىلەن، ئى پالانىنىڭ ئوغلى پائانى ۋە ئى پالانىنىڭ ئوغلى پالانى دەپ چاقىرىپ، سىلەرنى اللە غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلغان بولۇشۇڭلارنى خۇرسەن قىلامدۇر؟ بىزلەرگە پەرۋەردىگارىمىز ۋەدە قىلغان نەرسىنى ھەق راس تاپتۇق، سىلەرمۇ پەرۋەردىگارىڭلار ۋەدە قىلغان نەرسىنى ھەق تاپتىڭلارمۇ؟ دېدى. ئېيتتى تەلھە: ئاندىن ئۆمەر ئېيتتى: جان يوق تەنگە سۆزلەيدىلا؟ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: مۇھەممەدنىڭ نەپسى ئۇنىڭ ئىلكىدىكى زات اللە غا قەسەمكى، مەن دېگەن سۆزنى سىلەر ئۇلاردىن ئاڭلىغۇچىراق ئەمەسدۇر سىزلەر.

## بەدرى جېڭگە پەرىشتىلەرنىڭ ھازىر بولغانلىقى توغرىسىدا

**1604** ـ رىپائەتە بىننى راپىئ زۇرەقى رەزىيەللاھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: ئۇ بەدرىگە ھازىر بولغانلارنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى. ئۇ ئېيتتى: جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كەلدى ۋە ئېيتتى: سىلەر ئىچىڭلاردىكى بەدىر ئەھلىنى نىمە سانايسىزلەر؟ ئۇل جاناب ئېيتتى: مۇسۇلمانلارنىڭ ئەبزەلراقىدىن سانايمىز ياكى شۇنىڭدەك سۆزنى دېدى. جىبرىئىل ئېيتتى: پەرىشتىلەردىن بەدرىگە ھازىر بولغانلارمۇ شۇنداقدۇر.

**1605** ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم بەدرى كۈنى ئېيتتى: بۇ جىبرىئىلدۇر، ئېتىنىڭ بېشىنى تۇتقۇچىدۇر، ئاتىنىڭ ئۈستىدە جەڭ قوراللىرى باردۇر.

1606 ـ زۇبەيرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: مەن بەدرى كۈنى ئۇبەيدە بىننى سەئىد بىننى ئاسغا يۇلۇقدۇم، ھالئۇلكى ئۇ يۈزىنى پۈركىۋالغاندۇر، ئىككى كۆزىدىن باشقىسى كۆرۈنمەيدۇر، ئۇنى ئەبۇزاتىل كۆرش دەپ كۈنىيە قويۇلغان، ئۇ ئېيتتى: مەن ئەبۇزاتىل كۆرش مەن، ئۇنىڭغا نەيزە بىلەن ئېتىلىپ نەيزىنى كۆزىگە سانجىدىم، ئاندىن ئۆلدى، ئېيتتى: ئۇنى پۇتۇم بىلەن دەسسەپ تۇرۇپ سوزۇلدۇم ناھايىتى تەستە نەيزىنى تارتىۋالدىم، ئۇ نەيزىنىڭ ئىككى تەرىپى ئىگىلىپ كەتتى. ئۇنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سورىدى، ئۇنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بەردى. ئول جاناب قەبزى روھ بولغاندىن كېيىن، ئۇ نەيزىنى ئەبۇبەكرى تەلەپ قىلدى، ئۇنى ئۇنىڭغا بەردى. ئەبۇبەكرى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۆمەر سورىدى، ئاندىن ئۇنى ئۇنىڭغا بەردى. ئاندىن ئۆمەر ۋاپات بولغاندىن كېيىن زۇبەير ئالدى. ئاندىن ئۇ نەيزىنى زۇبەيردىن ئوسمان تەلەپ قىلدى، پەس نەيزىنى ئۇنىڭغا بەردى. ئاندىن ئوسمان قەتلى قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ نەيزە ئەلىنىڭ تۇققانلىرىغا چۈشدى. ئاندىن ئۇ نەيزىنى زۇبەيرنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ تەلەپ قىلىپ ئالدى. ئاندىن ئۇ نەيزە ئابدۇللاھ ئۆلتۈرۈلگىچە ئۇنىڭ قولىدا بولدى.

1607 ـ رۇبەيئە بىنتى مۇئەۋۋىزە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندى: ئۇ ئايال ئېيتتى: مىنى ئىرىم تۈنجى كۈچۈرگەن ئەتىگەندە، ماڭا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىرىپ كۆرپەمدە سىز ئولتۇرغاندەك ئولتۇردى، قىزلار ئاتالىرىمدىن بەدرى كۈنى شېھىد بولغانلارنى ئەسلەپ داپ چېلىۋاتاتتى، ھەتتاكى بىر قىز مۇنداق دىدى: بىزنىڭ ئىچىمىزدە ئەتىدىكى ئىشنى

بىلدىغان پەيغەمبەر بار. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئۇنداق دېمىگىن ئۇزەڭ ئېيتقان سۆزۈڭنى ئېيتقىن.

1608 ـ ئەبۇتەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بەدرى جىڭگە ھازىر بولغان ئىدى. ئۇ ئېيتتى: ئىت ۋە سۆرەت بار ئۆيگە پەرىشتەلەر كىرمەيدۇر.

1609 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: ئۆمەرنىڭ قىزى ھەپسە ئىرى خۇنەيسە ئىبنى ھەزاپە سەھمىدىن تۇل قالغان ئىدى. ئۇ بەدرىگە ھازىر بولغان، مەدىنىدە ۋاپات بولغان، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىدىن ئىدى. ئېيتتى ئۆمەر: ئوسمان ئىبنى ئاپپانغا يۇلۇقۇپ ئۇنىڭغا قىزىم ھەپسەنى توغرا قىلىپ، ئەگەر خالىساڭ ساڭا ھەپسە بىنتى ئۆمەرنى نىكاھىڭغا بېرەي دېدىم، ئوسمان ئېيتتى: ئەمرىمدە ئويلاپ باقاي. ئاندىن بىرنەچچە كېچە تۇردۇم، بۇ كۈنلەردە ئەرگە بەرمەسلىك ماڭا زاھىر بولدى، ئېيتتى ئۆمەر: ئاندىن ئەبۇبەكرىگە يۇلۇقدۇم، ئەگەر خالىساڭ ساڭا ھەپسە بىنتى ئۆمەرنى نىكاھىڭغا بېرەي دېدىم. ئەبۇبەكرى جىم تۇرۇپ ماڭا جاۋاپ قايتۇرمىدى، ئۇنىڭغا ئوسمانغا بولغان غەمكىنلىكىدىن بەكراق غەمكىن بولدۇم. ئاندىن بىرنەچچە كېچە تۇردۇم، ئاندىن ھەپسەگە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قاتنىدى، ئاندىن ئۇل جانابقا ئۇنى نىكاھلىدىم. ئاندىن ماڭا ئەبۇبەكرى ئۇچقۇشۇپ ئېيتتى: ئۇمىدكى سەن ماڭا ھەپسەنى توغرا قىلغاندا، مەن جاۋاپ قايتۇرمىغانلىغىمغا غەمكىن بولغانسەن؟ ئېيتتىم: ھەئە. ئېيتتى ئەبۇبەكرى: تەھقىق مەن ساڭا گەپ قايتۇرماسلىغىم، سەن ماڭا ھەپسەنى توغرا قىلغاندا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەپسەنى زىكرى قىلغانلىغىنى بىلگىنىم ئۈچۈن ئىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سىرىنى پاش

قىلغۇچى بولمىدىم، ئەگەر ئۇ زات ھەپسەنى تەرك قىلسا، ئەلۋەتتە ئۇنى قوبۇل قىلاتتىم.

**1610** ـ ئەبۇمەسئۇد ئەلبەدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: سۈرە بەقەرە ئاخىرىسدا ئىككى ئايەت بار، كىمكى ئۇئىككى ئايەتنى كېچىدە ئوقۇسا، ئۇئىككى ئايەت ئۇكىشىگە (كېچىلىك ۋەزىپىسىدىن) كۇپايە قىلىدۇر. (ئەبۇمەسئۇد بەدرىگە ھازىر بولغان دېيىلمەكچى).

**1611** ـ مىقداد بىننى ئىمرۇل كىندى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىنكى: بەنى زوھرە ئىتتىپاقدىشىدىن ئىدى. ئۇ بەدرىگە ھازىر بولغانلاردىن ئىدى. ئېيتتى ئۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دېدىم: ئايا خەۋەر بەرمەمدىلا؟ ئەگەر كاپىرلاردىن بىر ئادەمگە يولۇقۇپ قالسام، ئىككىمىز ئۇرۇشساق، ئاندىن ئۇ ئىككى قولۇمنى بىرىنى ئۇرۇپ ئۈزۈۋاتسا، ئاندىن مەندىن دەرەخنىڭ ئارقىسىدا پاناھلىنىپ «ئىسلام كەلتۈردۈم» دېسە، ئۇنى ئۆلتۈرىمەنمۇ ئۇ «ئىسلام كەلتۈردۈم» دېگەن سۆزىنى ئېيتقاندىن كېيىن يارەسۇلۇللاھ؟ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئۇنى ئۆلتۈرمىگىن! ئېيتتىم: يارەسۇلۇللاھ ! ئۇ ئىككى قولۇمنىڭ بىرىنى ئۈزۈۋېتىپ ئاندىن قولنى ئۈزۈۋەتقاندىن كېيىن ھېلىقى سۆزنى دېدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئېيتتى: ئۇنى ئۆلتۈرمىگىن! پەس ئەگەر ئۇنى ئۆلتۈرسەڭ، سەن ئۆلتۈرۈشىدىن ئىلگىرى ئۇسنىڭ ئورنىڭدادۇر ۋە ئۇ ئېيتقان سۆزنى ئېيتىشىدىن ئىلگىرى سەن ئۇنىڭ ئورنىدادۇرسەن.

**1612** ـ جۇبەيىر بىننى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: بەدرىدە ئەسىرگە چۈشكەنلەر ھەققىدە، ئەگەر مۇتئىم بىننى ئەدى ھايات بولغان بولسا، ئاندىن ئۇ ماڭا بۇ سېسىقلەر ھەققىدە گەپ قىلسا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى تەرك قىلاتتىم. (ئۇلاردىن پىدىيە ئالماي).

## بەنى نەزىر يەھۇدىلىرىنىڭ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قىلغان سۆزلىرى ۋە ئەھدىنى بۇزغانلىقى توغرىسىدا

1613 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: نەزىر ۋە قورىزە يەھۇدىلىرى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن جەڭ قىلدى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەنى نەزىر يەھۇدىلىرىنى سۈرگۈن قىلدى. قورىزە يەھۇدىلىرىنى ئۆز جايىدا تۇرغۇزدى ۋە ئۇلارغا پىدىيە ئالماي ئامانلىق بەردى، ھەتتا قورىزە يەھۇدىلىرىمۇ جەڭ قىلدى، ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ ئەرلىرىنى ئۆلتۈردى، ئۇلارنىڭ ئاياللىرىنى، باللىرىنى ۋە ماللىرىنى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا تەقسىم قىلىپ بەردى. مەگەر ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يېتىشىپ كېلىپ قوشۇلۇپ ئىمان ۋە ئىسلام ئېيتقانلىرىنى ئۆلتۈرمىدى. ئاندىن مەدىنە يەھۇدىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئابدۇللاھ ئىبنى سالام جامائىتى ـ بەنى قەينۇقا يەھۇدىلىرىنى ۋە بەنى ھارىسە يەھۇدىلىرىنى ۋە مەدىنە يەھۇدىلىرىنىڭ ھەممىسىنى سۈرگۈن قىلدى (پالۋاتتى).

1614 ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەنى نەزىر يەھۇدىلىرىنىڭ بۇۋەيرە دېگەن يەردىكى خورما زارلىقىنى كۆيدۈردى. ئاندىن {مَا قَطَعْتُمْ مِنْ لِينَةٍ أَوْ تَرَكْتُمُوهَا قَائِمَةً عَلَى أُصُولِهَا فَبِإِذْنِ اللَّهِ وَلِيُخْزِيَ الْفَاسِقِينَ} مەنىسى ***{(ئى مۇسۇلمانلار!) سىلەر مەيلى (بەنى نەزىر)نىڭ خورمىلىرىنى كەسكەنلار، مەيلى ئۇنى بۇرۇنقى ئۆز پېتى ئۆرە قالدۇرۇڭلار، ھەممىسىگە الله رۇخسەت قىلدى}***. سۈرە ھەشرنىڭ 5 ـ ئايىتى نازىل بولدى.

1615 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خوتۇنلىرى، ئوسمان ئىبنى ئاپپاننى ئەبۇبەكرىنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى، الله تەئالا

پەيغەمبىرگە غەنىمەت قىلىپ بەرگەن نەرسىدىن ئۆزلىرىنىڭ نەسۋە ھەق پۇللىرىنى سورايدۇلەر. ئاندىن مەن قايتۇراتتىم، ئاندىن خوتۇنلەرگە ئېيتتىم: الله تەئالادىن قورۇقمامسىلەر، ئايا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم «مىراس قىلىنمايمىز، بىز قالدۇرغان نەرسە سەدىقەدۇر» دىگەنلىكىنى بىلمىدىڭلارمۇ؟ بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى ئىرادە قىلاتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالى ئەھلىلا مۇشۇ مالدىن يەيدۇر پەقەت دىۋىدىم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاياللىرى ئۇلارغا مەن خەۋەر قىلغان نەرسىگە ياندىلەر (تەلەپ قىلمىدى).

## كەئىب ئىبنى ئەشرەپنى ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا

1616 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: كەئىب ئىبنى ئەشرەپنى ئۆلتۈرۈشكە كىم پېتىنالايدۇر، چۈنكى ئۇ الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئەزىيەت بەردى. ئاندىن مۇھەممەد بىننى مۇسلىمە قوپۇپ ئېيتتى: ئۇنى ئۆلتۈرۈشۇمنى دوس تۇتامدىلا يارەسۇلۇللاھ؟ ئېيتتى: ھەئە. مۇھەممەد بىننى مۇسلىمە ئېيتتى: ئاندىن مىنىڭ بىر نەرسە دىيىشىمگە ئىزنى بەرسىلە؟ ئېيتتى: ئېيتقىن. ئاندىن كەئىب بىننى ئەشراپ قىشىغا مۇھەممەد بىننى مۇسلىمە كىلىپ ئېيتتى: تەھقىق بۇكىشى (رەسۇلۇللاھ) بىزدىن سەدىقە سورىدى ۋە بىزنى قىيىنچىلىققا سالدى، مەن سىزدىن قەرىز سوراپ كەلدىم. كەئىب ئېيتتى: الله غا قەسەمكى ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا مالال بولىسىلەر. ئېيتتى مۇھەممەد بىننى مۇسلىمە: تەھقىق بىز ئۇنىڭغا ئەگەشتۇق، ئۇنى تەرىك قىلىشنى دوس تۇتمايمىز، قاراپ باقمىز ئۇنىڭ ئىشى نىمىگە ئۆرۈلگىچە ۋە سىزدىن بىر ۋەسەق(250جىڭ) ياكى ئىككى ۋەسەق(500جىڭ) قەرىز بىرىپ تۇرۇشىڭىزنى ئىرادە قىلدۇق. كەئىب ئېيتتى: بولىدۇ، ماقۇل ماڭا گۆرۈ قويۇڭلار. ئېيتىلەر: نىمىنى ئىرادە قىلىسىز؟ ئېيتتى: خوتۇنۇڭلارنى گۆرۈ قويۇڭلار. ئېيتتىلەر: سىز

ئەرەبلەرنىڭ چرايلىقراغى تۇرسىڭىز، قانداق سىزگە خوتۇنلىرىمىزنى گۆرۈ قويىمىز؟ ئېيتتى: ئوغۇللىرىڭلارنى گۆرۈ قويۇڭلار. ئېيتتىلەر: ئوغۇللىرىمىزنى بىر ۋەسەق ياكى ئىككى ۋەسەقكە گۆرۈ قويۇلغان دەپ سۆكىلىدۇ ۋە دەشنام قىلىنىدۇ، بۇ بىز ئۈچۈن نومۇسدۇر، ئوغۇللىرىمىزنى قانداق سىزگە گۆرۈ قويىمىز؟ ۋە لېكىن بىز سىزگە قورال جابدۇقمىزنى گۆرۈ قويىمىز دەپ ئۇنى ئېلىپ كېلىشكە ئۇنىڭ بىلەن ۋەدىلەشدى. ئاندىن بىر كېچىدە كەئىبنىڭ ئىمگەدەش بۇرادىرى ئەبۇنائىلە بىلەن بىللە كەلدى. پەس ئۇلارنى قورغانغا چاقىردى، ئاندىن ئۇلارنىڭ قېشىغا چۈشتى، ئۇنىڭغا خوتۇنى مۇشۇ سائەتتە نەگە بارىسىز دىدى، ئاندىن ئۇ كەئىب ئېيتتى: ئۇ مۇھەممەد بىننى مۇسلىمە ۋە بۇرادىرىم ئەبۇنائىلەدۇر. ئاندىن خوتۇنى ئېيتتى: تەھقىق مەن گويا قان تامىدىغاندەك ئاۋازنى ئاڭلايمەن. كەئىب ئېيتتى: ئۇ مىنىڭ بۇرادىرىم مۇھەممەد بىننى مۇسلىمە ۋە ئىمگەدىشىم ئەبۇنائىلەدۇر، كەرىم دىگەن كېچىدە نەيزە سانجىشقا چاقىرىلسىمۇ ئەلۋەتتە ئىجابەت قىلىدۇر. ئېيتتى راۋى: مۇھەممەد بىننى مۇسلىمە ئۆزى بىلەن ئىككى كىشىنى بىللە ئېلىپ كىرىدۇر ۋە بىر رىۋايەتتە ئەبۇئەبسى بىننى جەبرى ۋە ھارىس بىننى ئەۋسى ۋە ئەبباد بىننى بەشر. ئاندىن مۇھەممەد بىننى مۇسلىمە ئېيتتى: ۋەقتىكى ئۇ كەلسە، مەن ئۇنىڭ چېچىنى تۇتۇپ بۇرايمەن، پەس ۋەقتىكى ئۇنىڭ بېشىنى چىڭ تۇتقىنىمنى كۆرسەڭلار ئۇنى تۇتۇپ ئۇرۇڭلار ۋە بىر مەررە، ئېيتتى: ئاندىن سىزلەرگە بۇراتىمەن. ئاندىن كەئىب خۇشبۇيلانغان ھالىتىدە، ئۇنىڭدىن خۇشبۇي گۈپۈلدەپ بۇراپ تۇرغان ھالدا ئۇلارنىڭ قېشىغا چۈشتى. ئاندىن مۇھەممەد ئېيتتى: بۈگۈنكىدەك خۇشبۇينى كۆرمىدىم. كەئىب ئېيتتى: مىنىڭدە ئەرەب خوتۇنلىرىنىڭ خۇشپۇيىراق ۋە كامىلىراق ئەتىرسى باردۇر. ئاندىن مۇھەممەد ئېيتتى: ئايا ماڭا بېشىڭىزنى پۇرىغىلى ئىزنى بىرەمسىز؟ ئېيتتى: ھەئە. ئاندىن ئۇ پۇرىدى، ئاندىن ئەسھابلىرىغا پۇراتتى، ئاندىن

ئېيتتى: ئاپا ماڭا ئىزنى بېرەمسىز؟ ئېيتتى: ھەئە. ئۇنىڭغا قادىر بولۇپ ئېيتتى: تۇتۇڭلار، ئاندىن ئۇنى ئۆلتۈردى، ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىغا كېلىپ ئۇنىڭغا خەۋەر بەردى.

**ئەبۇ ئابدۇللا بىننى ئەبى ھۇقىق ۋە دېيىلدى سالام بىننى ئەبى ھۇقىقنى ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا**

**1617** ـ بەرائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: ئەبۇراپى يەھۇدىغا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەنسارىلاردىن بىرمۇنچە كىشىلەرنى ئەۋەتتى، ئۇلارغا ئابدۇللاھ بىننى ئەتىكنى ئەمىر قىلدى. ئەبۇراپى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەزىيەت ۋە ئازار بېرەتتى ۋە ئازار بېرىشكە ياردەم قىلاتتى. ئۇ ئەبۇراپى ھىجاز زېمىنىدا، ئۆزىنىڭ قورغىنىدا ئىدى. كۈن ئولتۇرۇپ خالايىقلار چارۋىلىرىنى قايتۇرۇپ كېلىپ، ئەل ئايىغى بېسىققاندىن كېيىن ئابدۇللاھ ۋە ھەمرالىرى ئەبۇراپى يەھۇدىنىڭ ئۆيىگە يېقىن كەلگەندە ئابدۇللاھ ئەسھابلىرىغا «جايىڭلاردا ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن ئۆيىنىڭ قېشىغا كىرىش ئۈچۈن ئېھتىيات بىلەن دەرۋازىۋەن قېشىغا بېرىپ باقاي» دەپ يورۇپ كېتىپ ئىشىككە يېقىن باردى، ئاندىن گوياكى ھاجەت قىلغان كىشىدەك كىيىمى بىلەن يۆركەندى، كىشىلەر ئۆيگە كىرىپ بولغان ئىدى. ئۇنىڭغا ئى ئابدۇللاھ! ئەگەر كىرمەكچى بولساڭ كىرگىن، مەن ئىشىك دەرۋازىنى تاقايمەن دەپ دەرۋازىۋەن توۋلىدى. ئاندىن كىرىپ مۆكۈنۈۋالدىم، خالايىق كىرىپ بولغاندىن كېيىن دەرۋازىۋەن دەرۋازىنى تاقىدى، ئاندىن ئاچقۇلارنى قوزۇققا ئىلىپ قويدى. ئېيتتى ئابدۇللاھ: ئاچقۇلارغا قوپۇپ ئۇنى ئېلىپ ئىشىكلەرنى ئاچتىم، ئەبۇراپىنىڭ قېشىدا مۇڭداش سۆزلەر قىلىناتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ يۇقۇرى بالىخانىسىدا تۇراتتى، ئۇنىڭ قېشىدىن كېچە مۇڭداش ئادەملىرى كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قېشىغا چىقىشقا يۇقۇرى ئۆرلىدىم. ھەرۋەقتىكى بىر ئىشىكنى ئاچسام ئۇنى ئۆزەمگە ئىچىدىن تاقاپ كەلدىم،

كىشلەر مىنى بىلىپ قالسا، ئۇلار ماڭا يەتكىچىلىك ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋاتاي دېدىم (شۇڭا شۇنداق قىلدىم)، ئاندىن ئۇ ياتقان ئۆيگە يەتتىم، ئۇ قاراڭغۇ بىر ئۆيدە، بالاچاقىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، ئۇنىڭ قايسى يەردە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن، ئاندىن ئى ئەبۇراپى دېدىم. ئۇ بۇ كىم دېدى؟ ئاۋاز تەرەپنى قەسلەپ دەھشەتلىك ھالدا قىلىچ بىلەن ئۇردۇم ، ئاندىن ھېچ نەرسە قىلالمىدىم. ئۇ توۋلىدى، ئاندىن ئۆيدىن چىقىپ يىراق كەتمەي نېرى تۇردۇم، ئاندىن ئۆيگە كىرىپ ئى ئەبۇراپى نىمە ئاۋاز بۇ دېدىم؟ ئاندىن ئېيتتى: ئاناڭغا ۋاي، ھېلى مىنى بىر ئادەم قىلىچ بىلەن ئۇردى. ئېيتتى ئابدۇللاھ: ئۇنى بىر ئۇرۇپ جاراھەت قىلدىم، ئۆلتۈرالمىدىم، ئاندىن قىلىچنىڭ بىىس ئۇچىنى قوسىغىغا قويدۇم، ئۇچى دۈمبىسىدىن چىقدى، ئاندىن ئۇنى ئۆلتۈرگەنلىگىمنى بىلدىم، ئاندىن ئىشىكلەرنى ئىشكمۇ-ئىشىك ئاچتىم، ھەتتا تۆۋەنكى پەلەمپەيگە يىتىپ كىلىپ، يەرگە يەتتىم دەپ پۇتۇمنى تۆۋەنگە قويسام ئايدىڭ كېچىدە يىقىلدىم، پاچىقىم سۇنۇپ كەتتى، ئاندىن ئۇنى لاتا بىلەن تاڭدىم، ئاندىن يۈرۈپ داۋۇز تۈۋىدە، ھەتتا ئۇنى ئۆلتۈرگىنىمنى ئېنىق بىلمىگىچە كېچىچە چىقمايمەن دەپ ئولتۇردۇم. ئاندىن خوراز چىللىغاندا ئۆلۈم خەۋەرچىسى قورغان ئۈستىدە «ھىجاز ئەھلىنىڭ سودىگىرى ئەبۇ راپىنىڭ ئۆلۈمىنى جاكارلايمەن» دېدى. ئاندىن ئەسھابلىرىمنىڭ قېشىغا سالامەت يۈرۈپ كىلىپ، يۈرۈڭلار تەھقىق الله تەئالا ئەبۇراپىنى ئۆلتەردى دېدىم. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھوزۇرىغا يىتىپ بېرىپ، ئول جانابقا بۇنى سۆزلەپ بەردىم. ئاندىن ئول جاناب ھەزرەت ماڭا، پۇتۇڭنى ياي دېدى، ئاندىن پۇتۇمنى يايدىم، ئاندىن پۇتۇمنى سىلىدى، ئاندىن گۈياكى ئۇ پۇتۇم قەتتى ئاغرىمىغاندەك ساقىيىپ كەتتىم.

## ئوھود غازىتى توغرىسىدا

**1618** ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: بىر كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئوھود كۈنى ئېيتتى: خەۋەر بەرسىلىكى، ئەگەر مەن ئۆلتۈرۈلسەم (شېھىد بولسام) مەن نەدە بولىمەن؟ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: جەننەتتە بولىسەن. ئاندىن ئۇكىشى قولىدىكى خورمىلارنى تاشلىدى، ئاندىن ئۇرۇش قىلدى، ھەتتا ئۆلتۈرۈلدى (شېھىد قىلىندى).

{وۀ هَمَّتْ □ابِفَتَانِ مِنْكُمْ وٌنْ تَفْشَلاَ وَاللّٰهُ وَلِيُّهُمَا وَعَلَى اللّٰهِ فَلْيَتَوَكَّلِ الْمُؤْمِنُونَ} مەنىسى ***{ئۆز ۋاقتىدا سىلەردىن ئىككى گورۇھ (يەنى بەنى سەلىمە ئايمىغى بىلەن بەنى ھارىسە ئايمىغى) ئاجىزلىق كۆرسەتمەكچى بولدى (يەنى قورقۇپ ئۇرۇش مەيدانىدىن قايتماقچى) بولدى؛ الله تەئالا ئۇلارنىڭ مەدەتكارى ئىدى. مۆمىنلەر (جىمى ئەھۋالى ۋە جىمى ئىشلىرىدا) الله غىلا تەۋەككۇل قىلسۇن}*** .

سۈرە ئالى ئىمران 122 ـ ئايىتى توغرىسىدا.

**1619** ـ سەئىد ئىبنى ئەبۇۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: ئوھود كۈنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۆردۈم، ھالىئۇلكى ئۇ زات جانىبىدىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىككى ئاق كىيىملىك كىشى قاتتىق ئۇرۇش قىلىۋاتىدۇر. ئۇ ئىككى كىشىنى ئىلگىرى كۆرمىگەن، ئۇندىن كېيىنمۇ كۆرمىدىم.

**1620** ـ سەئىد ئىبنى ئەبۇۋەققاس رەزىيەللاھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: ئوھود كۈنى ماڭا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوقدانىدىن ئوقنى چىقىرىپ بەردى ۋە ئېيتتى: ئاتقىن، ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن.

**1621** ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى ئېيتتى: ئوھود كۈنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بېشى جاراھەتلەندى، ئاندىن ئېيتتى: ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ بېشىنى

يارغان قەۋملەر قانداق نجات تاپىدۇر؟ ئاندىن {لَيْسَ لَكَ مِنَ الْأَمْرِ شَيْءٌ أَوْ يَتُوبَ عَلَيْهِمْ أَوْ يُعَذِّبَهُمْ فَإِنَّهُمْ ظَالِمُونَ} ئايىتى نازىل بولدى. مەنىسى: {(ئى مۇھەممەد !) ھېچ ئىش (يەنى بەندەلەرنىڭ ئىشلىرىنىڭ تەدبىرى) سىنىڭ ئىختىيارىڭدا ئەمەس، الله تەئالا يا ئۇلارنىڭ (مۇسۇلمان بولسا) تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇر، يا ئۇلار زالىم بولغانلىقى ئۈچۈن (كۇپرىدا چىڭ تۇرسا) ئازابقا دۇچار قىلىدۇر}. (سۈرە ئالى ئىمران 128 ـ ئايەت).

1622 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بامدادنىڭ ئاخىرقى رەكئىتىنىڭ رۇكۇسىدىن بېشىنى كۆتەرگەندە سَمِعَ اللهُ لِمَنْ حَمِدَهُ رَبَّنَا وَلَكَ الْحَمْدُ دېگەندىن كېيىن اللَّهُمَّ الْعَنْ فُلَانًا وَفُلَانًا وَفُلَانًا يەنى پالانى ۋە پالانى ۋە پالانىغا لەنەت قىلغىن» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدى. ئاندىن الله تەئالا {لَيْسَ لَكَ مِنَ الْأَمْرِ شَيْءٌ أَوْ يَتُوبَ عَلَيْهِمْ أَوْ يُعَذِّبَهُمْ فَإِنَّهُمْ ظَالِمُونَ} ***{ئى مۇھەممەد!) ھېچ ئىش (يەنى بەندەلەرنىڭ ئىشلىرىنىڭ تەدبىرى) سىنىڭ ئىختىيارىڭدا ئەمەس، الله تەئالا يا ئۇلارنىڭ (مۇسۇلمان بولسا) تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇر، يا ئۇلار زالىم بولغانلىقى ئۈچۈن (كۇپرىدا چىڭ تۇرسا) ئازابقا دۇچار قىلىدۇر}***. غىچە نازىل قىلدى.

### ئابدۇل مۇتەللىپ ئوغلى ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدا

1623 ـ ئۇبەيدۇللا ئىبنى ئەدىييۇ ئىبنى خىيار رەزىيەللاھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق ئۇ ۋەھشىگە ئېيتتى: ئايا بىزگە ھەمزىنى ئۆلتۈرگەنلىكىڭدىن خەۋەر بەرمەمسەن؟ ئېيتتى ۋەھشى: ھەئە خەۋەر بېرەي، تەھقىق ھەمزە بەدرى كۈنى تۇئەيمە بىننى ئەدى بىننى خىيارنى ئۆلتۈردى، ماڭا مېنىڭ خوجام جۇبەير بىننى مۇتئىم ئېيتتى: تاغامنىڭ ئىنتىقامىغا ھەمزىنى ئۆلتۈرسەڭ سىنى ئازاد قىلىمەن. ئېيتتى ۋەھشى: خالايىقلار ئەينەن يىلى، ئەينەن دېگەن ـ ئۇنىڭ بىلەن ئوھود

ئوتتۇرسىدا بىر ۋادى بار تاغدۇر. يەنى ئوھود يىلى ئۇرۇشقا چىققاندا ئۇلار بىلەن سۇقۇشقا چىقدىم. ئۇلار ئۇرۇشقا سەپ بولغاندا، سەبائ ناملىق بىركىشى چىقىپ، مۇبارىزە قىلىدىغان ئېلىشىدىغان كىشى بارمۇ دىدى. ئۇنىڭغا ھەمزە ئىبنى ئابدۇل مۇتەللىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئېيتتى: ئى سەبائ ! قىزبالىنى خەتنە قىلىدىغان ئۇممى ئەنمارنىڭ ئوغلى، ئاللا غا ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىگە قارشىلىق قىلىۋاتامسەن؟ ئاندىن ھەمزە ئۇ سەبائىغا ھۇجۇم قىلدى. ئاندىن ئۇ سەبائ ئۆتكەن ئاخشامدەك ھالاك (يوق) بولدى. ئېيتتى ۋەھشى: ھەمزەگە تاشنىڭ تەكتىدە مۆكدۇم. ئېيتتى ۋەھشى: ئۇ ھەمزە ماڭا يېقىن كەلگەندە ئۇنىڭغا نەيزەمنى ئاتتىم، ئاندىن نەيزىنى ئۇنىڭ جان يېرىگە قۇيۇۋەدىم، نەيزە ئۇنىڭ ئىككى ساغرىسىدىن چىقدى. ئېيتتى ۋەھشى: ئىش مۇشۇنداق بولدى. ئاندىن خالايىق قايتقاندا مەنمۇ ئۇلار بىلەن قايتتىم، ئاندىن مەككىدە تۇردۇم، ھەتتا مەككىدە ئىسلام ئاشكارا بولدى، ئاندىن تائىپقا چىقدىم، ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەلچى ئەۋەتتىلەر. ئاندىن ماڭا دىيىلدى: تەھقىق ئول جاناب ئەلچىلەرنى كەربىچ يامان كۆرمەيدۇر. ئېيتتى ۋەھشى: مەن ئۇلار بىلەن بىللە چىقتىم، ھەتتا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىغا قەدەم كەلتۈردۇم، ئول جاناب مىنى كۆرۈپ، سەن ۋەھشىمۇ دىدى، ئېيتتىم: ھەئە. ئېيتتى: سەن ھەمزىنى ئۆلتۈردۈڭمۇ؟ ئېيتتىم: ئىش ئۆزلىرىگە يەتكەندەك بولدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: يۈزۈڭنى مەندىن غايىپ قىلىشقا قادىر بولامسەن؟ ئېيتتى ۋەھشى: ئاندىن ھۇزۇرىدىن چىقتىم، ئاندىن ئول جاناب پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەبزى قىلىنغاندىن كىيىن، مۇسەيلىمەتۇل كاززاپ چىقتى. ئېيتتى ۋەھشى: ئاندىن مۇسەيلىمە قېشىغا چىقىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ مۇندىن بۇرۇن ھەمزىنى ئۆلتۈرگىنىمگە مۇكاپات قىلاي دىگەن ئۇمىدۇم بىلەن، خالايىق بىلەن بىللە چىقدىم. ئاندىن

ئۇنىڭ ئىشىدىن بولىدىغان ئىش بولدى (يەنى قاتتىق ئۇرۇش بولدى). بىناگاھ تامنىڭ ئارلىغىدا، گۇياكى كۆلرەڭ تۆگىدەك بېشى چۇگۇق بىر ئادەم ئۆرە تۇرىدۇر، ئۇنى نەيزەم بىلەن ئاتتىم، ئۇ نەيزەمنى ئۇنىڭ ئىككى ئەمچىگى يەنى كۆكسىگە قويىمەن، ھەتتاكى نەيزە ئۇنىڭ ئىككى دۈلىسى ئارلىغىدىن چىقدى. ئىبىتتى ۋەھشى: ئۇنىڭغا ئەنسارىلاردىن بىركىشى سەكرەپ بېرىپ قىلىچ بىلەن چوققىسىغا ئۇردى، (يەنى مۇسەيلىمەنى شۇنداق ئۆلتۈردۈم).

## ئوھود كۈنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەتكەن جاراھەت توغرىسىدا

1624 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىبىتتى: ئۇۆزىنىڭ ئوتتۇر چىشىغا ئىشارەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىگە مۇشۇنداق قىلغان قەۋمىگە الله تەئالانىڭ غەزىۋى قاتتىق بولدى، الله تەئالانىڭ غەزىۋى قاتتىق بولدى، بىر كىشىغكى ئۇنى الله يولىدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆلتۈردۇر.

## الله تەئالاغا ۋە پەيغەمبىرىگە ئىجابەت قىلغان زاتلار توغرىسىدا

1625 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئوھود كۈنى يەتكەن مۇسىبەتلەر يېتىپ، مۇشرىكلار قايتقاندا، ئۇل جاناب رەسۇلۇللاھ مۇشرىكلارنىڭ قايتىپ كېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كىم بېرىپ كۆرۈپ كېلىدۇ؟ دەپ ئىدى، ساھابىلاردىن يەتمىش كىشى ئىجابەت قىلىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەبۇبەكرى ۋە زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار بار.

## خەندەك يەنى ئەھزاب ئۇرۇشى توغرىسىدا

1626 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق بىز خەندەك كۈنى، خەندەك كولاۋاتقىنىمىزدا بىر قاتتىق قۇتقۇ توغرا كېلىپ قالدى. ئۇلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم قېشىغا كىلىپ، خەندەكتە قاتتىق بىر پارچە قۇتقۇ يەر توغرا كىلىپ قالدى دىدىلەر. ئاندىن ئۇل جاناب مەن چۈشكىچىدۇرمەن دەپ قوپتى، ھالئۇلكى قوساغىغا تاش تېڭىقلىق ئىدى، بىز ئۈچ كۈن بىر نەرسە يېمەي-ئىچمەي تۇرغان ئىدۇق. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەيشاڭنى ئېلىپ ئۇ بىر پارچە قاتتىق قۇتقۇنى بىر ئۇرۇپ ئىدى، ئۇ شىر-شىر قۇمغا ئايلاندى.

1627 - سۇلەيمان بىننى سۇرەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئەھزاب كۈنى بىزلەر ئۇلارغا غازات قىلىمىز، ئۇلار بىزلەرگە غازات قىلمايدۇر (كەلمەيدۇر).

1628 - ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق ئېيتار ئىدى: لَاإِلَهَ اِلَّااللّٰهُ وَحْدَهُ اَعَزَّ جُنْدَهُ وَنَصَرَ عَبْدَهُ وَغَلَبَ الْاَحْزَابَ وَحْدَهُ فَلا شَيْءَ بَعْدَهُ ،

**پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەھزابدىن قايتىشى ۋە قەرىزەگە چىقىشى توغرىسىدا**

1629 - ئەبۇسەئىدىل خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: قەۋزە ئەھلى سەئىد بىننى مۇئاز ھۆكمىگە چۈشدى (يەنى سەئىد بىننى مۇئاز قانداق ھۆكمى قىلسا بويسۇنىدىغان بولدى). ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەئىدكە ئەلچى ئەۋەتتى. ئاندىن سەئىد ئېشەكلىك كەلدى، مەسجىدكە يېقىن كەلگەندە، ئۇل جاناب ئەنسارىلەرگە ئېيتتى: ياخشى كىشىڭلەرگە قوپۇڭلار. ئاندىن سەئىدكە ئېيتتى: ئۇلار سىنىڭ ھۆكمىڭگە چۈشتى. پەس سەئىد ئېيتتى: ئۇلارنىڭ ئۇرۇشقۇچىلىرى ئۆلتۈرۈلىدۇر ۋە خوتۇن باللىرى ئەسىر ئېلىنىدۇر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: اللّٰه ئەززى ۋەجەللىنىڭ ھۆكمى بىلەن ھۆكمى قىلدىڭ ۋە تولىمۇ ئېيتتى: پادىشاھنىڭ (يەنى مەلىك تەئالانىڭ) ھۆكمى بىلەن ھۆكمى قىلدىڭ.

## زاتىررىقائ غازىتى توغرىسىدا

1630 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەۋپ ھالىتىدە، زاتىررىپائىدىن ئىبارەت يەتتىنچى غازاتىدا ئەسھابلىرى بىلەن خەۋپ نامىزىنى ئۇقۇدى.

1631 ـ ئەبۇموسا رەزىيەللاھۇ ئىنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن غازاتقا چىقدۇق، بىز ئالتە نەپەر ئادەم ئارىمىزدا نۆۋەتلىشىپ مىنىدىغان بىر تۆگە بار، تاپانلىرىمىز سۆيۈلۈپ نىپىزلەپ كەتتى، مىنىڭ تاپىنىمۇ نىپىزلەر سۆيۈلۈپ كەتتى ۋە تىرناقلىرىم چۈشۈپ كەتتى، پۇتلىرىمىزغا لاتا يۆگىۋالدۇق، ئاندىن زاتىررىقائ (يەنى لاتا يۆگىگەن جەڭ) دەپ ئاتالدى، بىز پۇتلىرىمىزغا لاتىلارنى تېڭىۋالغانلىقىمىز ئۈچۈن.

1632 ـ سەھلى بىننى ئەبىھەشمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە زاتىررىقائ كۈنىدە ھازىر بولغان، خەۋپ نامىزىنى بىللە ئۇقۇغان ساھابىلارنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى. بىر تائىپە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن سەپ بولدى، يەنە بىر تائىپە دۈشمەن تەرەپتە تۇردى. ئاندىن ئۆزى بىلەن بىللە بولغان تائىپە بىلەن بىر رەكئەت ئوقۇدى، ئاندىن ئۆرە تۇردى، ئۇلار ئۆزلىرى نامىزىنى تامام قىلىپ قايتىپ بېرىپ، دۈشمەنگە قارشى سەپ بولدىلەر. يەنە بىر تائىپە كەلدى، ئاندىن ئۇلارغا نامىزىدىن قېپ قالغان بىر رەكئەتنى ئوقۇدى، ئاندىن ئۆرە تۇردى، بۇلارمۇ قېپ قالغان نامىزىنى ئۆزلىرى ئوقۇدى، ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلار بىلەن سالام بەردى.

1633 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق ئۇ زات پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن نەجدى تەرەپتە غازات قىلدى. پەيغەمبەر

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قايتقاندا ئۇلار بىلەن بىللە قايتتى، ئاندىن ئۇلارنى چۈشلۈك ئارام (ئۇخلاش) ۋاقتىدا تىكەنلىك بىر ۋادىدا تاپتى (توغرا كەلدى)، ئۇيەرگە چۈشتى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە خالايىق تىكەنلىكتە دەرەخ سايىسىدا سايىدىغلى تارقالدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەمۇرە دەرىخىنىڭ تەكتىگە چۈشۈپ، دەرەخقە قىلىچىنى ئېسىپ قويغان ئىدى. ئېيتتى جابىر: بىز ئۇيقا ئۇخلىدۇق، بىناگاھ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چاقىرىدۇر، قېشىغا كەلسەك قېشىدا بىر ئەرابى ئولتۇرىدۇر. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: مەن ئۇخلاۋاتسام ماۋۇ ئادەم قىلىچىمنى غىلاپىدىن چىقاردى، ئوغانسام قىلىچ قولىدا يالاڭاچ تۇرىدۇر، ماڭا دىدى: كىم سىنى مەندىن قوغدايدۇر؟ ئېيتتىم: الله . پەس ئاۋۇ شۇ ئولتۇرغۇچىدۇر. ئاندىن جانابى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى جازالىمدى.

## بەنى مۇستەلىق غازىتى توغرىسىدا

1634 ـ ئەبۇسەئەدىل خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بەنى مۇستەلەق غازىتىغا چىقدۇق، ئاندىن ئەرەب باللىرىدىن ئەسىرلەر ئالدۇق، ئاندىن بىزلەر خوتۇنلارنى ئىشتىھا (ئارزۇ) قىلدۇق، بىزلەرگە خوتۇنسىزلىق (تۇللۇق) ئېغىر كەلدى، ئەزلى قىلىشنى (مەنىنى تاشاڭغا تۆكۈشنى) دوس تۇتتۇق، ئاندىن ئەزلى قىلىشنى ئىرادە قىلدۇق، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئارىمىزدا تۇرسا، ئۇنىڭدىن سوراشدىن ئىلگىرى ئەزلى قىلىمىزمۇ دىيىشدۇق، ئاندىن ئول جانابىدىن بۇنى سورىدۇق. پەس ئول زات ئېيتتى: بۇنداق قىلماسلىغىڭلارنىڭ باكى يوقدۇر، قىيامەت كۈنىگىچە بولىدىغان جاندىن بولىدىكەن، ھامان ئۇ جان مەۋجۇت بولىدۇر.

## ئەنمار غازىتىنىڭ بايانى توغرىسىدا

1635 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدى: ئەنمار غازىتىدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئۇلاغى ئۈستىدە، مەشرىق تەرەپكە قاراپ نەپلى ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

**ھۇدەيبىيە غازىتى ۋە الله تەئالانىڭ** {لَقَدْ رَضِيَ اللَّهُ عَنِ الْمُؤْمِنِينَ إِذْ يُبَايِعُونَكَ تَحْتَ الشَّجَرَةِ} **مەنىسى** *{الله تەئالا مۆمىنلەردىن رازى بولدى، (ئى مۇھەممەد!) ئۇزۇۋاقتىدا ئۇلار (ھۇدەيبىيەدە دەرەخ (سايىسىدا) سىزگە بەيئەت قىلدى}*. **سۈرە پەتھى 18 ـ ئايىتى توغرىسىدا**

1636 ـ بەرائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: سىلەر پەتھىنى، پەتھى مەككە دەپ سانايسىزلەر، تەھقىق پەتھى مەككە، پەتھى بولدى ۋە بىزلەر بەيئەت رىزۋاننى پەتھى دەپ سانايمىز. ھۇدەيبىيە كۈنى بىزلەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرمىڭ تۆت يۈز (1400) كىشى ئىدۇق، ھۇدەيبىيە بىر قۇدۇقدۇر، ئۇنىڭ سۈيىنى تارتتۇق بىر قەترە سۇ قالدۇرمىدۇق، بۇ خەۋەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەتتى ۋە قۇدۇق بېشىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە بىر قاچا سۇ چاقىردى، ئاندىن تەھارەت ئالدى، ئاندىن ئاغزىغا سۇ ئېلىپ قاچىنى چاقىردى، ئاندىن ئاغزىدىكى سۇنى قاچىغا تۆكتى، ئاندىن نېرى ياندا ئۇقاچىنى تەرىك قىلدۇق، ئاندىن ئۇقاچا بىز ۋە ئۇلاقلىرىمىز خالىغان سۇنى بىزگە چىقىرىپ بەردى. (يەنى ئىلگىرى بەرگەن سۈيىمىزنى جىقلاپ قايتۇرۇپ بەردى).

1637 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئېيتتى: ھۇدەيبىيە كۈنى بىزلەرگە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: سىلەر زېمىن ئەھلىنىڭ ياخشىراغىدۇرسىلەر دېدى. بىزلەر بىرمىڭ تۆت يۈز (1400) كىشى ئىدۇق. ئەگەر بۈگۈنكى كۈندە كۆزۈم كۆرىدىغان بولسام (ئەما ئىدى)،

ئەلۋەتتە سلەرگە دەرەخنىڭ ئورنىنى كۆرستەر ئىدىم.

1638 ـ سۇۋەيد بىننى نۇئىمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: ئۇ شەجرە ئەسھابىدىن (يەنى بەيئەت رىزۋان) ئەسھابىدىن ئىدى، ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋە ئەسھابلىرىگە تالقان كەلتۈرۈلۈپ، ئۇلار ئۇ تالقاننى ئاغىزلىرىدا چايناپ ئۆمەللىگەن ئىدىلەر. (بۇ ھەدىسىدىن مەقسەت، سۇۋەيد بىننى نۇئىماننى ئەسھاب شەجەرەدىن دېمەكدۇر).

1639 ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق ئۇ زات پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە بىر كېچىدە مېڭىپ كېتىۋېتىپ ئۇل زاتى پاكدىن، ئۆمەر بىر نەرسىدىن سورىدى، ئاندىن ئۇنىڭغا ئۇل زات پاك تاج لولاك جاۋاپ بەرمىدى. ئاندىن يەنە سورىدى، جاۋاپ بەرمىدى. ئاندىن ئۈچۈنچى نۆۋەت يەنە سورىدى، ئاندىن ئۆمەر ئۆزىگە ئېيتتى: يا ئۆمەر ساڭا ئاناڭ يىغلىسۇن، ئۈچ مەررە سوراپ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى تەڭلىك قىلدىڭ، قىستىدىڭ، ھەممىسىدىلا ساڭا جاۋاپ بەرمەيدۇ دەپ، ئۆمەر ئېيتتى: ئاندىن تۆگەمنى ھەركەتلەندۈرۈپ دەپشۈندۈم، ئاندىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئىلگىرلەپ كەتتىم، مىنىڭ ھەققىمدە قۇرئان (ۋەھى) چۈشۈپ قالارمىكىن دەپ قورۇقتۇم. ئاندىن تۇرمىدىمۇ مىنى ئاۋاز قىلىپ چاقىرغۇچىنى ئاڭلىدىم، ئاندىن ئېيتتىم: ئەلۋەتتە مىنىڭ ھەققىمدە قۇرئان نازىل بولدىمىكىن دەپ قورۇقتۇم، ئاندىن جانابى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىغا كىلىپ سالام قىلدىم. ئاندىن ئۇل جاناب ئېيتتى: ئەلۋەتتە ماڭا بۈگۈن كېچە بىر سۆرە نازىل بولدىكى، ئەلۋەتتە ئۇ سۆرە مەن ئۈچۈن پۈتۈن قۇياش چاقناپ تۇلۇۋ قىلغان نەرسىدىن دوسىراقدۇر. ئاندىن قىرائەت قىلدى {وَنَّا فَتَحْنَا لَكَ فَتْحاً مُبِيناً}

1640 ـ مىسۋەر بىننى مەھرەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: ئۆزۋاقىدىدا پەيغەمبەر

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇدەيبىيە يىلى بىرمىڭ نەچچە يۈز ئەسھابلىرى چىقىپ، زىلھۇلەيپەگە كەلگەندە ھەدىيە تۆگەسىگە قىلادە (بولوپكىدەك نەرسە) ئاستى، ئۇنىڭ لوكىسىنى ياردى ۋە شۇيەردىن ئۆمرىگە ئىھرام باغلىدى ۋە ئۆزىنىڭ ئەينى (جاسۇسىنى) ئەۋەتتى خۇزائە قەبىلىسىدىن ۋە ئۇل جاناب پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىڭىپ يۈرۈش قىلىپ، ھەتتاكى ئۇسپانغا يېقىن بىر جايغا كەلگەندە، ئۇنىڭغا كېلىپ قۇرەيىشلەر ئۆزلىرىگە نۇرغۇن قوشۇن توپلاپتۇ ۋە ھەرتۈرلى قەبىلىلەردىن جەمى قىلىپتۇر، ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۇرۇش قىلماقچىدۇر ۋە ئۆزلىرىنى توسماقچى ۋە مەنى قىلماقچى ئىكەن دەپ خەۋەر قىلدى. ئاندىن ئۇل جاناب پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئى خالايىق! ماڭا مەسلىھەت بېرىڭلار، ئايا رەئى مەسلىھەت كۆرستەمسىلەركى، مەن بىزلەرنى بەيتۇللادىن توسۇشنى ئىرادە قىلغان كاپىرلارنىڭ بالا ـ جاقلىرىغا مايىل بولغايمەن، پەس ئەگەر ئۇلار بىزلەرگە كەلسە ﷲ تەئالا مۇشرىكلاردىن جاسۇسنى قەتئى قىلغان بولىدۇر (يەنى بىز جاسۇس ئەۋەتمىگەن بولىمىز)، ئەگەر ئۇلار بىزلەرگە كەلمىسە، ئۇلارنى بالا ـ جاقلىرىدىن مەھرۇب تاشلايمىز (يەنى ئۇلارنى ئەسىر ئولجا ئالىمىز).
ئەبۇبەكرى ئېيتتى: يارەسۇلۇللاھ! مۇشۇ بەيتۇللانى قەست قىلىپ چىقتىڭلا، بىرونى قەتلى قىلىشنى ۋە بىروگە جەڭ قىلىشنى ئىرادە قىلمايدىلا، ئاندىن ئۇل بەيتۇللاغا يۈزلەنسىلە، ئاندىن بىزنى بەيتۇللادىن توسقان كىشى بىلەن ئۇرۇش قىلىمىز. ئېيتتى ئۇل جاناب پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ﷲ تەئالانىڭ ئىسمى بىلەن يۈرۈڭلار.

1641 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق ئۇنى ئاتىسى (ئۆمەر)، ئەنسارىلارنىڭ قېشىدىكى (قۇيۇپ قويغان) ئاتنى ئەپكىلىشكە ئەۋەتتى. ئاندىن ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شەجرە تەكتىدە بەيئەت قىلىۋاتقانلىقىنى تاپتى. ئۆمەر بۇنى

بىلمەيدۇر. ئاندىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بەيئەت قىلدى، ئاندىن ئاتىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنى ئۆمەرگە ئەكىلىپ بەردى. ھالبۇكى ئۆمەر جەڭ كىيىمىنى كىيىپ جەڭگە تەييارلىق قىلىۋاتقان ئىدى، ئاندىن ئابدۇللاھ ئاتىسى ئۆمەرگە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شەجەرە تەگىدە بەيئەت قىلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى، ئاندىن ئۆمەر يۈردى، ئۇمۇ ئاتىسى بىلەن باردى، ھەتتا ئۆمەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بەيئەت قىلدى، ئاندىن مۇشۇ ئەھۋالدا، ئەھقىق ئىبنى ئۆمەر ئاتىسى ئۆمەردىن ئىلگىرى مۇسۇلمان بولدى دەپ خالايىقلار سۆزلىشىۋاتقان ئىشدۇر.

1642 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبى ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدى: بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆمرە قىلغان ۋاقتىدا ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدۇق، ئاندىن ئۇ تاۋاپ قىلدى، ئاندىن بىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن تاۋاپ قىلدۇق، ناماز ئۇقۇدى، بىزمۇ بىللە ناماز ئۇقۇدۇق ۋە ساپا مەرۋە ئوتتۇرىسدا سەئى قىلدى، ئاندىن ئۇنىڭغا بىرەسى زىيان يەتكۈزمىسۇن دەپ ئۇنى مەككە ئەھلىدىن پەردىلىك توسۇپ تۇردۇق.

## زاتى قىرەد غازىتى توغرىسىدا

1643 ـ سەلىمەتە بىننى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: بامدات نامازىغا ئازان ئېيتىلىشتىن ئىلگىرى چىقتىم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈتلۈك تۆگىلىرى زىقىرەد دىگەن جايدا ئوتلاۋاتاتتى. ئېيتتى: ئاندىن ماڭا ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋفىنىڭ غولامى يۇلۇقۇپ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈت تۆگىسى ئېلىپ كىتىلدى دىدى. پەس راۋى ھەدىسنى ئۇزۇنلىغى بىلەن زىكرى قىلدى ۋە ئىلگىرى ئۆتتى. بۇيەردە ھەدىسنىڭ ئاخرىدا ئېيتتى: ئاندىن قايتتۇق ۋە ھالبۇكى مىنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆگىسىگە

مندۇرىدۇر، ھەتتا مەدىنىگە كىردۇق.

## خەيبەر غازىتى توغرىسىدا

1644 ـ سەلىمەتە ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن خەيبەرگە چىقدۇق، كېچىدە قەۋملەردىن بىركىشى ئامىرغا ئېيتتى: ئى ئامىر! بىزلەرگە قوشاقلىرىڭنى ئاڭلاتمامسەن؟ ئامىر شائىر ئىدى. ئاندىن ئۇ تۆگىدىن چۈشۈپ قەۋملەر بىلەن ئۇنى ھايداپ ئېيتىدۇر:

وَثَبِّتِ الاقدَامَ اِنْ لاقينَا ، انَّا اِذَا صِيحَ بِنَا اَبَيْنَا ، وَبِالصِّيَاحِ عَوَّلُوا عَلَيْنَا .

« سەن بولمىساڭ يارەب تاپالمايتۇق ھىدايەت

قىلالماي ناماز ھەم سەدىقە ئىرىشمەيتۇق ئىنايەت

قىل مەغپىرەت بىزلەرگە پىدا بولسۇن ساڭا

جان

تاشلا بىزگە ئاراملىق ھايات بولساق بۇجاھان

سابىت قىلغىن قەدەمنى دۈشمەنگە گەر يولۇقساق

يانمايمىز بىز ئارقىغا گەرچە ئۇندىن دۇدۇقساق ».

ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆگە ھايدىغان كىم دىدى؟ ئۇلار ئېيتىلەر: ئامىر ئىبنى ئەكۋەئ. ئۇل جاناب ئېيتتى: الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن. قەۋملەردىن بىر ئادەم ئېيتتى: شاھادەت ۋاجىب بولدى يارەسۇلۇللاھ، ئۇنىڭ بىلەن بىزلەرگە مەنپەئەت بەرگەن بولسىلا؟ ئاندىن خەيبەرگە كەلدۇق ۋە ئۇلارنى مۇھاسىرىگە ئالدۇق، ھەتتا بىزلەرگە قاتتىق ئاچارچىلىق يەتتى، ئاندىن الله تەئالا خەيبەرنى ئۇلارغا پەتھى قىلدى. ئاندىن خەيبەرنى ئۇلارغا پەتھى قىلىنغان

ئاخشمى كۆپ نۇرغۇن ئوت قالدىلەر. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىمە ئوت بۇ؟ نىمگە ئوت قالاۋاتىسلەر دىدى؟ ئۇلار گۆشكە دىدىلەر. قايسى گۆشكە دىدى؟ ئۇلار يەرلىك ئېشەك گۆشگە دىدىلەر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئۇنى تۆكۈڭلار ۋە قازىننى چېقىڭلار. ئاندىن بىر ئادەم ئېيتتى: يارەسۇلۇللاھ! ئۇنى تۆكۈپ قازاننى يۇۋاتساق بولامدۇ؟ ئېيتتى: ياكى شۇنداق قىلسىمۇ بولىدۇ. ئاندىن سەپ بولغاندا ئامىرنىڭ قىلىچى قىسقا ئىدى، ئۇنىڭ بىلەن يەھۇدىنىڭ پاچىغىغا ئۇرماقچى بولۇپ ئۇرۇۋىدى، ئۇنىڭ قىلىچىنىڭ بىر تەرىپى ئۇ ئامىرنىڭ تىزىنىڭ كۆزىگە تېگىپ ئۇنىڭدىن ئۆلدى. ئېيتتى راۋى: ئۇلار قايتىپ ئىدى، ئېيتتى سەلىمە: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنى كۆردى ۋە ھالئۇلكى مىنىڭ قۇلۇمنى تۇتقۇچىدۇر، ئېيتتى: نىمەدۇر ساڭا؟ ئۇنىڭغا ئېيتتىم: ئاتا-ئانام ئۆزلىرىگە پىدا بولسۇن، ئۇلار تەھقىق ئامىرنىڭ ئەملى نابۇت بولدى دىدىلەر. رەسۇلۇللاھ ئېيتتى: ئۇنداق دىگەن كىشى يالغان ئېيتتى. تەھقىق ئۇنىڭغا ئىككى ئەجرى بار دەپ ئىككى بارمىغى ئوتتۇرسىنى جەمى قىلدى، تەھقىق ئۇ تىرىشقۇچى جىھاد قىلغۇچىدۇر، بۇنىڭغا ئوخشاش ماڭغان ئەرەپ ئاز بولدى دىدى. بىر رىۋايەتتە بۇنداق خىسلەت بىلەن چوڭغان ئەرەپ ئازدۇر.

1645 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كېچىدە خەۋەر كەلدى. بۇ ھەدىس ئىلگىرى ناماز بابىدا ئۆتتى. بۇيەردە راۋى « پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇرۇشقان ئۆلتۈردى (ئەسكەرلەرنى) ۋە بالا-چاقىلىرىنى ئەسىرگە ئالدى» دىگەن رىۋايەتنى زىيادە قىلدى.

1646 ـ ئەبۇموسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەيبەرگە غازات قىلغان ۋاقتىدا، خالايىقلار بىر ۋادىغا تىكىلىپ قاراپ «ئاللاھۇ ئەكبەر

ئاللاھۇ ئەكبەر لائىلاھە ئىللەللاھ» دەپ تەكبىر بىلەن ئاۋازلىرىنى كۆتەردى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزەڭلەرگە رەھمى شەپقەت قىلىڭلار، چۈنكى سىلەر پاك ۋە غايىپقا دۇئا قىلمايسىلەر، تەھقىق سىلەر ئاڭلىغۇچى، سىزلەرگە يېقىن، سىزلەر بىلەن بىللە بولغان زاتقا دۇئا قىلىسىلەر دىدى. مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇلىغىنىڭ ئارقىسدا ئىدىم ۋە مىنىڭ «لاھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللابىللاھ» دىگىنىمنى ئاڭلىدى. ۋە ماڭا ئى ئابدۇللاھ بىننى قەيسى! دىدى، لەببەيكە يارەسۇلۇللاھ ! دىدىم، ئۇل جاناب ئېيتتى: سىنى جەننەتنىڭ مەنزىللىرىدىن بىر مەنزىلگە باشلايمۇ؟ ئېيتتىم: ئارى ـ باشلىسىلا يارەسۇلۇللاھ ! ئاتا ـ ئانام ئۆزلىرىگە پىدا بولسۇن، ئېيتتى: «لاھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللابىللاھ».

1647 ـ سەھلى بىننى سەئد سائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە مۇشرىكلار دۇقۇرۇشۇپ قىلىپ ئۇرۇشدىلەر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىنىڭ ئەسكىرىگە مايىل بولدى ۋە باشقىلارمۇ ئۆز ئەسكەرلىرىگە مايىل بولدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرى ئىچىدە بىر كىشى بارئىدىكى، ئازنى ۋە شازنى قويماي ئەگىشىپ بىرىپ قىلىچى بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرەتتى، بۇ ئادەم كۆپايە قىلغاندەك، بۇگۈن بىزلەردىن ھىچكىم كۆپايە قىلمىدى دىيىلدى، ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئاگاھ بۇلۇڭلاركى، تەھقىق ئۇ دوزاخ ئەھلىدىندۇر. ئاندىن قەۋمىلەردىن بىر كىشى ئېيتتى: مەن ئۇنىڭ ھەمراسىدۇرمەن، ئېيتتى راۋى: ئاندىن ئۇكىشى ھىلىقى كىشى بىلەن بىللە چىقتى، ھەرۋەقتىكى ئۇكىشى تۇرسا ئۇنىڭ بىلەن تۇرىدۇر ۋە يۈگۈرسە ئۇنىڭ بىلەن يۈگۈرىدۇر. ئېيتتى: ئاندىن ھىلىقى كىشى قاتتىق جاراھەتلەندى، ئاندىن ئۆلۈشكە ئالدىرىدى، ئاندىن قىلىچىنى يەرگە قويۇپ ئۇنىڭ تىغ تەرپىنى كۆكسىگە قويۇپ قىلىچغا

ئارتىلىپ ئۆزىنى ئۆلتۈردى. ئاندىن ھەمرا بولغان كىشى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىغا كېلىپ گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، تەھقىق سىلە ئاللاھ تەئالانىڭ ھەق پەيغەمبىرى دۇرلا. ئېيتتى ئول جاناب: بۇ نىمەدۇر؟ ئېيتتى ئول كىشى: ھېلىقى ئۆزلىرى ئۆتكەندە ئۇنى دوزاخ ئەھلى دىگەن ئادەمنى، خالايىقلار بۇئىشنى ناھايىتى چوڭ ساناپ بۇگەپ ئۇلارغا ئېغىر كەلگەن ئىدى. مەن ئېيتتىمكى: مەن سىلەر ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھەمرا دەپ ئۇنىڭ تەلپىدە چىقتىم، ئاندىن ئۇكىشى قاتتىق جاراھەتلەندى، ئاندىن ئۆلۈشكە ئالدىرىدى، قىلىچىنىڭ ئۇچىنى يەرگە سانجىپ تىغ تەرىپىنى كۆكسىگە قارىتىپ، ئۇنىڭغا ئارتىلىپ ئۆزىنى ئۆلتۈردى. ئاندىن شۇ ۋاقتىدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: تەھقىق بىر ئادەم خالايىققا كۆرۈنۈشدە ئەھلى جەننەتنىڭ ئەملىنى قىلىدۇر، ھالئۇلكى ئۇ دوزاخ ئەھلىدىندۇر. تەھقىق بىر ئادەم خالايىققا ئاشكارا بولىشىچە دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەملىنى قىلىدۇر، ھالئۇلكى ئۇ جەننەت ئەھلىدىندۇر.

1648 ـ ۋە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئى بىلال! قوپ ئېلان قىلغىنكى، جەننەتكە مومىندىن باشقا كىشى كىرمەيدۇر، تەھقىق ئاللاھ تەئالا «دىن»نى پاسىق پاجىر ئادەم بىلەن كۈچلەندۈرىدۇر.

1649 ـ سەلمەتە بىننى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: خەيبەر كۈنى پاچىقىمغا قاتتىق ئۇرۇلدى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىغا كەلدىم، ئۇنىڭغا ئۈچ قېتىم تۈكۈرۈپ قويدى، ئاندىن ھازىرقى سائەتكىچە ئاغرىق ھىس قىلمىدىم.

1650 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپىيەنى ئەمرىگە ئېلىپ ئۇنىڭغا داخىل بولۇپ، خەيبەر ۋە مەدىنە ئوتتۇرىسىدا ئۈچ كېچە تۇردى، ئاندىن ئۇنىڭ توي زىياپىتىگە مۇسۇلمانلارنى چاقىردىم، ئۇ تويدا نان ۋە گۆش بولمىدى ۋە ئۇنىڭدا ھىچ

نەرسە بولمىدى، مەگەرلا بىلالنى داستىخانغا بۇيرىدى، داستىخان سېلىندى، ئۇنىڭغا خورما ۋە قۇرۇت ـ سۆزمە ۋە ياغ تاشلاندى، ئاندىن مۇسۇلمانلار بۇ سەپىيە مۆمىنلەر ئانىلىرىدىنمۇ ياكى ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ قولى ماللىك بولغان قۇللىرىدىنمۇ؟ دېيىشتى، ئېيتتىلەر: ئەگەر ئۇل جاناب ئۇل سەپىيەنىڭ يۈزىنى ياپتۇرسا، ئاندىن ئۇ مۆمىنلەر ئانىلىرىنىڭ بىرىدۇر، ئەگەر ئۇنى مەستۇرە قىلمىسا، ئاندىن ئۇ سەپىيە قۇللاردىندۇر. ئاندىن قوزغۇلۇپ كۆچمەكچى بولغاندا ئۇلاغنىڭ ئارقىسىدا سەپىيەگە ئورۇن راسلاپ پەردىنى سوزدى (يەنى يۈزىنى ياپتۇردى).

1651 ـ ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەيبەر كۈنى ئاياللارنى ۋاقىتلىق نىكاھىغا ئېلىشتىن ۋە يەرلىك ئېشەكلەرنى يېيىشتىن چەكلىدى.

1652 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەيبەر كۈنى ئاتلىق ئەسكەرگە ئىككى ئۈلۈش ۋە پىيادە ئەسكەرگە بىر ئۈلۈش غەنىمەت تەقسىم قىلىپ بەردى.

1653 ـ ئەبۇموسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: بىز يەمەندىكى ۋاقتىدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چىقىش (پەيغەمبەر ئېبەرلىش ياكى ھىجرەت) خەۋىرى بىزلەرگە يەتتى. ئاندىن ئۇنىڭغا ھىجرەت قىلغان ھالىتىدە مەن ۋە ئىككى قېرىندىشىم چىقدۇق، مەن ئۇلارنىڭ كىچىكراقى، ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى ئەبۇبۇردە ۋە يەنە بىرى ئەبۇ رۇھمىدۇر. قەۋمىمدىن ئەللىك ئۈچ كىشىنىڭ ئىچىدە كېمىگە چىقدۇق، ئاندىن بىزنى كېمە ھەبەشىستاندىكى نەجاشىغا تاشلىدى، ئاندىن جەپەر ئىبنى ئەبۇتالىپنى تاپتۇق، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن ھەممىمىز بىللە ئىقامەت قىلدۇق. ئاندىن خەيبەرنى پەتھى قىلغاندا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى تاپتۇق ۋە

خالايىقتىن بىرمۇنچە كىشىلەر بىزلەرگە (يەنى كېمە ئەھلىگە ئېتىشار ئىدى، سىزلەردىن بىز ھىجرەت بىلەن ئالدىڭلارغا ئۆتتۇپ كەتتۇق ۋە ئەسما بىنتى ئۇمەيسى، ئۇ بىزلەر بىلەن ھەبەشىستاندىن كەلگەن ئىدى، ئۇ ھەپسە قېشىغا زىيارەت قىلىپ كىردى، ئۇ نەجاشىغا ھىجرەت قىلغان كىشىلەر ئىچىدە ھىجرەت قىلغان ئىدى. ئۆمەر ھەپسەنىڭ قېشىغا كىردى ۋە ئەسما ھەپسەنىڭ قېشىدا ئىدى. ئاندىن ئۆمەر ئەسمانى كۆرگەندە كىم بۇ دىدى؟ ئېيتتى ھەپسە: بۇ ئەسما بىنتى ئۇمەيسدۇر. ئېيتتى ئۆمەر: ھەبەشلىكمۇ بۇ، دېڭىزلىقمۇ بۇ؟ ئېيتتى ئەسما: ھەئە شۇنداق. ئېيتتى ئۆمەر: بىز سىزلەرگە ھىجرەت بىلەن ئىلگىرى بولدۇق، بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سىزلەردىن ھەقراقدۇرمىز. ئاندىن ئەسما غەزەپلەندى ۋە ئېيتتى: ئانداق ئەمەس، سىلەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئاچقالغانلىرىڭلارغا تائام بېرىدۇر ۋە نادانلىرىڭلارغا نەسھەت قىلىدۇ ۋە بىزلەر ھەبەشىستاندىكى يىراق دۈشمەنلىك دىياردا ياكى زېمىندا بولدۇق، بۇنداق بۇلۇش الله ھەققىدە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ھەققىدە بولدى، قەسەم الله غىكى تائام يېمەيمەن ۋە شاراب ئىچمەيمەن، ھەتتاكى سەن دىگەن سۆزنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە زىكرى قىلمەن، بىز ئازار بېرىلىدىغان ۋە قورقۇتۇلىدىغان ئىدۇق، بۇنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە زىكرى قىلىپ ئۇنىڭدىن سورايمەن، ۋەللاھۇ يالغان ئېيتمايمەن ۋە مايىل بولمايمەن ۋە بۇ گەپكە زىيادە قىلمايمەن. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەلگەندە ئەسما ئېيتتى: ئى نەبىيۇللاھ ! تەھقىق ئۆمەر مۇنداق-مۇنداق دىدى. ئاندىن ئۇل جناب ئېيتتى: ئۇنىڭغا نىمە دىدىڭ؟ ئېيتتىم: ئۇنىڭغا مۇنداق-مۇنداق دىدىم. ئېيتتى ئۇل جاناب: ماڭا سىلەردىن ھەقراق كىشى يوق، ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ ئەسھابلىرىگە بىر ھىجرەت باردۇر، ئى كېمە ئەھلىلىرى! سىلەرگە ئىككى ھىجرەت باردۇر.

1654 ـ ئەبۇموسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: تەھقىق مەن ئەشئەرىلەر رەپىقلىرىنىڭ ئاۋازلىرىنى قۇرئان بىلەن تونۇيمەن، ئۇلار كېچىدە كىرگەندە ئۇلارنىڭ مەنزىللىرىنى، ئۇلارنىڭ قۇرئان بىلەن ئاۋازلىرىدىن كېچىدە تونۇيمەن، ئەگەرچە ئۇلارنىڭ كۈندۈزدە چۈشكەن جايلىرىنى كۆرمىگەن بولساممۇ ۋە ئۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر ھەكىم، ۋەقتىكى ئاتلىق ئەسكەرلەرگە يولۇقسا ياكى ئېيتتى دۈشمەنگە يولۇقسا ئۇلارغا ئېيتار ئىدى: تەھقىق مىنىڭ ئەسھابلىرىم سىلەرنى ئۇلەرگە مۇنتەزىر بولۇپ تۇرۇشۇڭلارغا بۇيرۇيدۇر.

1655 ـ ئەبۇموسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىغا كەلدۇق، خەيبەرنى پەتھى قىلغاندىن كىيىن، ئاندىن بىزلەرگە غەنىمەتدىن تەقسىم قىلىپ بەردى، بىزدىن باشقا پەتھگە ھازىر بولمىغان ھىچكىمگە تەقسىم قىلمىدى.

## قازا ئۆمرىسى توغرىسىدا

1656 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەجگە ئىھرام باغلىغان ھالدا مەيمۇنەگە ئۆيلەندى، ئىھرامدىن چىققاندا ئۇنىڭغا داخىل بولدى ۋە ئۇ مەيمۇنە سەرىپتا ۋاپات بولدى.

## شام زىمىنىدىن مۇئتە غازىتى توغرىسىدا

1657 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇئتە غازىتىدا زەيد ئىبنى ھارىسەنى ئەسكەر باشلىغى قىلدى، ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئەگەر زەيد قەتلى قىلىنسا، ئاندىن جەپەر ئەمىر (باشلىق). ئەگەر جەپەر ئۆلتۈرۈلسە، ئاندىن ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە ئەمىر (باشلىق). ئىبنى ئۆمەر ئېيتتى:

مەن ئۇلارنىڭ ئىچىدە شۇغازاتدا بارئىدىم. ئاندىن جەپەر ئىبنى ئەبۇتالىبنى تەلەپ قىلىپ ئۇنى شېھىد قىلىنغانلار ئىچىدە تاپتۇق، ئۇنىڭ بەدىنىدە توقسان نەچچە نەيزە سانجىلغان ۋە قىلىچ ئۇرۇلغان يەرنى تاپتۇق.

## پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇسامە ئىبنى زەيدنى ھەرقاتقا ئەۋەتكەنلىكى توغرىسىدا

1658 ـ ئۇسامە ئىبنى زىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزلەرنى ھۇرەقەگە ئەۋەتتى. ئاندىن سەھەردە قەۋملەرگە بېرىپ ئۇلارنى چېكىندۇردۇق، مەن ئەنسارىدىن بىر كىشى، ئۇلاردىن بىر كىشىگە لاھىق بولدۇق. ئاندىن ئۇنى ئوراپ ئالغىنىمىزدا ئۇ «لائىلاھە ئىللەللاھ» دېدى. ئاندىن ئەنسارى ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، ئاندىن مەن ئۇنىڭغا نەيزەمنى سانجىپ ئۇنى ئۆلتۈردۈم، ئاندىن يېنىپ قەدەم كەلتۈرگىنىمىزدە بۇ خەۋەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەتتى. ئاندىن ئېيتتى: ئى ئۇسامە! ئۇ «لائىلاھە ئىللەللاھ» دېگەندىن كېيىنمۇ ئۇنى ئۆلتۈردۈڭمۇ؟ ئېيتتىم: ئۇ پاناقاپ (قۇتۇلۇش ئۈچۈن) شۇنداق دېدى. ئاندىن ئۇل جاناب ئۇ سۆزنى ھەمىشە تەكرارلايدۇر، ھەتتاكى ئارزۇ قىلدىمكى شۇكۈندىن ئىلگىرى مۇسۇلمان بولمىغان بولسام بولار ئىكەن دەپ.

1659 ـ سەلىمەتە ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن يەتتە مەررە غازات قىلدىم، ئەۋەتكەن قوشۇنلار ئىچىدە توققۇز قېتىم غازاتقا چىقتىم، بىر مەررە بىزلەرگە ئەبۇبەكرى ۋە بىر مەررە بىزلەرگە ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالەر ئەمىر بولدى.

## رامىزاندا پەتھى غازىتى توغرىسىدا

1660 ـ ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامىزاندا مەدىنىدىن چىقتى، ئۆزى بىلەن ئون مىڭ كىشى بىللە، بۇ ئىش ئۇل جاناب مەدىنىگە قەدەم كەلتۈرگەندىن كېيىن سەككىز يېرىم ژىل بېشىدا بولغان، ئاندىن ئۇ زات ئۆزى بىلەن بىرگە مۇسۇلمانلاردىن مەككىگە ئۆزى ۋە ئۇلار روزا تۇتقان ھالدا ماڭدى، ھەتتاكى كەدىدقا (جاي ئىسمى) يەتتى، ئۇ ئۇسپان بىلەن قۇدەيد ئوتتۇرسىدىكى سۇدۇر، شۇيەردە ئۆزى ۋە ئۇلار ئىپتار قىلدى.

1661 ـ ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامىزاندا ھۇنەيىنگە چىقتى، خالايىق خىلمۇ ـ خىل بولۇپ، روزا تۇتقۇچىمۇ ۋە ئىپتار قىلغۇچىمۇ بار، ئاندىن ئۇل جاناب ئۇلاغى ئۈستىدە رۇس تۇرۇپ سۈت ياكى سۇدىن بىر قاچا چاقىرىپ ئۇنى ئالقىنىغا ياكى ئۇلاغى ئۈستىگە قويۇپ خالايىققا قارىدى، ئاندىن ئىپتار قىلغۇچىلار روزا تۇتقۇچىلارغا ئىپتار قىلىڭلار دىدى.

**پەتھى كۈنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بايراقنى قايەردە تىكلىگەنلىگى توغرىسىدا**

1662 ـ ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەتھى يىلى سەيرى قىلغانلىق خەۋىرى قۇرەيشكە يەتكەندە، ئەبۇسۇپيان ۋە ھەكىم بىننى ھىزام بۇدەيل بىننى ۋەرقائ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن خەۋەر تەلەپ قىلىپ چىقدى. ئاندىن ئۇلار سەيرى قىلىشقا يۈزلەندى، ھەتتا ئۇلار مەررالزەھرانغا كەلدى. ئاندىن ئۇلار گۇياكى ئەرپە ئۇتلاردەك ئوتلارنى كۆردى. ئاندىن ئەبۇسۇپيان ئېيتتى: نىمە بۇ گۇيا ئەرپە ئوتلاردەك؟ ئاندىن بۇدەيل بىننى ۋەرقائ ئېيتتى: بەنى ئەمرۇنىڭ ئوتلارىدۇر. ئەبۇسۇپيان ئېيتتى: ئەمرۇ بۇنىڭدىن ئازراقدۇر. ئاندىن ئۇلارنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەمنىڭ كۆزەتچىلىرىدىن بىرمۇنچە كىشىلەر كۆرۈپ ئۇلارنى تىپىپ تۇتۇۋېلىپ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەلدى. ئاندىن ئەبۇسۇپيان ئىسلام كەلتۈردى. ئاندىن ئۇل جاناب سەيرى قىلىپ ماڭىدىغاندا ئاbباسقا ئېيتتى: ئەبۇسۇپيانىنى ئات قىستىلىپ ئۆتىدىغان سوڭگۇشتە توختاتقىن، ھەتتا ئۇ مۇسۇلمانلارغا نەزەر قىلغاي (كۆرگەي). ئاندىن ئۇنى ئاbباس رەسۇلۇللاھ دىگەن جايدا توختاتتى، ئاندىن قەبىلىلەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن توپ-توپ ئەسكەرلەر بولۇپ ئەبۇسۇپيانغا ئۆتتى، ئاندىن بىر ئەسكەر توپى ئۆتتى. ئېيتتى ئەبۇسۇپيان: ئى ئاbباس نىمە بۇ؟ ئېيتتى ئاbباس: بۇ غىپار قەبىلىسى. ئېيتتى ئەبۇسۇپيان: يوق ماڭا ۋە غىپارغا (يەنى ئارىمىزدا ئۇرۇش يوق). ئاندىن جۇھەينە قەبىلىسى ئۆتتى. ئەبۇسۇپيان يەنە شۇنداق دىدى. ئاندىن سەئىد بىننى ھۇزەم قەبىلىسى ئۆتتى. ئاندىن ئۇ يەنە شۇنداق دىدى. ئاندىن ئۇنىڭ ئوخشىشى كۆرۈلمىگەن بىر قوشۇن ئەسكەر ئۆتتى. ئەبۇسۇپيان كىم بۇ دىدى؟ ئاbباس ئېيتتى: ئۇلار ئەنسارلاردۇر، ئەمىرى سەئىد ئىبنى ئۇبادە، ئۇنىڭ بىلەن بايراق بار. ئاندىن سەئىد ئىبنى ئۇبادە ئېيتتى: بۈگۈن مەلھەمە كۈندۇر يەنى جەڭ كۈندۇر، كەبە بۈگۈن ھالال قىلىنىدۇر. ئاندىن ئەبۇسۇپيان ئېيتتى: ئى ئاbباس نىمە دىگەن ياخشى ھالال كۈنى. ئاندىن بىر ئەسكەر توپى كەلدى، ئۇ ھەممە توپ ئەسكەرلەردىن ئازراقدۇر، ئۇنىڭ ئىچىدە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ئەسھابلىرى بار ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بايرىقى زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام بىلەندۇر، ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇسۇپيانغا ئۆتتۈپ ئىدى، ئۇ ئېيتتى: سەئىد ئىبنى ئۇبادە ئېيتقان نەرسىنى بىلمىدىڭمۇ؟ ئېيتتى ئۇل جاناب: سەئىد يالغان ئېيتتى، لىكىن بۈگۈن اللە تەئالانىڭ كەبىسىنى تازىم قىلىدىغان كۈندۇر ۋە كەبىگە يوپۇق يېپىلىدىغان كۈندۇر. ئېيتتى راۋى: پەيغەمبەر

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بايرىغنى ھەجۇنغا قاداشنى بۇيرىدى. ئاندىن ئابباس زۇبەيرگە ئېيتتى: ئى ئابا ئابدۇللاھ بايراقنى مۇشۇ يەرگە قاداشقا سىنى بۇيرىدى. ئېيتتى راۋى: شۇكۈنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خالىد ئىبنى ۋەلىدنى مەككىنىڭ يۇقۇرىسىدىن گەدائىدىن كىرىشكە بۇيرىدى ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۇدادىن كىردى ۋە شۇكۈنى خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ ئاتلىق ئەسكىرىدىن ئىككى ئادەم ھۇبەيشى ىبنى ئەشئەر بىلەن كۇرزى بىننى جابىرفەھرى ئۆلتۈرۈلدى.

1663 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەپپەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى مەككە پەتھى كۈنى تۆگىسى ئۈستىدە سۈرە پەتھنى ياندۇرۇپ ئۇقۇغانلىغىنى كۆردۇم ۋە ئېيتتى: خالايىق ئەتراپىمغا يىغىلىۋالمايدىغان بولسا، ئۇل جاناب تەرجىئ (قايتۇرۇپ) ئۇقۇغاندەك تەرجىئ قىلىپ ئۇقۇپ بېرەتتىم.

1664 ـ ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەتھى كۈنى مەككىگە كىردى، ھالئۇلكى بەيتۇللاھ ئەتراپىدا (ئىچىدە) 360 (ئۈچيۈز ئاتمىش) بۇت بار ئىدى، ئۇ بۇتنى قولىدىكى ياغاچ بىلەن سانجىپ ئېيتتىدۇر: {جَاءَ الْحَقُّ وَزَهَقَ البَا□ِلُ} {**_ھەق (يەنى ئىسلام) كەلدى ۋە باتىل يوقالدى_**} (سۈرە ئىسرا 81 ـ ئايەت). {قُلْ جَاءَ الْحَقُّ وَمَا يُبْدِئُ البَا□ِلُ وَمَا يُعِيدُ} {**_ئېيتقىنكى، «ھەق (يەنى ئىسلام) كەلدى (باتىل يوقالدى)، باتىل (بىرەر مەخلۇقاتنى) پەيدا قىلالمايدۇ، (يوقالغان بىرەر مەخلۇقنى) ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيدۇ»_**} (سۈرە سەبەئ 49 ـ ئايەت).

1665 ـ ئەمرۇ ئىبنى سەلمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: بىز خالايىق ئۆتىدىغان جايدا ئىدۇق، كارۋانلار بىزلەرگە ئۆتەرئىدى، ئۇلاردىن خالايىققا نىمە بولدى؟ خالايىققا نىمە

بولدى؟ بۇ نىمە ئادەم؟ دەپ سورايتۇق. ئاندىن ئۇلار ئېيتىدۇلەر: بۇكىشى گۇمان قىلىدۇر، الله ئۇنى پەيغەمبەر قىلدى، ئۇنىڭغا ۋەھى ئەۋەتتى ياكى الله مۇنداق ۋەھى ئەۋەتتى دەپ، ئاندىن مەن شۇ سۆزنى يادا ئېلىۋالاتتىم گۇياكى قۇرئان دىلىمدا توختايدۇر. ئەرەپلەر پەتھىدىن ئىلگىرى ئىسلام كەلتۈرۈشلىرىنى كۈتۈپ تۇرغان ئىدى، ئېيتىدۇلەر: ئۇكىشىنى ئۆز قەۋمى بىلەن قويۇڭلار، پەس ئەگەر ئۇلار غەلبە قىلسا ئۇ راس پەيغەمبەردۇر. ئاندىن ئەھلى پەتھى ۋەقەئەسى بولۇپ ئىدى، ھەربىر قەۋمى ئۆزلىرى ئىسلام كەلتۈرگىلى ئالدىراشتى ۋە ئاتامىۇ ئۆز قەۋمىلىرىنىڭ ئىسلام كەلتۈرۈشىدىن ئالدىراپ ئىلگىرى ئىسلام كەلتۈردى. ئاندىن يېنىپ كەلگەندە ئېيتتى: مەن ۋەللاھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىدىن ھەققەن كەلدىم. ئاندىن ئۇ زات پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ماۋۇ نامازنى پالانى ۋاختىدا، ئاۋۇ نامازنى پالانى ۋاختىدا ئۇقۇڭلار، ئاندىن ناماز ۋاختى ھازىر بولغاندا بىرىڭلار ئەزان ئېيتسۇن، قۇرئاننى كۆپ بىلىدىغىنىڭلار سىزلەرگە ئىمام بولسۇن. ئاندىن قەۋمىلەر قاراشتى، ئاندىن مىنىڭدىن قۇرئاننى كۆپ بىلىدىغان ھېچكىم بولمىدى، مەن كارۋانلاردىن قۇرئان ئۆگىنىۋالغىنىم ئۈچۈن، ئاندىن مىنى ئۇلار (نامازدا) ئالدىلىرىغا ئۆتكۈزدى، ھالئۇلكى مەن ئالتە ياكى يەتتە ياش دۇرمەن، مىنىڭ ئۇستۇمدە بىر كىيىم بار ئىدىكى سەجدە قىلسام يىغلىپ قالاتتى. ئاندىن مەھەللىدىن بىر خوتۇن ئېيتتى: بىزدىن قارىلىرىڭلارنىڭ ئەۋرىتىنى ياپىماسىزلەر؟ ئاندىن قەۋمىلەر رەخ سېتىۋىلىپ ماڭا كۆينەك كىسىپ تىكىپ بەردىلەر، مەن ئاشۇ كۆينەككە خوش بولغىنىمدەك بىرنەرسىگە خوش بولمىدىم.

**الله تەئالانىڭ** {وَيَوْمَ حُنَيْنٍ إِذْ أَعْجَبَتْكُمْ كَثْرَتُكُمْ فَلَمْ تُغْنِ عَنْكُمْ شَيْئاً وَضَاقَتْ عَلَيْكُمُ الأَرْضُ بِمَا رَحُبَتْ ثُمَّ وَلَّيْتُمْ مُدْبِرِينَ (25) ثُمَّ أَنْزَلَ اللَّهُ سَكِينَتَهُ عَلَى رَسُولِهِ وَعَلَى الْمُؤْمِنِينَ وَأَنْزَلَ جُنُوداً لَمْ تَرَوْهَا وَعَذَّبَ

الَّذِيْنَ كَفَرُوا وَذَٰلِكَ جَزَاءُ الكَافِرِيْنَ (26) ثُمَّ يَتُوبُ اللَّهُ مِنْ بَعْدِ ذَٰلِكَ عَلَىٰ مَنْ يَشَاءُ وَاللَّهُ غَفُورٌ رَحِيْمٌ (27)} مەنىسى: {الله تەئالا سىلەرگە نۇرغۇن جەڭ مەيدانلىرىدا ۋە ھۇنەيىن كۈنىدە (يەنى جەڭدە) ھەقىقەتەن ياردەم بەردى، ئەينى ۋاقىتتا سانىڭلارنىڭ كۆپلىكىدىن خوشاللىنىپ كەتتىڭلار (يەنى بۈگۈن بىزنىڭ سانىمىز كۆپ مەغلۇپ بولمايمىز دېدىڭلار، بۇ چاغدا سىلەرنىڭ سانىڭلار 12 مىڭ، دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ سانى تۆت مىڭ ئىدى)، سانىڭلارنىڭ كۆپلىكى سىلەرگە قىلچە ئەسقاتمىدى، (قاتتىق قورققىنىڭلاردىن) كەڭ زېمىن سىلەرگە تار تۇيۇلدى، ئاندىن (مەغلۇپ بولۇپ رەسۇلۇللاھنى ئازغىنا مۆمىنلەر بىلەن تاشلاپ) ئارقاڭلارغا قاراپ قاچتىڭلار، ئاندىن الله تەئالا پەيغەمبىرىگە ۋە مۆمىنلەرگە (مەرھەمەت قىلىپ) خاتىرجەملىك بېغىشلىدى، سىلەرگە قوشۇنلارنى (يەنى سىلەرگە ياردەمگە پەرىشتىلەرنى) چۈشۈردى، ئۇلارنى سىلەر كۆرمىدىڭلار (ئۇنىڭ بىلەن سىلەر غەلىبە قىلدىڭلار)، الله كاپىرلارنى (ئۆلتۈرۈش ۋە ئەسىرگە ئېلىش بىلەن) ئازابلىدى، كاپىرلارنىڭ جازاسى ئەنە شۇ، شۇنىڭدىن كېيىن الله خالىغان ئادەمگە تەۋبىنى نېسىپ قىلىدۇ (يەنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە تەۋپىق بېرىدۇ)، الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە ناھايىتى مېھرىباندۇر}. (سۈرە تەۋبە 25 ـ 27 ـ ئايەت) توغرىسىدا

1666 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەۋپا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق ئۇنىڭ قولىدا ئۇرۇلغان بىر ئىز بار ئىدى، ئۇ ئېيتتى: ئۇ ئۇرۇشنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ھۇنەيىن كۈنى ئۇرۇلغان ئىدىم.

## ئەۋتاس غازىتى توغرىسىدا

1667 ـ ئەبۇموسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇنەيىن غازىتىدىن پارىغ بولغان ۋاقىتتا ئەبۇئامىرنى ئەسكەر باشلىق قىلىپ ئەۋتاسغا

ئەۋەتتى، ئاندىن ئۇلارغا يەتتى، ئاندىن دۇرەيدى بىننى سىممەگە ئۇشقاشدى، ئاندىن دۇرەيدى ئۆلتۈرۈلدى، اللە تەئالا ئۇنىڭ ئەسھابلىرىنى چىكىندۈردى. ئېيتتى ئەبۇموسا: مىنى ئەبۇئامىر بىلەن ئەۋەتكەن ئىدى، ئاندىن ئەبۇئامىرنىڭ ئىككى تىزىغا ئوق ئېتىلدى، ئۇنى جۇشەيمى ئوق بىلەن ئېتىپ ئوقنى ئۇنىڭ ئىككى تىزىدا توختاتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا يىتىپ بېرىپ ئى تاغا سىنى كىم ئاتتى دىدىم؟ ئاندىن ئەبۇموساغا (يەنى ماڭا) ئىشارەت قىلىپ ئۇشۇ مىنى ئاتقان قاتىلىم دىدى. ئاندىن ئۇنى قەست قىلىپ ئۇنىڭغا يىتىشدىم، ئۇ مىنى كۆرۈپ ئارقىغا قاشتى، ئۇنىڭغا ئەگەشتىم ۋە ئۇنىڭغا ئايا ھايا قىلمامسەن؟ ئايا سابىت بولمامسەن؟ دىدىم، ئاندىن يىغىلدى (مېڭىشدىن ياكى تاجاۋۇزدىن)، ئاندىن قىلىچ بىلەن ئىككى مەررە ئۇرۇشنى ئىختىلاپ قىلدۇق، ئاندىن ئۇنى ئۆلتەردىم، ئاندىن ئەبۇئامىرغا ئېيتتىم: اللە تەئالا سىنىڭ ساھىبىڭنى ئۆلتەردى. ئېيتتى ئەبۇئامىر: ماۋۇ ئوقنى تارتىۋاتقىن، ئۇنى تارتتىم ئۇنىڭدىن سۇ چىقتى. ئۇ ئېيتتى: ئى بۇرادىرىمنىڭ ئوغلى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سالام ئېيتقىن ۋە ئۇنىڭغا ئېيتقىن ماڭا ئىستىغپار ئېيتسۇن ۋە ئەبۇئامىر مىنى خالايىققا خەلىپە قىلدى دىگىن، ئاندىن ئازراق تۇرۇپ ئۆلدى. ئاندىن قايتىپ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قېشىغا كىردىم، ئۇيىدە خورما قوزىغى بىلەن تۇقۇلغان كارۋاتتا ئۇستىدە ئىكەن، ئۇ كارۋات ئۇستىدە كۆرپە بار، تەھقىق كارۋاتنىڭ قىرغاقى ئۇچۇسىغا ۋە ئىككى بىقىنىغا پىتىپ ئىز چىقىرىپتۇر، ئۇنىڭغا بىزنىڭ خەۋەرىمىزنى ۋە ئەبۇئامىرنىڭ خەۋىرىنى خەۋەر قىلدىم ۋە ئېيتتىم: ئۇ رەسۇلۇللاھغا ئېيتقىن ماڭا ئىستىغپار ئېيتسۇن دەپ. ئۇل جاناب تەھارەت سۇيىي ئەكەلتۈرۈپ تەھارەت ئالدى، ئاندىن ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ ئېيتتى: «ئى اللە ! ئۇبەيدى ئەبۇئامىرغا مەغپىرەت قىل»، ئۇ زاتنىڭ قولتۇغىنىڭ ئاقلىغىنى كۆردۇم (يەنى ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى). ئاندىن ئېيتتى:

«ئى الله ! ئۇنى قىيامەت كۈنى خالايىق ئىچىدىن سىنىڭ خەلقىڭنىڭ كۆپلىرىنىڭ ئۈستىدە قىلغىن». ئاندىن ئېيتتىم: ماڭىمۇ ئىستىغپار ئېيتسىلا؟ ئاندىن ئېيتتى: «ئى الله ! ئابدۇللاھ ئىبنى قەيسكە مەغپىرەت قىلغىن، ئۇنى قىيامەت كۈنى كەڭرى ئورۇنغا كىرگۈزگىن».

## سەككىزىنچى يىلى شەۋۋالدىكى تائىپ غازىتى توغرىسىدا

1668 ـ ئۇممى سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قېشىمغا كىردى، ھۇزۇرۇمدا بىر مۇخەننەس (ئىككى جىنسلىق كىشى) بار ئىدى. ئۇنىڭدىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇر: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇمەييەگە: ئى ئابدۇللاھ ! قارىمامسەن الله تەئالا سىلەرگە تائىپنى پەتھى قىلسا سەن غەيلاننىڭ قىزىنى لازىم تۇت، پەس تەھقىق ئۇ قىز تۆت بىلەن ئالدىغا قارايدۇر ۋە سەككىز بىلەن ئارقىغا ماڭىدۇر (يەنى ئالدى تۆت قاتلاش ۋە ئارقىسى سەككىش قاتلاش، سىمىزلىكىدىن). پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئۇلار سىلە ئاياللار قېشىغا كىرمىسۇن. (مەقسەت ئابدۇللاھ ۋە ئۇممى سەلىمە تائىپ مۇھاسىرىسىگە قاتناشقان).

1669 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تائىپنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، ئۇلاردىن بىر نەرسىگە يېتالمىغاندا (ئىرىشالمىغاندا) ئېيتتى: بىز ئىنشائاللاھ قايتۇرغۇچىدۇرمىز، ئاندىن بۇ سۆز ساھابىلارغا ئېغىر كەلدى ۋە ئېيتتىلەر: ئۇ تائىپنى پەتھى قىلماي كېتىمىزمۇ؟ ۋە ئېيتتى بىر مەررە : قايتىمىز. پەس ئېيتتى ئول جاناب: ئۇرۇشقا ئەتە ئەتىگەن چىقىڭلار. ئاندىن ئەتىگەن چىقتى، ئاندىن ئۇلەرگە جاراھەت يەتتى. ئاندىن ئول جاناب ئېيتتى: تەھقىق بىز ئىنشائاللاھ ئەتە قايتقۇچىدۇرمىز. ئاندىن بۇ سۆز ئۇلارنى خۇرسەن قىلدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈلدى.

1670 ـ سەئىد ۋە ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدۇقكى ئېيتىدۇر: كىشىكى بىلىپ تۇرۇپ ئۆز ئاتىسىنىڭ غەيرىگە داۋا قىلسا (يەنى ئاتىسىدىن تانسا)، جەننەت ئۇكىشىگە ھارامدۇر.

1671 ـ ۋە بىر رىۋايەتتە، ئەمما ئىككىسىنىڭ بىرى (يەنى سەئىد ۋە ئەبۇبەكرىنىڭ بىرى)، ئاندىن خۇدا يولىدا ئوق ئاتقان كىشىنىڭ ئەۋۋەلىدۇر، ئەمما يەنە بىرى خالايىق ئىچىدە تائىپنىڭ قورغانىدىن ساڭگىلاپ چۈشۈپ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كەلگەن كىشىدۇر. بىر رىۋايەتتە، تائىپدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قېشىغا چۈشكەن يىگىرمە ئۈچ ئادەمنىڭ ئۈچۈنچىسىدۇر.

1672 ـ ئەبۇموسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھوزۇرىدا بار ئىدىم، ئۇ زات بىلال بىلەن بىللە مەككە ۋە مەدىنە ئارلىغىدىكى جەئىررانەگە چۈشكەندە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قېشىغا بىر ئەرابى كەلدى. ئاندىن ئېيتتى: ئايا ماڭا ۋەدە قىلغان نەرسەڭگە ۋاپا قىلمامسەن؟ ئاندىن ئۇ زات ئېيتتى: خۇرسەن بول. ئاندىن ئەرابى ئېيتتى: ماڭا خۇرسەن بولنى تولمۇ دىدىڭ. ئاندىن ئول جاناب ئەبۇموسا ۋە بىلالغا غەزەپلەنگۈچۈنىڭ ھەيئىتىدەك ئالدىنى قىلىپ ئېيتتى: بۇ ئادەم بىشارەتنى رەت قىلدى، سىلەر قوبۇل قىلىڭلار. ئۇ ئىككىسى قوبۇل قىلدۇق دىدى. ئاندىن سۇ بار قاچىنى چاقىرىپ ۋە ئۇقاچىدا ئىككى قولىنى ۋە يۈزىنى يۇدى ۋە ئۇ سۇغا تۈكۈردى، ئاندىن ئېيتتى: ئىككىڭلار ئۇ سۇدىن ئىچىڭلار ۋە يۈزۈڭلارغا ۋە كۆكسۈڭلارغا قۇيۇڭلار ۋە خۇرسەن بولۇڭلار. ئۇ ئىككىسى قاچىنى ئېلىپ دىگەندەك شۇنداق قىلدى ۋە پەردىنىڭ ئارقىدىن ئۇممى سەلىمە ئاناڭلارغىمۇ ئاشۇرۇپ قۇيۇڭلار دەپ نىدا قىلدى، بۇئىككىسى ئۇ ئۇممى سەلىمەگە سۇدىن ئاشۇرۇپ قويدى.

1673 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەنسارىلاردىن خالايىقنى جەمى قىلدى، ئاندىن ئېيتتى: تەھقىق قۇرەيىشلەرنىڭ جاھىلىيەت ۋە مۇسىبەتكە زامانى يېقىندۇر، تەھقىق مەن ئۇلارغا ئاتا قىلىشنى ئىرادە قىلدىم ۋە ئۇلارغا ئۇنسى ئۈلپەت قىلىشنى ئىرادە قىلدىم، ئايا رازى بولماسىزلەر خالايىقلار دۇنيا بىلەن قايتقاي ۋە سىلەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئۆيۈڭلەرگە قايتقايسىلەر؟ ئېيتتىلەر: يارەسۇلۇللاھ ! رازى بىز. ئېيتتى ئول جاناب: ئەگەر خالايىقلار بىر ۋادىغا ماڭسا ۋە ئەنسارىلار بىر جىلغىغا ماڭسا، ئەلۋەتتە ئەنسارىلار ماڭغان ۋادى ياكى جىلغىغا ماڭىمەن.

## پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خالىد بىننى ۋەلىدنى بەنى جۇزەيمە قەبىلىسىگە ئەۋەتكەنلىگى توغرىسىدا

1674 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خالىد بىننى ۋەلىدنى بەنى جۇزەيمىگە ئەۋەتتى. ئاندىن ئۇ خالىد ئۇلارنى ئىسلامغا چاقىردى، ئاندىن ئۇلار ئىسلام كەلتۈردۇق دېيىشنى ياخشى دېيالماي، كۇپرىدىن ئىسلامغا چىقتۇق، كۇپرىدىن ئىسلامغا چىقتۇق دېيىشتى. ئاندىن خالىد ئۇلاردىن ئۆلتۈرگىلى ۋە ئەسىر ئالغىلى تۇردى، بىزنىڭ ھەربىرىمىزگە ئۆز ئەسىرىنى بەردى، ھەتتاكى بىر كۈن بولۇۋىدى، خالىد ھەربىر ئادەمنى ئۆز ئەسىرىنى ئۆلتۈرۈشكە ئەمىر قىلدى. ئاندىن ئېيتتىم: ۋەللاھۇكى مەن ئەسىرىمنى ئۆلتۈرمەيمەن ۋە ئەسھابلىرىمدىن بىر ئادەممۇ ئۆز ئەسىرىنى ئۆلتۈرمەيدۇر، ھەتتاكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىغا قەدەم كەلتۈردۇق. ئاندىن ئۇ ئىشنى ئول زاتقا زىكرى قىلدۇق، ئاندىن ئول جاناب قولىنى كۆتۈرۈپ «ئى الله ! تەھقىق مەن خالىد قىلغان

ئىشىدىن بىزار بولمەن» دەپ ئىككى مەررە دېدى.

## ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇزاپەتەس سەھمى ۋە ئەلقەمەتە ئىبنى مۇجەززىز مۇدلىجىنىڭ قۇشۇنى (ۋە دېيىلىدۇر تەھقىق ئۇ ئەنسارنىڭ قۇشۇنى) توغرىسىدا

1675 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇشۇن ئەۋەتىپ ئۇنىڭغا ئەنسارىدىن بىر كىشىنى ئەمىر قىلدى ۋە قۇشۇنلارنى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرىدى، ئاندىن ئۇ غەزەپ قىلدى، ئاندىن ئېيتتى: ئايا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىلەرنى ماڭا ئىتائەت قىلىشقىلارغا ئەمرى قىلمىدىمۇ؟ ئېيتتىلەر: ئارى ـ شۇنداق ئەمرى قىلدى. ئېيتتى: ماڭا ئۇتۇن يىغىڭلار! ئاندىن ئۇتۇن يىغدىلەر، ئاندىن ئېيتتى: ئوت يېقىڭلار! ئاندىن ئوت ياقدىلەر. ئاندىن ئېيتتى: ئوتقا كىرىڭلار! ئاندىن قەسد قىلدىلەر ۋە بەزىسى بەزىسىنى تۇتۇپ ئېيتدۇلەر: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىغا ئوتتىن قاچتۇق، ئاندىن ھىمىشە شۇنداق بولدى، ھەتتا ئوت ئۆچتى. ئاندىن ئۇ ئەمىرنىڭ غەزىبى جىمدى. ئاندىن بۇ خەۋەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەتتى، ئاندىن ئېيتتى: ئەگەر ئۇلار ئۇ ئوتقا كىرگەن بولسىلەر ئۇنىڭدىن قىيامەتكىچە چىقالمايتى، بۇيسۇنۇش مەرۇپ ئىشتادۇر.

## ھەججەتۇل ۋىدادىن ئىلگىرى ئەبۇموسا ۋە مۇئازنى يەمەنگە ئەۋەتكەنلىگى توغرىسىدا

1676 ـ ئەبۇموسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ۋە مۇئاز ئىبنى جەبەلنى يەمەنگە ئەۋەتتى ۋە ھەربىرىنى بىر ئىقلىمگە ئەۋەتتى. ئېيتتى: يەمەننى ئىككى ئىقلىم قىلدى. ئاندىن ئول جاناب ئېيتتى: ئىككىڭلار ئاسان قىلىڭلار! قىيىن قىلماڭلار! ۋە خوش بىشارەت بېرىڭلار! ئۈركىتىۋاتماڭلار! ئاندىن ئول ئىككىسىدىن ھەربىرى ئۆز ئەملىگە يۈرۈپ كەتتى. ئېيتتى: ھەربىرى ئۇ ئىككىسىدىن ئۆز زېمىنىدا ماڭسا ۋە ھەمراسىغا

يېقىن بولسا ئەھدىنى يېڭىلايتى ۋە ئۇنىڭغا سالام قىلاتتى. ئاندىن مۇئاز ئۆز زىمىندا ئۆز ھەمراسى ئەبۇموساغا يېقىن ماڭدى. ئاندىن ئۇ ئۆز قېچىرى ئۈستىدە كېلىپ ئۇ ئەبۇموساغا ئېيتتى: ئۇ ئولتۇرغۇچىدۇر، ئۇنىڭغا خالايىق يىغىلغۇچىدۇر ۋە ئۇنىڭ قېشىدا ئىككى قولى گەدىنىگە يىغىقلىق بىر ئادەم بار. ئاندىن ئۇنىڭغا مۇئاز ئېيتتى: ئى ئابدۇللاھ ئىبنى قەيس نىمە ئادەم بۇ؟ ئېيتتى: بۇ ئىسلامدىن كېيىن كاپىر بولغان ئادەمدۇر. مۇئاز ئېيتتى: بۇكىشى ئۆلتۈرۈلمىگىچىلىك ئۇلاقدىن چۈشمەيمەن. ئېيتتى ئەبۇموسا : بۇ ئادەم شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈرۈلدى، چۈشكىن. ئېيتتى: ئۇ ئۆلتۈرۈلگىچىلىك چۈشمەيمەن. ئاندىن ئۇنىڭغا ئەمرى قىلدى، ئۇ ئۆلتۈرۈلدى، ئاندىن چۈشتى، ئاندىن ئېيتتى: ئى ئابدۇللاھ ! قانداق ئوقۇيسەن قۇرئاننى؟ ئېيتتى: ئۈستى ـ ئۈستىگە دائىم ئوقۇيمەن. ئاندىن ئەبۇموسا ئېيتتى: ئاندىن قانداق ئوقۇيسەن قۇرئاننى ئى مۇئاز؟ ئېيتتى: كېچىنىڭ ئەۋۋىلىدە ئۇخلايمەن، ئاندىن قوپىمەن، تەھقىق ئۇيقۇدىن بىر بۆلىگىنى تۈگەتتىم، ئاندىن الله تەئالا ماڭا تەقدىر قىلغاننى ئوقۇيمەن، ئۇيقامدىنمۇ ساۋاب ئۈمۈد قىلىمەن، قىيام ـ بىدارلىغىمدىن ساۋاب ئۈمۈد قىلغاندەك.

1677 ـ ئەبۇموسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى يەمەنگە ئەۋەتتى، ئاندىن ئۇنىڭدىن يەمەندىكى ئىچىملىكدىن سورىدى ۋە ئېيتتى: ئۇ نىمە ئىچىملىك؟ ئېيتتى ئەبوموسا : بىتئى ۋە مىرزى (بىتئى ـ ھەسەل ئېچىتمىسى. مىرزى ـ ئارپا، قوناق ئېچىتمىسى). ئاندىن ئۇل جاناب ئېيتتى: ھەرقانداق مەس قىلغۇچى هارامدۇر.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب ۋە خالىد ئىبنى ۋەلىدنى يەمەنگە ئەۋەتكەنلىگى توغرىسىدا

1678 ـ بەرائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: بىزلەرنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم خالىد ئىبنى ۋەلىد بىلەن يەمەنگە ئەۋەتتى. ئاندىن ئەلىنى شۇنىڭدىن كېيىن خالىدنىڭ ئورنىغا ئەۋەتتى. ئاندىن ئېيتتى: خالىدنىڭ ئەسھابلىرىنى بۇيرىغىنكى، سىنىڭ بىلەن ئارقىغا قايتىشنى خالىغان كىشى ئارقىغا قايتسۇن ۋە خالىغان كىشى ئالدىغا (بىسگە) ئىقبال قىلسۇن. ئاندىن مەن ئۇ ئەلى بىلەن ئارقىغا (يەمەنگە) قايتقانلارنىڭ ئىچىدە بار ئىدىم. ئېيتتى بەراﺋ: ئاندىن بىرنەچچە كۈمۈش ئۇقىيەنى غەنىمەت ئالدىم. (بىر ئۇقىيە قىرىق تەڭگە).

1679 ـ بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەلىنى خالىدقا ئەۋەتتى، غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرىنى تاپشۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن. مەن ئەلىنى دۈشمەن تۇتارئىدىم، تەھقىق ئۇ غۇسلى قىلدى. ئاندىن خالىدكە ئېيتتىم: قارىمامسەن بۇنىڭغا؟ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىغا كەلگەندە ئۇنىڭغا بۇنى زىكرى قىلدىم. ئاندىن ئېيتتى: ئى بۇرەيدە ئەلىنى دۈشمەن تۇتامسەن؟ ئېيتتىم: ھەئە. ئېيتتى: ئۇنى دۈشمەن تۇتما، تەھقىق ئۇنىڭغا بەشدىن بىردە (غەنىمەتتىن) بۇنىڭدىن تولاراق كېلىدۇر.

1680 ـ ئەبۇسەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەمەندىن تويسىدىن ئايرىلمىغان پارچە ئالتۇنلارنى ئاشلانغان چەم ئىچىدە ئەۋەتتى. ئېيتتى ئەبۇسەئىد : ئۇنى ئول جاناب تۆت نەپەر يەنى (1)ئۇيەينە بىننى بەدرى. (2)ئەقرەﺋ ئىبنى ھارىس. (3)زەيدۇل خەيلى. (4)ئەلقەمە ياكى ئامىر ئىبنى تۇپەيل ئوتتۇرىسدا تەقسىم قىلىپ بەردى. ئاندىن ئەسھابلىرىدىن بىركىشى ئېيتتى: بۇنىڭغا ئۇلاردىن بىز ھەقلىقراق ئىدۇق. ئېيتتى ئەبۇسەئىد: بۇ خەۋەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەتتى، ئاندىن ئېيتتى: ئايا ماڭا ئىشەنمەمسىزلەر، مەن ئاسماندىكى زاتنىڭ ئىشەنچىلىك پەيغەمبىرى دۇرمەن ۋە ماڭا ئەتىگەندە ۋە كەچتە ئاسماننىڭ

خەۋرى كېلىدۇر. ئېيتتى راۋى: ئاندىن ئىككى كۆزى ئورا، ئىككى مەڭزى دوك، پېشانىسى ئىگىز، ساقاللىق، بېشى چۈشۈرۈلگەن، ئىشتىنى تۈرۈلگەن بىر ئادەم قوپۇپ ئېيتتى: يارەسۇلۇللاھ اﷲ غا تەقۋالىق بولغىن. ئول جاناب ئېيتتى: ۋاي ساڭا، ئايا مەن زېمىن ئەھلىنىڭ اﷲ دىن قورقۇشقا ھەقلىقراغى ئەمەسمۇ؟ ئېيتتى راۋى: ئاندىن ئۇ ئادەم ئارقىغا قايىتتى. خالىد ئىبنى ۋەلىد ئېيتتى: يارەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ گەدىنىگە ئۇرمايمۇ؟ ئېيتتى: ياق، ئۇمۇدكى ئۇ ناماز ئۇقۇيدۇر. ئاندىن خالىد ئېيتتى: بىسار ناماز ئۇقۇغۇچى باركى تىلى بىلەن دىلىدا يوق نەرسىنى ئېيتىدۇر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: تەھقىق مەن خالايىقنىڭ دىلىنى ئاختۇرۇشقا ۋە ئۇلارنىڭ قوسغىنى يېرىشقا بۇيرۇلمىدىم. ئېيتتى راۋى: ئاندىن ئول جاناب ئۇنىڭغا ئارقىغا كىتىۋاتقاندا قارىدى، ئاندىن ئېيتتى: تەھقىق بۇنىڭ نەسلىدىن قەۋملەر چىقۇدۇكى، كىتابۇللانى دائىم ئۇقۇيدۇر، ئۇ ئۇلارنىڭ گېلىدىن ئۆتمەيدۇ، دىندىن چىقىدۇر، ئوق ئوۋدىن (شىكاردىن) چىققاندەك ۋە ئۇنى گۇمان قىلىمەنكى، ئەلۋەتتە ئەگەر ئۇلارنى تاپسام سەمۇد قەۋمىنى ئۆلتۈرگەندەك ئۆلتۈرىمەن (ئۇزۇل ـ كېسىل يوق قىلىمەن).

## زىلخەلەسەنىڭ غازىتى توغرىسىدا

**1681 ـ** جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇھەقدىكى ھەدىسى ئۆتتى ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا ئايا ماڭا زىلخەلەسەدىن راھەت بەرمەمسەن دىگەن سۆزىمۇ ئۆتتى ۋە بۇ رىۋايەتتە زىكرى قىلىپ جەرىر ئېيتتى: زىلخەلەسە يەمەندىكى خەسئەم ۋە بەجىلە قەبىلىسىنىڭ ئۆيى بۇلۇپ ئۇنىڭدا ئىبادەت قىلىنىدىغان بۇتلار بار ئىدى. جەرىر يەمەنگە كەلگەندە ئۇيەردە تۆل (پال) تاشلايدىغان بىر ئادەم بار ئىدى. ئاندىن ئۇنىڭغا دىيىلدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەلچىسى بۇيەردە بار، ئەگەر ساڭا قادىر بولسا گەدىنىڭگە

ئۆرىدۇر. ئېيتتى راۋى: ئۇئاردا ئۇ تۆل سىلىۋاتار ئىدى، ئۇستىگە جەرىر ۋاقىپ بولدى، ئاندىن ئېيتتى: ئەلۋەتتە بۇ تۆل چۆكالىرىنى سۇندۇرسەن ۋە «لائىلاھە ئىللەللاھۇ» دەپ شاھادەت ئېيتسەن ياكى گەدىنىڭگە ئۇرىمەن، ئاندىن ئۇنى چىقىپ سۇندۇردى ۋە شاھادەت ئېيتتى.

## جەرىرنىڭ يەمەنگە بېرىشى توغرىسىدا

**1682** ـ ئۇ جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى ئېيتتى: مەن يەمەندە ئىدىم، ئاندىن يەمەن ئەھلىدىن زاكالائ ۋە زائەمرۇ ئىسىملىك ئىككى كىشىگە ئۇشقاشدىم، ئاندىن ئۇلارغا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سۆز قىلدىم. ئاندىن ماڭا زۇئەمرۇ ئېيتتى: سەن ئېيتقان ھېلىقى ھەمرايىڭنىڭ ئىشىدىن ئۇنىڭ ئەھلىگە ئۈچ كۈن ئۆتتى ۋە ئۇئىككىسى مەن بىلەن بىللە ماڭدى ھەتتاكى بەزى يولدا بولۇپ ئىدۇق، بىزلەرگە مەدىنە تەرەپتىن بىر كارۋان كۆرۈلدى، ئاندىن ئۇلاردىن سورىدۇق، ئاندىن ئېيتتىلەر: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەبزى روھ بولدى، ئەبۇبەكرى خەلىپە بولدى ۋە خالايىقلار ياخشىدۇر. ئاندىن ئۇ ئىككىسى ئېيتتى: ھەمرايىڭغا خەۋەر قىلىپ قوي، تەھقىق بىزلەر كەلدۇق ۋە ئۇمۇدكى «ئىنشائاللاھ» قايتىپ كېلىمىز دەپ يەمەنگە قايتىپ كەتتى.

## سەيپۇل بەھرى غازىتى توغرىسىدا

**1683** ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق ئۇ ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېڭىز ساھىلى تەرەپكە بىر قوشۇن ئەۋەتتى، ئۇنىڭغا ئەبۇئۇبەيدە ئىبنى جەرراھنى ئەمىر قىلدى، ئۇلار ئۈچ يۈز كىشىلىك قوشۇندۇر. ئاندىن چىقتۇق ۋە بەزى يولدا بولۇۋدۇق ئوزۇق تۈگەپ قالدى، ئاندىن ئەبۇئۇبەيدە ئەسكەرلەرنىڭ ئوزۇقلىرىنى يىغىشقا بۇيرۇپ ئۇنى جەمى قىلدى، ئاندىن ئىككى تاغار خورما بولدى. ئاندىن ئەبۇئۇبەيدە

بىزلەرگە ئاز-ئازدىن ئۈزۈق بېرىدۇ ھەتتاكى ئۆمۈ تۈگىدى، ئاندىن بولمىدى يېتىدۇر بىزلەرگە، مەگەر بىرەر دانە خورما يېتىدۇر. ئاندىن ئۇنىڭغا دېيىلدى: بىر دانە خورما سىلەردىن نىمىنى بىھاجەت قىلىدۇر؟ ئاندىن راۋى ئېيتتى: ئۇ بىر دانە خورمىنىڭ يوقلىغىنىمۇ تاپتۇق، ھەتتا ئۇ تۈگىگەن ۋاقتىدا. ئاندىن بەھرەيىنگە باردۇق، تۇيۇقسىز كىچىك تاغدەك بىر بېلىققا ئۇشقاشدۇق، ئاندىن ئۇنىڭدىن قەۋملەر 18 كېچە يىدى، ئاندىن ئەبۇئۇبەيدە ئۇ بېلىقنىڭ قوۋۇرغىسىدىن ئىككى قوۋۇرغا بۇيرىدى ئۇنى تىكلىدى، ئاندىن تۆگىگە ئەمىر قىلدى ئۇ توقۇلدى، ئاندىن ئۇ تۆگە ئىككى قوۋۇرغا تەكتىدىن ئۆتتى، ئاندىن ئۇ توقۇملۇق تۆگە ئۇ قوۋۇرغىغا يەتمىدى.

1684 ـ ئۇ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: بىر رىۋايەتتە ئېيتتى: پەس دېڭىز بىزلەرگە ئەنبەر دىگەن بىر ھايۋاننى تاشلىدى، ئاندىن ئۇنىڭدىن يېرىم ئاي يىدۇق ۋە ئۇنىڭ يېغىدا ياغلاندۇق، ھەتتاكى بىزلەرگە بەدەنلىرىمىز قايتىپ ئۆز ئەسلىمىزگە كەلدۇق ۋە بىر رىۋايەتتە ئەبۇئۇبەيدە ئېيتتى: يەڭلەر. ئاندىن مەدىنىگە كىلىپ بۇئىشنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زىكرى قىلدۇق. ئاندىن ئۇل جاناب ئېيتتى: الله تەئالا چىقىرىپ بەرگەن رىزقنى يەڭلەر! ئەگەر سىلەر بىلەن ئۇ نەرسە بولسا بىزلەرگە تائام قىلىپ بىرىڭلار؟ ئاندىن بەزىلەر ئۇل جانابقا بىر ئەزاسىنى كەلتۈردى ئاندىن ئۇنى يىدى.

## ئۇيەينە بىننى ھىسىننىڭ غازىتى توغرىسىدا

1685 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى ئېيتتى: بەنى تەمىمدىن بىر تۈركۈم كارۋانلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىغا كەلدى. ئاندىن ئەبۇبەكرى ئېيتتى: قەئقائ ئىبنى مەئبەد بىننى زۇرارەنى ئەمىر قىلسىلا؟ ئاندىن ئۆمەر ئېيتتى: بەلكى، ئەقرەئ بىننى ھابىسنى ئەمىر قىلسىلا؟ ئەبۇبەكرى ئېيتتى: ئىرادە قىلمىدىڭ مەگەر مىنىڭ

خىلاپىمنى. ئۆمەر ئېيتتى: سىنىڭ خىلاپىڭنى ئىرادە قىلمىدىم، ئاندىن بۇ ئىككىسى جېدەللىشىپ قالدى، ھەتتاكى ئاۋازلىرى كۆتۈرۈلدى. ئاندىن بۇھەقدە {يَا وَّيُّهَا الَّوِينَ ژمَنُوا لَا تُقَدِّمُوا بَيْنَ يَدَيِ اللَّهِ وَرَسُولِهِ وَاتَّقُوا اللَّهَ وِنَّ اللَّهَ سَمِيعٌ يَلِيمٌ (1) يَا وَّيُّهَا الَّوِينَ ژمَنُوا لَا تَرْفَعُوا وَّيْوَاتَكُمْ فَوْقَ يَوْتِ النَّبِيِّ وَلَا تَجْهَرُوا لَهُ بِالْقَوْلِ كَجَهْرِ بَيْضِكُمْ لِبَيْضٍ وَّنْ تَحْبَ□َ وَّيْمَالُكُمْ وَوَّنْتُمْ لَا تَشْعُرُونَ (2)} ئايىتى نازىل بولدى. مەنىسى: {ئى مۆمىنلەر! سىلەر اللە نىڭ ۋە اللە نىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئالدىدا (ھېچقانداق بىر ئىشنى ۋە سۆزنى) ئالدى بىلەن قىلماڭلار، اللە دىن قورقۇڭلار، اللە ھەقىقەتەن (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيىتىڭلارنى ۋە ئەھۋالىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر(1). ئى مۆمىنلەر! (رەسۇلۇللاھقا سۆز قىلغان چېغىڭلاردا) ئاۋازىڭلارنى پەيغەمبەرنىڭ ئاۋازىدىن يۇقىرى قىلماڭلار، سىلەر بىر ـ بىرىڭلار بىلەن (تولاپ) يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەشكەندەك، پەيغەمبەرگە (تولاپ) يۇقىرى ئاۋازدا سۆز قىلماڭلار، (ئۇنداق قىلساڭلار) ئۆزلىرىڭلار تۇيماستىن (قىلغان ياخشى) ئەمەللىرىڭلار بىكار بولۇپ كېتىدۇ(2). (سۈرە ھۇجۇرات 1 ـ 2 ـ ئايىتى).

## بەنى ھەنىپەنىڭ ئەلچىلىرى ۋە سۇمامەتە بىننى ئۇسالنىڭ سۆزى توغرىسىدا

1686 ـ ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نەجد تەرەپكە ئاتلىق ئەسكەر ئەۋەتتى، بۇقوشۇن سۇمامەتە بىننى ئۇسال ناملىق بەنى ھەنىپە قەبىلىسىدىن بىر كىشىنى كەلتۈردى ۋە ئۇنى مەسجىدنىڭ تۈۋرۈكلىرىدىن بىر تۈۋرۈككە باغلاپ قويدى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا چىقىپ ئى سۇمامە سەندە نىمە بار دىدى؟ ئۇ ئېيتتى: مەندە ياخشىق بار، ئى مۇھەممەد ئەگەر مىنى ئۆلتۈرسەڭ خۇن ئېگىسىنى ئۆلتۈرۈسەن، ئەگەر ئىنئام قىلساڭ شۈكرى قىلغۇچىغا ئىنئام قىلىسەن، ئەگەر مالنى ئىرادە قىلساڭ ئۇنىڭدىن خالىغىنىڭنى سورىغىن. ئاندىن تەرىك قىلىندى، ھەتتاكى تاڭلاسى بولدى.

ئاندىن ئۇنىڭغا ئېيتتى: سەندە نىمە بار ئى سۇمامە؟ ئۇ ئېيتتى: ساڭا ئېيتتىمغۇ، ئەگەر ئىنئام قىلساڭ شاكىرغا ئىنئام قىلىسەن. ئاندىن ئۇنى تەرىك ئەتتى ھەتتاكى ئەتەدىن بولدى. ئاندىن ئېيتتى: نىمە بار سەندە ئى سۇمامە؟ ئېيتتى: مەندە ساڭا ئېيتقان نەرسە بار. ئاندىن ئۇل جاناب ئېيتتى: سۇمامەنى قويۇپ بىرىڭلار! ئاندىن ئۇ مەسجىدكە يېقىن خورما زارلىقىقا يۈرۈپ بېرىپ غۇسلى قىلدى، ئاندىن مەسجىدكە كىردى، ئاندىن ئېيتتى: اَشْهَدُ اَنْ لاَ اِلَهَ اِلاَّ اللهُ وَاَشْهَدُ اَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُوْلُهُ . ئى مۇھەممەد ! ۋەللاھۇ زىمىن ئۈستىدە سىنىڭ يۈزۈڭدىن ماڭا دۈشمەنراق يۈز يوق ئىدى، تەھقىق ھازىر سىنىڭ يۈزۈڭ ماڭا يۈزلەرنىڭ دوسراغىغا ئۆرۈلدى، ۋەللاھۇ ماڭا سىنىڭ دىنىڭدىن دۈشمەنراق دىن يوق ئىدى، ئاندىن دىنىڭ ماڭا دىنلەرنىڭ دوسراغىغا ئۆرۈلدى، ۋەللاھۇ ماڭا سىنىڭ شەھرىڭدىن دۈشمەنراق شەھەر يوق ئىدى، ئاندىن سىنىڭ شەھرىڭ ماڭا شەھەرلەرنىڭ دوسراغىغا ئۆرۈلدى، تەھقىق سىنىڭ ئاتلىق قوشۇنۇڭ مىنى تۇتۇۋالدى، ھالبۇكى مەن ئۆمرە ھەجنى ئىرادە قىلىمەن، ئاندىن نىمە كۆرىسەن؟ ئاندىن ئۇنىڭغا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خوش بىشارەت بەردى ۋە ئۇنى ئۆمرە ھەج قىلىشقا بۇيرىدى، ئاندىن ئۆمرىگە قەدەم كەلتۈرگەندە ئۇنىڭغا بىر ئېيتقۇچى «دىن» دىن قايتتىڭما دىدى؟ ئۇ ئېيتتى: ياق ۋە لىكىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن مۇسۇلمان بولدۇم. ولاواللە سىلەرگە يەمامەدىن بىر دانە بۇغداي كەلمەيدۇر، ھەتتاكى ئۇنىڭغا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىزنى بەرگىچىلىك.

**1687** ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانلىرىدا مۇسەيلىمە كەززاب كەلدى، ئاندىن مۇنداق دەيدۇر: ئەگەر مۇھەممەد ئۆزىدىن كىيىن ئىشنى ماڭا قىلسا ئۇنىڭغا تابىئ بولىمەن، ئۇ مەدىنىگە قەۋمىدىن كۆپ ئادەملەر

بىلەن قەدەم كەلتۈردى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا ئىقبال قىلدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن سابىت ىبنىي قەيس ىبنىي شەمماس بىللە بار، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قولىدا بىر شاخنىڭ يېرىمى بار، ھەتتاكى ئەسھابلىرى ئىچىدە، مۇسەيلىمە ئۈستىدە توختىدى. ئاندىن ئۇل جاناب ئېيتتى: ئەگەر مەندىن مۇشۇ پارچە شاخنى سورىساڭمۇ ئۇنى ساڭا بەرمەيمەن، ھەرگىزمۇ سەن الله نىڭ سەندىكى ئەمرىدىن تاجاۋۇز قىلالمايسەن، ئەگەر ئارقاڭغا قايتساڭ ئەلۋەتتە الله سىنى ھالاك قىلىدۇر، تەھقىق مەن ساڭا كۆرسۈتۈلگەن نەرسىدە كۆرسۈتۈلگۈنۈم سەندۇر سەن دەپ گۇمان قىلىمەن، ماۋۇ سابىت ىبنىي قەيس ساڭا مەندىن جاۋاپ بېرىدۇر. ئاندىن ئۇل جاناب ئۇ مۇسەيلىمەدىن قايتتى. ئىبنى ئاbbاس ئېيتتى: ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ماڭا كۆرسۈتۈلگەن نەرسەمدە سەن دەپ گۇمان قىلىمەن دىگەن سۆزىدىن سورىدىم. ئاندىن ماڭا ئەبۇھۇرەيرە خەۋەرقىلدىكى، تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئۇ ئارىدا مەن ئۇخلىغۇچىدۇرمەن، مىنىڭ ئىككى قولۇمدا ئىككى بىلەيزۈكنى كۆردۈم، ئاندىن بۇ ئىككىسىنىڭ ئىشى مىنى غەمگە سالدى، ماڭا چۈشۈمدە ۋەھى ئىبىرىلدىكى ئۇ ئىككىسىنى پۈلە دەپ، ئاندىن ئۇ ئىككىسىنى پۈلىدىم بۇ ئىككىسى ئۇچۇپ كەتتى، ئاندىن ئۇ ئىككى ئالتۇن بىلەيزۈكنى مەندىن كىيىن چىقىدىغان ئىككى كاززاپقا تەئۋىل قىلدىم بىرى ئەنەسى ۋە يەنە بىرى مۇسەيلىمەدۇر.

1688 ـ ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئۇل ئارىدا مەن ئۇخلىغۇچىمەن، زىمىننىڭ خەزىنىلىرىنى كەلتۈرۈلدۈم، ئاندىن مىنىڭ ئالقىنىمدا ئىككى ئالتۇن بىلەيزۈك قويۇلدى، ئاندىن ئۇ ئىككىسى ماڭا ئېغىر مەكروھ تۇيۇلدى، ئاندىن الله تەئالا ماڭا ئۇ ئىككىسىنى پۈلە دەپ ۋەھى ئىبەردى، ئاندىن ئۇ ئىككىسىنى

پۈلىدىم، ئاندىن ئۇ ئىككىسى كەتتى، ئاندىن ئۇ ئىككىسىنى مەن ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككى كازازاپقا تەئۋىل قىلدىم سەنئائ نىڭ ھەمراسى ئەنەسى ۋە يەمامەنىڭ ھەمراسى مۇسەيلىمەدۇر.

## نەجران ئەھلىنىڭ قىسسىسى توغرىسىدا

**1689** ـ ھۇزەيپە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى، ئېيتتى: نەجراننىڭ ئىككى ساھىبى ـ مەسئۇلى سەئىد ۋە ئاقىب پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن لەنەت ئېيتىششىنى ئىرادە قىلىپ ئۇل جاناب ھۇزۇرىغا كەلدى. ئاندىن ئىككىسىنىڭ بىرى ھەمراسىغا ئۇنداق قىلمىغىن، ئاندىن الله تەئالاغا قەسەمكى ئەلۋەتتە ئەگەر ئۇكىشى پەيغەمبەر بولسا، لەنەت ئېيتىشساق بىزمۇ ۋە بىزدىن كېيىنكى ئەۋلادىمىزمۇ نىجات تاپالمايمىز. ئاندىن ئۇئىككىسى ئېيتتى: تەھقىق بىز ساڭا سورىغان نەرسەڭنى بېرەيلى دەپ سۆلھى قىدى ۋە بىزلەر بىلەن ئەمىن (ئىشەنچلىك) كىشىنى ئەۋەتكىن ۋە ئەۋەتمىگىن مەگەر ئەمىن كىشىنى (ئەۋەتكىن). ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئەلۋەتتە سىلەر بىلەن ھەقىقى ئەمىن كىشىنى ئەۋەتىمەن، ئاندىن ئۇل جاناب رەسۇلۇللاغا ئەسھابلىرى تىكىلىپ قاراشدى. ئاندىن ئۇل جاناب ئېيتتى: ئى ئەبۇئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ قوپقىن! ئاندىن ئۇ قوپۇپ ئىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: بۇكىشى مۇشۇ ئۈممەتنىڭ ئەمىن كىشىسىدۇر. (ئەھلى نەجران بىلەن مالىغا سۆلھى قىلغان ۋاقىتدىكى ھەدىسدۇر).

**1690** ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇدىن قىلغان بىر رىۋايەتتە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئېيتتى: ھەربىر ئۈممەتنىڭ بىر ئەمىن (ئىشەنچلىك) كىشىسى باردۇر، مۇشۇ ئۈممەتنىڭ ئەمىن كىشىسى ئەبۇئۇبەيدە ئىبنى جەرراھدۇر.

## ئەشئەرى قەبىلىسىنىڭ ۋە يەمەن ئەھلىنىڭ قەدەم كەلتۈرگەنلىكى توغرىسىدا

1691 ـ ئەبۇموسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: بىز بىرنەچچە نەپەر كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىغا يۆلەك ئۆلاغى ـ تۆگىسى تەلەپ قىلىپ كەلدۇق. بىزلەرگە يۆلەك ئۆلاغى بىرىشتىن باشتاتتى، ئاندىن يەنە يۆلەك ئۆلاغى تەلەپ قىلدۇق، ئاندىن بىزلەرگە يۆلەك ئۆلاغى بەرمەسلىككە قەسەم قىلدى، ئاندىن ئول جاناب پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئورنىدىن تۇرمايلا ئۇنىڭغا غەنىمەت تۆگىسى كەلدى، ئاندىن بىزلەرگە بەش تۆگە بۇيرىدى، ئۇ تۆگىنى قەبزى قىلىپ (ئېلىپ) بولۇپ ئېيتتۇق: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قەسىمنى ئۇنتۇلدۇردۇق، بۇ غەپلەتتىن كىيىن ھەرگىز نىجات تاپالمايمىز. ئاندىن ئول جاناب ھۇزۇرىغا كېلىپ ئېيتتىم: يارەسۇلۇللاھ ! يۆلەك تۆگىسى بەرمەيمەن دەپ قەسەم قىلىپ يەنە يۆلەك تۆگىسى بەردىلە. ئۇ زات ئېيتتى: شۇنداق، لىكىن مەن قەسەم قىلمايمەن بىر قەسەمنى، ئاندىن ئۇنىڭ غەيرىنى ئۇنىڭدىن ياخشىراق كۆرسەملا ئۇ قەسەم قىلغان نەرسەمدىن ياخشىراقنى كەلتۈرىمەن. بىر رىۋايەتتە: ئۇ قەسەمنى يېشىمەن (قەسەمدىن چىقىمەن).

1692 ـ ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: سىزلەرگە دىللىرى يۇمشاق، قەلبلىرى ـ كۆڭۈللىرى نېپىز يەمەن ئەھلى كەلدى، ئىيمان يەمەنگە مەنسۇپ، ھىكمەت يەمەنگە مەنسۇپدۇر، پەخىر ۋە تەكەببۇرلۇق تۆگە ئەھلىدەدۇر، ئاراملىق ۋە ئاستەلىك (ھۇرۇنلۇق) قويچىلاردادۇر.

## ھەججەتۇل ۋىدا (خوشلۇشۇش ھەججى) توغرىسىدا

1693 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كەبىدە ئۇقۇغان نامازلىرى ھەققىدىكى ھەدىسى ئۆتتى. ۋە بۇ رىۋايەتتە زىكرى

قىلىپ ئېيتتى: قىزىل مەرمەر تاش بار ماكاندانانىماز ئوقۇدى.

1694 ـ زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئون يەتتە غازاتنى غازات قىلدى، تەھقىق ئول جاناب ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن بىر مەررە ھەج قىلدى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ھەج قىلمىدى، ئۇ بىر مەررە قىلغان ھەججى ۋىدالىششى ھەججىدۇر.

1695 ـ ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: الله تەئالا ئاسمان زىمىننى ياراتقان كۈندىكى ھەيئىتىگە ئوخشاش زامان ئۆز ئەسلىگە ئايلاندى (يەنى ئۆز ھالىتىگە قايىتتى، ئەرەپلەر سەپەرنى مۇھەررەم ئېيىغا تەخىر قىلىپ، ئالماشتۇرغان ئىدى)، يىل ئون ئىككى ئايدۇر، ئۇنىڭدىن تۆت ئاي (ئۇرۇش قىلىش) ھارام ئايدۇر، ئۈچى ئارقىمۇ ـ ئارقادۇر ـ زۇلقەئىدە، زۇلھەججە ۋە مۇھەررەمدۇر، بىرى جۇمادى بىلەن شەئبان ئوتتۇرسىدىكى مۇزەر قەبىلىسىنىڭ رەجەپ ئېيىدۇر، قايسى ئايدۇر بۇ دىدى؟ ئېيتتۇق: الله تەئالا ۋە پەيغەمبىرى ئالىمدۇر. ئاندىن سۈكۈت قىلدى، ھەتتا گۇمان قىلدۇقكى بۇ ئاينى باشقا ئىسمى بىلەن ئاتايدىغان ئوخشايدۇ دەپ. ئېيتتى: ئايا زۇلھەججە ئېيى ئەمەسمۇ؟ ئېيتتۇق: شۇنداق. ئېيتتى: قايسى شەھەر بۇ؟ ئېيتتۇق: الله ۋە پەيغەمبىرى ئالىمدۇر. ئاندىن سۈكۈت قىلدى. ھەتتا گۇمان قىلدۇقكى بۇ شەھەرنى باشقا ئىسمى بىلەن ئاتايدىغان ئوخشايدۇ دەپ. ئېيتتى: بەلەدە ـ مەككە شەھرى ئەمەسمۇ؟ ئېيتتۇق: شۇنداق. ئېيتتى: قايسى كۈن بۇ؟ ئېيتتۇق: الله ۋە پەيغەمبىرى ئالىمدۇر. پەس جىم تۇردى. ھەتتا بۇ كۈننى باشقا ئىسمى بىلەن ئاتايدىغان ئوخشايدۇ دەپ گۇمان قىلدۇق. ئېيتتى: ئايا نەھرى ـ زەبھى كۈنى ئەمەسمۇ؟ ئېيتتۇق: شۇنداق. ئېيتتى: شۈبھىسىزكى سىلەرنىڭ خۇنلىرىڭلار ۋە ماللىرىڭلار ۋە ئابرۇيىڭلار سىلەرگە ھارامدۇر،

سلەرنىڭ مۇشۇ كۆڭۈللىرىڭلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئوخشاش، مۇشۇ ئېيىڭلەردە مۇشۇ شەھرىڭلەردە پات يېقىندا پەرۋەردىگارىڭلارغا يولۇقۇسىلەر، ئاندىن ئەمەللىرىڭلاردىن سورايدۇر، ئاگاھ بولۇڭلار! بەزىڭلار بەزىلەرنىڭ گەدىنىگە ئۇرۇپ گۇمراھ بولۇپ مەندىن كېيىن ئارقىڭلارغا قايتماڭلار! ئاگاھ بولۇڭلار! ھازىرلار ھازىر بولمىغانلارغا يەتكۈزسۇن! پەس ئۇمۇدكى ھەدىس يەتكۈزۈلگەن كىشى، ھەدىسنى ئاڭلىغان كىشىدىن ساقلىغۇچىراقدۇر، ئايا يەتكۈزدۇممۇ دەپ ئىككى مەررە دىدى.

## تەبۇك غازىتى ۋە ئۇ قىيىنچىلىق غازىتى توغرىسىدا

1697 ـ ئەبۇموسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: مىنى ئەسھابلىرىم ئۆزلىرىگە يۈلۈك تۆگىسى سورىشىم ئۈچۈن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىغا ئەۋەتتى. چۈنكى ئۇلار ئول جاناب بىلەن بىللە قىيىنچىلىق ئەسكىرى ئىچىدە تەبۇك غازىتىدا بىللە ئىدى. ئاندىن ئېيتتىم: يارەسۇلۇللاھ ! تەھقىق ئەسھابلىرىم مىنى، ئۇلارغا يۈلۈك ئۇلاغى بىرىشلىرى ئۈچۈن جانابلىرى ھۇزۇرىغا ئەۋەتتى. ئاندىن ئول زات ئېيتتى: ۋەللاھۇكى مەن سىلەرگە يۈلۈك ئۇلاغى بېرالمايمەن دىدى ۋە مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى غەزەپلىك ھالىتىدە تاپقانلىقىمنى تۇيمايمەن ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەنى قىلىشىدىن، ئول جانابنىڭ ماڭا ئۆز نەپسىدىن غەزەپ قىلغان بولۇپ قېلىشىدىن قورققان جەھەتتىن غەمكىن ھالدا ئەسھابلىرىم قېشىغا قايتىپ بىرىپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتقان سۆزلەرنى ئۇلارغا خەۋەر قىلدىم. ئاندىن تۇرمۇدۇم، مەگەر ئەندەك سائەت بىناگاھ بىلالنىڭ نىدا قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىم، ئى ئابدۇللاھ ! ئىبنى قەيس دەپ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئىجابەت قىلدىم، ئاندىن ئۇ ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىنى چاقىرىدۇ ئىجابەت قىل. ئاندىن ئول جاناب ھۇزۇرىغا كىلىپ ئىدىم، ئېيتتى: ماۋۇ بىر باغلاقتىكى ئىككى تۆگىنى ئال، ماۋۇ ئىككى باغلاقتىكى

بىر جۈپ تۆگىنى ئال، ئالتە تۆگىنى شۇ ۋاقتىدا سەئدتىن سېتىۋالغان ئىدى. ئاندىن ئۇ تۆگىلەرنى ئەسھابلىرىڭگە ئاپىرىپ بىرىپ ئېيتقىن: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىلەرگە ئۇ تۆگىلەرنى مىنىشكە ۋە يۈك ئارتىشقا بەردى ئۇلارنى مىنىڭلار. ئاندىن ئەسھابلىرىمگە ئۇ تۆگىلەرنى ئېلىپ بىرىپ ئېيتتىم: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىلەرگە ئۇ يۈك تۆگىلەرنى بەردى ۋە لېكىن مەن ۋەللاھۇ سىلەرنى تەرىك قىلمايمەن، ھەتتاكى مەن بىلەن بەزىڭلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان كىشىنىڭ قېشىغا بىللە بارغاي، گۇمان قىلماڭلاركى تەھقىق مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېمىگەن سۆزنى سىزلەرگە ھەدىس قىلمىدىم. ئاندىن ئۇلار ماڭا ئېيتتىلەر: ۋەللاھۇكى، تەھقىق سەن بىزنىڭ نەزدىمىزدە تەسدىق قىلىنغۇچىدۇرسەن، ئەلۋەتتە سەن دوس تۇتقان نەرسىنى قىلىمىز. ئاندىن ئەبۇموسا ئۇلاردىن بىرنەچچە نەپەر كىشىلەر بىلەن ماڭدىلەر، ھەتتا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا مەنئى قىلغانلىقى، ئاندىن ئۇلارغا ئاتا قىلغانلىقى ھەققىدىكى سۆزنى ئاڭلىغان زاتلارنىڭ قېشىغا كەلدىلەر، ئاندىن ئۇ ئاڭلىغانلار بۇلارغا، ئەبۇموسا ئۇلارغا ھەدىس قىلغان نەرسىنىڭ ئوخششى بىلەن ھەدىس قىلدىلەر.

**1698** ـ سەئد ئىبنى ئەبۇۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەبۇكقا چىقدى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئورنىدا خەلىپە قىلدى، ئاندىن ئەلى ئېيتتى: ئايا مىنى ئۇششاق باللار ۋە ئاياللار ئىچىدە خەلىپە قىلامدىلا؟ ئاندىن ئۇل جاناب ئېيتتى: سەن مەندىن موساغا ھارۇننىڭ ئورنىدا بولۇشىغا رازى بولمامسەن؟ مەگەركى تەھقىق مەندىن كېيىن پەيغەمبەر يوق.

**كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى ۋە الله تەئالانىڭ {وَعَلَى الثَّلَاثَةِ الَّذِينَ خُلِّفُوا}**

مەنىسى: *{جىھادقا چىقمىغان ئۈچ كىشىنىڭ تەۋبىسىنىمۇ اللە تەئالا قوبۇل قىلدى}* سۈرە تەۋبە 118 ـ ئايىتى توغرىسىدا

1699 ـ كەئىب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىپ ئېيتتى: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن تەبۇك غازىتىدىن باشقا قىلغان غازىتىدا ئارقىدا قالمىدىم، بەدرى غازىتىدا ئارقىداپ قالغىنىمدىن باشقا، بەدرى غازىتىدىن ئارقىداپ قالغان ھېچ بىرسىنى تەنقىد ۋە مالامەت قىلمىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇرەيش كارۋانلىرىنى ئىرادە قىلىپلا چىققان ئىدى. اللە تەئالا ئۇل جاناب بىلەن دۈشمەنلەرنىڭ ئوتتۇرىسىنى ۋەدەسىزلا جەمى قىلدى. ئەلۋەتتە مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئىسلامغا ئەھدە قىلىشقان ۋاقتىمىزدا ئەقەبە كېچىدە ھازىر بولغان ئىدىم. تەھقىق مەن دوس تۇتمايمەنكى ئۇ ئەقەبە كېچىسىنىڭ باراۋەرىگە، مەن ئۈچۈن بەدرى جەڭ مەيدانى بولغاي، ئەگەرچە بەدرى جېڭى خالايىق ئىچىدە مەزكۇر ئەقەبە كېچىسىدىن مەشھۇرراق بولسىمۇ، مىنىڭ خەۋىرىم شۇدۇركى، شۇ غازاتتا رەسۇلۇللادىن ئارقىداپ قالغان ۋاقتىمدا مەندىن باي ۋە كۈچلۈكراق بولمىغان ئىدىم، ۋەللاھۇكى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى مىنىڭدە ئىككى دانە تۆگە جەمى كەلمىگەن ئىدى، ھەتتا شۇ غازاتتا ئىككى دانە تۆگىنى جەمى قىلدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر غازاتنى ئىرادە قىلماقچى بولسا ئۇ غازاتنىڭ غەيرى بىلەن ئۇنى مەخپى قىلىپ تۇراتتى، ھەتتاكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم غازات قىلغان ئۇشۇ غازات بەك قاتتىق ئىسسىقدا بولۇپ، يىراق سەپەر ۋە چول جەزىرە ۋە كۆپ دۈشمەنلەرگە يۈزلەنمەكچى بولغىنى ئۈچۈن ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز غازاتلىرىنىڭ تەييارلىغىنى پۇختا قىلسۇن ئۈچۈن مۇسۇلمانلارغا جەڭ ئىشلىرىنى ئاشكارا بايان قىلىپ، ئۆزى ئىرادە قىلغان تەرەپنى ئۇلارغا خەۋەر قىلدى. مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

بىلەن ناھايىتى كۆپتۇر، ئۇلارنى تىزىملاش دەپتىرى تىزىملاپ جەملەپ بولالمايدۇر. يۇشۇرنۇۋېلىشنى ئىرادە قىلغان كىشى، مادامىكى الله نىڭ ۋەھىسى ئۇ ھەقدە نازىل بولمىسىلا مەخپى بۇلۇۋالغىلى بولىدۇ دەپ گۇمان قىلاتتى. مىۋىلەر، سايىلار خوش ياخشى بولغان، پىشقان ۋاقىتىدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇشۇ غازاتنى باشلىدى. ئۇل جاناب پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە مۇسۇلمانلارمۇ ئۇل زات بىلەن جەڭ تەييارلىغىنى قىلدى. ئۇلار بىلەن تەييارلىق قىلىشقا ئەتىگەن تەمشىلىپ بارىمەن ۋە ھىچ نەرسە قىلالماي قايتىپ كېلىمەن، ئۆز ئىچىمدە جەڭ تەييارلىغىغا مەن قادىرمەن دەيمەن، ئاندىن ماڭا ئىش ئۇزاردى، ھەتتاكى خالايىققا جىددىيلىك قاتتىق بولدى (چىك تەييارلىق قىلدى). ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە مۇسۇلمانلار ئۇل جاناب بىلەن ئەتىگەن تۇردىلەر، مەن تەييارلىغىمدىن ھىچ نەرسە قىلالمىدىم، ئاندىن ئېيتىمەن: بۇندىن كېيىن بىر كۈن ياكى ئىككى كۈن تەييارلىق قىلىمەن، ئاندىن ئۇلارغا يېتىشۋالىمەن دەپ. ئاندىن ئۇلار مەدىنىدىن ئايرىلىپ چىققاندىن كېيىن تەييارلىق قىلىشقا ئەتىگەن باردىم ۋە ھىچ نەرسە قىلالماي قايتىپ كەلدىم. ئاندىن ئەتىگەن باردىم، ھىچ نەرسە قىلالماي يېنىپ كەلدىم. ئاندىن بۇ ھال ماڭا ھەمىشە بولدى، ھەتتا ئۇلار ئىتتىك ماڭدىلەر ۋە جەڭ يىراقلىشىپ كەتتى، مەنمۇ كۆچۈپ مېڭىپ ئۇلارنى تېپىپ يېتىشىۋېلىشنى قەست قىلدىم، كاشكى شۇنداق قىلغان بولسام، بۇ ئىش ماڭا تەقدىر قىلىنمىدى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جەڭگە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن خالايىققا چىقسام ۋە ئۇلارنى ئايلانسام، نىپاق بىلەن تەنە قىلىنغان ياكى ئاجىز زەئىپلەردىن الله تەئالا ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلغان كىشىدىن باشقا كىشىنى كۆرمەيمەن، بۇئىش مىنى غەم قىلدۇردى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنى زىكرى (گېپىمنى) قىلمىدى، ھەتتاكى تەبۇككا

يەتتى، ئاندىن تەبۇكتا كىشلەرنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇپ كەئىب نىمە قىلدى دىدى؟ ئاندىن بەنۇ سەلىمەدىن بىركىشى ئېيتتى: يارەسۇلۇللاھ! ئۇ كەئىبنى ئىككى تون كىيىمى ۋە ئۇنىڭ ئىككى يېنىغا قارىشى (يەنى ئۆزگە ۋە كىيىمگە نەزەر قىلىشى) توختۇتۇپ قويدى. ئاندىن مۇئاز ئىبنى جەبەل ئېيتتى: نىمە دىگەن يامان سۆزنى سۆزلىدىڭ، ۋەللاھۇكى يارەسۇلۇللاھ! ئۇنىڭدىن ياخشىلىقدىن باشقىنى بىلمەيمىز. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈكۈت قىلدى. كەئىب ئىبنى مالىك ئېيتتى: پەس ئول ۋاقتىكى ئول جاناب رەسۇلۇللاھ تەبۇكتىن يېنىشقا يۈزلەنگەنلىك خەۋرى ماڭا يىتىپ ئىدى، ماڭا غەم ھازىر بولدى. ئاندىن يالغان ئېيتىشنى ئويلىدىم ۋە ئېيتىمەن: ئول جانابنىڭ غەزىۋىدىن نىمە بىلەن چىقىمەن ۋە بۇئىشقا ئەھلىمدىن ھەربىر ئەقىل ئېگىلىرىدىن ياردەم تەلەپ قىلدىم. ئاندىن ماڭا تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەدەم تەشرىپ سايىسى يېقىن بولدى دىيىلىپ ئىدى، مەندىن باتىل نەرسە زايىل بۇلۇپ يوقالدى ۋە يالغان نەرسە بىلەن ئول جاناب غەزىۋىدىن چىقالمايدىغانلىغىمنى تۇنۇدۇم ۋە ئۇ زاتقا راسچىل بۇلۇشنى جەزىم قىلدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قايتىپ كەلدى، ئول جاناب سەپەردىن قايتىپ كەلسە مەسجىد بىلەن باشلاپ ئۇنىڭدا ئىككى رەكئەت ناماز ئۇقۇيتى، ئاندىن خالايىق ئۇچۇن ئولتۇراتتى. ئاندىن بۇئىشنى قىلىپ ئىدى، ئول زات ھوزۇرىغا تەبۇكقا بارالماي ئارقىدا قالغانلار كىلىپ ئۆزرە ئېيتىدۇر ۋە قەسەم قىلىدۇر، ئۇلار سەكسەن نەچچە كىشلەر ئىدى. ئاندىن ئۇلاردىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاشقى ئەھۋاللىرىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇلارغا بەيئەت قىلدى ۋە ئۇلارغا ئىستىغپار ئېيتتى (گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرىتىنى تىلىدى) ۋە ئۇلارنىڭ ئىچكى سىرىنى الله تەئالاغا تاپشۇردى. ئاندىن مەن ئۇ زاتقا كېلىپ سالام قىلىشۇدىم، غەزەپلىك كۈلۈمسىرىدى، ئاندىن كەل دىدى، ئاندىن مېڭىپ كىلىپ،

ھەتتا ئالدىدا ئولتۇردۇم، ئاندىن ماڭا ئېيتتى: سىنى نىمە ئارقىدا قالدۇردى؟ ئايا ئۇلاق سېتىۋالغان ئەمەسمىدىڭ؟ ئاندىن ئېيتتىم: شۇنداق، ۋەللاھۇكى ئەگەر جانابىلىرىدىن باشقىسىنىڭ ھۇزۇرىدا ئولتۇرغان بولسام، ئەھلى دۇنيادىن ئەلۋەتتە ئۇنىڭ غەزىپىدىن ئۆزرى ئېيتىش بىلەن چىقىپ كىتىشىمنى جەزمەن كۆرەتتىم، ئەلۋەتتە جەدەل (سۆزمەنلىك) ئاتا قىلىنغان ئىدىم، لىكىن ئەگەر مەندىن سىلىنىڭ رازى بولۇشلىرى ئۈچۈن سىلىگە بوگۈن يالغان سۆزلىسەم، ئەلۋەتتە الله تەئالا سىلىنى ماڭا غەزەپ قىلدۇرۇشنى بىلدىم، ئەلۋەتتە سىلىگە راس سۆزلىسەم ماڭا خاپا بولىدىلا، شەكسىز مەن الله تەئالانىڭ ئەپۇ قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، الله غا قەسەمكى ماڭا ئۆزرى يوق، الله غا قەسەمكى جانابىلىرىدىن ئارقىدا قالغان ۋاقتىمدا مەندىن كۈچلۈكراق ۋە بايراق ئەمەس ئىدىم (يەنى كۈچلۈك ۋە باي ئىدىم). ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئەمما بۇ راس، ئاندىن قوپقىن ھەتتاكى الله تەئالا سىنىڭ ھەققىڭدە ھۆكمى قىلغىچىلىك دىدى. ئاندىن قوپتۇم ۋە بەنۇ سەلىمەدىن بىرمۇنچە كىشىلەر سەكرەپ قوپۇشۇپ ماڭا ئەگەشدى، ئاندىن ئۇلار ماڭا ئېيتتىلەر: الله غا قەسەمكى بۇندىن ئىلگىرى بىرمۇ گۇناھ قىلغانلىقىڭنى بىلمىدۇق، ئەلۋەتتە سەن ئارقىدا قالغان كىشىلەر ئۆزرە ئېيتقان نەرسە بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۆزرە ئېيتىشدىن ئاجىز كەلدىڭ؟ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساڭا ئىستىغپار ئېيتىشى گۇناھىڭغا كۇپايە قىلاتتى. پەس الله غا قەسەمكى ئۇلار مىنى مالامەت قىلىشقىلى تۇردى، ھەتتاكى قايتىپ بىرىپ ئۆز نەپسىمنى يالغانچى قىلىشنى ئىرادە قىلدىم، ئاندىن ئۇلارغا ئېيتتىم: ئايا بۇئىشقا مەندىن باشقا بىرەر كىشىمۇ يولۇقتىمۇ؟ ئېيتتىلەر: ھەئە، ئىككى كىشى سەن دىگەنەدەك دىيىشتى، ئۇئىككىسىگىمۇ ساڭا دىيىلگەن نەرسىنىڭ ئوخشىشى دىيىلدى. ئېيتتىم: ئۇئىككىسى كىم؟ ئېيتتىلەر: مۇرادە بىننى رەبىئىل ئۇمرى

ۋە ھىلال بىننى ئۇمەييەتەل ۋاقىفى. ئاندىن ئۇلار ماڭا بەدرىگە ھازىر بولغان، باشلامچىلىقى بار، ئىككى سالىھ كىشىنى زىكرى قىلدى. ئاندىن ئۇ ئىككىسىنى ماڭا ئۇلار زىكرى قىلغاندا يۈرۈپ كەتتىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ جەڭدىن ئارقىداپ (چىقماي) قالغانلار ئىچىدىن خۇسۇسەن ئۈچىمىزگە مۇسۇلمانلارنىڭ گەپ-سۆز قىلىشىدىن چەكلىدى. ئاندىن خالايىقلار بىزلەردىن چەتنىدى(قاچتى) ۋە بىزلەرگە ئۆزگەردىلەر، ھەتتاكى نەپسىمدە زېمىنمۇ ناتونۇش بولدى، ئۇ زېمىن مەن تونۇيدىغان ئەمەسدەك، بۇ ئىش ئۈستىدە ئەللىك كېچە تۇردۇق، ئەمما ئىككى ھەمرايىم ئۆيلىرىدە يىغلىشىپ خارۇ-زار ئولتۇرۇشتى. ئەمما مەن قەۋمنىڭ ياشراقى ۋە كۈچلۈكراقى ئىدىم، ئاندىن چىقىمەن ۋە مۇسۇلمانلار بىلەن نامازغا ھازىر بولىمەن ۋە بازاردا ئايلىنىپ يۈرۈيمەن ماڭا ھېچكىم گەپ قىلمايدۇ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھوزۇرىغا كىلىپ سالام قىلىمەن ئۇل جاناب نامازدىن ئۆز ئورنىدا بولغان ھالىتىدە ۋە ئۆز ئىچىمدە ئايا ئۇ زات ماڭا سالام قايتۇرۇش بىلەن ئىككى كالپۇكىنى مىدىراتتىمۇ يوق دەيمەن، ئاندىن ئۇ زاتقا يېقىن تۇرۇپ ناماز ئوقۇيمەن ۋە ئۇنىڭغا ئوغۇرلۇقچە قارايمەن، ئاندىن ۋەقتىكى نامىزىمغا يۈزلەنسەم ماڭا ئىقبال قىلىدۇ، ۋەقتىكى ئۇ زات تەرەپكە ئىلتىپات قىلسام مەندىن يۈز ئۆرۈيدۇ، ھەتتاكى خالايىقنىڭ جاپاسىدىن ماڭا بۇ ئىش ئۇزۇن بولۇپ ئىدى، مېڭىپ ھەتتا تاغامنىڭ ئوغلى ئەبى قەتادەنىڭ بېغىنىڭ تېمىغا چىقتىم، ئۇ خالايىقنىڭ ماڭا دوسراغى ئىدى. ئاندىن ئۇنىڭغا سالام قىلدىم، ئاندىن ماڭا سالام قايتۇرمىدى، ئاندىن ئېيتتىم: ئى ئەبى قەتادە ! الله ھەققى سەندىن تەلەپ قىلىمەنكى ئايا الله نى ۋە رەسۇلۇللاھنى دوس تۇتۇدىغانلىغىمنى بىلەمسەن؟ ئاندىن جىم تۇردى، ئاندىن قايتا يەنە تەلەپ قىلدىم، ئاندىن سۈكۈت قىلدى. ئاندىن يەنە قايتا تەلەپ قىلدىم. ئاندىن ئۇ ئېيتتى: الله ۋە رەسۇلى ئالىمدۇر، ئاندىن ئىككى كۆزۈم ياش تۆكتى،

ئارقامغا قايتتىم ھەتتا تامغا ئارتىلىپ چۈشۈپ كەتتىم. ئاندىن مەدىنەنىڭ بازىرىدا مېڭىپ يۈرگىنىمدە بىناگاھ شامنىڭ دېھقانلىرىدىن مەدىنىگە ئاشلىق ساتقىلى كەلگەنلەر ئىچىدىن بىر دېھقان ئېيتىدۇر: كەئىب ئىبنى مالىك قېشىغا كىم مىنى باشلاپ بارىدۇر (كۆرسىتىپ قويىدۇر). ئاندىن خالايىقلار ئۇنىڭغا ئىشارەت قىلدىلەر، ھەتتا ئۇ مىنىڭ قېشىمغا كىلىپ غەسسان پادىشاھىدىن بىر پارچە مەكتۈپنى ماڭا بەردى. پەس ئۇ مەكتۇپدا ‹ ئەمما بەئىد، پەس ساڭا سىنىڭ ساھىبىڭ (رەسۇلۇللاھ) جاپا قىلغانلىق خەۋىرى ماڭا يەتتى، الله تەئالا سىنى خارلىق ۋە زايالىق دىيارىدا قىلمىدى، بىزگە قوشۇل (كەلگىن) ساڭا ياردەم قىلىمىز ›. ئۇ خەتنى ئوقۇپ، بۇ ھەم بالا (سىناق) دىن دەپ ئۇ مەكتۈپنى تونۇرغا ئاپىرىپ ئۇنىڭ بىلەن تونۇرنى قىزىتتىم، ھەتتاكى ئەللىك كېچىدىن قىرىق كېچە ئۆتۈپ ئىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەلچىسى كىلىپ ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىنى خوتۇنۇڭدىن ئايرىلىپ تۇرۇشىڭغا ئەمر قىلدى! ئاندىن ئېيتتىم: ئۇنى تالاق قىلەمەنمۇ ياكى نىمە قىلىمەن؟ ئېيتتى: ياق، بەلكى ئايرىم تۇر ۋە ئۇنىڭغا يېقىن كەلمىگىن!، ئۇ ئىككى ھەمرايىمغىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئەلچى ئەۋەتتى. ئاندىن خوتۇنۇمغا ئاتا ـ ئاناڭنىڭ ئۆيىگە بېرىپ شۇلارنىڭ قېشىدا بۇ ئىشقا ھۆكمى قىلىنغىچە تۇرۇپ تۇرغىن دىدىم. ئېيتتى كەئىب: ھىلال ئىبنى ئۇمەييەنىڭ خوتۇنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ ئېيتتى: يارەسۇلۇللاھ ! تەھقىق ھىلال ئىبنى ئۇمەييە زايا بولغان قېرىدۇر، ئۇنىڭ خىزمەت كارى يوق، ئايا ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىشىمنى كەرىھ كۆرەمدىلا؟ ئېيتتى: ياق، لىكىن ئۇ ساڭا يېقىنلاشمىسۇن. ئۇ خوتۇن ئېيتتى: ۋەللاھۇ ئۇنىڭ ھىچ ئىشقا ھەركىتى يوق، ۋەللاھۇ ئۇنىڭغا مۇشۇ ئىش بولغاندىن بىرى مۇشۇ كۈنگىچە ھەمىشە يىغلاپلا تۇرماقتا. ئاندىن ماڭا بەزى ئەھلىم ئېيتتى: ھىلال ئىبنى ئۇمەييەنىڭ خوتۇنى ئېرىگە خىزمەت

قىلىشقا ئىزنى سورىغاندەك سەنمۇ خوتۇنۇڭ ھەققىدە شۇنداق ئىزنى سورىغان بولساڭ دېدى.
ئاندىن ئېيتتىم: ۋەللاھۇ خوتۇن ھەققىدە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئىزنى سورىمايمەن، ئۇل جانابىدىن خوتۇنۇم ھەققىدە ئىزنى سورىسام ماڭا ئۇ زاتنىڭ نىمە دەيدىغانلىغىنى ماڭا كىم بىلدۈرىدۇر ۋە مەن ياش دۈرمەن. ئاندىن ئون كېچە تۇردۇم، ھەتتا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزلەرگە گەپ قىلىشدىن چەكلىگەن ۋاقتىدىن باشلاپ ئەللىك كېچە كامىل تامام بولدى. ئاندىن ئەللىك كېچە تاڭ ئاتقاندا بامدات نامىزىنى ئۇقۇپ ئۆيلىرىمدىن بىر ئۆينىڭ ئۆگزىسىدە الله تەئالانى زىكرى قىلغان ھال بىلەن ئۆزەمگە نەپسىم تارلىق قىلىپ سىقىلىپ ۋە زىمىننىڭ كەڭلىگى بىلەن ماڭا ئۇ زىمىن تارلىق قىلغان ھالدا ئولتۇرغۇنۇمدا، سەلئى تاغىنىڭ ئۇستىگە چىقىپ ئەڭ يۇقۇرى ئاۋاز بىلەن ئى كەئىب ئىبنى مالىك خۇرسەن بولغىن! دەپ ئاۋاز قىلغۇچىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. ئېيتتى كەئىب: سەجدىگە يىقىلدىم، تەھقىق كەڭ كۇشادىلىك كەلگەنلىگىنى تونۇدۇم ۋە بامدات نامىزىنى ئۇقۇغان ۋاقتىدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم الله تەئالانىڭ بىزگە تەۋبە بەرگەنلىگىنى ئېلان قىلدى، خالايىق بىزلەرگە خوش ـ بىشارەت بىرىۋاتىدۇر ۋە ئىككى ھەمراىم تەرىپىگىمۇ خوش ـ خەۋەر يەتكۈزگۈچىلەر كەتتى ۋە مەن تەرەپكە بىر ئادەم ئات چاپتى، ئەسلەم قەبىلىسىدىن بىر يۈگۈرگۈچى يۈگۈرۈپ تاققا چىقتى، ئاۋازى ئاتتىنمۇ ئىتتىك بولدى، ھېلىقى ماڭا خوش بىشارەت بىرىپ ئاۋاز قىلغاننى مەن ئاڭلىغان كىشى كەلگەندە ئىككى دانە كىيىممنى سېلىپ ئۇنىڭ خوش ـ بىشارىتىگە ئۇ ئىككى كىيىمنى ئۇكىشىگە كەيدۈرۈپ قويدۇم، ۋەللاھۇ ئۇ كۈنلەردە ئۇئىككى كىيىمدىن غەيرىگە ئىگە بولالمايمەن، باشقا ئىككى كىيىم ئارىيەت ئېلىپ كەيدىم ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھوزۇرىغا يۈردۈم، خالايىق توپ ـ توپ بۇلۇپ تەۋبە بىلەن مىنى تەبرىكلەپ ماڭا الله

تەئالانىڭ تەۋبەسى مۇبارەك بولسۇن دېيىشىپ يۈلۈقتى. ئېيتتى كەئىب: مەسجىدكە كىردىم، بىناگاھ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خالايىق ئوتتۇرىسدا ئولتۇرىدۇر. ئاندىن تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ ماڭا يۈگۈرۈپ قوپۇپ مەن بىلەن قول تۇتۇشۇپ كۆرۈشدى ۋە منى تەبرىكلىدى. ۋەللاھۇ ماڭا مۇھاجىرلاردىن ئۇنىڭدىن باشقىسى قوپمىدى، تەلھەنىڭ ئۇ قىلغان ئىشىنى ئۇنتۇيالمايمەن. ئېيتتى كەئىب: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سالام قىلىپ ئىدىم، جانابى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇبارەك يۈزلىرى خوشاللىقدىن يۇرىغان ھالىتدە، ئاناڭ تۇققان كۈندىن بىرى ساڭا ئۆتكەن كۈننىڭ ياخشىراغى بىلەن خۇرسەن بولغىن دىدى. ئېيتتىم: بۇ بشارەت ئۆزلىرىدىنمۇ ياكى الله تەئالا نەزدىدىنمۇ؟ ئېيتتى: ياق، بەلكى الله تەئالا نەزدىدىن. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خوشال بولسا مۇبارەك يۈزلىرى گۈيا ئاي پارىسىدەك يورۇپ كېتەر ئىدى، بۇھالنى ئول جاناب رەسۇلۇللاھدىن تونۇيتۇق. ئاندىن ئول جانابنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئېيتتىم: يارەسۇلۇللاھ ! تەھقىق منىڭ تەۋبەمدىندۇر شۈكى، الله تەئالا ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سەدىقە قىلىپ مىلمىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقمەن (پۈتۈن مىلمىنى سەدىقە قىلمەن). پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: مىلكىڭنىڭ بەزىسىنى ئۆزەڭگە ئېلىپ قال، ئاندىن شۇنداق قىلىشىڭ سەن ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئېيتتىم: خەيبەردىكى نەسىبەمنى تۇتۇپ قالىمەن. ئېيتتىم: يارەسۇلۇللاھ ! تەھقىق الله تەئالا ماڭا راسچىللىق بىلەن نجات بەردى ۋە منىڭ تەۋبەمنىڭ جۈملىسىدىندۇر شۈكى، دۇنيادا باقى قالساملا راس گەپتىن باشقا سۆزنى قىلمايمەن. پەس الله غا قەسەمكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە شۇنى زىكرى قىلغاندىن كيىن، الله تەئالا مۇسۇلمانلاردىن بىرىنى راس گەپ قىلىش ھەققىدە منى سىنىغاندىن چىرايلىغاراق سىنىغاننى بىلمەيمەن ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بۇنى زىكرى قىلغاندىن كېيىن مۇشۇ كۈنۈمگىچە يالغانچىلىقنى قەس قىلمىدىم ۋە باقى قالغان ئۆمرۈمدە الله تەئالا مىنى ساقلاشنى ئۈمۈد قىلىمەن. الله تەئالا پەيغەمبەرى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى {لقدْ تاب اللّهُ نَلَوْ النَّبِيِّ وَالْمُهَاجِرِينَ وَالْؤنْپَارِ الْوِينَ اتَّبَنُوهُ فِي سَانَهِ الُنسْرَهِ مِنْ بَنْدِ مَا كَادَ يَزِيْغُ قُلُوبُ فَرِيْقٍ مِنْهُمْ كُمَّ تاب نَلَيْهِمْ وِنَّهُ بِهِمْ رَءُوفٌ رَحِيمٌ (117) وَنَلَوْ الثَّلاثَهِ الْوِيْنَ خُلِّفُوا حَتَّوْ ووَا گاقتْ نَلَيْهِمُ الْؤرْگُ بِمَا رَحُبَتْ وَگاقتْ نَلَيْهِمْ ؤنفُسُهُمْ وَئَنُّوا ؤنْ لا مَلجَؤ مِنَ اللهِ وِلاّ وِليْهِ كُمَّ تاب نَلَيْهِمْ لِيَتُوبُوا وِنَّ اللّهَ هُوَ التَّوَّابُ الرَّحِيمُ (118) يَا ؤيُّهَا الْوِينَ ژمَنُوا اتَّقُوا اللّهَ وَكُونُوا مَىَ الپَّادِقِينَ (119)} مەنىسى: ***{الله تەئالا ھەقىقەتەن پەيغەمبەرنىڭ ۋە ئۇنىڭغا قىيىنچىلىق ۋاقتىدا ئەگەشكەن مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى، (ئەينى زاماندا) ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ دىللىرى ھەقتىن بۇرۇلۇپ كېتىشكە تاسقالغاندىن كېيىن الله تەئالا ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى، الله تەئالا ئۇلارغا تولىمۇ مەرھەمەتلىك ناھايىتى مېھرىباندۇر(117). جىھادقا چىقمىغان ئۈچ كىشىنىڭ تەۋبىسىنىمۇ الله قوبۇل قىلدى، شۇنچە كەڭ زېمىن ئۇلارغا تار تۇيۇلغان، ئۇلارنىڭ جانلىرى، ئۇلار الله غا تەۋبە قىلماي تۇرۇپ الله نىڭ غەزىپىدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىگە ئىشەنگەن ئىدى، ئاندىن ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلغۇچىلاردىن بولۇشى ئۈچۈن الله ئۇلارنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلدى، الله تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر (118). ئى مۆمىنلەر! الله دىن قورقۇڭلار ۋە راستچىللار بىلەن بىللە بولۇڭلار (119).*** } (سۈرە تەۋبە 117 ـ 118 ـ ئايەت).

الله غا قەسەمكى، الله مىنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندىن كېيىن يالغان ئېيتقانلار ھالاك بولغاندەك، يالغان ئېيتىپ ھالاك بولۇپ كەتمەسلىكىم ئۈچۈن، مىنىڭ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە راستچىل بولۇشۇمدىن ئۇلۇغراق ئىنئام قىلمىدى، چۈنكى الله تەئالا ۋەھى

نازىل قىلغان ۋاقىتدا يالغان ئېيتقانلارغا «ئەھەدىگە (بىروگە)» دىگەن سۆزنىڭ ئەڭ يامان راغىنى دىدى. {سَيَحْلِفُونَ بِاللَّهِ لَكُمْ إِذَا انْقَلَبْتُمْ إِلَيْهِمْ لِتُعْرِضُوا عَنْهُمْ فَأَعْرِضُوا عَنْهُمْ إِنَّهُمْ رِجْسٌ وَمَأْوَاهُمْ جَهَنَّمُ جَزَاءً بِمَا كَانُوا يَكْسِبُونَ (95) يَحْلِفُونَ لَكُمْ لِتَرْضَوْا عَنْهُمْ فَإِنْ تَرْضَوْا عَنْهُمْ فَإِنَّ اللَّهَ لَا يَرْضَى عَنِ الْقَوْمِ الْفَاسِقِينَ (96)} مەنىسى: ***{ئۇ (مۇناپىقلار) نىڭ يېنىغا قايتىپ بارغىنىڭلاردا، ئۇلار سىلەرنىڭ ئۇلارنى ئەيىپ لىمەسلىكىڭلار ئۈچۈن (يالغان ئۆزرىلەر بايان قىلىپ) الله بىلەن قەسەم قىلىدۇ، ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈڭلار (يەنى ئۇلار بىلەن سۆزلەشمەڭلار ۋە سالاملاشماڭلار)، ئۇلار ھەقىقەتەن نىجىسدۇر، قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى ئۈچۈن بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر (96). سىلەرنىڭ رازىلىقىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۇلار سىلەرگە قەسەم ئىچىپ بېرىدۇر، سىلەر ئۇلاردىن رازى بولساڭلار (بۇ ئۇلارغا پايدا بەرمەيدۇ)، چۈنكى الله پاسىق قەۋمدىن رازى بولمايدۇر (97).}*** (سۆرە تەۋبە 96ـ97ـئايەت). ئېيتتى كەئىب: ئۇلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە (يالغاندىن) قەسەم ئىچكەندە، ئول جاناب ئۇلاردىن قوبۇل قىلىپ ئۇلارغا بەيئەت قىلىپ ۋە ئۇلارغا ئىستىغپار ئېيتقان كىشىلەردىن بولۇپمۇ ئۈچىمىز ئايرىلىپ كىيىن قالغان بولدۇق. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنىڭ ئىشىمىزنى تەخىر قىلدى، ھەتتاكى الله تەئالا ئۇئىشىمىزدا ھۆكمى قىلدى، شۇنىڭ بىلەن الله ئەززەۋەجەللى ئېيتتى: {وَعَلَى الثَّلَاثَةِ الَّذِينَ خُلِّفُوا} مەنىسى ***{جىھادتا چىقمىغان ئۈچ كىشىنىڭ تەۋبىسىنىمۇ قوبۇل قىلدى}*** (سۆرە تەۋبە 118ـئايەت). الله تەئالا زىكرى قىلغان نەرسە بىزنىڭ غازاتدىن كىيىن قېلىپ چىقمىغانلىغىمىز جەھەتدىن ئەمەسدۇر، بەلكى شەكسىزكى ئۇ پەقەت بىزنى الله نىڭ تەخىر قىلىشىدۇر، يالغان قەسەم قىلىپ ئۆزرە ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزرىنى قوبۇل قىلغان كىشىلەردىن بىزنى ئايرىپ تەخىر قىلىشىدۇر. (دېمەك الله بىزلەرنى ئۇلاردىن ئايرىپ، تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن ئىكەندۇر).

**پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كىسرا ۋە قەيسەرگە مەكتۇپ ئەۋەتكەنلىكى توغرىسىدا**

1700 ـ ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ ئېيتتى: ئەلۋەتتە الله تەئالا ئەييامەل جەمەلدە(1) پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىغان بىر كەلىمە سۆز ماڭا مەنپەئەت قىلدى. ئەسھابى جەمەلگە قوشۇلۇپ ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلغىلى تاس قالغىنىمدىن كېيىن، ئېيتتى ئەبۇبەكرى: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە پارس ئەھلى ئۆزلىرىگە كىسرانىڭ قىزىنى پادىشا قىلغانلىق خەۋىرى يەتكەندە ئېيتتى: ئۆزلىرىگە خوتۇن كىشىنى پادىشا قىلغان قەۋم ھەرگىز نىجات تاپالمايدۇر.

((1) ئەييامەل جەمەل ـ يەنى ئائىشە تۆگە مىنىپ بەسرەدە ئوسماننىڭ خۇنىنى داۋا قىلىپ چىققان كۈنلەر. ئەلى ۋە ئائىشە ئوتتۇرىسىدا بولغان ۋەقە).

**پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كېسىلى ۋە ۋاپاتى توغرىسىدا**

1701 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەبزى روھ بولغان كېسىلىدە پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى چاقىرىپ ئۇنىڭغا مەخپى بىرنەرسە دېدى. ئاندىن ئۇ پاتىمە يىغلىدى، ئاندىن ئۇنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا مەخپى بىرنەرسە دېدى، ئۇ پاتىمە كۈلدى. ئاندىن ئۇ پاتىمەدىن بۇنىڭدىن سورىدۇق؟ ئاندىن ئېيتتى: ماڭا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىنىڭ ۋاپات كېسىلىدە، قەبزى روھ بولىدىغانلىقىنى مەخپى دېدى يىغلىدىم، ئاندىن ماڭا ئۆز ئەھلىدىن ئۇل زات ھۇزۇرىغا ئاخىرەتتە ئەۋۋەل بارىدىغانلىقىمنى مەخپى خەۋەر قىلىشىدى كۈلدۈم.

1702 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلار ئىدىم، پەيغەمبەرگە دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئوتتۇرىسىدا ئىختىيار بىرىلگۈچىلىك ئۇ

پەيغەمبەر ئۆلمەيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ۋاپات بولغان كېسلىدە ئۇنى بوغۇق ئاۋاز تۇتتى ۋە ئېيتتى: {مَعَ الَّذِينَ أَنْعَمَ اللَّهُ عَلَيْهِمْ} ئايىتىنى ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىدىم. مەنىسى: ***{كىملەركى الله غا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن ئۇلار (ئاخىرەتتە) الله نىڭ نىمىتىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەر، سىددىقلەر، شېھىدلەر ۋە ياخشىلار بىلەن بىللە بولىدۇر}*** . (سۈرە نىسا 69 ـ ئايەت). ئاندىن ئۇ زاتقا ئىختىيار بېرىلگەنلىكىنى بىلدىم. (دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئوتتۇرىسىدا ئىختىيار بېرىلىپ ئۇ زات ئاخىرەتنى ئىختىيار قىلغانلىقىنى بىلدىم).

**1703** ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدى: جانابى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساق ـ سالامەت ۋاقتىدا ئېيتار ئىدى: ھېچ پەيغەمبەر ھەتتا ئورنىنى جەننەتتىن كۆرگىچىلىك قەبزى روھ قىلىنمىدى، ئاندىن ئۇ پەيغەمبەرگە ئىش تاپشۇرۇلىدۇر ياكى ئىختىيار بېرىلىدۇر. ئاندىن بەك ئاغرىپ قەبزى قىلىش ھازىر بولۇۋىدى، ھالبۇكى باشلىرى يوتامدا ھوشىدىن كەتتى، ئاندىن ھوشىغا كېلىۋىدى كۆزلىرىنى ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە تىكتى ئاندىن ئېيتتى: «اللَّهُمَّ فِى الرَّفِيْقِ الاعْلَى» يەنى «ئى الله ! ئەڭ يۇقۇرى رەپىقدە قىلغىن» دىدى. ئاندىن ئېيتتىم: بۇھالدا بىزنى ئىختىيار قىلمايدۇ، ئاندىن ساق ـ سالامەت ۋاقتىدا بىزلەرگە ھەدىس قىلغان ھەدىسى شۇئىكەنلىكىنى تونۇدۇم.

**1704** ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاغرىپ قالسا ئۆز نەپسىگە «قۇلئەئۇزۇ» (سۈرە پەلەق، سۈرە ناس) لار بىلەن دەم سالاتتى ۋە قولى بىلەن سىلايتى. ئاندىن ۋاپات بولغان كېسەللىرىدە ئاغرىغاندا ئۆزى دەم سالىدىغان مۇئەۋۋەزەلەر بىلەن دەم سېلىشقا باشلىدىم ۋە ئۇ زاتنى ئۆز قولى بىلەن سىلاپ قويىدىغان بولدۇم.

1705 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولۇشىدىن ئىلگىرى ئۇ زات ماڭا ئۇچىسىنى يۆلىگەن ھالىتىدە ئۇ زاتقا قۇلاق سالدىم ۋە مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: اَللّٰهُمَّ اغْفِرْلِىْ وَارْحَمْنِىْ وَاَلْحِقْنِىْ بِالرَّفِيْقِ، مەنىسى«ئى الله ! ماڭا مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا رەھىم قىلغىن، مىنى رەپىق ئەلاغا قوشقىن».

1706 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ بىر رىۋايەتىدە ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنىڭ كۆكسۈم بىلەن ئېڭەگىم ئوتتۇرىسىدا ۋاپات بولدى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن كېيىن ھېچكىمنى ئۆلۈمنىڭ قاتتىقلىقى جەھەتىدىن مەڭگۈ كەربە كۆرمەيمەن.

1707 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋاپات كېسىلىدە ھۇزۇرىدىن چىقدى. ئاندىن خالايىقلار ئېيتتى: ئى ئەبۇل ھەسەن! پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قانداق تاڭ ئاتتۇردى؟ ئاندىن ئېيتتى: اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ ساق ـ سالامەت تاڭ ئاتتۇردى. ئاندىن ئابباس ئىبنى ئابدۇل مۇتەللىب ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئۇنىڭغا ئېيتتى: ۋەللاھۇ سەن ئۈچ كۈندىن كېيىن ئەسانىڭ قۇلىدۇرسەن (يەنى تابى ھوقوقسىز بولىسەن)، تەھقىق مەن ۋەللاھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى مۇشۇ كېسىلىدە ۋاپات بولغۇچى كۆرىمەن، شەكسىز مەن ئۆلىدىغان ۋاقتىدىكى ئابدۇل مۇتەللىب باللىرىنىڭ يۈزلىرىدىكى ئالامەتنى تونۇيمەن، بىزنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىغا ئېلىپ بارغىن، ئۇنىڭدىن مۇشۇ خىلاپەت ئىشى كىمدە بولىدىغانلىقىنى سورايلى، ئەگەر بىزدە بولسا ئۇنى بىلىۋالايلى، ئەگەر بىزنىڭ غەيرىمىزدە بولسا ئۇنىمۇ بىلىۋالايلى، بىزگە ۋەسىيەت قىلدۇ. ئاندىن ئەلى ئېيتتى: تەھقىق بىز ئۇنى

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سورىساق، بىزدىن ئۇنى مەنى قىلسا، ئۇنى خەلقلەر ئۇل جانابدىن كىيىن بىزگە بەرمەيدۇ، تەھقىق مەن ۋەللاھۇ ئۇنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سۇئال قىلمايمەن.

1708 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق ئۇ ئېيتارئىدى: تەھقىق الله تەئالا ماڭا بەرگەن نىمەتلەردىندۇر، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مىنىڭ ئۆيۈمدە، مىنىڭ نۆۋىتىمدە، مىنىڭ كۆكسۈم ۋە مىنىڭ ئىڭكىم ئوتتۇرسىدا ۋاپات بولغانلىغى. تەھقىق الله ئۇزاتىنىڭ تۈكۈرگىنى ۋە مىنىڭ تۈكۈرگۈمنى ۋاپات بولىدىغان ۋاقتىدا جەمى قىلدى، ماڭا ئابدۇراھمان كىردى قولىدا مىسۋاك بار، ھالئۇلكى مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى يۆلەپ تۇرغۇچىمەن، ئۇل جانابنىڭ مىسۋاكقا قاراپ قالغانلىغىنى كۆردۈم ۋە مىسۋاكنى دوس تۇتۇدىغانلىغىنى تونۇدۇم، ئاندىن ئېيتتىم: ئۇنى ئېلىپ بېرەيمۇ؟ بېشى بىلەن ئىشارەت قىلدىكى ماقۇل، ئۇنى ئېلىپ بەردىم، مىسۋاك قىلىش ئۇنىڭغا تەس كەلدى، ئاندىن ئېيتتىم: ئۇنى يۇمشۇتۇپ بېرەيمۇ؟ بېشى بىلەن ئىشارەت قىلدىكى ماقۇل، ئاندىن ئۇنى يۇمشۇتۇپ بەردىم، ئۇنى چىشلىرى ئارىسىغا ئۆتكۈزۈپ ياخشى مىسۋاك قىلدى ۋە ئالدىدا سۇ بار تولۇم بار ئىدى، ئۇنىڭغا قولىنى كىرگۈزۈپ سۇنى ئېلىپ يۈزىگە سۈرىدۇر ۋە ئېيتىدۇر : لاَ اِلٰهَ اِلاّ اللّٰهُ ئۆلۈمگە سەكەرات بار. ئاندىن قولىنى تىكلەپ ئېيتىدۇر: فِىْالرَّفِيْقِ الاَعْلٰى، ھەتتا قەبزى روھ بولۇپ مۇبارەك قوللىرى سىڭايان كەتتى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم.

1709 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېسەللىرىدە دارىنى ئاغزىدىن قۇيدۇق ۋە ئېيتىدۇر: ئاغزىمدىن دارا قۇيماڭلار! ئاندىن ئېيتتۇق: كېسەل دارىنى ناخۇش كۆرگەنلىكدىن. ھۇشىغا كىلىپ ئېيتتى: ئاغزىمغا دارا قۇيۇشدىن نەھى

قىلمىدىمۇ؟ ئېيتتۇق: دارنى ناخۇش كۆرگەنلىكىدىن. ئېيتتى: ئۆيدە بىركىم قالماي ئاغزىدىن دارا قۇيۇلدى مەن قاراپ تۇرىمەن، ئاباسدىن باشقا، ئۇ سىلەرگە ھازىر بولمىغانتى.

1710 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كېسەللىرى ئېغىرلاشقاندا ھۇشىدىن كېتەر ئىدى. ئاندىن پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئېيتتى: وَاكَرْبَ اَبَاهُ ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاتاڭغا بۈگۈندىن كېيىن مۇشەققەت يوق.

## پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدا

1711 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاتمىش ئۈچ ياشلىرىدا ۋاپات بولدى.

## (57) تەپسىر توغرىسىداكى كىتاپ

### سۈرە پاتىھە ھەققىدە كەلگەن ھەدىس توغرىسىدا

1712 ـ ئەبۇسەئىد بىننى مۇئەللادىن ئېيتتى: مەن مەسجىددە ناماز ئۇقۇۋاتاتتىم مىنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چاقىردى، ئاندىن ئۇنىڭغا جاۋاپ بەرمىدىم. ئاندىن ئېيتتىم: يارەسۇلۇللاھ ! مەن ناماز ئۇقۇۋاتار ئىدىم. ئاندىن ئۇل جاناب ئېيتتى: ئايا الله تەئالا ئېيتمىدىمۇ: {ژمَنُوا اسْتَجِيْبُوا لِلّهِ وَلِلرَّسُولِ وِوُا دَىَاكُمْ} مەنىسى ***{الله تەئالاغا ۋە رەسۇلۇللاھغا ئىجابەت قىلىڭلار سىلەرنى چاقىرغان ۋاقتىدا}*** سۈرە ئەنپال 24 ـ ئايەت). ئاندىن كېيىن ماڭا ئېيتتى: سەن مەسجىددىن چىقىشىدىن ئىلگىرى قۇرئاندىكى سۈرىلەرنىڭ ئۇلۇغراغىنى ساڭا ئۆگۈتۈپ قويمايمۇ؟ ئاندىن مىنىڭ قولۇمنى تۇتتى، ئاندىن مەسجىددىن چىقىشنى ئىرادە قىلىۋىدى، ئېيتتىم: قۇرئاندىنكى سۈرىنىڭ ئۇلۇغراغىنى ساڭا ئۆگۈتۈپ قوياي دىمىدىڭمۇ؟ ئېيتتى: {الحَمْدُ لِلّهِ رَبِّ

الظَّالِمِيْنَ} سۈرە پاتىھە، ئۇ نامازدا تەكرار بولغان يەتتە ئايەت ۋە ماڭا كەلتۈرۈلگەن ئۇلۇغ قۇرئاندۇر.

**سۈرە بەقەرە:** {فَلاَ تَجْعَلُوا لِلَّهِ أَنْدَادًا وَأَنْتُمْ تَعْلَمُونَ} *{ئەمدى اللە غا شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ھالبۇكى، سىلەر(اللە نىڭ شېرىكى يوقلۇقىنى)بىلىپ تۇرسىلەر}*(سۈرە بەقەرە 22 ـ ئايەت)

1713 ـ ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن اللە نىڭ نەزدىدە قايسى گۇناھ چوڭراق دەپ سورىدىم؟ ئېيتتى: سىنى ياراتقان اللە غا شىرىك كەلتۈرۈش. ئېيتتىم: تەھقىق بۇ چوڭ گۇناھدۇر، ئاندىن قايسى؟ ئېيتتى: سەن بىلەن تائام يېيىشدىن قورقۇپ بالاڭنى ئۆلتۈرۈش. ئېيتتىم: ئاندىن قايسى؟ ئېيتتى: خوشناڭنىڭ خوتۇنى بىلەن زىنا قىلىش.

**اللە تەئالانىڭ** {وَظَلَّلْنَا عَلَيْكُمُ الْغَمَامَ وَأَنْزَلْنَا عَلَيْكُمُ الْمَنَّ وَالسَّلْوَى} مەنىسى: *{سىلەرگە بۇلۇتنى سايىۋەن قىلىپ بەردۇق ۋە سىلەرگە تەرەنجىبىن ۋە بۆدۈنىنى نازىل قىلدۇق}* سۈرە بەقەرە **57 ـ ئايىتى توغرىسىدا**

1714 ـ سەئىد ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئېيتتى: موگو تەرەنجىبىندىندۇر ۋە ئۇنىڭ سۈيى كۆزگە شىپادۇر.

**اللە تەئالانىڭ** {وَإِذْ قُلْنَا ادْخُلُوا هَذِهِ الْقَرْيَةَ} مەنىسى: *{ئۆز ۋاقتىدا مۇشۇ شەھەرگە (يەنى بەيتۇل مۇقەددەسكە) كىرىڭلار دېدۇق}* **سۈرە بەقەرە 58 ـ ئايىتى توغرىسىدا**

1715 ـ ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: بەنى ئىسرائىلغا ئىشىكدىن سەجدە قىلغان ھالدا كىرىڭلار ۋە گۇناھىمىزنىڭ

مەغپىرىتىنى تەلەپ قىلمىز دەڭلار دېيىلدى، ئۇلار ساغرىسىنى سۆرەپ كىردى، ئاندىن ئۆزگەرتىپ ئارپىدىكى بىر تال بۇغداي دېدىلەر.

**اللە تەئالانىڭ {مَا نَنْسَخْ مِنْ آيَةٍ أَوْ نُنْسِهَا نَأْتِ بِخَيْرٍ مِنْهَا أَوْ مِثْلِهَا} مەنىسى: *{بىز قانداقلا بىر ئايەتنى ئەمەلدىن قالدۇرساق ياكى ئۇنتۇلدۇرساق (ئورنىغا) ئۇنىڭدىن ئارتۇقراقىنى ياكى ئۇنىڭغا ئوخشاشنى كەلتۈرىمىز}* سۈرە بەقەرە 106 ـ ئايىتى توغرىسىدا**

**1716** ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئېيتتى: قارى راغىمىز ئۇبەيدۇر ۋە قازى راغىمىز ئەلىدۇر. تەھقىق بىز ئۇبەيىنىڭ قەۋلىدىن تەرىك ئېتىمىز ۋە تەھقىق ئۇبەي ئېيتىدۇر: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىغان نەرسىنى تەرىك قىلمايمەن. تەھقىق اللە ئەززەۋەجەللى ئېيتتى: {مَا نَنْسَخْ مِنْ آيَةٍ أَوْ نُنْسِهَا} (سۈرە بەقەرە 106 ـ ئايەت ) .

**اللە تەئالانىڭ {وَقَالُوا اتَّخَذَ اللَّهُ وَلَداً سُبْحَانَهُ} مەنىسى: *{ئۇلار (يەنى يەھۇدى، ناسارا، مۇشرىكلار): « اللە نىڭ بالىسى بار دېيدۇ» اللە تەئالا ئۇنىڭدىن پاكدۇر}*. سۈرە بەقەرە 116 ـ ئايىتى توغرىسىدا**

**1717** ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئېيتتى اللە ئەززە ۋەجەللە: ماڭا ئادەمىزات ئىنكار قىلدى، ئۇنىڭغا ئۇنداق قىلىش لايىق ئەمەس ئىدى، مىنى ئادەمىزات دەشنام قىلدى، ئۇنىڭغا ئۇنداق قىلىش لايىق ئەمەس ئىدى. پەس ئەمما ئۇنىڭ ماڭا ئىنكار قىلغىنى ئۇ گۇمان قىلدىكى، ئۇنى مەن ئۆلگىرگەندەك قايتا تىرىلدۈرۈشكە قادىر بولمايمەن. ئەمما ئۇنىڭ مىنى دەشنام قىلغىنى ئۇنىڭ مىنى بالىسى بار دېگىنى، پەس مەن خوتۇن ۋە بالا تۇتۇشتىن پاك دۇرمەن.

الله تەئالانىڭ {وَاتَّخِذُوا مِنْ مَقامِ وِبْرَاهِيمَ مُپَلًّوْ} مەنىسى: ***{ماقامى ئىبراھىمدىن نامازگاھ تۇتۇڭلار}***. سۈرە بەقەرە 125 ـ ئايىتى توغرىسىدا

1718 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتتى: الله تەئالاغا ئۈچ نەرسىدە ماسلاشتىم ياكى الله رەببىم ماڭا ئۈچ نەرسىدە مۇۋەپپەقىيەت قىلدى. ئېيتتىم: يارەسۇلۇللاھ ! ماقامى ئىبراھىمدىن نامازگاھ تۇتقان بولساق، يارەسۇلۇللاھ ! ئۆزلىرىگە ياخشى ۋە يامانلار كىرىدۇ، مۆمىنلەر ئانىلىرىنى پەردىدە بولۇشنى بۇيرىغان بولسىلا. ئاندىن الله تەئالا ھىجاب ئايىتىنى نازىل قىلدى. ئۆمەر ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى بەزى خوتۇنلىرى مالامەت قىلغانلىقى ماڭا يەتتى، ئاندىن ئۇ خوتۇنلار قېشىغا كىردىم، ئاندىن ئېيتتىم: ئەگەر يانساڭلار (يېنىڭلار) ياكى الله تەئالا پەيغەمبىرى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سىلەردىن ياخشاراقنى ئالماشتۇرۇپ بېرىدۇ، ھەتتا ئۇ خوتۇنلارنىڭ بىرىنىڭ قېشىغا كىردىم، ئۇ خوتۇن ئېيتتى: ئى ئۆمەر! پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدە خوتۇنلىرىغا نەسىھەت قىلىدىغان نەرسە يوقمۇ؟ ھەتتا سەن ئۇلارغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلىسەن؟ . الله تەئالا {رَسَوْ رَبُّهُ وِنْ طَلَّقَكُنَّ وَّنْ يُبْدِلَهُ وَّزْوَاجاً خَيْرًا مِنْكُنَّ مُسْلِمَاتٍ} ئايىتىنى نازىل قىلدى. مەنىسى: ***{ئەگەر ئۇ سىلەرنى قويۇۋەتسە پەرۋەردىگارى سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا سىلەردىن ياخشى، (الله نىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە) بويسۇنغۇچى، الله غا ۋە پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتقۇچى، ئىتائەت قىلغۇچى، گۇناھلاردىن تەۋبە قىلغۇچى، ئىبادەت قىلغۇچى ۋە روزا تۇتقۇچى چوكانلارنى ۋە قىزلارنى ئۇنىڭغا بىرىشى مۇمكىن}***. (سۈرە تەھرىم 5 ـ ئايەت).

الله تەئالانىڭ {قولوا ژمَنَّا بِاللّٰهِ وَمَا وّنْزل ولَيْنَا} مەنىسى: ***{الله غا ئىمان ئېيتتۇق ۋە بىزلەرگە نازىل قىلغان نەرسىگە ئىمان كەلتۈردۇق دەڭلار}***. سۈرە بەقەرە 136 ـ ئايىتى توغرىسىدا

1719 ـ ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىندى: ئەھلى كىتاب تەۋراتنى ئىبرانىچە ئوقۇپ مۇسۇلمانلارغا ئەرەپچە تەپسىر قىلاتتى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئەھلى كىتابقا تەسدىقمۇ قىلماڭلار ۋە ئۇلارغا ئىنكارمۇ قىلماڭلار، {قولوا ژمَنَّا بِاللَّهِ وَمَا ۆنْزل ولِيْنا} *{اللە غا ئىمان ئېيتتۇق ۋە بىزلەرگە نازىل قىلغان نەرسىگە ئىمان كەلتۈردۇق دەڭلار}* .

اللە تەئالانىڭ {وَكوۆلِكَ جَلَلنَاكمْ ۆمَّةً وَسَ□اً لِتَكونوْا شهَدَاءَ نَلوْ النَّاسِ} مەنىسى: *{شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) كىشىلەرگە (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە) شاھىد بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىد بولۇشى ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ياخشى ئۈممەت قىلدۇق}* . سۈرە بەقەرە 143 ـ ئايىتى توغرىسىدا

1720 ـ ئەبى سەئىدىل خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: قىيامەت كۈنى نوھنى چاقىرىلىدۇر، ئۇ نوھ لَبَّيْكَ وَسَدَيْكَ يَارَبِّ دەيدۇ. اللە ئېيتىدۇر: ئايا يەتكۈزدۈڭمۇ؟ ئاندىن نوھ ئېيتىدۇر: ھەئە. ئاندىن ئۇنىڭ ئۈممىتىگە دىيىلىدۇر: ئايا سىلەرگە يەتكۈزدىمۇ؟ ئۇلار ئېيتىدۇر: بىزلەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلمىدى. ئاندىن ئېيتىدۇر: ساڭا كىم گۇۋاھ بولىدۇر؟ ئاندىن نوھ ئېيتىدۇر: مۇھەممەد ئۈممىتى. ئاندىن ئۇلار تەھقىق نوھ يەتكۈزدى دەپ گۇۋاھ بولىدۇر. {وَيَكونَ الرَّسُولُ نَلَيْكمْ شَهِيدًا} *{پەيغەمبەر سىلەرگە گۇۋاھ بولىدۇر}* ئاندىن مۇشۇ اللە تەئالانىڭ {وَكوۆلِكَ جَلَلنَاكمْ ۆمَّةً وَسَ□اً لِتَكونوا شهَدَاءَ نَلوْ النَّاسِ} قەۋلىدۇر. (سۈرە بەقەرە 143 ـ ئايەت)

اللە تەئالانىڭ {ثمَّ ۆفِيگوا مِنْ حَيْثُ ۆفاگَ النَّاسُ} مەنىسى: *{ئاندىن كىيىن سىلەر (ئەرەپاتتىن كىشىلەر قايتقان جايدىن قايتىڭلار}* . سۈرە بەقەرە 199 ـ ئايىتى توغرىسىدا

1721 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندى: قۇرەيشلەرنىڭ دىنى بىلەن دىندار

بولغانلار مۆزدەلىپەدە تۇراتتى، ئۇلارنى باتۇرلار دەپ ئاتىلاتتى ۋە قالغان ئەرەپلەر ئەرەپاتتا تۇراتتى. ئاندىن ئىسلام كەلگەندە الله تەئالا پەيغەمبىرنى ئەرەپاتقا كىلىشكە، ئاندىن ئۇ يەردە تۇرۇشقا، ئاندىن ئۇ يەردىن قايتىشقا ئەمىر قىلدى.

**الله تەئالانىڭ {وَمِنْهُمْ مَنْ يَقُولُ رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً} مەنىسى: {ئۇلار ئىچىدىن بىر كىشى باركى ئېيتىدۇ: ئى الله ! بىزلەرگە دۇنيادا ياخشىلىقنى ئاتا قىلغىن}. دىگەن قەۋلى (سۈرە بەقەرە 201 ـ ئايەتى) توغرىسىدا**

1722 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتار ئىدى: {اللّهُمَّ رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَّفِي الآخِرَةِ حَسَنَةً وَّقِنَا عَذَابَ النَّارِ} مەنىسى: ***«ئى الله ! ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزلەرگە دۇنيادىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن».***

**الله تەئالانىڭ {لاَ يَسْئَلُونَ النَّاسَ إِلْحَافاً} مەنىسى: *{ئۇلار كىشىلەرگە چاپلىشىۋىلىپ تىلەمچىلىك قىلمايدۇ}* دىگەن قەۋلى (سۈرە بەقەرە 173 ـ ئايەتى) توغرىسىدا**

## سۈرە ئال ئىمران؛ **الله تەئالانىڭ {مِنْهُ آيَاتٌ مُحْكَمَاتٌ هُنَّ أُمُّ الْكِتَابِ وَأُخَرُ مُتَشَابِهَاتٌ} مەنىسى: *{ئۇ قۇرئاندا مەھكەم (يەنى مەنىسى ئوچۇق) ئايەتلەر باركى، بۇ ئايەتلەر كىتابنىڭ (يەنى پۈتۈن قۇرئاننىڭ) ئاساسىدۇر؛ يەنە باشقا مۇتەشابىھ (يەنى مەنىسى مۇئەييەن ئەمەس) ئايەتلەر باردۇر}*. سۈرە ئال ئىمران 7 ـ ئايىتى توغرىسىدا**

1723 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم {هُوَالَّذِي أَنْزَلَ عَلَيْكَ الْكِتَابَ مِنْهُ آيَاتٌ مُحْكَمَاتٌ هُنَّ أُمُّ الْكِتَابِ وَأُخَرُ مُتَشَابِهَاتٌ فَأَمَّا الَّذِينَ فِي قُلُوبِهِمْ زَيْغٌ فَيَتَّبِعُونَ مَا تَشَابَهَ مِنْهُ ابْتِغَاءَ الْفِتْنَةِ وَابْتِغَاءَ تَأْوِيلِهِ وَمَا يَعْلَمُ تَأْوِيلَهُ إِلاَّ اللَّهُ وَالرَّاسِخُونَ

فِي الْعِلْمِ يَقُولُونَ آمَنَّا بِهِ كُلٌّ مِنْ عِنْدِ رَبِّنَا وَمَا يَذَّكَّرُ إِلاَّ أُولُوا الأَلْبَابِ} دېگەن قەۋلىگىچە تىلاۋەت قىلدى (سۈرە ئال ئىمران 7 ـ ئايەت). ئېيتتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: پەس ۋەقتىكى قۇرئاندىن مۇتەشابىگە تابى بولىدىغانلارنى كۆرسەڭلار، ئاندىن ئۇلار الله تەئالا ئاتىغانلاردۇر، ئۇلاردىن ھەزەر قىلىڭلار.

**الله تەئالانىڭ** {إِنَّ الَّذِينَ يَشْتَرُونَ بِعَهْدِ اللَّهِ وَأَيْمَانِهِمْ ثَمَنًا قَلِيلاً} **مەنىسى:** ***{الله تەئالاغا بەرگەن ئەھدىنى ۋە قەسەملىرىنى ئازغىنا بەدەلگە تېگىشىدىغانلار ئاخىرەتتە (الله نىڭ رەھمىتىدىن) ھېچقانداق نەسىۋىگە ئېرىشەلمەيدۇ}* . سۈرە ئىل ئىمران 77 ـ ئايىتى توغرىسىدا**

**1725** ـ ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق ئىككى خوتۇن بىر ئۆيدە ئاياق تىكىۋاتار ئىدى، ئىككىسىنىڭ بىرى چىقىپ يەنە بىرىنىڭ ئالقىنىغا سانجىۋاتتى، بۇ خوتۇن يەنە بىر خوتۇنغا داۋا قىلدى، بۇ ئىككىسىنىڭ ئىشىنى ئىبنى ئاباساقا ئېلىپ بېرىلدى. ئاندىن ئىبنى ئاباس ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئەگەر خالايىققا داۋاسى بىلەن بېرىلىدىغان بولسا، خالايىقنىڭ خۇنلىرى ۋە ماللىرى كېتەر ئىدى. ئۇلارغا الله نى يادا قىلدۇرۇڭلار ۋە ئۇلارغا بۇ ئايەتنى ئوقۇپ بېرىڭلار {إِنَّ الَّذِينَ يَشْتَرُونَ بِعَهْدِ اللَّهِ وَأَيْمَانِهِمْ ثَمَنًا قَلِيلاً} مەنىسى: ***{الله تەئالاغا بەرگەن ئەھدىنى ۋە قەسەملىرىنى ئازغىنا بەدەلگە تېگىشىدىغانلار ئاخىرەتتە (الله نىڭ رەھمىتىدىن) ھېچقانداق نىسىۋىگە ئېرىشەلمەيدۇ}*** . ئۇلارغا ياد قىلدۇردى، ئۇ خوتۇن ئېتىراپ قىلدى. ئېيتتى ئىبنى ئاباس: ئېيتتى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: قەسەم داۋا قىلىنغۇچىغادۇر.

**الله تەئالانىڭ** {إِنَّ النَّاسَ قَدْ جَمَعُوا لَكُمْ} **مەنىسى:** ***{تەھقىق خالايىقلار سىلەرگە توپلاندى}*** **سۈرە ئىل ئىمران 173 ـ ئايىتى توغرىسىدا**

1726 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئىيتتى: [حَسْبُنَا اللّهُ وَنِعْمَ الْوَكِيلُ ] نى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوتقا تاشلامغاندا ئىيتقان ۋە ئۇ دۇئانى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلار {وِنَّ النَّاسَ قَدْ جَمَعُوا لَكُمْ فَاخْشَوْهُمْ فَزَادَهُمْ وِيمَاناً وَقَالُوا حَسْبُنَا اللّهُ وَنِعْمَ الْوَكِيلُ} نى ئىيتقاندا ئىيتقاندۇر (سۈرە ئال ئىمران 173 ـ ئايەت).

**الله تەئالانىڭ** {وَلَتَسْمَعُنَّ مِنَ الَّوِينَ ۆوتُوا الْكِتَابَ مِنْ قَبْلِكُمْ وَمِنَ الَّوِينَ ۆشْرَكُوا ۆوًۆ كَثِيرًا} **مەنىسى:** ***{سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر(يەنى يەھۇدى ۋە ناسارالار) دىن ۋە مۇشرىكلاردىن چۇقۇم نۇرغۇن يامان سۆز ئاڭلايسىلەر}*** **سۈرە ئال ئىمران 186 ـ ئايىتى توغرىسىدا**

1726 ـ ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەدرى جېڭىدىن ئىلگىرى، بەنى ھارىس بىننى خەزرەج دىكى سەئىد بىننى ئۇبادەنى يوقلىغىلى ئۇسامە ئىبنى زەيدىنى ئارقىسىغا مىندۈرۈپ ئۈزى فەدەكىيە تۈقۇم ئۈستىگە مىنىپ مېڭىپ، ھەتتا ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇل بار بىر مەجلىسكە ئۆتتى. بۇ ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەي ئىسلام كەلتۈرۈشىدىن ئىلگىرى ئىدى. پەس بىناگاھ مەجلىستە مۇسۇلمانلار ۋە مۇشرىكلار بۇت پەرەسلەردىن ۋە يەھۇدى ۋە مۇسۇلمانلاردىن بار ئىدى، مەجلىستە ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھەمۇ بار ئىدى، ئاندىن مەجلىسنى ئۇلاغنىڭ چاڭ ـ توزاڭى بېسىپ ئىدى ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەي بۇرنىنى رىداسى بىلەن ياپتى، ئاندىن كېيىن ئىيتتى: بىزلەرگە چاڭ ـ توزاڭ توزۇتماڭلار. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا سالام قىلدى ئاندىن توختىدى، ئۇلاغىدىن چۈشۈپ ئۇلارنى الله غا چاقىردى ۋە ئۇلارغا قۇرئان ئۇقۇدى. ئاندىن ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇل ئىيتتى: ئى ئىنسان سىنىڭ دىگىنىڭدىن چىرايلىغاراق نەرسە يوق، ئەگەر ئۇ نەرسە ھەق بولسا ئۇنىڭ بىلەن بىزگە بىزنىڭ مەجلىسىمىزدە ئازار بەرمىگىن، ئۆزەڭنىڭ چۈشكىنىڭگە قايتقىن،

ئاندىن كەلگەن كىشىلەرگە قىسسە قىلىپ بەرگىن.ئاندىن ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە ئېيتتى: ئارى يارەسۇلۇللاھ ! ئۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ مەجلىسىمىزنى ياپقىن، تەھقىق بىز شۇنى دوس تۇتىمىز. ئاندىن مۇسۇلمانلار، مۇشرىكلار ۋە يەھۇدىلار دەشنام قىلىشتى، ھەتتا ئۇرۇشقىلى تاس قالدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنى پەسەيتكىلى تۇردى، ھەتتا ئۇلار جىم بولۇشدى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلاغىغا مىندى، ھەتتا سەئىد ئىبنى ئۇبادەنىڭ قېشىغا كىردى، ئاندىن ئۇنىڭغا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئى سەئىد ! ئەبۇھۇباب دىگەن سۆزنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ (ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەيىنى دېمەكچى)، ئۇ مۇنداق-مۇنداق دىدى. ئاندىن سەئىد ئىبنى ئۇبادە ئېيتتى: يارەسۇلۇللاھ ! ئۇنىڭدىن ئەپۇ قىلسىلا ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىسىلە، ئۆزلىرىگە كىتاب نازىل قىلغان الله بىلەن قەسەمكى، ئەلۋەتتە تەھقىق الله تەئالا سىلىگە چۈشۈرگەن ھەقنى كەلتۈردى، ئەلۋەتتە مۇشۇ مەدىنىنىڭ ئەھلى ئۇنىڭغا (پادىشالىق) تاجا كەيدۈرمەكچى بولۇپ مۇشۇ تاجنى بېشىغا كەيمەكچى بولغان، ئاندىن الله تەئالا سىلىگە ئاتا قىلغان ھەق بىلەن كىشىلەر ئۇنىڭغا (پادىشالىق) تاجا كەيدۈرۈشدىن باش تارتتۇدى، ئۇ بۇنىڭغا خاپا بولدى، مۇشۇ ئۆزلىرى كۆرگەن نەرسىنى قىلدۇردى. ئاندىن ئۇنىڭدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەپۇ قىلدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ئەسھابلىرى مۇشرىكلاردىن ۋە ئەھلى كىتابدىن الله تەئالا ئۇلارغا ئەمرى قىلغاندەك ئەپۇ قىلاتتى ۋە ئازارلىرىغا سەۋرى قىلاتتى، ھەتتاكى الله تەئالا ئۇلارغا ئۇرۇشقا ئىزنى بەردى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەدرى غازىتىنى قىلشۇدى، الله تەئالا ئۇنىڭ بىلەن قۇرەيش كاپىرلىرىنىڭ كاتتىللىرىنى ئۆلتۈرۈۋۈدى، ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇل ۋە ئۇنىڭ بىلەن بار مۇشرىكلار ۋە بۇت پەرەسلەر ئېيتتى: مۇشۇ يۈزلەنگەن (زاھىر بولغان) ئىشدۇر دەپ ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىسلامغا بەيئەت قىلىپ ئىسلام كەلتۈردىلەر.

**الله تەئالانىڭ** {لَا تَحْسَبَنَّ الَّذِينَ يَفْرَحُونَ بِمَا أَتَوا وَيُحِبُّونَ أَنْ يُحْمَدُوا بِمَا لَمْ يَفْعَلُوا فَلَا تَحْسَبَنَّهُمْ بِمَفَازَةٍ مِنَ الْعَذَابِ وَلَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ} مەنىسى: ***{(ئى مۇھەممەد!) قىلمىغان ئىشلىرىدىن (يەنى ھەقنى ياپقانلىقىدىن) خوشال بولىدىغان، قىلمىغان ئىشلىرى بىلەن مەدھىلىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرنى ھەرگىز الله نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلىدۇ دەپ گۇمان قىلمىغىن، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ}*** . سۈرە ئال ئىمران 188 ـ ئايىتى توغرىسىدا

**1728** ـ ئەبى سەئىدىل خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق مۇناپىقلاردىن بىرمۇنچە كىشىلەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم غازاتقا چىقسا ئۇل جانابىدىن ئارقىداپ غازاتقا چىقمىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قارشى ـ خىلاپىدا ئولتۇرۇپ قالغانلىقلىرىگە خوشال بۇلۇشاتتى. پەس ۋەقتىكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم غازاتدىن قايتىپ كەلسە ئۆزرى ئېيتىپ قەسەم قىلاتتى ۋە قىلمىغان ئىشلىرى بىلەن ماختىنىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇلار ھەققىدە يۇقارقى ئايەت نازىل بولدى.

**1729** ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق ئۇنىڭغا دىيىلدى: ئەلۋەتتە ئەگەر كەلتۈرۈلگەن نەرسىگە خوش بولىدىغان ۋە قىلمىغان ئىشى بىلەن ماختىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم ئازاب قىلىنغۇچى بولسا ئەلۋەتتە ھەممىمىز ئازاب قىلىنىمىز. ئاندىن ئىبنى ئابباس ئېيتتى: سىلەر بىلەن بۇ ئايەتنىڭ نىمە مۇناسىۋىتى بار، پەقەت پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەھۇدىلارنى چاقىرىپ ئۇلاردىن بىر نەرسىدىن سورىغان ئىدى، ئۇلار ئۇل جانابىدىن ئۇنى يوشۇردى ۋە ئۇ نەرسىنىڭ غەيرى بىلەن خەۋەر قىلدى، ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ يەھۇدىلاردىن سورىغان نەرسىدە، ئۇلارنىڭ ئۇ نەرسىدە خەۋەر

بەرگەنلىكى بىلەن ماختىنىشنى تەلەپ قىلىشقانلىقلىرىنى ئۇ جانابقا كۆرسەتتىلەر ۋە ئىشنى يۇشۇرغانلىقىدىن ئىبارەت ئۇلارغا كەلتۈرۈلگەن پەم-پاراسەتلىرىگە خوشال بولۇشىدىلەر.

**سۈرە نىسا؛ الله تەئالانىڭ** {وَوِنْ خِفْتُمْ وَّلاَ تُقسِ⬚ُوا فِي الْيَتَامَوْ} مەنىسى:***{ئەگەر يېتىم قىزلارغا (ئۆيلىنىپ) ئادىل مۇئامىلىدە بولالماسلىقتىلاردىن قورقساڭلار}.*** **سۈرە نىسا 3-ئايىتى توغرىسىدا**

**1730** - ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق ئۇنىڭدىن ئۇرۋە، الله تەئالانىڭ بۇ قەۋلىدىن سوئال قىلدى{وَوِنْ خِفْتُمْ وَّلاَ تُقسِ⬚ُوا فِي الْيَتَامَوْ} ئاندىن ئائىشە ئېيتتى: ئى ھەمشىرەمنىڭ ئوغلى! ئۇ ئۆزىنىڭ ۋەلىسىنىڭ تەربىيەسىدە ۋەلىسىگە ئۇ ۋەلىنىڭ مېلىدا شېرىك بولىدىغان يېتىم قىزدۇر، ۋەلىنى ئۇ قىزنىڭ مېلى ۋە جامالى خوشال قىلىدۇر، ئۇ قىزنىڭ ۋەلىسى ئۇنى مەھرىدە ئادىللىق قىلماسىدىن، ئۇنىڭ غەيرى ئۇ قىزغا بېرىدىغان مەھرىنىڭ ئوخششىنى بەرمەسىدىن نىكاھىغا ئالماقنى ئىرادە قىلىدۇر، ئاندىن ئۇلارنى- ئۇ يېتىملەرنى نىكاھىغا ئېلىشىدىن نەھى قىلدى. مەگەر ئۇلارغا ئادىللىق قىلىپ، مەھرىدە ئۇلارنىڭ سۈننەتىنىڭ ئەلاسىغا يەتكۈزگەي (بۇ سۈرەتتە بولىدۇر)، ئۇلار ئۇ خوتۇنلاردىن باشقا ئۇلارغا خوش بولىدىغان خوتۇنلارنى ئېلىشقا ئەمر قىلىنىدى ۋە مۇشۇ ئايەتدىن كېيىن خالايىقلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن پەتۋا سورىدى، ئاندىن الله تەئالا {وَيَسْتَفْتُونَكَ فِي النِّسَاءِ} {(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئاياللار توغرىسىدا پەتۋا سورايدۇرلەر}. سۈرە نىسا 127-ئايىتىنى نازىل قىلدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئېيتتى: ۋە الله تەئالانىڭ يەنە بىر ئايىتىدە {وَتَرْغَبُونَ وَّنْ تَنْكِحُوهُنَّ} ***{ئۇ يېتىملەرنى نىكاھىڭلارغا ئېلىشىدىن يۈز ئۆرۈيسىزلەر (بىرىڭلار ئۆز يېتىمەسىدىن مېلى ئاز ۋە جامالى ئاز بولغاندا يۈز ئۆرۈگەنىدەك)}***. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئېيتتى: ئاياللارنىڭ يېتىملىرىدىن مېلىدا ۋە جامالىدا يۈز

ئۇرىگەن كىشىلەردىن نىكاھىغا ئېلىشىدىن نەھى قىلىندى (چەكلەندى). مەگەر ئادالەت بىلەن مېلى ئاز جامالى ئاز بولغاندا ئۇلاردىن يۈز ئۇرىگەن جەھەتتىن.

الله تەئالانىڭ {يُوصِيكُمُ اللَّهُ فِي أَوْلاَدِكُمْ} مەنىسى: *{الله تەئالا بالىلىرىڭلار (غا تېگىدىغان مىراس) ھەققىدە ۋەسىيەت قىلىدۇ}* . سۈرە نىسا 11 ـ ئايىتى توغرىسىدا

1731 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: مىنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەنى سەلمە قەبىلىسى ئىچىدە پىيادە ماڭغان ھالدا يوقلاپ كەلدى، مىنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەقلىنى تونۇتالمايدىغان تاپتى، ئاندىن سۇ ئەكەلتۈرۈپ تەھارەت ئالدى، ئاندىن ماڭا چاچتى، ئاندىن ھوشۇمغا كەلدىم، ئاندىن ئۇنىڭغا ئېيتتىم: يارەسۇلۇللاھ ! مىنىڭ مېلىمدا نىمە قىلىشىمغا ئەمىر قىلىدىلا؟ ئاندىن {يُوصِيكُمُ اللَّهُ فِي أَوْلاَدِكُمْ} مەنىسى: *{الله تەئالا بالىلىرىڭلار (غا تېگىدىغان مىراس) ھەققىدە ۋەسىيەت قىلىدۇ}* . سۈرە نىسا 11 ـ ئايىتى نازىل بولدى.

الله تەئالانىڭ {وإِنَّ اللَّهَ لاَ يَظْلِمُ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ} *{الله تەئالا ھەقىقەتەن زەررىچە زۇلۇم قىلمايدۇ}* . سۈرە نىسا 40 ـ ئايىتى توغرىسىدا

1732 ـ ئەبۇ سەئىدىل خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: خالايىقلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىغا كىلىپ قىيامەت كۈنى پەرۋەردىگارىمىزنى كۆرىمىزمۇ يارەسۇلۇللاھ دىدىلەر؟ پەس كۈرۈش ھەدىسىنى زىكرى قىلدى ۋە ئۇ ھەدىس يۇقۇرىدا بەركامال ئۆتتى. ئاندىن كىيىن ئېيتتى: ۋەقتىكى قىيامەت كۈنى بولسا مۇئەززىن ئەزان ئېيتىدۇر، ھەر ئۇممەت ئىبادەت قىلغان نەرسىگە ئەگىشىدۇر. ئاندىن الله تەئالانىڭ غەيرىگە ـ بۇت ۋە تۈل ـ تاشلارغا ئىبادەت قىلغان كىشى قالماي دوزاققا چۈشىدۇر، ھەتتاكى الله تەئالاغا ئىبادەت

قىلغان ياخشى ۋە يامان كىشىلەر ۋە ئەھلى كىتابنىڭ قالدۇقلىرى قالسا ئاندىن يەھۇدىلارنى چاقىرىلىدۇر، ئۇلارغا دېيىلىدۇر: نىمگە ئىبادەت قىلغان ئىدىڭلار؟ ئۇلار ئېيتىدۇر: ئۇزير بن الله (الله نىڭ ئوغلى ئۇزەير)گە ئىبادەت قىلاتتۇق، ئاندىن ئۇلارغا دېيىلىدۇر: يالغان ئېيتتىڭلار، الله تەئالانىڭ خوتۇنى ۋە بالىسى يوقدۇر. ئاندىن نىمىنى تەلەپ قىلىسىزلەر؟ ئېيتىدۇرلەر: ئى پەرۋەردىگارىمىز! ئۇسساپ كەتتۇق بىزلەرنى سۇغارغىن، ئاندىن سۇغا چۈشمەمسىلەر دەپ ئىشارەت قىلىنىدۇر، ئاندىن دوزاققا جەمى قىلىنىدۇر، گۇياكى ئۇ دوزاخ شەيتان سۇيىدۇر، بەزىسى بەزىسىنى يەيدۇر، ئاندىن دوزاخقا چۈشىدۇر. ئاندىن ناسارالارنى چاقىرىلىدۇر، ئۇلارغا دېيىلىدۇر: نىمگە ئىبادەت قىلغان ئىدىڭلار؟ ئۇلار ئېيتىدۇر: مسيح بن الله (الله نىڭ ئوغلى ئىسا)غا ئىبادەت قىلاتتۇق. ئۇلارغا دېيىلىدۇر: يالغان ئېيتتىڭلار الله تەئالانىڭ خوتۇنى ۋە بالىسى يوقدۇر، نىمىنى تەلەپ قىلىسىلەر؟ دېيىلىدۇر. ئاندىن ئەۋۋەلقىلەرگە ئوخشاش دەيدۇر، ھەتتاكى الله تەئالاغا ئىبادەت قىلىدىغان ياخشى-يامان كىشىدىن ھىچكىم قالمىسا ئۇلارغا الله تەئالا رەببىل ئالەمىن ئۇلار كۆرگەن سۆرەتنىڭ ئەڭ يېقىنراغىدا كېلىدۇر، ئاندىن دېيىلىدۇر: نىمگە نەزەر قىلىسىزلەر؟ ھەر ئۇممەت ئىبادەت قىلىدىغان نەرسىگە تابى بولىدۇر (ئەرىشىدۇر). ئېيتىدۇرلەر: دۇنيادا ئۇلارغا ئەڭ مۇھتاجراق بولغان ھالىمىزدا ئۇلاردىن ئايرىم تۇردۇق ۋە ئۇلارغا ھەمرا بولمىدۇق ۋە بىزلەر ئىبادەت قىلغان پەرۋەردىگارىمىزغا مۇنتەزىر بولىمىز. ئاندىن الله تەئالا ئېيتىدۇر: مەن پەرۋەردىگارىڭلاردۇرمەن. ئاندىن ئېيتىدۇرلەر: الله تەئالاغا ھىچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيمىز. ئىككى مەررە ياكى ئۈچ مەررە.

**الله تەئالانىڭ** {فَكَيْفَ وِوُا جِئْنَا مِنْ كُلِّ وُمَّةٍ بِشَهِيدٍ} **مەنىسى:** ***{بىز ھەربىر ئۇممەتتىن بىر گۇۋاھچىنى كەلتۈرگەن ۋە (ئى مۇھەممەد)سىنى بۇلارغا (يەنى ئۇممىتىڭ ئىچىدىكى ئىيمانسىزلارغا***

*ۋە گۇناھكارلارغا) گۇۋاھچى قىلىپ كەلتۈرگەن چېغىمىزدا ئۇلارنىڭ ھالى قانداق بولىدۇ}* . سۈرە نىسا 41 ـ ئايىتى توغرىسىدا

1733 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا ئۇقۇغىن دېدى. ئېيتتىم: سىلىگە ئۇقۇيمەنمۇ؟ ھالئۇكى سىلىگە نازىل قىلىندى. ئېيتتى رەسۇلۇللاھ: پەس تەھقىق ئۇ قۇرئاننى غەيرىمدىن ئاڭلاشنى دوس تۇتىمەن. ئاندىن ئۇنىڭغا سۈرە نىسانى ئۇقۇپ ھەتتا {فَكَيْفَ وِذَا جِئْنَا مِنْ كُلِّ ۆمَّةٍ بِشَهِيدٍ وَجِئْنَا بِكَ عَلَىٰ هَؤُلَاءِ شَهِيدًا} گە يەتتىم. ئېيتتى: توختىغىن! ئاندىن بىناگاھ ئىككى كۆزىدىن ياش تۆكىلىدۇ.

**الله تەئالانىڭ** {وِنَّ الَّذِينَ تَوَفَّاهُمُ الْمَلَائِكَةُ ئَالِمِي ۆنفُسِهِمْ} مەنىسى: *{ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار (يەنى ھىجرەتنى تەرك ئېتىپ كۇپپارلار بىلەن بىللە بولغۇچىلار) نىڭ جانلىرى پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئېلىنغان چاغدا، پەرىشتىلەر ئۇلاردىن (دىنىڭلار ئىشىدا) قايسى ھالەتتە ئىدىڭلار؟ دەپ سورايدۇ}* . سۈرە نىسا 97 ـ ئايىتى توغرىسىدا

1734 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: تەھقىق مۇسۇلمانلاردىن بىرمۇنچە كىشىلەر مۇشرىكلار بىلەن بىللە بۇلۇپ ئۇلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىۋەتتى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زامانىدا، ئوق كېلىدۇر ۋە ئوقنى ئېتىلىدۇر، ئۇلارنىڭ بىرىگە تېگىپ ئۇنى ئۆلتۈرىدۇر ياكى ئۆلتۈرىلىدۇر. پەس الله تەئالا {وِنَّ الَّذِينَ تَوَفَّاهُمُ الْمَلَائِكَةُ ئَالِمِي ۆنفُسِهِمْ} ئايىتى نازىل بولدى.

**الله تەئالانىڭ** {وِنَّا ۆوْحَيْنَا وِلَيْكَ كَمَا ۆوْحَيْنَا وِلَىٰ نُوحٍ وَالنَّبِيِّينَ مِنْ بَعْدِهِ وَۆوْحَيْنَا وِلَىٰ وِبْرَاهِيمَ وَوِسْمَاعِيلَ وَوِسْحَاقَ وَيَعْقُوبَ وَالْۆَسْبَاطِ وَعِيسَىٰ وَۆَيُّوبَ وَيُونُسَ وَهَارُونَ وَسُلَيْمَانَ وَآتَيْنَا دَاوُودَ زَبُورًا} مەنىسى: *{( ئى مۇھەممەد !) بىز نوھقا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى پەيغەمبەرلەرگە ۋەھى قىلغاندەك*

***ھەقىقەتەن ساڭا ۋەھى قىلدۇق، ھەمدە ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، ياقۇپقا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىغا، ئىساغا، ئەييۇپقا، يۇنۇسقا، ھارۇنغا ۋە سۇلايمانغا ۋەھى قىلدۇق، داۋۇدقا زەبۇرنى ئاتا قىلدۇق}*** **سۈرە نىسا 163 ـ ئايىتى توغرىسىدا**

**1735** ـ ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: كىشىكى مەن يۇنۇس ئىبنى مەتتادىن ياخشىراقدۇر دىسە تەھقىق يالغان ئېيتىدى.

**سۈرە مائىدە، الله تەئالانىڭ** {يَاۤاَيُّهَا الرَّسُولُ بَلِّغْ مَا ۤاُنْزِلَ اِلَيْكَ مِنْ رَبِّكَ} **مەنىسى:** ***{ئى پەيغەمبەر! پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان ئەھكاملارنىڭ ھەممىسنى يەتكۈزگىن}*** .

**سۈرە مائىدە 67 ـ ئايىتى توغرىسىدا**

**1736** ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق كىشىكى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم الله تەئالا ئۇنىڭغا نازىل قىلغان نەرسىدىن يۇشۇردى دەپ ھەدىس قىلسا، تەھقىق يالغان ئېيتتى. الله تەئالا ئېيتىدۇر: {يَاۤاَيُّهَا الرَّسُولُ بَلِّغْ مَا ۤاُنْزِلَ اِلَيْكَ مِنْ رَبِّكَ} مەنىسى: ***{ئى پەيغەمبەر! پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان ئەھكاملارنىڭ ھەممىسنى يەتكۈزگىن}*** . (سۈرە مائىدە 67 ـ ئايەت)

**الله تەئالانىڭ** {يَاۤاَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تُحَرِّمُوا □طَيِّبَاتِ مَا اَحَلَّ اللّٰهُ لَكُمْ} **مەنىسى:** ***{ئى مۆمىنلەر! الله سىلەرگە ھالال قىلغان پاك نەرسىلەرنى ئۆزەڭلارگە ھارام قىلماڭلار}*** . **سۈرە مائىدە 87 ـ ئايىتى توغرىسىدا**

**1737** ـ ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە غازات قىلدۇق، بىزلەر بىلەن خوتۇن يوق، ئاندىن ئېيتتۇق: ئۆزىمىزنى ئاختا

قىلمايمىزمۇ؟ ئاندىن بىزنى بۇنىڭدىن نەھى قىلدى، ئاندىن بۇندىن كېيىن كىيىم-كېچەككە خوتۇن بىلەن نىكاھلىنىشقا رۇخسەت قىلدى. ئاندىن {يَاۤاَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لاَ تُحَرِّمُوا طَيِّبَاتِ مَا اَحَلَّ اللَّهُ لَكُمْ} مەنىسى: ***{ئى مۆمىنلەر! الله سىلەرگە ھالال قىلغان پاك نەرسىلەرنى ئۆزەڭلارگە ھارام قىلماڭلار}*** . (سۈرە مائىدە 87-ئايىتى)نى ئوقۇدى.

**الله تەئالانىڭ** {اِنَّمَا الْخَمْرُ وَالْمَيْسِرُ وَالْاَنْصَابُ وَالْاَزْلاَمُ رِجْسٌ مِنْ عَمَلِ الشَّيْطَانِ} **مەنىسى:** ***{ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلارغا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر}*** **. سۈرە مائىدە 90-ئايىتى توغرىسىدا**

**1738** - ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: سىلەرنىڭ ئىچىدىغانلىرىڭلاردىن باشقا ھاراق يوق ئىدى، سىلەر ئۇنى ئىچىپ دەيسىزلەر ۋە ئەلۋەتتە مەن ئۆرە تۇرۇپ ئەبۇ تەلھەنى ۋە پالاننى ۋە پالاننى ھاراق بىلەن سۇغۇرۇۋاتار ئىدىم، بىرناگاھ بىر ئادەم كېلىپ، سىلەرگە خەۋەر يەتمىدىمۇ؟ ئاندىن ئېيتتىلەر: نېمە ئۇ؟ ئېيتتى: ھاراق ھارام قىلىندى. ئېيتتىلەر: ئى ئەنەس! بۇ تۇڭلەرنى تۆككىن. ئېيتتى ئەنەس: ئۇلار ئۇ ھاراقدىن سورىمىدى، بۇ ئادەمنىڭ خەۋىرىدىن كېيىن ھاراققا قايتا يانمىدى.

**الله تەئالانىڭ** {يَاۤاَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لاَ تَسْاَلُوا عَنْ اَشْيَاۤءَ اِنْ تُبْدَ لَكُمْ تَسُؤْكُمْ} **مەنىسى:** ***{ئى مۆمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە ئاشكارا قىلىنسا سىلەرنى بىئارام قىلىپ قويىدىغان نەرسىلەر توغرۇلۇق (پەيغەمبەردىن) سورىماڭلار}*** **. سۈرە مائىدە 101-ئايىتى توغرىسىدا**

**1739** - ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر خۇتبە ئوقۇيدۇكى، ئۇنداق خۇتبىنىڭ ئوخشىشىنى ھەرگىز ئاڭلىمىغان ئىدىم. ئاندىن ئول جاناب ئېيتتى: ئەگەر مەن بىلىدىغان نەرسىنى بىلگەن بولساڭلار ئەلۋەتتە ئاز كۈلەر ئىدىڭلار ۋە

كۆپ يغلار ئىدىڭلار. ئىبنى ئەنەس: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرى يىغلىغان ھالدا يۈزلىرىنى يىپىۋالدى. بىر ئادەم ئاتام كىم دىدى؟ ئىبنى: پالانى، ئاندىن مۇشۇ ئايەت نازىل بولدى.

1740 ـ ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: خالايىقلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن زاڭلىق قىلىپ سورايتىلەر، ئاندىن بىر ئادەم ئىبنى: ئاتام كىم؟ ۋە تۆگىسى يۈتۈپ كەتكەن ئادەم، تۆگەم نەدە؟ دەيدۇر. ئاندىن الله تەئالا ئۇلار ھەققىدە بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى {يَاۤاَيُّهَا الَّذِينَ ءَامَنُوا لَا تَسْئَلُوا عَنْ اَشْيَاۤءَ اِنْ تُبْدَ لَكُمْ تَسُؤْكُمْ} مەنىسى: {ئى مۆمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە ئاشكارا قىلىنسا سىلەرنى بىئارام قىلىپ قويىدىغان نەرسىلەر توغرۇلۇق (پەيغەمبەردىن) سورىماڭلار}. (سۈرە مائىدە 101 ـ ئايەت). ھەتتا ئايەتنىڭ ھەممىسىدىن پارىغ بولدى.

سۈرە ئەنئام؛ {قُلْ هُوَ الْقَادِرُ عَلَى اَنْ يَبْعَثَ عَلَيْكُمْ عَذَابًا مِنْ فَوْقِكُمْ} مەنىسى: ***{(ئىمۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، الله تەئالا سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن ئازاب ئەۋەتىشكە قادىردۇر}*** . سۈرە ئەنئام 65 ـ ئايىتى توغرىسىدا

1741 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئىبنى: ئول ۋەقتىكى مۇشۇ ئايەت {قُلْ هُوَ الْقَادِرُ عَلَى اَنْ يَبْعَثَ عَلَيْكُمْ عَذَابًا مِنْ فَوْقِكُمْ} ئايىتى نازىل بولۇپ ئىدى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىبنى: اَعُوذُ بِوَجْهِكَ، [ اَوْ مِنْ تَحْتِ اَرْجُلِكُمْ ] ئىبنى: اَعُوذُ بِوَجْهِكَ، {اَوْ يَلْبِسَكُمْ شِيَعًا وَيُذِيقَ بَعْضَكُمْ بَأْسَ بَعْضٍ} مەنىسى: ***{ياكى ئايىغىڭلار ئاستىدىن ئازاپ ئەۋەتىشكە، ياكى سىلەرنى پىرقىلەر قىلىپ ئارىلاشتۇرۇپ (ئۇرۇشقا سېلىپ) بىرىڭلارغا بىرىڭلارنىڭ ئازابىنى تېتىتىشقا قادىردۇر}*** . (سۈرە ئەنئام 65 ـ ئايەت). پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىبنى بۇ ئاسانراقدۇر .

**الله تەئالانىڭ {ۆۋلٰيك الَّوِينَ هَدَوٰ اللَّهُ فَبِهُدَاهُمْ اقْتَدِهِ} مەنىسى: *{ئەنە شۇلار (يەنى مەزكۇر پەيغەمبەرلەر) الله ھىدايەت قىلغان كىشىلەردۇر، ئۇلارنىڭ يولىغا ئەگەشكىن}* . سۈرە ئەنئام 90 ـ ئايىتى توغرىسىدا**

1742 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق ئۇنىڭدىن سۈرە «پ»دا سەجدە بارمۇ دەپ سورالدى؟ پەس ئېيتتى: ھەئە بار. ئاندىن {ووَهَبْنَا لَهُ وسْحَق وَيَنْقُوبَ كَلاًّ هَدَيْنَا وَنُوحاً هَدَيْنَا مِنْ قَبْلُ وَمِنْ وُرِّيَّتِهِ دَاوُودَ وَسُلَيْمَانَ وَوّيُّوبَ وَيُوسُفَ وَمُوسَوٰ وَهَارُونَ وَكَوٰلِكَ نَجْزِي الْمُحْسِنِينَ (84) وَزَكَرِيَّا وَيَحْيَوٰ وَيِيسَوٰ وَوِلْيَاسَ كَلٌّ مِنَ الصَّالِحِينَ (85) وَوِسْمَاِيلَ وَالْيَسَى وَيُونُسَ وَلُو□اً وَكَلاًّ فَضَّلْنَا عَلَوٰ الْعَالَمِينَ (86) وَمِنْ ءَابَاِهِمْ وَوُرِّيَّاتِهِمْ ووِخْوَانِهِمْ وَاجْتَبَيْنَاهُمْ وَهَدَيْنَاهُمْ وِلَوٰ صِرَا□ٍ مُسْتَقِيمٍ (87) وَلِكَ هُدَوٰ اللَّهِ يَهْدِي بِهِ مَنْ يَشَاءُ مِنْ ءِبَادِهِ وَلَوْ وَشْرَكُوا لَحَبِ□َ عَنْهُمْ مَا كَانُوا يَعْمَلُونَ (88) وّوْلَئِكَ الَّوِينَ ءَاتَيْنَاهُمُ الْكِتَابَ وَالْحُكْمَ وَالنُّبُوَّةَ فَوِنْ يَكْفُرْ بِهَا هَؤُلاَءِ فَقَدْ وَكَّلْنَا بِهَا قَوْماً لَيْسُوا بِهَا بِكَافِرِينَ (89) وّوْلَئِكَ الَّوِينَ هَدَوٰ اللَّهُ فَبِهُدَاهُمُ اقْتَدِهْ} گىچە ئوقۇدى. (سۈرە ئەنئام 84 ـ 90 ـ ئايىتى). ئاندىن كېيىن ئېيتتى: پەيغەمبىرىڭلار سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە ئىقتىدا قىلىشقا (ئەگىشىشكە) بۇيرۇلغان كىشىلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

**الله تەئالانىڭ {وَلاَ تَقْرَبُوا الْفَوَاحِشَ مَا ظَهَرَ مِنْهَا وَمَا بَ□َنَ} مەنىسى: *{ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يامان ئىشلارغا يېقىن كەلمەڭلار}* . سۈرە ئەنئام 151 ـ ئايىتى توغرىسىدا**

1743 ـ ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: (ئۇ بۇھەدىسنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى دېدى)، الله دىن غەيرەتلىكراق زات يوقدۇر ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن الله تەئالا يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا پاھىشە ئىشلارنى هارام قىلدى ۋە الله تەئالادىن ماختىنىش ئۇنىڭغا دوسراق

ھچ نەرسە يوقدۇر، شۇ جەھەتتىن الله ئۆز نەپسىنى ماختىدى.

**سۈرە ئەئراپ - الله تەئالانىڭ** {خُذِ الْعَفْوَ وَأْمُرْ بِالْعُرْفِ} **مەنىسى:** ***{ئەپۇنى دوس تۇتقىن ۋە ياخشىلىققا (يەنى ياخشى سۆز قىلىشقا ۋە ياخشى ئىش قىلىشقا) بۇيرىغىن}*** **. سۈرە ئەئراپ 199 ـ ئايىتى توغرىسىدا**

**1744** ـ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: الله تەئالا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى خالايىق ئەخلاقىدىن ئەپۇنى تۇتۇشقا بۇيرىدى.

**سۈرە ئەنپال: الله تەئالانىڭ** {وَقَاتِلُوهُمْ حَتَّى لاتَكُونَ فِتْنَةٌ وَيَكُونَ الدِّينُ كُلُّهُ لِلَّهِ} **مەنىسى:** ***{پىتنە تۈگىگەن، «دىنى ئىسلام» پۈتۈنلەي الله ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار}*** **. سۈرە ئەنپال 39 ـ ئايىتى توغرىسىدا**

**1745** ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق ئۇنىڭغا دېيىلدى: پىتنەنىڭ ئۇرۇشىدا قانداق قارايسەن؟ پەس ئېيتتى: پىتنە دىگەن نىمەدۇر بىلەمسەن؟ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇشاتتى ۋە ئۇلارغا كىرىش پىتنە ئىدى. ئۇ ئۇرۇش سىلەرنىڭ پادىشالىق ئۇرۇشۇڭلارغا ئوخشاش ئەمەس.

**سۈرە تەۋبە - الله تەئالانىڭ** {وَآخَرُونَ اعْتَرَفُوا بِذُنُوبِهِمْ} **مەنىسى:** ***{يەنە بىر قىسىم كىشىلەر گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلدى (يەنى باشقىلارغا ئوخشاش جىھادقا چىقمىغانلىقىغا يالغان ئۆزرە ئېيتمىدى)}*** **. سۈرە تەۋبە 102 ـ ئايىتى توغرىسىدا**

**1746** ـ سەمۇرە ئىبنى جۇندۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ماڭا بۈگۈن كېچە ئىككى كەلگۈچى كەلدى، ئاندىن مىنى ئويغاتتى، ئاندىن بىر خىش ئالتۇندىن ۋە بىر خىش كۈمۈشتىن بىنا قىلىنغان بىر شەھەرگە يەتتۇق، ئاندىن

بىزلەرگە بىرمۇنچە كىشىلەر ئۇشقاشدىكى ئۇلارنىڭ يېرىمى تەنقۇرۇلۇشدىن سەن كۆرگەن نەرسىنىڭ ئەڭ چىرايلىقراغىدەك، يېرىمى سەن كۆرگەن نەرسىنىڭ سەتراغىدەك. ئۇئىككى كەلگۈچى ئۇلارغا ئېيتتى: بېرىپ ئاشۇ ئۆستەڭگە چۈشۈڭلار. ئاندىن ئاشۇ ئۆستەڭگە چۈشۈپ بىزنىڭ قېشىمىزغا قايتىپ كەلدى، ئاندىن ھېلىقى سەت يامانلىق ئۇلاردىن كەتتى، ئۇلار ئەڭ چىرايلىق سۆرەتكە ئۆرۈلدى (ئۆزگەردى). ئىككىسى ماڭا ئېيتتى: بۇ ‹‹ئەدنى›› جەننىتىدۇر، بۇ سىزنىڭ مەنزىلىڭىزدۇر. ئېيتتىلەر: ئەمما يېرىمى چىرايلىق ۋە يېرىمى سەت قەۋملەر، ياخشى ئەمەلنى ۋە يەنە باشقا يامان ئەمەلنى ئېلىشتۇرۇپ قىلغانلاردۇر، الله تەئالا ئۇلاردىن ئۆتتى.

**سۆرە ھود ـ الله تەئالانىڭ** {وَكَانَ عَرْشُهُ عَلَى الْمَاءِ} مەنىسى: ***{الله نىڭ ئەرشى سۇ ئۈستىدە ئىدى}*** . **سۆرە ھود 7 ـ ئايىتى توغرىسىدا**

**1747 ـ** ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئېيتتى الله تەئالا ئەززە ۋەجەللە: نەپىقە بەرگىن! نەپىقە بېرىمەن ساڭا (يەنى مەن ئۈچۈن پۇل ـ مېلىڭنى خىراجەت قىلىپ مۇھتاج يوقسۇللارنى يوخلىساڭ، ساڭا نەپىقە ـ خىراجەت رىزقىنى كەڭ قىلىمەن). پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: الله تەئالانىڭ مۇبارەك قۇلى توشقىچە پۇردۇر، ئۇنى نەپىقە قىلىش كېمەيتالمايدۇر. نەپىقىسى كېچە ۋە كۈندۈز تۆكۈلگۈچىدۇر ۋە ئېيتتى: قارىمامسىزلەر! ئاسمان زېمىننى ياراتقاندىن بېرى نەپىقە رىزقى بېرىۋاتىدۇر، بۇ نەپىقە قۇلىدىكى نەرسىنى قىلچە كېمەيتمىدى. الله نىڭ ئەرشى سۇنىڭ ئۈستىدە. تارازا ـ مىزان ئۇل الله تەئالانىڭ قۇلىدادۇر، ئۇنى الله تەئالا ئۆزى پەس قىلىدۇر ۋە ئۈستۈن قىلىدۇر.

**الله تەئالانىڭ** {وَكَذَلِكَ أَخْذُ رَبِّكَ إِذَا أَخَذَ الْقُرَى} مەنىسى: ***{پەرۋەردىگارىڭ زالىم يۇرتلار***

***(ئاھالىسىنى) ھالاك قىلسا ئەنە شۇنداق ھالاك قىلىدۇ}*** . سۈرە ھود 102 ـ ئايىتى توغرىسىدا

1748 ـ ئەبۇموسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: تەھقىق الله تەئالا زالىمغا مۆھلەت بېرىدۇ (ئازابىنى كېچىكتۈرىدۇ)، ھەتتا ۋەقتىكى ئۇ زالىمنى تۇتسا ئۇنىڭغا نىجاتلىق بەرمەيدۇ (قويۇپ بەرمەيدۇ). ئاندىن ئۇل جاناب {وَكَذَٰلِكَ أَخْذُ رَبِّكَ إِذَا أَخَذَ الْقُرَىٰ وَهِيَ ظَالِمَةٌ إِنَّ أَخْذَهُ أَلِيمٌ شَدِيدٌ} مەنىسى: ***{پەرۋەردىگارىڭ زالىم يۇرتلار (ئاھالىسىنى) ھالاك قىلسا، ئەنە شۇنداق ھالاك قىلىدۇ، الله تەئالانىڭ ئازابى ھەقىقەتەن تولىمۇ قاتتىقدۇر}*** . سۈرە ھودنىڭ 102 ـ ئايىتىنى قىرائەت قىلدى.

**سۈرە ھىجىر؛ الله تەئالانىڭ** {إِلَّا مَنِ اسْتَرَقَ السَّمْعَ} مەنىسى: ***{ھەربىر قوغلاندى شەيتاندىن ئاسماننى قوغدىدۇق، لېكىن (ئاسمان خەۋەرلىرىگە) ئوغۇرلۇقچە قۇلاق سالماقچى بولغان شەيتاننى روشەن ئاقار يۇلتۇز قوغلاپ يېتىدۇر (يەنى ھالاك قىلىدۇر)}*** . **سۈرە ھىجر 18 ـ ئايىتى توغرىسىدا**

1749 ـ ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ھەدىسنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەتكۈزىدۇر. ئېيتتى: الله تەئالا ئاسماندا بىر ئىشقا ھۆكۈم قىلغان ۋاقتىدا، پەرىشتىلەر الله تەئالانىڭ سۆزىگە ئەيمىنىپ بويسۇنۇپ سىلىق تاش ئۈستىدىكى زەنجىرگە ئوخشاش ئاۋازلىق قاناتلىرىنى قاقىدۇر. ئاندىن ۋەقتىكى ئۇلارنىڭ دىللىرىدىن خەۋپ ـ ئەندىشە كەتسە پەرۋەردىگارىڭلار نىمە دىدى دەيدۇ؟ مۇقەررەب پىرىشتىلەر ئېيتىدۇر، سورىغان پىرىشتىگە: الله ھەقنى ئېيتتى ۋە ئۇل الله ئەڭ يۇقۇرى چوڭ ئۇلۇغدۇر. ئاندىن بۇ سۆزنى ئوغۇرلۇقچە قۇلاق سالماقچى بولغان جىن شەيتانلار ئاڭلايدۇر، بۇلار يەنى جىنلار بىرى بىرىنىڭ ئۈستىدە مۇشۇنداق (سانجاق)دۇر، ئاندىن روشەن ئاقار يۇلتۇز جىنلارنى ئۆكەلىمنى ھەمراسىغا يەتكۈزۈشنىڭ ئالدىدا

تېپىپ ئۇنى كۆيدۈرىۋاتىدۇ ۋە بەزى يۇلتۇز جىننى تاپالمايمۇ قالىدۇ، ھەتتا ئۇ جىن ئۇ كەلىمنى يېنىدىكى جىنغا تاشلايدۇ، ئۇ جىن ئۆزىدىن تۆۋەندىكىگە تاشلايدۇ، ھەتتا ئۇلار بىر بىرىگە تاشلىشىپ يەر يۈزىدىكىلەرگە تاشلايدۇ، ئاندىن ئۇ كەلىمە جادۇگەرنىڭ ئاغزىغا تاشلىنىدۇ، ئاندىن جادىگەر ئۇ كەلىمىگە يۈز يالغاننى قوشۇپ يالغان ئېيتىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا تەسدىق قىلىنىدۇ. ئاندىن ئېيتىدۇلەر: ئايا بىزگە خەۋەر قىلىنمىدىمۇ، پالانى كۈنى مۇنداق-مۇنداق بولىدۇ دەپ، ئاندىن ئۇنى ھەق راس تاپتۇقمۇ؟ ھېلىقى ئاسماندىن ئاڭلانغان كەلىمنى (شۇنى ھەق دەيدۇلەر).

سۈرە نەھل - الله تەئالانىڭ {وَاللَّهُ خَلَقَكُمْ ثُمَّ يَتَوَفَّاكُمْ وَمِنْكُمْ مَنْ يُرَدُّ وِلَوْ ۋَرْذَلِ الْعُمُرِ لِكَيْ لا يَعْلَمَ بَعْدَ عِلْمٍ شَيْئاً وِنَّ اللَّهَ عَلِيمٌ قَدِيرٌ} مەنىسى: *{الله سىلەرنى ياراتتى، ئاندىن (ئەجىلىڭلار يەتكەندە) سىلەرنى قەبزى روھ قىلىدۇ، ئاراڭلاردا ئۆمۈرنىڭ يامان (يەنى ئەڭ قېرىلىق) باسقۇچىغا ئۇلىشىدىغانلارمۇ بار، ئۇلار ھەتتا (بىرنەرسىلەرنى) بىلگەندىن كېيىن، ھېچ نەرسىنى بىلمەس بولۇپ قالىدۇ (يەنى ئىلگىرى بىلىدىغانلىرىنى ئۇنتۇپ، كۈچ-قۇۋۋىتى تۈگەپ، ئەقلى كېمىيىپ كىچىك بالىغا ئوخشاپ قالىدۇ)، الله ھەقىقەتەن (مەخلۇقنى باشقۇرۇشنى) بىلگۈچىدۇر، (ئۆزى ئىرادە قىلغان نەرسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا) قادىردۇر}*. سۈرە نەھل 70-ئايىتى توغرىسىدا.

1750 - ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم : اَللّٰهُمَّ اِنِّي اُعُوذُبِكَ مِنَ الْبُخْلِ وَالْكَسَلِ وَاَرْذَلِ الْعُمُرِ وَعَذَابِ الْقَبْرِ وَفِتْنَةِ الدَّجَّالِ وَفِتْنَةِ الْمَحْيَا وَالْمَمَاتِ، «ئى الله ! ساڭا سىغىنىپ بېخىللىقدىن، سۇسلۇقدىن، يامان ئۆمرىدىن (قېرىلىقدىن)، قەبرىنىڭ ئازابىدىن، دەججالنىڭ پىتنىسىدىن، تىرىكنىڭ ۋە ئۆلۈكنىڭ پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمەن» دەپ دۇئا قىلاتتى.

**سۈرە ئىسرا - الله تەئالانىڭ {ذُرِّيَّةَ مَنْ حَمَلْنَا مَعَ نُوحٍ إِنَّهُ كَانَ عَبْدًا شَكُورًا} مەنىسى:** ***{ئى بىز نوھ بىلەن بىللە كېمىگە چۈشۈرگەنلەرنىڭ ئەۋلادلىرى! (ئەجدادىڭلارنى غەرق بولۇپ كېتىشتىن قۇتقازدۇق، الله نىڭ نېمىتىگە شۈكرى قىلىڭلار) نوھ ھەقىقەتەن كۆپ شۈكرى قىلغۇچى بەندە ئىدى}.*** **سۈرە ئىسرا 3-ئايىتى توغرىسىدا**

**1751** - ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە گۆش كەلتۈرۈلدى، ئۇ زاتقا دۇلا (قول) گۆشىنى كۆتۈرۈلۈپ سۇنۇلدى، دۇلا(قول)نى ياخشى كۆرەتتى، ئۇنىڭدىن بىر چىشلەم ئالدى، ئاندىن ئېيتتى: مەن قىيامەت كۈنى خالايىقنىڭ خوجىسىدۇرمەن، ئايا بۇنىڭ نېمىدىن ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ الله تەئالا ئەۋۋەل ۋە ئاخىر ئىنسانلارنى، ئۇلارغا چاقىرغۇچى ئاڭلىتالايدىغان ۋە ئۇلارغا كۆز يېتىدىغان بىر تۈزلەڭ زېمىنغا يىغىدۇ، كۈن يېقىن كېلىدۇ ۋە خالايىقلارغا تاقەت قىلالمايدىغان ۋە ئۇلار كۆتۈرەلمايدىغان غەم ۋە دىشۋالىق يېتىدۇ. ئاندىن خالايىقلار ئېيتىدۇ: سىلەرگە يەتكەن غەم ئەندىشىلەرنى كۆرمەمسىلەر؟ سىلەر ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭلارغا شاپائەت قىلىدىغان كىشىگە نەزەر قىلمامسىلەر؟، ئاندىن بەزىسى بەزىسىگە ئېيتىدۇ: ئادەم ئەلەيھىسسالامنى لازىم تۇتۇڭلار! ئاندىن ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىدۇ، ئۇنىڭغا ئېيتىدۇلەر: سەن ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى، سىنى الله ئۆز قولى بىلەن ياراتتى ۋە ساڭا ئۆز روھىدىن پۈۋلىدى ۋە پەرىشتىلەرنى ئەمرى قىلدى، ئۇلار ساڭا سەجدە قىلدى، بىزلەر ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭدىن شاپائەت قىلغىن! ئايا بىز بار نەرسىگە قارىمامسەن؟ بىزگە يەتكەن نەرسىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئاندىن ئادەم ئېيتىدۇ: ھەقىقەتەن رەببىم بۈگۈنكى كۈندە ئىلگىرى ئۇنداق غەزەپ قىلمىغان ۋە بۇندىن كېيىنمۇ ئۇنداق غەزەپ قىلمايدىغان غەزەبنى قىلدى، تەھقىق ئۇ زات مېنى دەرەختىن يېيىشنى توسقان ئىدى، ئۇنىڭغا ئاسى بولدۇم،

نەپسىم نەپسىم، مەندىن باشقىساغا بېرىڭلار! نوھقا بېرىڭلار!، ئاندىن نوھنىڭ قېشىغا كېلىدۇرلەر، ئاندىن ئېيتىدۇرلەر: ئى نوھ ! سەن زېمىن ئەھلىگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋۋىلىدۇرسەن، اللە تەئالا سىنى كۆپ شۈكرى قىلغۇچى بەندە دەپ ئاتىدى، بىزلەرگە پەرۋەردىگارىڭدىن شاپائەت قىلغىن. بىزدىكى مۈشكۈللۈككە قارىمامسەن؟ ئاندىن نوھ ئېيتىدۇر: تەھقىق رەببىم ئەززە ۋەجەلە بۈگۈن شۇنداق غەزەپ قىلدىكى، ئىلگىرىمۇ قىلمىغان ۋە بۇندىن كېيىنمۇ قىلمايدىغا غەزەبنى قىلدى، ماڭا ئىجابەتلىك بىر دۇئا بار ئىدى، ئۇنى قەۋمىمگە دۇئا قىلىپ بولدۇم، نەپسىم نەپسىم نەپسىم، مېنىڭدىن باشقىسىغا بېرىڭلار! ئىبراھىمنىڭ قېشىغا بېرىڭلار!. ئاندىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا كېلىپ ئېيتىدۇر: ئى ئىبراھىم! سەن اللە نىڭ پەيغەمبىرى ۋە زېمىن ئەھلىدىن ئۇنىڭ دوستىدۇرسەن، بىزلەرگە پەرۋەردىگارىڭدىن شاپائەت قىلغىن، بىزلەردىكى دىشۋارچىلىقنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئاندىن ئىبراھىم ئۇلارغا ئېيتىدۇر: تەھقىق پەرۋەردىگارىم بۈگۈن ئىلگىرى ئۇنداق غەزەپ قىلمىغان ۋە بۇندىن كېيىنمۇ ئۇنداق غەزەپ قىلمايدىغان غەزەبنى قىلدى، تەھقىق مەن ئۈچ يالغاننى ئېيتقان ئىدىم، نەپسىم نەپسىم نەپسىم، مەندىن باشقىسىغا بېرىڭلار! موساغا بېرىڭلار!. ئۇلار موسا ئەلەيھىسسالامغا كېلىپ ئېيتىدۇر: ئى موسا ! سەن اللە نىڭ رەسۇلى (كىتاب چۈشكەن پەيغەمبىرى) سىنى اللە پەيغەمبەر قىلىش بىلەن ۋە ساڭا سۆزلىشى بىلەن خالايىق ئۈستىگە ئۇلۇغ قىلدى، بىزلەرگە پەرۋەردىگارىڭدىن شاپائەت قىلغىن، بىزدىكى بار نەرسىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئاندىن موسا ئېيتىدۇر: تەھقىق پەرۋەردىگارىم بۈگۈن ئىلگىرى ئۇنداق غەزەپ قىلمىغان ۋە بۇندىن كېيىنمۇ ئۇنداق غەزەپ قىلمايدىغان غەزەبنى قىلدى، ھەقىقەتەن ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇلمىغان بىر جاننى ئۆلتۈرۈپ قويدۇم، نەپسىم نەپسىم نەپسىم، مەندىن باشقىسىغا بېرىڭلار! ئىسانىڭ قېشىغا بېرىڭلار!. ئاندىن ئىسا ئەلەيھىسسالامغا كېلىپ ئېيتىدۇر: سەن

الله نىڭ رەسۇلى ۋە ئۇنىڭ مەريەمگە تاشلىغان كەلىمىسى ۋە ئۇ الله دىن بىر روھ دۇرسەن، نارسىدە ۋاقتىڭدا بۆشۈكتە خالايىققا گەپ قىلدىڭ، بىزگە پەرۋەردىگارىڭدىن شاپائەت قىلغىن! بىزلەردىكى مۈشكۈللۈككە قارىمامسەن؟ ئاندىن ئىسا ئېيتىدۇر: تەھقىق پەرۋەردىگارىم بۈگۈن ئىلگىرى ئۇنداق غەزەب قىلمىغان ۋە بۇندىن كېيىنمۇ ئۇنداق غەزەب قىلمايدىغان غەزەبنى قىلدى، ۋە گۇناھنى زىكرى قىلمىدى، نەپسىم نەپسىم نەپسىم، (شاپائەت قىلىنىشقا ھەقلىقدۇر) مەندىن باشقىغا بېرىڭلار! مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بېرىڭلار!. ئاندىن مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كىلىپ ئېيتىدۇر: ئى مۇھەممەد ! سەن الله نىڭ رەسۇلى (كىتاب چۈشكەن پەيغەمبىرى) ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى، سىنىڭ ئىلگىرى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭنى الله تەئالا مەغپىرەت قىلدى، بىزلەرگە الله دىن شاپائەت قىلغىن! بىزلەردىكى دىشۋارچىلىقنى كۆرمىدىڭمۇ؟. ئاندىن مەن يۈرۈپ ئەرشنىڭ تەكتىگە كېلىمەن، رەببىم ئەززە ۋەجەللىگە سەجدە قىلغان ھالەتدە چۈشىمەن، ئاندىن الله تەئالا ماڭا ئۆزىنىڭ ھەمدىلىرىدىن ۋە ياخشى سانالىرىدىن مەندىن ئىلگىرى ھېچكىمگە ئاچمىغان ھەمدۇ سانالارنى ماڭا ئاچىدۇر (ئاغزىمغا ۋە دىلىمغا) سالىدۇر. ئاندىن دېيىلىدۇر: ئى مۇھەممەد ! كۆتەر باشىڭنى، سۇئال قىلغىن سۇئالىڭ ئاتا قىلىنىسەن ۋە شاپائەت قىل شاپائىتىڭ قوبۇل قىلىنىسەن، ئاندىن بېشىمنى كۆتىرىمەن ۋە ئېيتىمەن: ئۈممىتىم يارەب ! ئۈممىتىم يارەب ! ئۈممىتىم يارەب ! ئاندىن دېيىلىدۇر: ئى مۇھەممەد ! ئۈممىتىڭدىن ئۈستىدە ھېسابى يوق كىشىلەرنى جەننەتنىڭ ئوڭ ئىشىگىدىن كىرگۈزگىن ۋە ئۇلار قالغان ئىشىكلەردە خالايىقنىڭ شېرىكلىرىدۇر. ئاندىن ئول جاناب رەسۇلۇللاھ ئېيتتى: نەپسىم قۇدرەت قولىدا بولغان زات الله بىلەن قەسەمكى، شەكسىزكى جەننەت ئىشىكلىرىنىڭ قاناتلىرىدىن ئىككى قاناتىنىڭ ئارلىغى مەككە بىلەن ھىمىيەرنىڭ ئارلىغىدەك ياكى

مەككە بىلەن بۇسرانىڭ ئارلىغىدەك.

**الله تەئالانىڭ** {عَسَىٰ أَنْ يَبْعَثَكَ رَبُّكَ مَقَامًا مَحْمُودًا} مەنىسى: ***{ساڭا نەپلە (ئىبادەت) بولۇشى ئۈچۈن كېچىنىڭ بىر قىسمىدا (ناماز ئوقۇشقا، قۇرئان ئوقۇشقا) ئويغانغىن، (ئى مۇھەممەد !) پەرۋەردىگارىڭنىڭ سىنى مەدھىلىنىدىغان ئورۇنغا (يەنى بۈيۈك شاپائەت مۇقامىغا) تۇرغۇزۇشى مۇھەققەقتۇر (يەنى ھەقىقەتەن تۇرغۇزغۇچىدۇر)}***. سۈرە ئىسرا 79 ـ ئايىتى توغرىسىدا

**1752** ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق خالايىقلار قىيامەت كۈنى تىزلىنىپ ئولتۇرغۇچىدۇر، ھەربىر ئۈممەت ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىگە ئەگىشىدۇر، ئېيتىدۇر: ئى پالانى شاپائەت قىلغىن! ئى پالانى شاپائەت قىنغىن! ھەتتاكى شاپائەت قىلىش پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يېتىدۇر، ئاندىن شۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى الله تەئالا مۇقامى مەھمۇد (يەنى شاپائەت مۇقامىغا) تۇرغۇزىدىغان كۈندۇر.

**الله تەئالانىڭ** {وَلَا تَجْهَرْ بِصَلَاتِكَ وَلَا تُخَافِتْ بِهَا} مەنىسى: ***{نامىزىڭدا (قىرائەتنى) (مۇشرىكلار ئاڭلاپ قېلىپ ساڭا ئەزىيەت يەتكۈزمەسلىكى ئۈچۈن) يۇقۇرى ئاۋاز بىلەنمۇ ئوقۇمىغىن (مۆمىنلەرنىڭ ئاڭلىماي قالماسلىقى ئۈچۈن) پەس ئاۋاز بىلەنمۇ ئوقۇمىغىن}***. سۈرە ئىسرا **110** ـ **ئايىتى توغرىسىدا**

**1753** ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىدە مەخپى يوشۇرۇن تۇرغاندا بۇ ئايەت نازىل بولدى. پەس ۋەقتىكى ئەسھابلىرى بىلەن ناماز ئوقۇسا قۇرئان بىلەن ئاۋازىنى كۆتۈرەتتى، بۇ قۇرئان ئاۋازىنى مۇشرىكلار ئاڭلىسا قۇرئاننى ۋە ئۇنى نازىل قىلغان الله نى ۋە ئۇنى كەلتۈرگەن زاتنى سۆكەر ئىدىلەر. ئاندىن الله تەئالا ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىگە ئېيتتى: {وَلَا تَجْهَرْ بِصَلَاتِكَ} ***{يەنى قىرائىتىڭنى ئاۋازلىق قىلمىغىن}***،

مۇشرىكلار ئاڭلاپ قۇرئاننى سۆكمىسۇن. {وَلا تُخَافِتْ بِهَا} ***{قىرائىتىڭنى پەس ئاۋاز بىلەنمۇ ئوقۇمىغىن}*** ، ئەسهابىڭدىن ئۇلارغا ئاڭلىتالماي قالمىغىن، {وَابْتَغِ بَيْنَ ذَٰلِكَ سَبِيلًا} ***{ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئوتتۇرا يول تۇتقىن}*** .

**سۈرە كەھف :** **الله تەئالانىڭ** {أُولَٰئِكَ الَّذِينَ كَفَرُوا بِآيَاتِ رَبِّهِمْ وَلِقَائِهِ} **مەنىسى:** ***{ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭغا مۇلاقات بولۇشنى ئىنكار قىلغان نەتىجىدە قىلغان ئىشلىرى بىكار بولۇپ كەتكەن كىشىلەردۇر، قىيامەت كۈنى ئۇلارنى قىلچە ئېتىبارغا ئالمايمىز}*** **. سۈرە كەھف 105 ـ ئايىتى توغرىسىدا**

**1754 ـ** ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن تەھقىق ئۇ زات ئېيتتى: قىيامەت كۈنى يوغان سېمىز ئادەمنى كەلتۈرىلىدۇر، الله تەئالانىڭ دەرگاھىدا پاشىنىڭ قانىتىچە ئېتىۋارى يوق ۋە ئېيتتى: ئەگەر خالىساڭلار {فَلَا نُقِيمُ لَهُمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَزْنًا} ئايىتىنى ئوقۇڭلار. (سۈرە كەھف **105** ـ ئايەت) .

**سۈرە مەريەم :** **الله تەئالانىڭ** {وَأَنْذِرْهُمْ يَوْمَ الْحَسْرَةِ} **مەنىسى:** ***{ئۇلارنى (يەنى خالايىقنى) ھەسرەت كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى) دىن ئاگاھ لاندۇرغىن}*** **. سۈرە مەريەم 39 ـ ئايىتى توغرىسىدا**

**1755 ـ** ئەبۇسەئىدىل خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئۆلۈمنى ئالا قوشقارغا ئوخشاش سۈرەتتە كەلتۈرۈلىدۇر، ئاندىن بىر نىدا قىلغۇچى نىدا قىلىدۇر: ئى ئەھلى جەننەت دەپ ! ئاندىن ئۇ ئەھلى جەننەتلەر گەدەنلىرىنى سوزۇپ قارايدۇر، ئاندىن ئېيتىدۇر: ئايا بۇنى تونۇمسىلەر؟ پەس ئېيتىدۇر: ھەئە بۇ ئۆلۈمدۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈمنى كۆرىدۇر. ئاندىن ئى دوزاخ ئەھلى! دەپ نىدا قىلىدۇر، ئاندىن بۇلار

گەدەنلىرىنى سوزۇپ قارايدۇر، ئاندىن ئېيتىدۇر: ئايا بۇنى تونۇمسىلەر؟ ئېيتىدۇرلەر: ھەئە بۇ ئۆلۈمدۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى شەكسىز ئۆلۈمنى كۆرىدۇلەر. ئاندىن ئۆلۈم بوغۇزلىنىدۇ، ئاندىن نىدا قىلغۇچى ئېيتىدۇر : ئى جەننەت ئەھلى! جەننەت مەڭگۈلۈكدۇر ئۆلۈم يوق، ئى دوزاخ ئەھلى! دوزاخ مەڭگۈلۈكدۇر ئۆلۈم يوق. ئاندىن قىرائەت قىلدى {وَأَنْذِرْهُمْ يَوْمَ الْحَسْرَةِ إِذْ قُضِيَ الْأَمْرُ وَهُمْ فِي غَفْلَةٍ} مەنىسى: ***{ئۇلارنى (يەنى خالايىقنى) ھەسرەت كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى)دىن ئاگاھلاندۇرغىن، ئۇ چاغدا ھەممە ئىش بىر تەرەپ قىلىنغان بولىدۇر. ھالبۇكى ئۇلار غەپلەتتەدۇر (قىيامەتنى) ئىنكار قىلماقدادۇر}*** . ئۇلار ئەھلى دۇنيانىڭ غەپلىتىدەدۇر ۋە ئۇلار ئىيمان كەلتۈرمەيدۇرلەر.

**سۈرە نۇر:** الله تەئالانىڭ {وَالَّذِينَ يَرْمُونَ أَزْوَاجَهُمْ وَلَمْ يَكُنْ لَهُمْ شُهَدَاءُ إِلَّا أَنْفُسُهُمْ} مەنىسى: ***{خوتۇنلىرىنى زىنا بىلەن قارىلىغان ۋە ئۆزلىرىدىن باشقا گۇۋاھچىسى بولمىغانلار، گۇۋاھلىق سۆزىنىڭ راس ئىكەنلىكىنى دەلىللەش ئۈچۈن، الله نىڭ نامى بىلەن تۆت قەسەم قىلسۇن...}*** **سۈرە نۇر 6 ـ ئايىتى توغرىسىدا**

**1756** ـ سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق ئۇۋەيمىر ئاسىم ئىبنى ئەدىينىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇ ئاسىم بىننى ئەجلاننىڭ (بەنى ئەجلان قەبىلىسىنىڭ) خوجىسى ئىدى. ئاندىن ئۇۋەيمىر ئېيتتى: ئۆزىنىڭ خوتۇنى بىلەن يات بىر ئەرنى تاپقان كىشى ھەققىدە نىمە دەيسىزلەر؟ ئايا ئۇنى ئۇ كىشى ئۆلتۈرەمدۇر؟ ئاندىن سىلەر ئۇنى ئۆلتۈرەمسىزلەر؟ ماڭا بۇنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سوراپ بەرگىن دىدى. ئاندىن ئاسىم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھوزۇرىغا كىلىپ، يارەسۇلۇللاھ ! دىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسئىلەرنى ناخۇش كۆردى، ئۇنى (يەنى مەسئىلەرنى)

ئەيىبلىدى. ئاندىن ئۇۋەيمىر ئاسىمدىن سورىدى، ئاندىن ئاسىم ئېيتتى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسئىلىلەرنى ناخوش كۆردى ۋە ئۇنى ئەيىبلىدى. ئېيتتى ئۇۋەيمىر: بۇ مەسىلىلەرنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سورىمىغىچىلىك قايتمايمەن. ئاندىن ئۇۋەيمىر كېلىپ ئېيتتى: يارەسۇلۇللاھ ! بىركىشى ئۆزىنىڭ خوتۇنى بىلەن يات بىر ئەرنى تاپسا، ئايا ئۇكىشى ئۇ غەيرى يات ئەرنى ئۆلتۈرۈۋاتسا، سىلەر ئۇكىشىنى ئۆلتۈرەمسىزلەر؟ ياكى قانداق قىلىدۇر؟. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: سىنىڭ ۋە خوتۇنۇڭ ھەققىدە الله تەئالا قۇرئان نازىل قىلدى. ئاندىن ئۇئىككىسىنى الله تەئالا ئۆز كىتابىدا ئاتاپ بايان قىلغان بويىچە لەنەت ئېيتىششقا بۇيرىدى. ئاندىن ئۇ ئۇۋەيمىر خوتۇنىغا لەنەت ئېيتتى، ئاندىن ئېيتتى: يارەسۇلۇللاھ ! ئەگەر ئۇ خوتۇننى تۇتۇپ قالسام(ئۇنىڭ بىلەن ئۆيى تۇتسام) ئۇ خوتۇنىغا زۇلمى قىلغان بولدۇم، ئاندىن ئۇ خوتۇننى تالاق قىلدى. ئاندىن بۇئىككىسىدىن كېيىنكى كىشىلەرگە ئىككى لەنەت ئېيتقۇچى ھەققىدە بىر تالاق قىلىش سۈننەت بولدى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: قاراڭلار! ئەگەر ئۇ خوتۇن ئۇ بوۋاقنى قارىلاق، ئىككى كۆزى قارا، ئىككى ساغرىسى چوڭ (ساغرىلىق)، ئىككى پاچىغى توم تۇغسا، تەھقىق ئۇۋەيمىر ئۇ خوتۇن ھەققىدە راس ئېيتتى دەپلا گۇمان قىلمەن. ئەگەر ئۇ خوتۇن ئۇ بالىنى ئاجىز ئۇرۇق گۇياكى قىزىل سالمىدەك تۇغسا، ئۇۋەيمىرنى ئۇ خوتۇنىغا يالغان ئېيتتى دەپ گۇمان قىلمەن. ئاندىن ئۇ خوتۇن ئۇ بالىنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇۋەيمىرنىڭ سۆزىگە تەسدىق قىلىشىدىن ئىبارەت سۈپەت بىلەن تۇغدى. ئاندىن بۇ بالىنى ئانىسىغا (خوتۇنىنىڭ بالىسى) دەپ نىسبەت بېرىلىدىغان بولدى.

**الله تەئالانىڭ {وَيَدْرَؤُ عَنْهَا الْعَذَابَ أَنْ تَشْهَدَ أَرْبَعَ شَهَادَاتٍ بِاللَّهِ} مەنىسى: *(خوتۇن كىشى ئىرىنىڭ***

**ياڭغانچى ئىكەنلىكىگە الله نىڭ نامى بىلەن تۆت قېتىم قەسەم ئىچسە، جازاغا تارتىلىشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ} سۈرە نۇر 8-ئايىتى توغرىسىدا**

1757 - ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق ھىلال ئىبنى ئۈمەييە خوتۇنىنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھوزۇرىدا، شەرىك ئىبنى سەھمائ بىلەن قارىلىدى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ھۆججەت پاكىت كەلتۈر ياكى ئۇستۇڭگە زىنا بىلەن تۆھمەت قىلغانلىق جازاسى كېلىدۇر. ئۇ ئېيتتى: يارەسۇلۇللاھ ! بىزنىڭ بىرىمىز خوتۇنىنىڭ ئۇستىدە يات ئەرنى كۆرسە ھۆججەت پاكىت تەلەپ قىلىپ يۈرەمدۇر؟. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ھۆججەت كەلتۈرگىن بولمىسا ئۇچاڭغا ھەد (جازا) كېلىدۇر! ئاندىن ھىلال ئېيتتى: ئۆزلىرىنى ھەق بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن الله بىلەن قەسەمكى، تەھقىق مەن راسچىل مەن، ئەلۋەتتە الله مىنىڭ ئۇچامنى ھەد (جازا)دىن پاك قىلىدىغان ئايەت نازىل قىلىدۇ. ئاندىن نازىل بولدى ۋە ئۇنىڭغا {وَالَّذِينَ يَرْمُونَ أَزْوَاجَهُمْ} ئايىتى نازىل بولۇپ، ھەتتا {وإِنْ كَانَ مِنَ الصَّادِقِينَ} غىچە يەتتى،(سۈرە نۇر 6-ئايىتىدىن9-ئايىتىگىچە). ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياندى ۋە ئۇ خوتۇنغا ئادەم ئەۋەتتى. ئاندىن ھىلال شاھادەت ئېيتتى (يەنى قەسەم ئىچدى) ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتىدۇر: تەھقىق الله تەئالا ئىككىڭلارنىڭ بىرىنىڭ ياڭغانچىلىقىنى بىلىدۇ، ئايا سىلەردىن تەۋبە قىلغۇچىلاردىن بارمۇ؟. ئاندىن ئۇ خوتۇن قوپۇپ شاھادەت ئېيتتى (قەسەم ئىچدى)، بەشىنچى شاھادەتكە كەلگەندە خوتۇننى توختۇتۇپ، ئېيتتىلەر: تەھقىق بەشىنچى شاھادەت الله تەئالانىڭ غەزىپىنى ۋاجىب قىلغۇچىدۇر. ئىبنى ئاببباس ئېيتتى: ئۇ خوتۇن سەل تۇرۇپ ئارقىغا ياندى، ھەتتا قەسەمدىن ياندىغانلىقىدىن گۇمان قىلدۇق، ئاندىن ئېيتتى:

قالغان كۈنلەردە قەۋمىنى رەسۋا قىلمايمەن، ئاندىن قەسەم قىلدى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئۇ خوتۇننى كۆزىتىڭلار! ئەگەر ئۇ خوتۇن ئۇ بالىنى ئىككى كۆزى سۈرمە تاتقاندەك قارا، ئىككى ساغرىسى تولۇق ساغرىلىق، ئىككى پاچىقى توم تۇغسا ئۇ بالا شەرىك ئىبنى سەھمائىنىڭ. ئاندىن ئۇ خوتۇن ئۇ بالىنى ئاشۇنداق تۇغدى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئەگەر الله تەئالانىڭ كىتابىدىن جارى بولغان ھۆكمى بولمىغان بولسا ماڭا ۋە ئۇ خوتۇنغا بىر ئىش بولاركەن.

**سۈرە پۇرقان؛ الله تەئالانىڭ** {الَّذِينَ يُحْشَرُونَ عَلَى وُجُوهِهِمْ إِلَى جَهَنَّمَ} مەنىسى: ***{ئۇلار جەھەننەمگە يۈزلىرى بىلەن سۆرىلىدۇ، ئۇلارنىڭ جايى ئەڭ يامان، يولى ئەڭ ئازغۇندۇر}*** . سۈرە پۇرقان 34-ئايىتى توغرىسىدا

1758 - ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق بىر كىشى ئېيتتى: يا نەبىيۇللاھ ! قىيامەت كۈنى كاپىرلارنى يۈزلىرى بىلەن قانداق سۆرىلىدۇ؟ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئۇنى دۇنيادا ئىككى پۇتى بىلەن ماڭدۇرغان زات (الله) ئۇنى قىيامەت كۈنى يۈزى بىلەن ماڭدۇرۇشقا قادىردۇر.

**سۈرە روم؛ الله تەئالانىڭ** {الم (1) غُلِبَتِ الرُّومُ (2)} مەنىسى: ***{ الم. روملۇقلار يېقىن بىر جايدا يېڭىلدى}*** . سۈرە روم 1-2-ئايىتى.

1759 - ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق ئۇنىڭغا كىندە دىگەن جايدا بىر كىشىنىڭ ھەدىس قىلىدىغانلىق خەۋىرى يەتتى. ئۇ كىشى شۇنداق ھەدىس قىلدىكى، قىيامەت كۈنى ئىس كىلىپ مۇناپىقلارنىڭ قۇلاقلىرىنى ۋە كۆزلىرىنى تۇتىدۇ ۋە مۆمىننى زۇكامدەك تۇتىدۇ. بۇ خەۋەر ئىبنى مەسئۇدقا يەتكەن ۋاقتىدا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى، ئاندىن ئۇ غەزەپ قىلىپ

رۇس ئولتۇردى، ئاندىن ئېيتتى: كىشى بىلسە دىسۇن ۋە كىشكى بىلمىسە الله اعلم يەنى الله بىلگۇچىراقدۇر دىسۇن، چۈنكى بىلمەيدىغان نەرسىنى بىلمەيمەن دىيىش ئىلىمنىڭ (بىلىمنىڭ) جۈملىسىدىندۇر، چۈنكى الله تەئالا ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئېيتتى: {قُلْ مَا وَّسْئَلُكُمْ نَلَيْهِ مِنْ وَّجْرٍ وَمَا وَّنَا مِنَ الْمُتَكَلِّفِينَ} مەنىسى: ***{ئېيتقىنكى (الله تەرىپىدىن كەلگەن ۋەھىنى) تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھىچ ھەق تەلەپ قىلمايمەن، مەن (قۇرئاننى) ئىقتىرا قىلغۇچىلاردىن (يەنى يالغاندىن) تۇقۇغۇچىلاردىن ئەمەسمەن}*** . (سۈرە ساد 86 ـ ئايەت). تەھقىق قۇرەيشلەر ئىسلامدىن كېچىكتىلەر ۋە ئۇلارغا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دۇئا قىلدى، ئاندىن ئېيتتى: ئى الله ! قۇرەيشلەرگە يۇسۇپنىڭ قەھەتچىلىك يەتتە يىلىغا ئوخشاش يەتتە يىل قەھەتچىلىك بىرىپ ماڭا ياردەم قىلغىن. ئاندىن ئۇلارنى قەھەتچىلىك تۇتۇپ، ھەتتا قەھەتچىلىكتە ھالاك بولدى ۋە ئۇلۇك تاپتى ۋە ئۇسقانلىرىنى يىدىلەر، كىشىلەر ئاسمان ـ زىمىن ئارىسىنى ئىس ـ تۇتەك ھەيئىتىدەك كۆرىدىغان ھالەتتە بولدىلەر. ئاندىن ئبول جانابنىڭ ھۇزۇرىغا ئەبۇسۇپيان كىلىپ ئېيتتى: ئى مۇھەممەد ! سەن سىلە رەھىمگە ئەمرى قىلىپ كىلىۋاتىسەن، تەھقىق سىنىڭ قەۋمىڭ ھالاك بولدى، الله تەئالاغا دۇئا قىلغىن!، ئاندىن ئبول جاناب {فَارْتَقِبْ يَوْمَ تَوْتِي السَّمَاءُ بِدُخَانٍ مُبِينٍ (10) يَغْشَى النَّاسَ هَوَا نَوَابٌ وَّلِيمٌ (11) رَبَّنَا اكْشِفْ نَنَّا الْنَوَابَ وِنَّا مُؤْمِنُونَ (12) وَّنَّى لَهُمُ الوِّكْرَى وَقَدْ جَاءَهُمْ رَسُولٌ مُبِينٌ (13) ثُمَّ تَوَلَّوْا نَنْهُ وَقَالُوا مُنَلَّمٌ مَجْنُونٌ (14) وِنَّا كَاشِفُوا الْنَوَابِ قَلِيلاً وِنَّكُمْ نَايِدُونَ (15)} مەنىسى: ***{(ئى مۇھەممەد!) سەن ئاسمان (ھەممە ئادەم) ئۇچۇق (كۆرىدىغان) تۇتۇننى كەلتۈرىدىغان كۈندە (ئۇلارغا بولىدىغان ئازابنى كۈتكىن(10). (ئۇ تۇتۇن) كىشىلەرنى ئورىۋالىدۇ، بۇ قاتتىق ئازابتۇر(11). (ئۇلار) «پەرۋەردىگارىمىز ! بىزدىن ئازابنى كۆتۈرىۋەتكىن، بىز ھەقىقەتەن ئىيمان كەلتۈرگۈچىدۇرمىز»***

*(دەيدۇ)(12)*. *(ئازاب كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندە) ئۇلار قانداقمۇ ئىبرەت ئالسۇن، ھالبۇكى، ئۇلارغا روشەن پەيغەمبەر كەلدى (شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار ئىمان ئېيتمىدى)(13). ئاندىن ئۇلار ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىدى ۋە: «(ئۇ ئۆگىتىلگەن (يەنى قۇرئاننى كىشىلەردىن ئۆگەنگەن)دۇر، مەجنۇندۇر» دېدى(14). بىز ھەقىقەتەن ئازابنى (سىلەردىن) ئازغىنا ۋاقىت كۆتۈرۈۋېتىمىز، (ئاندىن) سىلەر ھەقىقەتەن (ئىلگىرىكى كاپىرلىق ھالىتىڭلارغا) قايتىۋالىسىلەر(15)}* .(سۈرە دۇخان 10 ـ ئايەتتىن15 ـ ئايەتكىچە). ئايا ئۇلاردىن ئاخىرەت ئازابى كۆتۈرۈلۈۋېتەمدۇر ۋەقىتكى ئازاب كەلسە، ئاندىن ئۇلار كۇپرىغا قايتىپ كەتسە، ئاندىن بۇ الله تەئالانىڭ {يَوْمَ نَبْ□ِشُ الْبَ□شَةَ الْكُبْرَىٰ} مەنىسى: *{ئۇلارنى قاتتىق تۇتقان كۈنىمىزدە چوقۇم جازالايمىز}* .(سۈرە دۇخان16 ـ ئايەت). بەدرى كۈنىدە بولغان، لىزامانىمۇ بەدرى كۈنىدە.

**سۈرە سەجدە ـ الله تەئالانىڭ** {فَلَا تَعْلَمُ نَفْسٌ مَا أُخْفِيَ لَهُمْ مِنْ قُرَّةِ أَعْيُنٍ} **مەنىسى:** *{ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات يۈزىسىدىن الله تەئالانىڭ ھۇزۇرىدا ساقلانغان ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان كاتتا نېمەتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ}* **. سۈرە سەجدە 17 ـ ئايىتى توغرىسىدا**

1760 ـ ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئېيتتى الله ئەززە ۋەجەللە: مېنىڭ ياخشى ئەمەل قىلغان بەندىلىرىمگە كۆز كۆرمىگەن ۋە قۇلاق ئاڭلىمىغان ۋە ئىنساننىڭ دىلىغا كەلمىگەن نېمەتلەرنى تەييارلىدىم، سىلەر كۆرگەن نەرسىنى قويغىن (بەلكى مەن ئۇلارغا ساقلاپ قويغان نەرسە ئەڭ كاتتادۇر). ئاندىن {فَلَا تَعْلَمُ نَفْسٌ مَا أُخْفِيَ لَهُمْ مِنْ قُرَّةِ أَعْيُنٍ جَزَاءً بِمَا كَانُوا يَعْمَلُونَ} ئايىتىنى قىرائەت قىلدى. مەنىسى: *{ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات يۈزىسىدىن الله تەئالانىڭ ھۇزۇرىدا ساقلانغان ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان كاتتا نېمەتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ}* . (سۈرە سەجدە17 ـ ئايىتى).

**سۈرە ئەھزاب. الله تەئالانىڭ** {تُرْجِي مَنْ تشَاءُ مِنْهُنَّ وَتُؤْوِي وِلَيْكَ مَنْ تشَاءُ} مەنىسى: *{خوتۇنلىرىڭدىن خالىغىنىڭنىڭ نۆۋىتىنى ئارقىغا سۈرسەڭ، خالىغىنىڭ بىلەن (نۆۋىتىدىن باشقا ۋاقىتتا) بىر يەردە بولساڭ بولۇۋېرىدۇر، (ۋاقىتلىق) ئايرىلىپ تۇرغان ئاياللىرىڭدىن بىرى بىلەن ھەمتۆشەك بولماقچى بولساڭ ساڭا ھېچ گۇناھ يوقدۇر}*. سۈرە ئەھزاب 51 ـ ئايەتنى توغرىسىدا

**1761** ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدى: ئۆز نەپسلىرىنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بەخش قىلىۋاتقان، ئاتا قىلىۋاتقان ئاشۇ خوتۇنلارغا كۆڭدەشلىك قىلاتتىم ۋە خوتۇن كىشىمۇ ئۆز نەپسىنى بەخش قىلامدۇ؟ دەيدىغان ئىدىم. ئاندىن الله تەئالا {تُرْجِي مَنْ تشَاءُ مِنْهُنَّ وَتُؤْوِي وِلَيْكَ مَنْ تشَاءُ وَمَنِ ابْتَغَيْتَ مِمَّنْ بَزَلْتَ فَلاَ جُنَاحَ نَلَيْكَ} ئايىتىنى نازىل قىلغاندىن كېيىن، ئېيتتىم: پەرۋەردىگارىڭىزنى سىزنىڭ مۇرادىڭىزنى ئىجابەت قىلىشىدا ئالدىرايدىكەن دەپلا گۇمان قىلدىم.

**1762** ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدى: {تُرْجِي مَنْ تشَاءُ مِنْهُنَّ وَتُؤْوِي وِلَيْكَ مَنْ تشَاءُ} ئايىتى نازىل بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنىڭ بىرىمىزنىڭ نۆۋەت كۈنىدە ئىزنى سورايدىغان بولدى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئېيتارئىدىم: ئەگەر بۇ ئىزنى سوراش ماڭا بولىدىغان بولسا، تەھقىق مەن يارەسۇلۇللاھ ! ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىگە ھېچكىمنى ئىختىيار قىلىشنى خالىمايمەن.

**الله تەئالانىڭ** {يَا وّيُّهَا الوْيِنَ ژمَنُوا لاَ تدْخُلوا بُيُوتَ النَّبِيِّ} مەنىسى: *{ئى مۆمىنلەر ! پەيغەمبەرنىڭ ئۆيلىرىگە كىرمەڭلار، پەقەت تاماققا چاقىرىلغان ۋاقىتىڭلاردىلا كىرىڭلار}*. سۈرە ئەھزاب 53 ـ ئايىتى توغرىسىدا

**1763** ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدى: يۈزىنى يېپىش پەرزلىگى ئايىتى نازىل

بولغاندىن كېيىن سەۋدە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۆز ھاجىتىگە چىقتى، ئۇ جىسىملىك بەدەنلىك ئايال ئىدى، ئۇنى تونۇيدىغان كىشىگە مەخپىي ئەمەس ھەممىگە تونۇشلۇق ئىدى. ئۇنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب كۆرۈپ ئېيتتى: ئى سەۋدە ! ۋەللاھۇكى سەن بىزگە مەخپىي ئەمەس، ناتونۇش ئەمەسدۇرسەن، قانداق چىقىسەن قاراپ باققىن. ئېيتتى ئائىشە: سەۋدە ئارقىغا قايتتى. ھالبۇكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم مېنىڭ ئۆيۈمدە كەشلىك غىززالىنىۋاتاتتى، قوللىرىدا بىر پارچە ئۇستىخانلىق گۆش بارئىدى، سەۋدە كىردى ۋە ئېيتتى: يارەسۇلۇللاھ ! مەن بەزى ھاجىتىمگە چىققان ئىدىم، ئۆمەر ماڭا مۇنداق-مۇنداق دىدى. ئېيتتى ئائىشە: الله تەئالا ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمگە ۋەھى ئەۋەتتى، ئاندىن ئۇ زاتدىن ۋەھى ئېغىرلىغى كۆتۈرۈلدى، ھالئۇلكى ئۇستىخان قولىدادۇر، ئۇنى يەرگە قويمىغان ئىدى. ئاندىن ئېيتتى: تەھقىق سىلەرنىڭ ھاجىتىڭلارغا چىقىشىڭلارغا ئىزنى بېرىلدى (ئۆيدىن چىقماسلىق مەقسەت ئەمەس، پۈتۈن ئەزالىرىنى يېپىپ- مەستۇرە ھالدا چىقسا بولىدۇ دېمەكدۇر).

**الله تەئالانىڭ {وِنْ تُبْدُوا شَيْئاً ۆوْتُخْفُوهُ} مەنىسى: *{بىرەر نەرسىنى ئاشكارىلىساڭلارمۇ، يا (دىلىڭلاردا) يوشۇرساڭلىمۇ (الله ھامان بىلىدۇ)، چۈنكى الله ھەققەتەن ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر}* . سۈرە ئەھزاب 54-ئايىتى توغرىسىدا**

**1764** - ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندى: ھىجاب-پەردە ئايىتى نازىل بولغاندىن كېيىن ئەبۇ قۇئەيسەنىڭ قېرىندىشى ئەفلەھ ماڭا كىرىشكە ئىزنى سورىدى، ئاندىن ئېيتتىم: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمدىن ئىزنى سورىغىچىلىك ئۇنىڭغا ئىزنى بەرمەيمەن، چۈنكى ئەفلەھنىڭ قېرىندىشى ئەبۇ قۇئەيسە مىنى ئىمىتمىدى ۋە لېكىن مىنى ئەبۇ قۇئەيسەنىڭ خوتۇنى ئىمىتتى. ئاندىن ماڭا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم كىردى، ئۇنىڭغا ئېيتتىم:

يارەسۇلۇللاھ ! تەھقىق ئەبۇ قۇئەيسەنىڭ قىرىندىشى ئەفلەھ ماڭا ئىزنى سورىدى، ئۇنىڭ كىرىشىگە ئۆزلىرىدىن ئىزنى سورىمىغىچىلىك ئىزنى بەرمىدىم. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: تاغىڭىزغا ئىزنى بىرىشدىن سىزنى نىمە توستى؟. ئېيتتىم: يارەسۇلۇللاھ ! ئەر كىشى منى ئىمىتمىدى، لىكىن منى ئەبۇ قۇئەيسەنىڭ خوتۇنى ئىمىتتى. ئۇل جاناب رەسۇلۇللاھ ئېيتتى: ئۇ ئەفلەھنىڭ كىرىشىگە ئىزنى بىرىڭ، چۈنكى ئۇ سىزنىڭ (ئىمىك) تاغىڭىز، ئوڭ قولىڭىز توپا بولسۇن.

**الله تەئالانىڭ** {إِنَّ اللَّهَ وَمَلَائِكَتَهُ يُصَلُّونَ عَلَى النَّبِيِّ} **مەنىسى:** ***{الله ھەقىقەتەن پەيغەمبەرگە رەھمەت يوللايدۇ (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت قىلىدۇ، شەنىنى ئۇلۇغ قىلىدۇ، دەرىجىسىنى ئۈستۈن قىلىدۇ)، پەرىشتىلەرمۇ ھەقىقەتەن (پەيغەمبەرگە) مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ}*** **. سۈرە ئەھزاب 56 ـ ئايىتى توغرىسىدا**

**1765** ـ كەئىب ئىبنى ئۇجرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: دىيىلدى: يارەسۇلۇللاھ ! ئۆزلىرىگە سالام يوللاشنى تونۇدۇق، ئەمما ئۆزلىرىگە قانداق دۇرۇت ئۇقۇيمىز؟ ئۇل جاناب رەسۇلۇللاھ ئېيتتى: اَللّٰهُمَّ صَلِّ عَلَى مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِ مُحَمَّدٍ كَمَا صَلَّيْتَ عَلَى إِبْرَاهِيْمَ وَعَلَى آلِ إِبْرَاهِيْمَ إِنَّكَ حَمِيْدٌ مَّجِيْدٌ . اَللّٰهُمَّ بَارِكْ عَلَى مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِ مُحَمَّدٍ كَمَا بَارَكْتَ عَلَى إِبْرَاهِيْمَ وَعَلَى آلِ إِبْرَاهِيْمَ إِنَّكَ حَمِيْدٌ مَّجِيْدٌ . دەڭلار. تەرجىمىسى: ئى **الله** ! سەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئائىلە ـ تەۋابىئاتلىرىغا رەھمەت قىلغاندەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئائىلە ـ تەۋابىئاتلىرىغا رەھمەت قىلغىن، ھەقىقەتەن سەن بەك ماختالغۇچى ۋە بەك ئۇلۇغدۇرسەن. ئى **الله** ! سەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئائىلە ـ تەۋابىئاتلىرىغا بەرگەن كارامەتلىرىڭنى ھەمىشە قىلغاندەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئائىلە ـ تەۋابىئاتلىرىغا بەرگەن كارامەتلىرىڭنى ھەمىشە قىلغىن، ھەقىقەتەن

سەن بەك ماختالغۇچى ۋە بەك ئۇلۇغدۇرسەن.

1766 ـ ئەبۇسەئىدىل خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: ئېيتتۇق: يارەسۇلۇللاھ ! بۇ سالام يوللاشدۇر، ئۈزلىرىگە قانداق دۇرۇت ئوقۇيمىز؟ ئۇل جاناب رەسۇلۇللاھ ئېيتتى: اَللّٰهُمَّ صَلِّ عَلٰى مُحَمَّدٍ عَبْدُكَ وَرَسُوْلُكَ كَمَا صَلَّيْتَ عَلٰى اِبْرَاهِيْمَ ، وَبَارِكْ عَلٰى مُحَمَّدٍ وَعَلٰى آلِ مُحَمَّدٍ كَمَا بَارَكْتَ عَلٰى اِبْرَاهِيْمَ . دەڭلار.

**الله تەئالانىڭ {يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَكُونُوا كَالَّذِينَ آذَوْا مُوسَىٰ فَبَرَّأَهُ اللَّهُ} مەنىسى:** ***{ئى مۆمىنلەر ! سىلەر موساغا ئازار قىلغان كىشىلەر (يەنى بەنى ئىسرائىل)دەك بولماڭلار، الله موسانى ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىدىن (يەنى تۆھمەتلىرىدىن) ئاقلىدى، موسا الله نىڭ دەرگاھىدا ئابرويلۇق ئىدى}*** **. سۈرە ئەھزاب 69 ـ ئايىتى توغرىسىدا**

1767 ـ ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ھەققەتەن موسا ئەلەيھىسسالام ھايالىق كىشى ئىدى.

**سۈرە سەبەئ الله تەئالانىڭ {إِنْ هُوَ إِلَّا نَذِيرٌ لَكُمْ بَيْنَ يَدَيْ عَذَابٍ شَدِيدٍ} مەنىسى:** ***{ھەمراھىڭلاردا (يەنى مۇھەممەدتە) ھىچ مەجنۇنلۇق يوق، پەقەت ئۇ قاتتىق ئازاب نازىل بولۇشىدىن ئىلگىرى سىلەرگە ئەۋەتىلگەن بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر}*** **. سۈرە سەبەئ 46 ـ ئايىتى توغرىسىدا**

1768 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كۈنى ساپا تېغىغا چىقىپ يا پىباجاھ ۋاي تاڭ سەھەر دىدى، ئۇنىڭغا قۇرەيش جەمى بولدى ۋە ئېيتتى: ساڭا نىمە بولدى؟. ئۇل جاناب ئېيتتى: ئەگەر مەن سىلەرگە ھەققەتەن تاڭ سەھەردە ياكى كەچتە دۈشمەن كېلىدۇ دەپ خەۋەر قىلسام، ئايا ماڭا تەسدىق قىلامسىلەر

(ئىشىنەمسىلەر)؟ خەۋەر بەرسەڭلارچۇ؟. قۇرەيشلەر ئېيتتى: ئارى ـ تەسدىق قىلىمىز (ئىشىنىمىز). ئۇل جاناب ئېيتتى: تەھقىق مەن قاتتىق ئازاب نازىل بولۇشتىن ئىلگىرى سىلەرگە ئەۋەتىلگەن ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇرمەن. ئاندىن ئەبۇلەھەب ئېيتتى: تىباللىك ـ ھەي ھالاك بولغۇر ئايا مۇشۇنىڭغا بىزلەرنى جەمى قىلدىڭمۇ؟ ئاندىن الله تەئالا {تَبَّتْ يَدَا ۋَبِي لَهَبٍ ۋَّتبَّ} *{ئەبۇلەھەبنىڭ ئىككى قولى قۇرۇپ كەتسۇن (ئەمەلىيەتتە) قۇرۇپ كەتتى}* .ئايىتىنى نازىل قىلدى.

سۈرە خۇر؛ الله تەئالانىڭ {قُلْ يَا بِبَادِيَ الۋِينَ ۋَسْرَفُوا نَلَوْ ۋَنْفُسِهِمْ} مەنىسى: *{ئى مۇھەممەد ! (مىنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى«(گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم ! الله تەئالانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىد سىزلەنمەڭلار»}* . سۈرە زۇمەر 53 ـ ئايىتى توغرىسىدا

1769 ـ ئىبنى ئاباباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق كۆپ قېتىم ئادەم ئۆلتۈرگەن، كۆپ قېتىم زىنا قىلغان مۇشرىكلاردىن بىر بۆلۈك كىشىلەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىغا كېلىپ ئېيتتىلەر: سىز دەۋاتقان ۋە ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىۋاتقان نەرسە ناھايىتى چىرايلىقدۇر، بىزلەر ئەمەل قىلغان گۇناھلىرىمىزغا كاپارەت بولىدىغان نەرسىنى بىزلەرگە خەۋەر قىلغان بولسىلا؟ ئاندىن {وَالۋِينَ لاَيَدْئُونَ مَىَ اللّهِ ولِهاً ۆخَرَ} *{ئۇلار الله غا ئىككىنچى بىر مەبۇدنى شېرىك قىلمايدۇ، الله ھارام قىلغان ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشىنى قىلمايدۇ ۋە زىنا قىلمايدۇ، كىمكى بۇ (گۇناھلارنى) قىلىدىكەن (ئاخىرەتتە) ئۇ جازاغا ئۇچرايدۇ}* . سۈرە پۇرقان 68 ـ ئايىتى نازىل بولدى. ۋە ھەم {قُلْ يَا بِبَادِيَ الۋِينَ ۋَسْرَفُوا نَلَوْ ۋَنْفُسِهِمْ لاتقنَ□وا مِنْ رَحْمَهِ اللّهِ}] *{ئى مۇھەممەد ! (مىنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى«(گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم ! الله تەئالانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىد سىزلەنمەڭلار»}* . سۈرە زۇمەر 53 ـ ئايىتى

نازىل بولدى.

**الله تەئالانىڭ** {وَمَا قَدَرُوا اللَّهَ حَقَّ قَدْرِهِ} **مەنىسى:** ***{ئۇلار الله نى ھەققى رەۋىشتە تونۇمىدى}*** .

**سۈرە زۇمەر 67 ـ ئايىتى توغرىسىدا**

**1770 ـ** ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: يەھۇدى ئالىملىرىدىن بىر ئالىم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىغا كېلىپ ئېيتتى: ئى مۇھەممەد ! تەھقىق بىز (تەۋراتتا) تاپىمىزكى، الله تەئالا ئاسمانلارنى بىر بارمىقى ئۈستىدە، زېمىنلارنى بىر بارمىقى ئۈستىدە، دەل ـ دەرەخلەرنى بىر بارمىقى ئۈستىدە، سۇ ۋە تۇپراقنى بىر بارمىقى ئۈستىدە ۋە قالغان خالايىقنى بىر بارمىقى ئۈستىدە قىلىدۇر، ئاندىن ئېيتىدۇر الله تەئالا: مەن پادىشاھ دۇرمەن. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈلدى ھەتتاكى ئېزىق چىشلىرى كۆرۈندى، يەھۇدى ئالىمنىڭ سۆزىگە تەسدىق قىلغان جەھەتدىن. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىرائەت قىلدى {وَمَا قَدَرُوا اللَّهَ حَقَّ قَدْرِهِ} مەنىسى: ***{ئۇلار الله نى ھەققى رەۋىشتە تونۇمىدى}*** . سۈرە زۇمەر 67 ـ ئايىتى.

**الله تەئالانىڭ** {وَالْأَرْضُ جَمِيعاً قَبْضَتُهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ} **مەنىسى:** ***{قىيامەت كۈنى زېمىن پۈتۈنلەي الله نىڭ چاڭگىلىدا بولىدۇر}*** **. سۈرە زۇمەر 67 ـ ئايىتى توغرىسىدا**

**1771 ـ** ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇر: الله تەئالا زېمىننى چاڭگىلىغا ئالىدۇ، ئاسمانلارنى ئوڭ قولى بىلەن قاتلايدۇ، ئاندىن ئېيتىدۇر: مەن پادىشاھ دۇرمەن، زېمىننىڭ پادىشالىرى قېنى نەدە؟.

**الله تەئالانىڭ** {وَنُفِخَ فِي الصُّورِ فَصَعِقَ مَنْ فِي السَّمَوَاتِ وَمَنْ فِي الْأَرْضِ} **مەنىسى:** ***{سۇر چېلىنغاندا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى الله خالىغاندىن باشقا مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇر}*** **. سۈرە**

**زۇمەر 68 ـ ئايىتى توغرىسىدا**

**1772** ـ ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئىككى سۇر چېلىنىش ئوتتۇرىسى قىرىق. ئېيتتىلەر: ئى ئەبۇھۇرەيرە ! قىرىق كۈنمۇ؟ ئېيتتى ئەبۇھۇرەيرە: تەئىن قىلىشتىن باش تارتتىم. ئېيتتى سوئال قىلغۇچى: قىرىق يىلمۇ؟ ئېيتتى ئەبۇھۇرەيرە: تەئىن قىلىشتىن باش تارتتىم. ئېيتتى: قىرىق ئايمۇ؟ ئېيتتى ئەبۇھۇرەيرە: تەئىن قىلىشتىن باش تارتتىم. ئىنساننىڭ ئارقا توغرىدىن باشقا ھەممە ئەزاسى چۈرۈپ كېتىدۇر، شۇ توغۇردا خەلقنى قوراشتۇرىدۇر.

سۈرە شۇرا ؛ الله تەئالانىڭ {وَلاَ الْمَوَدَّةَ فِي الْقُرْبَىٰ} مەنىسى: ***{پەقەت تۇققانچىلىق ھەققى ئۈچۈن مىنى دوس تۇتۇشۇڭلارنى (يەنى پەرۋەردىگارىمنىڭ دەۋىتىنى يەتكۈزۈشۇمگە چېقىلماسلىقىڭلارنى) تىلەيمەن دېگىن}*** . سۈرە شۇرا 23 ـ ئايىتى توغرىسىدا

**1773** ـ ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدى: قۇرەيشتىن ھەربىر ئۇرۇق جەمەت ئىچىدە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۇققانچىلىقى بار. ئاندىن ئېيتتى: مەن بىلەن سىلەر ئوتتۇرىمىزدىكى تۇققانچىلىقنى ئۇلاپ كىتىشىڭلارنى ۋە دوس تۇتۇشۇڭلارنى تىلەيمەن.

سۈرە دۇخان ؛ الله تەئالانىڭ {رَبَّنَا اكْشِفْ عَنَّا الْعَذَابَ إِنَّا مُؤْمِنُونَ} مەنىسى: ***{(ئۇلار) «ئى پەرۋەردىگارىمىز ! بىزدىن ئازابنى كۆتۈرۈۋەتكىن، بىز ھەقىقەتەن ئىمان كەلتۈرگۈچىلەرمىز» (دەيدۇ)}*** . سۈرە دۇخان 12 ـ ئايىتى توغرىسىدا

**1774** ـ بۇ ھەقتە سۈرە رومدا ئىبنى مەسئۇدنىڭ ھەدىسى ئۆتتى.

**1775** ـ بۇ رىۋايەتتە تۆۋەندىكى ھەدىسنى زىيادە قىلدى، ئېيتتىلەر: ئى پەرۋەردىگارىمىز ! بىزدىن

ئازابنى كۆتۈرۈۋەتكىن، ئاندىن ئۇنىڭغا دېيىلدى: ئەگەر ئۇلاردىن ئازابنى كۆتۈرۈۋەتسەڭ ئارقىسىغا ياندۇ. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەرۋەردىگارىغا دۇئا قىلدى، ئاندىن الله تەئالا ئۇلاردىن ئازابنى كۆتۈرۈۋاتتى، ئاندىن ئۇلار ئارقىسىغا (گۇناھىغا) ياندى، ئاندىن الله تەئالا ئۇلاردىن بەدرى كۈنى ئىنتىقام ئالدى.

**سۈرە جاسىيە؛** **الله تەئالانىڭ** {وَمَا يُهْلِكُنَا وِلاّ الدَّهْرُ} مەنىسى: ***{ئۇلار (يەنى قىيامەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار): «ھايات دېگەن پەقەت دۇنيادىكى ھاياتىمىزدۇر، ئۆلىمىز ۋە تىرىلىمىز (يەنى تۇغۇلىمىز). پەقەت زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن يوق بولىمىز» دەيدۇ}*** . سۈرە جاسىيە 24 ـ ئايىتى توغرىسىدا

1776 ـ ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئېيتتى الله تەبارەكە ۋەتەئالا: ئادىمىزات (ئادەم باللىرى) ماڭا ئازار بېرىدۇ، زاماننى سۆكىدۇ، مەن زاماندۇرمەن، پۈتۈنلەي ئىش مېنىڭ قولۇمدادۇر، كېچىنى كۈندۈزگە يەتكۈزۈپ تۇرىمەن.

**سۈرە ئەھقاف ـ** **الله تەئالانىڭ** {فَلَمَّا رَأَوْهُ عَارِضاً مُسْتَقْبِلَ أَوْدِيَتِهِمْ} مەنىسى: ***{ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ۋادىسىغا سوزۇلۇۋاتقان بۇلۇتنى كۆرۈپ: «مانا بۇ بىزگە يامغۇر ياغدۇرغۇچى بۇلۇتتۇر» دېيىشتى}*** . سۈرە ئەھقاف 24 ـ ئايىتى توغرىسىدا

1777 ـ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جەمەتلىرى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ھەلقەدىكى يۇقۇرى تاماقلىرى كۆرۈنگىدەك كۈلگىنىنى كۆرمىدىم، پەقەت كۈلۈمسىرەيتتى. ھەدىسنىڭ قالغىنى باشتا زىكرى قىلىندى. بىدۇ الخلق بابىدا ئۆتتى.

**سۈرە مۇھەممەد؛ الله تەئالانىڭ** {فَهَلْ نَسَيْتُمْ وِنْ تولَّيْتُمْ وّنْ تُفْسِدُوا فِي الْوّرْگِ وَتُقَ□ِّئُوا وّرْچَامَكُمْ} مەنىسى: *{سىلەر (ئىسلام)دىن يۈز ئۆرىسەڭلار زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلارسىلەرمۇ ۋە سىلە رەھىمنى ئۈزۈپ قويارسىلەرمۇ؟}*. سۈرە مۇھەممەد 22 ـ ئايىتى توغرىسىدا

1778 ـ ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: الله تەئالا مەخلۇقاتنى يارىتىپ ئۈنىڭدىن پارىغ بولۇۋىدى، رەھىم (تۇققانچىلىق) قوپۇپ رەھمان تەئالاغا پەريات ئېيتىپ ئىلتىجا قىلدى. ئاندىن ئۇنىڭغا توختا نىمە بولدۇڭ؟ دېدى. رەھىم ئېيتتى: بۇ، سەن بىلەن قەتئى رەھىمدىن (رەھىمنى ئۈزۈۋاتقۇچىدىن) پاناھ تەلەپ قىلغۇچىنىڭ مۇقامىدۇر. ئېيتتى رەھمان تەئالا: ئايا ساڭا سىلە ـ رەھىم قىلغان كىشىگە سىلە ـ رەھىم قىلىمەن ۋە سىنى ئۈزۈۋاتقان كىشىدىن رەھىمىتىمنى ئۈزىمەن، بۇنىڭغا رازى بولىماسەن؟ ئېيتتى رەھىم: ئارى ـ رازى بولدۇم يارەب. ئېيتتى: پەس مۇشۇدۇر. ئېيتتى ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئەگەر خالىساڭلار ئوقۇڭلار {فَهَلْ نَسَيْتُمْ وِنْ تولَّيْتُمْ وّنْ تُفْسِدُوا فِي الْوّرْگِ وَتُقَ□ِّئُوا وّرْچَامَكُمْ} مەنىسى: *{سىلەر (ئىسلام)دىن يۈز ئۆرىسەڭلار زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلارسىلەرمۇ ۋە سىلە رەھىمنى ئۈزۈپ قويارسىلەرمۇ؟}* . سۈرە مۇھەممەد 22 ـ ئايىتى.

1779 ـ بۇ رىۋايەتتە ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئەگەر خالىساڭلار ئوقۇڭلار {فَهَلْ نَسَيْتُمْ وِنْ تولَّيْتُمْ وّنْ تُفْسِدُوا فِي الْوّرْگِ وَتُقَ□ِّئُوا وّرْچَامَكُمْ} مەنىسى: *{سىلەر (ئىسلام)دىن يۈز ئۆرىسەڭلار زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلارسىلەرمۇ ۋە سىلە رەھىمنى ئۈزۈپ قويارسىلەرمۇ؟}* . سۈرە مۇھەممەد 22 ـ ئايىتى.

**سۈرە قاف ـ الله تەئالانىڭ** {يَوْمَ نَقُولُ لِجَهَنَّمَ هَلِ امْتَلَوّتِ وَتَقُولُ هَلْ مِنْ مَزِيدٍ} مەنىسى: *{ئۇ كۈندە بىز جەھەننەمگە: «توشتۇڭمۇ؟» دەيمىز، جەھەننەم: «يەنە بارمۇ» دەيدۇ}* .

**سۈرە قاف 30 ـ ئايىتى توغرىسىدا**

**1780** ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: دوزاقىقا تاشلىنىدۇر ۋە دوزاخ «يەنە بارمۇ؟» دەيدۇ، ھەتتا الله تەئالا قەدىمىنى قويىدۇر. ئاندىن دوزاخ ئېيتىدۇر: بەس بەس كۇپايە.

**1781** ـ ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئېيتتى: جەننەت بىلەن دوزاخ ھۆججەت كەلتۈرۈشتى (مۇنازىرەلەشتى)، دوزاخ ئېيتتى: تەكەببۇرلۇق، يوغانلىق قىلغۇچىلارغا خاس قىلىندىم. جەننەت ئېيتتى: نىمەدۇر ماڭا، خالايىقلارنىڭ ئاجىز بىچارىلىرىدىن باشقىسى ماڭا كىرمەيدۇر؟. الله تەئالا جەننەتكە ئېيتتى: سەن مىنىڭ رەھمىتىم، سىنىڭ بىلەن خالىغان بەندىلىرىمگە رەھمەت قىلىمەن ۋە دوزاخقا ئېيتتى: سەن مىنىڭ ئازابىم، سىنىڭ بىلەن خالىغان بەندىلىرىمنى ئازاب قىلىمەن. ئۇ ئىككىسىدىن ھەربىرى ئۈچۈن توشقۇچىلىك بار، ئەمما دوزاخ توشمايدۇر، ھەتتاكى الله تەئالا قەدىمىنى قويغۇچىلىك. ئاندىن دزاخ ئېيتىدۇر: بەس كۇپايە، شۇ ۋاقىتتا توشىدۇر. دوزاخنىڭ بەزىسى بەزىسىگە قۇشۇلۇپ كېتىدۇر، الله تەئالا مەخلۇقاتتىن ھىچ كىمگە زۇلمى قىلمايدۇر. ئەمما جەننەتكە مەخلۇقاتدىن پەيدا قىلىدۇر.

**سۈرە تۇر؛ الله تەئالانىڭ** {وَالطُّورِ (1) وَكِتَابٍ مَسْطُورٍ (2)} مەنىسى: ***{تۇر تېغى بىلەن قەسەمكى(1). ئۈچۈق قەغەزگە يېزىلغان كىتاب (يەنى قۇرئان) بىلەن قەسەمكى(2)}.***

**ئايىتى توغرىسىدا**

**1782** ـ جۇبەير ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاۋ ئەنھۇدىن ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ناماز شامدا وَالطُّورِ(سۈرە تۇر)نى قىرائەت قىلغانلىغىنى ئاڭلىدىم. ئاندىن {ۋَمْ خُلِقُوا

مِنْ غَيْرِ شَيْءٍ ۋَمْ هُمُ الْخَالِقُونَ (35) ۋَمْ خَلَقُوا السَّمَوَاتِ وَالْوَرْگَ بَلْ لَايُوقِنُونَ (36) ۋَمْ بِنْدَهُمْ خَزَاِئنُ رَبِّكَ ۋَمْ هُمُ الْمُسَيْ□رُونَ (37)} مۇشۇ ئايەتكە يېتىۋىدى قەلبىم ئۇچۇپ كەتكىلى تاس قالدى. مەنىسى: *{ياكى ئۇلار ياراتقۇچىسىز يارىتىلغانمۇ؟ ياكى ئۇلار ئۆزلىرى ياراتقۇچىمۇ؟(35). ياكى ئۇلار ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقانمۇ؟ بەلكى ئۇلار (اللە نىڭ بىرلىكىگە) ئىشەنمەيدۇ(36). ئۇلارنىڭ يېنىدا پەرۋەردىگارىڭنىڭ خەزىنىلىرى بارمۇ؟ ياكى ئۇلار (شەيئىلەرنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدىغان)(كائىناتنى) بويسۇندۇرغۇچىمۇ؟ (37)}*. (سۈرە تۇر)

سۈرە نەجم؛ **الله تەئالانىڭ** {ۋَفَرَۋَيْتُمُ اللَّتَ وَالْعُزَّوٰ (19) وَمَنَاةَ الثَّالِثَةَ الْوُخْرَوٰ (20)} مەنىسى: *{ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! لات، ئۇززا ۋە ئۈچىنچىسى بولغان ماناتلار (الله تەئالادەك كۈچ-قۇۋۋەتكە ئىگىمۇ؟)}* سۈرە نەجم 19-20-ئايىتى توغرىسىدا

1783- ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ئېيتتى: بىر كىشى قەسەم قىلىپ، قەسەمدە لات ۋە ئۇززاغا قەسەم دېگەن بولسا لَا اِلٰهَ اِلَّا اللهُ دېسۇن، كىشىكى ھەمراسىغا «كەل سەن بىلەن قىمار ئوينايمەن» دېسە، سەدىقە بەرسۇن.

سۈرە قەمەر؛ **الله تەئالانىڭ** {بَلِ السَّاعَةُ مَوْعِدُهُمْ وَالسَّاعَةُ ۋَدْهَوٰ وَۋَمَرُّ} مەنىسى: *{قىيامەت ئۇلارغا (ئازاب قىلىنىش) ۋەدە قىلىنغان ۋاقىتتۇر، قىيامەت تېخىمۇ قىيىندۇر، تېخىمۇ جاپالىقدۇر}*. سۈرە قەمەر 46-ئايىتى توغرىسىدا

1784- ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن رىۋايەت قىلىنىدى: ئەلۋەتتە تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مەككىدە، ھالئۇلكى مەن ئويناپ يۈرگەن قىز ئىدىم، (مۇشۇ ئايەت) نازىل قىلىندى {بَلِ السَّاعَةُ مَوْعِدُهُمْ وَالسَّاعَةُ ۋَدْهَوٰ وَۋَمَرُّ} مەنىسى: {قىيامەت ئۇلارغا (ئازاب قىلىنىش) ۋەدە قىلىنغان ۋاقىتتۇر، قىيامەت تېخىمۇ قىيىندۇر، تېخىمۇ جاپالىقدۇر}. (سۈرە قەمەر

46 ـ ئايەت).

**سۈرە رەھمان ؛ الله تەئالانىڭ** {وَمِنْ دُونِهِمَا جَنَّتَانِ} مەنىسى: ***{ئۇ ئىككى جەننەتتىن تۆۋەنرەك ئىككى جەننەت بار}*** . سۈرە رەھمان 62 ـ ئايىتى توغرىسىدا

1785 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى قەيىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئىككى جەننەت ـ ئۇنىڭ قاچىلىرى ۋە جەننەتدىكى نەرسىلەرمۇ كۈمۈشتىندۇر ۋە ئىككى جەننەت ـ ئۇنىڭ قاچىلىرى ۋە جەننەتدىكى نەرسىلەرمۇ ئالتۇندىندۇر. قەۋىم بىلەن پەرۋەردىگارىغا نەزەر قىلىش ئوتتۇرىسىدا، ئۇل جاناب زاتىنىڭ كەبرىيا سەرا پەردىسىلا بار ئەدنى جەننىتى ئىچىدە.

**الله تەئالانىڭ** {حُورٌ مَقْصُورَاتٌ فِي الْخِيَامِ} مەنىسى: ***{ئۇلار (جەننەتنىڭ) چېدىرلىرىدا مەستۇرە ھۆرلەردۇر}*** . سۈرە رەھمان 72 ـ ئايىتى توغرىسىدا

1786 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى قەيىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: تەھقىق جەننەتتە ئوتتۇرىسى كۇۋاك گۆھەر چېدىر بار، ئۇ چېدىرنىڭ توغرىسى ئاتمىش مىلدۇر (120 كىلو مېتىر)، ئۇ گۆھەر چېدىرنىڭ ھەربىر بۇلۇڭىدا ئاھالىلىرى، ئۇلار ئاخىرقىلىرىنى كۆرمەيدۇرلەر. ئۇلارنى مومىنلەر تاۋاپ قىلىدۇ (ئايلىنىپ يۈرۈيدۇ). ھەدىسنىڭ قالغىنى ھازىر 1785 ـ دە ئۆتتى.

**سۈرە مۇمتەھىنە ـ الله تەئالانىڭ** {يَا يُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لاتَتَّخِذُوا عَدُوِّي وَعَدُوَّكُمْ أَوْلِيَاءَ} مەنىسى: ***{ئى مۆمىنلەر ! مىنىڭ دۈشمىنىمنى ۋە سىلەرنىڭ دۈشمەنلىرىڭلارنى دوس تۇتماڭلار}*** . سۈرە مۇمتەھىنە 1 ـ ئايىتى توغرىسىدا

1787 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

منى، زۇبەيرنى ۋە مقدادنى ئەۋەتتى، ئاندىن ھاتەب ئىبنى بەلتەئەنىڭ ھەدىسىنى زىكرى قىلدى ۋە ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا ئېيتتى: ئاندىن بۇ ھەقدە بۇ ئايەت نازىل بولدى {يَاۤاَيُّهَا الَّذِينَ ءَامَنُوا لاَتَتَّخِذُوا عَدُوِّي وَعَدُوَّكُمْ اَوْلِيَاۤءَ} مەنىسى: ***{ئى مۆمىنلەر! مېنىڭ دۈشمىنىمنى ۋە سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلارنى دوست تۇتماڭلار}*** . (سۈرە مۇمتەھىنە 1 ـ ئايىتى).

الله تەئالانىڭ {يَاۤاَيُّهَا النَّبِيُّ اِذَا جَاۤءَكَ الْمُؤْمِنَاتُ يُبَايِعْنَكَ عَلَى اَنْ لاَ يُشْرِكْنَ بِاللّٰهِ شَيْئاً وَلاَ يَسْرِقْنَ وَلاَ يَزْنِينَ وَلاَ يَقْتُلْنَ اَوْلاَدَهُنَّ وَلاَ يَأْتِينَ بِبُهْتَانٍ يَفْتَرِينَهُ بَيْنَ اَيْدِيهِنَّ وَاَرْجُلِهِنَّ وَلاَ يَعْصِينَكَ فِي مَعْرُوفٍ فَبَايِعْهُنَّ وَاسْتَغْفِرْ لَهُنَّ اللّٰهَ اِنَّ اللّٰهَ غَفُورٌ رَحِيمٌ} مەنىسى: ***{ئى پەيغەمبەر! مۆمىن ئاياللار ساڭا كېلىپ، اللە غا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئوغرىلىق قىلماسلىققا، زىنا قىلماسلىققا، بالىلىرىنى (جاھىلىيەت دەۋرىدىكىدەك قىز بالىلىرىنى نومۇستىن ياكى كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ) ئۆلتۈرمەسلىككە، باشقىلارنىڭ بالىسىنى يالغاندىن ئەرلىرىنىڭ بالىسى قىلىۋالماسلىققا، سەن بۇيرىغان ياخشى ئىشلاردىن باش تارتماسلىققا بەيئەت قىلىسا (يۇقۇرقى شەرتلەر ئاستىدا) ئۇلارغا بەيئەت قىلغىن}*** . سۈرە مۇمتەھىنە 12 ـ ئايىتى توغرىسىدا

1788 ـ ئۇممى ئەتىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بەيئەت قىلدۇق، بىزلەرگە {اَنْ لاَ يُشْرِكْنَ بِاللّٰهِ شَيْئاً} نى قىرائەت قىلدى ۋە بىزلەرنى (ئۆلۈمدە) ئاۋاز كۆتۈرۈپ يىغلاشدىن نەھى قىلدى، ئاندىن بىر خوتۇن (ئۆزىنى دېمەكچى) قولىنى بەيئەتتىن قەبزى قىلىپ يىغۋالدى، ئۇ خوتۇن ئېيتتى: پالانى خوتۇن (جاھىلىيەت ۋاقتىدا ئۆلۈمدە) چىرايلىق يىغلىشىپ بەرگەن ئىدى، ئۇنىڭغا ياخشى جازا مۇكاپاتىنى بېرىشنى ئىرادە قىلىمەن. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا بىر نەرسە دېمىدى. ئاندىن ئۇ خوتۇن يۈرۈپ كەتتى ۋە قايتىپ كېلىپ ئىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ خوتۇنغا

بەيئەت قىلدى. (ئىزاھ: بۇ خوتۇن ئۇممى ئەتىيە ئۆزىدۇر، شەرھلەر شۇنداق دېيىشدى).

**سۈرە الجمعە: الله تەئالانىڭ** {وَآخَرِينَ مِنْهُمْ لَمَّا يَلْحَقُوا بِهِمْ} مەنىسى: *{ھەمدە (پەيغەمبەرنى) تېخى ئۇلارنىڭ زامانىدا بولمىغان (كېيىن كېلىدىغان) ئىككىنچى بىر قەۋمگە (يەنى قىيامەتكىچە كېلىدىغان مۇسۇلمانلارغا) ئەۋەتتى (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى زامانداشلىرىغىلا ئەمەس، بەلكى قىيامەت كىچە كېلىدىغان كىشىلەرگىمۇ ئومۇمىدۇر)}*. سۈرە جۇمۇئە 3-ئايىتى توغرىسىدا

1789 - ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىدا ئولتۇرغان ئىدۇق، ئۇنىڭغا سۈرە الجمعە {وَآخَرِينَ مِنْهُمْ لَمَّا يَلْحَقُوا بِهِمْ} نازىل قىلىندى. دېيىلدى: يارەسۇلۇللاھ ! ئۇلار كىمدۇر؟ ئۇنىڭغا جاۋاپ قايتۇرمىدى، ھەتتا ئۈچ مەررە سورىدى، بىزنىڭ ئىچىمىزدە سەلمان پارىس بارئىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇبارەك قولىنى سەلمانغا قويدى، ئاندىن ئېيتتى: ئەگەر ئىيمان ئۈركەيدە بولسا بىرمۇنچە نۇرغۇن كىشىلەر ياكى ئۇ پارىسلاردىن بىر كىشى ئۇ ئىيمانغا يېتىدۇر (يەنى ئىيمان كەلتۇرىدۇر).

**سۈرە مۇنافىقۇن: الله تەئالانىڭ** {وَإِذَا جَاءَكَ الْمُنَافِقُونَ قَالُوا نَشْهَدُ إِنَّكَ لَرَسُولُ اللَّهِ} مەنىسى: *{مۇناپىقلار سېنىڭ ئالدىڭغا كەلگەن چاغدا: «گۇۋاھلىق بېرىمىزكى، سەن ھەقىقەتەن الله نىڭ پەيغەمبىرىدۇرسەن» دەيدۇ}*. سۈرە مۇناپىقۇن 1-ئايىتى توغرىسىدا

1790 - زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: مەن غازاتتا بار ئىدىم. ئاندىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇلدىن ئاڭلىدىمكى، ئېيتىدۇر: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قېشىدىكى كىشىلەرگە نەپىقە بەرمەڭلار، ھەتتاكى ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىن تارقاپ كەتكەي، ئەلۋەتتە ئەگەر ئۇنىڭ قېشىدىن مەدىنىگە قايتساق، ئەلۋەتتە ئېزىز خارنى مەدىنىدىن

چىقىرىۋاتىدۇ. ئاندىن بۇ گەپنى تاغامغا ياكى ئۆمەرگە زىكرى قىلدىم، ئاندىن تاغام بۇ گەپنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە زەكرى قىلدى. ئاندىن مىنى چاقىردى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بۇ گەپنى سۆزلەپ بەردىم. ئاندىن ئۇل جاناب ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيگە ۋە ئەسھابلىرىگە ئەلچى ئەۋەتتى، ئۇلار كىلىپ: ئۇنداق دېمىدۇق دەپ قەسەم ئىچتى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا ئىنكار قىلدى ـ يالغانچى قىلدى ۋە ئۇنىڭغا تەسدىق قىلدى. ئاندىن ماڭا ئۇنىڭغا ئوخشاش غەم يەتمىگەن بىر غەم يەتتى، ئۆيۈمدە ئولتۇردۇم، ماڭا تاغام ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساڭا ئىنكار قىلىشنى ۋە ساڭا غەزەپ قىلىشنى ئىرادە قىلمىغان ئىدىم. ئاندىن الله تەئالا {وِوُا جَاءَكَ الْمُنَافِقُونَ} نى نازىل قىلدى. ئاندىن ماڭا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئادەم ئەۋەتتى، ئاندىن ماڭا ئۇ ئايەتنى قىرائەت قىلدى ۋە ئېيتتى: تەھقىق الله تەئالا ساڭا تەسدىق قىلدى ئى زەيد (سىنىڭ سۆزۈڭنى راس دىدى).

1791 ـ زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر رىۋايىتىدە ئېيتتى: ئۇلارنى (مۇناپىقلارنى) گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرىتىنى تەلەپ قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چاقىردى، ئۇلار باش تولغاپ ئۇنىمىدى.

1792 ـ ئۇ زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى، ئېيتىدۇر: «ئى الله ! ئەنسارىلەرگە ۋە ئەنسارىلەرنىڭ ئوغۇللىرىغا مەغپىرەت قىلغىن»، ئەنسارىلارنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئوغۇللىرىدا ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچى شەك قىلدى.

**سۈرە تەھرىم ؛ الله تەئالانىڭ{يَاأَيُّهَا النَّبِيُّ لِمَ تُحَرِّمُ مَا أَحَلَّ اللَّهُ لَكَ} مەنىسى: {ئى**

***پەيغەمبەر ! نىمە ئۈچۈن الله ساڭا ھالال قىلغان نەرسىنى ئاياللىرىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەش يۈزىسىدىن ھارام قىلىسەن}.*** سۈرە تەھرىم 1 ـ ئايىتى توغرىسىدا

1793 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئىبىتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زەينەپ بىنتى جەھشىنىڭ قېشىدا ھەسەل ئىچىپ ۋە ئۇنىڭ قېشىدا تۇرار ئىدى، مەن ۋە ھەپسە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزلەردىن قايسىمىزنىڭ قېشىغا كىرسە مەغاپىر يەپتىلا، سىلە بىلەن مەغاپىر بۇيىنى تاپىمەن دەيدىغانلىغىمىزغا كېلىشىۋالدۇق، (شۇنداق دېدۇق). پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىبىتتى: ياق (مەغاپىر يېمىدىم)، لېكىن زەينەپ بىنتى جەھشىنىڭكىدە ھەسەل ئىچىدىم، ھەرگىز ھەسەل ئىچىشكە قايتمايمەن دەپ قەسەم ئىچىدىم، بۇنى ھېچكىمگە خەۋەر قىلمىغىن. (مەغاپىر بىرخىل دەرەخنىڭ يىلمى، بەدبوي يىلىمدۇر).

سۈرە قەلەم: الله تەئالانىڭ {هَمَّازٍ مَشَّاءٍ بِنَمِيمٍ (11) مَنَّاعٍ لِلْخَيْرِ مُعْتَدٍ أَثِيمٍ (12) عُتُلٍّ بَعْدَ ذَلِكَ زَنِيمٍ (13)} مەنىسى: ***{قەسەمخور، پەس، غەيۋەتخور، سۇخەنچى، بېخىل، ھەددىدىن ئاشقۇچى، گۇناھكار، قوپال، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھارامدىن بولغان ئادەم (يەنى ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە)گە ئىتائەت قىلمىغىن}.*** سۈرە قەلەم 10 ـ 13 ـ ئايىتى توغرىسىدا

1794 ـ ھارىسە بىننى ۋەھبى خۇزائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى، ئىبىتدۇر: ئەھلى جەننەت بىلەن خەۋەر بەرمەيمۇ؟ جەننەت ئەھلى ئاجىز زەئىپ، خالايىقلار پەس كۆرىدىغان، ئەگەر الله غا قەسەم قىلسا الله ئۇنىڭ قەسىمىنى ئىجرا قىلىپ بېرىدىغان كىشىدۇر. ئايا خەۋەر بەرمەۋمۇ دوزاخ ئەھلى بىلەن، قوپال، ژىرىك، قاتتىق، گۆشلۈك، تەكەببۇر ـ ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچىدۇر. (تەكەببۇرلۇق قىلغۇچى ـ بۇنىڭ بىلەن كاپىر مۇراددۇر).

**الله تەئالانىڭ {يَوْمَ يُكْشَفُ نَنْ سَاقٍ وَيُدْنَوْنَ ولو السُّجُودِ فَلا يَسْتَ□يعُونَ} مەنىسى: *{ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) ئىش قىيىنلىشىدۇر ئۇلار (ئىمانىنى سىناش ئۈچۈن) سەجدە قىلىشقا چاقىرىلىدۇ، ئۇلار سەجدە قىلالمايدۇ}* . سۈرە قەلەم 42 ـ ئايىتى توغرىسىدا**

**1795 ـ** ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇر: الله تەئالا شىددەت ۋە قىيىنچىلىقدىن كەشپ قىلىنىدىغان قۇدۇرتىدىن كەشپ قىلىپ تەجەللى قىلىدۇر (يەنى پەردە كۆتۈرۈلۈپ). ئاندىن ئول الله غا ھەممە مۆمىن سەجدە قىلىدۇ، دۇنيادا رىيا قىلىپ كىشىلەر ئاڭلىسۇن كۆرسۇن دەپ سەجدە قىلغانلار قېپقالىدۇ، سەجدە قىلغىلى ماڭىدۇ، ئۇچىسى تۆپتۈز تاختا بولۇپ قالىدۇ (يەنى سەجدە قىلالمايدۇ).

**سۈرە نازىئات ـ 1796 ـ** سەھلى بىننى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۆردۈمكى، ئوتتۇرا ۋە بىگىز بارمىغى بىلەن ئىشارەت قىلىپ ئېيتتىكى: مەن ۋە قىيامەت ئاشۇ ئىككى بارماقتا ئوخشاش يېقىن ئەۋەتىلدىم (يەنى ئىككى بارماق يېقىن بولغاندەك، قىيامەتكە يېقىن ئەۋەتىلدىم).

**سۈرە ئەبەسە ـ 1797 ـ** ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئېيتتى: قۇرئان كەرىمنى، ھوقوقىغا رائايە قىلىپ يادا ئۇقۇيدىغان كىشى، ئۇلۇغ پەرىشتە، پەيغەمبەرلەر بىلەن بىللەدۇر. قۇرئان كەرىمنى، تەستە قايتىلاپ ـ ئۇقۇش قىيىن كەلگەن ھالىتىدە ئۇقۇيدىغان كىشىگە ئىككى ئەجىر باردۇر. (ئۇقۇغانىنىڭ ئەجرى ۋە تەستە ئۇقۇغانىنىڭ ئەجرى).

**سۈرە مۇتەففىفىن ـ الله تەئالانىڭ {يَوْمَ يَقُومُ النَّاسُ لِرَبِّ الْعَالَمِينَ} *ئۇ كۈندە***

*ئىنسانلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ھۇزۇرىدا تىك تۇرىدۇ}.* سۈرە مۇتەففىفىن 6 ـ ئايىتى تۇغرىسىدا

1798 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئۇ كۈندە ئىنسانلار پەرۋەردىگارىنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرىدۇر، ھەتتاكى ئۇلارنىڭ بىرى ئۆزىنىڭ تەلگەن تەرىدە ئىككى قۇلىغىنىڭ يېرىمىغىچە چۆكۈپ بولىدۇر..

سۈرە ئىنشىقاق؛ الله تەئالانىڭ {فَوَّمًا مَنْ وُوتِيَ كِتَابَهُ بِيَمِينِهِ (7) فَسَوْفَ يُحَاسَبُ حِسَابًا يَسِيرًا (8)} مەنىسى: *{نامە ـ ئەمەلى ئوڭ تەرىپىدىن بېرىلگەن ئادەمدىن ئاسان ھېساب ئېلىنىدۇ}.* سۈرە ئىنشىقاق 8 ـ ئايىتى تۇغرىسىدا

1799 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ھېساب ئېلىنىدىغان ھېچ بىر كىشى يوق، مەگەر ھېساب ئېلىنسىلا ھالاك بولدى. ھەدىسنىڭ قالغىنى كىتابۇل ئىلىمدا ئۆتتى.

الله تەئالانىڭ {لَتَرْكَبُنَّ □بَقاً نَنْ □بَقٍ} مەنىسى: *{سىلەر جەزمەن بىر ھالدىن يەنە بىر ھالغا يۆتكىلىپ تۇرىسىلەر}.* سۈرە ئىنشىقاق 19 ـ ئايىتى تۇغرىسىدا

1800 ـ ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: {لَتَرْكَبُنَّ □بَقاً نَنْ □بَقٍ} *{سىلەر جەزمەن بىر ھالدىن يەنە بىر ھالغا يۆتكىلىپ تۇرىسىلەر}* بۇ تەپسىرنى پەيغەمبەرىڭلار سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى.

سۈرە شەمسى؛ 1801 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى زەمئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خۇتبە ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگىسىنى ۋە ئۇنى ئۆلتۈرگەن ئادەمنى زىكرى قىلىپ پەيغەمبەر

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: {وَ انْبَكَ وَشقاهَا} ***{ئەيىنى زاماندا سەمۇدنىڭ ئەڭ بەدبەخ ئادىمى (مۇجىزە بولۇپ كەلگەن تۆگىنى) ئۆلتۈرۈشكە ئاتلاندى}*** . ئۇ تۆگىنى ئۆلتۈرۈشكە ئۆز قەۋمى ئىچىدە قاتتىق كۈچلۈك، جەببار مۇتەكەببىر، بۇزۇق، نىجىس ئىبنى زەمئەگە ئوخشاش بىر ئادەم ئاتلىنىپ ئۆلتۈردى ۋە خوتۇنلارنىڭ زىكرىنى قىلىپ ئېيتتى: سىلەرنىڭ بىرىڭلار خوتۇنىنى، قۇلنى قامچىلىغاندەك قامچىلاپ ئۇرۇشنى قەس قىلىدۇ، ئۇمىدكى كەچقۇرۇن ئۇنىڭ بىلەن بىر ئورۇندا بولىدىغۇ ! . ئاندىن ئۇلارنىڭ ئارقىدىن كەلگەن يەلدە، كۈلۈشلىرى ھەققىدە نەسىھەت قىلدى ۋە ئېيتتى: نىمە ئۈچۈن ئۆزى قىلىدىغان نەرسە (يەلدىن) بىرىڭلار كۈلىدۇ. بىر رىۋايەتتە زۇبەير ئىبنى ئەۋۋامنىڭ تاغىسى ئەبى زەمئەگە ئوخشاش دىدى.

سۈرە ئەلەق؛ الله تەئالانىڭ {كَلاَّ لَئِنْ لَمْ يَنْتَهِ لَنَسْفَعًا بِالنَّاصِيَةِ (15) نَاصِيَةٍ كَاذِبَةٍ خَاطِئَةٍ (16)} مەنىسى: ***{ئۇ گۇمراھلىقتىن يانسۇن، ئەگەر ئۇ بۇنىڭدىن يانمىسا، چوقۇم ئۇنىڭ كۆكۈلىسىدىن ـــ يالغانچى گۇناھكارنىڭ كۆكۈلىسىدىن تۇتۇپ (جەھەننەمگە) سۆرەيمىز}*** . سۈرە ئەلەق 15 ـ ئايىتى توغرىسىدا

**1802** ـ ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: ئېيتتى ئەبۇجەھىل: ئەگەر مۇھەممەدنى كەبىدە ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرسەم ئۇنىڭ گەدىنىگە دەسسەيمەن. بۇ گەپ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەتتى، ئاندىن ئېيتتى: ئەگەر ئۇ، ئۇنداق قىلىدىغان بولسا پەرىشتىلەر تۇتاتتى.

سۈرە كەۋسەر؛ **1803** ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى مىراجغا (ئاسمانغا) ئېلىپ چىقىلغاندا ئېيتتى: بىر ئۆستەڭگە كەلتۈرۈلدۈمكى، ئۇنىڭ ئىككى قىرغىقى گۆھەر گۈمبەزدۇر ئىچى كۈۋاك، ئاندىن ئېيتتىم: ئى

جىبرىئىل! بۇ نىمەدۇر؟ ئېيتتى: بۇ كەۋسەردۇر.

1804 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق ئۇنىڭدىن الله تەئالانىڭ {وَنَا وْدْ□يْنَاكَ الكَوْثَرَ} ئايىتى سورالغاندا، ئېيتتى: ئۇ سىلەرنىڭ پەيغەمبەرىڭلار سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئاتا قىلىنغان ئۆستەڭدۇركى ئۇنىڭ ئىككى قىرغىقى ئىچى كۇۋاك گۆھەردۇر، پىيالىلىرى يۇلدۇزلارنىڭ سانىغا ئوخشاشدۇر.

سۈرە پەلەق؛ 1805 ـ ئۇبەي ئىبنى كەئىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئىككى مۇئەۋۋەزە {قُلْ ئَعُوذُ بِرَبِّ الفَلَقِ} ۋە {قُلْ ئَعُوذُ بِرَبِّ النَّاسِ} دىن سورىدىم. ئاندىن ئېيتتى: ماڭا قۇل ـ ئېيتقىن دىيىلدى، ئاندىن ئېيتتىم: ئاندىن بىزمۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتقاندەك ئېيتىمىز.

## (58) قۇرئاننىڭ پەزىلەتلىرى كىتابى

### ۋەھىنىڭ قانداق نازىل بولغانلىغى ۋە ئەۋۋەل نازىل بولغان ئايەت توغرىسىدا

1806 ـ ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: پەيغەمبەرلەردىن ھەربىر پەيغەمبەرگە شۇنداق نەرسە ئاتا قىلىندىكى، ئۇنىڭ ئوخشىشىغا ئىنسانلار ئىيمان كەلتۈردى، پەقەت ماڭا كەلتۈرۈلگەن نەرسە، الله تەئالا ماڭا ۋەھى قىلغان ۋەھىلا بولدى. ئاندىن مەن قىيامەت كۈنى ئەگەشكۈچىلىرى كۆپراق بولۇشنى ئۈمىت قىلىمەن.

1807 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق الله تەئالا ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋاپاتىدىن ئىلگىرى ئارقىمۇ ـ ئارقا ۋەھىنى كۆپ قىلدى، ھەتتاكى ئۇ زاتنى ۋەھى كۆپراق بولۇۋاتقان ھالىتىدە ۋاپات تاپتۇردى. ئاندىن بۇنىڭدىن

كيين پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات تاپتۇرۇلدى.

### قۇرئان كەرىم يەتتە ھەرپ بىلەن نازىل قىلىنغانلىقى توغرىسىدا

1808 ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھاياتىدا ھىشام ئىبنى ھەكەمنىڭ سۈرە فۇرقاننى قىرائەت قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ قىرائىتىگە قۇلاق سالسام، ئۇ ماڭا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىرائەت قىلدۇرمىغان كۆپ ھەرپلەر بىلەن قىرائەت قىلىۋاتىدۇ. نامازدا تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن تۇتۇش قىلغىلى تاس قالدىم، سەۋرى قىلدىم، ھەتتا سالام بەردى، ئۇنى كىيىمىنى گېلىغا يۆگەپ سىقىپ ئېيتتىم: سىنىڭ ئوقۇغان قىرائىتىڭنى ساڭا كىم ئۆگەتتى؟ ئۇ ئېيتتى: ئۇ قىرائەتنى ماڭا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىرائەت قىلدۇردى. ئېيتتىم: يالغان ئېيتتىڭ، تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا ئۇ سۈرىنى سەن قىرائەت قىلغانىڭ غەيرى بىلەن قىرائەت قىلدۇردى. ئاندىن ئۇنى يۆتىلەپ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قېشىغا ئېلىپ بىرىپ ئېيتتىم: تەھقىق بۇ ئادەمنىڭ سۈرە فۇرقاننى سىلە ماڭا ئوقۇپ بەرمىگەن ھەرپلەر بىلەن ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىدىم. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئۇنى قويۇپ بەر، ئى ھىشام ئوقۇغىن!، ئاندىن ئۇ مەن ئۇنىڭدىن ئاڭلىغان قىرائەتنى ئول جانابقا ئوقۇپ بەردى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: مۇشۇنداق قۇرئان نازىل قىلىندى، ئاندىن ئېيتتى: ئى ئۆمەر ئوقۇغىن! ئاندىن ئول جاناب رەسۇلۇللاھ ماڭا ئوقۇپ بەرگەن قىرائەتنى ئوقۇدۇم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: مۇشۇنداق نازىل قىلىندى، شەك ـ شۈبھىسىز مۇشۇ قۇرئان يەتتە ھەرىپ بىلەن نازىل قىلىندى، ئۇنىڭدىن ئاسان بولغىنىنى ئوقۇڭلار.

## جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام قۇرئان كەرىمنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە توغرا قىلغانلىقى توغرىسىدا

1809 ـ پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا مەخپى دېدىكى، تەھقىق جىبرىئىل ماڭا قۇرئاننى ھەر يىلى توغرا قىلدۇ (دەرىس قىلدۇ،ئۇقۇپ بېرىدۇ، ھەم تىڭشايدۇ). تەھقىق ئۇ ماڭا بۇ يىل قۇرئاننى ئىككى مەرره توغرا قىلدى (دەرىس قىلدى)، بۇنى ئەجىلىمنىڭ ھازىر بولغىنى دەپلا گۇمان قىلىمەن.

1810 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: ۋەللاھۇكى ئەلۋەتتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاغزىدىن يەتمىش نەچچە سۈرىنى ئالدىم.

1811 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق ئۇ ھىمسى دېگەن جايدا ئىدى، ئۇ سۈره يۇسۇپنى قىرائەت قىلدى. ئاندىن بىر ئادەم ئېيتتى: مۇشۇنداق نازىل قىلىنمىدى. ئىبنى مەسئۇد ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قىرائەت قىلىپ بەردىم، ياخشى چىرايلىق ئۇقۇدۇڭ دېدى ۋە ئۇ ئادەمدىن ھاراقنىڭ پۇرىغىنى تاپتى. ئاندىن ئېيتتى: ئايا جەمى قىلامسەن شۇنىكى، الله تەئالانىڭ كىتابىغا ئىنكار قىلىسەن ۋە ھاراق ئىچىسەن (يەنى بۇ ئىككىسىنى جەمى قىلىسەن) دەپ ئۇنى تەزىر (جازا قامچىسى) ئۇردى.

### {قُلْ هُوَ اللّٰهُ وَّحِدٌ} نىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

1812 ـ ئەبۇسەئىدىل خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ {قُلْ هُوَ اللّٰهُ وَّحِدٌ} نى تەكرار قايتا ـ قايتا قىرائەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. تاڭ ئاتقاندا ئۇ ئادەم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قېشىغا كېلىپ بۇنى زىكرى قىلدى. گۇياكى بۇ ئاڭلاپ كەلگەن ئادەم ئۇ {قُلْ هُوَ اللّٰهُ وَّحِدٌ} نى ئاز سانايدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: نەپسىم ئۇل زاتنىڭ ئىلكىدە بولغان الله غا قەسەمكى، تەھقىق ئۇ {قُلْ هُوَ اللَّهُ وَٰحِدٌ} قۇرئاننىڭ ئۈچتىن بىرىگە باراۋەر بولىدۇر.

1813 ـ ئەبۇسەئىدىل خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆز ئەسھابلىرىگە ئېيتتى: سىلەرنىڭ بىرىڭلار بىركېچىدە قۇرئاننىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئوقۇشقا ئاجىز كېلەمدۇ؟. بۇ سۆز ئۇلارغا مۇشەققەت كەلدى ۋە ئېيتتىلەر: يارەسۇلۇللاھ ! قايسىمىز بۇنىڭغا تاقەت قىلالايمىز؟ ئۇل جاناب ئېيتتى: {قُلْ هُوَ اللَّهُ وَٰحِدٌ} قۇرئاننىڭ ئۈچتىن بىرىدۇر.

## مۇئەۋۋەزاتنىڭ{قُلْ هُوَ اللَّهُ وَٰحِدٌ ، قُلْ وَٰعُوذُ بِرَبِّ الفَلَقِ ، قُلْ وَٰعُوذُ بِرَبِّ النَّاسِ} نىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

1814 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر كېچە كۆرپىسىدە ئارام ئالىدىغاندا ئىككى ئالقىنىنى جەمى قىلىپ، ئۇ ئالقىنىغا {قُلْ هُوَ اللَّهُ وَٰحِدٌ}،{قُلْ وَٰعُوذُ بِرَبِّ الفَلَقِ} ،{قُلْ وَٰعُوذُ بِرَبِّ النَّاسِ} نى ئوقۇپ ئىككى ئالقىنى بىلەن بەدىنىدىن قولى يەتكەن يەرنى سىلايتى، ئىككى ئالقىنى بىلەن بېشىغا، يۈزىگە ۋە بەدىنىدىن ئالدى تەرەپىدىن سىلاشنى باشلايدۇ، بۇنى ئۈچ قېتىم قىلاتتى.

## قۇرئان ئوقۇغاندا ئاراملىق ۋە رەھمەت ۋە پەرىشتىلەرنىڭ نازىل بولۇشى توغرىسىدا

1815 ـ ئۇسەيد بىننى ھۇزەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: ئۇ كېچىدىن بىر ۋاقتىدا سۈرە بەقەرەنى قىرائەت قىلىۋاتىدۇ، ئاتلىرى قېشىدا باغلاغلىق ئىدى، تۇيۇقسىز ئات ھەركەتلىنىپ سەكرەپ كەتتى، ئاندىن ئۇ كىشى قىرائەتتىن سۈكۈت قىلىۋىدى ئېتمۇ جىم تۇردى. ئاندىن قىرائەت قىلىۋىدى ئات ئايلىنىپ ھەركەتلەندى، قىرائەتتىن سۈكۈت قىلىۋىدى، ئاتمۇ جىم تۇردى.

ئاندىن قىرائەت قىلدى، ئات يەنە ئايلىنىپ ھەركەتلەندى. ئاندىن قايتتى، ئوغلى يەھيا ئاتقا يېقىن ئىدى، بالىسىغا ئات يېتىپ قېلىشىدىن قورۇقتى، بالىنى سۆرەپ تارتىۋېپ بېشىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ ئىدى، ئۇنى ھەتتا كۆرمەيدۇر. تاڭ ئاتقاندا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بۇنى ھەدىس قىلىپ بەردى. ئۇل جاناب ئۇنىڭغا ئوقىغىن! ئى ئىبنى ھۇزەيىر، ئوقىغىن! ئى ئىبنى ھۇزەيىر دېدى. ئېيتتى ئىبنى ھۇزەيىر: يارەسۇلۇللاھ ! بالامنى ئاتنىڭ دەسسەپ قويۇشىدىن قورۇقتۇم، بالا ئاتقا يېقىن ئىدى. ئاندىن بېشىمنى كۆتەردىم، ئاندىن ئۇنىڭغا قايتتىم، ئاندىن بېشىمنى ئاسمانغا كۆتەرسەم، بىناگاھ سايىگە ئوخشاش نەرسىنىڭ ئىچىدە چىراقلارغا ئوخشاش نەرسلەر باردۇر، ئاندىن چىقتىم ھەتتا ئۇنى كۆرمەيمەن. ئۇل جاناب ئېيتتى: بىلەمسەن ئۇ نىمەدۇر؟ ئېيتتىم: ياق. ئۇل جاناب ئېيتتى: ئاشۇ سىنىڭ ئاۋازىڭغا يېقىن كەلگەن پەرىشتىلەردۇر، ئەگەر قىرائەت قىلغان بولساڭ تاڭ ئاتقىچە تۇراتتى، خالايىقلار ئۇنىڭغا قارايتى، ئۇ نەرسە خالايىقتىن مەخپى بولمايتى.

## ساھىبۇل قۇرئان (يەنى قۇرئاننى دائىم تىلاۋەت قىلىپ ئۆزىگە ھەمرا قىلغۇچىغا) ھەۋەس قىلىش توغرىسىدا

**1816** ـ ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ھەسەت قىلىش يوق، مەگەر ئىككى كىشىدە (ھەسەت، ھەۋەس قىلسا بولىدۇ)، بىرى، بىر كىشىگە الله تەئالا قۇرئاننى بىلدۈردى، ئۇ كىشى قۇرئاننى كېچە ۋە كۈندۈز تىلاۋەت قىلىدۇ، ئۇنى خوشنىسى ئاڭلاپ ئېيتتى: كاشكى ماڭىمۇ پالانىغا ئاتا قىلىنغاندەك قۇرئان ئاتا قىلىنسام، ئۇ پالانى ئەمەل قىلغاندەك ئەمەل قىلغان بولسام! ۋە يەنە بىرى، بىر كىشىگە الله تەئالا مال ئاتا قىلدى، ئۇ كىشى ئۇ مالنى ھەق يولدا سەرپ قىلدى، بۇنى كۆرۈپ يەنە بىر

كىشى ئېيتتى: كاشكى ماڭىمۇ پالانغا ئاتا قىلىنغاندەك مال ئاتا قىلىنغان بولسا، ئۇ پالانى ئەمەل قىلغاندەك ئەمەل قىلسام (مالنى ياخشى ھەق يولدا ئىشلەتسەم) دىسە، بۇ ئىككى كىشىگە ھەسەت بولمايدۇ.

**كىشىلەرنىڭ ياخشارىغى قۇرئاننى ئۆگىنىپ ئۇنى ئۆگەتكەن كىشى ئىكەنلىگى توغرىسىدا**

1717 ـ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: سىلەرنىڭ ياخشارىغىڭلار شۇنداق كىشىدۇركى، قۇرئاننى ئۆگەندى ۋە ئۇنى ئۆگەتتى.

1818 ـ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر رىۋايىتىدە ئېيتتى: تەھقىق سىلەرنىڭ پازىل راغىڭلار قۇرئاننى ئۆگىنىپ ۋە ئۇنى ئۆگەتكەن كىشىدۇر.

1819 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ساھىبۇل قۇرئان (قۇرئان ئېگىسى) تۇشاقلىق تۆگەنىڭ ئېگىسىگە ئوخشاشدۇر، ئەگەر ئۇنى يېقى ـ يېقى يوخلاپ (ئوقۇپ) تۇرسا ئۇنى چىڭ ساقلايدۇ، ئەگەر ئۇنى قويۇپ بەرسە (ئوقۇمىسا) كېتىدۇر.

1820 ـ ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ مۇنداق ـ مۇنداق ئايەتنى ئۇنتۇپ قالدىم دىگىنى نى ياماندۇر، بەلكى (ئوقۇپ تۇرمىغانلىقتىن) ئۇنتۇلدۇرۇلدى. قۇرئاننى ئەسلەپ (تىلاۋەت قىلىپ تۇرۇڭلار)! تەھقىق ئۇ قۇرئان خالايىقنىڭ كۆكسىلىرىدىن (دىللىرىدىن) چارپايلاردىنمۇ بەكراق قاچقۇچىدۇر.

1821 ـ ئەبۇموسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: قۇرئاننى يوقلاپ (تىلاۋەت قىلىپ تۇرۇڭلار)! نەپسىم ئىلكىدە بولغان الله بىلەن

قەسەمكى، ئەلۋەتتە ئۇ قۇرئان قاتتىقراقدۇر قېچىش جەھەتتىن تۇشاقتىكى تۆگىدىنمۇ قاچقاقدۇر.

## قىرائەتنى سۇزۇپ ئۇقۇش توغرىسىدا

1822 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق ئۇ سۇئال قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىرائەتلىرى قانداق بولاتتى؟ ئېيتتى: قىرائىتى سۇزۇش ئىدى. ئاندىن بِسْمِ اللهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيْم نى قىرائەت قىلدى، بِسْمِ اللهِ نى سوزىدۇر ۋە الرَّحْمَنِ نى سوزىدۇر ۋە الرَّحِيْم نى سوزىدۇر.

## قىرائەت بىلەن ئاۋازنى چىرايلىق قىلىش توغرىسىدا

1823 ـ ئەبۇموسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا ئېيتتى: ئى ئاباموسا ! ساڭا داۋۇدنىڭ چىرايلىق ئاۋازلىرىدىن بىر ئاۋاز ئاتا قىلىندىڭ.

## قۇرئان كەرىمنى قانچىلىك ۋاقىتتا ئۇقۇش توغرىسىدا

1824 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدى: ئاتام ماڭا يۇقۇرى ئابرويلۇق خوتۇننى نىكاھىمغا ئېلىپ بەردى. ئاندىن كېلىننى كۆزۈتۈپ ئۇنىڭدىن ئېرىنىڭ ئەھۋالىدىن سورايدۇ (يەنى مېنىڭ ئەھۋالىمنى). ئاندىن خوتۇنۇم ئېيتىدۇر: بىز ئۇنىڭغا كەلگەندىن بىرى بىزگە كۆرپە سالمىدى ۋە بىزلەرگە پەردە تەپتىش قىلمىدى (يەنى بىر ئۇرۇندا بولمىدى)، ئۇ نى ياخشى ئەردۇر. بۇ ئىش ئۇغلىغا ئۇزۇن بولۇۋىدى، بۇنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە زىكرى قىلدى. ئول جاناب ئېيتتى: ئۇنى ماڭا ئۇشقاشتۇرغىن. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دىدارىغا يولۇقتۇم، ئول جاناب ئېيتتى: قانداق روزا تۇتىسەن؟، ئېيتتىم: ھەر كۈنى. ئول جاناب ئېيتتى: قۇرئاننى قانداق خەتمە قىلىسەن؟ ئېيتتىم:

ھەر كېچىدە. ئۇل جاناب ئېيتتى: ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتقىن، قۇرئاننى ھەر ئايدا ئوقۇپ خەتمە قىلغىن. ئېيتتىم: بۇنىڭدىن كۆپراقىغا تاقەت قىلىمەن. ئۇل جاناب ئېيتتى: ھەر جۈمەدە ئۈچ كۈن روزا تۇتقىن. ئېيتتىم: بۇنىڭدىن كۆپراقىغا تاقەت قىلىمەن. ئۇل جاناب ئېيتتى: ئىككى كۈن ئىپتار قىل، بىر كۈن روزا تۇتقىن. ئېيتتىم: بۇنىڭدىن كۆپراقىغا تاقەت قىلىمەن. ئۇل جاناب ئېيتتى: روزىنىڭ ئەبزەلراقى داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ روزىسىنى تۇتقىن، بىر كۈن روزا تۇتۇپ بىر كۈن ئىپتار قىلىش، ھەر يەتتە كۈندە قۇرئاننى بىر مەررە خەتمە قىل. ئاندىن كاشكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ رۇخستىنى قوبۇل قىلغان بولسام (بولار ئىكەن). بۇنداق بولۇشى، تەھقىق مەن ياشاندىم ۋە ئاجىزلاشدىم. ئاندىن ئەھلىنىڭ بەزىسىگە قۇرئاندىن يەتتىدىن بىرىنى كۈندۈزى ئوقۇپ بېرىدىغان ۋە قۇرئاندىن ئوقۇغىنىنى كۈندۈزدىن تولغرا (ئۆدۈل) قىلىدىغان بولدى. كېچىدە ئوقۇش ئۇنىڭغا يەڭگىلراق بولۇشى ئۈچۈن. ۋەقتىكى كۈچلۈك بولۇشنى ئىرادە قىلسا بىرنەچچە كۈن ئىپتار قىلاتتى ۋە سانايتى (ئىپتار كۈننى) ۋە ئىپتار قىلغان كۈننىڭ ئوخششىنى (سانىچە) روزا تۇتار ئىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن شۇ ئىش ئۈستىدە ئايرىلغان نەرسىنى تەرك قىلىشنى كەرىھ-ناخۇش كۆرگەنلىكدىن.

**رىيا قىلىپ قۇرئان ئوقۇغان ياكى قۇرئان بىلەن يېگەن كىشىنىڭ گۇناھى توغرىسىدا**

1825 - ئەبۇسەئىدىل خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى، ئېيتدۇر: سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن بىر قەۋىم چىقىدۇكى، ئۇلارنىڭ نامىزى بىلەن سىلەر نامىزىڭلارنى تۆۋەن كۆرىسلەر، ئۇلارنىڭ روزىسى بىلەن روزاڭلارنى، ئۇلارنىڭ ئەملى بىلەن ئەملىڭلارنى تۆۋەن كۆرىسلەر. ئۇلار قۇرئان ئوقۇيدۇ، ئۇ ئوقۇغان قۇرئان گېلىدىن ئۆتمەيدۇ (قوبۇل قىلىنمايدۇ، ھەققە ئۆرلىمەيدۇ)، دىندىن چىقىدۇلەر،

قانداقكى ئوق ئوقيادىن چىققاندەك، ئوقيانىڭ ئۇچىغا قارايدۇ ھېچ نەرسىنى كۆرمەيدۇ ۋە ئوققا قارايدۇ ھېچ نەرسىنى كۆرمەيدۇ ۋە ئوقيانىڭ قاناتىغا قارايدۇ ھېچ نەرسىنى كۆرمەيدۇ. راۋى ئوقنىڭ تارىسىدا شەك قىلىدۇ.

1826 ـ ئەبۇموسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: قۇرئاننى قىرائەت قىلىپ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىدىغان مومىن ئۇتۇرجە ـ مەنپەئەتلىك مېۋىلىك دەرەخكە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ تەمى تاتلىق، بۇيى خۇشبۇراقدۇر. قۇرئان ئوقۇيالمايدىغان ۋە قۇرئانغا ئەمەل قىلىدىغان مۆمىن خورمىغا ئوخشاشكى، تەمى تاتلىق ۋە پۇرىقى يوقدۇر. قۇرئان ئوقۇيدىغان مۇناپىقنىڭ مەسەلى، بۇيى خۇشپۇراق، تەمى ئاچچىق رەيھان گۈلگە ئوخشايدۇ. قۇرئان ئوقۇمايدىغان مۇناپىقنىڭ مەسەلى، تەمى ئاچچىق، سېسىق ۋە بۇيى ئاچچىق بورە قوغىنىغا ئوخشاشدۇر.

1827 ـ جۇندۇب ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: قۇرئان ئوقۇڭلار! مادامكى قەلبىڭلار ئۇنىڭغا ئۇلپەت تۇتسا، پەس ۋەقتىكى، ئىختىلاپ قىلساڭلار ئۇنىڭدىن قوپۇڭلار.

## (59) نىكاھنىڭ كىتابى

### نىكاھدا تەرغىب قىلىش توغرىسىدا

1828 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: ئۈچ نەپەر كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خوتۇنلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىبادەتلىرىدىن سورىغىلى كەلدى. ئۇلارغا خەۋەر بېرىلىپ ئىدى، گۈياكى ئۇلار ئۇ ئىبادەتنى ئاز كۆردىلەر، ئاندىن ئېيتتىلەر: بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن نەدە

دۇرمىز، تەھقىق اللە تەئالا ئۇنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنكى گۇناھنى مەغپىرەت قىلدى. ئاندىن ئۇلارنىڭ بىرى ئېيتتى: ئەمما مەن ھەمىشە كېچىچە ناماز ئوقۇيمەن. يەنە بىرى ئېيتتى: مەن زامان بويى (داۋاملىق) روزا تۇتىمەن، ئىپتار قىلمايمەن. يەنە بىرى ئېيتتى: مەن خوتۇنلارغا يېقىن كەلمەيمەن، مەڭگۇ ئۆيلەنمەيمەن. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا كېلىپ ئېيتتى: سىلەر مۇنداق ـ مۇنداق دېيىسلەر، ئاگاھ بولۇڭلاركى، تەھقىق مەن ئەلۋەتتە سىلەرنىڭ اللە دىن قورۇققۇچى راغىڭلاردۇرمەن ۋە اللە غا تەقۋادار راغىڭلاردۇرمەن، لېكىن مەن روزا تۇتىمەن ۋە ئىپتار قىلىمەن، ناماز ئوقۇيمەن ۋە ئۇخلايمەن، خوتۇنلارغا ئۆيلىنىمەن، كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرىسە مەندىن ئەمەسدۇر!.

## تەبەتتۇل (ئىبادەت ئۈچۈنلا ئۈزۈلۈش)دىن ۋە بويتاق بولۇشدىن ۋە ئاختا قىلىشدىن (پىچىۋېتىشدىن) مەكروھ بولىدىغان نەرسە توغرىسىدا

1829 ـ سەئد ئىبنى ئەبۇۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوسمان ئىبنى مەزئۇنغا تەبەتتۇل (تۇل) بولۇشنى رەت قىلدى. ئەگەر ئۇنىڭغا ئىزنى بەرگەن بولسا، ئەلۋەتتە ئۆزىمىزنى ئاختا قىلىۋاتار ئىدۇق.

1830 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: ئېيتتىم مەن: يارەسۇلۇللاھ! مەن ياش ئەر، ئۆز نەپسىمگە مۇشەققەتدىن (زىنادىن) قورقىمەن ۋە خوتۇنغا ئۆيلەنگىدەك نەرسە تاپالمايمەن. ئاندىن مەندىن سۈكۈت قىلدى، ئاندىن يەنە شۇنداق دېدىم، سۈكۈت قىلدى، ئاندىن يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش دېدىم، مەندىن سۈكۈت قىلدى، ئاندىن يەنە شۇنىڭ ئوخشىشىنى دېدىم. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئى ئابا ھۇرەيرە! سەن يولۇقىدىغان نەرسە بىلەن قەلەم قۇرىدى، پەس ئاختا قىل ياكى تەرىك قىل.

## قىزلارنى نىكاھىغا ئېلىش توغرىسىدا

1831 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدى: ئېيتتىم: يارەسۇلۇللاھ ! ئايا خەۋەر بەرمەمدىلا؟ ئەگەر دەرىخى، ئوت ـ چۆپلىرى يېيىلگەن بىر ۋادىغا چۈشسىلە ۋە يېيىلمىگەن بىر دەرەخنى تاپسىلا، ئۇ دەرەخنىڭ قايسىدا تۆگەلىرىنى ئوتلىتىدىلا (باقىدىلا)؟. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ياپراق ـ شاخلىرى يېيىلمىگەن دەرەختە. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا خالايدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئائىشەدىن باشقا قىزغا ئۆيلەنمىدى.

## چوڭلاردىن كىچىكلەرنى نىكاھىغا ئېلىش توغرىسىدا

1832 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئائىشەنى (نىكاھىغا ئېلىشقا) ئەبۇبەكرگە قاتنىدى. ئاندىن رەسۇلۇللاغا ئەبۇبەكرى، مەن سىنىڭ قېرىندىشىڭ دىدى، ئاندىن ئول جاناب رەسۇلۇللاھ ئېيتتى: سەن مىنىڭ الله نىڭ دىنىدىكى ۋە ئۇنىڭ كىتابىدىكى قېرىندىشىم، ئائىشە ماڭا ھالالدۇر.

## دىندا تەڭتۇشلەر توغرىسىدا

1833 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق ئەبۇ ھۇزەيپە ئىبنى ئۇتبە ئىبنى ئەبدۇشەمسى (ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بەدرىگە قاتناشقاندۇر) سالىمنى بالا قىلىۋالغان ئىدى، ئۇ سالىمغا ئۆزىنىڭ قېرىندىشىنىڭ قىزى ھىندى بىنتى ۋەلىد ئىبنى ئۇتبە ئىبنى رەبىئەنى خوتۇنلۇققا نىكاھىغا ئېلىپ بەردى. ئۇ سالىم ئەنسارىلاردىن بىر خوتۇننىڭ ئازاد گەردىسى ئىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زەيدنى بالا قىلىۋالغاندەك. جاھىلىيەت ۋاقتىدا بىر ئادەم بالا بېقىۋالسا، خالايىقلار ئۇ بالىنى بېقىۋالغان ئادەمنىڭ بالىسى دەپ چاقىراتتى، ئۇ بالا ئاشۇ تەربىيلەپ باققان ئادەمگە ۋارىس بولاتتى (ئۇنىڭدىن مىراس ئالاتتى)،

ھەتتاكى الله تەئالا ئەززە ۋەجەللە {ادْعُوهُمْ لِآبَائِهِمْ هُوَ أَقْسَطُ عِنْدَ اللَّهِ فَإِنْ لَمْ تَعْلَمُوا آبَاءَهُمْ فَإِخْوَانُكُمْ فِي الدِّينِ وَمَوَالِيكُمْ} مەنىسى: ***{ئۇلارنى ئاتىلىرىنىڭ ئىسمى بىلەن چاقىرىڭلار، بۇ الله نىڭ دەرگاھىدا توغرىدۇر، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئاتالىرىنى بىلمىسەڭلار ئۇ چاغدا ئۇلار سىلەرنىڭ دىنى قېرىنداشلىرىڭلاردۇر، دوسلىرىڭلاردۇر}*** ، دېگەن قەۋلىنى نازىل قىلدى. (سۈرە ئەھزاب 5 ـ ئايەت)، ئاندىن ئۇلارنى ئۆز ئاتىلىرىغا قايتۇرۇلدى. ئاندىن ئاتىسى بىلىنمىگەن كىشى بولسا دىنى قېرىنداش، دوس بولدى. ئاندىن ئەمرۇ قۇرەيشلىك، ئاندىن ئەمرىلىكنىڭ قىزى ۋە ئەبى ھۇزەيپە بىننى ئۇتبەنىڭ خوتۇنى سەھلە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ ئېيتتى: يارەسۇلۇللاھ ! تەھقىق بىز سالىمنى بالىمىز دەپ كۆرەتتۇق، تەھقىق الله تەئالا بۇ ھەقدە سىلە بىلگەن يۇقارقى ئايەتنى نازىل قىلدى. ئاندىن ھەدىسنى زەكرى قىلدى.

**1834** ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زۇبەيرنىڭ قىزى زۇبائەنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭغا ئېيتتى: ئۇمىدكى سەن ھەج قىلىشنى ئىرادە قىلدىغانسەن؟ ئېيتتى زۇبائە: مىنى كېسەل تاپمەن، ئاندىن ئول جاناب ئۇنىڭغا ئېيتتى: ھەج قىلغىن ۋە شەرت قىلغىن ۋە ئېيتقىن: «ئى الله ! مىنىڭ ئىھرامدىن چىقىدىغان جايىم سەن مىنى توختۇتۇپ ـ تۇسۇپ قويغان جايدۇر» دېگىن دېدى. ئۇ مىقداد بىننى ئەسۋەدنىڭ نىكاھىدا ئىدى. (بۇ ئىككىسى دىندا تەڭتۇش دېمەكچى).

**1835** ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: خوتۇن كىشىنى تۆت جەھەتتىن نىكاھىغا ئېلىنىدۇ،(1)مېلى ئۈچۈن، (2)نەسەبى ـ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئابرويى ئۈچۈن، (3)جامالى ئۈچۈن، (4)دىنى ئۈچۈن. سەن دىندار (ديانەتلىك خوتۇن بىلەن مەقسەتكە يەتكىن) ئىككى قۇلۇڭ توپالانسۇن. بۇ مەقسەتسىز

دۇئادۇر.

1836 ـ سەھلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: باي بىر كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۆتتى، ئاندىن ئۇل جاناب ئېيتتى: بۇ ئادەم ھەققىدە نىمە دەيسلەر؟ ئېيتتىلەر: بۇ ئادەم خوتۇن قاتنىسا نىكاھ قىلىنىشقا لايىقدۇر، ئەگەر شاپائەت قىلسا شاپائىتى قوبۇل قىلىنىدۇر، ئەگەر سۆز قىلسا سۆزىگە قۇلاق سېلىنىدۇر. ئېيتتى سەھلى: ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈكۈت قىلدى. مۇسۇلمانلارنىڭ پېقىرلىرىدىن بىر ئادەم ئۆتتى، ئاندىن ئۇل جاناب ئېيتتى: بۇنىڭ ھەققىدە نىمە دەيسلەر؟ ئېيتتىلەر: ئەگەر بۇ ئادەم خوتۇن قاتنىسا نىكاھ قىلىنماسلىققا لايىقدۇر، ئەگەر شاپائەت قىلسا شاپائىتى قوبۇل قىلىنمىغاي، ئەگەر سۆز قىلسا ئاڭلانمىغاي (شۇنىڭغا لايىقدۇر). ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئاشۇ (ئەۋۋەلقىسىگە) ئوخشاشىدىن زىمىن توشقىچەدىن، مۇشۇ (ئىككىنچىسى) ياخشىراقدۇر.

## خوتۇن كىشىنىڭ شۇملىغىدىن باقى قالغان نەرسە توغرىسىدا

ۋە الله تەئالانىڭ {يَاۤأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِنَّ مِنْ أَزْوَاجِكُمْ وَأَوْلَادِكُمْ عَدُوًّا لَكُمْ} مەنىسى: ***{ئى مۆمىنلەر! سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلاردىن ۋە باللىرىڭلاردىن سىلەرگە دۈشمەن بولىدىغانلىرىمۇ بار، ئۇلاردىن ئېھتىيات قىلىڭلار}*** . سۈرە تەغابۇن 14 ـ ئايىتى توغرىسىدا

1837 ـ ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: مەندىن كېيىن ئەرلەرگە ئاياللاردىن زەرەرلىكراق پىتنىنى تەرىك قىلمىدىم. (ھەممىدىن بەك زەرەرلىكراق ئاياللار پىتنىسىدۇر).

**الله تەئالانىڭ** {وَأُمَّهَاتُكُمُ اللَّاتِي أَرْضَعْنَكُمْ} مەنىسى: ***{سىلەرگە سۈت ئەمدۈرگەن ئانالىرىڭلار ھارام***

قىلىندى}. سۈرە نىسا 23 ـ ئايىتى توغرىسىدا

1838 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، تاغىلىرى ھەمزىنىڭ قىزىنى نىكاھلىرىغا ئالامدىلا ؟ دېيىلدى. ئۇل جاناب ئېيتتى: ئۇ مىنىڭ ئېمىگدەش قېرىندىشىمنىڭ قىزىدۇر.

1839 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىندىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق ئۇ ھەپسەنىڭ ئۆيىدە بىر كىشىنىڭ ئىزنى سورىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ئېيتتى: ئېيتتىم: يارەسۇلۇللاھ ! سىلىنىڭ ئۆيلىرىدە ئاۋۇ بىر كىشى ئىزنى سورايدۇر، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ھەپسەنىڭ ئېمىگدەش تاغىسى پالانى دەپ گۇمان قىلىمەن. ئېيتتى ئائىشە: ئۆزىنىڭ ئېمىگدەش تاغىسى پالانى ھايات بولسا، مىنىڭ قېشىمغا كىرەمدۇ؟ ئۇل جاناب ئېيتتى: ھەئە كىرسە بولىدۇ، ئېمىگدەش، تۇغۇش ھارام قىلغان نەرسىنى ھارام قىلىدۇر.

1840 ـ ئەبۇ سۇپياننىڭ قىزى ئۇممە ھەبىبە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندى: ئېيتتىم: يارەسۇلۇللاھ ! ئەبۇ سۇپياننىڭ قىزى، ھەمشىرەمنى(سىڭلىمنى) نىكاھلىرىغا ئالسىلا؟! ئۇل جاناب ئېيتتى: ئايا شۇنى دوس تۇتامسىز؟ ئېيتتىم: ھەئە، سىلىنى خالى قىلغۇچى ئەمەسمەن (سىلىگە مەن تەنھالا ئەمەسمەن)، ماڭا ياخشى ئىشتا شېرىك بولىدىغان كىشىنىڭ ياخشىراغى سىڭلىمدۇر. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: تەھقىق ماڭا ھالال بولمايدۇ. ئېيتتىم: تەھقىق سىلىنى ئەبى سەلەمەنىڭ قىزىنى نىكاھلىرىغا ئېلىشنى ئىرادە قىلىدىكەن دەپ سۆزلىشىمىز. ئېيتتى ئۇل جاناب: ئۇممە سەلىمەنىڭ قىزىنى؟. ئېيتتىم: ھەئە. پەس ئۇل جاناب رەسۇلۇللاھ ئېيتتى: ئەگەر ئۇ ھەقىقەتەن مىنىڭ ھوجرامدىكى تەربىيەمدىكى (ئۆگەي قىزىم) بولمىغان بولسىمۇ ئۇ ماڭا ھالال بولمايتى، چۈنكى ئۇ مىنىڭ ئېمىگدەش قېرىندىشىمنىڭ قىزىدۇر، مىنى

ۋە ئەبۇ سەلىمەنى سۈۋەبىيە ئىمىتكەن ئىدى. ماڭا قىزلىرىڭلارنى ۋە ھەمشىرەڭلارنى (ئاچا ـ سىڭىللىرىڭلارنى) توغرا قىلماڭلار.

**الله تەئالانىڭ {حَوْلَيْنِ كَامِلَيْنِ لِمَنْ أَرَادَ أَنْ يُتِمَّ الرَّضَاعَةَ} مەنىسى: *{ئانىلار (باللىرىنى ئىمىتىش مۇددىتىدە) تولۇق ئىمىتمەكچى بولسا، تولۇق ئىككى يىل ئىمىتىشى لازىم}*. دېگەن جەھەتتىن ئىككى يىلدىن كېيىن ئىمگەدەشلىك يوقلىغى ھەققىدە ۋە ئىمگەدەشلىكنىڭ ئاز ۋە كۆپىنىڭ ھارام بولىدىغانلىقى توغرىسىدا**

**1841** ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ قېشىغا كىردى ۋە ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا بىر ئەركىشى بار ئىدى، گۇياكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنى ناخۇش كۆرگەندەك گويا يۈزلىرى ئۆزگەردى. ئاندىن ئائىشە ئېيتتى: تەھقىق ئۇ مېنىڭ قېرىندىشىمدۇر. ئاندىن ئۇل جاناب ئېيتتى: سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلار كىملەردۇر ئويلاڭلار؟ تەھقىق ئىمگەدەشلىك ئاچلىقدىندۇر. (ھارامliq سابىت بولىدىغان ئىمگەدەشلىك، سۈت ئىمىدىغان كىچىك ۋاقىتىدا بولىدۇر).

**تويلۇقسىز قايىچا ـ قوش قۇدا بولۇش توغرىسىدا**

**1842** ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خوتۇن كىشىنى، ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ ئاچا ـ سىڭىللىرى ۋە ئانىسىنىڭ ئاچا ـ سىڭىللىرى ئۈستىگە نىكاھىغا ئېلىشىدىن نەھى قىلدى (توستى).

**1843** ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شەغاردىن نەھى قىلدى. (ئىزاھ : شەغار دېگەن، مەھرىسىز بىر كىشى قىزىنى بىر ئادەمگە بەرگەي، يەنە بىرى ئۇنىڭغا قىزىنى بەرگەن).

## پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋاقىتلىق نىكاھدىن ئاخىرىدا نەھى قىلغانلىقى (توسقانلىقى) توغرىسىدا

1844 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ ۋە سەلىمەتە ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىندى: بىز بىر ئەسكەر ئىچىدە ئىدۇق، بىزلەرگە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېلىپ ئېيتتى: تەھقىق سىلەرگە ۋاقىتلىق نىكاھلىنىشىڭلارغا ئىزنى بىرىلدى، پەس مەنپەئەت ئېلىڭلار (ۋاقىتلىق نىكاھلىنىش بىلەن).

## خوتۇن كىشى ئۆزىنى ياخشى ئەرگە توغرا قىلىش توغرىسىدا

1845 ـ سەھلى ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق بىر خوتۇن ئۆز نەپسىنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە توغرا قىلدى. ئۇنىڭغا بىر ئادەم يارەسۇلۇللاھ ! ئۇ خوتۇننى ماڭا جۈپ قىلسىلا دىدى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: سىنىڭدە نىمە بار؟. ئېيتتى: مەندە ھىچ نەرسە يوق. ئۇل جاناب ئېيتتى: بارغىن ئەگەرچە تۆمۈر ئۈزۈك بولسىمۇ تىپىپ كەلگىن. ئاندىن قايتىپ كەلدى ۋە ئېيتتى: ھىچ نەرسە تاپالمىدىم، ئەگەرچە تۆمۈر ئۈزۈكمۇ تاپالمىدىم، لىكىن ماۋۇ ئىزارىم (ئىشتىنىم) ئۇ خوتۇنغا يېرىمى بولسۇن. ئېيتتى سەھلى: ئۇنىڭ رىداسى يوق ئىكەن. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئىشتىنىڭنى نىمە قىلىسەن؟ ئەگەر ئۇنى سەن كەيسەڭ، ئۇ خوتۇنغا ئۇنىڭدىن بىر نەرسە يوق، ئەگەر ئۇنى ئۇ خوتۇن كەيسە، ئۇنىڭدىن ساڭا بىر نەرسە يوق. ئاندىن ئۇ ئادەم ئولتۇردى، ھەتتا ئولتۇرۇش ئۇزۇن بۇلۇۋىدى، قوپتى. ئۇنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆرۈپ ئۇنى چاقىردى ياكى ئۇنى ئۇل جانابقا چاقىرىلدى ۋە ئۇنىڭغا ئېيتتى: سىنىڭ بىلەن قۇرئاندىن نىمە بار (قانچىلىك بىلىسەن)؟ ئېيتتى: مەن بىلەن مۇنداق ـ مۇنداق سۈرە بار،

مۇنداق ـ مۇنداق سۆرە بار (بىلىمەن) دەپ سۆرىلەرنى سانايدۇر. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئۇ خوتۇننى ساڭا، سىنىڭدىكى قۇرئاننىڭ باراۋىرىگە نىكاھلاپ بەردۇق.

## خوتۇننى نىكاھىغا ئېلىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭغا قاراش توغرىسىدا

1846 ـ سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر رىۋايىتىدە: تەھقىق بىر خوتۇن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كىلىپ ئېيتتى: يارەسۇلۇللاھ ! مەن ئۆزلىرىگە ئۆزەمنى ھىبە (سوغا) قىلىش ئۈچۈن كەلدىم. ئاندىن ئۇنىڭغا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نەزەر قىلدى، نەزىرىنى ئۇنىڭغا يۇقۇرى قىلدى ۋە پەس قىلدى، ئاندىن بېشىنى پەس قىلدى ۋە ھەدىسنى زىكرى قىلدى، (يۇقارقى سەھلىنىڭ ھەدىسى). ۋە ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا ئېيتتى: ئايا ئۇ سۆرىلەرنى دىلىڭدىن يادا ئوقۇيالامسەن؟ ئېيتتى: ھەئە. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: بارغىن ساڭا ئۇ خوتۇننى، سىنىڭ بىلەن قۇرئاندىن بار نەرسەگە مالىك (ئېگە قىلىپ)نىكاھلاپ بەردىم.

## ۋەلىسىز نىكاھ يوق دىگەن كىشى توغرىسىدا

1847 ـ مەئقىل ئىبنى يىسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: مىنىڭ ھەمشىرەمنى بىر ئەرگە نىكاھلاپ بەردىم، ئىرى ئۇنى تالاق قىلدى، ھەتتا ئۇنىڭ ئىددىتى تۈگىگەندە ئۇنىڭغا يەنە قاتناپ كەلدى، مەن ئۇنىڭغا ئېيتتىم: ئۇنى ساڭا جۈپ قىلىپ بەردىم ۋە ساڭا كۆرپە قىلىپ بەردىم ۋە سىنى ئىكرام قىلدىم، ئاندىن سەن ئۇنى تالاق قىلدىڭ، ئاندىن ئۇنىڭغا قاتناپ كەلدىڭ، الله غا قەسەمكى، ئۇ ساڭا مەڭگۈ يېنىشمايدۇ. ئۇ ئەر باك يوق ياخشى ئادەم ئىدى، خوتۇنمۇ ئۇنىڭغا يېنىششنى ئىرادە قىلار ئىدى. ئاندىن الله تەئالا {فَلا تَعْضُلُوهُنَّ} *{ئۇ خوتۇنلارنى نىكاھلىنىشتىن توسماڭلار}* . سۆرە بەقەرە 232 ـ ئايىتىنى نازىل قىلدى. ئاندىن ئېيتتىم:

يارەسۇلۇللاھ ! ھازىر قىلمەن. ئېيتتى راۋى: ئاندىن مەئقىل ھەمشىرىسىنى ئىرگە نىكاھلاپ بەردى.

**ئاتىسى ۋە ئۇنىڭ غەيرى قىز بالىنى ۋە چوكاننى ئۇلارنىڭ رازىلىقىسىز ئەرگە بەرمەسلىكى توغرىسىدا**

1848 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: نىكاھ قىلىنمايدۇ چوكاننى ھەتتاكى ئۇنىڭ ئەمرى تەلەپ قىلىنغاي (ماقۇللىغىنى ئالغاي)، قىز بالىنى نىكاھ قىلىنمايدۇ ھەتتاكى ئىزنى سورالغاي. ئېيتتىلەر: يارەسۇلۇللاھ ! ئۇ قىزنىڭ ئىزنى قانداق؟ رەسۇلۇللاھ ئېيتتى: ئىزنى شۇكى سۈكۈت قىلغاي (سۈكۈتى ئىزنىدۇر).

1849 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندى: ئېيتتىم: يارەسۇلۇللاھ ! تەھقىق قىز بالا ھايا قىلىدۇر؟ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: قىزنىڭ رازىلىغى ئۇنىڭ جىم تۇرۇشىدۇر.

**ئاتىسى ئۆزىنىڭ قىزىنى ئەرگە بەرسە، ئۇ قىز رازى بولمىغان ھالدا ئاتىنىڭ نىكاھى رەت قىلىنىدىغانلىغى توغرىسىدا**

1850 ـ خەنسا بىنتى خىزام ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق ئۇنىڭ ئاتىسى ئۇنى چوكان ۋاقتىدا ئەرگە بەردى، ئاندىن ئۇ خەنسا بۇنى ناخۇش كۆرۈپ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قېشىغا كەلدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئاتىسىنىڭ نىكاھىنى قايتۇرۇۋاتتى.

**بۇرادىرى بىر خوتۇنغا قاتناپ كىشى قويسا، ئۇ خوتۇننى نىكاھىغا ئالغۇچىلىك ياكى تەرىك قىلغۇچىلىك ئۇنىڭ ئۆستىگە كىشى قويۇپ قاتنىماسلىق توغرىسىدا**

1851 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم بەزىڭلار بەزىڭلارنىڭ سودىسى ئۈستىگە سودا قىلىشنى چەكلىدى ۋە بۇرادىرىنىڭ خوتۇن قاتنىشىنىڭ ئۈستىگە ئۇ خوتۇنغا قاتنىمىسۇن، ھەتتاكى ئالدىنقى قاتنىغۇچى تەرىك قىلغاي ياكى ئۇ قاتنىغۇچى ئىزنى بەرگەي.

## نىكاھتا ھالال بولمايدىغان شەرتلەر توغرىسىدا

1852 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: خوتۇن كىشىگە ھالال بولمايدۇركى ئۆزىنىڭ ھەمشىرىسىنىڭ تالىقىنى سوئال قىلغاي، ئۇنىڭ قاچىسىنى تۆكۈپ بىكارلاش ئۈچۈن، چۈنكى ئۇ خوتۇنغىمۇ تەقدىر قىلىنغان نەرسە باردۇر (يەنى خوتۇنىڭنى تالاق قىل مەن ساڭا تېگەي دېمىسۇن).

## تويى بولغان خوتۇننى ئېرىنىڭ ئۆيىگە كۆچۈرۈپ قويىدىغان خوتۇنلارنىڭ بەركەت بىلەن دۇئا قىلىشى توغرىسىدا

1853 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق بىر خوتۇننى ئەنسارىلاردىن بىر ئەرگە كۆچۈرۈپ قويۇلدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئى ئائىشە ! سىلەر بىلەن نىمە ئويۇن بار؟ چۈنكى ئەنسارىلارنى ئويۇن خوش قىلىدۇر.

## ئەر كىشى ئۆز ئەھلىگە كەلگەندە ئېيتىدىغان نەرسە توغرىسىدا

1854 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئەگەر بىرىڭلار ئۆز ئەھلىگە(جىنسى تۇرمۇش ئۈچۈن) كەلگەندە ئېيتىدىغان بولسا بِسْمِ اللهِ اللّهُمَّ جَنِّبْنِا الشَّيْ□َانَ وَجَنِّبِ الشَّيْ□َانَ مَارَزَقْتَنَا دەپ، ئاندىن ئۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا بۇنىڭدا تەقدىر قىلىنسا ياكى ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا بالا ھۆكمى قىلىنسا، ئۇ بالىغا ھەرگىز شەيتان زەرەر قىلمايدۇ. دۇئانىڭ مەنىسى:«الله نىڭ ئىسمى بىلەن

باشلايمەن، ئى الله ! مەندىن شەيتاننى يىراق قىلغىن ۋە شەيتاننى ماڭا رىزقى بەرگەن نەرسىدىن (بالىدىن) يىراق قىلغىن».

## بىر دانە قوي بىلەن بولسىمۇ توي تائامى (زىياپىتى) قىلىش توغرىسىدا

1855 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: زەينەپنىڭ تويىغا توي تائامى قىلغاندەك پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خوتۇنلىرىدىن بىرىگە توي تائامى قىلمىدى. (زەينەپكە بىر قوي بىلەن توي قىلدى).

## بىر قويدىن ئازراق بىلەن توي قىلغان كىشى توغرىسىدا

1855 ـ سەپىيە بىنتى شەيبە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەزى خوتۇنلىرىغا ئىككى جىڭ ئارپا بىلەن توي قىلدى.

## تويغا چاقىرسا ئىجابەت قىلىش ۋە چاقىرىش توغرىسىدا

1857 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ۋەقتىكى بىرىڭلار تويغا چاقىرىلسا ئۇنىڭغا كەلسۇن.

## خوتۇنلارغا ۋەسىيەت قىلىش توغرىسىدا

1858 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: كىمكى الله غا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىيمان كەلتۈرسە خوشنىسىغا ئازار بەرمىسۇن ۋە ئاياللارغا ياخشىلىق قىلىش ھەققىدىكى ۋەسىيىتىمنى قوبۇل قىلىڭلار، چۈنكى ئۇلار قوۋۇرغىدىن يارىتىلدى، قوۋۇرغىدىكى نەرسىنىڭ ئەڭ ئەگرىراغى يۇقۇرىسىدۇر، ئۇنى تۈزەيمەن دىسەڭ سۇندۇرۇپ قويىسەن، ئەگەر ئۇنى ئۆز پېتى قويساڭ ھەمىشە ئەگرى تۇرىدۇ. خوتۇنلارغا ياخشىلىق قىلىش توغرىسىدىكى ۋەسىيىتىمنى قوبۇل قىلىپ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار.

## ئەھلى (ئائىلىسى) بىلەن ياخشى چىرايلىق تۇرمۇش كۆچۈرۈش توغرىسىدا

1859 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندى: ئون بىر خوتۇن ئولتۇرۇشۇپ، ئەرلىرىنىڭ خەۋەرلىرىدىن ھېچ نەرسىنى يوشۇرماي دېيىشكە ۋەدە قىلىشدى. بىرىنچى خوتۇن ئېيتتى: ئېرىم تاغ ئۈستىدىكى ئورۇق تۆگىنىڭ گۆشىدۇر، ئۆرلەپ چىققىلى بولىدىغان تۈپتۈزمۇ ئەمەس، يۆتكەپ ئەكەلگىلى بولىدىغان سېمىزمۇ ئەمەس، (يەنى ئەخلاقسىز، قاتتىق قوپال، ئۆرلەپ چىقىپ ئەپلەشمەك تەس). ئىككىنچى خوتۇن ئېيتتى: ئېرىمنىڭ خەۋىرىنى ئاشكارا قىلمايمەن، تەھقىق مەن ئۇ خەۋەرنى قالدۇرماي دېيىشتىن قورقىمەن، ئەگەر زىكرى قىلسام ئۇجۇر ـ بۇجۇرىنى (ھېچنېمىنى قالدۇرماي) زىكرى قىلىمەن. ئۈچۈنچى خوتۇن ئېيتتى: ئېرىمنىڭ مىجەزى تۇراقسىز، ئەگەر سۆزلىسەم تالاق قىلىنىمەن، ئەگەر جىم تۇرسام ئاسما قوزۇق بولىمەن(ئېرىمۇ يوقمۇ ئەمەس، ئېرى بارمۇ ئەمەس بىر خوتۇنغا ئايلىنىپ قالىمەن). تۆتىنچى خوتۇن ئېيتتى: ئېرىم تەھامەنىڭ كېچىسىگە ئوخشاش ئىسسىقمۇ ئەمەس سوغۇقمۇ ئەمەس، مەن ئۇنىڭدىن قورقۇپمۇ كەتمەيمەن زېرىكىپمۇ كەتمەيمەن. بەشىنچى خوتۇن ئېيتتى: مېنىڭ ئېرىم ئۆيگە كىرسە يىلپىز (كۆپ ئۇخلايدۇ)، سىرتقا چىقسا يولۋاس (باتۇر)، ئۆي ئىشلىرىنى سۈرۈشتۈرمەيدۇ. ئالتىنچى خوتۇن مۇنداق دېدى: ئېرىم تاماق يېسە يالماپ يەيدۇ، ئىچسە غۇتۇلدۇتۇپ ئاۋاز چىقىرىپ ئىچىدۇ، ياتسا بېشىنى پۈركەپ ياتىدۇ، قايغۇنى بىلىش ئۈچۈن قولىنى كىرگۈزمەيدۇ (ئاياللىغا كۆيۈنمەيدۇ). يەتتىنچى خوتۇن مۇنداق دېدى: ئېرىم بەكمۇ ئۇسال ياكى پەرزەنت كۆرالمايدىغان ئادەم، ھەرقانداق ناچارلىق تېپىلىدىغان ئەخمەق، بېشىڭىزنى يارىدۇ ياكى سىزنى يارىلاندۇرىدۇ ياكى ھەممىسى تېپىلىدۇ. سەككىزىنچى خوتۇن مۇنداق دېدى: مېنىڭ ئېرىمنىڭ سۈركۈلىشى توشقاننىڭ سۈركۈلىشىگە، پۇرىقى خۇشپۇراق ئۆسۈملۈكنىڭ پۇرىقىغا ئوخشاش.

توققۇزىنچى خوتۇن مۇنداق دېدى: مېنىڭ ئېرىم ئاتاغلىق، قامەتلىك سېخى، ئۆيى مەجلىس خانىغا يېقىن ئەردۇر. ئونىنچى خوتۇن مۇنداق دېدى: مېنىڭ ئېرىم خوجايىن، خوجايىن دېگەن نېمە؟ ئۇ ھەممىدىن ياخشى باي، ئۇنىڭ تۆگىسى كۆپ سۈت بېرىدۇ، يايلاقتا ئاز چىقىدۇ، تۆگىلەر پادا تايىقنى ئاڭلىسا ئۆزلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ بولىدۇ. ئون بىرىنچى خوتۇن مۇنداق دېدى. مېنىڭ ئېرىم ئەبۇزەرئىدۇر، مېنىڭ زىرە ـ مۇنچاقلىرىمنى تەۋرەتكەن (يەنى كۆپ زىننەت بۇيىمى ئېلىپ بەرگەن)، بىلىكىمنىڭ يېغىنى توشقۇزغان (مېنى سەمرىتكەن)، مېنى چوڭايتقان، ئۆز نەزىرىمدىمۇ ئۆزەمنى چوڭ ھېس قىلغانمەن، ئۇ مېنى تاغلىقنىڭ بىر چېتىدىكى بىر نەچچە قويلۇق ئائىلىدىن ئېلىپ چىقىپ، ئاتلار كىشنەيدىغان، تۆگىلەر بوزلايدىغان، خامان يۇمشىتىدىغان، ئاشلىق ئاقلايدىغان بىر ئائىلىگە ئېلىپ كىردى. ئۇنىڭ قېشىدا سۆزلىسەم ھاقارەتلەنمەيمەن، ئۇخلىسام تاڭ ئاتقىچە ئۇخلايمەن، ئىچىملىك ئىچسەم قېنىپ ئىچىمەن، ئەبۇزەرئىنىڭ ئانىسى، ئەبۇزەرئىنىڭ ئانىسى نېمە دېگەن كاتتا ئايال، ئۇنىڭ بوخچىسى چوڭ، ئۆيلىرى كەڭرى، ئەبۇزەرئىنىڭ ئوغلى باتۇر، كىلىشكەن ئوغۇل، قىزى بولسا ئاتا ـ ئانىسىغا ئىتائەتمەن، بەدەنلىرى توشقان، ھەسەدىنى قوزغايدىغان قىز، دېدىكى بولسا ئۆيىنىڭ گېپىنى سىرتتا تۇشمايدىغان، ئۆينى پاكىزە تۇتۇپ ئۆيدە ئەخلەت قالدۇرمايدىغان قىز. ئەبۇزەرئى بىر كۈنى سەھراغا چىقىپ كېتىۋېتىپ، يىلپىزدەك ئىككى بالىسىنى ئوينىتىۋاتقان، كۆكسى ئاناردەك بىر ئايالنى ئۇچۇرتۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ مېنى تالاق قىلىپ، ئۇ ئايالنى ئالدى. كېيىن مەن ئىنتايىن باي بىر كىشىگە تەگدىم، ماڭا ناھايىتى پاراۋان تۇرمۇش ئېلىپ كەلدى، ھەرقانداق مال ـ دۇنيا مېنىڭ ئىختىيارىمغا تاپشۇرۇلۇپ، يەڭ ـ ئىچىڭ، ئاتا ـ ئانىڭىزغا ئاپىرىڭ دەيتى، لېكىن ئۇ ھەرقانچە قىلسىمۇ، ئۇنىڭ بەرگىنىنى ئەبۇزەرئى نىڭكىگە قارىغاندا بىر پۇچۇق تاۋاققا تەڭ

قىلالمىدىم. ئائىشە ئانىمىز مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ گەپنى ئاڭلاپ ماڭا «مەن سىزگە نىسبەتەن ئەبۇزەرئىگە ئوخشايمەن» دېدى.

## خوتۇن كىشى نەپلە روزىنى ئېرىنىڭ ئىزنى بىلەن تۇتۇشى توغرىسىدا

1860 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: خوتۇن كىشىگە ئېرى ھازىر تۇرۇۋقلۇق ئۇنىڭ ئىزنىسىز روزا تۇتۇشى ھالال بولمايدۇ ۋە يەنە ئېرىنىڭ ئىزنىسىز ئۆيگە كىرىشكە ئىزنى بېرىشى ھالال بولمايدۇ. ئەرنىڭ ئەمرى (بۇيرىغى)سىز خوتۇن كىشىنىڭ قىلغان نەپىقىنىڭ يېرىمى (ساۋابىنىڭ يېرىمى) ئەرگە بولىدۇ.

1861 ـ ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: جەننەتنىڭ ئىشىگىگە قايىم بولدۇم، جەننەتكە كىرگەن كىشىلەرنىڭ ئاممىسى (كۆپۈنچىسى) مىسكىنلەردۇر، بايلىق ئىگىلىرى توختۇتۇپ قويۇلغۇچىدۇر. شۇنىڭسىزكى، تەھقىق دوزاخ ئەھلىنى دوزاخقا بۇيرۇلدى، دوزاخنىڭ ئىشىگىدە قائىم بولدۇم، پەس بىناگاھ دوزاخقا كىرگەن كىشىلەرنىڭ ئاممىسى (كۆپۈنچىسى) ئاياللاردۇر.

## سەپەرنى ئىرادە قىلغاندا خوتۇنلار ئارىسىدا چەك تاشلاش توغرىسىدا

1862 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەرگە چىقسا خوتۇنلىرى ئوتتۇرىسىدا چەك تاشلايتى، ئاندىن چەك ئائىشە ۋە ھەپسەگە ئۆچۈپ چىقتى، ۋەقتىكى كېچىدە يۈرسە ئائىشە بىلەن سۆزلىشىپ يۈرەر ئىدى. ئاندىن ھەپسە ئېيتتى: ئايا بۈگۈن كېچە مېنىڭ تۆگەمگە مىنگىن، مەن سىنىڭ تۆگەڭگە مىنەي، سەنمۇ قارايسەن ۋە مەنمۇ قارايمەن. ئاندىن ئائىشە ئېيتتى: بولىدۇ ماقۇل، ئاندىن ھەپسە مىندى، ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئائىشەنىڭ تۆگىسى يېنىغا كەلدى، ئۇ تۆگە ئۈستىدە

ھەپسە تۇردۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا سالام قىلدى، ئاندىن ماڭدى، ھەتتا چۈشكۈنگە چۈشتىلەر، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئائىشە يوقاتتى ۋە ئۇلار چۈشۈپ ئېيتتىلەر: ئائىشە ئىككى پۇتىنى ئىزخىرنىڭ ئارىسىغا تىقىپ ئېيتىدۇر: يارەب ! ماڭا منى چاقىدىغان چايانىنى ياكى يىلاننى مۇسەللەت قىلغىن ۋە ئۇنىڭغا بىر نەرسە دېيىشكە قادىر بولالمايمەن.

## چوكان ئۈستىگە قىز ئېلىش توغرىسىدا

1863 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: ئەگەر خالىسام ئېيتىمەن ئېيتتى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەپ ۋە لېكىن ئەنەس ئېيتتى: سۈننەت شۇدۇركى، قىزنى نىكاھىغا ئالسا ئۇنىڭ قېشىدا يەتتە كېچە تۇردۇ، ئەگەر چوكاننى نىكاھىغا ئالسا ئۇنىڭ قېشىدا ئۈچ كېچە تۇردۇ.

## يېتالمىغان نەرسە بىلەن تويۇنغۇچى بايانى ۋە كۈندەش خوتۇننىڭ پەخرى قىلىشىدىن نەھى قىلىش توغرىسىدا

1864 ـ ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق بىر خوتۇن ئېيتتى: يارەسۇلۇللاھ ! مېنىڭ كۈندىشىم بار ئايا ماڭا گۇناھ بولامدۇ؟ ئېرىم ماڭا بەرمىگەن نەرسە بىلەن تويۇنسام؟ (يەنى ماڭا بەرمىگەن نەرسىنى ماڭا بەردى ۋە ئۇنى بۇنى ئېلىپ بەردى دىسەم). ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئاتا قىلىنمىغان نەرسە بىلەن تويۇنغۇچى، يالغانچىلىقنىڭ ئىككى كىيىمنى كەيگۈچىگە ئوخشاشدۇر.

## كۈنلەش توغرىسىدا

1865 ـ ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: تەھقىق الله تەئالا غەيرەت قىلىدۇ، الله تەئالانىڭ غەيرىتى (كۈنلىشى)،

مۆمىننىڭ اللہ تەئالا ھارام قىلغان نەرسىگە كىلىشىدۇر.

1866 ـ ئەسما بىنتى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدى: مىنى زۇبەيىر نىكاھىغا ئالدى، ئۇنىڭ سۇ تارتىدىغان بىر تۆگىسى ۋە بىر دانە ئېتىدىن باشقا زىمىندا مال ۋە قۇل ۋە ھىچ نەرسىسى يوق ئىدى. مەن ئۇنىڭ ئېتىغا ھەلەپ بىرىمەن، سۇغۇرىمەن، سۇغۇسىنى يامايمەن ۋە خېمىر يۇغۇرىمەن، ناننى ياخشى ياقالمايتىم، ئەنسارى خوشنىلىرىم نان يېقىپ بىرەتتى، ئۇلار راسچىل خوتۇنلار ئىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىسىپ بەرگەن زۇبەيىرنىڭ يىرىدىن خورما ئۇرۇغىنى بېشىمغا ئارتىپ ئېلىپ كىلەتتىم، ئۇ يەر مەندىن بىر پەرسەخنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىچە بار ئىدى. ئاندىن بىر كۈنى ئۇرۇقچىنى بېشىمچە كۆتۈرۈپ كىلىۋېتىپ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يولۇقتۇم، ئۇنىڭ بىلەن ئەنسارىلاردىن بىرنەچچە كىشىلەر بار، مىنى چاقىردى، ئاندىن مىنى ئارقىسىغا مىندۈرۈش ئۈچۈن تۆگىسىنى چۆك ـ چۆك دىدى، ئاندىن مەن ئەرلەر بىلەن مېڭىشتىن ھايا قىلدىم، زۇبەيىرنى ۋە ئۇنىڭ كۈندەشلىگىنى ئويلىدۇم، ئۇ خالايىقنىڭ كۈندەشچىراغى ئىدى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنىڭ ھايا قىلغانلىغىمنى بىلىپ يۈرۈپ كەتتى. ئاندىن زۇبەيىرگە كىلىپ مۇنداق دىدىم: ماڭا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنىڭ بېشىمدا ئۇرۇقچىلار بار ھالەتتە ئەسھابلىرىدىن بىرنەچچە نەپەر كىشىلەر بىلەن ئۇچىراشتى، مىنىڭ مىنىشىم ئۈچۈن تۆگەسىنى تىزلاتتى، ئاندىن مەن ئۇنىڭدىن ھايا قىلدىم ۋە سىنىڭ كۈندەشلىكىڭنى تونۇدۇم. ئاندىن زۇبەيىر ئېيتتى: ۋەللاھۇ سىنىڭ ئۇرۇقچا كۆتەرگىنىڭ ماڭا رەسۇلۇللاھ بىلەن مىنگەشكىنىڭدىن ئېغىرراقدۇر. ئەسما ئېيتتى: ھەتتا (ئاتام) ئەبۇبەكرى بۇنىڭدىن كىيىن ئاتنى باشقۇرىدىغان بىر خادىم ئەۋەتتى، ئاندىن گويا مىنى ئازاد قىلغاندەك بولدى.

## ئاياللارنىڭ كۆندەشلىكى ۋە غەزىپى ۋە غەمكىنلىكى توغرىسىدا

**1867** ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندى: ماڭا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: تەھقىق مەن سىزنىڭ مەندىن رازى بولغان ۋاقتىڭىزنى ۋە ماڭا غەزەبلىك بولغان ۋاقتىڭىزنى بىلىمەن. ئائىشە ئېيتتى: بۇنى نەدىن تۇنۇدىلا دىدىم؟. ئۇل جاناب ئېيتتى: ۋەقتىكى مەندىن رازى بولسىڭىز ئېيتىسىز: قەسەم مۇھەممەدنىڭ رەببىگە، ۋەقتىكى غەزەب قىلسىڭىز دەيسىز: قەسەم ئىبراھىمنىڭ پەرۋەردىگارىغا، ئېيتتىم: شۇنداق يارەسۇلۇللاھ ! ئىسمىڭىزنىلا تەرىك ئېتىمەن.

## ئەر كىشىنىڭ نىكاھ هارام بولىدىغان يېقىن تۇققانلىرىدىن باشقا خوتۇن بىلەن خالى بولماسلىقى ۋە ئېرى غايىپ بولغان خوتۇن قېشىغا كىرمەسلىكى توغرىسىدا

**1868** ـ ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئاياللارنىڭ قېشىغا كىرىشدىن يىراق بۇلۇڭلار! ئاندىن ئەنسارىلاردىن بىر كىشى ئېيتتى: يارەسۇلۇللاھ ! ئەرنىڭ ئەر تۇققىنىنى قانداق قارايلا؟ ئۇل جناب ئېيتتى: ئەرنىڭ ئەر تۇققىنى ئۆلۈمدۇر.

## ئايال كىشى ئايال كىشىنىڭ بەدىنىگە بەدىنىنى چاپلاشتۇرماسلىقى ۋە ئۇ خوتۇننى ئېرىگە ماختاپ بەرمەسلىكى توغرىسىدا

**1869** ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: خوتۇن كىشى خوتۇن كىشىگە بەدىنىنى چاپلىمىسۇن، ئاندىن ئۇ خوتۇننى بۇ خوتۇن ئېرىگە سۈپەتلەپ بەرسە گۈياكى ئۇ ئەر ئۇ خوتۇنغا قارىغاندەك بولىدۇ (بۇنداق قىلمىسۇن).

## ئۇيىدىن ئۇزۇن يوقاپ كەتكەن كىشى ئائىلىسىگە كېچىدە كىرمەسلىكى توغرىسىدا

1870 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ۋەقتىكى سىلەرنىڭ بىرىڭلار (ئۆيدىن) ئۇزۇن ئايرىلسا، ئائىلىسىگە كېچىدە كىرمىسۇن!.

1871 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ۋەقتىكى كېچىدە مەھەللىگە كىرسەڭ ئائىلەڭگە كىرمىگىن، ھەتتاكى ئېرىدىن ئايرىلغان خوتۇن سۈننەت قىلغاي ۋە بېشى چۇۋۇق خوتۇن بېشىنى تارىۋېلىشى ئۈچۈن.

## (60) تالاقنىڭ كىتابى

1872 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا خوتۇنىنى تالاق قىلدى. ھالئۇلكى ئۇ خوتۇن ھەيزداردۇر. ئاندىن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بۇنى سورىدى. ئاندىن ئول جاناب رەسۇلۇللاھ ئېيتتى: ئۇنىڭغا ئەمرى قىل خوتۇنىغا يېنىشسۇن، ئاندىن ئۇ خوتۇن پاك بولغىچىلىك ئۇنى تۇتۇپ تۇرسۇن، ئاندىن ھەيز كۆرگەي، ئاندىن پاك بولغاي، ئاندىن كېيىن ئەگەر خالىسا ئۆي تۇتسۇن، ئەگەر خالىمىسا ئۇنىڭغا (جىما) قىلىشىدىن ئىلگىرى تالاق قىلسۇن، بۇ ئىددەت الله تەئالا خوتۇنلارنى ئۇشۇ ئىددەت ئۈچۈن تالاق قىلىشقا ئەمرى قىلغان (بۇيرىغان) ئىددەتدۇر.

ھەيزدار خوتۇنىنى تالاق قىلىنسا شۇ تالاق بىلەن ئىددەت تۇتىدىغانلىقى توغرىسىدا

1873 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: ئۇ تالاقنى ماڭا بىر تالاق ھېساپ قىلىندى.

### تالاق قىلغان كىشى خوتۇنىغا تالاقنى يۈزتۇرانە قىلامدۇر؟ توغرىسىدا

1874 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق جەۋنىنىڭ قىزىنى پەيغەمبەر

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كىرگۈزۈلۈپ، ئۇل جاناب ئۇنىڭغا يېقىن كىلىۋىدى، ئۇ قىز ئېيتتى: الله غا سەندىن پاناھ تەلەپ قىلىمەن. ئۇل جاناب ئۇنىڭغا ئېيتتى: ناھايىتى چوڭ ئەزىم بىلەن پاناھ تەلەپ قىلدىڭ، ئۆز ئەھلىڭگە لايىق بولغىن (قوشۇلغىن).

1875 ـ ئەبى ئۇسەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر رىۋايىتىدە: تەھقىق ئۇ جەۋنىنىڭ قىزىنى ئۇل جانابقا كىرگۈزۈلدى، ئۇنىڭ بىلەن تۇغۇت ئانىسى تەربىيەچىسى بار. ئۇنىڭغا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: نەپسىڭنى ماڭا ھىبە قىل؟ ئۇ قىز ئېيتتى: مەلىكە ئۆز نەپسىنى پۇقراغا ھىبە قىلامدۇ؟. ئېيتتى راۋى: ئۇ تەسكىن تاپسۇن ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ قولىنى ئۇنىڭغا قويۇشنى ئىرادە قىلىۋىدى، ئۇ قىز ئېيتتى: الله غا سەندىن پاناھ تەلەپ قىلىمەن. ئاندىن ئۇل جاناب ئېيتتى: ئەلبەتتە مۇئاز بىلەن پاناھ تەلەپ قىلدىڭ. ئاندىن بىزلەرگە چىقىپ ئېيتتى: ياﺋابا ئۇسەيد ! ئۇ قىزغا ئىككى ئاق كىيىمنى كىيىملىك بەرگىن، ئۇنى ئۆز ئەھلىگە قوشۇپ قويغىن.

## ئۈچ تالاقنى جائىز قىلغان كىشى توغرىسىدا

1876 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق رىپائەتە قۇرەزىنىڭ خوتۇنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھوزۇرىغا كىلىپ ئېيتتى: يارەسۇلۇللاھ ! تەھقىق رىپائە مىنى تالاق قىلدى ۋە تالىقىمنى بائىن (ئۈچ تالاق) قىلدى، تەھقىق مەن ئۇنىڭدىن كىيىن ئابدۇراھمان ئىبنى زۇبەيىر قۇرەزىگە نىكاھلاندىم، تەھقىق ئۇنىڭ نەرسىسى كىيىمنىڭ چۇچىسىدەك ئىكەن. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: رىپائەگە يېنىشىۋېلىشنى ئۈمىد قىلىۋاتامسەن؟ ياق ـ دۇرۇس بولمايدۇ ! ھەتتاكى ئۇ سىنىڭ ھەسەل چىگىنى تېتىغىچىلىك، سەنمۇ ئۇنىڭ ھەسەل چىگىنى تېتىغىچىلىك (دۇرۇس بولمايدۇ).

اللە تەئالانىڭ {لِمَ تُحَرِّمُ مَا أَحَلَّ اللَّهُ لَكَ تَبْتَغِي مَرْضَاتَ أَزْوَاجِكَ} *{نىمە ئۈچۈن اللە ھالال قىلغان نەرسىنى ھارام قىلىسەن}* سۈرە تەھرىم 1 ـ ئايىتى توغرىسىدا

1877 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەسەلنى ۋە ھالۋىنى دوس تۇتار ئىدى. ۋەقتىكى ئەسر نامىزىدىن قايتسا خوتۇنلىرىنىڭ قېشىغا كىرەتتى ۋە ئۇلارنىڭ بىرىگە يېقىن بولاتتى. ئاندىن ھەپسە بىنتى ئۆمەر قېشىغا كىردى، ئىلگىرى توختايدىغانلىرىدىن ئۇزۇنراق توختاپ قالدى، ئاندىن كۈندەشلىكىم تۇتۇپ بۇنىڭدىن سورىدىم، ئاندىن ماڭا دېيىلدى: ھەپسەگە قەۋمىدىن بىر خوتۇن بىر قۇتا ھەسەل ھەدىيە قىلىنغان ئىكەن، ھەپسە شۇ ھەسەلدىن بىر شەربەت سۇغاردى. ئاندىن ئېيتتىم: ۋەللاھۇ ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا ھىلە قىلىمىز، ئاندىن سەۋدە بىنتى زەمئەگە ئېيتتىم: تەھقىق ئۇ رەسۇلۇللاھ ساڭا يېقىن كېلىشى مۇمكىن، پەس ۋەقتىكى ساڭا يېقىن كەلسە ئۇنىڭغا ئېيتقىن: مەغاپىر يەپتىلا دەپ، ئۇ ساڭا ياق دەيدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئېيتقىن: سىلىدىن مەن تېپىۋاتقان بوي (پۇراق) نىمەدۇر؟ رەسۇلۇللاھ ساڭا ئېيتىدۇ ـ دە: ھەپسە مىنى بىر قاچا ھەسەل بىلەن سۇغاردى. ئاندىن ئۇنىڭغا ئېيتقىن: ئۇرپەت ھەرىسى يالاپ قويغان نەرسە ۋە مەنمۇ شۇنداق دەيمەن، ئى سەپىيە سەنمۇ شۇنداق دىگىن! ئاندىن ئائىشە ئېيتتى: سەۋدە ئېيتىدۇر: ۋەللاھۇ ئۇ مەگەر ئىشىكدە تۇردى، مەن ئۇنىڭغا ئائىشە سەن بۇيرىغان نەرسە بىلەن گەپ باشلاشنى ئىرادە قىلدىم، سەندىن قورۇققان جەھەتتىن. رەسۇلۇللاھ ئۇ سەۋدەگە يېقىن كېلىۋىدى ئۇنىڭغا سەۋدە ئېيتتى: يارەسۇلۇللاھ ! مەغاپىر يەپتىلا؟ رەسۇلۇللاھ ياق دىدى، سەۋدە ئېيتتى: مەن سىلىدىن تېپىۋاتقان بوي (پۇراق) نىمەدۇر؟ رەسۇلۇلاھ ئېيتتى: مىنى ھەپسە ھەسەل شەربىتى بىلەن سۇغاردى، ئاندىن سەۋدە ئېيتتى: ئۇرپەت ھەرىسى يالىغان نەرسىدۇر، ئاندىن ماڭا يېقىن دەۋرى قىلىۋىدى مەنمۇ ئۇنىڭغا شۇنى دىدىم ۋە سەپىيەگە

دەۋرى قىلىۋىدى، ئۇمۇ ئۇنىڭغا شۇنى دىدى، ئاندىن ھەپسەگە دەۋرى قىلىۋىدى، يارەسۇلۇللاھ ! سىلنى ھەسەل بىلەن سۇغۇرايمۇ؟ رەسۇلۇللاھ ئېيتتى: ھاجەت يوق. ئېيتتى ئائىشە: سەۋدە ئېيتىدۇر: ئەلۋەتتە ئۇنى مەھرۇم قىلدۇق، ئۇنىڭغا ئېيتتىم: جىم بۇل!.

**خۇلئى ۋە ئۇنىڭدىكى تالاق ھەققىدە ۋە الله تەئالانىڭ** {وَلا يَحِلُّ لَكُمْ وَنْ تَوْخُذُوا مِمَّا زْتَيْتُمُوهُنَّ شَيْئاً ولاَ وَنْ يَخَافَا وَلاَ يُقِيمَا حُدُودَ اللَّهِ} مەنىسى: ***{الله نىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلالماسلىق خەۋپى (يەنى ياخشى ئۆتەلمەسلىك، الله بەلگىلىگەن ئەر-خوتۇنلۇق ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلالماسلىق خەۋپى) بولمىسىلا، ئۆزەڭلارنىڭ ئاياللىرىغا (مەھرى ئۈچۈن) بەرگەن مال-مۈلۈكتىن ھىچقانداق نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىش دۇرۇس بولمايدۇ}*** . سۈرە بەقەرە 229 - **ئايىتى توغرىسىدا**

**1878** - ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىنرىۋايەت قىلىندى: تەھقىق سابىت ئىبنى قەيسنىڭ خوتۇنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىغا كىلىپ ئېيتتى: يارەسۇلۇللاھ ! سابىت ئىبنى قەيسگە ئەخلاقىدا ۋە دىنىدا غەزەبلىنىپ ئەيىپ قىلمايمەن، لىكىن ئىسلامدا ناخۇش كۆرىمەن. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئۇنىڭغا بېغىنى قايتۇرۇپ بىرەمسەن؟ ئۇ خوتۇن ئېيتتى: ھەئە. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: بېغىنى قۇبۇل قىلىپ ئېلىپ ئۇنى بىر تالاق قىل.

**پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇرەيدەنىڭ ئېرىنىڭ ھەققىدە شاپائەت قىلغانلىغى توغرىسىدا**

**1879** - ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق بەرىيرەنىڭ ئېرى قۇل ئىدى، ئۇنى مۇغىس دىيىلەتتى. گۇيا ئۇ بەرىيرەنىڭ ئارقىسنى ئايلىنىپ يىغلىغانلىغىغا قارايمەن، ئۇنىڭ ياشلىرى ئىككى ئىڭىگىگە ئاقىدۇر. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاباباسقا

ئېيتتى: ئى ئاباباس! مۇغەيسەنىڭ بەرىيرەنى دوس تۇتقانلىقىدىن، بەرىيرەنىڭ مۇغەيسەنى دۈشمەن تۇتقانلىقىدىن ھەيران قالامسەن؟ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: مۇغەيسەگە يېنىشۋالغان بولساڭ. بەرىيرە ئېيتتى: يارەسۇلۇللاھ ! منى ئەمرى قىلامدىلا؟ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: شۇبھىسىزكى شاپائەت قىلمەن. ئېيتتى بەرىيرە: ماڭا ئۇنىڭدا ھاجەت يوق.

## لەنەت ئېيتىشىش توغرىسىدا

1880 ـ سەھلى ئىبنى سەئىد سائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: مەن يىتىم بالىغا كېپىل بولغۇچى بىلەن جەننەتتە مۇشۇنداق دۈرمىز دەپ بىگىز بارمىغى ۋە ئوتتۇر بارمىغى بىلەن ئىشارەت قىلدى ۋە ئىككى بارماق ئوتتۇرسىنى ئازراق ئۇچۇق قىلدى.

## بالىغا تېنىشنى بۇرۇتۇپ ئۇتۇش توغرىسىدا

1881 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق بىر كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىغا كېلىپ ئېيتتى: يارەسۇلۇللاھ ! ماڭا قارا بالا تۇغۇلدى؟ ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ساڭا تۆگىدىن بارمۇ؟ ئۇ ئېيتتى: ھەئە. ئاندىن ئۇل جاناب ئېيتتى: ئۇ تۆگەڭنىڭ رەڭگى قانداقدۇر؟ ئۇ ئېيتتى: قىزىل. ئېيتتى ئۇل جاناب: ئايا تۆگىدە ئالىدىن بارمۇ؟ ئۇ ئېيتتى: ھەئە. ئېيتتى ئۇل جاناب: بۇ ئالا تۆگە نەدىن؟ ئۇ ئېيتتى: ئۇمىدكى ئۇنى تومۇر تارتىپ قالغاندۇر. ئېيتتى ئۇل جاناب: پەس ئۇمىدكى سىنىڭ بۇ ئوغلۇڭنىمۇ تومۇر تارتىپ قالغاندۇر.

## ئىككى لەنەت ئېيتقۇچىنى تەۋبە قىلدۇرۇش توغرىسىدا

1882 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى لەنەت ئېيتقۇچىغا ئېيتتى: ئىككىڭلارنىڭ ھېسابى اللە تەئالاغادۇر، ئىككىڭلارنىڭ بىرى يالغانچىدۇر، ساڭا ئۇ خوتۇن ئۈستىگە يول يوقدۇر. ئېيتتى ئەر: مېنىڭ مېلىمچۇ؟. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ساڭا مال يوقدۇر، ئەگەر ئۇ خوتۇنغا سادىق بولساڭ ئۇ مېلىڭ سەن ئۇ خوتۇننى ھالال قىلغان نەرسىنىڭ باراۋىرىگەدۇر، ئەگەر ئۇ خوتۇنغا يالغان ئېيتساڭ، بۇ مېلىڭ ساڭا تېخىمۇ يىراقراقدۇر. (يەنى مەھرى بەرگەن مال ئەرگە ھەر ئىككىلا سۈرەتتە يوقدۇر يانمايدۇ).

## قارلىق تۇتقۇچى خوتۇننىڭ سۈرمە سۈرىشى توغرىسىدا

1883 ـ ئۇممە سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق بىر خوتۇننىڭ ئېرى ۋاپات بولغان ئىدى، ئۇ خوتۇننىڭ تۇققانلىرى ئۇ خوتۇننىڭ كۆزى ئاغرىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىغا كىلىپ ئۇ خوتۇننىڭ سۈرمە تارتىشى ھەققىدە ئىزنى سورىدى. ئاندىن ئۇل جاناب ئېيتتى: سۈرمە تاتمايدۇر، تەھقىق سىلەرنىڭ بىرىڭلار ناچار كىيىمدە ۋە ناچار كىچىك ئۆيدە تۇراتتى، پەس ۋەقتىكى بىر يىل بولسا، ئاندىن بىر ئېيت ئۆتسە ئۇنىڭغا تېزەك ئاتار ئىدى (يەنى بىر يىل قارلىق تۇتاتتى)، ئاندىن سۈرمە تاتمىسۇن ھەتتاكى تۆت ئاي ئون كۈن ئۆتكىچىلىك.

## (61) نەپىقىلەر كىتابى

## ئەھلىگە نەپىقە قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

1884 ـ ئەبۇ مەسئۇدىل ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ۋەقتىكى بىر مۇسۇلمان ساۋاپ ئۈمىد قىلىپ تۇرۇپ ئۆز ئەھلىگە نەپىقە

قىلسا، ئۇ نەپىقە ئۇ مۇسۇلمان ئۈچۈن سەدىقە بولىدۇر.

1885 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: تۇل خوتۇن ۋە مىسكىنگە سەئى قىلغۇچى (ئۇنىڭدىن خەۋەر ئالغۇچى)، فى سەبىلىللاھ جىھاد قىلغۇچىغا ئوخشاشدۇر ياكى كېچىسى بىدار بولۇپ، كۈندۈزى روزا تۇتقۇچىغا ئوخشاشدۇر.

## ئۆز ئەھلى ـ بالاجاقلىرىگە بىر يىللىق تەمىناتىنى ساقلاش ۋە بالاجاقلىرىنىڭ نەپىقە ـ خىراجىتى قانداق بولۇشى توغرىسىدا

1886 ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەنى نەزىرنىڭ خورمىلىق بېغىنى ساتار ئىدى ۋە ئەھلىنىڭ (ئائىلىسىنىڭ) يىللىق ئوزۇق ـ نەپىقىسىنى تۇتۇپ قالار ئىدى.

## (62) تائاملار كىتابى

1887 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ ئېيتتى: ماڭا قاتتىق ئاچارچىلىق يەتتى، ئاندىن ئۆمەرگە يولۇقتۇم، ئۇنىڭدىن الله ئەززە ۋەجەللىنىڭ كىتابىدىن بىر ئايەت قىرائەت قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدىم*. ئۇ ھويلىسىغا كىرىپ ئۇ ئايەتنى ماڭا ئوقۇپ بەردى، ئاندىن ئازراق ماڭدىم، بەك قاتتىق ئاچارچىلىقتىن يۈزۈمچە يىقىلدىم، پەس بىناگاھ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بېشىمدا ئۆرە تۇرۇپتۇ. ئۇل جاناب ئېيتتى: ئى ئابا ھۇرەيرە!؟ پەس ئېيتتىم: لەببەيكە يارەسۇلۇللاھ !. ئاندىن قولۇمنى تۇتۇپ مىنى ئۆرە تۇرغۇزدى ۋە مىنىڭ ئەھۋالىمنى تونىدى، ئاندىن مىنى ئۆيىگە ئېلىپ باردى، ماڭا بىر چوڭ قاچا سۈت بۇيرىدى ئۇنىڭدىن ئىچتىم. ئاندىن ئېيتتى: ئى ئەبۇ ھۇرەيرە قايتا ئىچ! ئاندىن ئىچتىم. ئاندىن ئېيتتى:

يەنە ئىچ! ئاندىن ئىچتىم، ھەتتا قوسىقىم تويۇپ ئوقيادەك رۇس بولدى. ئېيتتى ئەبۇ ھۇرەيرە: ئاندىن ئۆمەرگە يولۇقتۇم ۋە ئۇنىڭغا بولغان ئىشىمنى زىكرى قىلدىم ۋە ئۇنىڭغا ئېيتتىم: اللە تەئالا تويغۇزۇشقا سىنىڭدىنمۇ ھەقلىقراق كىشىنى ئىگە قىلدى، ئى ئۆمەر! ساڭا ئايەتنى ئوقۇپ بىرىشنى تەلەپ قىلغىنىمدا، ئەلۋەتتە مەن ئۇ ئايەتنى سەندىنمۇ بەكراق ئوقۇيتۇم (بىلەتتىم). ئۆمەر ئېيتتى: ۋەللاھۇ ئەلۋەتتە سىنى ئۆيۈمگە كىرگۈزگىنىم پۈتۈن ئەرەپنىڭ قىزىل چارۋىسىنىڭ ماڭا بولغىنىدىنمۇ دوسراقدۇر.

## تائامغا « بىسمىللاھ » دىيىش ۋە ئوڭ قول بىلەن يىيىش توغرىسىدا

1888 ـ ئۆمەر ئىبنى ئەبى سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ ئېيتتى: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تەربىيەسىدە كىچىك ئوغۇل ئىدىم، مىنىڭ قولام تاماق قاچىسىنىڭ ئىچىدە ئايلىناتتى، ئاندىن ماڭا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئى ئوغلۇم! «بىسمىللاھ »دىگىن ۋە ئوڭ قولاڭ بىلەن يىگىن ۋە ئالدىڭدىن يىگىن!. ئاندىن بۇندىن كىيىن تائام يىيىشىم ھەمىشە مۇشۇنداق بولدى.

## تويغىچە يىگەن كىشى توغرىسىدا

1889 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىپ ئېيتتى: بىز ئىككى قارا نەرسىگە (يەنى خورما ۋە سۇغا) تويغان ۋاقتىمىزدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولدى.

## يۇمشاق نىپىز نان ۋە داستىخان ئۈستىدە يىيىش توغرىسىدا

1890 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىپىز يۇمشاق نان يىمىدى ۋە تېرىسى بىلەن پۇشۇرۇلغان قوي گۆشى يىمىدى، ھەتتاكى اللە تەئالانىڭ دىدارىغا يولۇقتى (ۋاپات بولدى).

1891 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر رىۋايىتىدە ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈششاق قاچىلاردا تائام يېگىنىنى، نە ئۈنىڭغا يۇمشاق نان يېقىلغانلىغىنى، نە جوزىدەك ئىگىز نەرسىدە تائام يېگىنىنى ھەرگىز بىلمىدىم.

## بىر كىشىنىڭ تائامى ئىككى كىشىگە كۇپايە قىلىدىغانلىغى توغرىسىدا

1892 ـ ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئىككى كىشىنىڭ تائامى ئۈچ كىشىگە كۇپايە قىلىدۇر، ئۈچ كىشىنىڭ تائامى تۆت كىشىگە كۇپايە قىلىدۇر.

## مۆمىن بىر ئۈچەيگە يەيدىغانلىغى توغرىسىدا

1893 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدىكى: تەھقىق ئۇ زات بىللە تائام يەيدىغان مىسكىن كەلتۈرۈلگىچىلىك تائام يېمەيتى. بىر كۈنى بىرگە بىللە تاماق يەيدىغان بىر كىشىنى كەلتۈرۈلدى، ئۇ كىشى كۆپ يېدى، ئاندىن ئىبنى ئۆمەر خادىمگە ئېيتتى: بۇ كىشىنى ماڭا (قېشىمغا) كىرگۈزمىگىن! پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇر: مۆمىن بىر ئۈچەيگە يەيدۇ، كاپىر يەتتە ئۈچەيگە يەيدۇ.

## بىر نەرسىگە يۆلۈنۈپ يېيىش توغرىسىدا

1894 ـ ئەبۇ جۇھەيپە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ ئېيتتى: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىدا بار ئىدىم، ئاندىن ئۇل جاناب قېشىدىكى بىر كىشىگە ئېيتتى: مەن بىر نەرسىگە يۆلەنگەن ھالىتىمدە يېمەيمەن.

## پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تائامنى ئەيىبلىمىگەنلىگى توغرىسىدا

1895 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم تائامنى ھەرگىز ئەيىبلىمەيتى، ئەگەر تائامغا ئىشتىھا قىلسا (يېگىسى بولسا) يەيتى، ئەگەر ئۇنى ناخۇش كۆرسە ئۇنى تەرىك قىلاتتى.

## ئارپا ئۇنىنى پۈلەش توغرىسىدا

1896 ـ سەھلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق ئۇنىڭغا دېيىلدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زامانىدا يۇمشاق تاسقالغان ئاق ئۇنناك نېنىنى كۆردۈڭمۇ؟ ئېيتتى: ياق. دېيىلدى: ئايا ئارپا ئۇنىنى تاسقايتتىڭلارمۇ؟ ئېيتتى: ياق، لېكىن ئۇنى پۈلەيتۇق (ئۇن تارتىلغاندىن كېيىن، كېپەك ئۇششۇقۇنداقلىرىنى ئايرىۋېتىش ئۈچۈن).

## پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ئەسھابلىرى يەيدىغان نەرسە توغرىسىدا

1897 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كۈنى ئەسھابلىرى ئارىسىدا خورما تەقسىم قىلدى، ھەربىر ئىنسانغا يەتتە دانە خورما بەردى، ئاندىن ماڭىمۇ يەتتە دانە خورما بەردىكى ئۇنىڭ بىرى ناھايىتى قاتتىق قۇرۇق، ئۇ خورمىلار ئىچىدە ئۇنىڭدىن ئەجەپلىكراق خورما يوق ئىدى، چاينىشىمدا ناھايىتى قاتتىق بولدى (تەستە چايندىم).

1898 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق ئۇ، ئالدىلىرىدا قوي كاۋىپى بار قەۋمىلەرگە ئۆتتى، ئاندىن ئۇلار ئۇنى چاقىردى، ئۇ يېيىشتىن باش تارتتى ۋە ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دۇنيادىن ئارپا نېنىغىمۇ تويماي چىقىپ كەتتى.

1899 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەھلى بەيتلىرى مەدىنىگە كەلگەندىن بىرى ئۇدا ئۈچ كېچە بۇغداي تائامغا تويمىدى، ھەتتاكى قەبزى قىلىنىدى.

## بۇغداي ئۇنىغا ھەسەل قوشۇپ قىلىنغان تائام توغرىسىدا

1900 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق ئۇ زات مېيىت ئۆز ئەھلىدىن ئايرىلىپ ئۆلگەن ۋاقتىدا ئۇنىڭغا خوتۇنلىرى يىغىلىپ، ئۆز خاس ئەھلىدىن باشقىلىرى تاراپ كەتكەندە بىر قازان تەلبىنەگە بۇيرۇيتى، ئاندىن ئۇنى پۇشۇرۇلۇپ، ئاندىن قورداق ياسىلىپ، تەلبىنەنى ئۇنىڭ ئۈستىگە قويۇلاتتى. ئاندىن ئېيتىدۇر: ئۇنىڭدىن يەڭلار ئاياللار!. پەس تەھقىق مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى، ئېيتىدۇر: تەلبىنە كېسەل كىشىنىڭ يۈرىگىگە ئارام بەرگۈچىدۇر، بەزى غەملەرنى كەتكۈزىدۇر.

## كۈمۈش يالىتىلغان قاچىدا تائام يېيىش توغرىسىدا

1901 ـ ھۇزەيپە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇر: نىپىز ۋە قېلىن يىپەكنى كەيمەڭلار ۋە ئالتۇن ۋە كۈمۈش قاچىدا ئىچمەڭلار ۋە ئۇ قاچىلاردا يېمەڭلار! پەس تەھقىق ئالتۇن ـ كۈمۈش قاچىلار دۇنيادا كاپىرلار ئۈچۈندۇر، ئاخىرەتتە بىز ئۈچۈندۇر.

## بۇرادەرلىرىنى تائامغا تەكلىپ قىلىدىغان كىشى توغرىسىدا

1902 ـ ئەبۇمەسئۇدىل ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ ئېيتتى: ئەنسارىلاردىن ئەبۇ شۇئەيب دەپ ئاتىلىدىغان بىر كىشى بار ئىدى، ئۇنىڭ گۆش ساتىدىغان بىر ئوغلى بار ئىدى، ئۇنىڭغا ئەبۇ شۇئەيب ئېيتتى: ماڭا تاماق ئېتىپ بەرگىن! ئۇنىڭغا بەشىنىڭ بەشىنچىسى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى چاقىرىمەن. ئاندىن بەش كىشىنىڭ بەشىنچىسى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى چاقىردى، ئۇلارغا بىر كىشى ئەگىشىپ كەلدى، ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: تەھقىق سەن، بىز بەش كىشىنى چاقىرغان

ئىدىك، بۇكىشى بىزگە ئەگىشىپ كەلدى، ئەگەر خالىساڭ ئۇنىڭغا ئىزنى بېرىسەن، ئەگەر خالىمىساڭ ئۇنى تەرىك قىلىسەن؟ ئۇ ئېيتتى: بەلكى ئۇنىڭغا ئىزنى بەردىم.

## يۆل خورما بىلەن خەڭگا توغرىسىدا

1903 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى جەپەر ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىپ ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خورمىنى خەڭگا بىلەن يەۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

## يۆل ۋە قۇرۇق خورما توغرىسىدا

1904 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىپ ئېيتتى: مەدىنىدە بىر يەھۇدى بولۇپ ئۇ ماڭا خورمىدىن ئۈزۈپ بېرىدىغانلىقىمغا ئالدىغا قەرىز بەرگەن ئىدى. جابىرنىڭ رومە قۇدۇغى يولىدا زېمىنى بار ئىدى، ئۇ زېمىن بىر يىل مېۋىدىن خالى بولدى (مېۋە بولمىدى)، قەرىز بىر يىل كېچىكتى. ئاندىن يەھۇدى خورمىنى ئۈزىدىغان ۋاقتىدا كەلدى، ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسە ئۈزمىگەن ئىدىم. ئاندىن يەھۇدىدىن كېلەر يىلىغا مۆھلەت بېرىشنى تەلەپ قىلسام ئۇنىمىدى. ئاندىن بۇنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خەۋەر بېرىلدى، ئاندىن ئۇل جاناب ئەسھابلىرىگە ئېيتتى: يۈرۈڭلار! جابىرغا يەھۇدىدىن مۆھلەت ـ كېچىكتۈرۈش سورايلى، ئاندىن مېنىڭ خورمىلىق بېغىمغا كەلدى، ئاندىن ئۇل جاناب يەھۇدىغا گەپ قىلىۋىدى؛ يەھۇدى ئېيتىدۇر: ئى ئۇبۇلقاسىم! ئۇنىڭغا مۆھلەت ـ ۋاقىت بەرمەيمەن. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنى كۆرۈپ قوپۇپ خورمىلىقنى ئايلاندى، ئاندىن يەھۇدى قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا گەپ قىلىۋىدى، ئۇ باش تارتتى. ئاندىن قوپۇپ ئازراق يۆل خورما ئەكېلىپ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئالدىغا قويدۇم، ئۇنى يېدى، ئاندىن ئېيتتى: ئى جابىر!

چەللەك (سايۋەنلىك) قايەردە؟ ئۇنىڭغا خەۋەر قىلدىم، ئاندىن ئېيتتى: ماڭا ئۇ يەردە كۆرپە سالغىن، كۆرپە سالدىم، ئۇنىڭغا كىرىپ ئۇخلىدى، ئاندىن ئويغاندى، ئاندىن ئۇنىڭغا يەنە بىر ساپ خورما ئەكىلىپ بەردىم، ئۇنىڭدىن يېدى، ئاندىن يەھۇدىغا گەپ قىلدى، ئۇ ئۇنىمىدى. ئاندىن ئۇل جاناب خورما زارلىقدا ئىككىنچى قوپۇپ ئېيتتى: ئى جابىر! ئۈزگىن ۋە قەرزىنى ئادا قىلغىن! ئاندىن ئۈزۈش ئۈستىدە توردى، خورمىدىن قەرزىمنى ئادا قىلغۇدەك مىقدارىنى ئۈزدۈم ۋە ئۇنىڭ ئوخششى (يىرمى) ئېشىپ قالدى. ئاندىن چىقىپ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىغا كىلىپ ئۇنىڭغا خوش-خەۋەر يەتكۈزدۈم. ئاندىن ئۇل جاناب ئېيتتى: گۇۋاھلىق بىرىمەنكى، تەھقىق مەن الله تەئالانىڭ پەيغەمبىرى دۇرمەن.

**ئەجۋە خورمىسى (جانابى رەسۇلۇللاھ ئۆز قولى بىلەن تىككەن ئەسل خورما) توغرىسىدا**

1905 ـ سەئىد ئىبنى ئەبۇۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: كىشى ھەر كۈنى ئەتىگەندە ناشتىدا يەتتە دانە ئەجۋە خورمىنى يىسە، ئۇ كىشىگە شۇ كۈندە زەھەر ۋە سەھرى زەرەر قىلمايدۇ.

**ئۇششاق بارماقلارنى يالاش توغرىسىدا**

1906 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ۋەقتىكى سىلەرنىڭ بىرىڭلار تائام يىسە قولىنى ئېيتمىسۇن، ھەتتاكى ئۇنى يالىغاي ياكى يالاتقاي.

1907 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىپ ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا ئالقانلىرىمىزدىن ۋە بىلەكلىرىمىزدىن ۋە تاپانلىرىمىزدىن باشقا، بىزلەرنىڭ لۆڭگەلىرىمىز (قول ئېيتقۇچلىرىمىز) يوق ئىدى.

## تائام يەپ بولغاندىن كېيىن ئېيتىدىغان نەرسە توغرىسىدا

**1908 ـ** ئەبى ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم داستىخان كۆتۈرۈلگەندە « الْحَمْدُ لِلَّهِ حَمْدًا كَثِيرًا طَيِّبًا مُبَارَكًا فِيهِ. غَيْرَمَكْفِيٍّ وَلَا مُوَدَّعٍ وَلَا مُسْتَغْنًى عَنْهُ رَبَّنَا» دەر ئىدى

**1909 ـ** ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر رىۋايىتىدە: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تائام يەپ بولغان ۋاقتىدا ئېيتار ئىدى: « الْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي كَفَانَا وَأَرْوَانَا غَيْرَ مَكْفِيٍّ وَلَا مَكْفُورٍ».

الله تەئالانىڭ {فَإِذَا طَعِمْتُمْ فَانْتَشِرُوا} مەنىسى: *{ۋەقتىنكى تائام يەپ بولساڭلار تارقىلىڭلار}* . سۈرە ئەھزاب 53 ـ ئايىتى توغرىسىدا

**1910 ـ** ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ ئېيتتى: مەن خالايىقنىڭ ئالىمراغى دۇرمەن، ھىجاب (پەردىلىنىش)نى ئۇبەي ئىبنى كەئىب مەندىن ئۇ ھىجابنى سورايدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زەينەپ بىنتى جەھشىگە لايىق بولۇپ ئۇنىڭغا مەدىنىدە ئۆيلەندى. ئاندىن كۈندۈز ئۆرلىگەندىن كېيىن خالايىقنى تائامغا چاقىردى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، قەۋملەر تائامدىن كېيىن تارقاپ كەتكەندە ئولتۇردى، ئۇنىڭ بىلەن بىر نەچچە كىشلەر ئولتۇردى، ھەتتا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قوپۇپ ماڭدى، ئۇنىڭ بىلەن مەنمۇ ماڭدىم، ھەتتا ئائىشەنىڭ ھوجرىسىنىڭ ئىشىگىگە باردى، ئاندىن ئۆيدىكىلەر چىقىپ كەتكەندۇ دەپ گۇمان قىلىپياندى، ئۇنىڭ بىلەن مەنمۇ ياندىم. بىناگاھ ئۇلار تېخى جايلىرىدا ئولتۇرىدۇر، ئاندىن قايتتى، مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى قايتتىم، ھەتتاكى ئائىشە ھوجرىسى ئىشىگىگە يەتتى. ئاندىن ئۇلار چىقىپ كەتكەندۇ دەپ گۇمان قىلىپ

قايتىپ كەلدى، مەنمۇ قايتىپ كەلدىم، ئۇلار قوپۇپ كىتىپتۇر. ئاندىن ئول جاناب مەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدا پەردە تاشلىدى ۋە ھىجاب (يۈزنى يېپىش) ئايىتى نازىل بولدى.

## (63)باب ئەقىقە (تۇغۇلغان بالىغا 7 ـ كۈنى زەبھى قىلىش)نىڭ كىتابى

### تۇغۇلغان بوۋاققا ئىسىم قويۇش توغرىسىدا

1911 ـ ئەبۇموسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئېيتتى: ماڭا بىر ئوغۇل تۇغۇلدى، ئۇنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەلدىم، ئۇنىڭغا ئىبراھىم دەپ ئىسىم قويدى، ئۇنى بىر دانە خورما بىلەن ئېغىزلاندۇردى، ئۇنىڭغا بەركەت بىلەن دۇئا قىلدى ۋە ئۇ بالىنى ماڭا بەردى.

1912 ـ ئەسما بىنتى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق ئۇ ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرنى تۇغدى. بۇ يۇقۇرىدا ھىجرەت ھەدىسىدە ئۆتتى. بۇ يەردە راۋى تۆۋەندىكى ھەدىسنى زىيادە قىلدى. ئاندىن ئۇلار ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير تۇغۇلغىنىغا بەك خۇرسەن بولدى، چۈنكى ئۇلارغا، سىلەرنى يەھۇدىلار سېھرى قىلدى، سىلەرگە بالا تۇغۇلمايدۇ دېيىلگەن ئىدى.

### بوۋاققا ئەقىقە قىلغاندا چېچىنى چۈشۈرۈش توغرىسىدا

1913 ـ سەلمان ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇر: ئوغۇلغا بىر ئەقىقە باردۇر (يەنى زەبھى قىلىش باردۇر). ئۇنىڭ جانىبىدىن قان تۆكۈڭلار (زەبھى قىلىڭلار)، ئۇنىڭدىن ئەزىيەتنى يەنى چېچىنى ۋە خۇننى زايىل ـ پاكىز قىلىپ تازىلاڭلار !.

### پەرئى توغرىسىدا

1914 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ ئېيتىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم دىن ئېيتتى: يوق پەرئى ۋە يوق ئەتىرە. (پەرئى دىگەن - تۆنجى تۇغۇلغان بوتىلاقدۇر، ئۇنى مۇشرىكلار ئۆز بۇتلىرىغا زەبھى قىلاتتى. ئەتىرە دىگەن - رەجەب ئېيىدا زەبھى قىلىنىدىغان نەرسەدۇر).

## (64)باب زەبھى (بۇغۇزلىنىدىغان) ۋە شىكار قىلىنىدىغان (ئۇۋلىنىدىغان) ھايۋانلار كىتابى

### شىكار قىلىنىدىغان نەرسىگە « بىسمىللاھ » دىيىش توغرىسىدا

1915 - ئەدى ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئۇچىدا تۆمۈر بار ياغاچ ھاسا بىلەن شىكار قىلىنغان نەرسىدىن سورىدىم. ئېيتتى: تۆمۈر تىغى بىلەن ئۇۋلىغان نەرسىنى يىگىن، ياغاچىنىڭ توغرىسى (يىنى تەككەن) بىلەن ئۇۋلانغان نەرسە (يەنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن نەرسەدۇر، ئۇنى يىمىگىن). ئوۋ جانابىدىن ئىت ئۇۋلىغان(تۇتقان) نەرسىدىن سورۇدۇم، ئۇل جاناب ئېيتتى: ئىت يىمەي ساڭا تۇتۇپ تۇرغان بولسا يىگىن، چۈنكى ئىتنىڭ يىمەي تۇتۇپ تۇرغىنى زەبھىدۇر (بۇغۇزلانغان نەرسىدۇر). ئەگەر سەن ئىتىڭ ياكى ئىتلىرىڭ بىلەن باشقا ئىتنى بىللە تاپقان بولساڭ، ئۇ شىكارنى ئاشۇ باشقا ئىت بىلەن بىرگە تۇتقاندۇر دەپ قورۇقساڭ ۋە ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويغان بولسا ئۇنى يىمىگىن، چۈنكى سەن ئۆز ئىتىڭنى «بىسمىللاھ» دىدىڭ ۋە باشقا ئىتقا الله نىڭ ئىسمىنى زىكرى قىلمىدىڭ.

### ئوقيا بىلەن شىكار قىلىنغان نەرسە توغرىسىدا

1916 - ئەبى سۇئلەبەتە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: ئېيتتىم: يارەسۇلۇللاھ ! تەھقىق بىز ئەھلى كىتاب (يەنى يەھۇدى ۋە ناسارالار) قەۋمىنىڭ زىمىنىدا دۇرمىز، ئايا ئۇلارنىڭ قاچىلىرىدا يەيمىزمۇ؟ ۋە شىكار قىلىدىغان زىمىندا بىز، مەن ئوقيايىم بىلەن ۋە تەلىم بىرىلمىگەن ئىتىم بىلەن ۋە تەلىم بىرىلگەن ئىتىم بىلەن شىكار قىلىمەن، ماڭا نىمە قىلىش ياخشى بولىدۇر؟

ئۇل جاناب ئېيتتى: ئەمما ئەھلى كىتابدىن زىكرى قىلغىنىڭ بولسا، ئەگەر ئۇلارنىڭ قاچىلىرىدىن باشقا قاچا تاپساڭلار ئۇلارنىڭ قاچالىرىدا يېمەڭلار! ئەگەر ئۇلارنىڭ قاچالىرىدىن باشقا قاچا تاپالمىساڭلار، ئۇلارنىڭ قاچالىرىنى يۇيۇپ ئۇ قاچىلاردا يەڭلار، ۋەقتىكى اللہ تەئالانىڭ ئىسمىنى زىكرى قىلىپ شىكار قىلغان نەرسەڭنى يېگىن، ئۇ ئۆگىتىلگەن ئىتىڭ بىلەن شىكار قىلغان نەرسەڭنى، اللہ نىڭ ئىسمىنى زىكرى قىلغان بولساڭ يېگىن، سىنىڭ ئۆگىتىلمىگەن ئىتىڭ بىلەن شىكار قىلغان نەرسەڭنى (تىرىك ۋاقتىدا) بۇغۇزلىغان بولساڭ يېگىن.

## بارماق بىلەن ۋە سالغا تاشبىلەن ۋە يەل ملتىق بىلەن ئېتىش توغرىسىدا

1917 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەپپەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق ئۇ، بارماق بىلەن تاش ئاتقان بىر ئادەمنى كۆرۈپ ئېيتتى: بارماق بىلەن تاش ئاتمىغىن!، تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بارماق بىلەن تاش ئېتىشتىن توستى ياكى ئۇنى ناخۇش كۆرەتتى ۋە ئېيتتى: ئۇنىڭ بىلەن ئوۋ ئوۋلانمايدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن دۈشمەننى ھالاك قىلىنمايدۇ، لېكىن ئۇ چىشنى سۇندۇرىدۇ ۋە كۆزنى ئويىدۇ. ئاندىن كىيىن ئۇنىڭ يەنىلا تاش ئېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ېيتتى: مەن ساڭا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاش ئېتىشتىن توستى ۋە ئۇنى ناخوش كۆردى دەپ ھەدىس قىلدىم، سەن يەنىلا بارماق بىلەن تاش ئاتىسەن، مەن ساڭا بۇنداق سۆزنى قىلمايمەن.

## ئوۋ ئىتىدىن ۋە چارۋا ئىتىدىن باشقا ئىت باققان كىشى توغرىسىدا

1918 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: كىشكى چارۋا ئىتىدىن باشقا ۋە ئوۋ (شىكارغا ئۆگىتىلگەن) ئىتىدىن باشقا ئىت باقسا، ئۇ كىشىنىڭ ئەملىدىن ھەر كۈنى ئىككى قىرات ساۋاب كېمىيىدۇر. (قىرات مەلۇم مىقداردا

ناھايىتى چوڭ ساۋابدۇر).

1919 ـ ئەدى ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى يېقىندا ئۆتتى. تۆۋەندىكى رىۋايەتتە بۇنى زىيادە قىلدى. ئەگەر ئوۋنى ئېتىپ ئۇنى بىر كۈن ياكى ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇنىڭدا سىنىڭ ئوقوڭنىڭ ئەسىرىدىن باشقا ئەسەر يوقلىغىنى تاپساڭ ئۇنى يېگىن، ئەگەر سۇغا چۈشۈپ كەتكەن بولسا ئۇنى يېمىگىن،

## چېكەتكىنى يېيىش توغرىسىدا

1920 ـ ئىبنى ئەبى ئەۋپا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىپ ئېيتتى: بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن يەتتە قېتىم ياكى ئالتە قېتىم غازات قىلدۇق. ئۇل جاناب بىلەن چېكەتكىنى يەيتۇق.

## كۆكسىدىن بوغوزلاش ۋە گېلىدىن بوغوزلاش توغرىسىدا

1921 ـ ئەسما بىنتى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىپ ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا بىز مەدىنىدە ئاتنى كۆكسىدىن بوغوزلىدۇق ۋە ئۇنى يېدۇق.

## تىرىك ھايۋاننىڭ ئەتراپىنى كېسىۋېلىش، ئۇنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن سولاپ قويۇش ۋە ئۇنى نىشان قىلىپ قارىغا ئېلىشنىڭ مەكروھلىغى توغرىسىدا

1922 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق ئۇ زات بىر توخۇنى قارىغا ئېلىپ ئېتىشنى نىشان قىلىپ، تىكلەپ توختۇتۇپ قويغان بىر نەچچە كىشىلەرگە ئۆتتى. ئۇلار ئۇ زاتنى كۆرگەندىن كېيىن تارقاپ كەتتىلەر. ئاندىن ئۇ ئىبنى ئۆمەر ئېيتتى: بۇ ئىشنى كىم قىلدى؟ تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇشۇنداق قىلغان كىشىگە لەنەت

قىلدى.

1923 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق ئۇ ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تىرىك ھايۋانلارنىڭ ئەتراپلىرىنى كىسىپ ناكار قىلغان كىشىگە لەنەت قىلدى.

## تۇخۇ گۆشى توغرىسىدا

1924 ـ ئەبۇموسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۇخۇ گۆشىنى يەۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

## يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن ئوتتۇر چىشلىقىنى يېيىش توغرىسىدا

1925 ـ ئەبى سەئلەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوتتۇر چىشى بار يىرتقۇچنى يېيىشتىن نەھى قىلدى (توستى).

## ئىپار توغرىسىدا

1926 ـ ئەبۇموسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ياخشى بىلەن بىللە ئولتۇرغۇچى ۋە يامان بىلەن بىللە ئولتۇرغۇچىنىڭ مىسالى، ئىپار كۆتەرگۈچى ۋە تۆمۈرچىنىڭ ساندۇغىنى پۈلۈگۈچىگە ئوخشاشدۇر. پەس ئىپار كۆتەرگۈچى ساڭا ئاتا قىلىدۇ ياكى ئۇ ئىپاردىن سېتىۋالىسەن ۋە ياكى ئۇنىڭدىن خۇشبۇيىنى تاپىسەن. تۆمۈرچىنىڭ ساندۇغىنى پۈلىگۈچى سىنىڭ كىيىمىڭنى كۆيدۈرىدۇر ياكى ئۇنىڭدىن بەد ـ سېسىق بوينى تاپىسەن.

## ھايۋانلارنىڭ يۈزىنى داغلاش ۋە ئالامەت ـ بەلگە قويۇش توغرىسىدا

1927 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىپ ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم ھايۋاننىڭ يۇزۇنى داغلاشدىن نەھى قىلدى (توستى).

## (65) قۇربانلىقنىڭ كىتابى

### قۇربانلىق گۆشلىرىدىن يېيىلىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن ساقلاپ قويۇلىدىغان نەرسە توغرىسىدا

1928 ـ سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: سىلەردىن بىر كىشى قۇربانلىق قىلسا، ئۈچۈنچى كۈنىدىن كېيىن قۇربانلىقىدىن بىر نەرسە بار ھالەتتە تاڭ ئاتتۇرمىسۇن. ئاندىن كېلەر يىلى بولۇپ ئىدى، ساھابىلار ئېيتتى: يارەسۇلۇللاھ! ئۆتكەن يىلى قىلغانىدەك قىلىمىزمۇ؟ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: يەڭلار ۋە تائام بىرىڭلار ۋە ساقلاپ قويۇڭلار! چۈنكى ئاۋۇ ئۆتكەن يىلى خالايىققا قەھەتچىلىك بولدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ يىلدا ياردەم قىلىشىڭلارنى ئىرادە قىلدىم.

1929 ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق قۇربانلىق كۈنى ھېيت نامىزىنى خۇتبىدىن ئىلگىرى ئوقۇدى، ئاندىن خۇتبە ئوقۇدى ۋە ئېيتتى: ئى خالايىق! تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىلەرنى مۇشۇ ئىككى كۈندە روزا تۇتۇشدىن نەھى قىلدى(توستى)، ئەمما ئۇ ئىككى كۈننىڭ بىرى سىلەر روزاڭلاردىن ئېغىز ئاچقان كۈندۇر (يەنى روزا ھېيت كۈنىدۇر). ئەمما يەنە بىرى سىلەر ئۇنىڭدا قۇربانلىقىڭلاردىن يەيدىغان كۈندۇر (قۇربان ھېيت كۈنىدۇر).

## (66) ئىچىملىكلەر كىتابى

1930 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: كىشىكى دۇنيادا ھاراق ئىچسە، ئاندىن ئۇنىڭدىن تەۋبە قىلمىسا، ئۇنى ئاخىرەتتە ئىچالمايدۇ.

1931 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: زىنا قىلغۇچى زىنا قىلغان ۋاقتىدا، مۆمىن ھالىتىدە زىنا قىلمايدۇ. ھاراق ئىچكۈچى ھاراق ئىچىدىغان ۋاقتىدا، مۆمىن بولغان ھالىتىدە ھاراق ئىچمەيدۇ. ئوغرى ئوغۇرلۇق قىلىدىغان ۋاقتىدا، مۆمىن بولغان ھالىتىدە ئوغۇرلۇق قىلمايدۇ.

1932 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە، ھەم مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدى: بۇلاڭچى، خالايىق كۆزلىرىنى كۆتۈرۈپ تىكىلىپ قارىغۇدەك ئىسىل بۇلاڭنى بۇلايدىغان ۋاقتىدا، مۆمىن ھالىتىدە بۇلمايدۇ. (ئىزاھ: ئاشۇنداق يامان ئىشنى قىلغاندا، ھەربىر قىلغۇچىدىن ئىمان چىقىپ كېتىدۇ).

## ھەسەل چىلانمىسىدىن بولغان ھاراق توغرىسىدا

1933 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىپ ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىتەئدىن سورالدى ۋە ئۇ بىتەئ ھەسەل چىلانمىسىدۇر. يەمەنلىكلەر ئۇنى ئىچەر ئىدى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: مەس قىلىدىغان ئىچىملىكنىڭ ھەممىسى ھارامدۇر.

1934 ـ ئەبى ئامىر ئەشجەئى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىكى ئېيتىدۇر: كەلگۈسىدە ئۇممۇتۇم ئىچىدىن زىنانى، يىپەكنى، ھاراقنى ۋە ھەرخىل سازلارنى ھالال سانايدىغان قەۋىم ئەلۋەتتە چوقۇم پەيدا بولىدۇ. ئەلۋەتتە بىرمۇنچە قەۋملەر ئېگىز تاغنىڭ بىقىنىغا چۈشىدۇر، كەچتە ئۇلارغا قويچى قويلارنى ھايداپ كېلىدۇ، ئۇلارغا بىر ھاجەتمەن پېقىر ھاجەت ئۈچۈن كېلىدۇ، ئۇلار ئۇنى ئەتە قايتا كەلگىن دەيدۇ، الله تەئالا ئۇلارنى كېچىدە ھالاك قىلىدۇ، تاغنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قويىدۇ (كۆمتۈرىدۇر)

ۋە يەنە باشقىلارنى مايمۇن ۋە چوشقا سۈرىتىگە ئالماشتۇرىدۇ قىيامەتكىچىلىك.

## قاچىلاردا ۋە تاشتەكتە مېۋە چىلاش توغرىسىدا

1935 ـ ئەبى ئۇسەيد سائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئۆزىنىڭ تويىدا چاقىردى، ئۇنىڭ خوتۇنى ئۇلارنىڭ خادىمى بولدى. ھالئۇلكى ئۇ تويى قىلىنغان چوكان ئىدى. ئېيتتى ئۇ ئايال: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى سۇغارغان نەرسىنى بىلەمسىزلەر؟ ئول جانابقا كېچىدە تاشتەكتە خورمىلارنى چىلىدىم (شۇنىڭ بىلەن سۇغاردىم).

## نەھى قىلىغاندىن كېيىن جانابى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قاچالەردە چىلاشنى رۇخسەت قىلغانلىقى توغرىسىدا

1936 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىپ ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۇلۇملاردا چىلاشنى نەھى قىلغان ۋاقتىدا ئۇنىڭغا دېيىلدى: ھەممە خالايىقنىڭ تۇلۇمى يوق. ئاندىن ئۇلارغا قارامايى سۈرتۈلمىگەن كوزىدا رۇخسەت قىلدى.

## مەس قىلىدىغان بولسا قۇرۇق ۋە يۈل خورمىنى ئارلاشتۇرماسلىقنى ۋە بىر ئىدىشدا ئىككى ئىدامنى قىلماسلىقنى رىئايى قىلغان ئويلىغان كىشى توغرىسىدا

1937 ـ ئەبى قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم غورا، ئالا سېرىق، قۇرۇق خورمىلارنى ۋە قۇرۇق ئۈزۈمنى جەمى قىلىشدىن نەھى قىلدى (توستى). ھەربىرىنى ئۇ ئىككىسىدىن ئالاھىدە ئايرىم ـ ئايرىم چىلانسۇن دېدى.

**سۈت ئىچىش ۋە الله تەئالانىڭ** {مِنْ بَيْنِ فَرْثٍ وَدَمٍ} **مەنىسى:** ***{ئىسلەرنى چارپايلارنىڭ قارنىدىكى مايلىق ـ تېزەكتىن ۋە قاندىن ئايرىلىپ چىققان پاكىز ۋە تەملىك سۈت بىلەن سۇغۇرىمىز}*** . سۈرە

**نەھلى 66 ـ ئايىتى توغرىسىدا**

**1938** ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ ئېيتتى: ئەبۇ ھۇمەيدى نەقىئى دىگەن جايدىن بىر قاچا سۈت ئەكەلدى. ئاندىن ئۇنىڭغا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئايا ئۇنى ياپمىدىڭمۇ؟ ئەگەر ئۇنىڭغا ياغاچنى توغرا قويۇپ بولسىمۇ؟.

**1939** ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئەتىگەندە بىر قاچا سۈت بېرىدىغان، كەچتە بىر قاچا سۈت بېرىدىغان، سۈتلۈك سۈتى كۆپ تۆگە ۋە قوينى سېغىپ ئىچىدىغانغا بىرىش ناھايىتى ياخشى سەدىقەدۇر.

**سۈتنى سۇ بىلەن ئىچىش توغرىسىدا**

**1940** ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەنسارىلاردىن بىر كىشىنىڭ ئۆيىگە، بىر ھەمراسى بىلەن بىللە كىردى. ئۇ كىشىگە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئەگەر سىنىڭدە بۈگۈن كېچە تۇلۇمدا قونغان سۇ بولسا سۇغارغىن، ئەگەر بولمىسا ئاغزىمىزدا ئىچىمىز. ئېيتتى جابىر: ھېلىقى كىشى بېغىغا سۇ ئېچىۋاتاتتى. ئۇ كىشى ئېيتتى: يارەسۇلۇللاھ ! مىنىڭدە كېچىدە قونغان سوغاق سۇ بار، باراڭلىققا يۈرسىلە ! ئاندىن ئۇ ئىككىسى بىلەن باراڭلىققا باردى، ئۇ كىشى بىر قاچىغا سۇ قويۇپ، ئۈستىگە ئۆزىنىڭ ئۆيىدە باققان قويىدىن سۈت ساغدى، ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىچتى، ئاندىن بىللە كەلگەن كىشىمۇ ئىچتى.

**ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچىش توغرىسىدا**

**1941** ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق ئۇ مەسجىدنىڭ مەيدانىغا كىلىپ ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچتى، ئاندىن ئېيتتى: خالىيقنىڭ بەزىلىرى ئۆرە تۇرۇپ ئىچىشنى كەرىھ كۆرىدۇ،

تەھقىق مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى مىنىڭ قىلغانلىقىمنى كۆرگىنىڭلاردەك قىلغانلىقىنى كۆردۈم.

1942 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىپ ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زەمزەمدىن ئۆرە تۇرۇپ ئىچتى.

## تۇلۇمنىڭ ئاغزىدىن ئىچىش توغرىسىدا

1943 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۇلۇملارنىڭ ئاغزىدىن ئىچىشدىن نەھى قىلدى (توستى).

1944 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۇغۇننىڭ ياكى تۇلۇمنىڭ ئاغزىدىن ئىچىشدىن نەھى قىلدى. سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ خوشنىسى ئۇنىڭ تېمىغا ياغاچنى تىكلەپ سىلىشتىن مەنى قىلىشدىن نەھى قىلدى. (يەنى خوشنىسى ئۆيىنىڭ چەنزىسىنى ئۇنىڭ تېمىغا يۆلەپ سېلىشتىن مەنى قىلمىسۇن!).

## ئىككى ياكى ئۈچ تىنىق بىلەن ئىچىش توغرىسىدا

1945 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قاچىدا ئۈچ مەررە نەپەس ئالاتتى (ئۈچ مەررە تىنىپ ئىچەتتى).

## كۈمۈش قاچا توغرىسىدا

1946 ـ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جۈپتىلىرى، ئۇممى سەلمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: كۈمۈش قاچىدا ئىچكەن كىشى، تەھقىق قوسىقىدا دوزاخنىڭ ئوتىنى غۇتۇلدىتىدۇ (يۇتىدۇر)..

## قاچىلاردا ئىچىش توغرىسىدا

1947 ـ سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەنى سائىدەنىڭ چەللىسىگە (بارىڭغا) كىلىپ ئېيتتى: ئى سەھلى! بىزنى سۇغارغىن. ئاندىن ئۇلارنى بىر قاچىدا سۇغاردىم. ئېيتتى راۋى: سەھلى بىزلەرگە ئاشۇ قاچىنى چىقاردى، ئۇ قاچىدا ئىچتۇق. ئاندىن ئۇ قاچىنى سەھلىدىن، ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىز سوغا قىلىشنى تەلەپ قىلدى، ئاندىن سەھلى ئۇ قاچىنى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىزگە سوغا قىلدى.

1948 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق ئۇنىڭدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قاچىلىرى بار ئىدى. ئاندىن ئېيتتى: ئەلۋەتتە مەن مۇشۇ قاچىدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى مۇشۇنداق ـ مۇشۇنداقدىن كۆپ سۇغاردىم. ئۇ قاچىدا تۆمۈردىن ھالقا بارئىدى. ئاندىن ئەنەس تۆمۈر ھالقانىڭ ئورنىدا ئالتۇن ياكى كۈمۈش ھالقا قىلىشنى ئىرادە قىلدى. ئۇنىڭغا ئەبۇ تەلھە ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىلغان نەرسىنى ئۆزگەرتمىگىن! ئاندىن ئۇنى تەرىك قىلدى (ئۆزگەرتمىدى).

## (67) كېسەللەر كىتابى

### كېسەللىكنىڭ كاپارىتى ھەققىدە كەلگەن نەرسە توغرىسىدا

1949 ـ ئەبۇ سەئىدىل خۇدرى ۋە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىپ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: مۇسۇلمانغا قىينىچىلىقدىن، تەسچىلىكدىن، كېسەللىكدىن، ئاغرىقدىن، غەمدىن، ئەندىشىدىن ۋە ئازاردىن ھەتتاكى ئۇنىڭغا سانجىلغان تىكەنچىلىك نەرسە يەتمەيدۇ، مەگەر يەتسە الله تەئالا شۇ نەرسىلەر بىلەن ئۇ مۇسۇلماننىڭ خاتالىقلىرىدىن كاپارەت قىلىدۇر.

1950 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: مۆمىننىڭ مەسىلى زىرائەتنىڭ مايسا ـ باشاقىغا ئوخشاشدۇركى، قاتتىق شامال كەلسە بېشىنى ئېگىپ پەس بولىدۇر، شامال نورمال بولۇپ توختاپ قالسا رۇس بولىدۇر بالا بىلەن، پاجىر ـ پاسىق ئادەم ئارىز دەرىخىگە ئوخشايدۇ، قاتتىق چاك تۇرىدۇ، ھەتتاكى اللە تەئالا خالىغان ۋاقىتدا سۇندۇرىدۇر.

1951 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: اللە تەئالا بىر كىشىگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا ئۇنىڭغا مۇسىبەت يەتكۈزىدۇ.

## كېسەللىكنىڭ قاتتىقلىغى توغرىسىدا

1952 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىپ ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كېسىلىدىن، ئۇ كىشىگە كېسەل قاتتىقراق ھېچ كىشىنى كۆرمىدىم.

1953 ـ ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كېسەل بولغىنىدا يوقلاپ كەلدىم. ھالئۇلكى ئۇ قاتتىق قىزىتما بۇلۇۋېتىپتۇ ۋە ئېيتتىم: تەھقىق ئۆزلىرى قاتتىق قىزىتما بۇلۇۋېتىپتىلا، تەھقىق بۇنىڭ بىلەن سىلىگە ئىككى ئەجىر باردۇر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: شۇنداق، ئازار يېتىدىغان مۇسۇلمان يوق، مەگەر بولسىلا اللە تەئالا ئۇ مۇسۇلماننىڭ خاتالىقلىرىنى دەرەخنىڭ ياپراقلىرى چۈشكەندەك چۈشۈرىۋاتىدۇر.

## شامالدىن تۇتقاقلىق بولغان كىشىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

1954 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق ئۇ بەزى ئەسھابلىرىگە ئېيتتى: ساڭا ئەھلى جەننەتتىن بىر خوتۇننى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ ئېيتتى: ئارى ـ بولىدۇ. ئېيتتى ئىبنى ئابباس: ئاۋۇ قارا خوتۇن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىغا كىلىپ

ئېيتتى: تەھقىق مەن تۇتقاقلىق بولىمەن ۋە تەھقىق مەن ئېچىلىپ قالىمەن، ماڭا دۇئا قىلسىلا ! ئۇل جاناب پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئەگەر خالىساڭ سەۋرى قىل! ساڭا جەننەت باردۇر، ئەگەر خالىساڭ الله تەئالادىن ساڭا ئاپىيەتلىك ـ شىپالىق بېرىشكە دۇئا قىلىمەن. ئاندىن ئۇ خوتۇن ئېيتتى: تەھقىق مەن سەۋرى قىلىمەن. تەھقىق مەن ئېچىلىپ كېتىمەن، ماڭا ئېچىلىپ كەتمەسلىككە دۇئا قىلسىلا ؟! ئاندىن ئۇل جاناب ئۇ خوتۇنغا دۇئا قىلدى.

### كۆزى كەتكەن كىشىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

1955 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىگىنى ئاڭلىدىم: تەھقىق الله تەئالا ئېيتتى: ۋەقتىكى مەن بەندەمنىڭ ئىككى دوستىنى (يەنى ئىككى كۆزىنى) بالاغا گىرىپتار قىلسام (يەنى ئەما ـ قارغۇ قىلسام)، بەندەم ئۇنىڭغا سەۋرى قىلسا، بەندەمگە ئىككى كۆزى بەدىلىگە جەننەتنى ئاتا قىلىمەن.

### كېسەل كىشىنى يوقلاش توغرىسىدا

1956 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنى قېچىرمۇ ۋە يەنە ئاغماقمۇ مىنمەي (پىيادە) يوقلاپ كەلدى.

### كېسەل ئادەمنىڭ مەن ئاغرىق ياكى ۋاي بېشىم ياكى ماڭا كېسەل قاتتىق بولدى دېيىشكە رۇخسەت قىلىنغانلىغى ۋە ئەييۇپ ئەلەيھىسالامنىڭ «مىنى زەرەر تۇتتى ۋە ئى الله ! سەن « وَّرْحَمَ الرَّاحِمِيْنَ » دېگەن سۆزى توغرىسىدا

1957 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىپ ئېيتتى: ئائىشە ۋاي بېشىم دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: مەن ھايات تۇرۇپ شۇنداق بولسا سىزگە

ئەستىغپار ئېيتمەن ۋە سىزگە دۇئا قىلىمەن. ئاندىن ئائىشە ئېيتتى: ۋاي ئۆلگۈم، ھالاكىم، ۋەللاھۇ، تەھقىق مەن سىلىنى، مېنىڭ ئۆلۈمۈمنى دوس تۇتىدۇ دەپ گۇمان قىلىمەن، ئەگەر ئىش شۇنداق بولسا، ئەلۋەتتە سىلە كۈنلىرىنىڭ ئاخىرىدا بەزى خوتۇنلىرى بىلەن كېچىدە بىرگە بولىدىلا؟. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: بەلكى مەن ۋاي بېشىم، ئەلۋەتتە ئەبۇبەكرگە ۋە ئوغلىغا ئەلچى ئەۋەتىشنى قەست قىلدىم ياكى ئىرادە قىلدىم ۋە ئۇنىڭغا خەلىپىلىككە ۋەسىيەت قىلىمەن، بۇ ھەقتە گەپ قىلغۇچىلارنىڭ گېپىنى ياكى ئارزۇ قىلغۇچىلارنىڭ ئارزۇسىنى كەرىھ كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن (ۋەسىيەت قىلىمەن). ئاندىن ئېيتتىم مەن: الله تەئالا كەرىھ كۆرىدۇ ۋە مۆمىنلەر دەپئى قىلىدۇ ياكى الله تەئالا دەپئى قىلىدۇ (ئېيتتىرىدۇ) ۋە مۆمىنلەر كەرىھ كۆرىدۇ (ئەبۇبەكرنىڭ غەيرىنى).

## كېسەل كىشىنىڭ ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىشى توغرىسىدا

1958 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: سىلەرنىڭ بىرىڭلار، ئۆزىگە زەرەر يەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلمىسۇن. پەس ئەگەر چارە بولمىغانلىقتىن ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلماقچى بولسا، ئاندىن ئېيتسۇن: ئى الله ! ئەگەر ماڭا ھاياتلىق ياخشى بولسا ماڭا ھاياتلىق بەرگىن ۋە مادامىكى ماڭا ئۆلۈم ياخشى بولسا مېنى ۋاپات تاپتۇرغىن!.

1959 ـ ھەبباب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق ئۇ يەتتە قېتىم داغ قويدۇردى، ئاندىن ئېيتتى: بىزنىڭ ئاخىرەتكە ئىلگىرى كەتكەن ئەسھابلىرىمىز، دۇنيا ئۇلارنىڭ ئەجرىنى كامىلاتمىغان ھالىتىدە كەتتىلەر، تەھقىق بىز توپا ـ تۇپراقدىن باشقا ئۇرۇن تاپالمايدىغان دۇنياغا يەتتۇق، ئەگەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆلۈمگە دۇئا قىلىشتىن نەھى قىلمىغان

بولسا ئەلۋەتتە ئۆلۈمگە دۇئا قىلاتتىم.

1960 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇ: ھىچ كىمنى ھەرگىز ئەملى جەننەتكە كىرگۈزمەيدۇ. ئېيتتىلەر: يارەسۇلۇللاھ ! ئۆزلىرىنىمۇ شۇنداقمۇ؟ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ھەئە مېنىمۇ ئەملىم جەننەتكە كىرگۈزمەيدۇ، مەگەر الله تەئالا مېنى ئۆز پەزلى ۋە رەھمىتى بىلەن ياپقاي. ئەمەللىرىڭلارنى شەرىئەتكە مۇۋاپىق رۇس قىلىڭلار ۋە يېقىن قىلىڭلار (يەنى ھەددىدىن ئاشۇرىۋېتىپ مالال بولۇپ تاشلاپ قويماڭلار!)، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلمىسۇن!، ئەگەر ياخشى ئەمەل قىلغۇچى بولسا، ئۇمۇدكى ياخشىلىغى زىيادە بولۇر. ئەگەر يامان بولسا، ئۇمىدكى يامانلىغىدىن يېنىپ ياخشى بولۇپ قالغۇسى.

## كېسەل يوقلىغۇچىنىڭ دۇئاسى توغرىسىدا

1961 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېسەل كىشىگە كەلسە ياكى ئۇنىڭغا كېسەل كىشى كەلتۈرۈلسە ئېيتار ئىدى: ئى خالايىقنىڭ پەرۋەردىگارى! دىشۋارلىقنى (كېسەللىكنى) كەتكۈزگىن، شىپالىق بەرگىن، سەن شىپالىق بەرگۈچىدۇرسەن، سىنىڭ شىپالىغىڭدىن باشقا شىپالىق يوقدۇر، سىنىڭ شىپالىغىڭ كېسەلنى قالدۇرمايدىغان شىپالىقدۇر.

## (68) تىبابەتلىك كىتابى

## الله تەئالانىڭ شىپالىقنى نازىل قىلماي تۇرۇپ كېسەلنى نازىل قىلمىغانلىغى توغرىسىدا

1962 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: الله تەئالا بىر كېسەللىكنى نازىل قىلمىدى، مەگەر نازىل قىلسىلا ئۇ كېسەللىك

ئۆچۈن شىپالىقنى نازىل قىلدى.

## شىپالىق ئۈچ نەرسىدە ئىكەنلىكى توغرىسىدا

1963 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىپ ئېيتتى: (بۇ ھەدىسنىڭ سەنەدىنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەتكۈزدى). شىپالىق ئۈچ نەرسىدەدۇر، (1)ھەسەل ئىچىش، (2)لوڭقا قويۇش، (3)ئوتتا داغلاش. ئۈممىتىمنى داغلاشتىن نەھى قىلىمەن.

**ھەسەل بىلەن داۋالاش ۋە الله تەئالانىڭ {فِيهِ شِفَاءٌ لِلنَّاسِ} مەنىسى: *{ھەسەلدە ئىنسانلارغا شىپالىق باردۇر}*. سۈرە نەھلى 69 ـ ئايىتى توغرىسىدا**

1964 ـ ئەبۇسەئىدىل خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق بىر كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىغا كېلىپ ئېيتتى: تەھقىق مېنىڭ قېرىندىشىم قورسىقى ئاغرىغانلىقىنى شىكايەت قىلدۇ؟ ئول جاناب ئېيتتى: ئۇنىڭغا ھەسەل ئىچكۈزگىن! ئاندىن ئىككىنچى يەنە كەلدى؟ ئاندىن ئول جاناب ئېيتتى: ئۇنىڭغا ھەسەل ئىچكۈزگىن! ئاندىن ئۈچۈنچى قېتىم كەلدى؟ ئاندىن ئول جاناب ئېيتتى: ئۇنى ھەسەل بىلەن سۇغارغىن! ئاندىن يەنە كەلدى، ئاندىن ئېيتتى: قىلدىم. ئاندىن ئول جاناب ئېيتتى: الله تەئالا راس ئېيتتى، سىنىڭ قورسىقىڭ يالغان ئاغرىپتۇ، ھەسەل ئىچكۈز! ئاندىن ھەسەل ئىچكۈزدى، ئاندىن ساقايدى..

## سىيادان توغرىسىدا

1965 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇر: تەھقىق مۇشۇ سىيادان سامدىن باشقا ھەرقانداق كېسەللىككە

شپادۇر. سورىدىم، سام دىگەن نىمەدۇر؟ ئېيتتى ئول جاناب: ئۆلۈمدۇر (يەنى ئۆلۈمدىن باشقىغا شىپادۇر).

## قۇستە ھىندى ۋە قۇستە بەھرىنى بۇرنىدىن قويۇش توغرىسىدا

ئۇممى قەيس بىنتى مۇھسىن رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىپ ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇر: سىلەر مۇشۇ ئۇد ھىندىنى لازىم تۇتۇڭلار! چۈنكى ئۇنىڭدا يەتتە خىل شىپالىق بار، ئۇنىڭ بىلەن كىچىك بالىنىڭ گال ئاغرىغىغا بۇرۇندىن قويۇلىدۇر ۋە زاتىل جەنبى كېسەللىككە ئۇنى ئاغزىغا قويۇلىدۇر. ھەدىسنىڭ قالغىنى ئۆتتى.

## كېسەلگە ھىجامەت قويۇش توغرىسىدا

1967 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھىجامەت قويدۇردى، ئۇنىڭغا ئەبۇتەيبە ھىجامەت قويدى دىگەن ھەدىس ئۆتتى. بۇيەردە ئۇ ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا ئېيتتى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: سىلەر داۋالىنىدىغان نەرسىنىڭ ئەبزەلى ھىجامەتدۇر ۋە قۇستە بەھرىدۇر، ئۇششاق ناسىدە بالىلىرىڭلارنىڭ گال ئاغرىقى كېسىلىدىن ئۇنى سىقىپ ئازاب قىلماڭلار! ۋە قۇستەنى لازىم تۇتۇڭلار!.

## كۆيدۈرگىنى داغلاتقان ياكى باشقا كىشىنى داغلىغان كىشى ۋە كۆيدۈرگىنى داغلاتمىغان ۋە ئەپسۇن ئوقۇتمىغان كىشىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

1968 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ماڭا ئۇممەتلەر توغرا قىلىندى، ئاندىن بىر پەيغەمبەر ۋە ئىككى پەيغەمبەرلەر بىلەن كۆپ جامائەتلەر ئۆتتىلەر ۋە بىرمۇ ئۇممىتى يوق پەيغەمبەر ئۆتتى، ھەتتا ماڭا ناھايىتى

چوڭ كۆپ جامائەتلەر كەلتۈرۈلدى. ئېيتتىم: كىم بۇلار؟ مۇشۇلار مىنىڭ ئۈممىتىممۇ؟ دېيىلدى: بۇ مۇسا ۋە ئۇنىڭ ئۈممەتىدۇر. ئۇپۇققا ـ ئالەم ئەتراپىغا قارىغىن! دېيىلدى: بىناگاھ نۇرغۇن كىنارە ئالەمنى توشتۇرغان جامائەتلەر تۇرىدۇر. ئاندىن ماڭا ئاسمان ئەتراپلىرىدىكى ئۇياق ـ بۇياققا نەزەر قىل، دېيىلدى: بىناگاھ ئاسمان ئەتراپلىرىدىمۇ ئەتراپلار توشقىچە جامائەتلەر باردۇر ۋە مۇشۇلار سىنىڭ ئۈممىتىڭدۇر. دېيىلدى: ئۇلاردىن يەتمىش مىڭ كىشىلەر ھېساپسىز جەننەتكە كىرىدۇر. ئاندىن ھوجرىگە كىرىپ كەتتى ۋە ئۇلارغا بۇنى بايان قىلمىدى. ئاندىن قەۋملەر گەپكە كىرىشىپ تالاش ـ تارتىش قىلىشتى ۋە ئېيتتىلەر: بىزلەر اللە تەئالاغا ئىيمان كەلتۈرگەن ۋە پەيغەمبەرگە ئەگەشكەنلەردۇرمىز، ئاندىن بىزلەر ئاشۇلاردۇرمىز ياكى ئىسلامدا تۇغۇلغان باللىرىمىزدۇر، پەس تەھقىق بىز جاھىلىيەتتە تۇغۇلغاندۇرمىز. ئاندىن بۇ خەۋەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەتتى، ئاندىن چىقىپ ئېيتتى: ئۇلار (يەنى ھېساپسىز جەننەتكە كىرىدىغانلار) دۇئا ـ ئەپسۇنى ئوقۇتمايدىغان، پال ئالمايدىغان، داغلاتمايدىغان ۋە پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلىدىغان زاتلاردۇر. ئاندىن ئۇكاشە ئىبنى مۇھسىن ئېيتتى: يارەسۇلۇللاھ ! ئايا مەن ئۇلاردىنمۇ؟ ئول جاناب ئېيتتى ھەئە شۇنداق. ئاندىن يەنە باشقا بىرى قوپۇپ: ئايا مەنمۇ ئۇلاردىنمۇ؟ دىدى. ئېيتتى ئول جاناب: سەندىن ئۇ خىسلەتكە ئۇكاشە ئىلگىرلىدى.

## جۇزام (موخو كېسىلى) توغرىسىدا

1969 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: كېسەل يۇقۇش يوقتۇر، شۇم پال ئېلىش يوقتۇر، ھۇقۇشنىڭ تەسرى يوقتۇر، سەپەر ئېيىنى مۇھەررەم ئېيىغا ئىلگىرى ۋە مۇھەررەم ئېيىنى سەپەرگە تەخىر قىلىش يوقتۇر. جۇزام (موخو كېسىلى) بولغان كىشىدىن يولۋاستىن قاچقاندەك قاچقىن!.

## سەپەر (ئۇ قوساقنى تۇتىدىغان كىسەللىك) توغرىسىدا

1970 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدى: بىر سەھرايى ئەرەب ئېيتتى: يارەسۇلۇللاھ ! تۆگەمنىڭ ئەھۋالى نىمەدۇركى، قۇملۇقدا بولىدۇ گويىاكى كىيىكتەك، ئاندىن ئۇنىڭ ئارىسىغا قوتۇر تۆگە كىرىدۇ، تۆگە مىنى قوتۇر قىلىدۇ. ئېيتتى ئۇل جاناب: ئەۋۋەلقى تۆگىگە قوتۇرلۇقنى كىم يۇقتۇردى؟. (يەنى كېسەل بىرىدىن بىرىگە يۇقمايدۇ، بەلكى الله تەئالانىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدۇ).

## زاتۇل جەنبى (يەنى كۆكرەك پەردە ئىشىغى) كېسىلى توغرىسىدا

1971 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەنسارىلاردىن بىر ئەھلى بەيتكە، چايان چاققان ۋە قۇلاق ئاغرىغانغا ئەپسۇن ـ دۇئا ئوقۇشقا ئىزنى بەردى. ئاندىن ئەنەس ئېيتتى: زاتۇل جەنبى كېسىلىگە داغ قويدۇردۇم، ھالئۇلكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھاياتدۇر. ماڭا ئەبۇ تەلھە، ئەنەس ئىبنى نەزرى ۋە زەيد ئىبنى سابىت ھازىر بولدى، ئەبۇ تەلھە مىنى داغلىدى.

## ھۇممە (تەپ كېسىلى) دوزاخ يالقۇنىدىن ئىكەنلىگى توغرىسىدا

1972 ـ ئەسما بىنتى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق ئۇنىڭغا تەپ كېسىلىگە گىرىپتار بولغان خوتۇن كەلتۈرۈلسە، سۇنى ئېلىپ ئۇ خوتۇن بىلەن ياقىسىنىڭ ئوتتۇرسىغا قويار ئىدى. ئېيتتى ئەسما: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ھۇمما (تەپ كېسىلىنى) سۇ بىلەن سوۋۇتۇشقا بىزلەرنى ئەمىر قىلار ئىدى.

## تائۇن ھەققىدە زىكرى قىلىنغان نەرسە توغرىسىدا

1973 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ ئېيتتى: ئېيتتى پەيغەمبەر

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: تائۇن ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن شېھىدلىكدۇر (ۋابا كېسىلدە ئۆلۈپ قالسا شېھىددەك ساۋاب بولىدۇ).

## كۆز تەككەن كېسەلگە ئەپسۇن ئوقۇش توغرىسىدا

1974 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىپ ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا ئەمرى قىلدى ياكى ئەمرى قىلدى، كۆز تەككەن كېسەلگە ئەپسۇن ئوقۇتۇللسۇن دەپ.

1975 ـ ئۇممى سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ ئۆيىدە يۈزىدە قارا داغ بار بىر قىزنى كۆردى ۋە ئېيتتى: ئۇنىڭغا ئەپسۇن ئوقۇڭلار! تەھقىق ئۇنىڭغا كۆز تېگىپتۇر..

## ئىلان ۋە چايان چاققانغا ئەپسۇن ئوقۇش توغرىسىدا

1976 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىپ ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەرقانداق زەھەرلىك نەرسىدىن ئەپسۇن ئوقۇشقا رۇخسەت قىلدى.

### پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەپسۇن ئوقۇشى توۋرىسىدا

1977 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېسەل ئادەمگە بۇنى ئېيتار ئىدى: بِسْمِ اللهِ تُرْبَةَ اَرْضِنَا بِرِيْقهِ بَعْضِنَا يُشفَا سَقِيْمُنَا بِاِذْنِ رَبِّنَا .

## پال توغرىسىدا

1978 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇر: شۇم پال يوقدۇر ۋە ئۇنىڭ ياخشىسى ياخشى پالدۇر.

ئېيتتىلەر: يارەسۇلۇللاھ ! پال نىمەدۇر؟ ئۇل جاناب ئېيتتى: ياخشى كەلىمەدۇركى ئۇنى سىزلەرنىڭ بىرىڭلار ئاڭلايدۇر.

## رەمباللىق توغرىسىدا

1979 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزەيلى قەبىلىسىدىن ئۇرۇشۇپ قالغان ئىككى خوتۇن ھەققىدە ھۆكۈم قىلدى. ئىككىسىنىڭ بىرى يەنە بىرىگە تاش ئاتتى، ئۇ تاش ئۇ ھامىلدار ئايالنىڭ قوسىغىغا تېگىپ ئۇنىڭ قوسىغىدىكى بالىسىنى ئۆلتۈرۈپ قويدى. ئاندىن ئۇلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىغا دەۋا قىلىپ كەلدىلەر. ئاندىن ئۇل جاناب، قوساقتا ئۆلگەن بالىنىڭ دىيىتى ـ خۇن بەدىلى ئەركەك ياكى چىشى بىر قۇل دەپ ھۆكۈم قىلدى. ئاندىن دىيەت ـ تۆلەم تۆلىگۈچى قاتىل ئايالنىڭ ۋەلىسى ئېيتتى: يارەسۇلۇللاھ ! يېمىگەن ھەم ئىچمىگەن ۋە سۆزلىمىگەن ھەم ئاۋاز قىلمىغان بالىغا قانداق تۆلەم تۆلەيمەن، بۇنداق ئىش بىكار باتىلدۇر. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: بۇ رەمباللىنىڭ بۇرادەرلىرىدىندۇر.

## باياندىمۇ سېھرى ـ جادىگەرلىك بارلىغى توغرىسىدا

1980 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق مەشرىق ئەھلىدىن ئىككى كىشى كەلدى، ئۇ ئىككىسى سۆز قىلدى ۋە ئۇ ئىككىسىنىڭ چىرايلىق سۆز قىلىپ بايان قىلغىنىغا خالايىقلار ھەيران قالدى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: تەھقىق چىرايلىق باياندىندۇر سېھرى، ياكى تەھقىق بەزى بايان سېھرىدۇر. (يەنى ئۆزگە جەلىپ قىلىشتا سېھرى كۈچى باردۇر).

## كېسەل يۇقمايدىغانلىغى توغرىسىدا

1981 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: كېسەل چارۋا ئېگىسى، ساق چارۋا ئېگىسىنىڭ قېشىغا كېسەل چارۋىسىنى كەلتۈرمىسۇن.

**زەھەر ئىچىش، ئۇنىڭ بىلەن داۋالىنىش، ئۇنىڭدىن قورقۇش ۋە نىجىس نەرسە توغرىسىدا**

1982 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: بىر كىشى تاغدىن ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلتۈرىۋالسا، ئاندىن ئۇ دوزاخدا ئۆزىنى تاشلايدۇ، ھەمىشە ئەبەدى ئازاب قىلىنىدۇر. بىر كىشى زەھەر ئىچىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالسا، ئاندىن ئۇنىڭ زەھرى ئۇنىڭ قولىدا مەڭگۇ دائىم دوزاخ ئىچىدە ھەمىشە مەڭگۇ ئۇ زەھەرنى يۇتىدۇر. ئۆزىنى تۆمۈر بىلەن ئۆلتۈرىۋالغان كىشى، ئۇنىڭ قولىدا، ئۇنى قوسىغىغا سانجىپ دوزاخنىڭ ئىچىدە، مەڭگۇ، ھەمىشە، ئەبەدى ئازاب قىلىنىدۇر.

**قاچىغا چىۋىن چۈشۈپ كېتىش توغرىسىدا**

1983 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ۋەقتىكى سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ قاچىسىغا چىۋىن چۈشۈپ كەتسە ئۇنى قاچىغا چۆكۈرسۇن، ئاندىن ئۇنى تاشلىسۇن، چۈنكى ئۇنىڭ ئىككى قانىتىنىڭ بىرىدە شىپالىق باردۇر ۋە يەنە بىرىدە كېسەللىك باردۇر.

## (69) كىيىم ـ كېچەك كىتابى

**ئىككى ئۇشۇقتىن پەس ـ تۆۋەن بولغان نەرسىنىڭ دوزاختا بولىدىغانلىقى توغرىسىدا**

1984 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئىشتاننى ئىككى ئۇشۇقىدىن تۆۋەن ساڭگىلاتقان كىشى دىزاختادۇر.

## بۇردە (تۆت چاسا يوللۇق كىيىم) ۋە جەبرە (يەمەنچە تون) ۋە شەملە (ھەممە بەدەننى يۆگەپ ئورايدىغان كىيىم) قاتارلىق كىيىملەر توغرىسىدا

1985 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىيىدىغان كىيىمنىڭ ئۇنىڭغا دوسراغى جەبرە كىيىمدۇر (يەنى يەمەندە تۇقۇلغان توندۇر).

1986 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات تاپتۇرۇلغاندا يەمەندە تۇقۇلغان كىيىم بىلەن يۆگەلدى.

## ئاق كىيىم توغرىسىدا

1987 ـ ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىغا كەلدىم، ھائولكى، ئۇستىدە ئاق كىيىم باردۇر، ئۇ ئۇخلىغان ھالىتىدە. ئاندىن كىيىن كەلدىم، ھالئولكى تەھقىق ئويغاندى. ئاندىن ئول جاناب ئېيتتى: لَا اِلٰهَ اِلاَّ اللّٰهُ دەپ ئاندىن شۇنىڭ ئۇستىدە ئۆلگەن بەندىدىن يوق، مەگەر بولسىلا جەننەتكە كىردۇ. ئېيتتىم: ئەگەرچە زىنا قىلسىمۇ ۋە ئوغۇرلۇق قىلسىمۇ شۇنداقمۇ؟ ئول جاناب ئېيتتى: ئەگەر زىنا قىلسىمۇ ۋە ئوغۇرلۇق قىلسىمۇ. ئېيتتىم: ئەگەرچە زىنا قىلسىمۇ ۋە ئوغۇرلۇق قىلسىمۇ شۇنداقمۇ؟ ئول جاناب ئېيتتى: ئەگەر زىنا قىلسىمۇ ۋە ئوغۇرلۇق قىلسىمۇ. ئېيتتىم: ئەگەرچە زىنا قىلسىمۇ ۋە ئوغۇرلۇق قىلسىمۇ شۇنداقمۇ؟ ئول جاناب ئېيتتى: ئەگەر زىنا قىلسىمۇ ۋە ئوغۇرلۇق قىلسىمۇ، ئەبۇزەرنىڭ بۇرنى توپىلانسىمۇ، كەرىھ كۆرسىمۇ. ئەبۇزەر مۇشۇ ھەدىسنى ھەدىس قىلسا «ئەگەر ئەبۇزەرنىڭ بۇرنى توپىلانسىمۇ» دەيتى.

## يىپەكنى كىيىش ۋە ئۇنى كۆرپە قىلىش توغرىسىدا

1988 ـ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يىپەكتىن چەكلىدى، مەگەر مۇشۇنداق دەپ بەشمەرەككە يېقىن ئىككى بارمىغى بىلەن ئىشارەت قىلدى. (يەنى ئالامەتنى خالايدۇر).

## يىپەكنى كۆرپە قىلىش توغرىسىدا

1989 ـ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: كىشىكى يىپەكنى دۇنيادا كەيسە، ئۇنى ئاخىرەتتە كىيالمايدۇر.

1990 ـ ھۇزەيپە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزلەرنى ئالتۇن ـ كۈمۈش قاچىدا ئىچىشىمىزدىن ۋە ئۇنىڭدا يېيىشىمىزدىن ۋە نىپىز ۋە قېلىن يىپەكنى كىيىشىمىزدىن ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇشۇمىزدىن نەھى قىلدى (چەكلىدى).

## ئەرلەرنى زەپىران بويالغان كىيىمدىن نەھى قىلىش توغرىسىدا

1991 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەركىشىنى زەپىران بويالغان كىيىمدىن نەھى قىلدى (چەكلىدى).

## مويى چۇشۇرۇلگەن ـ ئاشلانغان كېپىشلەر توغرىسىدا

1992 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: ئۇنىڭدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى كەشدە ناماز ئوقۇمتى؟ دەپ سورالدى. ئېيتتى: ھەئە ئوقۇيتى.

1993 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: سىلەرنىڭ بىرىڭلار بىر كەشتە ماڭمىسۇن! ئىككىلىسىنى سېلىۋاتسۇن ياكى ئىككىلا كەشنى كەيسۇن!.

## سول كەشنى ئەۋۋەل سېلىش توغرىسىدا

1994 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ۋەقتىكى بىرىڭلار كەش ـ ئاياق كەيسە ئوڭ پۇت بىلەن باشلىسۇن، ۋەقتىكى سالسا سول پۇت بىلەن باشلىسۇن، ئوڭ پۇت ئەۋۋەل كىيىلىدىغان ۋە كيين سېلىنىدىغان بولسۇن.

**پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىنىڭ ئۈزۈكىنىڭ نەقشى ئۈستىگە نەقش قىلىنمىسۇن دىگەن سۆزى توغرىسىدا**

1995 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈمۈشتىن ئۈزۈك تۇتتى، ئۇنىڭغا « مُحَمَّدٌ رَّسُوْلُ اللهِ » نەقشىنى ئويدۇردى ۋە ئېيتتى: مەن كۈمۈش ئۈزۈكتىن مۆھرە تۇتتۇم ۋە ئۇنىڭدا « مُحَمَّدٌ رَّسُوْلُ اللهِ » نەقشىنى قىلدىم، ئاندىن ھىچكىم ئۇ نەقشىنىڭ ئۈستىگە نەقش قويمىسۇن!.

**ئايال كىشىلەرگە ئوخشىۋالغان ئەرلەرنى ئۆيلەردىن چىقىرىۋېتىش توغرىسىدا**

1996 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىپ ئېيتتى: ئاياللارغا ئوخشىۋالغان ئەرلەرگە ۋە ئەرلەرگە ئوخشىۋالغان ئاياللارغا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم لەنەت قىلدى ۋە ئۇلارنى ئۆيلىرىڭلاردىن چىقىرىۋېتىڭلار دىدى. ئېيتتى ئىبنى ئابباس: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پالاننى چىقىرىۋاتتى ۋە ئۆمەر پالاننى چىقىرىۋاتتى.

**ساقالنى قويۇپ بېرىش توغرىسىدا**

1997 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: مۇشرىكلارغا خىلاپ (قارشى) قىلىڭلار، ساقاللارنى تولۇق قويۇڭلار ۋە بۇرۇتلارنى قىسقارتىڭلار !.

## بوياش توغرىسىدا

1998 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: تەھقىق يەھۇدى ۋە ناسارالار بويىمايدۇرلەر، ئاندىن ئۇلارغا خىلاپ (قارشى) قىلىڭلار !.

## گېدەلىك توغرىسىدا

1999 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چاچلىرى سىدامۇ ئەمەس ۋە گېدەمۇ ئەمەس چىرايلىق رەۋىشتە ئىككى قۇلىغى ۋە مۈرىسى ئوتتۇرىسىدا ئىدى.

2000 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىككى قوللىرى ۋە ئىككى قەدەملىرى توم ئىدى، ئۇل جانابتىن ئىلگىرى ۋە ئۇل جانابتىن كېيىن ئۇنداق زاتنى كۆرمىدىم ۋە ئىككى ئالقانلىرى كەڭرى ئىدى.

## بېشىنى ئالا چۇشۇرۇش توغرىسىدا

2001 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بېشىنى ئالا چۇشۇرۇشدىن نەھى قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىدىم.

## ئايال كىشىنىڭ ئېرىنى ئىككى قولى بىلەن خۇشبۇي قىلغانلىقى توغرىسىدا

2002 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئۆزى تاپقان خۇشبۇي نەرسىنىڭ خۇشبۇيراقى بىلەن خۇشبۇي قىلاتتىم، ھەتتاكى مۇبارەك باشلىرىدا ۋە ساقاللىرىدا خۇشبۇينىڭ پاقىراپ تۇرغانلىقىنى تاپىمەن.

## خۇشبۇينى رەت قىلمايدىغان كىشى توغرىسىدا

2003 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇشبۇينى رەت قىلمايتى.

## زەرىرە ـ ئىپار قوشۇلغان مۇرەككەپ خۇشبۇي توغرىسىدا

2004 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ھەججەتۇل ۋىدا يىلى ئېھرامدىن چىقىشى ۋە ئېھرامغا كىرىشى ئۈچۈن ئۆز قولۇم بىلەن زەرىرە ـ مۇرەككەپ خۇشبۇي بىلەن خۇشبۇي قىلدىم.

## سۈرەت (رەسىم) تاتقۇچىلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ئازابى توغرىسىدا

2005 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: مۇشۇ سۈرەتلەرنى تاتقانلارنى قىيامەت كۈنى ئازاب قىلىنىدۇ، ئۇلارغا تاتقان ۋە سىزغان سۈرەتلىرىڭلارنى تىرىلدۈرۈڭلار دېيىلىدۇ.

## سۈرەتلەرنى بۇزۇۋېتىش توغرىسىدا

2006 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇر: ئېيتتى اللە تەئالا: مېنىڭ يارىتىشىمغا ئوخشاش، يارىتىشقا شۇرۇئ قىلغان كىشىدىنمۇ زالىمراق كىشى بارمۇ؟ ئۇ بىر دانە داننى يارىتىپ باقسۇن. بىر رىۋايەتتە، بىر دانە ئارپىنى يارىتىپ باقسۇن.

## (70) ئەدەپنىڭ كىتابى

## ياخشى سۆھبەتكە خالايىقنىڭ ھەقلىقراغى كىم ئىكەنلىكى توغرىسىدا

2007 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھوزۇرىغا كېلىپ ئېيتتى: يارەسۇلۇللاھ ! مېنىڭ ياخشى سۆھبەت قىلىشىمغا

خالايىقنىڭ ھەقلىقراغى كىمدۇر؟ ئۇل جاناب رەسۇلۇللاھ ئېيتتى: ئاناڭدۇر. ئېيتتى: ئاندىن كىين كىمدۇر؟ ئۇل جاناب ئېيتتى: ئاندىن كىين ئاناڭدۇر. ئېيتتى: ئاندىن كىين كىمدۇر؟ ئۇل جاناب ئېيتتى: ئاندىن كىين ئاناڭدۇر. ئېيتتى: ئاندىن كىين كىمدۇر؟ ئاندىن كىين ئاتاڭدۇر.

**بىر كىشىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى دەشنام قىلماسلىقى توغرىسىدا**

2008 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: بىر كىشىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى لەنەت قىلىشى، گۇناھى كەبىرلەرنىڭ ئەڭ چوڭراق گۇناھى كەبىرەدىندۇر. دېيىلدى: يارەسۇلۇللاھ ! قانداقمۇ بىر كىشى ئاتا ـ ئانىسىنى لەنەت قىلىدۇ؟ ئۇل جاناب ئېيتتى: بىر كىشى يەنە بىر كىشىنىڭ ئاتىسىنى سۆكۈپ دەشنام قىلىدۇر، ئاندىن بۇ كىشى، ئۇ كىشىنىڭ ئاتىسىنى دەشنام قىلىدۇ ۋە ئۇ كىشى، بۇ كىشىنىڭ ئانىسىنى دەشنام قىلىدۇ ۋە بۇ كىشىمۇ ئۇ كىشىنىڭ ئانىسىنى دەشنام قىلىدۇر.

**سىلە ـ رەھىمنى ئۈزگەن كىشىنىڭ گۇناھى توغرىسىدا**

2009 ـ جۇبەيىر ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇر: سىلە ـ رەھىمنى ئۈزگەن كىشى جەننەتكە كىرمەيدۇر.

2010 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: تەھقىق رەھىم، الله تەئالانىڭ رەھمىتىنىڭ ئەسەرلىرىدىن بىر ئەسەردۇر. تەھقىق ئاللاھ تەئالا ئېيتتى: ئى رەھىم، كىشىلەر سىلە ـ رەھىم قىلىپ سىنى يوقلىسا ئۇ كىشىگە رەھىم قىلىمەن ۋە كىشىلەر سىنى ئۈزسە (يوقلىمىسا) مەن ئۇ كىشىدىن رەھمىتىمنى ئۈزىمەن.

2011 ـ ئەمرى ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاشكارا مەخپى ئەمەس ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇر: تەھقىق ئەبى پالاننىڭ ئەھلى

ئەۋلادى مىنىڭ ۋەلىلىرىم ئەمەسدۇر، تەھقىق مىنىڭ ۋەلىلىرىم الله تەئالادۇر ۋە مۆمىنلەرنىڭ سالىھلىرىدۇر، لېكىن ئۇلارغا يېقىن تۇققانلىق بار، ئۇنى تۇققانلىقنىڭ يۆللىگى بىلەن يۇلۇتۇپ تۇرىمەن (يەنى يوقلاپ تۇرىمەن)..

**سىلە ـ رەھىم قىلغۇچى مۇكاپات بەرگۈچى (قىلغانغا ياندۇرغۇچى) ئەمەسلىگى توغرىسىدا**

2012 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: سىلە قىلغۇچى مۇكاپات قىلغۇچى ئەمەسدۇر (ئۆتنەنى ياندۇرغۇچى، سىلە ـ رەھىم قىلغۇچى بولمايدۇ)، لېكىن سىلە ـ رەھىم قىلغۇچى، ئۈزۈلگەن رەھىمنى ئۇلىغۇچىدۇر (يەنى ئۈزۈلگەن تۇققانچىلىقنى يوخلاپ ئۇلاپ ياخشىلىغان كىشى سىلە ـ رەھىم قىلغۇچىدۇر).

**پەرزەنتكە رەھىم قىلىش ۋە ئۇنى سۆيۈش ۋە ئۇنى قۇچاقلاش توغرىسىدا**

2013 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدى: بىر سەھرايى ئەرەب پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىغا كېلىپ ئېيتتى: ئايا سىلەر ئۇششاق باللارنى سۆيىدىكەنسىلەر؟ بىز ئۇلارنى سۆيمەيمىز. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: الله تەئالا سىنىڭ دىلىڭدىن رەھمەتنى تارتىۋاتقانلىغىغا مەن ئېگە بولالايمەنمۇ؟ (يەنى الله تەئالا دىلىڭدىن رەھمەتنى تارتىۋېتىپتۇ).

2014 ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەسىرلەرنى كەلتۈرۈلدى، بىناگاھ ئەسىرلەر ئىچىدىن بىر خوتۇن ئەمچىگىنى سىغىپ تۇرۇپ بالا ئىمىتكىلى تۇردى (ئەمچىگىدە سۈت قېتىپ قالماسلىغى ئۈچۈن)، ۋەقتىكى ئەسىرلەر ئىچىدە بىر ناسىدە بوۋاقنى تاپسا ئۇنى ئېلىپ قوسىغىغا چاپلاپ ئىمىتىدۇر. ئاندىن بىزلەرگە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئايا مۇشۇ خوتۇننى بالىسىنى ئوتقا

تاشلايدۇ دەپ گۇمان قىلامسىلەر؟ ئېيتتۇق: ياق، ئۇ خوتۇن بالىسىنى ئوتقا تاشلىماسلىققا قادىر بولىدۇ. ئاندىن ئۇل جاناب ئېيتتى: ئەلۋەتتە الله تەئالا بەندىلىرىگە، مۇشۇ خوتۇننىڭ بالىسىغا قىلغان رەھىمسىدىنمۇ بەكراق رەھىم قىلغۇچىدۇر.

## الله تەئالا رەھمىتىنى يۈز پارچە قىلغانلىقى توغرىسىدا

2015 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇر: الله تەئالا رەھمىتىنى يۈز پارچە قىلدى، ئاندىن ئۆز دەرگاھىدا توقسان توققۇز پارچىنى ئېلىپ قالدى ۋە بىر پارچە رەھمىتىنى زىمىنغا نازىل قىلدى (چۈشۈردى)، ئاندىن شۇ بىر پارچە رەھمىتى بىلەن خەلقلەر رەھىم قىلىشىدۇر، ھەتتاكى ئات بالىسىغا زىيان-زەخمەت يېتىشىدىن قورقۇپ (ئەمدۈرگەندە) تۇۋقىنى بالىسىدىن كۆتۈرۈپ تۇرىدۇر.

## كىچىك بالىنى يوتىسى ئۈستىگە قويۇش توغرىسىدا

2016 ـ ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى تۇتۇپ بىر يوتىسى ئۈستىدە ۋە ھەسەننى يەنە بىر يوتىسى ئۈستىدە ئولتۇرغۇزار ئىدى، ئاندىن ئۇ ئىككىمىزنى بىر بىرىمىزگە قوشاتتى، ئاندىن ئېيتارئىدى: ئى الله! ئۇ ئىككىسىگە رەھىم قىلغىن، پەس تەھقىق مەن ئۇ ئىككىسىگە رەھىم قىلىمەن.

## ئىنسانلارغا ۋە ھايۋانلارغا رەھىم قىلىش توغرىسىدا

2017 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازدا تۇردى، بىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە نامازدا تۇردۇق. ئاندىن بىر سەھرايى ئەرەب نامازدا تۇرۇپ «ئى الله! ماڭا ۋە مۇھەممەدكە رەھىم قىلغىن ۋە بىزلەر بىلەن بىرگە ھېچ كىشىگە

رەھىم قىلمىغىن» دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سالام بىرىپ بولۇپ سەھرايى ئەرەبكە ئېيتتى: ئەلۋەتتە تەھقىق كەڭرى رەھمەتنى تارلاشتۇردۇڭ.

2018 ـ نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: مۆمىنلەرنى ئۆز ئارا رەھىم قىلىشلىرىدا ۋە دوس بولۇشلىرىدا ۋە مېھرىبان بولۇشلىرىدا بىر جەسەت (تەنگە) ئوخشاش كۆرىسەن، ۋەقتىكى بىر ئەزاسى ئاغرىسا، ئۇنىڭغا قالغان بەدەنلىرى ئۇيقۇسىزلىقنى ۋە قىزىتمىنى چاقىرىشىدۇ (يەنى بىر ئەزاسى ئاغرىسا پۈتۈن بەدەنگە ئۇيقا كەلمەيدۇ، ھەم بەدىنى قىزىيدۇر)، مۆمىن مۆمىنگە شۇنداق بولۇشى لازىم.

2019 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: مۇسۇلماندىن يوقكى، كۆچەت تىكىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭدىن ئىنسان ياكى ھايۋان يەيدۇ، مەگەر بولسا ئۇ يىيىلگەن نەرسە ئۇ مۇسۇلمان ئۈچۈن سەدىقە بولىدۇر.

2020 ـ جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: رەھىم قىلمىغان كىشىگە رەھىم قىلىنمايدۇ.

## خوشنىغا ۋەسىيەت قىلىش توغرىسىدا

2021 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ھەمىشە مىنى خوشنىغا ياخشىلىق قىلىشقا ۋەسىيەت قىلدۇ، ھەتتا گۇمان قىلدىمكى، تەھقىق جىبرىئىل پات ـ پۈرسەتتە خوشنىنى ماڭا ۋارىس قىلىدىغان ئوخشايدۇ دەپ.

## خوشنىسى ئۇ كىشىنىك يامانلىغىدىن خاتىرجەم بولالمايدىغان كىشىنىڭ گۇناھى توغرىسىدا

2022 ـ ئەبۇ شەرىھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم ئېيتتى: ۋەللاھۇ، مۆمىن بولمايدۇ، ۋەللاھۇ، مۆمىن بولمايدۇ، ۋەللاھۇ، مۆمىن بولمايدۇ. دىيىلدى: يارەسۇلۇللاھ ! كىم؟ ئۇل جاناب ئېيتتى: شۇنداق كىشىدۇركى، خوشنىسى ئۇ كىشىنىڭ يامانلىقلىرىدىن تىنچ-ئامان خاتىرجەم بولالمايدۇر.

**الله تەئالاغا ۋە قىيامەتكە ئىيمان كەلتۈرىدىغان كىشى خوشنىسىغا ئازار بەرمەسلىگى توغرىسىدا**

2023 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: كىشىكى الله تەئالاغا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىيمان كەلتۈرسە، ئاندىن مېھمىنىنى ئىكرام قىلسۇن. كىشىكى الله تەئالاغا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىيمان كەلتۈرسە، ئاندىن ياخشى سۆزنى قىلسۇن ياكى جىم تۇرسۇن.

**ياخشى ئىش سەدىقە ئىكەنلىگى توغرىسىدا**

2024 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ياخشى ئىش سەدىقەدۇر.

**ھەممە ئىشلاردا سىلىق-يۇمشاق بولۇش توغرىسىدا**

2025 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: تەھقىق الله تەئالا ھەممە ئىشلاردا سىلىق-يۇمشاقلىقنى دوس تۇتىدۇ.

**مۆمىنلەرنىڭ بەزىسى بەزىسىگە ياردەملىشىشى توغرىسىدا**

2026 ـ ئەبۇموسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: مۆمىن مۆمىنگە بىناغا(قۇرۇلۇشقا) ئوخشاشكى، بەزىسى بەزىسىنى چىڭ تۇتۇپ كۈچلۈك ھەم قىلىدۇ. ئاندىن بارماقلىرىنىڭ ئوتتۇرسىنى كىرىشتۈردى. ئېيتتى ئەبۇموسا: جانابى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئولتۇراتتى، بىناگاھ سوئال قىلىدىغان بىر كىشى ياكى ھاجەت

تەلەپ قىلغۇچى كەلدى، بىزلەرگە مۇبارەك يۈزلىرى بىلەن ئىقبال قىلدى، ئاندىن ئېيتتى: شاپائەت قىلىڭلار! ئاندىن ئەجرى بېرىلىسىلەر ۋە اللە تەئالا پەيغەمبىرىنىڭ تىلى بىلەن خالىغان نەرسىگە ھۆكۈم قىلىدۇ.

## پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەبىھ سۆزلىگۈچى ۋە قەبىھ سۆزنى ئىستىمال قىلغۇچى بولمىغانلىقى توغرىسىدا

2027 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەشنام قىلغۇچى، قەبىھ سۆز قىلغۇچى، قەبىھ سۆزنى ئىستىمال قىلغۇچى ۋە لەنەت قىلغۇچى بولمىدى. غەزەب قىلغاندا بىرىمىزگە ئېيتارئىدى: نىمە بولدى ئۇنىڭغا، پېشانىسى توپا بولسۇن.

## ياخشى ئەخلاق ۋە سېخىلىق ۋە بېخىللىقتىن مەكروھ بولىدىغان نەرسە توغرىسىدا

2028 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر نەرسىدىن سۇئال قىلىنمىدى، سۇئال قىلىنسا ھەرگىز ياق دېمىدى.

2029 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئون يىل خىزمەت قىلدىم، ئاندىن ماڭا ئۇف، ئۇھ، نىمشكە قىلدىڭ ۋە نە قىلمىدىڭمۇ، دېمىدى.

## دەشنام قىلىش ۋە لەنەت قىلىشتىن مەنى قىلىدىغان نەرسە توغرىسىدا

2030 ـ ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىكى ئېيتىدۇر: بىر كىشى يەنە بىر كىشىنى پاسىقلىققا نىسبەت بېرىپ پاسىق دېمەيدۇ ياكى كۇپرىغا نىسبەت بېرىپ كاپىر دېمەيدۇر، مەگەر شۇنداق دىسە، ئەگەر

ئۇنىڭ ھەمراسى (يەنى پاسىق يا كاپىر دېيىلگەن كىشى) شۇنداق بولمىسا ئۇ سۆز ئۆزىگە قايتىدۇ.

2031 ـ سابىت ىبنى زەھھاك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: ئۇ زات ئەسھابى شەجەرەدىن ئىدى(پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بەيئەت قىلغان ساھابىلاردىن ئىدى). تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: بىر كىشى ئىسلام مىللىتىنىڭ غەيرى بىلەن قەسەم قىلسا ئۆزى دېگەندەكدۇر (يەنى لات ۋە ئۇززا بۇتلىرى بىلەن قەسەم قىلسا كاپىردۇر). ئادەمىزاتقا ئۇ ئىگە بولمىغان نەرسىگە نەزرى قىلىش يوقدۇر. بىر كىشى ئۆزىنى بىر نەرسە بىلەن ئۆلتۈرسە، قىيامەت كۈنى شۇ نەرسە بىلەن ئازاب قىلىنىدۇر. بىر كىشى مۆمىننى لەنەت قىلسا، ئاندىن ئۇ مۆمىنى ئۆلتۈرگەنگە ئوخشاشدۇر. كىشىكى مۆمىننى كۇپرى بىلەن قارلىسا، ئاندىن ئۇ مۆمىنى ئۆلتۈرگەنگە ئوخشاشدۇر.

## چېقىمچىلىقدىن مەكروھ بولىدىغان نەرسە توغرىسىدا

2032 ـ ھۇزەيپە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇر: چېقىمچى جەننەتكە كىرمەيدۇ.

## بىر بىرىنى ماختىششدىن مەكروھ بولىدىغان نەرسە توغرىسىدا

2033 ـ ئەبى بەكرەتە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق بىر كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىدا زىكرى قىلىندى، ئاندىن يەنە بىر كىشى ئۇنىڭغا ياخشى سانا ئېيتىپ ماختىدى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ۋاي ساڭا، ھەمرايىڭنىڭ بويىنىنى ئۈزۈۋەتتىڭ، ئۇ سۆزنى بىرنەچچە قېتىم ئېيتىدۇر. ئەگەر سىلەرنىڭ بىرىڭلار چارە يوق ماختىغۇچى بولسا، ئاندىن ئېيتسۇن: مۇشۇنداق مۇشۇنداق گۇمان قىلىمەن، ئەگەر

ئۇ ماختالغۇچىنىڭ شۇنداقلىغىنى گۇمان قىلىدىغان بولسا ۋە ئۇنىڭ ھېساپ ئالغۇچىسى اللە تەئالادۇر، اللە تەئالاغا بىرو پاك قىلىنمايدۇ.

## ھەسەد قىلىشىش ۋە ئارقىنى قىلىشىش ۋە قەتىئ رەھىم قىلىشىدىن نەھى قىلىش توغرىسىدا

2034 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: دۈشمەنلەشمەڭلار! ھەسەد قىلىشماڭلار! ئارقاڭلارنى قىلىشماڭلار! (يۈز ئۆرۈشمەڭلار!) ۋە بۇرادەر بولۇڭلار ئى اللە نىڭ بەندىلىرى! ۋە مۇسۇلمانغا، مۇسۇلمان بۇرادىرىنى ئۈچ كۈندىن يۇقۇرى گەپلەشمەي تەرىك قىلىش ھالال بولمايدۇ.

2035 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: گۇماندىن يىراق قېچىڭلار! چۈنكى گۇمان سۆزنىڭ يالغانراقىدۇر. ئاقتۇرۇشماڭلار! جاسۇسلۇق قىلىشماڭلار! يالغان خېرىدار بولۇشماڭلار ! ھەسەد قىلىشماڭلار! دۈشمەن بولۇشماڭلار ! ۋە ئارقاڭلىنى قىلىپ يۈز ئۆرۈشمەڭلار ! ئى اللە نىڭ بەندىلىرى بۇرادەر بولۇڭلار ! .

## گۇماندىن دۇرۇس بولىدىغان نەرسە توغرىسىدا

2036 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: پالانى ۋە پالاننى بىزنىڭ دىنىمىزدىن بىر نەرسىنى تونۇيدۇ دەپ گۇمان قىلمايمەن. بىر رىۋايەتتە: بىز ئۇنىڭ ئۈستىدە بار دىنىمىزدىن تونۇيدۇ دەپ گۇمان قىلمايمەن.

## مۆمىن ئۆزىگە ئەيىبىنى يېپىش توغرىسىدا

2037 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇر: ئۈممۈتىمنىڭ ھەممىسى ئاپىيەتلىك خاتىرجەمدۇر، مەگەر

قەھرى قىلغۇچىلار تەھقىق بىپەرۋالىقنىڭ جۈملىسىدىندۇر، شۇدۇركى بىر ئادەم كېچىدە بىر ئەمەلنى قىلىدۇر، ھالئۇلكى ئۇ ئەمەلنى الله تەئالا ياپقان ئىدى، ئاندىن تاڭ ئاتقاندا ئېيتىدۇر: ئاخشام كېچىدە مۇنداق مۇنداق ئىشنى قىلدىم، تەھقىق پەرۋەردىگارى ئۇ ئەمەلنى ياپقان ھالىتىدە ياتقان (قونغان) ئىدى ۋە ئۇ ئادەم ئۆزىدىن الله تەئالانىڭ ياپقان پەردىسىنى ئېچىپ تاڭ ئاتتۇرىدۇر.

**گەپلەشمەي تەرىك ئېتىش توغرىسىدا ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىر كىشى ئۆزىنىڭ بۇرادىرىنى ئۈچ كۈندىن يۇقۇرى گەپ قىلماي تەرىك قىلىش ھالال بولمايدۇ دىگەن سۆزى توغرىسىدا**

**2038 ـ** ئەبى ئەييۇب ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: بىر كىشى ئۆزىنىڭ بۇرادىرىنى ئۈچ كېچىدىن يۇقۇرى گەپ قىلماي تەرىك قىلىشى، ئىككىسى ئۇچىقۇشۇپ قالسا ئۇمۇ يۈزئۆرۈپ ۋە بۇمۇ يۈزئۆرۈپ كۆرۈشمەسلىگى دۇرۇس بولمايدۇ، ئىككىسىنىڭ ياخشىراغى ئەۋۋەل باشلاپ سالام قىلىدۇر.

**يالغانچىلىقدىن نەھى قىلىش توغرىسىدا**

**الله تەئالانىڭ** {يَاۤاَيُّهَا الَّذِينَ ءَامَنُوا اتَّقُوا اللّٰهَ وَكُونُوا مَعَ الصَّادِقِينَ} **مەنىسى:** ***{ئى مۆمىنلەر! الله دىن قورقۇڭلار، راستچىللار بىلەن بىللە بولۇڭلار}.*** **سۆرە تەۋبە 119 ـ ئايىتى توغرىسىدا**

**2039 ـ** ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: تەھقىق راستچىل بولۇش ياخشىلىققا باشلايدۇ، تەھقىق ياخشىلىق جەننەتكە باشلايدۇ. تەھقىق بىر كىشى ئەلۋەتتە راس سۆزلەيدۇ، ھەتتاكى سىددىق بولىدۇ (سىددىقلەردەك راستچىل مەرتىبىسگە يېتىدۇ)، تەھقىق يالغانچىلىق پاسىقلىق ۋە پاجىرلىققا باشلايدۇ، تەھقىق

پىسقى ـ پۈجۈر دوزاخقا باشلايدۇ، تەھقىق بىر كىشى ئەلۋەتتە يالغانچىلىق قىلىدۇ، ھەتتا الله تەئالانىڭ دەرگاھىدا يالغانچى دەپ يېزىلىدۇ.

## ئازارغا سەبرى قىلىش توغرىسىدا

2040 ـ ئەبۇموسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ھېچ كىشى ياكى ھېچ نەرسە ئاڭلىغان ئازارغا الله تەئالادىن بەك سەبرى قىلغۇچىراق ئەمەسدۇر، چۈنكى ئۇ ئىنسانلار ئەلۋەتتە الله تەئالاغا بالىسىنى چاقىرىدۇ (بالىسى بار دەيدۇ)، ھالبۇكى، تەھقىق ئۇ الله تەئالا ئۇلارنى ئاپىيەتلىك ـ سالامەتلىك قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا رىزقى بېرىدۇر.

## غەزەبدىن ھەزەر قىلىش توغرىسىدا

2041 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: يىقىتىپ ئېتىۋاتقۇچى قاتتىق كۈچلۈك ئەمەسدۇر، تەھقىق قاتتىق كۈچلۈك ئادەم، غەزەبى كەلگەندە ئۆز نەپسىگە ئىگە بولغان، ئۆزىنى چىڭ تۇتۇۋالغان كىشىدۇر.

2042 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق بىر كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئېيتتى: ماڭا ۋەسىيەت قىلسىلا؟! ئۇل جاناب ئېيتتى: غەزەب قىلمىغىن! ئاندىن ئۇ كىشى بىرنەچچە قېتىم (ۋەسىيەت قىلسىلا)نى قايتا ياندۇردى. ئۇل جاناب ئېيتتى: غەزەب قىلمىغىن!.

## ھايا قىلىش توغرىسىدا

2043 ـ ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ھايا ياخشىلىقتىن باشقا نەرسىنى كەلتۈرمەيدۇ.

## « ھايا قىلمىساڭ خالىغىنىڭنى قىل» توغرىسىدا

2044 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: خالايىقلار تۇنجى پەيغەمبەرلىك سۆزىدىن تاپقان نەرسىنىڭ جۈملىسىدىندۇر، ۋەقتىكى ھايا قىلمىساڭ خالىغىنىڭنى قىل.

## خالايىققا كەڭ كۆشادە پېيىلىش ۋە ئەھلى بىلەن چاقچاق قىلىش توغرىسىدا

2045 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەلۋەتتە بىزلەرگە ئارلىشاتتى ھەتتاكى مىنىڭ كىچىك ئۇكامغا ئېيتارئىدى: ئى ئابا ئۇمەيرى، نىمە قىلدى نۇغەيرى. (نۇغەيرى ـ بۇلبۇلنىڭ چۆجىسى ياكى تۇمۇچۇق).

## مۆمىننى بىر تۆشۈكدىن ئىككى قېتىم چېقىۋېلىنمايدىغانلىغى توغرىسىدا

2046 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: مۆمىننى بىر تۆشۈكدىن ئىككى قېتىم چېقىۋېلىنمايدۇ.

## شېئىر ـ قوشاق ۋە تۆگە ھايداش غەزىلىدىن جائىز بولىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن مەكروھ بولىدىغان نەرسە توغرىسىدا

2047 ـ ئۇبەي ئىبنى كەئىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: تەھقىق شېئىرنىڭ ئىچىدىمۇ ھىكمەتلىك سۆز بار.

## الله تەئالانىڭ زىكرىدىن ۋە ئىلىمدىن ۋە قۇرئاندىن توسقىدەك دەرىجىدە ئىنسانغا شېئىرنىڭ غالىب بولۇشىنىڭ مەكروھلىغى توغرىسىدا

2048 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ ئىچى ـ قوسىغى يىرىڭ بىلەن توشقىنى، ئۇنىڭ شېئىر

بىلەن توشقىنىدىن ياخشىراقدۇر.

## بىر كىشىنىڭ ۋاي ساڭا دېگەن سۆزى ھەققىدە كەلگەن نەرسە توغرىسىدا

2049 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق يېزا ـ قىشلاق ئەھلىدىن بىر كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىغا كەلدى، سورايدۇركى، قىيامەت قاچان قائىم بولىدۇ؟ بۇ ھەدىس يۇقۇرىدا ئۆتتى، بۇ رىۋايەتتە بۇنى زىيادە قىلدى. «سەن دوس تۇتقان كىشى بىلەن بىللە دۇرسەن» دېگەن قەۋلىدىن كېيىن، ئاندىن ئېيتتۇق: بىزمۇ شۇنداقمۇ؟ ئول جاناب ئېيتتى: ھەئە شۇنداق.

يۇقۇرىدا ئۆتكەن ھەدىسنىڭ تامامى مۇنداق: ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: تەھقىق يېزىدىن بىر كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىغا كىلىپ، يارەسۇلۇللاھ ! قىيامەت قاچان قائىم بولىدۇ؟ دېدى. ئول جاناب ئېيتتى: ۋاي ساڭا، قىيامەتكە نىمە تەييار قىلدىڭ؟ ئۇ كىشى ئېيتتى: قىيامەتكە تەييار قىلمىدىم، مەگەركى، تەھقىق مەن الله نى ۋە پەيغەمبەرنى دوس تۇتىمەن. ئول جاناب ئېيتتى: سەن دوس تۇتقان كىشى بىلەن بىرگە بولىسەن. ئاندىن ئېيتتۇق: بىزمۇ شۇنداقمۇ؟ ئول جاناب ئېيتتى: ھەئە شۇنداق. ئاندىن بىز شۇكۈنى بەك خوش بولدۇق ۋە مۇغىرەنىڭ بىر غولامى ئۆتتى، ئۇ مېنىڭ تەڭ ـ تۇشلىرىمدىن ئىدى. ئاندىن ئول جاناب ئېيتتى: ئەگەر تەخىر قىلسا مۇشۇ، ھەرگىز ئۇنى قېرىلىق تاپمايدۇ، ھەتتا قىيامەت قائىم بولغىچە.

(ئەگەر تەخىر قىلسا مۇشۇ، ھەرگىز ئۇنى قېرىلىق تاپمايدۇ، ھەتتا قىيامەت قائىم بولغىچە دېگەندىن مۇراد، ياكى قىيامەتنىڭ يېقىن بۇلىشىدا مۇبالىغەدۇر، ۋاقىت توختۇتۇش ئەمەس، يا سائەت بىلەن جانابى رەسۇلۇللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ھازىر بولغانلارنىڭ سائىتىدۇر، مۇراد ـ ئۇلارنى ئۆلۈم ئاخىرەت ئىشلىرىغا يېقىن تارتىش ئۈچۈندۇر).

## خالايىقلار ئۆز ئاتلىرى بىلەن چاقىرىلىدىغانلىقى توغرىسىدا

2050 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: تەھقىق ۋەدىنى بۇزغۇچىغا، قىيامەت كۈنى بىر بايراق تىكلىنىدۇ، ئاندىن دېيىلىدۇ: بۇ پالانىنىڭ ئوغلى پالانىنىڭ ۋەدىنى بۇزۇشىدۇر.

## پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كەرىمى مۆمىننىڭ دىلىدۇر دېگەن سۆزى توغرىسىدا

2051 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئۈزۈمنى كەرەم دەپ ئاتىماڭلار، تەھقىق كەرەم مۆمىننىڭ دىلىدۇر.

## بىر ئىسمنى ئۆزگەدىن چىرايلىقراق ئىسمغە يۆتكەش توغرىسىدا

2052 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: تەھقىق زەينەپنىڭ ئىسمى بەررە ئىدى، ئاندىن دېيىلدى: ئۆزىنى پاكلايدۇ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى زەينەپ دەپ ئاتىدى.

## ھەمراسىنى چاقىرىپ ئۇنىڭ ئىسمىدىن بىر نەرسىنى كام ئېيتقان كىشى توغرىسىدا

2053 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇممى سۇلەيىم يۈك ـ تاقىنىڭ ئىچىدە ئىدى سەغىردە ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خادىمى ئەنجەشە ئاياللار مىنگەن تۆگىنى ھايدايدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئى ئەنجەش ! ئاياللارغا رەھىم قىلىپ تۆگىنى يەڭگىل ھايدىغىن. (ئەنجەشەنى ئەنجەش دەپ ئاياغدىكى ت ھەرپىنى كېمەيتىپ، ئەنجەش دەپ چاقىردى).

## ئىسىملەرنىڭ الله تەئالاغا دۈشمەنراغى توغرىسىدا

2054 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم ئېيتتى: ئىسملەرنىڭ سەتراغى، الله تەئالانىڭ نەزدىدە قىيامەت كۈنى شاھىنشاھ (يەنى پادىشالارنىڭ پادىشاھى) دەپ ئاتالغان كىشىدۇر

## چۈشكۈرگۈچىنىڭ ھەمدى « الْحَمْدُ لِلَّهِ » ئېيتىش توغرىسىدا

2055 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىدا ئىككى كىشى چۈشكۈردى، ئۇل جاناب رەسۇلۇللاھ ئىككى كىشىنىڭ بىرىگە « يَرْحَمُكَ اللهُ » دەپ جاۋاب بەردى ۋە يەنە بىرىگە جاۋاب بەرمىدى. ئاندىن ئۇل جانابتىن سورالدى. ئاندىن ئۇل جاناب ئېيتتى: بۇ الله تەئالاغا ھەمدى ئېيتتى ۋە بۇ الله تەئالاغا ھەمدى ئېيتمىدى.

## چۈشكۈرۈشنىڭ مۇستەھەبلىگى ۋە ئەسنەشنىڭ مەكروھلىغى توغرىسىدا

2056 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: تەھقىق الله تەئالا چۈشكۈرۈشنى دوس تۇتىدۇ، ئەسنەشنى ناخۇش كەرىھ كۆرىدۇ. ۋەقتىكى بىرىڭلار چۈشكۈرسە ۋە الله تەئالاغا ھەمدى ئېيتسا، ئۇنى ئاڭلىغان مۇسۇلمانغا « يَرْحَمُكَ اللهُ » يەنى الله ساڭا رەھىم قىلسۇن دېيىش ھەق ۋاجىب بولىدۇ. ئەمما ئەسنەش، تەھقىق ئۇ شەيتاندىندۇر، ۋەقتىكى بىرىڭلار ئەسنىسە ئۇنى كۈچىنىڭ يېتىشىچە قايتۇرسۇن، چۈنكى سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئەسنىسە ئۇنىڭغا شەيتان كۈلىدۇر.

## (71) ئىزنى سوراشنىڭ كىتابى

## ئاز كىشىنىڭ كۆپ كىشىگە سالام قىلىشى توغرىسىدا

2057 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: كىچىك چوڭغا، يولدىن ئۆتكىچى ئولتۇرغۇچىغا ۋە ئاز كۆپكە سالام قىلىدۇر.

## ماڭغۇچىنىڭ ئولتۇرغۇچىغا سالام قىلىشى توغرىسىدا

2058 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئۇلاق مىنگۈچى پىيادە ماڭغۇچىغا، پىيادە ماڭغۇچى ئولتۇرغۇچىغا ۋە ئازچىلىق كۆپچىلىككە سالام قىلىدۇ.

## تونۇغان ۋە تونۇمىغان كىشىگە سالام قىلىش توغرىسىدا

2059 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق بىر كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن دىنى ئىسلامنىڭ قايسى خىسلىتى ياخشىدۇر دەپ سورىدى؟ ئول جاناب ئېيتتى: تائام بېرىسەن ۋە تونۇغان ۋە تونۇمىغان كىشىگە سالام قىلىسەن. (يەنى مۇشۇ خىسلەت ياخشىدۇر).

## ئىزنى سوراش كۆز جەھەتدىن ئىكەنلىگى توغرىسىدا

2060 ـ سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: بىر كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھوجرىلىرىدىكى بىر تۆشۈكتىن قارىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن باشلىرىنى تاتىلايدىغان تاغاقتەك بىر نەرسە بارئىدى، ئاندىن ئېيتتى: ئەگەر تەھقىق سىنىڭ قارىغانلىغىڭنى بىلگەن بولسام بۇ نەرسە بىلەن كۆزۈڭگە سانجىيتتىم، تەھقىق ئىزنى سوراشنى كۆزنىڭ جەھىتىدىن قىلىنىدى.

## ئەزالارنىڭ زىناسى، پەرجىنىڭ زىناسىدىن باشقا ئىكەنلىگى توغرىسىدا

2061 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: تەھقىق الله تەئالا ئادىمزادقا ئۇنىڭ زىنادىن نەسىبە تەقدىر قىلىپ يازدى، ئادەم ئۇنى شەكسىز تاپتى. ئاندىن كۆزنىڭ زىناسى قاراشدۇر، تىلنىڭ زىناسى سۆزلەشدۇر، نەپسى ئۇنى ئارزۇ قىلىدۇ ۋە ئىشتىھا قىلىدۇ، پەرجى (ئۇياتلىق جاي) ئۇنى ئەمەلىيىتىدە قىلىدۇ ياكى

ئۇنڭغا ئىنكار قىلدۇ (قىلمايدۇ).

## كىچىك بالىغا سالام قىلىش توغرىسىدا

2062 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق ئۇ زات ئۇششاق باللارغا ئۇتۇپ ئۇلارغا سالام قىلدى ۋە ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى قىلارئىدى (يەنى سەبى باللارغا سالام قىلاتتى).

## ۋەقتىكى كىم بۇ؟ دىسە، مەن دىگەن كىشى توغرىسىدا

2063 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: ئېيتتى: ئاتامنىڭ ئۈستىدىكى قەرزى توغرىسىدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىغا كەلدىم، ئىشىكنى قاقتىم، ئاندىن كىم بۇ؟ دىدى. ئاندىن مەن دىدىم. ئاندىن ئۇل جاناب ئېيتتى: مەن، مەن. گۇياكى ئۇل جاناب «مەن» دىگەن سۆزنى كەرىھ ناخۇش كۆردى.

## سۇرۇنلاردا كەڭرى قىلىپ سىغدۇرۇش توغرىسىدا

2064 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: بىر كىشى يەنە بىر كىشىنى ئولتۇرغان ئورنىدىن قوپۇرۇۋېتىپ، ئاندىن ئۇ يەردە ئولتارمىسۇن ۋە لىكىن كەڭرى قىلىڭلار ۋە سىغدۇرۇۋېلىڭلار !.

## قولى بىلەن يۈگۈنۈپ (زوڭزۇيۇپ) ئولتۇرۇش توغرىسىدا

2065 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كەبىنىڭ فىناسىدا قولى بىلەن ئىھتىبا قىلىپ ئولتۇرغانلىغىنى كۆردۈم مۇشۇنداق. (ئىھتىبا دىگەن: ئىككى يوتىسىنى ۋە ئىككى پاچىغىنى قوسىغىغا قۇشۇپ ئىككى جەينىگى بىلەن ئىككى ساغرىسىدا ئولتۇرغان كۆردۈم).

## ئۆچ كىشىدىن كۆپراق بولسا مەخپىي سىرلىشىش ۋە مەخپىي سۆزلىشىشنىڭ ھېچقىسى يوقلىقى توغرىسىدا

2066 ـ ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ۋەقتىكى ئۈچ كىشى بولساڭلار، ئىككىسى ئۈچۈنچىسىنى قالدۇرۇپ مەخپىي كۇسۇلداشمىسۇن ! بۇنداق قىلىش ئۈچۈنچىسىنى غەم ـ ئەندىشە قىلدۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ھەتتاكى ئۈچۈڭلار ئارلاشقايسىلەر.

## ئۇخلىغان ۋاقىتدا ئۆيدە يورۇق ئوت قالدۇرماسلىق توغرىسىدا

2067 ـ ئەبۇموسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: مەدىنىدە كېچىدە بىر ئۆي ئۆز ئەھلىگە كۆيۈپ كەتتى (ئوت كەتتى)، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خەۋەر قىلىندى. ئۇل جاناب ئېيتتى: تەھقىق شۇ ئوت سىلەرگە دۈشمەندۇر، پەس ۋەقتىكى ئۇخلىماقچى بولساڭلار ئوتنى سىلەردىن ئۆچۈرۈڭلار !.

## قۇرۇلۇش قىلىش توغرىسىدا

2068 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدى: ئۆزەمنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن كۆردىمكى، ئۆز قولام بىلەن منى يامغۇردىن تۇسۇپ پاناھ بولىدىغان ۋە ئاپتابدىن ماڭا سايە بولىدىغان بىر ئۆي بىنا قىلدىم، ماڭا ئۆي سېلىشقا الله نىڭ خەلقىدىن ھېچكىم ياردەم قىلمىدى.

# (72) دۇئالار كىتابى

## ھەربىر پەيغەمبەرگە ئىجابەت قىلىنىدىغان دۇئانىڭ بارلىقى توغرىسىدا

2069 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ھەربىر پەيغەمبەرگە ئىجابەت قىلىنىدىغان دۇئا باردۇر، ئۇ پەيغەمبەر ئۇ دۇئا بىلەن دۇئا قىلىدۇر، مەن ئاخىرەتتە ئۈممىتىمگە شاپائەت قىلىش ئۈچۈن ساقلاپ قويۇشنى ئىرادە قىلىمەن.

## ئىستىغپارنىڭ ئەبزەللىقى توغرىسىدا

2070 ـ شەدداد ئىبنى ئەۋسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: سەيدۇل ئىستىغپار شۇدۇركى، ئېيتقايسەن: اَللّٰهُمَّ اَنْتَ رَبِّىْ لاَ اِلٰهَ اِلاَّ اَنْتَ خَلَقْتَنِىْ وَاَنَا عَبْدُكَ وَاَنَا عَلٰى عَهْدِكَ وَ وَعْدِكَ مَااسْتَطَعْتُ اَعُوْذُبِكَ مِنْ شَرِّ مَاصَنَعْتُ اَبُوْءُ لَكَ بِنِعْمَتِكَ عَلَيَّ وَاَبُوْءُ بِذَنْبِىْ فَاغْفِرْلِىْ فَاِنَّهُ لاَيَغْفِرُ الذُّنُوْبَ اِلاَّ اَنْتَ . تەرجىمىسى: « ئى الله سەن مېنىڭ رەببىم سەن. سەندىن بۆلەك ئىلاھ يوق. سەن مىنى ياراتتىڭ. مەن سىنىڭ بەندەڭمەن. ساڭا ئىمان ئېيتىش ۋە ئىتائەت قىلىشتىن ئىبارەت بەرگەن ۋەدەمدە كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە بەر قارارمەن. ساڭا سېغىنىپ يامان قىلمىشلىرىمدىن پاناھ تىلەيمەن. سىنىڭ ماڭا بەرگەن نىمەتلىرىڭنى ئېتراپ قىلىمەن . گۇناھلىرىمنى ئىقرار قىلىمەن. مىنى مەغپىرەت قىلغىن ، گۇناھلارنى پەقەت سەنلا مەغپىرەت قىلىسەن». ئۇل جاناب پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: كىشىكى ئۇنىڭغا ئىشىنىپ كۈندۈزى ئېيتسا، ئاندىن شۇ كۈنى كەچ قىلىشىنىڭ ئالدىدا ئۆلسە، ئۇ كىشى ئەھلى جەننەتدۇر. كىشىكى ئۇنىڭغا ئىشىنىپ تۇرۇپ كېچىدە ئېيتسا، ئاندىن شۇ كېچىسى تاڭ ئېتىشتىن ئىلگىرى ئۆلسە، ئۇكىشى ئەھلى جەننەتدۇر.

## پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كېچە ۋە كۈندۈزدە ئىستىغپار ئېيتىشى توغرىسىدا

2071 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇر: ۋەللاھۇ مەن بىر كۈندە يەتمىش مەرتىدىن كۆپراق الله

تەئالاغا ئىستىغپار ئېيتمەن ۋە ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىمەن.

## تەۋبە قىلىش توغرىسىدا

2072 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق ئۇ زات ئىككى ھەدىسنى رىۋايەت قىلدى، ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن، يەنە بىرى ئۆزىدىن. ئېيتتى ئابدۇللاھ : تەھقىق مۆمىن ئۆزىنىڭ گۇناھىنى شۇنداق كۆرىدۇكى، گويا ئۇ مۆمىن ئۆزىنىڭ ئۈستىگە يىقىلىپ دوم چۈشىدىغان يوغان تاغنىڭ تەكتىدە ئولتۇرغاندەك قورقىدۇ. تەھقىق پاسىق ـ پاجىر ئۆزىنىڭ گۇناھلىرىنى، بۇرنىغا قونغان چىۋىندەك، ئۇنى مۇنداقلا ئىتتىرىۋاتسا بولىدىغاندەك كۆرىدۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئەلۋەتتە الله تەئالا بەندىسىنىڭ تەۋبە قىلغىنىغا بىر كىشىدىنمۇ بەكراق رازىراقدۇركى، ئۇ كىشى ھالاكەتلىك، قورقۇنۇشلۇق بىر جايغا چۈشتى، ئۆزى بىلەن ئۇلاغى ۋە ئۇلاغى ئۈستىدە يېمەكلىك ۋە ئىچىملىك بار، ئۇ كىشى بېشىنى قويۇپ قاتتىق ئۇخلاپ قالدى، ئاندىن ئويغاندى، ھالئۇلكى، ئۇلاغى يوقاپ كەتتى، ھەتتاكى ئۇكىشىگە ھاۋانىڭ قىززىقلىغى ۋە ئۇسۇزلۇق قاتتىق بولدى ياكى الله تەئالا خالىغاندەك ئېيتتىكى جايىمغا قايتىپ كېتەي، ئاندىن قايتىپ بېرىپ ئۇخلىدى، ئاندىن بېشىنى كۆتەردى، بىناگاھ ئۇلاغى يېنىدا تۇرىدۇ. (دېمەك مۇشۇ كىشىنىڭ خوشلىغىدىنمۇ بەكراق الله تەئالا تەۋبە قىلغان بەندىسىدىن رازى بولغۇچىراقدۇر).

## ئۇخلىغاندا نىمە دېيىش توغرىسىدا

2073 ـ ھۇزەيپە ئىبنى يەمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىدە ياتىدىغان ئورنىنى تۇتقاندا، قولىنى يۈزى ئاستىغا قويۇپ تتى ۋە

ئېيتارئىدى: بِاسْمِكَ اللّٰهُمَّ اَمُوتُ وَاَحْيَا يەنى سىنىڭ ئىسمىڭ بىلەن ئۆلىمەن ۋە تىرىلىمەن. ۋەقتىكى قوپسا ئېيتارئىدى: اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ الَّذِي اَحْيَانَا بَعْدَ مَااَمَاتَنَا وَاِلَيْهِ النُّشُورُ يەنى بىزنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن تىرىلدۈرگەن الله تەئالاغا ھەمدى سانبىتدۇر، ئۇل الله غادۇر قايتىش.

## ئوڭ يان تەرەپ ئۈستىگە ئۇخلاش توۋرىسىدا

2074 ـ بەرائ ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: ۋەقتىكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆرپىسىدە ئارام ئالسا ئوڭ يېنىنى بېسىپ ئۇخلايتى، ئاندىن ئېيتارئىدى: اَللّٰهُمَّ سَلَّمْتُ نَفْسِيْ اِلَيْكَ وَوَجَّهْتُ وَجْهِيْ اِلَيْكَ وَفَوَّضْتُ اَمْرِيْ اِلَيْكَ وَاَلْجَأْتُ ظَهْرِيْ اِلَيْكَ رَغْبَةً وَرَهْبَةً اِلَيْكَ لَامَلْجَأَ وَلَا مَنْجَاَمِنْكَ اِلَّا اِلَيْكَ اٰمَنْتُ بِكِتَابِكَ الَّذِيْ اَنْزَلْتَ وَنَبِيِّكَ الَّذِيْ اَرْسَلْتَ ، مەنىسى:« ئى الله ! نەپسىمنى ساڭا تاپشۇردۇم، يۈزۈمنى ساڭا يۈزلەندۈردۈم، ئىشىمنى ساڭا تاپشۇردۇم، ئۇچامنى ساڭا يۆلىدىم، رەھمىتىڭنى ئۈمىد قىلىپ، غەزىبىڭدىن قورقۇپ، سەندىن باشقا يۆلەنچۈك ۋە تايانچۇق يوقدۇر، سىنىڭ نازىل قىلغان كىتابىڭغا ئىمان كەلتۈردۈم، ئەۋەتكەن پەيغەمبىرىڭگە ئىمان كەلتۈردۈم ».

## كېچىدىن ئويغانغان ۋاقتىدا ئوقۇيدىغان دۇئا توغرىسىدا

2075 ـ ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: مەن مەيمۇنەنىڭ قېشىدا قوندۇم دەپ ھەدىس زىكرى قىلدى ۋە ئىلگىرى ئۆتتى. ۋە ئېيتتى: بارئىدى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دۇئالىرىدىن اَللّٰهُمَّ اجْعَلْ فِيْ قَلْبِيْ نُوْرًا وَّفِيْ بَصَرِيْ نُوْرًا وَّفِيْ سَمْعِيْ نُوْرًا وَّعَنْ يَّمِيْنِيْ نُوْرًا وَّعَنْ يَسَارِيْ نُوْرًا وَفَوْقِيْ نُوْرًا وَّ تَحْتِيْ نُوْرًا وَّ اَمَامِيْ نُوْرًا وَخَلْفِيْ نُوْرًا وَّعَنْ شِمَالِيْ نُوْرًا وَّاجْعَلْ لِّيْ نُوْرًا . مەنىسى:« ئى الله ! دىلىمدا نۇرنى قىلغىن، كۆزۈمدە نۇرنى قىلغىن، قۇلۇغۇمدا نۇرنى قىلغىن، ئوڭ تەرىپىمدە نۇرنى قىلغىن، سول تەرىپىمدە نۇرنى قىلغىن، ئۈستۈمدە نۇرنى قىلغىن، تەكتىمدە

نۇرنى قىلغىن، ئالدىمدا نۇرنى قىلغىن، ئارقامدا نۇرنى قىلغىن ۋە ماڭا نۇرنى قىلغىن ».

2076 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ۋەقتىكى بىرىڭلار كۆرپىسىدە ئارام ئالماقچى بولسا، كۆرپىسىنى ئىزارىنىڭ ئىچى تەرىپى بىلەن تۈتۈپ سىلكىسۇن قىقىۋاتسۇن، چۈنكى كۆرپىدە نىمە ئىزباسار بولۇپ قالغانلىقىنى ئۆزى بىلمەيدۇ. ئاندىن ئېيتسۇن: بِاسْمِكَ رَبِّي وَضَعْتُ جَنْبِي وَبِكَ أرْفَعُهُ إنْ أمْسَكْتَ نَفْسِي فَارْحَمْهَا وَإنْ أرْسَلْتَهَا فَاحْفَظْهَا بِمَا تَحْفَظُ بِهِ عِبَادَكَ الصَّالِحِيْنَ، مەنىسى:« ئى پەرۋەردىگارىم ! سىنىڭ ئىسمىڭ بىلەن يېنىمنى قويدۇم ۋە سىنىڭ بىلەن ئۇ يېنىمنى كۆتۈرىمەن، ئەگەر نەپسىمنى تۇتۇپ قالساڭ (يەنى ۋاپات قىلدۇرساڭ) ئۇ نەپسىمگە رەھىم قىلغىن، ئەگەر قويۇپ بەرسەڭ (تىرىك قويساڭ) ئۇ نەپسىمنى ياخشى بەندىلىرىڭنى ساقلايدىغان نەرسە بىلەن ساقلىغىن ».

**الله تەئالادىن تىلەكنى قەتئى جەزمى قىلىش ۋە الله تەئالانى مەجبۇرلىغۇچى يوقلىغى توغرىسىدا**

2077 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: سىلەرنىڭ بىرىڭلار، ئى الله ! ئەگەر خالىساڭ ماڭا مەغپىرەت قىلغىن ، ئى الله ! ئەگەر خالىساڭ ماڭا رەھىم قىلغىن دېمىسۇن، سۇئالنى جەزمى قىلىپ سورىسۇن، چۈنكى الله تەئالانى مەجبۇرلىغۇچى يوقدۇر.

**بەندە ئالدىرمىسىلا دۇئاسى ئىجابەت قىلىنىدىغانلىغى توغرىسىدا**

2078 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: سىلەرنىڭ بىرىڭلار دۇئا قىلدىم، ماڭا ئىجابەت قىلىنمىدى دەپ ئالدىرمىسىلا دۇئاسى ئىجابەت قىلىنىدۇر.

**غەم ئەندىشىدە قىلىنىدىغان دۇئا توغرىسىدا**

2079 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم غەم ـ ئەندىشىدە ئىيتار ئىدى: لَاإِلٰهَ اِلاَّ اللهُ الْعَظِيْمُ الْحَلِيْمُ ، لَاإِلٰهَ اِلاَّ اللهُ رَبُّ الْعَرْشِ الْعَظِيْمِ ، لَاإِلٰهَ اِلاَّ اللهُ رَبُّ السَّمٰوَاتِ وَرَبُّ الْاَرْضِ وَرَبُّ الْعَرْشِ الْعَظِيْمِ . مەنىسى:«ئۇلۇغ مەرھەمەتلىك بىر الله دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، ئۇلۇق ئەرشىنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان بىر الله دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، ئاسمان ـ زېمىنىنىڭ پەرۋەردىگارى ۋە ئۇلۇغ ئەرشىنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان بىر الله دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق».

## قاتتىق بالادىن پاناھ تەلەپ قىلىش توغرىسىدا

2080 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قاتتىق بالادىن، بەختسىزلىك يېتىشتىن ۋە دۈشمەن خوش بولىدىغان ئىشنى قىلىشدىن پاناھ تەلەپ قىلار ئىدى.

## پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەن ئەزىيەت بەرگەن كىشىگە ئۇ ئەزىيەتنى پاكلىق ۋە رەھمەت قىلغىن دېگەن سۆزى توغرىسىدا

2081 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدى: ئى الله ! قايسى مۆمىننى دەشنام قىلغان بولسام، ئاندىن شۇ دەشنامنى، ئۇ مۆمىن ئۈچۈن قىيامەت كۈنى ساڭا يېقىنلىق قىلغىن.

## بېخىللىقدىن پاناھ تەلەپ قىلىش توغرىسىدا

2082 ـ سەئد ئىبنى ئەبۇۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ كەلىمەلەرنى ئۆگۈتۈشقا ئەمر قىلار ئىدى: اَللّٰهُمَّ اِنِّىْ اَعُوْذُبِكَ مِنَ الْبُخْلِ وَاَعُوْذُبِكَ مِنَ الْجُبْنِ وَاَعُوْذُبِكَ اَنْ اُرَدَّ اِلٰى اَرْذَلِ الْعُمُرِ وَاَعُوْذُبِكَ مِنْ فِتْنَةِ الدُّنْيَا، وَفِتْنَةِ الدَّجَّالِ

وَائُوْوُبِكَ مِنْ نَوَابِ القبْرِ، مەنسى:« ئى الله ! ساڭا سېغىنىپ، بېخىللىقتىن پاناھ تىلەيمەن، قورقۇنچاقلىقتىن پاناھ تىلەيمەن، بەك قېرىپ كېتىشتىن پاناھ تىلەيمەن، دۇنيانىڭ پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمەن، دەججالنىڭ پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمەن، قەبرە ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن ».

## گۇناھدىن ۋە تۆلەمدىن پاناھ تەلەپ قىلىش توغرىسىدا

2083 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيتى: اَللّهُمَّ اِنِّىْ اَعُوْذُبِكَ مِنَ الكسَلِ وَالهَرَمِ وَالمَاْثَمِ وَالمَغرَمِ وَمِنْ فِتنَهِ القبْرِ وَنَوَابِ القبْرِ وَمِنْ فِتنَهِ النَّارِ وَنَوَابِ النَّارِ وَشَرِّفِتنَهِ الغِنىٰ وَمِنْ شَرِّفِتنَهِ الفقرِ وَاَعُوْذُبِكَ مِنْ فِتنَهِ المَسِيْحِ الدَّجَّالِ، اَللّهُمَّ اغسِلْ عَنِّىْ خَ□ايَايَ بِمَاءِ الثَّلجِ وَالبَرَدِ وَنَقِّ قلبِىْ مِنَ الخَ□ايَا كمَا نَقَّيْتَ الثَّوْبَ الابْيَضَ مِنَ الدَّنَسِ وَبَاعِدْ بَيْنِىْ وَبَيْنَ خَ□ايَايَ كمَا بَاعَدْتَ بَيْنَ المَشرِقِ وَالمَغرِبِ . مەنسى:« ئى الله ! ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن، سۇسلۇقتىن، قېرىلىقتىن، گۇناھتىن، قەرزدارلىقتىن، قەبرىنىڭ پىتنىسىدىن، قەبرىنىڭ ئازابىدىن، دوزاخنىڭ پىتنىسىدىن، دوزاخنىڭ ئازابىدىن، بايلىقنىڭ يامان پىتنىسىدىن، پېقىرلىقنىڭ يامان پىتنىسىدىن، ۋە ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن مەسىھ دەججالنىڭ پىتنىسىدىن. ئى الله ! مەندىن، مىنىڭ خاتالىقلىرىمنى قار سۈيى ۋە تۆلۈ سۈيى بىلەن يۇغىن، مىنىڭ دىلىمنى خاتالىقلاردىن پاك قىلغىن، قانداقكى ئاق كىيىمنى كىردىن پاك قىلغاندەك، مەن بىلەن خاتالىقلىرىمنىڭ ئارلىغىنى يىراق قىلغىن، قانداقكى مەشرىق بىلەن مەغرىب ئارىسىنى يىراق قىلغىنىڭدەك ».

## پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ{رَبَّنَا اٰتِنَا فِىْ الدُّنْيَا حَسَنَةً} دىگەن قەۋلى توغرىسىدا

2084 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دۇئاسىنىڭ كۆپراغى {اَللّهُمَّ رَبَّنَا اٰتِنَا فِىْ الدُّنْيَا حَسَنَةً وَّفِىْ الاٰخِرَهِ حَسَنَةً وَّقِنَا عَذَابَ

النَّارِ} ئېدى. مەنىسى:« ئى الله ! ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن.بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن ».

**پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئى الله ! مېنىڭ ئىلگىرى ۋە كېيىن قىلغانلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن دېگەن قەۋلى توغرىسىدا**

2085 ـ ئەبۇموسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق ئول جاناب پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلار ئېدى: اَللّٰهُمَّ اغْفِرْلِىْ خَ□ِيْئَتِىْ وَجَهْلِىْ وَاِسْرَافِىْ فِىْ اَمْرِىْ وَمَااَنْتَ اَعْلَمُ بِهٖ مِنِّىْ اَللّٰهُمَّ اغْفِرْلِىْ هَزْلِىْ وَجِدِّىْ وَخَ□ِىْ وَعَمْدِىْ وَكُلَّ ذٰلِكَ عِنْدِىْ . مەنىسى:« ئى الله ! مېنىڭ خاتالىقىمنى، نادانلىقىمنى، ئىشىمدىكى ئىسراپلىقىمنى، سەن مەندىن بەكراق بىلىدىغان گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن. ئى الله ! مېنىڭ چاقچاق يۈسۈندا قىلغان، بىلىپ تۇرۇپ قىلغان، خاتا قىلغان ۋە قەستەن قىلغان گۇناھىمنى ۋە شۇنىڭ مەندىكى ھەممىسىنى مەغپىرەت قىلغىن ».

**تەھلىل ئېيتماقنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: كىشىكى، لَا اِلٰهَ اِلَّااللّٰهُ وَحْدَهٗ لَا شَرِيْكَ لَهٗ ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ يُحْيِي وَيُمِيْتُ وَهُوَ حَيٌّ لَايَمُوْتُ بِيَدِهِ الْخَيْرُ وَهُوَ عَلٰى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيْرٌ. تەرجىمىسى: «تەنھا بولغان بىر الله دىن باشقا ھەقىقى ئىبادەت قىلىشقا لايىق بىر زات يوقتۇر، الله نىڭ شېرىكى يوقتۇر. ھەممە نەرسىلەرنىڭ پادىشاھلىقى (ئىگىدارچىلىقى ) الله غا خاستۇر. جىمى ماختاشلار الله غا خاستۇر. الله تىرگۈزگۈچى ۋە ئۆلتۈرگۈچىدۇر. ھالبۇكى الله تىرىكتۇر. ھەرگىز ئۆلمەس. ھەممە ياخشىلىقلار الله نىڭ قولىدىدۇر. الله نىڭ ھەممە ئىشقا كۈچى يەتكۈچىدۇر». نى بىر كۈندە يۈز قېتىم ئېيتسا، ئۇ كىشىگە ئون قۇل ئازات قىلغاننىڭ بارابىرىدە بولىدۇ، ئۇ كىشىگە يۈز ساۋاب يېزىلىدۇ،

ئۇ كىشىدىن يۈز گۇناھ ئۆچۈرۈلىدۇ، ئۇ كىشىگە شۇ كۈنى كەچ بولغىچە شەيتاندىن ئامانلىق (توساق) بولىدۇ. ھېچ كىم ئۇ كىشى ئېيتقان نەرسىدىن ئارتۇقراقىنى ئېيتمىغىچە، ئۇ كىشىدىن كۆپراق ئەمەل قىلغۇچى بولمايدۇر.

2087 ـ ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى ۋە ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: ئۇ ئىككىسى بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئېيتتى: كىشىكى، ئون قېتىم لا اِلٰهَ اِلاّ اللهُ وَحْدَهُ لا شَرِيْكَ لَهُ ، لَهُ المُلْكُ وَلَهُ الحَمْدُ يُحْيِي وَيُمِيْتُ وَهُوَ حَيٌّ لاَيَمُوْتُ بِيَدِهِ الخَيْرُ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ قَدِيْرٌ. نى ئېيتسا، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىدىن بىر كىشىنى ئازات قىلغان كىشىگە ئوخشاش بولىدۇر.

## تەسبىھنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

2088 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى:« سُبْحَانَ اللهِ وَبِحَمْدِهِ » نى بىر كۈندە يۈز قېتىم ئېيتسا، ئۇ كىشىدىن ئۇنىڭ خاتالىقلىرى ئۆچۈرۈلىدۇ، ئەگەر دېڭىزنىڭ كۆپۈكىدەك گۇناھى بولسىمۇ.

## الله تەئالانى زىكرى قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

2089 ـ ئەبۇ موسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: پەرۋەردىگارىنى زىكرى قىلغان ۋە ئۇنى زىكرى قىلمىغان كىشىنىڭ مىسالى، تىرىك ۋە ئۆلۈك كىشىگە ئوخشايدۇ.

2090 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: تەھقىق الله تەئالانىڭ ئەھلى زىكرىنى تەلەپ قىلىپ، يوللاردا تاۋاپ

قىلىپ يۈرۈيدىغان پەرىشتىلىرى باردۇر. ۋەقتىكى الله تەئالانى زىكرى قىلىدىغان قەۋمنى تاپسىلا ھاجىتىڭلارغا كېلىڭلار دەپ نىدا قىلىشىدۇ. ئېيىتتى ئول جاناب: ئاندىن ئۇ پەرىشتىلەر، ئۇ الله نى زىكرى قىلىغان قەۋملەرنى قاناتلىرى بىلەن دۇنيا ئاسمىنىغىچە ئوراپ تۇرىدۇ. ئېيىتتى ئول جاناب: الله تەئالا ئۇلارنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇلاردىن بەندەم نىمە دەيدۇ دەپ سورايدۇ؟ پەرىشتىلەر ئېيتىدۇر: ئۇلار ساڭا تەسبىھ ئېيتىدۇ، ساڭا تەكبىر ئېيتىدۇ، ساڭا ھەمدى ئېيتىدۇ ۋە سىنى ئۇلۇغلايدۇ. ئېيىتتى ئول جاناب: الله تەئالا ئېيتىدۇر: ئايا ئۇلار مىنى كۆرگەنمۇ؟ ئاندىن پەرىشتىلەر ئېيتىدۇر: ياق، ۋەللاھۇ سىنى كۆرمىدى. ئېيىتتى ئول جاناب: ئاندىن الله تەئالا ئېيتىدۇر: ئەگەر ئۇلار مىنى كۆرسە قانداق بولار ئىدى؟ پەرىشتىلەر ئېيتىدۇر: ئەگەر ئۇلار سىنى كۆرسە تېخىمۇ بەكراق ئىبادەتتە بولىدۇ ۋە تېخىمۇ تەمجىددە، تەھمىددە ۋە تەسبىھدە قاتتىقراق بولىدۇ. ئېيىتتى ئول جاناب: الله تەئالا ئېيتىدۇر: ئۇلار مەندىن نىمىنى سورايدۇ؟ پەرىشتىلەر ئېيتىدۇ: سەندىن جەننەتنى سورايدۇ، ئېيىتتى ئول جاناب: الله تەئالا ئېيتىدۇر: ئۇلار جەننەتنى كۆرگەنمۇ؟ پەرىشتىلەر ئېيتىدۇر: ياق، ۋەللاھۇ يارەب ئۇلار جەننەتنى كۆرمىدى، ئېيىتتى ئول جاناب: الله تەئالا ئېيتىدۇر: ئەگەر ئۇلار جەننەتنى كۆرسە قانداق قىلار ئىدى؟ پەرىشتىلەر ئېيتىدۇر: ئەگەر ئۇلار جەننەتنى كۆرسە، ئۇنىڭغا تېخىمۇ قاتتىقراق ئۆمۈتراق ۋە ئۇنىڭغا بەكراق تەلەپچان ۋە تېخىمۇ قاتتىقراق رىغبەتلىك بولار ئىدى، ئېيىتتى ئول جاناب: الله تەئالا ئېيتىدۇر: نىمىدىن پاناھ تەلەپ قىلىدۇ؟ پەرىشتىلەر ئېيتىدۇر: دوزاختىن پاناھ تەلەپ قىلىدۇر، ئېيىتتى ئول جاناب: الله تەئالا ئېيتىدۇر: ئايا ئۇلار دوزاخنى كۆرگەنمۇ؟ پەرىشتىلەر ئېيتىدۇر: ياق، ۋەللاھۇ يارەب دوزاخنى كۆرمىدى، ئېيىتتى ئول جاناب: الله تەئالا ئېيتىدۇر: دوزاخنى كۆرسە قانداق قىلار ئىدى؟ پەرىشتىلەر ئېيتىدۇر: ئەگەر ئۇلار دوزاخنى كۆرسە، تېخىمۇ قاتتىقراق ئۇنىڭدىن قېچىشىدا

ۋە تېخىمۇ ئۇنىڭدىن بەكراق قورقۇشدا بولىدۇ، ئېيتتى ئۇل جاناب: الله تەئالا ئېيتىدۇر: مەن سىلەرنى گۇۋاھ قىلىمەنكى، تەھقىق مەن ئۇلارغا مەغپىرەت قىلدىم. پەرىشتىلەردىن بىر پەرىشتە ئېيتىدۇر: ئۇلارنىڭ ئىچىدە پالانى باركى، ئۇلاردىن ئەمەستۇر، ھاجەت ئۇچۇن كەلگەن ئىدى، ئېيتتى الله تەئالا: ئۇلار شۇنداق سۇرۇنداشلاردۇركى، ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرغۇچى بەختسىز بولمايدۇ.

## (73) رەھملىك ۋە سىلىق بۇلۇشنىڭ كىتابى

### سىلىقلىق ۋە رەھىم-شەپقەتلىكتە كەلگەن ھەدىسلەر ۋە ئاخىرەت مەئىشىتىدىن باشقا مەئىشەت يوقلىغى توغرىسىدا

2091 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئىككى خىل نىمەت بار، ئۇ ئىككىسىدە كۆپ كىشىلەر زىيان تاتقۇچىدۇر، تەن ساقلىق ۋە بوش ۋاقىت.

### پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سەن غېرىب ياكى يول ئۆتكۈنچىسىدەك بولغىن دىگەن ھەدىسى توغرىسىدا

2092 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنىڭ مۈرەمنى تۇتۇپ ئېيتتى: گۇياكى سەن دۇنيادا غېرىب ياكى يول ئۆتكۈنچىسىدەك بولغىن!. ئىبنى ئۆمەر ئېيتار ئىدى: ۋەقتىنكى كەچ قىلساڭ تاڭ ئېتىشقا مۇنتەزىر بولمىغىن! ۋەقتىنكى تاڭ ئاتتۇرساڭ كەچكە مۇنتەزىر بولمىغىن!، تەن ساقلىغىڭدىن كېسىلىڭگە ئالغىن ۋە ھاياتىڭدىن ئۆلۈمىڭگە ئالغىن.

### ئارزۇنىڭ ئۇزۇنلىغى توغرىسىدا

2093 ـ ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆت چاسا سىزىق سىزدى ۋە ئوتتۇرسىغا ئۇنىڭدىن تاشقىرى سىزىق سىزدى ۋە ئوتتۇرا سىزىققىچە، ئوتتۇرا تەرەپتىن ئۇششاق سىزىقچىلارنى سىزدى ۋە ئېيتتى: بۇ ئىنساندۇر، بۇ ئۇنى ئىھاتە قىلىپ تۇرغان ئەجىلىدۇر ياكى تۇسۇپ تۇردى ئۇنى ئەجىلى، ئۇنىڭ تېشىدا تۇرغىنى ئۇنىڭ ئارزۇسىدۇر، ماۋۇ ئۇششاق توغرا سىزىقلار ئۇنىڭغا يېتىدىغان ئاپەتلەردۇر، ئاندىن ئەگەر بۇنى خاتا قىلسا ئۇ چىشلىۋالىدۇر ۋە ئەگەر ئۇنى خاتا قىلسا بۇ چىشلىۋالىدۇر.

2094 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىزىقلارنى سىزدى، ئاندىن ئېيتتى: ماۋۇ ئىنساندۇر، بۇ ئۇنىڭ ئەجىلىدۇر، ئاندىن ئىنسان شۇ ئارلىقتا تۇرغاندا، بىرانگاھ ئۇ ئىنسانغا يېقىنراق ئەجىلى كېلىدۇر.

2095 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: الله تەئالا بىر ئىنساننىڭ ئۆمرىنى تەخىر قىلىپ ئاتمىش ياشقا يەتكۈزسە ئۇنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلمايدۇر.

2096 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇر: يېشى چوڭ كىشىنىڭ دىلى ئىككى نەرسىدە ھەمىشە ياش تۇرىدۇ، دۇنيانى دوس تۇتۇشتا ۋە ئارزۇنى ئۇزۇن قىلىشتا.

### الله تەئالانىڭ رىزالىغىنى تەلەپ قىلىپ قىلغان ئەمەل توغرىسىدا

2097 ـ ئىتبان بىننى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: بىر بەندە « لا اِلٰهَ اِلا اللّٰهُ » نى الله تەئالانىڭ رىزالىغىنى تەلەپ قىلىپ تولۇق ئېيتىپ كەلتۈرالمايدۇ، مەگەر كەلتۈرسە، الله تەئالا قىيامەت كۈنى ئۇ بەندىگە

دوزاخنى هارام قىلىدۇ.

2098 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئېيتىدۇر الله تەئالا: مۆمىن بەندەمنىڭ ئەھلى دۇنيادىن دوستىنى قەبزى قىلسام، ئاندىن ئۇنىڭغا ساۋاب ئۈمىد قىلسا، ئۇنىڭغا جەننەتدىن باشقا جازا يوقدۇر.

## ياخشىلارنىڭ كېتىشى توغرىسىدا

2099 ـ مىرداس ئەسلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ياخشىلار ئەۋۋەللەر، ئاندىن ئەۋۋەللەر كېتىدۇر ۋە ئارپىنىڭ ياكى خورمىنىڭ ناچار پۇچەكلىرىدەك پۇچەكلەر قالىدۇ، ئۇلارغا الله تەئالا پەرۋا قىلمايدۇ.

## مالنىڭ پىتنىسىدىن پەرھىز قىلىش توغرىسىدا

2100 ـ ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇر: ئەگەر ئادىمىزادقا ئىككى ۋادى مال بولسا، ئەلۋەتتە ئۈچۈنچى ۋادىنى تەلەپ قىلىدۇ، ئادىمىزادنىڭ قورسىغىنى توپىدىن باشقا نەرسە تولدۇرالمايدۇ ۋە تەۋبە قىلغان كىشىگە الله تەئالا تەۋبە بېرىدۇ.

## مالدىن ئاخىرەتكە ئىلگىرى ئەۋەتكەن نەرسە شۇنىڭ ئىكەنلىگى توغرىسىدا

2101 ـ ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: قايسىڭلارنىڭ ۋارىسىنىڭ مېلى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ مېلىدىن دوسراقدۇر؟ ئېيتتىلەر: يارەسۇلۇللاھ يوق بىزلەردىن بىرو، مەگەر ئۇنىڭ مېلى ئۆزىگە دوسراقدۇر. ئېيتتى ئول جاناب: تەھقىق ئۇنىڭ مېلى ئاخىرەتكە ئىلگىرى قىلغان نەرسىدۇر ۋە ئۇنىڭ ۋارىسىنىڭ مېلى كېيىن قالدۇرغان نەرسەدۇر.

## پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋە ئەسھابلىرىنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئۇلارنىڭ دۇنيادىن خالى بولۇشى توغرىسىدا

2102 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: ئۇ ئېيتارئىدى: لَا اِلٰهَ اِلَّا هُوَ، تەھقىق مەن ئاچلىقتىن يەرگە تايىنىۋالاتتىم ۋە تەھقىق ئاچلىقتىن قورساغىمغا تاش تېڭىۋالاتتىم، ئەلۋەتتە بىر كۈنى ئۇلار چىقىدىغان يول ئۈستىدە ئولتۇردۇم، ئاندىن ئەبۇبەكرى ئۆتتى، ئۇنىڭدىن اللە تەئالانىڭ كىتابىدىن بىر ئايەتنى سورۇمۇدۇم، مەگەر مىنى تويغۇزۇپ قويامدىكىن دەپ سورۇدۇم، ئۇ ئۆتۈپ كەتتى، ئۇنداق قىلمىدى. ئاندىن ماڭا ئۆمەر ئۆتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا اللە تەئالانىڭ كىتابىدىن بىر ئايەتنى سورۇمۇدۇم، مەگەر مىنى تويغۇزۇپ قويامدىكىن دەپ سورۇدۇم، ئۇمۇ ئۆتۈپ كەتتى، ئۇ ئۇنداق قىلمىدى. ئاندىن ماڭا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆتتى، ئاندىن مىنى كۆرۈپ تەبەسسۇم قىلدى ۋە مىنىڭ نەپسىمدىكى ۋە يۈزۈمدىكى نەرسىنى تونۇدى، ئاندىن ئېيتتى: ئابا ھىررە! ئېيتتىم: لەببەيكە يارەسۇلۇللاھ ! ئېيتتى: قوشۇلۇۋال، ۋە يۈرۈپ كەتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا ئەگەشتىم، ئۇ كىرىپ كەتتى ۋە ئىزنى سورىدى، ئاندىن ماڭا ئىزنى بىرىلدى، ئاندىن كىردى، ئاندىن بىر قاچا سۈتنى تاپتى، نەدىن بۇ سۈت دىدى. ئېيتىلەر: ئۆزلىرىگە پالانى ئەر يا پالانى ئايال ھەدىيە قىلدى. ئۇل جاناب ئېيتتى: ئابا ھىررە ! ئېيتتىم: لەببەيكە يارەسۇلۇللاھ ! ئۇل جاناب ئېيتتى: ئەھلى سۇففەگە بېرىپ ئۇلارنى ماڭا چاقىرغىن ۋە ئېيتتى: ئەھلى سۇففە ئىسلامنىڭ مېھمانلىرىدۇر، ئۇلار ئەھلىگە ۋە مالغا ۋە ھىچ بىرىۋغا ئارام ئالمايدۇلەر. ۋەقتىكى سەدىقە كەلسە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ئۇلارغا بىرەتتى ۋە ئۇنىڭدىن بىر نەرسىنى ئالمايتى. ۋەقتىكى ئۇل جانابقا ھەدىيە كەلسە ئۇلارغىمۇ ئەۋەتەتتى ۋە ئۇنىڭدىن يېتەتتى ۋە ئۇلارغا ئۇنىڭدا شىرىك بولاتتى، بۇ ئىش مىنى بەدھال قىلدى. ئاندىن

ئېيتتىم: ئەھلى سۇففەدە بۇ قانچىلىك سۈت ئىدى، ئۇنىڭغا مەن ھەقلىق ئىدىم، ئۇنىڭدىن قۇۋۋەت تاپقىدەك بىر ئىچىۋالسام بولاتتى. پەس ۋەقتىكى ئۇ ئەھلى سۇففە كەلسە مېنى بۇيرۇيدۇ ئۇلارغا بەرگىلى تۇرىمەن ۋە ماڭا ئۇ سۈتتىن يەتمەي قېلىشى مۇمكىن، الله غا ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىتائەت قىلىشتىن ئۆزگە چارە يوق، ئاندىن ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇلارنى چاقىردىم، ئاندىن ئۇلار كىلىپ ئىزنى سورىدىلەر، ئۇلارغا ئىزنى بىرىلدى، ئۇلار ئۆيدىن ئۆز جايلىرىنى تۇتتىلەر. ئاندىن ئېيتتى: ئابا ھىررە! ئېيتتىم: لەببەيكە يارەسۇلۇللاھ ! ئۇل جاناب ئېيتتى: ئالغىن ئۇلارغا بەرگىن، ئاندىن قاچىنى ئالدىم، بىرىگە بېرىمەن ئۇ قانغىچە ئىچىدۇ، ئاندىن ماڭا قاچىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ، ئۇنى يەنە بىرىگە بېرىمەن، ئۇمۇ قانغىچە ئىچىدۇ، ئاندىن ماڭا قاچىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ، ئۇنى يەنە بىرىگە بېرىمەن، ئۇمۇ قانغىچە ئىچىدۇ، ئاندىن ماڭا قاچىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ، ھەتتا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەتتىم ۋە ھالئۇلكى قەۋملەرنىڭ ھەممىسى قاندىلەر، ئۇ زات قاچىنى ئېلىپ قولىغا قويۇپ ماڭا قاراپ تەبەسسۇم قىلدى، ئاندىن ئېيتتى: ئابا ھىررە! ئېيتتىم مەن: لەببەيكە يارەسۇلۇللاھ ! ئۇل جاناب ئېيتتى: مەن ۋە سەن قالدۇق، ئېيتتىم: راس ئېيتتىلا يارەسۇلۇللاھ ! ئېيتتى: ئولتۇر ئىچ، ئاندىن ئولتۇردۇم ۋە ئىچتىم، ئاندىن ئېيتتى: ئىچ ! ئاندىن ئىچتىم، ئاندىن ئىچ دەيدۇ ھەمىشە، ھەتتا ئېيتتىم: ياق، ئۆزلىرىنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن الله غا قەسەمكى ئىچىدىغان ئۆرۈن تاپالمايمەن، ئۇل جاناب ئېيتتى: ماڭا كۆرسەتكىن، ئۇنىڭغا قاچىنى بەردىم، ئاندىن الله غا ھەمدى ئېيتتى ۋە بىسمىللاھ دىدى ۋە ئاشقانىنى ئىچتى.

2103 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئى الله ! ئالى مۇھەممەدكە تۇشلۇق رىزقى بەرگىن.

## بىر ئىشنى قەتئىي ۋە دائىم قىلىش توغرىسىدا

2104 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ ئەملى ئۇنى ھەرگىز قۇتقۇزالمايدۇ، ئېيتتىلەر: سىلىنىمۇ شۇنداقمۇ يارەسۇلۇللاھ؟ ئېيتتى: مېنىمۇ، مەگەر اللە تەئالا مىنى ئۆز رەھمتى بىلەن ياپقاي، ئوتتۇرھال قىلىڭلار ۋە يېقىن قىلىڭلار ۋە ئەتىگەن قىلىڭلار ۋە كېچە قىلىڭلار ۋە كېچىدىن بىر ئاز ۋە ئوتتۇرھالنى ئوتتۇرھالنى قىلىڭلار يېتىسلەر.

2105 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن قايسى ئەمەل اللە تەئالاغا دوسراق دەپ سورالدى؟ ئۇل جاناب ئېيتتى: ئۇ ئەمەلنىڭ دائىم ھەمىشە بولغىنى، ئەگەرچە ئاز بولسىمۇ.

## قورقۇش بىلەن ئۈمۈد توغرىسىدا

2106 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇر: ئەگەر كاپىر اللە تەئالانىڭ نەزدىدىكى رەھمىتىدىن بىلگەن بولسا ئىدى جەننەتتىن نائۈمىد بولمايتى، ئەگەر مۆمىن اللە تەئالانىڭ نەزدىدىكى ئازابىدىن بىلگەن بولسا ئىدى دوزاختىن ئەمىن بولمايتى.

## تىلنى ساخلاش ۋە كىشىكى اللە تەئالاغا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرسە ياخشى سۆزنى قىلسۇن ياكى شۈك تۇرسۇن توغرىسىدا

2107 ـ سەھلى بىننى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: كىمكى ماڭا ئىككى ئېڭەگى بىلەن ئىككى پۇتىنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىگە زامىن (كېپىل) بولسا، ئۇكىشىگە مەن جەننەتكە زامىن(كېپىل) بولىمەن.

2108 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئېيتتى: تەھقىق بىر بەندە پەرۋا قىلمايلا اللە نىڭ رىزالىغىدىن بىر كەلىمە سۆز قىلىدۇ، اللە تەئالا ئۇ كەلىمە سۆز بىلەن بىر نەچچە دەرىجە بىلەن قىلىدۇ. تەھقىق بەندە پەرۋا قىلمايلا اللە نىڭ غەزىپىدىن بىر كەلىمە سۆز قىلىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن دوزاققا چۈشىدۇ.

## گۇناھلاردىن يېنىش توغرىسىدا

2109 ـ ئەبۇ موسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: مېنىڭ ۋە مېنىڭ بىلەن اللە تەئالا ئەۋەرگەن نەرسىنىڭ مىسالى، بىر قەۋمنىڭ قېشىغا كەلگەن كىشىنىڭ مىسالىغا ئوخشاشدۇركى ئېيتتى: مەن ئەسكەرنى كۆزۈم بىلەن كۆردۈم ۋە مەن يالىڭاچ ئاگاھلاندۇرغۇچى دۇرمەن، نىجات بۇلۇڭلار، نىجاتنى تەلەپ قىلىڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا بىر تائىپە ئىتائەت قىلدى ۋە كېچىدە ئاستا چىقىپ كەتتىلەر ۋە نىجات تاپتىلار ۋە ئۇنىڭغا بىر تائىپە ئىنكار قىلدى، ئەسكەرلەر ئەتىگەن بېسىپ كىرىپ ئۇلارنى ھالاك قىلدىلار.

## دوزاخ شەھۋەت بىلەن ئورالغانلىغى توغرىسىدا

2110 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: دوزاخ شەھۋەتلەر بىلەن ئورالدى ۋە جەننەتنى مەكروھ ـ پىسەن قىلىنمايدىغان نەرسىلەر بىلەن ئورالدى.

## جەننەت سىلەرنىڭ بىرىڭلارغا كەشىنىڭ يېپىدىنمۇ يېقىنراق ۋە دوزاخمۇ شۇنداق ئىكەنلىگى توغرىسىدا

2111 ـ ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: جەننەت سىلەرنىڭ بىرىڭلارغا كەشىنىڭ يېپىدىنمۇ يېقىنراقدۇر ۋە دوزاخمۇ شۇنداقدۇر.

## ئۆزىدىن تۆۋەن كىشىلەرگە قاراش ۋە ئۆزىدىن يۇقۇرى كىشىلەرگە قارىماسلىق توغرىسىدا

2112 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ۋەقتىكى سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزىدىن مالدا ۋە يارىلىلتىشدا ئۆزىدىن يۇقۇرى قىلىنغان كىشىگە قارىسا، ئاندىن ئۆزىدىن تۆۋەنراق كىشىگە قارىسۇن.

## ياخشىلىقنى ياكى يامانلىقنى قەسد قىلغان كىشى توغرىسىدا

2113 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن پەرۋەردىگارىدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىس قۇدسىدا ئېيتتى: الله تەئالا ئەززە ۋەجەللە ياخشىلىقلارنى ۋە يامانلىقلارنى يازدى، ئاندىن ئۇنى بايان قىلدى، ئاندىن كىشىكى بىر ياخشىلىقنى قەسد قىلسا ۋە ئۇنى ئەمەلدە قىلالمىسا، ئۇنى الله تەئالا ئۆز نەزدىدە كامىل بىر ساۋاب يازىدۇ، ئاندىن ئۇنى قەسد قىلىپ ئەمەلدە كەلتۈرسە، الله تەئالا ئۇنى ئۆز نەزدىدە ئون ساۋابدىن يەتتە يۈز ساۋابقىچە، چەندان ساۋابقىچە يازىدۇ. ئەگەر بىر گۇناھنى قەسد قىلىپ ئۇنى ئەمەلدە كەلتۈرمىسە، الله تەئالا ئۇنى ئۆز نەزدىدە بىر كامىل ساۋاب يازىدۇ، ئەگەر ئۇ گۇناھنى قەسد قىلىپ ئەمەلدە كەلتۈرسە، الله تەئالا ئۇنى ئۆز نەزدىدە بىر گۇناھ يازىدۇ.

## ئامانەتنىڭ كۆتۈرۈلىشى توغرىسىدا

2114 ـ ھۇزەيپە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: بىزلەرگە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى ھەدىسنى ھەدىس قىلىپ بەردى، ئىككىسىنىڭ بىرىنى كۆردۈم، يەنە بىرىگە مۇنتەزىر بولۇپ تۇرىمەن. بىزلەرگە ھەدىس قىلدىكى: ئامانەت ئەرلەرنىڭ دىللىرىنىڭ ئىچىگە چۈشدى، ئاندىن قۇرئاندىن بىلدىلەر، ئاندىن سۈننەتدىن بىلدىلەر ۋە ھەدىس قىلدى بىزلەرگە ئامانەتنىڭ كۆتۈرۈلىشىدىن، ئېيتتى: بىر كىشى بىر ئۇخلايدۇ ئامانەت ئۇنىڭ دىلىدىن قەبزى

قىلىنىدۇر، ئاندىن ئۇنىڭ ئەسرى داغىنىڭ ئەسرىدەك قالىدۇر، ئاندىن يەنە بىر ئۇخلايدۇ، ئاندىن ئامانەت قەبزى قىلىنىدۇر، ئاندىن ئۇنىڭ ئەسرى جاراھەتتەك قالىدۇر پۇتۇڭغا يۇمۇلاتقان چوققا ئوخشاش، ئاندىن قاپار چوغلار ئۆرلىگەن كۆرىسەن ئۇنىڭدا ھېچ نەرسە يوق، ئاندىن خالايىق سودا ـ سېتىق قىلىشىدۇ، ئۇلارنىڭ بىرىمۇ ئامانەتنى ئادا قىلمايدۇ. ئاندىن دېيىلىدۇر: بەنى پالاندا ئەمىن كىشى بار ۋە بىر كىشىگە ئۇنى نېمە ئاقىل قىلغاندۇر ۋە ئۇنى نېمە زىرەك قىلغاندۇر ۋە ئۇنى نېمە كۈچلۈك قىلغاندۇر دېيىلىدۇر ۋە ھالبۇكى ئۇنىڭ دىلىدا قىچا مىقدارى ئىمان يوق. ئەلۋەتتە ماڭا بىر زامان كەلدىكى قايسىڭلارغا سودا مۇئامىلە قىلسام بولىدۇ، ئەگەر ئۇ مۇسۇلمان بولسا ئۇنى ماڭا ئىسلام قايتۇرىدۇ، ئەگەر ئۇ ناسارى بولسا ماڭا ئۇنىڭ سەئى قىلغۇچىسى قايتۇرىدۇر، پەس ئەمما بۈگۈنكى كۈندە پالانى ۋە پالانىدىن باشقىسى بىلەن سودا مۇئامىلە قىلمايمەن (يەنى ئامانەت كۆتۈرۈلۈپ كەتتى).

2115 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇر: خالايىقلار يۈز دانە تۆگىگە ئوخشاشدۇر، ئۇنىڭ ئىچىدە بىر مىنىلىك ئاتقىدەك ئۇلاق تاپالمايسەن.

## رىيا قىلىش ۋە ئاڭلىتىش توغرىسىدا

2116 ـ جۇندۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: كىشىكى خالايىق ئاڭلىسۇن دەپ ئىبادەت قىلسا، الله تەئالا ئۇنى خالايىققا ئاڭلىتىدۇ ۋە كىشىكى رىيا قىلسا، الله تەئالا ئۇنى خالايىققا كۆرسىتىدۇ (رەسۋا قىلىدۇ، قوبۇل بولمايدۇ).

## كەمتەرلىك توغرىسىدا

2117 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم ئېيتتى: تەھقىق ئاللاھ تەبارەكە ۋەتەئالا ئېيتتى: كىمكى مىنىڭ دوستۇمغا ئاداۋەت قىلسا تەھقىق ئۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىلىمەن ۋە ماڭا مىنىڭ بەندەم ئۇنىڭغا مەن پەرز قىلغان نەرسەمدىن ماڭا دوسراق نەرسە بىلەن يېقىن بولمىدى ۋە ھەممىشە ماڭا بەندەم نەپلىلەر بىلەن يېقىن بولىدۇر، ھەتتاكى ئۇ بەندەمنى دوس تۇتىمەن، پەس ۋەقتىكى بەندەمنى دوس تۇتسام ئۇنىڭ ئاڭلايدىغان قۇلىغى، كۆرىدىغان كۆزى، تۇتىدىغان قولى ۋە ماڭىدىغان پۇتى بولىمەن، ئەگەر مەندىن سوئال قىلسا بېرىمەن، مەن بىلەن پاناھ تەلەپ قىلسا ئۇنىڭغا پاناھ بېرىمەن، مەن قىلىدىغان نەرسەمگە مىنىڭ مۆمىننىڭ نەپسىگە ئىككىلەنگىنىمدەك ئىككىلەنمىدىم، مۆمىن ئۆلۈمنى ناخۇش كۆرىدۇ ۋە مەن مۆمىننى بەدھال قىلىشنى ناخۇش كۆرىمەن.

## ئاللاھ تەئالانىڭ دىدارىنى دوس تۇتقان كىشىنىڭ دىدارىنى ئاللاھ تەئالا دوس تۇتىدىغانلىغى توغرىسىدا

2118 ـ ئۇبادە بىننى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئېيتتى: كىشىكى ئاللاھ تەئالانىڭ دىدارىنى دوس تۇتسا، ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭ دىدارىنى دوس تۇتىدۇ ۋە كىشىكى ئاللاھ تەئالانىڭ دىدارىنى كەرىھ كۆرسە، ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭ دىدارىنى كەرىھ كۆرىدۇ. ئېيتتى ئائىشە ياكى بەزى خوتۇنلىرى: تەھقىق بىز ئەلۋەتتە ئۆلۈمنى كەرىھ كۆرىمىز. ئېيتتى ئول جاناب: ئەمەس بۇ ۋە لېكىن مۆمىنگە ئۆلۈم ھازىر بولسا ئاللاھ تەئالانىڭ رىزالىغى ۋە كارامىتى بىلەن بىشارەت بېرىلىدۇ، ئاندىن مۆمىنگە ئالدىدىكى نەرسىدىن (يەنى ئۆلۈمدىن) دوسراق نەرسە يوقدۇر، ئاندىن ئاللاھ نىڭ دىدارىدى دوس تۇتىدۇر، ئاندىن ئاللاھ ئۇنىڭ دىدارىنى دوس تۇتىدۇر. تەھقىق كاپىرغا ئۆلۈم ھازىر بولسا ئۇنىڭغا ئاللاھ نىڭ ئازابى بىلەن بىشارەت بېرىلىدۇ، ئۇنىڭغا ئالدىدىكى ئۆلۈمدىن كەرىھراق نەرسە يوقدۇر، ئاندىن ئاللاھ نىڭ

دىدارىنى كەرىم كۆرىدۇر، ئاندىن اللە ئۇنىڭ دىدارىنى كەرىم كۆرىدۇر.

## سەكراتۇلمۆت توغرىسىدا

2119 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندى ئېيتتى: سەھرايى ئەرەبلەردىن كىشىلەر يالاڭ ياق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كەلدىلەر ۋە قىيامەت قاچان دەپ سورىدىلەر؟ ئاندىن ئۇلارنىڭ كىچىكراقىغا قاراپ ئېيتتى: ئەگەر مۇشۇ ياشىسا ئۇنى قېرىلىق تاپمايدۇ ھەتتاكى سىلەرگە قىيامىتىڭلار قائىم بولىدۇر.

## اللە تەئالا قىيامەت كۈنى زېمىننى قەبزى قىلىشى توغرىسىدا

2120 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: زېمىن قىيامەت كۈنى بىر دانە نانغا ئوخشاش بولىدۇ، جەببار تەئالا ئۇنى قولى بىلەن ئۇياق ـ بۇياققا ئۆرۈيدۇر، قانداقكى بىرىڭلار ناننى داستىخاندا ئۆرىگەندەك، ئەھلى جەننەتكە چۈشكۈن قىلىپ، ئاندىن يەھۇدىلاردىن بىرسى ئېيتتى: اللە ساڭا بەرىكەت بەرسۇن ئى ئۇبۇل قاسىم، ئايا خەۋەر بەرمەيمۇ ساڭا ئەھلى جەننەتنىڭ چۈشكۈنى بىلەن قىيامەت كۈنى؟ ئېيتتى ئارى بولىدۇ. ئېيتتى: زېمىن بىردانە ناندەك بولىدۇ، قانداقكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتقاندەك. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزلەرگە قاراپ كۈلدى ھەتتاكى ئوتتۇرا چىشلىرى زاھىر بولدى، ئاندىن ئېيتتى: ئايا خەۋەر بەرمەيمۇ سىلەرگە ئۇلارنىڭ ئىدامى بىلەن، ئۇلارنىڭ ئىدامى بالام ۋە نوندۇر. ئېيتتىلەر نىمە بۇ؟ ئېيتتى: كالا ۋە بېلىق، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئۇشۇق جىگىرىدىن يەتمىش مىڭ كىشى يەيدۇ.

2121 ـ سەھلى بىننى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇر: خالايىقنى قىيامەت كۈنى، بۇغداي ئۇن توغىچىدەك

ئاق زېمىنغا جەمى قىلىنىدۇر. ئېيتتى سەھلى ياكى باشقىسى: ئۇنىڭدا ھېچكىمگە ئالامەت يوق بەلگە يوق.

## ھەشىر (قىيامەت كۈنىدىكى جەمى قىلىش) توغرىسىدا

2122 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: خالايىقنى ئۈچ خىل ھەشىر قىلىنىدۇر، ئۈمىد قىلغۇچى ۋە قورۇققۇچى بولغان ھالەتلىرىدە، ئىككى كىشى بىر تۆگىدە ۋە ئۈچ كىشى بىر تۆگىدە ۋە تۆت كىشى بىر تۆگىدە ۋە ئون كىشى بىر تۆگىدە ۋە قالغانلىرىنى ئوت ھەشىر قىلىدۇ ئەرساتقا ھايدايدۇ، ئوت چۈشلۈك ئۇيقۇدا بىللە بولىدۇ ۋە كېچىدە ياتقاندا بىللە بولىدۇ ۋە تاڭ ئاتقاندا بىللە بولىدۇ ۋە كەچ قىلغاندا ئۇلار بىلەن بىللە بولىدۇ.

2123 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئۇلارنى يالاڭئاياق، يالىڭاچ خەتنىسىز ھەشىر قىلىنىدۇ. ئېيتتى ئائىشە: ئېيتتىم يارەسۇلۇللاھ ! ئەر ۋە ئاياللار بەزىسى بەزىسىگە قارىشامدۇ؟ ئول جاناب ئېيتتى: بۇ ئىش ئۇلارنى غەم قىلدۇرۇشدىن قاتتىقراقدۇر.

**الله تەئالانىڭ** {ۋَلا يَظُنُّ ۋولٰئِكَ ۋَنَّهُمْ مَبْعُوثُونَ (4) لِيَوْمٍ عَظِيمٍ (5) يَوْمَ يَقُومُ النَّاسُ لِرَبِّ العَالَمِينَ (6)} مەنىسى: *{ئۇلار بۈيۈك بىر كۈندە تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەمدۇ، ئۇ كۈندە ئىنسانلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ھۇزۇرىدا تىك تۇرىدۇ}* **سۈرە مۇتەففىفىن 4 ـ 6 ـ ئايەتلىرى توغرىسىدا**

2124 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: خالايىق قىيامەت كۈنى تەرلەيدۇ ھەتتاكى ئۇلارنىڭ تەرى زېمىندا يەتمىش گەز كېتىدۇر، تەر ئۇلارنى يۈگەنلەيدۇ ھەتتاكى قۇلاقلىرىغا يېتىدۇ.

## قىيامەت كۈندىكى قىساس توغرىسىدا

ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: خالايىقىدىن ئەڭ ئەۋۋەل ھۆكمى قىلىنىدىغان، ئېلىنىدىغان نەرسە قانلار ھەققىدەدۇر.

## جەننەت ۋە دوزاخنىڭ سۈپىتى توغرىسىدا

2126 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ۋەقتىكى ئەھلى جەننەت جەننەتكە ۋە دوزاخ ئەھلى دوزاخقا ئورۇنلىسە، ئۆلۈمنى كەلتۈرۈلۈپ ھەتتاكى جەننەت ۋە دوزاخ ئوتتۇرىسىدا قىلىنىدۇ، ئاندىن ئۇنى بوغۇزلىنىدۇ، ئاندىن بىر نىدا قىلغۇچى نىدا قىلىدۇ: ئى جەننەت ئەھلى ئۆلۈم يوق، ئى دوزاخ ئەھلى ئۆلۈم يوق، ئاندىن جەننەت ئەھلى خۇشاللىق ئۈستىگە خوشاللىغى زىيادە بولىدۇ، دوزاخ ئەھلى غەمكىنلىكلىرى ئۈستىگە غەمكىنلىگى زىيادە بولىدۇ.

2127 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: تەھقىق الله تەبارەكە ۋەتەئالا ئەھلى جەننەتكە ئېيتىدۇر: ئى ئەھلى جەننەت ! ئاندىن ئېيتىدۇرلەر: لَبَّيْكَ رَبَّنَا وَسَعْدَيْكَ، ئاندىن الله ئېيتىدۇر: ئايا رازى بولدۇڭلارمۇ ؟ ئاندىن ئېيتىدۇلەر: نىمىگە رازى بولمايمىز تەھقىق بىزلەرگە خەلقتىن ھىچكىمگە بەرمىگەن نەرسىنى بەردىڭ. ئاندىن الله ئېيتىدۇر: مەن سىلەرگە بۇنىڭدىنمۇ ئەبزەلراقنى بىرىمەن. ئاندىن ئېيتىدۇرلەر: قايسى نەرسە بۇنىڭدىن ئەبزەلراقدۇر؟ ئاندىن الله ئېيتىدۇر: سىلەرگە رىزالىغىمنى ھالال قىلدىم، ئاندىن سىلەرگە بۇندىن كىيىن مەڭگۈ ئازاب قىلمايمەن.

2128 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: كاپىرنىڭ ئىككى مۈرىسىنىڭ ئارلىغى ئىتتىك ئۇلاق مىنگۈچىگە ئۈچ

كۆنلۈك يولدۇر.

2129 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: بىرمۇنچە قەۋملەر دوزاخدىن چىقىدۇ، ئۇلارنى دوزاخدىن يىرىقلىق سىلىغاندىن تۇتقاندىن كېيىن ئۇلار جەننەتكە كىرىدۇرلەر، ئاندىن ئەھلى جەننەتلەر ئۇلارنى دوزىخىلەر دەيدۇلەر.

2130 ـ نۇئمان بىننى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇر: قىيامەت كۈنى ئەھلى دوزاخنىڭ ئازابى ئەڭ ئاسانراغى بىر كىشىدۇركى ئۇنىڭ ئىككى قەدىمىنىڭ تەكتىگە ئىككى دانە چوغ قويۇلىدۇكى ئۇنىڭ دىمىغى قازان ۋە مىس چۇگۈن قاينىغاندەك قايناىدۇ.

2131 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: بىرۇ جەننەتكە كىرمەيدۇ، مەگەر دوزاختىكى ئورنىنى كۆرستىلىدۇ، ئەگەر گۇناھ قىلغان بولسا كىرەتتى، شۈكرىسى زىيادە بولسۇن ئۈچۈن. بىرۇ دوزاخقا كىرمەيدۇ، مەگەر ئۇنىڭ جەننەتدىكى ئورنىنى كۆرستىلىدۇ، ئەگەر ياخشىلىق قىلغان بولسا كىرەتتى، ھەسرىتى بولسۇن ئۈچۈن.

## ھەۋزى كەۋسەر توغرىسىدا

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: مىنىڭ ھەۋزى كەۋسىرىم بىر ئايلىق مۇساپەتدۇر، سۈيى سۈتتىن ئاقراقدۇر ۋە بۇيى ئىپاردىن خۇشبۇيراقدۇر، پىيالىلىرى ئاسماننىڭ يۇلدۇزلىرىغا ئوخشاشدۇر، ئۇنىڭدىن ئىچكەن كىشى مەڭگۈ ئۇسسمايدۇ.

2133 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئالدىڭلاردا ھەۋزى كەۋسىرىم جەزبا بىلەن ئەزرۇج ئارلىغىدەكدۇر. (ئىككى جاينىڭ ئىسمى).

2134 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: تەھقىق مىنىڭ ھەۋزىمنىڭ مىقدارى يەمەندىن ئەيلە بىلەن زىئائىنىڭ ئارلىغىدەكدۇر، تەھقىق ئۇنىڭ ئىبرىقلىرى ئاسمان يۇلدۇزلىرىنىڭ سانىغا ئوخشاشدۇر.

2135 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئۇل ئارادىكى مەن قائىم دۇرمەن، بىناگاھ بىر توپ جامائەت ھەتتاكى ئۇلارنى تونۇدۇم، بىر كىشى (مەلەكۇل مۆت) مەن بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن چىقدى، ئاندىن ئېيتتى: كەلگىن! ئېيتتىم: نەگە؟ ئېيتتى: دوزاخقا، ۋەللاھۇ ئېيتتىم: ئۇلارنىڭ ئەھۋالى نىمەدۇر؟ ئېيتتى: تەھقىق ئۇلار سەندىن كىيىن ئارقىسىغا ئارقىچە يېنىپ كەتتىلەر. ئۇلاردىن خالاس بولغاننى كۆرمەيمەن، مەگەر تاشلاندۇق چارۋىلارنىڭ ئوخشىشى (ناھايىتى ئازلىرى خالاس بولىدۇر).

2136 ـ ھارىسە بىننى ۋەھبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىم ۋە ھەۋزى كەۋسەرنى زىكرى قىلدى، ئاندىن ئېيتتى: مەدىنە بىلەن زەئائىنىڭ ئارلىغىدەك.

## (74) قەدەرنىڭ كىتابى

### الله تەئالانىڭ ئىلمىگە قەلەمنىڭ قۇرۇشى توغرىسىدا

2137 ـ ئىمران بىننى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: بىر كىشى ئېيتتى:

يارەسۇلۇللاھ ! ئايا ئەھلى جەننەتنى ئەھلى دوزاخدىن ئايرىپ تونۇلامدۇ؟ ئېيتتى ئول جاناب: ھەئە، ئېيتتى: ئەمەل قىلغۇچىلار نىمە ئۈچۈن ئەمەل قىلىدۇ؟ ئېيتتى ئول جاناب: ھەربىرى ئۆزى ئۈچۈن يارىتىلغان نەرسە ئۈچۈن ئەمەل قىلىدۇ ياكى ئاسان قىلىنغان نەرسە ئۈچۈن ئەمەل قىلىدۇ. الله تەئالانىڭ {وَكَانَ وَمْرُ اللَّهِ قدَرًا مَقْدُورًا} مەنىسى: ***{الله نىڭ ئەمرى تەقدىر قىلىنىپ بېكىتىلگەن ئىشدۇر}*** سۆرە ئەھزاب 38 ـ ئايىتى توغرىسىدا

2138 ـ ھۇزەيپە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: ئەلۋەتتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزلەرگە بىر خۇتبە ئۇقۇدىكى ئۇنىڭدا قىيامەت كىچىلىك بولىدىغان ئىشلارنى قالدۇرماي زىكرى قىلدى، ئۇنى بىلگەن كىشى بىلدى ۋە بىلمىگەن نادان كىشى نادانلىق قىلدى، تەھقىق مەن ئەلۋەتتە ئۇنتۇپ قالغان نەرسىنى كۆرىمەن، ئاندىن بىر كىشى بىر كىشىدىن غايىپ بولغان نەرسىنى كۆرگەندە تونىغاندەك تونۇيمەن.

## بەندىنى نەزرى تەقدىرگە تاشلىشى توغرىسىدا

2139 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئېيتتى: مەن تەقدىر قىلمىغان نەرسىنى ئىبنى ئادەمگە نەزرى كەلتۈرالمايدۇ ۋە لېكىن ئۇنى تەقدىر تاشلايدۇ، تەھقىق تەقدىر قىلدىم ئۇنى ئىبنى ئادەمگە ئۇنىڭ بىلەن بېخىلدىن چىقىرىمەن. (بۇ ھەدىس قۇدسىدۇر).

## الله تەئالا پاك قىلغان كىشى پاك ئىكەنلىگى توغرىسىدا

2140 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: خەلىپە قىلىنمىدى بىر خەلىپىنى، مەگەر قىلىنسا ئۇنىڭغا ئىككى ئىچ كىيىم بار، بىرى ئىچ كىيىم، ئىچ سىر ئۇنى ياخشىلىققا ئەمىر قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا قىزىقتۇرىدۇ. يەنە

بىرى ئىچ سىر، ئۇنى ياماناشتقا بۇيرۇيدۇ ۋە ئۇنىڭغا قىزىقتۇرىدۇ، اللہ ساقلىغان كىشى ساقلانغۇچىدۇر.

## اللہ تەئالانىڭ ئىنسان بىلەن دىلى ئوتتۇرىسىدا ھائىل بولۇشى توغرىسىدا

2141 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تولىمۇ قەسەم قىلاتتى: لاوَمُقَلِّبَ القُلُوبِ ياق قەسەم دىللارنى يۆتكەپ تۇرغۇچى اللہ غا دەپ.

## (75) قەسەملەر ۋە نەزىرلەر كىتابى

## قەسەملەر ۋە نەزىرلەر توغرىسىدا

2142 ـ ئابدۇراھمان بىننى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: ئېيتتى ماڭا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئى ئابدۇراھمان ئىبنى سەمۇرە ! سەن ئەمىرلىكنى سورىمىغىن، پەس تەھقىق سەن ئەمىرلىكنى سوراپ ئاتا قىلىنساڭ شۇنىڭغا تاپشۇرۇلىسەن، ئەگەر سۇئالسىز ئاتا قىلىنساڭ ئۇنىڭغا ياردەم قىلىنىسەن، ۋەقتىكى بىر نەرسىگە قەسەم قىلساڭ، ئاندىن ئۇنىڭدىن ئۇنىڭ غەيرىنى ياخشى كۆرۈپ قالساڭ، ئاندىن قەسىمىڭدىن كاپارەت بەرگىن ۋە ياخشىراغىنى كەلتۈرگىن.

2143 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئېيتتى: بىزلەر ئاخىرىدا كەلگەنلەرمىز، قىيامەت كۈنى ھەممىدىن ئىلگىرى تۇرغۇچىلارمىز. تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ۋەللاھۇكى ئەلۋەتتە سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ ئۆز قەسىمىگە ئۆز ئەھلىدە دائىم بولۇشى گۇناھكارراقدۇر اللہ نىڭ نەزدىدە اللہ تەئالا پەرز قىلغان كاپارىتىنى ئاتا قىلىشىدىن.

**پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەسىمنىڭ قانداق بولغانلىقى توغرىسىدا**

**2144** ـ ئابدۇللاھ بىنىى ھىشام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئىدۇق ۋە ھالئۇلكى ئۇ ئۆمەر ئىبنى خەتتابىنىڭ قولىنى تۇتقۇچى ئىدى، ئاندىن ئۇنىڭغا ئۆمەر ئېيتتى: يارەسۇلۇللاھ ! ئەلۋەتتە سىلە ماڭا مېنىڭ نەپسىمدىن باشقا ھەممە نەرسىدىن دوسراق دۇرلا، ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ياق، قەسەم زاتىغكى نەپسىم ئۇل زاتنىڭ ئىلكىدە ئىدى يەنى الله بىلەن قەسەمكى ھەتتاكى بولغايمەن ساڭا نەپسىڭدىنمۇ دوسراق، ئاندىن ئۆمەر ئېيتتى: ھازىر جانابلىرى ماڭا مېنىڭ نەپسىمدىنمۇ دوسراقدۇرلا، ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ھازىر ئى ئۆمەر (تونۇدۇڭ، ۋاجىب بولغان نەرسە بىلەن سۆزلىدىڭ).

**2145** ـ ئەبى زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قېشىغا يەتتىم ۋە ھالئۇلكى ئۇ ئېيتىدۇر: ئۇلار زىيانكارراقدۇر وَرَبِّ الْكَعْبَةَ ئۇلار زىيانكارراقدۇر قەسەم كەبىنىڭ پەرۋەردىگارىغا. ئېيتتىم: مېنىڭ ئىشىم نىمەدۇر، مىنىڭدە بىر نەرسىنى كۆرەمدۇ نىمەدۇر ئىشىم ۋە ئۇنىڭ قېشىغا ئولتۇردۇم ۋە ئۇ شۇنداق دەۋاتىدۇ، ئاندىن جىمتۇرۇشقا قادىر بولالمىدىم ۋە مىنى الله خالىغان مىقدارى غەم باستى، ئاندىن ئېيتتىم: ئاتا ـ ئانام ئۆزلىرىگە پىدا بولسۇن يارەسۇلۇللاھ ئۇلار كىمدۇر؟ ئېيتتى: ماللىرى كۆپلەر، مەگەر كىشىكى مۇشۇنداق ۋە مۇشۇنداق ۋە مۇشۇنداق نەپىقە قىلسا.

**الله تەئالانىڭ {وَأَقْسَمُوا بِاللَّهِ جَهْدَ أَيْمَانِهِمْ} مەنىسى:** ***{الله ئۇلۇكىنى تىرىلدۇرمەيدۇدەپ قاتتىق قەسەم ئىچىشتى}*** **سۈرە نەھلى 38 ـ ئايىتى توغرىسىدا**

**2146** ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: مۇسۇلمانلاردىن بىرسىنىڭ ئۈچ بالىسى ئۆلسە ئۇنى دوزاخ ئۆتى سىلىمايدۇ (تەگمەيدۇ)، مەگەر قەسىمنى ھالال قىلىش ئۈچۈن.

## قەسەمدە ئۇنتۇپ قېلىپ ئۇنى بۇزۇش توغرىسىدا

2147 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئۈممىتىم ئەمەل قىلمىسىلا ياكى گەپ قىلمىسىلا ئۆز ئىچىدە قىلغان گېپىدىن الله تەئالا ئۆتتى. (تۇتمايدۇ).

## ئىبادەتتە نەزرى قىلىش توغرىسىدا

2148 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: كىشىكى الله تەئالاغا ئىتائەت قىلىشقا نەزرى قىلسا، ئۇ الله تەئالاغا ئىتائەت قىلسۇن ۋە كىشىكى الله تەئالاغا ئاسى بولۇشنى نەزرى قىلسا، الله تەئالاغا ئاسى بولمىسۇن.

## ئۈستىدە نەزرى بار كىشىنىڭ ئۆلۈشى توغرىسىدا

2149 ـ سەئىد بىننى ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئانىسىنىڭ ئۈستىدىكى نەزرىدىن پەتۋا سورىدى، ئۇنى ئادا قىلىشتىن ئىلگىرى ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن ئىكەن. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ نەزرىنى ئانىسىنىڭ جانىبىدىن ئادا قىلىشقا پەتۋا بەردى.

## ئېگە بولمىغان نەرسە ھەققىدە ۋە گۇناھدا نەزرى قىلىش توغرىسىدا

2150 ـ ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: ئۇل ئارادىكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇتبە ئوقۇۋاتىدۇ، بىناگاھ بىر ئادەم ئۆرە تۇرغۇچىدۇر، ئۇل جاناب ئۇنىڭدىن سورىدى، ئاندىن ئېيتتىلەر: بۇ ئەبۇ ئىسرائىلدۇر، ئۆرە تۇرغاي، ئولتۇرمىغاي، سايىدا

ئولتۇرمىغاي، گەپ قىلمىغاي ۋە روزا تۇتقاي دەپ نەزرى قىلدى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئۇنىڭغا ئەمىر قىل گەپ قىلسۇن، سايىدا تۇرسۇن، ئولتۇرسۇن ۋە روزىسىنى تامام قىلسۇن.

## (76) قەسەملەرنىڭ كاپارەتلىرى كىتابى

### مەدىنىنىڭ كۈرەسى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جىڭى توغرىسىدا

2151 ـ سائىب بىننى يەزىد رەزىيەللاۋۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: كۈرە، سا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا بىر جىك ۋە ئۈچدىن بىرى ئىدى، سىلەرنىڭ بۈگۈنكى جىڭىڭلار باراۋىرىدە.

2152 ـ ئەنەس بىننى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئى الله ! ئۇلارغا ئۇلارنىڭ كۈرەسىدە، ساسىدا ۋە جىڭىدا بەركەت بەرگىن.

## (77) پەرائىز كىتابى

### باللىنىڭ ئاتا ـ ئاناسىدىن مىراسى توغرىسىدا

2153 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: پەرائىزنى ئۆز ئەھلىگە لايىق قىلىڭلار، ئۇنىڭدىن قالغىنى ئەركەك ئەرنىڭ يېقىنراغى ئۈچۈندۇر.

### قىز بىلەن ئۇغۇلنىڭ قىزىنىڭ مىراسى توغرىسىدا

2154 ـ ئەبۇ موسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق ئۇ قىزدىن ۋە ئۇغۇلنىڭ قىزىدىن ۋە ھەمشىرىدىن سورالدى، ئاندىن ئېيتتى: قىزغا يېرىم ۋە ھەمشىرىگە يېرىم. ئىبنى

مەسئۇدنىڭ قېشىغا بارغىن ئۇمۇ ماڭا مۇتابىئەت قىلار. ئاندىن ئىبنى مەسئۇددىن سورالدى ۋە ئۇنىڭغا ئەبۇ موسانىڭ سوزىنى خەۋەر قىلدى، ئاندىن ئېيتتى: بۇ ۋاقىتدا مەن ئەلۋەتتە گۇمراھ بولدۇم، مەن ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن بولمايمەن، ئۇنىڭدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۆكمى قىلغان نەرسە بىلەن ھۆكمى قىلىمەن، قىزغا يېرىم ۋە ئۇغۇلنىڭ قىزىغا ئالتىدىن بىر، ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى كامىل قىلىپ ۋە قالغىنى ھەمشىرە ئۈچۈندۇر. ئاندىن ئەبۇ موساغا ئىبنى مەسئۇدنىڭ سۆزى بىلەن خەۋەر قىلىندى، ئاندىن ئېيتتى: سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا مۇشۇ ئالىم بولسىلا مەندىن سورىماڭلار.

### قەۋمنىڭ مەۋلاسى ئۇلار ئىچىدىن ۋە ھەمشىرىنىڭ ئوغلى ئۇلاردىن ئىكەنلىگى توغرىسىدا

2155 ـ ئەنەس بىننى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: قەۋمنىڭ مەۋلاسى ئۇلاردىندۇر.

2156 ـ ئەنەس بىننى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: قەۋمنىڭ مەۋلاسى ھەمشىرىسىنىڭ ئوغلى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئىچىدىندۇر.

### ئاتىسىنىڭ غەيرىگە داۋا قىلغان كىشى توغرىسىدا

2157 ـ سەئد ئىبنى ئەبۇۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇر: كىشىكى ئاتىسىنىڭ غەيرىنى(باشقا كىشىنى ئاتام دەپ) دەۋا قىلسا، ھالئولكى بىلىدۇركى ئۇ ئۆز ئاتىسىنىڭ غەيرىدۇر، ئاندىن جەننەت ئۇ كىشىگە ھارامدۇر. ئاندىن بۇنى ئەبۇبەكرىگە زىكرى قىلدى، ئاندىن ئۇمۇ بۇ سۆزنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئىككى قۇلىغىم ئاڭلىدى ۋە ئۇنى دىلىم ئەستە قالدۇردى دىدى.

2158 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئاتاڭلاردىن يۈز ئۆرۈمەڭلار ! كىشكى ئاتىسىدىن يۈز ئۆرىسە تەھقىق كاپىر بولدى.

## (78) ھەدلەرنىڭ كىتابى

### شاخلار ۋە كەشلەر بىلەن ئۇرۇش توغرىسىدا

2159 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ھاراق ئىچكەن بىر كىشى كەلتۈرۈلدى، ئاندىن ئېيتتى: ئۇنى ئۇرۇڭلار ! ئەبۇ ھۇرەيرە ئېيتتى: بىزلەردىن ئۇنى قولى بىلەن ئۇرغۇچى ۋە بىزلەردىن ئۇنى كەشى بىلەن ئۇرغۇچى ۋە بىزلەردىن كىيىمى بىلەن ئۇرغۇچى باردۇر، ئاندىن قايتىپ ئىدى، بەزى قەۋملەر الله سىنى رەسۋا قىلسۇن دىدى، ئول جاناب ئېيتتى: ئۇنىڭغا بۇنداق دىمەڭلار ، شەيتانغا ياردەم قىلماڭلار.

2160 ـ ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى ئېيتتى: مەن بىركىمگە ھەد بەرىيا قىلىپ ئۇ ئۆلۈپ قالسا ئۇنىڭغا ئىچىمدە غەمكىن بولمايمەن، مەگەر ھاراقكەشكە، چۈنكى تەھقىق ئۇ ھاراقكەش ئۆلۈپ قالسا ئۇنىڭغا دىيەت بېرىمەن، بۇ شۇجەھەتدىنكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنىڭغا ھەد تەئىن قىلمىدى.

2161 ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق بىر كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زامانىدا ئابدۇللاھ ئىسىملىك ئىدى، ئۇنى ئېشەك دەپ لەقەم قىلىنار ئىدى، ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۈلدۈرەر ئىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ھاراق ھەققىدە قامچا ئۇرغان ئىدى. ئاندىن ئۇنى كەلتۈرۈلدى، ئۇنى بۇيرۇلدى، تەئزىر ئۇرۇلدى. ئاندىن قەۋمدىن بىرى ئېيتتى: ئى الله ئۇنى

لەنەت قىلغىن، نىمەدىگەن تولا كەلتۈرۈلىدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئۇنى لەنەت قىلماڭلار! ۋەللاھۇ بىلمەيمەن ئۇنى، مەگەر الله نى ۋە پەيغەمبەرنى دوس تۇتىدۇ (دەپ بىلىمەن).

## ئوغرىنى لەنەت قىلىش توغرىسىدا

2162 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئوغرىغا الله لەنەت قىلسۇن، تۇخۇمنى ئوغۇرلايدۇ قۇلى كىسىلىدۇ ۋە ئارغامچىنى ئوغۇرلايدۇ قۇلى كىسىلىدۇ.

## قولنى كىسىش ۋە قانچىلىكدە كىسىش توغرىسىدا

2163 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: بىر تىللانىڭ تۆتتىن بىرىدە ۋە ئۇنىڭدىن يۇقۇرىدا قول كىسىلىدۇ.

2164 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زامانىدا ئوغرىنىڭ قۇلى كىسىلمەيتى مەگەر قالقاننىڭ پۇلى مىقدارىدا (كىسىلتى).

2165 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈچ تەڭگىگە يارايدىغان قالقاندا كەستى.

## (79) ئەھلى كۇپرىدىن ۋە ئەھلى رىددەتلەردىن قارشى چىققۇچىلارنىڭ كىتابى

## تەئزىر ۋە ئەدەپنىڭ قانچىلىكلىگى توغرىسىدا

2166 ـ ئەبۇ بۇردە ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇر: ئون قامچىدىن يۇقۇرى تەئزىر ئۇرۇلمايدۇ، مەگەر الله ئەززەۋەجەلەنىڭ ھەدلىرىدىن بىر ھەددە.

## قۇللارنى زىنا بىلەن تۆھمەت قىلىش توغرىسىدا

2167 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: ئۇبۇل قاسىم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇر: كىشىكى ئۆزىنىڭ قۇلىنى زىنا بىلەن تۆھمەت قىلسا (قارىلىسا) ۋە ھالبۇلكى ئۇ قۇل ئۇ تۆھمەتدىن پاكدۇر، قىيامەت كۈنى ئۇكىشىنى قامچا (دەررە) ئۇرۇلىدۇ، مەگەر ئۇكىشى ئېيتقاندەك بولسا (دەررە ئۇرۇلمايدۇ).

## (80) دىيەتلەر كىتابى

## قاتىلغا ۋاجىب بولغان مال توغرىسىدا

2168 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: مۆمىن ھەمىشە ئۆز دىنىدا كەڭچىلىكدە بولىدۇ، مادامىكى ھارام خۇنغا يەتمىسە (خۇن تۆكمىسە).

2169 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىقدادغا ئېيتتى: ۋەقتىكى مۆمىن كىشى ئۆزىنىڭ ئىمانىنى مەخپى قىلغان بولسا كاپىر قەۋملەر بىلەن، ئاندىن ئىمانىنى ئاشكارا قىلسا سەن ئۇنى ئۆلتۈردۈڭ، ئاندىن شۇنىڭغا ئوخشاش سەنمۇ بۇندىن ئىلگىرى مەككىدە ئىمانىڭنى مەخپى قىلار ئىدىڭ.

الله تەئالانىڭ {وَمَنْ وَحْيَاهَا فَكَوّنَمَا وَحْيَا النَّاسَ جَمِيعاً} مەنىسى: *{كىمكى بىر ئادەمنى تىرىلدۈرسە (يەنى قۇتقازسا ياكى ھايات قېلىشقا سەۋەبچى بولسا) ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى تىرىلدۈرگەندەك بولىدۇ}*. سۈرە مائىدە 32 ـ ئايىتى توغرىسىدا

2170 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: كىشىكى بىزلەرگە قورال ـ ياراق كۆتەرسە ئۇ بىزدىن ئەمەسدۇر.

الله تەئالانىڭ {أَنَّ النَّفْسَ بِالنَّفْسِ وَالْعَيْنَ بِالْعَيْنِ} مەنىسى: *{جان جان بارابىرىگە ۋە كۆز كۆز بارابىرىگە قىساس ئېلىنىدۇ}* ئايىتى توغرىسىدا

2171 ـ ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: تەھقىق بىر الله تەئالادىن باشقا خۇدا يوق دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن، تەھقىق مىنى الله نىڭ بەرھەق پەيغەمبىرى دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن مۇسۇلماننىڭ خۇنىنى تۆكۈش ھالال بولمايدۇ، مەگەر ئۈچ ئىشنىڭ بىرى بىلەن ھالال بولىدۇ، 1 ـ جاننى جان باراۋىرىگە ئۆلتۈرۈش، 2 ـ نىكاھلانغان ئەر ۋە ئايال پاھىشىۋاز (زىنا قىلغۇچى)، 3 ـ ئىسلام دىنىدىن ئايرىلغان يانغان، مۇسۇلمان جامائىتىدىن ئايرىلغۇچى، (بۇ ئۈچ تۈرلىنىڭ خۇنى ھالال بولىدۇر).

بىر ئادەمنىڭ خۇنىنى ناھەق تەلەپ قىلىش توغرىسىدا

2172 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: تەھقىق الله تەئالاغا خالايىقنىڭ دۈشمەنراغى ئۈچدۇر، 1 ـ ھەرەمدە ھەقدىن مايىل بۇلۇپ زۇلمى قىلغۇچى، 2 ـ دىنى ئىسلامدا جاھىلىيەت ئىشلىرىنى تەلەپ قىلغۇچى، 3 ـ خۇنىنى تۆكۈش ئۈچۈن ناھەق بىر مۇسۇلماننىڭ خۇنىنى تەلەپ قىلغۇچى.

ئۆز ھەققىنى ئېلىش ياكى پادىشاھسىز (يەنە ئەمرىسىز) قىساس ئېلىش توغرىسىدا

2173 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى ئېيتتىدۇر: ئەگەر سىنىڭ ئۆيۈڭگە بىرسى قارىسا ۋە ئۇنىڭغا ئىزنى بەرمىسەڭ، ئۇنىڭغا تاش ئېتىپ كۆزىنى قۇيۇۋاتساڭ ساڭا گۇناھ بولمايدۇ.

بارماقلارنىڭ دىيىتى (تۆلىمى) توغرىسىدا

2174 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم ئېيتتى: بۇ ۋە بۇ يەنى سىنچىلاق ۋە بىگىز بارماق باراۋەردۇر.

## (81) ئىسلام دىنىدىن يانغانلارنى ۋە ئۆچەشكەنلەرنى تەۋبە قىلدۇرۇش ۋە ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇش كىتابى

### اللە تەئالاغا شېرىك كەلتۈرگەن كىشىنىڭ گۇناھى توغرىسىدا

**2175** ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: بىر كىشى يارەسۇلۇللاھ ! بىز جاھىلىيەت ۋاقتىدا قىلغان ئىشلىرىمىزدىن تۇتۇلىمىزمۇ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ ئېيتتى: كىشىكى ئىسلامدا ياخشى ئىش قىلسا، جاھىلىيەتدە قىلغان ئىشى بىلەن تۇتۇلمايدۇ ۋە كىشىكى ئىسلامدا يامان ئىش قىلسا، ئىلگىرى كېيىن ھەممىسى بىلەن تۇتۇلىدۇ.

## (82) چۈشكە تەبىر بېرىش كىتابى

### ياخشىلارنىڭ چۈشى توغرىسىدا

**2176** ـ ئەنەس بىننى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ياخشى كىشىنىڭ كۆرگەن ياخشى چۈشى، پەيغەمبەرلىكدىن قىرىق ئالتە پارچىدىن بىر پارچەدۇر.

### چۈشنىڭ اللە دىن ئىكەنلىكى توغرىسىدا

**2177** ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىكى ئېيتىدۇر: سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزى دوس تۇتىدىغان چۈشنى كۆرسە تەھقىق ئۇ چۈش اللە دىندۇر، ئاندىن ئۇنىڭغا قارىتا اللە غا ھەمدى ئېيتسۇن ۋە ئۇنى سۆزلەپ بەرسۇن، ۋاقتىكى شۇنىڭ غەيرىنى ناخۇش كۆرىدىغان چۈشنى كۆرسە تەھقىق ئۇ شەيتاندىندۇر، ئۇنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تەلەپ قىلسۇن ۋە ئۇنى بىركىمگە دېمىسۇن، تەھقىق

ئۇ ئول كىشىگە زەرەر قىلمايدۇ.

## بىشارەت بېرىدىغان چۈشلەر توغرىسىدا

2178 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇر: پەيغەمبەرلىكدىن بىشارەت بەرگۈچىلەردىن باشقىسى قالمىدى، ئېيتتىلەر: بىشارەت بەرگۈچىلەر نىمەدۇر؟ ئول جاناب ئېيتتى: ياخشى چۈشدۇر.

## رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى چۈشدە كۆرگەن كىشى توغرىسىدا

2179 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇر: كىمكى منى چۈشدە كۆرسە، پات يېقىندا منى ئۆڭىدا كۆردۇ ۋە شەيتان منىڭ مىسالىمدا بولالمايدۇ.

2180 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: كىشىكى منى كۆرسە تەھقىق ھەقنى كۆردى، چۈنكى تەھقىق شەيتان مەندەك بولالمايدۇ.

## كۈندۈزدىكى چۈش توغرىسىدا

2181 ـ ئەنەس بىننى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇممى ھەرام بىنتى مىلھاننىڭ قېشىغا كىرەر ئىدى، ئۇ خوتۇن ئۇبادە بىننى سامىتنىڭ نىكاھىدا ئىدى ۋە بىر كۈنى ئۇ خوتۇن قېشىغا كىردى، ئاندىن ئۇ خوتۇن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تائام بەردى ۋە باشلىرىنى بېقىپ قويىدى ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇخلىدى، ئاندىن كۈلگەن ھالىتىدە ئويغاندى، ئېيتتى ئۇممى ھەرام: ئاندىن ئۈنىڭغا ئۆزلىرىنى نىمە كۈلدۈردۇ يارەسۇلۇللاھ ؟ دىدىم، ئول جاناب ئېيتتى: ئۈممەتىمدىن

بىرمۇنچە كىشلەر اللە يولىدا غازات قىلغان ھالىتىدە ماڭا توغرا قىلىندى، ئۇلار مۇشۇ دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا تەختلەردىكى پادىشاھلار بولغان ھالدا ياكى تەختلەردىكى پادىشالاردەك كېمىگە چىقىدۇرلەر. ئېيتتى ئۇممى ھەرام ئېيتتىم مەن: يارەسۇلۇللاھ ! اللە تەئالانىڭ مىنى شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن قىلىشىغا دۇئا قىلسىلا. ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا دۇئا قىلدى، ئاندىن بېشىنى قويدى، ئاندىن كۈلۈپ ئويغاندى، ئاندىن ئېيتتىم: يارەسۇلۇللاھ ئۆزلىرىنى نىمە كۈلدۈردۇ؟ ئول جاناب ئېيتتى: ئۇممىتىمدىن بىرمۇنچە كىشلەر فى سەبىلىللاھ غازات قىلغان ھالەتلىرىدە ماڭا توغرا قىلىندى، ئالدىنقى قېتىمدا ئېيتقاندەك. ئۇممى ھەرام ئېيتتى: ئاندىن ئېيتتىم مەن: يارەسۇلۇللاھ ! اللە تەئالاغا مىنى ئۇلاردىن قىلىشىغا دۇئا قىلسىلا. ئېيتتى ئول جاناب: سەن ئەۋۋەلقىلەردىندۇرسەن. ئاندىن ئۇممى ھەران مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيانىنىڭ زامانىدا دېڭىزغا مىندى، ئاندىن دېڭىزدىن چىققاندا ئۇلاغدىن يىقىلىپ ھالاك بولدى. (ئۇممى ھەرام رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىمگەدەش ئانىسىنىڭ ھەمشىرىسى ۋە ئەنەسنىڭ ئانىسىنىڭ نەسەبىدىكى ھەمشىرىسى ئىدى).

## چۈشىدىكى قەيىد (ئىشكەل) توغرىسىدا

2182 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ۋەقتىكى زامان يېقىنلاشسا مۆمىنىنىڭ كۆرگەن چۈشى يالغان بۇلۇشقا يېقىنلاشمايدۇ ۋە مۆمىنىنىڭ چۈشى پەيغەمبەرلىكدىن قىرىق ئالتە پارچىدىن بىر پارچىسىدۇر ۋە پەيغەمبەرلىكدىن بولغان نەرسە يالغان بولمايدۇ.

## بىر نەرسىنى تۈگىلۈكدىن چىقىرىپ يەنە بىر جايغا ئورۇنلاشتۇرۇپ چۈش كۆرۈش توغرىسىدا

2183 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: باشلىرى چۇگۇق بىر قارا خوتۇننىڭ مەدىنىدىن چىقىپ ھەتتاكى جۇھپەدە تۇرغانلىغىنى چۈشۈمدە كۆردۈم، ئاندىن مەدىنەنىڭ ۋابا كېسىلى جۇھپەگە يۆتكىلىدىغانلىغىغا تەئۋىل قىلدىم (تەبىر بەردىم).

## چۈشىدە يالغان ئېيتقان كىشى توغرىسىدا

2184 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: كىمكى كۆرمىگەن چۈشنى كۆرگەنلىگىنى ئېيتسا، ئۇكىشىنى ئىككى دانە ئارپىنى چىگىشكە مەجبۇرلاش ئازابى قىلىنىدۇ ۋە ھەرگىز قىلالمايدۇ، كىمكى بىر قەۋمنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىپ تىڭ ـ تىڭلىسا، ھالئۇلكى ئۇ جامائەتلەر ئۇنى ناخۇش كەرىھ كۆرگۈچىدۇر، قىيامەت كۈنى ئۇكىشىنىڭ ئىككى قۇلىقىغا قوغۇشۇن قۇيۇلىدۇ، كىمكى سۈرەت تاتسا ئازاب قىلىنىدۇ ۋە ئۇ سۈرەتكە جان كىرگۈزۈشكە مەجبۇرلاش ئازابى قىلىنىدۇ ۋە ھەرگىزمۇ جان كىرگۈزالمايدۇ.

2185 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: تەھقىق يالغانلارنىڭ يالغانراغىدۇر كۆرمىگەن نەرسىنى ئىككى كۆزىگە كۆرسەتكەي (يەنى كۆرمىگەن نەرسىنى كۆردۈم دىگەي).

## چۈشكە ئەۋۋەل تەبىر بەرگەن كىشى راس تەبىر بېرالمىسا ئۇنى مۇۋاپىق كۆرمىگەن ئىتتقاد قىلمىغان كىشى توغرىسىدا

2186 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن تەھقىق ئۇ ھەدىس قىلار ئىدىكى: تەھقىق بىركىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كىلىپ ئېيتتى: تەھقىق مەن بۈگۈن كېچە چۈشۈمدە بىر سايىنى كۆردۈمكى ياغ ۋە ھەسەل تامچىلاپ تۇرىدۇ، خالايىقنى ئالقانلاپ ئېلىۋاتقان كۆرىمەن، ئاندىن كۆپ ئالغۇچىلارمۇ ۋە ئاز ئالغۇچىلارمۇ بار ۋە بىر ئاغامچا زىمىندىن ئاسمانغا

يەتكۈچىدۇر، ئاندىن ئۆزلىرىنى كۆرىمەنكى ئۇنى تۇتتىلا، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن يۇقۇرى ئۆرلىدىلە، ئاندىن ئۇنى يەنە بىر ئادەم تۇتتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن يۇقۇرى ئۆرلىدى، ئاندىن يەنە بىر ئادەم تۇتتى ئۇنىڭ بىلەن يۇقۇرى ئۆرلىدى، ئاندىن ئۇنى يەنە بىر ئادەم تۇتتى، ئاندىن ئاغامچا ئۈزۈلدى، ئاندىن ئۇلاندى. ئاندىن ئەبۇبەكرى ئېيتتى: ئاتام ئۆزلىرىگە پىدا بولسۇن يارەسۇلۇللاھ مىنى قويسىلا ئۇ چۈشكە مەن تەبىر بىرەي. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: تەبىر بەرگىن، ئېيتتى ئەبۇبەكرى: ئەمما سايە ئىسلامدۇر، ئەمما ھەسەل ۋە ياغ ئېقىپ تامچىلاپ تۇرغىنى قۇرئاندۇر، ئۇنىڭ شىرىنلىگى تامچىلايدۇ، ئاندىن قۇرئاندىن كۆپ قىلغۇچى ۋە ئاز قىلغۇچى بار، ئەمما ئاسماندىن يەرگە يەتكەن ئاغامچا سىلە، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ھەقدۇر ئۇنى تۇتۇپ تۇرىدىلا، سىلنى الله تەئالا يۇقۇرى قىلىدۇ، ئاندىن ئۇنى سىلدىن كېيىن بىر كىشى تۇتىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن يۇقۇرى بولىدۇ، ئاندىن يەنە بىر كىشى تۇتىدۇ ئۇنىڭ بىلەن ئۈكىشمۇ ئالى بولىدۇ، ئاندىن يەنە بىر ئادەم تۇتىدۇ ئۇنىڭ بىلەن ئاغامچا ئۈزۈلىدۇ، ئاندىن ئۈكىشى ئۈچۈن ئاغامچا ئۇلۇنىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن ئۈكىشى يۇقۇرى بولىدۇ. ئاندىن خەۋەر بەرسىلە يارەسۇلۇللاھ ئاتا ـ ئانام ئۆزلىرىگە پىدا، راس قىلدىممۇ ياكى خاتا قىلدىممۇ؟ ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: بەزىسىنى راس توغرا قىلدىڭ ۋە بەزىسىنى خاتا قىلدىڭ. ئېيتتى: ۋەللاھۇ يارەسۇلۇللاھ خاتا قىلغىنىمنى سۆزلەپ بەرسىلە، ئېيتتى ئۇل جاناب: قەسەم قىلمىغىن.

## (83) پىتنىلەر كىتابى

### پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ «مەندىن كېيىن سىلەر ئىنكار قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى كۆرىسىزلەر» دېگەن سۆزى توغرىسىدا

2187 ـ ئىبنى ئاbباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: كىشىكى ئۆزىنىڭ ئەمرى (باشلىقى)دىن بىر ئىشنى كەرىھـناخۇش كۆرسە سەبرى قىلسۇن، پەس تەھقىق كىشىكى ئىسلام پادىشاسىنىڭ ئىتائىتىدىن بىرغېرىچ چىقىپ كەتسە جاھلىيەت ئۆلۈمىدە ئۆلىدۇ. يەنە بىر رىۋايەتتە ئىبنى ئاbباسدىن ئېيتتى: كىمكى ئۆزىنىڭ ئىسلام باشلىغىدىن ناخۇش يامان كۆرىدىغان ئىشنى كۆرسە ئۇ ئىشقا سەبرى قىلسۇن، چۈنكى كىشىكى جامائەتتىن بىرغېرىچ ئايرىلسا ۋە ئۇ ئۆلسە جاھلىيەت ئۆلۈمى تەرىقىدە ئۆلىدۇ،

2188 ـ ئۇبادە بىننى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزلەرنى چاقىردى، ئاندىن ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدۇق. ئاندىن ئېيتتى: بىزگە قىلغان ئەھدە شۇدۇركى بەيئەت قىلدۇق ئاڭلاشقا، بويسۇنۇشقا خۇرسەنلىگىمىزدە، ناخۇشلىغىمىزدا، قىيىنچىلىغىمىزدا، ئاسانلىغىمىزدا، باشقىلارنى بىزنىڭ ئۈستىمىزگە ئىختىيار قىلىشىدا ۋە ئىش ئەھلىدىن ئىشنى تالاشماسلىغىمىزدا (يۇقارقىدەك ھەممە ئىشدا بۇيسۇنۇشقا بەيئەت قىلدۇق)، مەگەر الله تەئالادىن ئۇ ھەقدە سىلەردە ھۆججەت بار ئاشكارا كۇپرىنى كۆرگەندە (بۇنىڭدا تالاش تارتىش قىلسا بولىدۇ).

## پىتنىلەرنىڭ زاھىر بولۇشى توغرىسىدا

2189 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇر: خالايىقنىڭ ئەڭ يامانلىرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر، تىرىك ھايات تۇرۇپ ئۆلارنى قىيامەت تاپىقان كىشىلەر. (چۈنكى قىيامەت قايىم بولغاندا ئىمان ۋە ياخشى ئەمەل مەنپەئەت قىلمايدۇ).

## كەلمەيدۇ زامان مەگەر ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى ئۇنىڭدىن يامانراق ئىكەنلىگى توغرىسىدا

2190 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق ئۇ زاتقا خالايىقلار ھەججاجدىن يۇلۇققان دەرتلىرىنى شىكايەت قىلدىلەر، ئاندىن ئەنەس ئېيتتى: سەبرى قىلىڭلار ! چۇنكى تەھقىق كەلمەيدۇ سىلەرگە زامان، مەگەر كەلسە، ئۇ زاماندىن كېيىنكىسى ئۇ ئالدىنقى زاماندىن يامانراقدۇر ھەتتاكى پەرۋەردىگارىڭلارغا يۇلۇققايسىزلەر، بۇ ھەدىسنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىم.

**پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ «بىزگە قىلىچ ياراق كۆتەرگەنلەر بىزدىن ئەمەسدۇر» دىگەن سۆزى توغرىسىدا**

2191 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى:سىلەرنىڭ بىرىڭلار بۇرادىرىگە قورال بىلەن ئىشارەت قىلىسا بولمايدۇ، چۇنكى تەھقىق ئۇ بىلمەيدۇ ئۇمىدكى شەيتان ئۇنىڭ قولىنى تاتقاي، ئاندىن ئۇ دوزاخدىن بىر ئورىغا چۈشكەي.

**ئولتۇرغۇچىنىڭ پىتنەلىرى ئۆرە تۇرغۇچىنىڭ پىتنەسىدىن ياخشىراق بۇلۇشى توغرىسىدا**

2192 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: پات پۇرسەتتە ئولتۇرغۇچىنىڭ پىتنەسى ئورە تۇرغۇچىنىڭ پىتنەسىدىن ياخشىراق بولىدۇ ۋە پىتنەلەردە ئۆرە تۇرغۇچى ماڭغۇچىدىن ياخشىراقدۇر ۋە پىتنەلەردە ماڭغۇچى يۈگۈرگۈچىدىن ياخشىراقدۇر، كىمكى ئۇ پىتنەلەرگە تىكىلىپ توغرا بولسا، ئۇ پىتنە ئۇنى ھالاك قىلىدۇ ۋە كىمكى ئۇ پىتنەدە ئارامگاھنى ياكى پاناھگاھنى تاپسا شۇنىڭ بىلەن پاناھلانسۇن.

**پىتنە ۋاقى بولغاندا سەھرايى ئەرەب بۇلۇش توغرىسىدا**

2193 ـ سەلىمە بىننى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق ئۇ ھەججاجنىڭ

قىشقا كىردى، ئاندىن ھەججاج ئېيتتى: ئى ئىبنى ئەكۋەئ سەن مۇرتەد بولدۇڭ، ئارقاڭغا يېنىپ كەتتىڭ، سەھراغا بېرىۋالدىڭمۇ؟ ئېيتتى: ياق ۋە لېكىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا سەھرادا تۇرۇشقا ئىزنى بەرگەن.

## الله تەئالا بىر قەۋمگە ئازابىنى نازىل قىلسا ھەممىلەرگە ئوخشاش يېتىشى توغرىسىدا

2194 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ۋەقتىكى الله تەئالا بىر قەۋمگە ئازابىنى نازىل قىلسا، ئۇلار ئىچىدىكى بار بولغان ھەممەلەرگە ئوخشاش يېتىدۇر، ئاندىن ئۇلارنى قىيامەت كۈنى ئۆز ئەمەللىرى بىلەن تىرگۈزىلىدۇر.

## بىر قەۋمنىڭ ئىچىدە بىر نەرسىنى دەپ ئاندىن چىقىپ ئاندىن ئۇ سۆزنىڭ خىلاپىنى ئېيتقان كىشى توغرىسىدا

2195 ـ ھۇزەيپە ئىبنى يەمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق نىپاق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زامانلىرىدا بار ئىدى، ئەمما بۈگۈنكى كۈندە ئۇ نىپاق كۇپرىدۇر ئىماندىن كېيىن.

## ئوتنىڭ چىقىشى توغرىسىدا

2196 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: قىيامەت قايىم بولمايدۇ ھەتتاكى ھىجاز زېمىنىدىن بىر ئوت چىققىچىلىك، ئۇ ئوت بۇسرادىكى تۆگىنىڭ بويىنىنى يورۇتىدۇ.

2197 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم ئېيتتى: پات يېقىندۇركى فۇرات دەرياسىنىڭ سۈيى قۇرۇپ ئالتۇن كىنزەسى ئېچىلغاي، كىشىكى ئۇنىڭغا ھازىر بولسا ئۇنىڭدىن بىر نەرسىنى ئالمىسۇن.

2198 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: قىيامەت قائىم بولمايدۇ ھەتتاكى ئىككى چوڭ گورۇھ ئۇرۇشقىچىلىك(1)، ئىككى گورۇھ ئوتتۇرسىدا چوڭ ئۇرۇش بولىدۇ، ھەرئىككىلىسىنىڭ دەۋاسى بىردۇر، ھەتتاكى ئوتتۇزغا يېقىن كاززاب دەججال زاھىر بولغىچىلىككى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى رەسۇلۇللاھ دەپ گۇمان قىلىدۇلەر، ھەتتاكى ئىلمى قەبزى قىلىنىپ كۆتۈرۈلگەي، يەرتەۋرەشلەر كۆپ بولغاي، زامان بىر بىرىگە يېقىنلاشقاي، پىتنىلەر زاھىر بولغاي، ئادەم ئۆلتۈرۈش كۆپ بولغاي، ھەتتاكى سىلەردە مال كۆپ بولغاي ۋە تۆكۈلگەي، ھەتتاكى مال ئىگىسى زاكاتىنى كىم قوبۇل قىلىدۇ دەپ غەم قىلىدۇ، ھەتتاكى ئۇ مالنى بىركىمگە توغرا قىلىدۇ، مالنى ئۇنىڭغا توغرا قىلىنغان كىشى ئېيتىدۇركى: مىنىڭ ئۇ مالغا ھاجىتىم يوقدۇر ۋە ھەتتاكى خالايىق ئۆي ـ ئىمارەت سېلىشىدا بەسلەشكەي، ھەتتاكى بىركىشى بىركىشىنىڭ قەبرىسىگە ئۆتۈپ، كاشكى مەن قەبرىدىكى ئۆلۈكنىڭ ئورنىدا بولسام دىگەي، ھەتتاكى كۈن مەغرىبدىن چىققاي، ئاندىن ۋەقتىكى كۈن مەغرىبدىن چىقسا، ئۇنى خالايىق كۆرسە ھەممىسى ئىمان كەلتۈرىدۇلەر، بۇ بۇندىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتمىغان ياكى ئىماندا ياخشىلىقنى كەسىپ قىلغان كىشىگە ئىمانى مەنپەئەت قىلمايدىغان، قوبۇل بولمايدىغان ۋاقتىدۇر، (يۇقارقى ئالامەتلەر مەۋجۇد ئاشكارا بولغىچىلىك قىيامەت قائىم بولمايدۇ). ئەلۋەتتە قىيامەت قائىم بولىدۇر ۋە ھالئۇلكى ئىككى كىشى كىيىملىرىنى ئوتتۇرلىرىغا يايىدۇدە سودا قىلىشالمايدۇ ۋە ئۇنى قاتلاپ يىغىشالمايدۇ. قىيامەت قائىم بولىدۇ ۋە ھالئۇلكى بىر كىشى تۆگىسىنى سىغىپ ئۆيىگە ياندىيۇ ئۇنى تائام قىلالمايدۇ (ئىچالمايدۇ)،

ئەلۋەتتە قىيامەت قائىم بولىدۇ ۋە ھالبۇلكى ئۇكىشى كۆلنى ـ قۇدۇقنى لايدايدۇيۇ ئۇنىڭدىن ئىچالمايدۇ، ئەلۋەتتە قىيامەت قائىم بولىدۇ ۋە ھالبۇلكى بىركىشى تائامنى ئاغزىغا كۆتۈرۈپ ئاپىرىدۇيۇ ئۇنى يىيالمايدۇ (يۇتالمايدۇ).

(1) ئەلى ۋە مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئوتتۇرىسىدىكى جەڭدۇر .

## (84) ئەھكاملار كىتابى

### گۇناھلا بولمىسا ئىمامغا بويسۇنۇش ۋە سۆزىنى ئاڭلاش توغرىسىدا

2199 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئاڭلاڭلار ۋە ئىتائەت قىلىڭلار ئەگەرچە سىلەرگە گويىاكى بېشى قۇرۇق ئۈزۈمدەك چوڭدا كىچىك قاراتەنلىك قۇل باشلىق قىلىنسىمۇ.

### ئەمىر (باشلىق) بولۇشقا ھېرىسمەنلىكنىڭ مەكرۇھ بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

2200 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: سىلەر ئەمىر (باشلىق) بولۇشقا ئامراق بولىسىلەر ۋە ئۇ ئەمىرلىك قىيامەت كۈنى پۇشايمان نادامەت بولىدۇ، پەس نازۇ ـ نىمەت بىلەن ئىمىتكۈچى (يەنى ئەمىرلىك ۋە دۇنيا ناھايىتى ياخشىدۇر ۋە كېيىن ئەمچەكدىن چىقارغۇچى (يەنى ئۆلۈش بىلەن پۇشايمان) نىمە دېگەن ياماندۇر (يەنى ئەمىرلىكنىڭ ئەۋۋىلى ياخشىدۇر، ئاخىرى ياماندۇر).

### خالايىققا باشلىق قىلىنىپ ئۇلارنىڭ ھوقوقىغا تۇلۇق رىئايە قىلمىغان كىشى توغرىسىدا

2201 ـ مەئقىل بىننى ياسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇر: يوق بىر بەندەدىنكى الله تەئالا ئۇنى خالايىققا باشلىق قىلدى، ئاندىن ئۇ بەندە ئۇلارغا خەيرخاھلىق قىلىپ توغرا باشقۇرمىدى، مەگەر

جەننەتنىڭ بۇيىنى تاپالمايدۇ.

2202 ـ مەئقىل بىننى ياسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئېيتتى: يوق ۋالىدىنكى مۇسۇلمانلاردىن بىر تائىپىگە ۋالى بولىدۇ، ئاندىن مۇسۇلمانلارغا ھىلە قىلىپ ئالدىغان ھالدا ئۆلىدۇ، مەگەر اللە تەئالا ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدى.

## اللە تەئالاغا خىلاپلىق قىلغان كىشىگە اللە خىلاپلىق جازاسىنى بېرىدىغانلىقى توۋرىسىدا

2203 ـ جۇندۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇر: كىشكى ئەمەلىنى خالايىققا ئاڭلاتسا (رىيا قىلسا)، اللە تەئالا ئۇنى قىيامەت كۈنى خالايىققا ئاڭلىتىپ رەسۋا قىلىدۇ، ئېيتتى: كىشكى خىلاپلىق قىلسا اللە تەئالا ئۇنىڭغا قىيامەت كۈنى مۇشەققەت قىلىدۇ (ئىشنى تەس مۇشەققەت قىلىدۇ). ئاندىن ئېيتتىلەر: ۋەسىيەت قىلسىلا بىزلەرگە؟ ئادىن ئېيتتى: ئىنساندىن ئەۋۋەل بۇرايدىغان نەرسە ئۇنىڭ قورساقىدۇر، ئاندىن كىمكى ھالال پاك نەرسىنى يېيىشكە قادىر بولسا شۇنداق قىلسۇن.

## قازى غەزەبلىك ھالىتىدە ھۆكمى قىلامدۇ ياكى پەتىۋا بېرەمدۇ توغرىسىدا

2204 ـ ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇر: سىلەرنىڭ بىرىڭلار غەزەبلىك ھالىتىدە ئىككى ئادەم ئوتتۇرىسىدا ھۆكمى قىلمىسۇن.

## كاتىپقا مۇستەھەب بولىدىغان نەرسە توغرىسىدا

2205 ـ ھۇۋەيسە ۋە مۇھەيسەنىڭ ھەدىسى جىھاد بابىدا ئۆتتى ۋە بۇ جايدا زىيادە قىلدى ياكى ياھۇدىلار دىيەت (مالىيە تۆلەم) بەرگەيلەر ۋە ياكى جەڭ ئېلان قىلغايلەر.

## ئىمامغا جامائەتنىڭ قانداق بەيئەت قىلىدىغانلىقى توۋرىسىدا

2206 ـ ئۇبادە بىننى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئاڭلاشقا ۋە بويسۇنۇشقا بەيئەت قىلدۇق دىگەن ھەدىسى يۇقۇرىدا ئۆتتى. بۇ رىۋايەتتە تۆۋەندىكى ھەدىسنى زىيادە قىلدى ۋە شۇنىڭغا قائىم بولغايمىزكى ياكى قايەردىلا بولساق ھەقنى ئېيتقايمىز، الله ھەققىدە مالامەتچىنىڭ مالامىتىدىن قورۇقمىغايمىز (شۇنىڭغا بەيئەت قىلدۇق).

2207 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: ۋەقتىكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئاڭلاشقا ۋە ئىتائەت قىلىشقا بەيئەت قىلىدىغان بولساق بىزلەرگە ئېيتارئىدى: قادىر بولغان نەرسەگىدە.

## خەلىپە قىلىش توغرىسىدا

2208 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: ئۆمەرگە دىيىلدى: ئايا خەلىپە قىلمامسەن؟ ئېيتتى: ئەگەر خەلىپە قىلسام پەس تەھقىق خەلىپە قىلدى مەندىن ياخشىراق كىشى ئەبۇبەكرى ۋە ئەگەر خەلىپە قىلىشنى تەرىك قىلسام پەس تەھقىق مەندىن ياخشىراق كىشى (خەلىپە قىلىشنى تەرىك قىلدى (يەنى رەسۇلۇللاھ **سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم)**.

2209 ـ جابىر بىننى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇر: ئون ئىككى ئەمىر بولىدۇ، ئاندىن ئېيتتى راۋى: ئاڭلىمىغان كەلىمىنى ئېيتتى، ئاندىن ئاتام ئېيتتى: تەھقىق ئول جاناب ئېيتتى: ئۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرەيشدىن بولىدۇ.

## (85) ئاررۇ قىلىش كىتابى

## ئاررۇ قىلىشدىن مەكروھ بولىدىغان نەرسە توغرىسىدا

2210 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: ئەگەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلماڭلار دېگەنلىكىنى ئاڭلىمىغان بولسام ئەلۋەتتە ئارزۇ قىلاتتىم.

2211 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلمىسۇن، ئەگەر ياخشى ئەمەل قىلغۇچى بولسا ئۆمۈردىكى ئۇ ياخشى ئەمەلنى كۆپ قىلىدۇ، ئەگەر گۇناھكار بولسا ئۆمۈردىكى تەۋبە ئىستىغپار قىلىش بىلەن الله تەئالا گۇناھىنى كۆتۈرىدۇ.

## (86) كىتابقا ۋە سۈننەتكە چىڭ يېپىشىش كىتابى

## پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننەتلىرىگە ئىقتىدا قىلىش توغرىسىدا

2212 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئۈممىتىمنىڭ ھەممىسى جەننەتكە كىرىدۇ، مەگەر كىشىكى باش تاتتى. ئېيتتىلەر: يارەسۇلۇللاھ ! باش تاتقان كىشى كىمدۇر؟ ئېيتتى ئۇل جاناب: كىشىكى ماڭا ئىتائەت قىلسا جەننەتكە كىرىدۇ ۋە كىشىكى ماڭا ئاسى بولسا پەس تەھقىق (جەننەتكە كىرىشدىن) باش تاتتى.

2213 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە پەرىشتىلەر كەلدى ۋە ھالئۇلكى ئۇل زات ئۇخلىغۇچىدۇر، ئاندىن ئۇلارنىڭ بەزىسى ئېيتتى: ئۇ پەيغەمبەر ئۇخلىغۇچىدۇر ۋە بەزىلىرى ئېيتتى: تەھقىق كۆزى ئۇخلىغۇچىدۇر، دىلى ئويغاقدۇر، ئاندىن ئېيتتىلەر: تەھقىق سىلەرنىڭ مۇشۇ ساھىبىڭلارغا (پەيغەمبىرىڭلارغا) مەسەل بار، ئۇنىڭغا مەسەل قىلىڭلار، ئاندىن ئۇلارنىڭ بەزىسى ئېيتتى: تەھقىق ئۇ ئۇخلىغۇچىدۇر ۋە ئۇلارنىڭ بەزىسى ئېيتتى: تەھقىق كۆزى ئۇخلىغۇچىدۇر، دىلى ئوغاقدۇر، ئاندىن ئېيتتىلەر:

بۇ زاتنىڭ مەسەلى بىركىشىنىڭ مەسىلگە ئوخشاشدۇركى بىر سارايى سالدى ۋە ئۇنىڭدا زىياپەت تائامنى تەييار قىلدى ۋە بىر چاقىرغۇچىنى ئەۋەتتى، ئاندىن كىشىكى چاقىرغۇچىغا ئىجابەت قىلسا سارايغا كىردى ۋە تائامدىن يىدى ۋە كىشىكى چاقىرغۇچىغا ئىجابەت قىلمىسا سارايغا كىرمىدى ۋە تائامدىن يىمىدى. ئاندىن ئېيتتىلەر: ئۇ مەسەلنى ئۇنىڭغا تەئۋىل قىلىڭلار (ئۇروۋپ بىرىڭلار) ئۇنى ئۇكىشى چۈشەنسۇن. ئاندىن ئۇلارنىڭ بەزىسى ئېيتتىلەر: تەھقىق ئۇكىشى ئۇخلىغۇچىدۇر ۋە ئۇلارنىڭ بەزىسى ئېيتتى: تەھقىق كۆزى ئۇخلىغۇچىدۇر، دىلى ئويغاقدۇر، ئاندىن ئېيتتىلەر: سارايى جەننەتدۇر، چاقىرغۇچى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدۇر، ئاندىن كىشىكى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىتائەت قىلسا، تەھقىق الله تەئالاغا ئىتائەت قىلدى ۋە كىشىكى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئاسى بولسا، تەھقىق الله تەئالاغا ئاسى بولدى، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خالايىقنىڭ ئوتتۇرسىنى ئايرىغۇچىدۇر (يەنى ئىتائەت قىلغۇچى ۋە ئاسى بولغۇچىنىڭ ئوتتۇرسىنى ئايرىغۇچىدۇر).

**كۆپ سۇئال قىلىشدىن ۋە بىھۇدە خالمايدىغان نەرسىنى زورىغا تەكەللۇپ قىلىشدىن مەكروھ نەرسە توغرىسىدا**

**2214** ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ھەمىشە بولىدۇر خالايىقلار سۇئال قىلىشدۇلەر ھەتتاكى ئېيتقۇنچە: بۇ الله ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر، ئاندىن الله نى كىم ياراتتى، اَئُوْذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْ□َانِ الرَّجِيْمِ ۯمَنْتُ بِاللهِ دىسۇن.

**شەرئەتكە خىلاپ رەئيىنى سۆكۈشدىن ۋە قىياس قىلىشقا تەكەللۇپ قىلىشدىن زىكرى قىلىنىدىغان نەرسە توغرىسىدا**

2215 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇر: تەھقىق الله تەئالا ئۇلارغا ئىلىمنى ئاتا قىلغاندىن كېيىن ئۇ ئىلىمنى تارتىپ ئېلىپ كەتمەيدۇ ۋە لىكىن ئۆلىمالارنى ئىلىملىرى بىلەن قوشۇپ قەبزى قىلىش (جېنىنى ئېلىش) بىلەن تارتىپ ئېلىپ كېتىدۇ، ئاندىن جاھىل نادان تۇرۇكلەر قالىدۇ، ئۇلاردىن پەتىۋا سورىلىدۇ، ئۇلار ئۆز رايلىرى (خاھىشى) بىلەن پەتىۋا بېرىدۇ، ئۆزلىرىمۇ ئازىدۇ ۋە باشقىلارنىمۇ ئازدۇرىدۇ.

**پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ «سىلەردىن ئىلگىركى كىشىلەرنىڭ يوللىرىغا ئەگىشىپ كېتىسىلەر» دىگەن سۆزى توغرىسىدا**

2216 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: مىنىڭ ئۈممىتىم ئۆزلىرىدىن ئىلگىركى ئەسىردىكىلەرنىڭ يوللىرىنى غېرىچمۇ ـ غېرىچ ۋە گەزمۇ ـ گەز تۇتقىچىلىك قىيامەت قائىم بولمايدۇ. دىيىلدى: يارەسۇلۇللاھ! پارىس ۋە رومغا ئوخشاش كىشىلەرگىمۇ؟ ئاندىن ئول جاناب ئېيتتى: ئۇلاردىن باشقا خەلق كىم.

**نىكاھلىق بولغان ئەر ۋە ئايال پاھىشە (زىنا) قىلسا چالما ـ كېسەك قىلىش توغرىسىدا**

2217 ـ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق الله تەئالا مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ھەق بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى ۋە ئۇنىڭغا قۇرئاننى نازىل قىلدى ۋە نازىل قىلغان قۇرئاندا چالما ـ كېسەك قىلىش ئايىتى بار.

**ئىجتىھاد قىلىپ توغرا ھۆكمى قىلغان ياكى خاتا ھۆكمى قىلغان ھاكىمنىڭ ئەجرىسى توغرىسىدا**

2218 ـ ئەمرۇ ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇر: ۋەقتىكى ھاكىم ھۆكمى قىلسا، ئاندىن ئىجتىھاد

قىلسا، ئاندىن توغرا ھۆكمى قىلسا ئۇنىڭغا ئىككى ساۋاب بولىدۇ، ۋەقتىكى ھۆكمى قىلسا ۋە ئىجتىھاد قىلسا، ئاندىن خاتا ھۆكمى قىلسا ئۇنىڭغا بىر ساۋاب بولىدۇ.

**بىركىشىنىڭ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىر ئىشقا ئىنكار قىلىشىنى تەرىك قىلغانلىقىنى ھۆججەت دەپ رايى قىلغانلىقى ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ غەيرىدىن ھۆججەت دەپ رايى قىلمىغانلىقى توغرىسىدا**

2219 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق ئۇ زات الله بىلەن قەسەم قىلارئىدىكى تەھقىق ئىبنى سەيياد دەججالدۇر دەپ، ئاندىن ئېيتتىم: الله بىلەن قەسەم قىلۇرسەن؟ ئېيتتى: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئاڭلىدىمكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىدا ئاشۇنىڭغا قەسەم قىلدۇ ، ئاندىن ئۇنىڭغا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىنكار قىلمىدى.

**(87) تۆھىد (الله تائالانى بىر دەپ ئىتىقاد قىلىش) ۋە جەھمىيەگە ۋە ئۇنىڭ غەيرىگە رەددىيە بىرىش كىتابى**

**پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈممىتىنى الله تەئالانى بىر دەپ بىلىشكە چاقىرغانلىقى توغرىسىدا**

2220 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كىشىنى قوشۇنغا باشلىق قىلىپ ئەۋەتتى ۋە ئۇكىشى ئەسھابلىرىغا ئۇلارنىڭ نامازلىرىدا قىرائەت قىلاتتى ۋە {قُلْ هُوَ اللَّهُ وَٓحَدٌ} بىلەن خەتمە قىلاتتى، ئاندىن ئۇلار قايتىپ كەلگەندە بۇ ئىشنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە زىكرى قىلدىلەر، ئاندىن ئول جاناب ئېيتتى: نىمە ئۈچۈن ئۇنداق قىلدىغانلىقىنى ئۇنىڭدىن سوراڭلار؟ ئاندىن ئۇنىڭدىن

سورىدىلەر، ئاندىن ئېيتتى: چۈنكى ئۇ سۈرە راھمان تەئالانىڭ سۆيپتىدۇر، مەن ئۇنى ئۇقۇشنى دوس تۇتىمەن. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئۇكىشىگە خەۋەر قىلىڭلاركى الله تەئالا ئۇنى دوس تۇتىدۇر.

**الله تەئالانىڭ {وِنَّ اللّهَ هُوَ الرَّزَّاقُ وُالقُوَّهِ المَتِينُ} مەنىسى:** ***{الله تەئالا ھەقىقەتەن ھەممىگە رىزقى بەرگۈچىدۇر، (الله تەئالا) قۇدرەتلىكدۇر، (الله نىڭ) قۇۋۋىتى ئارتۇقدۇر}*** **. سۈرە زارىيات 58 ـ ئايىتى توغرىسىدا**

**2221 ـ** ئەبۇ موسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ھىچ بىرۇ ئاڭلىغان ئازارغا الله دىن بەكراق سەبرى قىلغۇچى ئەمەسدۇر، ئۇلار الله تەئالاغا بالا چاقىرىدۇ (بالىسى بار دەيدۇ)، ئاندىن ئۇلارنى ئاپىيەتلىك خاتىرجەم قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا رىزقى بېرىدۇ.

**الله تەئالانىڭ {وَهُوَ الَنزِيزُ الحَكِيمُ} مەنىسى:** ***{الله تەئالا غالىپدۇر ۋە ھىكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر}*** **. سۈرە ئىبراھىم 4 ـ ئايىتى توغرىسىدا**

**الله تەئالانىڭ {سُبْحَانَ رَبِّكَ رَبِّ الِبزَّهِ نَمَّا يَپفُونَ} مەنىسى:** ***{قۇدرەت ئىگىسى بولغان پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن پاكدۇر}*** **. سۈرە ساپپات 180 ـ ئايىتى توغرىسىدا**

**الله تەئالانىڭ {وَلِلّهِ البِزَّهُ وَلِرَسُولِهِ} مەنىسى:** ***{غەلىبە الله غا ۋە پەيغەمبەرگە مەنسۇپدۇر}*** **سۈرە مۇناپىقۇن 8 ـ ئايىتى توغرىسىدا**

**2222 ـ** ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتارئىدى: اَئوْۇ بِبزَّتِكَ الَّوْۇ لا اِلهَ اِلاّ انْتَ لاَيَمُوْتُ وَالجِنُّ وَالاِنْسُ يَمُوْتُوْنَ مەنىسى: پاناھ تەلەپ قىلىمەن سىنىڭ ئىززەتلىكىڭ بىلەنكى سەندىن باشقا ئىلاھ يوقدۇر، ئۇ الله

ئۆلمەيدۇ، جىنلار ۋە ئىنسانلار ئۆلىدۇ.

2223 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئۇل ۋاقىتكى الله تەئالا خەلقنى يارىتىپ ئىدى ئۆزىنىڭ كىتابىدا يازدى ۋە ھالئۇلكى الله تەئالا ئۆز نەپسىگە يازىدۇر ۋە يېزىلغان نەرسە ئۆز دەرگاھىدا ئەرشىنىڭ ئۇستىدەدۇر، تەھقىق رەھمىتىم غەزىبىمگە غەلبە قىلدى.

الله تەئالانىڭ {وَيُحَذِّرُكُمُ اللَّهُ نَفْسَهُ} مەنىسى: ***{الله تەئالا سىلەرنى ئۆزىنىڭ ئازابىدىن قورقۇتىدۇ}*** . سۈرە ئال ئىمران 28 ـ ئايىتى توغرىسىدا

الله تەئالانىڭ {تَعْلَمُ مَا فِي نَفْسِي وَلَا أَعْلَمُ مَا فِي نَفْسِكَ} مەنىسى ***{سەن مېنىڭ زاتىمدىكىنى بىلىسەن، مەن سېنىڭ زاتىڭدىكىنى بىلمەيمەن}*** . سۈرە مائىدە 116 ـ ئايىتى توغرىسىدا

2224 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: الله ئەززە ۋەجەللە ئېيتىدۇر: مەن بەندەمنىڭ مېنى گۇمان قىلىشىدادۇرمەن، ۋەقتىكى بەندەم مېنى زىكرى قىلسا مەن بەندەم بىلەن بىللە دۇرمەن، پەس ئەگەر بەندەم مېنى ئىچىدە زىكرى قىلسا، ئۇ بەندەمنى نەپسىمدە زىكرى قىلىمەن ۋە ئەگەر مېنى جامائەت ئىچىدە زىكرى قىلسا، ئۇ بەندەمنى ئۇ جامائەتلەردىن ياخشىراق جامائەتلەر ئىچىدە زىكرى قىلىمەن ۋە ئەگەر بەندەم ماڭا بىر غېرىچ يېقىن بولسا، ئۇنىڭغا بىر گەز يېقىن بولىمەن ۋە ئەگەر ماڭا بىر گەز يېقىن بولسا، ئۇنىڭغا بىر غۇلاچ يېقىن بولىمەن ۋە ئەگەر ماڭا پىيادە مېڭىپ كەلسە، ئۇنىڭغا يۈگۈرۈپ بارىمەن.

الله تەئالانىڭ {يُرِيدُونَ أَنْ يُبَدِّلُوا كَلَامَ اللَّهِ } مەنىسى: ***{ئۇلار الله نىڭ (خەيبەر غەنىمەتىنى ھۇدەيبىيەگە چىققانلارغا خاس قىلغانلىقىدىن ئىبارەت) سۆزىنى ئۆزگەرتمەكچى بولىدۇ}*** . سۈرە پەتھى

## 15 ـ ئايىتى توغرىسدا

2225 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: تەھقىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: الله ئەززە ۋەجەلە ئېيتىدۇر: ۋەقتىكى بەندەم بىر گۇناھنى قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ئاندىن ھەتتاكى ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغىچىلىك ئۇنى بەندەم ئۇستىگە يازماڭلار، پەس ئەگەر بەندەم ئۇ گۇناھنى ئەمەلدە قىلسا، ئۇ گۇناھنى ئۆز ئەينى بىلەن يېزىڭلار ۋە ئەگەر ئۇ گۇناھنى مەن ئۈچۈن تەرك قىلسا (قىلمىسا)، ئۇ گۇناھنى ئۇنىڭغا ساۋاب يېزىڭلار ۋە ئەگەر بەندەم ياخشى ئەمەل قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى ئەمەلدە قىلالمىسا، ئاندىن ئۇنى ئۇ بەندەمگە ساۋاب يېزىڭلار ۋە ئەگەر ئۇنى ئەمەلدە قىلسا، ئۇنى ئۇ بەندەمگە ئون بارابىرى بىلەن يەتتە يۈز بارابىرىگىچە يېزىڭلار.

2226 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى ئېيتتى: تەھقىق بىر بەندە گۇناھقا يەتتى ۋە تولىمۇ ئېيتتى، گۇناھ قىلدى، ئاندىن ئۇ بەندە ئېيتتى: ئى پەرۋەردىگارىم ! گۇناھ قىلدىم ۋە تولىمۇ ئېيتتى، گۇناھقا يەتتىم ماڭا مەغپىرەت قىلغىن، ئاندىن پەرۋەردىگارى ئېيتتى: ئايا بەندەم ئۇنىڭ گۇناھنى مەغپىرەت قىلىدىغان پەرۋەردىگارىنىڭ بارلىغىنى ۋە ئۇنى تۇتىدىغانلىغىنى بىلدىمۇ؟ بەندەمنىڭ گۇناھنى مەغپىرەت قىلدىم. ئاندىن الله خالىغان مىقدارى تۇردى، ئاندىن گۇناھقا يەتتى ياكى بىر گۇناھنى قىلدى، ئاندىن ئېيتتى: ئىبارا خۇدايا گۇناھ قىلدىم ياكى يەنە بىر گۇناھقا يەتتىم ئۇ گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن. ئاندىن الله ئېيتتى: ئايا بەندەم بىلدىمكى تەھقىق ئۇنىڭ گۇناھنى مەغپىرەت قىلىدىغان ۋە ئۇنى گۇناھى بىلەن تۇتىدىغان پەرۋەردىگارى بار دەپ، بەندەمنىڭ گۇناھنى مەغپىرەت قىلدىم. ئاندىن الله خالىغان مىقدارى تۇردى، ئاندىن بىر

گۇناھنى قىلدى يا گۇناھقا يەتتى، ئاندىن ئېيتتى: ئى پەرۋەردىگارىم ! گۇناھقا يەتتىم ياكى ئېيتتى: يەنە بىر گۇناھنى قىلدىم ماڭا مەغپىرەت قىلغىن. ئاندىن الله ئېيتتى: ئايا بەندەم، ئۆزىنىڭ گۇناھنى مەغپىرەت قىلىدىغان ۋە ئۇنى تۇتىدىغان پەرۋەردىگارىنىڭ بارلىغىنى بىلدىمۇ؟ بەندەمنىڭ گۇناھنى مەغپىرەت قىلدىم، ئۈچ مەررە پەس خالىغىننى ئەمەل قىلسۇن.

**الله تەئالانىڭ قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەر بىلەن ۋە ئۇلارنىڭ غەيرى بىلەن سۆزلىشىدىغانلىغى توغرىسىدا**

2227 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇر: ۋەقتىكى قىيامەت كۈنى بولسا شاپائەت ئاتا قىلىنىمەن، ئاندىن ئېيتىمەن: يارەب دىلىدا قىچا مىقدارى ئىمانى بار كىشىلەرنى جەننەتكە كىرگۈزگىن! ئاندىن ئۇلار كىرىدۇلەر، ئاندىن كىيىن ئېيتىمەن: دىلىدا ئەڭ كىچىك نەرسە مىقدارى ئىمانى بار كىشىلەرنى جەننەتكە كىرگۈزگىن! ئېيتتى ئەنەس: گۇياكى قارايمەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بارماقلىرىغا.

2228 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: شاپائەت ھەدىسىنىڭ زىكرى ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ رىۋايىتىدە ئۆزۈن بايان قىلىنغان ھالدا ئۆتتى ۋە بۇيەردە ئۇ ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا زىيادە قىلدى: ئاندىن كېلىدۇرلەر ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئاندىن ئىسا ئېيتىدۇر: مەن شاپائەتكە لايىق ئەمەسمەن ۋە لېكىن مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى لازىم تۇتۇڭلار، ئاندىن ئۇلار ماڭا كېلىدۇلەر، ئاندىن مەن ئېيتىمەن: مەن شاپائەت قىلىشقا لايىقدۇرمەن، ئاندىن پەرۋەردىگارىمدىن ئىزنى سورايمەن، ئاندىن ماڭا ئىزنى بىرىلىدۇر ۋە ماڭا، مەن ھەمدى ئېيتىدىغان ناھايىتى كۆپ ھەمدىلەرنى ئىلھام قىلىدۇركى ئۇ ھەمدىلەرنى ھېلى دىلىمغا ھازىر

قىلالمايمەن، ئاندىن الله تەئالاغا شۇ ھەمدىلەر بىلەن ھەمدى ئېيتىمەن ۋە ئۇل زاتقا سەجدە قىلغان ھالەتتە يىقىلىمەن، ئاندىن دېيىلىدۇ: يامۇھەممەد ! كۆتەر بېشىڭنى ۋە ئېيتقىن سۆزۈڭ ئاڭلىنىدۇ ۋە سوئال قىل ئاتا قىلىنىسەن ۋە شاپائەت قىل شاپائىتىڭ قوبۇل قىلىنىدۇ، ئاندىن ئېيتىمەن ياربەب ئۈممىتىم ئۈممىتىم، ئاندىن دېيىلىدۇ: يۈرگىن ۋە دىلىدا ئارپا مىقدارى ئىمانى بار كىشىنى دوزاختىن چىقارغىن، ئاندىن يۈرىمەن، ئاندىن شۇنداق قىلىمەن، ئاندىن قايتىمەن، ئاندىن الله تەئالاغا ئاشۇ ھەمدىلەر بىلەن ھەمدى ئېيتىمەن، ئاندىن الله تەئالاغا سەجدىگە چۈشىمەن، ئاندىن دېيىلىدۇر: يامۇھەممەد ! كۆتەر بېشىڭنى ۋە ئېيتقىن سۆزۈڭ ئاڭلىنىدۇرسەن ۋە سوئال قىل ئاتا قىلىنۇرسەن ۋە شاپائەت قىل شاپائىتىڭ قوبۇل قىلىنىدۇرسەن، ئاندىن ئېيتىمەن: ئۈممەتىم ئۈممەتىم، ئاندىن دېيىلىدۇر: يۈرگىن دىلىدا زەررىچە ياكى قىچا مىقدارى ئىمانى بار كىشىنى دوزاخدىن چىقارغىن، ئاندىن يۈرۈپ بېرىپ شۇنداق قىلىمەن، ئاندىن قايتىمەن، ئاندىن الله تەئالاغا ئاشۇ ھەمدىلەر بىلەن ھەمدى ئېيتىمەن، ئاندىن الله تەئالاغا سەجدىگە چۈشىمەن، ئاندىن دېيىلىدۇر: يامۇھەممەد ! كۆتەر بېشىڭنى ۋە ئېيتقىن سۆزۈڭ ئاڭلىنىدۇرسەن ۋە سوئال قىلغىن ئاتاقىلىنۇرسەن ۋە شاپائەت قىلغىن شاپائىتىڭ قوبۇل قىلىنۇرسەن، ئاندىن ئېيتىمەن: ياربەب ئۈممەتىم ئۈممەتىم، ئاندىن دېيىلىدۇر: يۈرگىن دىلىدا ئىماندىن قىچا دانىسىدىنمۇ ئازراق ئازراق بار كىشىنى دوزاخدىن چىقارغىن، ئاندىن يۈرىمەن ۋە شۇنداق قىلىمەن.

2229 ـ بىر رىۋايەتتە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: ئاندىن تۆتىنچى قېتىم قايتىمەن، ئاندىن ئاشۇ ھەمدىلەر بىلەن ھەمدى ئېيتىمەن، ئاندىن الله تەئالاغا سەجدىگە چۈشىمەن، ئاندىن دېيىلىدۇر: يامۇھەممەد ! كۆتەر بېشىڭنى ۋە ئېيتقىن سىنىڭ سۆزۈڭ ئاڭلىنىدۇرسەن ۋە سوئال قىلغىن ئاتا قىلىنىسەن ۋە شاپائەت قىلغىن شاپائىتىڭ قوبۇل قىلىنىسەن، ئاندىن ئېيتىمەن: ياربەب!

لا اِلٰهَ اِلاّ اللّٰهُ دىگەن كىشى ھەققىدە ماڭا ئىزنى بەرگىن. ئاندىن الله تەئالا ئېيتىدۇر: مىنىڭ ئىززىتىم ۋە جەلالىم ۋە كىبرىيائىم ۋە ئەزەمەتىمگە قەسەمكى لا اِلٰهَ اِلاّ اللّٰهُ دىگەن كىشىنى ئەلۋەتتە دوزاختىن چىقىرىمەن.

## قىيامەت كۈنىدە ئەمەللەرنىڭ ۋە سۆزلەرنىڭ تارازا ـ مىزانى توغرىسىدا

2230 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئىككى كەلىمە بار رەھمان تەئالاغا دوس، تىلغا يەڭگىل، مىزاندا ئېغىردۇر، ئۇ كەلىمە:« سُبْحَانَ اللّٰهِ وَبِحَمْدِهِ سُبْحَانَ اللّٰهِ الَعَظِيمِ » .

الله تەئالانىڭ ھەمدى ۋە ياردىمى ۋە ياخشى تەۋپىقى بىلەن مۇختەسەر بۇخارى تامام بولدى. وَصَلَّى اللّٰهُ عَلَى سَيِّدِنَا مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِهِ وَصَحْبِهِ وَسَلَّمَ تَسْلِيْمًا كَثِيرًا دَائِمًا اِلَى يَوْمِ الدِّيْنِ وَالحَمْدُ لِلّٰهِ رَبِّ العَالَمِيْنَ .

بۇ مۇختەسەرنىڭ ئاپتورى سەيدىنا ۋە شەيخىنا ئىمام ئەللامە ھاپىز مۇتتەقىن ئەبۇ ئابباس زەينىددىن ئەھمەد بىننى ئەھمەد بىننى ئابدۇلەتىپ ئەششەرجى زۇبەيدى، الله ئۇنىڭ ئۆچۈن بولسۇن ۋە ئۇنىڭغا ياخشى جازا بەرسۇن !

بۇنى ئىختار قىلىشدىن 889 ـ ھىجرىيە يىلى شەئبان ئېيىدا پارىغ بولدۇم الحَمْدُ لِلّٰهِ وَحْدَهُ وَالصَّلوٰةُ وَالسَّلاَمُ عَلَى مَنْ لا نَبِيَّ بَعْدَهُ

وَآخِرُ دَعْوَانَا اَنِ الحَمْدُ لِلّٰهِ رَبِّ العَالَمِيْنَ.

ژمىێن.

## مۇندەرىجە

(49) گۇۋاھلىقلەر كىتابى......................................1
(50) شەرتلەرنىڭ كىتابى......................................7
(51) ۋەسىيەتلەر كىتابى......................................15
(52) جىھادنىڭ كىتابى......................................19
(53) الله نىڭ يارىتىشنى باشلاش كىتابى..............................53
(54) پەيغەمبەرلەر ھەدىسلىرى كىتابى.............................62
(55) پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەسھابلىرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملەرنىڭ پەزىلەتلىرى ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆھبىتىدە بولغان ياكى ئۇل زاتنى مۇسۇلمانلاردىن كۆرگەن كىشى ئۇل زاتنىڭ ئەسھابلىرى ئىكەنلىگىنىڭ كىتابى......................................89
(56) غازاتلار كىتابى......................................112
(57) تەپسىر توغرىسىداكى كىتاپ.................................150
(58) قۇرئاننىڭ پەزىلەتلىرى كىتابى.............................181

(59) نىكاھنىڭ كىتابى.................................186
(60) تالاقنىڭ كىتابى.................................197
(61) نەپىقىلەر كىتابى.................................200
(62) تائاملار كىتابى.................................200
(63)باب ئەققە (تۇغۇلغان بالىغا 7 ـ كۈنى زەبھى قىلىش)نىڭ كىتابى.........205
(64)باب زەبھى (بوغۇزلىنىدىغان) ۋە شىكار قىلىنىدىغان (ئوۋلىنىدىغان) ھايۋانلار كىتابى.................................206
(65) قۇربانلىقنىڭ كىتابى.................................208
(66) ئىچىملىكلەر كىتابى.................................208
(67) كېسەللەر كىتابى.................................211
(68) تىبابەتلىك كىتابى.................................214
(69) كىيىم ـ كېچەك كىتابى.................................218
(70) ئەدەپنىڭ كىتابى.................................221
(71) ئىزنى سوراشنىڭ كىتابى.................................230
(72) دۇئالار كىتابى.................................232
(73) رەھىملىك ۋە سىلىق بولۇشنىڭ كىتابى.................................238
(74) قەدرىنىڭ كىتابى.................................247
(75) قەسەملەر ۋە نەزىرلەر كىتابى.................................248
(76) قەسەملەرنىڭ كاپارەتلىرى كىتابى.................................249

(77) پەرائىز كىتابى..................................250
(78) ھەدلەرنىڭ كىتابى.................................250
(79) ئەھلى كۇپرىدىن ۋە ئەھلى رىددەتلەردىن قارشى چىققۇچىلارنىڭ كىتابى.....................................251
(80) دىيەتلەر كىتابى..................................252
(81) ئىسلام دىندىن يانغانلارنى ۋە ئۆچەشكەنلەرنى تەۋبە قىلدۇرۇش ۋە ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇش كىتابى..............................253
(82) چۈشكە تەبىر بىرىش كىتابى..............................253
(83) پىتنىلەر كىتابى..................................256
(84) ئەھكاملار كىتابى.................................258
(85) ئارزۇ قىلىش كىتابى................................260
(86) كىتابقا ۋە سۈننەتكە چىڭ يېپىشىش كىتابى...........................260
(87) تۆھىد (الله تائالانى بىر دەپ ئىتىقاد قىلىش) ۋە جەھمىيەگە ۋە ئۇنىڭ غەيرىگە رەددىيە بىرىش كىتابى..................................263

مۇقەددىمە

اَلحَمْدُ لله رَبِّ العَالمِيْنَ وَالعَاقِبَهُ لِلمُتَّقِينَ وَالصَّلاَةُ وَالسَّلامُ عَلَى سَيِّدِ المُرْسَلِينَ مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِهِ وَصَحْبِهِ اجْمَعِينَ

امابىد: مۆھتەرەم ئۆلىمائى ئىزام ۋە قۇررائى كىرام، زېھنى مۇسەففا ۋە تەبىئىي مۇجەللا لەرگە روشەن ۋە ھۇۋەيدا بولسۇنكى پېقىر ئاجىز ۋە قوسۇرۇمغا باقماي ‹‹مۇختەسەر سەھىھۇل بۇخارى››نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشنى ئىرادە قىلىپ ئىستىخارە دىن كېيىن شۇرۇ قىلىپ ئەلھال بىرىنچى دەپتىرى تەرجىمە ھۆسنى خىتامىغا يەتتى.

1. بۇ تەرجىمىدە ئىمكان قەدەر ئاۋام مۇسۇلمانلارنىڭ چۈشىنىشىگە قۇلايلىق بولۇشىنى مەقسەت قىلىپ تەرجىمە قىلىندى. بۇنداقتا بەزى سۆز ئىبارىلەر دىگەندەك ئۆز جايىغا چۈشمەسلىكى مۇمكىن.

2. سۆزنى قىسقارتىپ ‹‹ پالانى ساھابىدىن رىۋايەت قىلىندى ›› دەيدىغان يەردە ‹‹ پالانى ساھابىدىن ›› دەپلا يېزىلدى. ‹‹ پالانى ساھابىدىن رىۋايەت قىلىندى دەپ ئوقۇلسا.

3. ناھايىتى ئاز بىر قىسىم يەرلەرگە ئىزاھات بېرىلدى .

4. بۇ تەرجىمىدە كەمچىلىك ۋە خاتالىقلارنىڭ بولۇشى تەبئىي. ئىسلاھ قىلىپ ئوقۇشلىرى مەتلۇبدۇر (تەلەپ قىلىنىدۇ ). ئاللاھ ئىسلاھ قىلغۇچىلارنىڭ ھالىنى ئىسلاھ قىلغاي.

5. بۇ تەرجىمىنى قىلىش جەريانىدا ‹‹سەھىھۇل بۇخارى›› ۋە ‹‹فَتْحُ البَارِىْ شَرْحِ يَحِيحُ البُخَارِىْ›› ۋە ‹‹يَفُوَهُ التَّفَاسِيرِ ›› ۋە لۇغەت كىتابلىرىدىن ئىستىفادە قىلىندى. (پايدىلاندى )

بسم الله الرحمن الرحيم

مۇقەددىمە _ كىرىش سۆز

اَلْحَمْدُ لله رَبِّ الْعَالَمِيْنَ وَالصَّلَاةُ وَالسَّلَامُ عَلَى الْمَبْعُوثِ رَحْمَةً وَهِدَايَةً لِلْعَالَمِينَ .

ھەممە ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر. دۇرۇت ۋە سالاملار ئالەملەرگە رەھمەت ۋە يولباشچى قىلىپ ئەۋەتىلگەن مۇھەممەد ρ غە بولسۇن.

اما بەد: الله تائالاغا ھەمد _ سانا ۋە رەسۇلۇللاھقا دۇرۇت ئەۋەرگەندىن كېيىن شەك _ شۈبھىسىزكى سۆزنىڭ راستراغى الله تائالانىڭ سۆزىدۇر. تۈھپىنىڭ ئەڭ ياخشىراقى مۇھەممەد ρ نىڭ تۈھپىسىدۇر. شەكسىزكى الله تائالا ئۆزىنىڭ كىتابى( قۇرئاننى) زايە بولۇپ كېتىشتىن ۋە ئۆزگەرتىۋېتىشتىن ساقلىدى. ۋە ئاسراپ ساقلاشقا كېپىل بولدى. ۋە ئەھلى ئىسلامغا تولۇق نېمەت بەرگەنلىكتىن مۇسۇلمانلارنىڭ پەيغەمبىرى ، يۈرەك باغرىمىز رەسۇلۇللاھ ρ سۈننەتلىرىنى ئۇلار ئۆچۈن چىرىپ كېتىشتىن ۋە ئۆچۈپ يېپىلىپ قىلىشتىن ساقلىدى .

ئۇ سۈننەت ئۆچۈن ئەھلى ئىلىملەرنىڭ دىللىرىنى يادقا ئېلىش ۋە جەمى قىلىش ۋە توپلام

قىلىش ، ۋە نەقدى قىلىش ۋە كاززاپلارنىڭ يالغانچىلىقلىرىدىن ۋە خاتا قىلغۇچىلارنىڭ خاتا قىلىپ قويۇشىدىن ساقلاش ئۈچۈن جەمئىي قىلدى. ئىمام بۇخارى رەھمەھۇللاھۇ تائالانىڭ ‹‹ الجَامِعُ الصَّحِيح ›› ناملىق كىتابى ئۈممەتنى مۇھەممەدىيەگە بەركىتى ۋە خەيرىيىتى ئەڭ كۆپ ، مەنپەئەتى ۋە ئۈنۈمدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك تىرىشچانلىقلىرى ئەڭ ئاشكارا كىتاب بولۇپ ئۈممەتلەر نىڭ ھەر- بىر تائىپىلىرى ۋە مىللەتلىرى ئارىسىدا كىتابۇللا ‹‹قۇرئان ›› دىن قالسىلا كىتابلارنىڭ ئەڭ سەھىھسى ئىكەنلىكى قارارلاندى. ۋە كۆپلىگەن فىقھى ئۆلىمالىرى ۋە ھەدىس ۋە تەپسىر ئۆلىمالىرى ۋە تىلشۇناسلار ۋە باشقا ئالىملەر ئۇ ‹‹ الجَامِعُ الصَّحِيح ›› نىڭ تولۇپ تاشقان ئىلىم دېڭىزدىن تۈنجى قېتىم قانغىچە سۇ ئىچتى . ھەتتاكى زامان ئۇلارغا دېڭىزنىڭ كىچىكلىرىنى يېقىنلاشتۇرۇپ بېرىدىغان ۋە ئۇلەرگە دېڭىز كىچىكلىرىنىڭ يوللىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدىغان كىشىگە موھتاج بولدى . شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىملەردىن نۇرغۇنلىرى سەھىھۇل بۇخارىنى قىسقارتتى . قىسقارتقۇچىلارنىڭ مەشھۇراقى ئىمام زۇبەيدە رەھمەھۇللاھدۇر.

بۈگۈن بىز ئۇنىڭ يورۇق مەنپەئەتلىك مۇختەسەرنى ( قىسقارتىلمىسىنى ) رەقەملىك ۋە فەھرەستلىك (مۇندەرىجىلىك) قىلغان ھالەتتە غېرب مەنىلىرىنى شەرھ قىلىش بىلەن بىرگە سىزلەرگە تەقدىم قىلىمىز. مەنىلىرىنىڭ زىيادىلىگىنى تەلەپ قىلغۇچىلارغا ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ‹‹ھاپىز ئىبنى ئەلئەسقەلانى›› نىڭ ‹‹ فتح ُالبَارِى›› ناملىق كىتابىدىكى ھەربىر ھەدىسنىڭ ئۆز جايىغا ئاگاھلاندۇردۇق؛ ۋە شەرھىسىنىڭ تەپسىلي ‹‹ الحافظ بن السقلانى›› نىڭ ئۇلۇق كىتابى ›› (فَتحُ البَارِى بِشَرْحِ  صَحِيحُ البُخَارِى ›› دا باردۇر.

الله تائالانىڭ بىزنىڭ تېيىلىش خاتالىقلىرىمىزنى كەچۈرۈشنى سورايمىز . ۋە بىزنىڭ قىلغان

گــۇناھلىرىمىزدىن ئــۆتۈپ كېتــىشنى تىلــەيمىز. اللّٰه تائــالا ناھــايىتى مەغــپىرەتلىك ۋە شەپقەتلىكتۇر. بۇ مۇقەددىمىسىنى ىماد ىامر يازدى . رحمه اللّٰه.

## ئىمام زۇبەيدىنىڭ كىتابىنىڭ بېشىدىكى خۇتبىسى

بارلىق كائىناتنى ياراتقۇچى، چىرايلىق سۈرەتكە كەلتۈرگۈچى ، كۆپ ياراتقۇچى ، ھىبە قىلغۇچى، رىزىق بەرگۈچى ، نېمەتكە لايىق بولۇشتىن ئىلگىرى نېمەتنى باشلاپ بەرگۈچى الله تائالاغا ھەممە ماختاشلەر سابىتۇر. ۋە ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى ۋە سالامى ھەممە

ياخشى ئەخلاقنى تولۇقلاش ئۈچۈن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ھەمدە مۇتلەق ھەممە مەخلۇقاتلاردىن ئۇلۇغ قىلغان، ھەتتاكى ئالەمدىكى بارلىق ئىنسانلارنىڭ ئۈستىدە قويغان ھەزرىتى رەسۇلۇللاھقا بولسۇن! ۋە ھەق يولدا كۆپ نەپىقە بېرىش بىلەن سۆيەتلەنگەن ئائىلىسى ۋە ساھابىلىرىگە بولسۇن ! ۋە ئەھلى تائەت بولغان يارەنلىرى ھەم رەھمەتكە تولسۇن! بۇ رەھمەت ئەتە ـ ئاخشامدا داۋاملاشسۇن! رەھمەت ۋە سالامى بىر ـ بىرىگە ئارىلاشسۇن !

اما بىد: بىلگىنكى جاھاندا چوڭ مۇھەددىسلەر پېشۋاسى ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد بىننى ئىسمائىل بۇخارى رەھمەھۇللاھۇ تائالانىڭ ‹‹ الجامى الپچيچ›› كىتابى ئىسلامدا تەسنىف قىلىنغان كىتابلەرنىڭ ئۇلۇقراقى ۋە پايدىسى كۆپراغى بولۇپ لېكىن ئۇ كىتابدا تەكرار ھەدىسلەر بابلەردە پارچە ـ پارچە كەلتۈرۈلگەندۇر. بىرەر ئىنسان قايسى بابدىن بولمىسۇن بىر ھەدىسكە قارىماقچى بولسا ناھايىتى بەك تىرىشمىسا ۋە ئۇزۇن تەكشۈرمىسە ئۇ ھەدىسلەرگە يول تاپالمايدۇ. ئەمما ئىمام بۇخارى رەھمەھۇللاھۇ تائالانىڭ مەقستى بۇنىڭ بىلەن ھەدىس يوللىرىنىڭ كۆپلىگىنى ۋە ئۇ ھەدىسنىڭ مەشھۇر ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشتۇر. ئەمما بىزنىڭ بۇ يەردىكى مەقستىمىز سەھىھ بۇخارىدىكى ھەممە ھەدىسلەر سەھىھ بولغانلىقىدىن ئەسلى ھەدىسنىلا ئېلىشتۇر . ئىمام نەۋەۋى رەھمەھۇللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ‹‹پَچِيچُ الْمُسْلِم ›› گە قىلغان شەرھىسىنىڭ مۇقەددىمىسىدە ئېيتتى : ئىمام بۇخارى ھەر تۈرلى بابلەردە ئوخشىمىغان (بىر ـبىرىگە ) ئوخشىمىغان بايانلەرنى زىكىر قىلىدۇ. ئۇ بابلەردىن كۆبلەرنى مۇشۇ ھەدىس مۇشۇ بابقا ئەۋلا ئىدى دەپ ئىنساننىڭ چۈشىنىشنى ئىلگىرىكى بابنىڭ غەيرىدە زىكرى قىلىدۇ. ئاندىن تالىپلەرگە ئۇ ھەدىسلەرنىڭ يوللىرىنى جەمئىي قىلىش ۋە ئىمام بۇخارىنىڭ ھەدىس يوللىرىدىن زىكرى

قىلغانلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىشەنچ ھاسىل قىلىش دىشۋار بولىدۇ .

ئىمام نەۋەۋى يەنە شۇنداق دەيدۇ : مۇتەئەخخىر ( كېيىنكى ) مۇھەددىسلەردىن بىر جامائەتنى كۆردۈمكى ئۇلار بۇ ھەقتە غەلەت قىلدىلەر. سەھىھ بۇخارىدا بار ھەدىسلەرنى شۇ ھەدىسلەرنىڭ فەھمىگە ئىلگىرلىگۈچى گۇمانلىق جايلەرنىڭ غەيرىدە ئىمام بۇخارىنىڭ رىۋايىتىنى يوققا چىقاردىلەر. ئىمام نەۋەۋىنىڭ سۆزى تۈگىدى.

ئىش ئاشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ھەدىسلەرنى تەكرارسىز كەلتۈرۈشنى دوست تۇتتۇم. ۋە ھەدىسلەرنى مۇشەققەتسىز ئىلىش يېقىن بولسۇن ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىسنادىنى ساقىت قىلدىم. ھەدىس تەكرار كەلسە ئۇنى تۇنجى قېتىمدا سابىت قىلدىم. ئەگەر ئىككىنچى جايدا زىيادە قىلغاندا پايدا بولسا ئۇ ھەدىسنى زىكرى قىلدىم. پايدا بولمىسا زىكرى قىلمىدىم. گاھىدا قىسقا ھەدىس كېلىدۇ . ۋە تېخى يەنە بىر رىۋايەتتە كەڭراق كېلىدۇ. ۋە ئۇنىڭدا ئەۋۋەلقىغا قارىغاندا زىيادىلىك بولسا ئىككىنچىسىدە پائىدە ئوشۇق بولغانلىقى ئۈچۈن ئىككىنچىسىنى يېزىپ ئالدىنقىسىنى قالدۇرىمەن. ۋە ھەدىسنىڭ مۇتتەسىل سەنەدلىك ( بىر تۇتاش سەنەدلىك) بولغانلىرىنى زىكرى قىلىمەن. ئەمما سەنەدى ئۈزۈلۈك ياكى مۇئەللەق (تەلىق ) بولغانلىرىغا تۇغرا بولمايمەن. ۋە شۇنىڭدەك ساھابىلارنىڭ ۋە ئۇلەردىن كېيىنكىلەرنىڭ ھەدىسىگە تەئەللۇقلىرى يوق ۋە يەنە ئۇنىڭدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زىكرى يوق نەرسىنىمۇ زىكرى قىلمايمەن.

مەسىلەن : ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما نىڭ بەنى سائىدىنىڭ سەقىفىسىگە مېڭىپ بارغانىنىڭ ھېكايىسىگە ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى گەپ _ سۆزلەرگە ئوخشاش. ۋە ئۆمەرنىڭ شەھىد بولۇش قىسسىسى ۋە ئۇنىڭ ئىككى يارانى ( رەسۇلۇللاھ ۋە ئەبۇ بەكرى )

بىلەن دەپنى قىلىنىش ھەققىدە بالىسىغا قىلغان ۋەسىيىتىگە ئوخشاش. ۋە ئۇنىڭ شۇرا ( مەسلىھەت ) ھەققىدە قىلغان سۆزىگە ۋە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بەيئەت قىلىنىشىغا ئوخشاش. ۋە شۇنىڭدەك زۇبەيرنىڭ ئۆز ئوغلىغا قەرزىنى ئادا قىلىش ھەققىدە قىلغان ۋەسىيىتى ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ( زىكرى ) قىلمايمەن.

ئاندىن ھەدىسنى كىم رىۋايەت قىلغانلىقى مەلۇم بولۇشى ئۈچۈن شۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان ساھابىنىڭ ئىسمىنى زىكىر قىلىمەن. غالىبەن ( كۆپىنچە ) شۇ ساھابىنىڭ لەۋزىنى لازىم تۇتىمەن.

ئىبىتدۇر ئىمام بۇخارى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ۋە بىر مەررە ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ۋە بىر ۋاقىتدا ئىبىتدۇر ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسدىن ۋە شۇنىڭدەك ئىبنى ئۆمەردىن . ۋە بىر ۋاقىتدا ئىبىتدۇ ئەنەس ئىبنى مالىك دىن. مۇشۇنىڭ ھەممىسىدە ئىمام بۇخارىغا تابى بولىمەن (ئەگىشىمەن). ۋە بىر مەررە ئىبىتدۇ پالانى يەنى ساھابىدىن پەيغەمبەر ρ دىن ۋە بىر مەررە ئىبىتدۇ ئىبىتتى: ئىبىتتى رەسۇلۇللاھ ρ ۋە بەزى ۋاقىتدا ئىبىتدۇ تەھقىق پەيغەمبەرρ ئىبىتتى مۇنداق ، مۇنداق مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئىمام بۇخارىغا تابى بولىمەن. بىر كىشى مۇشۇ كىتابدا ئىمام بۇخارىنىڭ لەۋزىگە خىلاپ ئوخشمايدىغان نەرسىنى تاپسا ئۇمىدكى ئۇ نۇسخىلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن بولۇشى مۇمكىن . ئەلھەمدۇ لىللاھ ماڭا بۇ كىتابدا نۇرغۇن شەيخلەردىن مۇسەننىپ ( ئاپتور ) لارغا يېتىدىغان كۆپ ئىسناد (سەنەدلەر) باردۇر. مۇشۇ سەنەدلەرنىڭ جۈملىسىدىن مېنىڭ رىۋايەت قىلىشىم : شەيخىم ئەللامە نەپىسۇددىن ئەبىررەبى سۇلايمان ئىبنىل ئەلەۋى رەھمەھۇللاھۇ تائالا. مەن ئۇنىڭغا ئول كىتابنىڭ بەزىسىنى ئوقۇپ بېرىپ ۋە كۆپرەكىنى ئاڭلاپ ۋە قالغىنىغا ئىجازەت بېرىپ تەئىززە

شەھرىدە ھىجرىيە 823 _يىلى. ئېيتتى ئۇ شەيخىم بىزلەرگە ئۇل ھەدىس بىلەن ئاتام ئىجازەت بېرىپ ۋە ئىمام كەبىر شەيخىمىز شەرەپۇل مۇھەددىسىن موسا ئىبنى ئەلىيۇل دەمەشقىي غەزۇلى نام بىلەن مەشھۇردۇرمەن . ئۇنىڭغا سەھىھۇل بۇخارىنىڭ ھەممىسىنى قىرائەت قىلىپ، ئۇل ئىككى شەيخ ئېيتتى بىزلەرگە ئۇ ھەدىس بىلەن خەبەر قىلدى شەيخ مۇسنەد مۇئەممەر ئەبۇلئەبباس ئەھمەد ئىبنى ئەبى تالىپ ھەججار ئەۋۋەلقى شەيخ ئىجازەت بېرىپ ۋە ئىككىنچى شەيخدىن ئاڭلاپ ( ئۇل سەنەدلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر) مىنىڭ ئۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىشىم شەيخ سالىھ ئىمام ۋەلىيۇللاھ تائالا ئەبۇلفەتھى مۇھەممەد ئىبنۇل ئىمام ئەبى بەكرى ئىبنۇل ھۇسەينىل مەدەنىل ئوسمانىيى ئۇ كىتابنىڭ كۆپرەكىنى ئۇنىڭدىن ئاڭلاپ ۋە ھەممىسگە ئۇنىڭدىن ئىجازەت ئېلىپ ، ۋە شەيخ ئىمام خاتمەتۇل الھۇففاز شەمسىددىن ئەبى الخير مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنو مۇھەممەد ئەلجەزەرىل دەمەشقىي ۋە قازى ئەللامە ھافىز تەقىيۇددىن مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەدىل فاسىي ئەششەرىفۇل ھەسەنىل مەككىي ئۇلۇق مەككىدىكى مالىكىيە مەزھىپىنىڭ قازىسى ئۇ كىتابنىڭ ھەممىسگە ئۇلاردىن مۇئەييەن ئىجازەت ئېلىپ رەھمەھۇمۇللاھۇ تائالا. ئۇلارنىڭ ئۈچىلىسى ئېيتتىلەر: بىزلەرگە ھەدىس بىلەن خەبەر بەردى شەيخ ئىمام ھافىز شەيخۇل مۇھەددىسىن ئەبۇ ئىسھاق ئىبراھىم ئىبنى مۇھەممەد بىننى سىددىق دەمەشقى ئىبنى رەسسام نام بىلەن مەشھۇر ئېيتتى : ئۇ زات بىزلەرگە ئۇ ھەدىس بىلەن خەبەر بەردى ئەبۇل ئاببا س ئەلھەججار ۋە خەبەر بەردى ماڭا ئۇل ھەدىسى بىلەن ئەڭ يۇقىرى ھالدا شەيخ ئىمام زەينۇددىن ئەبۇ بەكرى ئەلھۇسەين ئەلمەدەنى مەراغى شەيخ ئەبۇل فەتھنىڭ ئوغلى ۋە قازىل قۇززات مەجدۇددىن مۇھەممەد بىننى ياقۇب ئەششىرازى ئاممەتەن(پۇتۇنلەي) ئىجازەت بېرىپ

بۇ ئىككى شەيخ ئېيتتىلەر بىزلەرگە ئۇل ھەدىس بىلەن ئوبۇلئابباس ئەلھەججار خەبەر قىلدى، ئېيتدى ئۇ خەبەر قىلدى بىزلەرگە ئو ھەدىس بىلەن شەيخ سالىھ ھۇسەين ئىنى مۇبارەك زۆبەيدە ، ئېيتتى ئۇ خەبەر قىلدى بىزلەرگە ئو ھەدىس[1] بىلەن شەيخ سالىھ ئەبۇل ۋەقتى ئەبدۇلئەۋۋەل ئىبنى ئىيسا ئىبن شۇئەيب ئەلھىرۋەيى ئەسسۇفى ئېتدى ئۇ خەبەر قىلدى بىزلەرگە ئو ھەدىس بىلەن شەيخ فەقىھ ئابدۇرەھمان ئىبنى مۇھەممەد بىننىل مۇزەففەر ئەدداۋۇدى ئېيتتى ئۇ خەبەر قىلدى بىزلەرگە ئۇل ھەدىس بىلەن ئەبۇ مۇھەممەد ئابدۇللاھ ئىبنى ئەھمەد بنى ھەمەۋەيىسس سەرەخسىيى ئېتنى ئۇل زات خەبەر قىلدى بىزلەرگە ئۇل ھەدىس بىلەن[2] شەيخ سالىھ مۇھەممەد ئىنى يۇسۇف ئەلفەربەرىيى، ئېيتتى ئۇل زات خەبەر قىلدى بىزلەرگە ئو ھەدىس بىلەن ئىمامۇل كەبىر ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد بىنتى ئىسمائىل ئىبنى ئىبراھىم ئەلبۇخارى رەھىمەھۇللاھ تائالا.

يۇقارىقى زىكىر قىلىنغان مۇھەددىس ئۆلىمالەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ تۇرلى يوللار بىلەن ئىمام بۇخارىغە يېتىدىغان كۆپ سەنەدلەرى باردۇر. ۋە ماڭمۇ يوقارىقى سەنەدلەردىن باشقا نۇرغۇنلىغان شەيخلەردىن ئالغان سەنەدلىرىم باردۇر. ئۇلارنى سانالسا سۆز ئۇزىراپ كېتىدۇ. يوقارىقى سەنەدلا مەشھۇر ۋە ئالى بولغانلىغى ئۈچۈن شۇنىڭغىلا قىسقارتتىم. ۋە بۇ مۇبارەك كىتابغە ‹‹ التَّجْرِيْدُ الصَّرِيحُ لِأَحَادِيثِ الجَامِعِ الصَّحِيح ›› دەپ ئىسىم قويدۇم.

ۋە ئاللاھ تائالادىن بۇ كىتاب بىلەن مەنپەئەت بېرىشنى ، ۋە بۇ كىتابنى ئۆز زاتى كەرىمى ئۈچۈن خالىس قىلىشنى ۋە بارلىق مەقسەت ۋە ئەمەللەرنى ئىسلاھ قىلىشنى تەلەپ قىلىنغۇچى ۋە سۆرالغۇچىدۇر.

---

[1] جامع صحيحد نكى ھەد س مۋ ردا

[2] مۇشۇ بەتىكى ھەد س بىلەن پۈتۈن بۇخار ىد نكى ھەد سلە ر مۇراددۇ ر. يەنى بۇخا رى ھەسسىسى ھەد س قىلدى د ىمەكتۇ ر.

ھەزرىتى خوجىمىزى مۇھەممەد ρ ۋە ئائىلىسى ۋە ساھابىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ھۆرمىتى بىلەن ۋە بۇ شۇرۇ قىلىش ۋاقتىدۇر. اِنْ شَاءَ اللهُ تَعَالىٰ